تۇرسۇنجان مۇھەممەت

# هجران

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ



ISBN 978-7-228-10664-6

9 787228 106646 >

定价：31.00元

تۇرسۇنجان مۇھەممەت

# ھجران

1

(رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

诀别. 上/吐尔逊江·买买提著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社，2006.12（2007.11 重印）

ISBN978—7—228—10664—6

Ⅰ.诀… Ⅱ.吐… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.Ⅰ247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2006）第 154083 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 吐尔逊江·买买提 |
| 责任编辑 | 艾则孜·吐尔迪 |
| 责任校对 | 古丽夏尔·尼格买提 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 14.875 |
| 插　　页 | 3 |
| 版　　次 | 2006 年 12 月第 1 版 |
| 重　　印 | 2007 年 11 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 3001—6000 册 |
| 定　　价 | 31.00 元 |

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى : گۈلشەھەر نېمەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

# ھىجران (1)


ئاپتورى : تۇرسۇنجان مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى : گۈلشەھەر نېمەت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون : 0991—2827472
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830001
باسقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
سانتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 14.875
قىستۇرما ۋارىقى : 3
نەشرى : 2006 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2007 ـ يىلى 11 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 3001—6000
كىتاب نومۇرى : ISBN978—7—228—10664—6
باھاسى : 31.00 يۈەن

# نەشرىياتتىن

يازغۇچى، ژۇرنالىست تۇرسۇنجان مۇھەممەت 1965 - يىلى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چىرا ناھىيە گۇلاخما يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1981 - يىلى 9 - ئايدىن 1983 - يىلى 7 - ئايغىچە كېرىيە پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئومۇمىي پەن كەسپىدە ئوقۇغان. 1983 - يىلى 7 - ئايدىن 1986 - يىلى 9 - ئايغىچە چىرا ناھىيە گۇلاخما يېزا ياپلاق باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1986 - يىلى 9 - ئايدىن 1988 - يىلى 9 - ئايغىچە خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان. 1991 - يىلى 8 - ئايغىچە چىرا ناھىيە دامكۇ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1991 - يىلى 8 - ئايدا خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەلگەن. نەشرىيات سىستېمىسى بويىچە كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋا- نىغا ئىگە. ھازىر بۇ ژۇرنالدا مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ ئىجادىيىتى «يېڭى قاشتېشى» ژۇر- نىلىنىڭ 1987 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ھۈنەر ئالماشتۇرۇش» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان. شۇنىڭدىن بۇيان «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئىلى دەرياسى»، «يېڭى قاشتېشى»، «شىنجاڭ گې- زىتى»، «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇر- ناللاردا «ئانا قەدرى»، «قايىنام»، «قۇدۇقتىكى ئاي شولىسى»، «بۆرە جىلغىسى»، «كۆكۈل چۈشى» قاتارلىق 13 پوۋېستى، «قارا مۇشۇك»، «تۇل خوتۇننىڭ قىزى»، «مەھشەر كۈنى»،

«ئاي يېتكەن كېچە»، «يېڭى تاۋۇس ئەللەيمىن» قاتارلىق 150
پارچىدىن ئارتۇق ھېكايىسى، «دېھقان يېنىدا ئېشەك بار»، «ئو-
قۇشسىز قالغان بالىلار ۋە ھاراق»، «ئەل غېمىنى ئەر يەيدۇ»،
«كۆمۈش لېنتىدا چاقنىغان نۇر» قاتارلىق 15 پارچە ماقالە ۋە
ئەدەبىي ئاخباراتى ئېلان قىلىنغان. 1996 - يىلى بېيجىڭ مىللەت-
لەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئەل ئايىغى بېسىسقاندا» ناملىق مىكرو
ھېكايىلەر توپلىمى (ئا. قادىرى بىلەن بىرلىكتە)، 1999 - يىلى
بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «قۇدۇقتىكى ئاي شول-
سى» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تەرىپىدىن «كۆھىقاپتىكى تەبەسسۇم» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى،
2003 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «تۇندىكى
پەرىشتە» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، 2006 - يىلى شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن «سېھىرلىك نەي» ناملىق
پوۋېستلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ «قۇرۇلتاشتىكى
كۆزلەر» ناملىق پوۋېستى 1999 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرى-
ياتى نەشر قىلغان، تەتقىقاتچى كېرىمجان ئابدۇرېھىم تۈزگەن
«ئۇيغۇر پوۋېستلىرىدىن تاللانمىلار» ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابنىڭ
3 - قىسمى «كروران گۈزىلى» دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈلگەن.

تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ «جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى»،
«قۇدۇقتىكى ئاي شولىسى»، «قىيادىكى ئاي» ناملىق پوۋېستلى-
رى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 5 -، 7 - ۋە 15 - قېتىملىق
«خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا، «ئانا قەدرى»، «قۇرۇلتاش-
تىكى كۆزلەر»، «ئەلۋىدا كىرپىك»، «شەيتان كەرىش» قاتارلىق
10 پارچە پوۋېست - ھېكايىسى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر
ئەسەرلەرنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا
ئېرىشكەن. تۇرسۇنجان مۇھەممەت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون-
لۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇ-
چىلار جەمئىيىتى 6 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، خوتەن ۋىلايەتلىك
يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.

# مۇندەرىجە


| | | |
|---|---|---|
| بىرىنچى باب | قوشنىلار ........................ | 1 |
| ئىككىنچى باب | گۈللۈك فونتان................ | 20 |
| ئۈچىنچى باب | يېڭى ئۇۋا ........................ | 55 |
| تۆتىنچى باب | تېڭىرقاش ........................ | 93 |
| بەشىنچى باب | مۇھەببەت ........................ | 121 |
| ئالتىنچى باب | غۇر - غۇر شامال ........... | 166 |
| يەتتىنچى باب | قىزىل يوللۇق گالستۇك...... | 212 |
| سەككىزىنچى باب | تۇنجى خەت ........................ | 259 |
| توققۇزىنچى باب | تەڭلىك ........................ | 301 |
| ئونىنچى باب | كۆلپەت ........................ | 356 |
| ئون بىرىنچى باب | ھىجران ........................ | 413 |
| ئون ئىككىنچى باب | ئازابلىق كۈنلەر ............... | 471 |
| ئون ئۈچىنچى باب | قىياق ........................ | 509 |
| ئون تۆتىنچى باب | يۈرەكتىكى زەرداب ........... | 548 |
| ئون بەشىنچى باب | كەيپ بولغان يۈرەكلەر ...... | 602 |
| ئون ئالتىنچى باب | پاجىئە ........................ | 695 |
| ئون يەتتىنچى باب | قۇتۇلۇش ........................ | 758 |
| ئون سەككىزىنچى باب | توزۇغان گۈل ................... | 784 |
| ئون توققۇزىنچى باب | پەرۋاز ........................ | 854 |

## بىرىنچى باب

# قوشنىلار

### 1

خۇددى پارىژ شەھىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان سېنا دەرياسىغا ئوخشاش، ئۇلىغا تاش ياتقۇزۇلغان بىر ئۆستەڭ كىچىككىنە ناھىيە بازىرىنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۆستەڭنىڭ يۇقىرىسى يۇقىرى قاش، تۆۋىنى تۆۋەن قاش دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرى قاشقا ناھىيىنىڭ ھەر يەكشەنبە كۈنى قىزىيدىغان دېھقان بازىرى، ئاندىن قالسا ئۈششاق يايمىكەشلەر ھەر كۈنى ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا قىزىتىپ تۇرىدىغان كىچىك يايما سورۇنلىرى جايلاشقان. بۇ يەردىن خېرىدار ساقلىغاچ ئۇستىرىسىنى كاپلاپ، ساقىلىغا تۇكۇرۇپ تۇرىدىغان ساتىراشلار، قوتاز قۇيرۇقى بىلەن مېۋە - چېۋىلەرگە قونۇۋالغان چىۋىنلەرنى قورۇپ ئولتۇرغان باققاللار، كونا قاچا - قۇچىلارنىڭ دەز كەتكەن يەرلىرىنى ئوڭشاپ ئولتۇرغان قاداقچىلار، مىسكەر - تۇنىكىسازلار، كارنىيىنىڭ يىرتىلىپ كېتىشى بىلەن كارى يوق ۋارقىراپ خېرىدار چاقىرىۋاتقان ناۋاي، دوغچىلار، ياز كۈنلىرى يول بويلىرىدىكى مەجنۇنتال سايىلىرىدە، قىش كۈنلىرى رەستىلەردىكى دۇكان - بوتكىلارنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى ئاپتاپلىقلاردا قارت ئوينىشىدىغان بىكار تەلەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. ئەتراپتىن جېدەل - ماجىرا تېرىغان كۆكەملەرنىڭ قىيقاس - سۈرەنلىرى، ھۆپىگەرلەرنىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرى، مەپىكەشلەرنىڭ خېرىدار تالىشىپ بىر - بىرىنى تىللاشلىرى، دېھقانلار مىنىپ كىرگەن ئات - ئېشەكلەرنىڭ كىشنىگەن،

هاڭرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ .
تۆۋەن قاش بولسا ، مۇھىتى چىرايلىق ، شاۋقۇن - سۈرەنلەردىن خالىي ئۆزگىچە بىر دۇنيا . بۇ يەرگە ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ئورگانلىرىنىڭ ھەرخىل پاسوندىكى قورۇلۇش - ئىمارەتلىرى جايلاشقان . بىنا ئەتراپىدىكى پىيادىلەر يولىغا گۈللۈك بىتون خىش ياتقۇزۇلغان بولۇپ ، ھەركۈنى تازىلىنىپ تۇرغاچقا ، ئادەمگە تولىمۇ پاكىز ، كەڭرى ۋە ئارامبەخشلىك تۇيغۇ بېرىدۇ . يول بويلىرىدىكى مەجنۇنتال ، ئاق تېرەك ۋە سېرىق سەبدەگۈللەرنىڭ ياپراقلىرى ياز بويى شىلدىرلاپ تۇرىدۇ . قۇشلارنىڭ چاڭىلداپ سايراشلىرى بېسىقمايدۇ . بۇ يەردە ھايات قانداقتۇر بىر سىخېمىدا كۆرسىتىپ بېرىلگەندەك تولىمۇ تەرتىپلىك ۋە قائىدىلىك داۋاملىشىدۇ . يول بويلىرىغا ئورنىتىلغان قورۇ ۋادەكلىرىدىن ئاقارتىلغان تاملار ، شارائىتى ياخشىراق ئورۇنلاردىكى بېتون مەيدان ، ياشىرىپ تۇرغان چىملىقلار كۆزگە چېلىقىدۇ . شۇڭا ، بۇ ناھىيىگە تۇنجى كەلگەن كىشىگە نىسبەتەن يۇقىرى قاش بىلەن تۆۋەن قاشنىڭ تەسىرىمۇ ھەرخىل بولىدۇ . تۆۋەن قاشنىڭ سەل نېرىسىدا تۆت قەۋەتلىك چىرايلىققىنە بىر بىنا بار . بۇ مۇشۇ ناھىيىدىكى بىردىنبىر كۆركەم ئىمارەت ھېسابلىنىدۇ . بۇ بىنانىڭ سول تەرىپىگە تۆمۈر دەرۋازىلىق بىر قورۇ جايلاشقان بولۇپ ، ئۇ بۇ ئىدارىنىڭ ئولتۇراق رايونى ھېسابلىنىدۇ . بۇ قورۇ تولىمۇ ئەتراپلىق لايىھىلەنگەن بولۇپ ، بېتون مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈللۈك فونتان ياسالغان بولۇپ ، فونتاننى ئايلىنىپ ئۆتكەندە ئالتە قەۋەتلىك ئولتۇراق بىناسىغا كىرگىلى بولىدۇ ، ئەتراپتىكى دەل - دەرەخلەردىن قۇشلارنىڭ چاڭىلداپ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ .
سىرتتىن قارىسا تولىمۇ ئاددىي كۆرۈنىدىغان ئالتە قەۋەتلىك كۈل رەڭ بىنانىڭ كارىدورلىرى ئىتتىنىڭ ئۇچىيىدەك شۇنچىلىك تار ، پەلەمپەيلىرىدە ئىككى ئادەم دوقۇرۇشۇپ قالسا ، ئۆتمىكىمۇ شۇنچىلىك تەس . بىنا پەلەمپىيىنىڭ تارلىقىغا باقماي چىقىپ - چۈشىدىغانلار شۇنچىلىك كۆپ ، بىرىنچى قەۋەتتە ئولتۇرىدىغانلار

كېچىچە پويىزنىڭكىدەك تاراق - تۇرۇق ئاۋازلارنى ئاڭلاپ يېتىپ
كۆزىگە تۈزۈكرەكمۇ ئۇيقۇ كىرمەيدۇ . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ قاقشىماي-
دىغىنى يوق .

بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىمۇ ئۇنچىلىك تىنچ ئەمەس . ئۇستى-
دىكى يەنە تۆت قەۋەتكە چىقىپ - چۈشىدىغانلار بۇ قەۋەتتىكىلەرنىڭ
ئارامىنىمۇ ئوبدانلا بۇزىدۇ . شۇڭا ، ئۇلار بىر يەرگە كەلسىلا بىنا
لايىھەسىنى تۈزگەن قايسىدۇر بىر لايىھەلىگۈچىنى يەتمىش
پۇشتىغىچە تىللاپ قارغايدۇ .

بىنانىڭ بىرىنچى كورپۇس ئىككىنچى قەۋىتىدە ئۈچ ئائىلە
بار . ئوچاق شەكلىدىكى كارىدوردا بىر - بىرىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل
قارىشىپ تۇرغان ئىككى ئۆي سۇلايمان قاسىم بىلەن هوشۇر سەلەي-
نىڭ . ئىككى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىنا پەلەمپىيىگە قاراپ تۇرغىنى
ھىممەت ياسىن ئىسىملىك ياشقىنا بىر بالىنىڭ ئۆيى . بۇ ئۈچ
ئائىلە بىر - بىرىنى ئۇدۇل قوشنام ۋە يان قوشنىمىز دەپ چاقىر-
شىدۇ . ئۇدۇل قوشنىلارنىڭ كىرىپ - چىقىشى كۆپرەك . يان
قوشنا ياش ھەم بويتاق يىگىت بولغاچقا ، كۆپ ۋاقتى ئىچەرمەن
ئاغىنىلىرى بىلەن ئۆتىدۇ . بەزىدە ئۆز ئۆيىدە سورۇن تۈزۈپ
قالسا ، مەست ئاغىنىلىرىنىڭ ئالتاغىل ۋارقىراشلىرى ۋە نەدىن-
دۇر تېپىپ كەلگەن غىلجىڭ قىزلارنىڭ چىرقىراشلىرى بىلەن بىنا
تىترەپ كېتىدۇ . بۇنداق چاغدا يان قوشنىلىرىنىڭ غەلۋە - غۇدۇر
بېسىلغۇچە ئارام ئالالمايدىغانلىقى بۇ ياش يىگىتنىڭ خىيالىغا كى-
رىپ چىقمايدۇ . شۇڭا ، ئۇدۇل قوشنىلارنىڭ بۇ بولمىغۇر يان
قوشنىسى بىلەن ئانچە خۇشى يوق .

سۇلايمان قاسىم قىرىقلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بىلەن بېشىدىن
نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن ، تۇرمۇش قايناملىرىدا دو-
قاللارغا تولا ئۇسۇپ سەل ئېھتىياتچان بولۇپ قالغان ، ئاچچىق
مۇخۇركىسىنى كۇچەپ شوراپ ، ئىسسىنى سىرتقا پۇۋلەشتىن ساقلى-
نىش ئۈچۈن قوۋۇزلىرىنى كۆپتۈرۈپ بىرپەس تۇرۇۋالىدىغان ،
ئاخىر بولماي ئېغىز - بۇرنىدىن بىراقلا پۇرقۇپ ، ئىچىگە تىنىپ

يۈرىدىغان ئادەم . ئۇ شۇ تۇرقىدا ئىككى ئوغۇلغا ئاتا بولغان ، مۇلايىم ، چىقىشقاق ئايالى زۇلخۇمارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشلە-رى بىلەن جېنى سۆيۈنۈپ ، تەقدىر سەل كېچىكىپ ئاتا قىلغان بۇ بەختكە شۈكۈر قىلىپ ، ئۆز تۇرمۇشىنى رازىمەنلىك بىلەن داۋام قىلىۋاتقان مۆمىن بەندە ! ئۇ ئۆز خىزمىتىنى سۆيىدۇ ، ئىشنى بېرىلىپ قىلىدۇ ، ئىشتىن چۈشىلا ئۆيىگە قايتىپ ، ئايالى دەملى-گەن قىزىق چاينى پۇۋلەپ ئىچىپ ، ئائىلە بەختىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشقا تىرىشىدۇ . ئۇنىڭ بىر - بىرىدىن زېرەك ئوغۇللىرىغا قاراپ كۆڭلى كۆتۈرۈلىدۇ . چوڭى سەككىز ياشتا ، كىچىكى بەش ياشتا بار . ئوغۇللارنىڭ تاتلىق كۈلۈشلىرى ، ئۆينى بېشىغا كىيىپ چۇرقىراشلىرى ، بىر - بىرىنى قوغلاپ شوخلۇق قىلىشلىرى ئۇنىڭ شىكەستىلەنگەن دىلىغا ئارام بېرىدۇ . دول-قۇنلىرى ئۆكسۈگەن كۆل سۈيىدەك تىپتىنچ ، ئارامبەخشلىك ئائىلە مۇھىتىدىن ئۇ بەكلا سۆيۈنىدۇ . خۇدانىڭ شۇنداق بىر كۈنگە ئۇلاشتۇرغىنىغا چىن كۆڭلىدىن تەھسىن ئېيتىدۇ .

ھوشۇر سەلەي ئەللىكلەرنىڭ قارىسىنى ئالغان ، كۆتمەك بۇ-رۇتلىرىغا ئاق ئارىلىغان ، كىيىم - كېچەك ، يۈرۈش - تۇرۇشىغا ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدىغان ، ئورا كۆزلىرىنى سەل قىسىپ يۈرىدىغان ، بىر ئىشلارغا ئۆزىنى ئانچە ئۇرمايدىغان ئېغىر ئادەم . ئۇ نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئىدارىنىڭ تازىلىق ۋە يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ كەلگەن بولغاچقا ، ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن كۆرىدۇ . چوڭ - كىچىكلەرنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ، باشقۇرۇپ يۇ-رۇشلىرىگە ئۇنسىز بويسۇنىدۇ . ئۇنىڭ ئايالى قەمبەرخانمۇ ئائىلە ئايالى ، ھېچقانداق كىرىمى يوق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە باللىرىنى مەك-تەپتە ئوقۇتۇۋاتقان بولغاچقا ، تۇرمۇشى غورىگىلرەك ئۆتىدۇ . شۇن-داقتىمۇ ئۇنىڭ تۇرمۇشتىن رەنجىشى يوق . خۇدانىڭ مۇشۇ كۈنىنى ئاتا قىلغىنىغا شۈكۈر قىلىدۇ .

ھوشۇر سەلەي بەش بالىغا ئاتا بولغان ئادەم . ئۇنىڭ چوڭ قىزى رىسالەت بۇ يىل ئون يەتتىگە كىردى . ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنىڭ

ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدۇ . ئىككىنچىسى ئادالەت ئون بەش ياشتا ، بۇ قىز تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدۇ . قالغانلىرى شاپائەت ، قۇربان ، جەۋلانلار باشلانغۇچتا ئوقۇيدۇ . بەش بالىنىڭ ئوقۇش پۇلى ، كىتاب - ماتېرىيال پۇللىرىمۇ ئاز گەپ ئەمەس . بۇ چىقىملارغا ھوشۇر سەلەيىنىڭ ئايدا ئالىدىغان ئازغىنا ئىش ھەققى يەتمەيدۇ . شۇڭا ، بۇ ئائىلىدە چاي تاپسا چەينەك يوق ، قازان تاپسا چۆمۈچ يوق بولۇپ قالىدىغان ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ .

## 2

بۈگۈن كۈنگە يەكشەنبە بولغاچقا ، بىنا پەلەمپەيلىرىمۇ خېلىلا ئارام تېپىپ قالغان . قايسىدۇر بىر ئۆيدىكى بوۋاقنىڭ قىرقىراپ يىغلىشى ۋە كىمنىڭدۇر ۋارقىراپ ، قانداقتۇر بىر تۆمۈرنى تاراڭلىتىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، بۇ كۆل رەڭ بىنا ئۇيقۇسىدىن تېخى ئويغىنىپ بولالمىغاندەك ئىدى . قورۇ ئىچىدىكى گۈللۈكلەردە ئاق قۇشقاچلار ۋىچىرلىشاتتى . قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن رەڭدار كېپىنەكلەر فونتاندىن ئېتىلىپ چىققان سۇ تامچىلىرىدا ھۆل بولۇپ كەتكەن ئېغىر قاناتلىرىنى تەستە لىپىلداتقىنىچە ئۇچۇپ يۈرەتتى . شوخ ئۈنچىلەر قونۇپ ئولتۇرغان گۈل بەرگلىرى قۇياشنىڭ كۈچلۈك نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇراتتى .

دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا ، بۈگۈن بۇ يەرگە قورۇدىكى بالىلار تېخى يىغىلىپ بولالمىغان ، ئۇلارنىڭ قىي - قۇلىرى ، بىر - بىرىنى قوغلاشقاندىكى ھاياجانلىق ۋارقىراشلىرى بولمىغاچقا ، قۇشلار ، ئۇچار قاناتلار بۇ يەرنى ئۆزلىرىنىڭ جەننىتى ھېس قىلىشىپ ، ئەتىگەنلىك نەغمىسىنى باشلىۋېلىشقانىدى . پەقەت قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى ، ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ بوغۇق ئاۋازدا غۇڭشىشلىرى ، فونتاندىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇنىڭ گۈللەرگە ، ئەتراپتىكى چىملارغا چۈشكەندىكى شاۋقۇنى بۇ يەرنىڭ جىمجىتلىقى-

ـنى بۇزاتتى .
سۇلايمان قاسىم بىرىزىنت سومكىسىنى قولتۇقىغا قىسقىنچە بىنادىن چىقىپ كەلدى . ئەتىگەنلىك غۇر - غۇر شامال ئۇنىڭ ئۇيقۇدىن تېخىچە ئويغىنىپ بولالمىغان نېرۋىلىرىنى خېلىلا سەگىتتى بولغاي ، تېنى يېنىكلەپلا قالدى . ئۇ تام بويىغا توختىتىپ قويۇلغان ۋېلسىپىتىنى ئېلىپ ، گۈللۈك يېنىغا كەلگەندە ، جاھان غوۋغالىرىدىن خالىي قۇشلارنىڭ ئەتىگەنلىك نەغمىسىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قالدى . قۇشقاچلار قاناتلىرىنى كېرىپ پۇر قىلىپلا ئۇچاتتى ۋە فونتاننىڭ يېنىدىكى توختام سۇغا ئىنچىكە تۇمشۇقلىرىنى پاتۇرۇپ سۇ ئىچىشەتتى . بىر ، ئىككى يۇتۇم سۇ ئىچكەن قۇشقاچ ھاۋاغا كۆتۈرۈلەتتى ۋە يەنە بىر قۇشقاچ سۇنىڭ بويىغا كېلەتتى . رەڭدار كېپىنەكلەر گۈل تاجىلىرىغا قونۇپ ئولتۇرۇپ نەملىشىپ قالغان قاناتلىرىنى كەرگىنىچە ئۆزىنى ئاپتاپقا سېلىشاتتى . ئۇزۇلمەي چۇشۇپ تۇرغان تامچىلار ئىچىدە گۈل بەرگىلىرى يىگىتنىڭ ئالدىدا ئەركىلىگەن قىزلاردەك تولغىناتتى .
سۇلايمان قاسىم بۇ مەنزىرىلەرنى تۇنجى كۆرۈۋاتقان بولغاچقا ، ئورنىدا چىپپىدە توختاپ ، ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى سۈرتتى . ئۇ قۇشلارنى ئۈركۈتۈۋەتمەسلىك ئۇچۇن ۋېلسىپىتنى ئاۋايلاپ تىكلىدى ۋە بىرىزىنت سومكىسىنى ۋېلسىپىتنىڭ كەينىگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ ، گۈللۈككە باشقىدىن نەزەر سېلىشقا باشلىدى . ئۇ مۇشۇ قورۇدا تۇرۇۋاتقىلى نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ ، يېنىدىلا بۇنداق بىر چىرايلىق مەنزىرىنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلىپ باقمىغانىدى . ئۇ ئاشۇ بىغەم قۇشقاچلارغا ، ئاپتاپسىنىپ ياتقان كېپىنەكلەرگە ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك تولغىنىپ تۇرغان گۈللەرگە قاراپ ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى . نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ دىمىغى ئېچىشتى ، كۆز جىيەكلىرى ياشقا تولدى .
ئۇ ئاشۇ مەنزىرىلەرگە قاراپ تۇرۇۋاتقىنىدا ، قەلبىدە خېلىدىن بېرى تىنىپ ياتقان قانداقتۇر بۇلاقنىڭ كۆزى ئېچىلىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى . ئەنە شۇ بۇلاقتىن شارىرىدە قىلىپ بىر ئېقىن ئېتىد-

لىپ چىققاندەك تۇيغۇ ئىچىدە ئۇنىڭ ۋۇجۇدى سىلكىندى . ئۇ ئاھ دېگىنىچە يۈرىكىنى قاماللاپ ئولتۇرۇپ قالدى . . .

— سىزگە بىر ئىش بولمىغاندۇ ؟ — گۈللۈكنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن بىر قىزنىڭ بېشى كۆرۈندى . ئۇ چۈشۈپ قېلىۋاتقان ياغلىقىنى قولىدا تۇتۇۋالغىنىچە سۇلايمان قاسىمنىڭ ئالدىغا يۈگۈ-رۈپ كەلدى ۋە ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلىدى .

— رىسالەتمۇ سىز ؟ — سۇلايمان قاسىم قوشنىسىنىڭ قىزى-نى ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى تىكىپ خېلىلا تەستە تونۇدى . بىرنەرسىدىن چۆچۈگەن قىزنىڭ چىرايى سەل تاتىرىپ كەتكەندى . قىز قانداقتۇر بىر تۇماننىڭ ئىچىدە قالغاندەك غۇۋا كۆرۈنەتتى . سۇلايمان قاسىم قىزنى ئېنىق كۆرگىلى قويمايۋاتقان ئاشۇ تۇماننى قوغلىماقچى بولغاندەك كۆزىنى چىمچىقلاتتى . شۇئان ئۇنىڭ كۆز-لىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقتى ۋە مەڭزىنى بويلاپ دومىلاپ ، كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى .

— سىزگە بىر ئىش بولمىغاندۇ ؟ — رىسالەت سوئالىنى تەك-رارلىدى . ئۇنىڭ قىزلىق ھارارەت تېپىپ تۇرغان قوللىرى تېخىچە سۇلايمان قاسىمنىڭ كالتە يەڭلىك كۆڭلىكىدىن چىقىپ تۇرغان قارامتۇل بىلەكلىرىنى كۆيدۈرمەكتە ئىدى . ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتمەك بولغاندەك ئىتتىكلا قولىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن بولۇپ قىزنىڭ ھارارەتلىك قوللىرىدىن ئۆزىنى قاچۇردى .

— ھېچ گەپ يوق . گۈللۈككە قاراپ بىرئاز تۇرۇپ قاپتى-مەن . نېمە بولغىنىمنى بىلمەيمەن . بىرئاز ھاياجانلانغان بولسام كېرەك . سىز . . . سىزمۇ گۈل تاماشاسى قىلىۋاتقانمىدىڭىز ؟

— ھەئە ، — رىسالەت كەينىگە بۇرۇلۇپ گۈللۈككە قا-رىدى ، — مەن ھەر كۈنى بۇ يەردە تاماشا قىلغاچ ئۆگىنىش قىلى-مەن . ئىمتىھانىمۇ ئاز قالدى . ۋاقىت قىستاپ قالغانسېرى سەل جىددىيلىشىۋاتىمەن .

قىز كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قاراپ سۈسقىنا كۈلۈپ قويدى . ئۇنىڭ مەڭزىدە ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان چوڭقۇر زىناق

پەيدا بولدى . سۇلايمان قاسىم بۇگۈن ئۆزىگە ھەقىقەتەن ھەيران قالدى . ئۇ مۇشۇ قورۇدا تۇرغان شۇنچە ئۇزۇن يىلدىن بېرى گۈللۈكنىڭ بۈگۈنكىدەك جەلپكارلىقىنى بايقىمىغانىدى . ئۇ يەنە ئۇدۇل قوشنىسى ھوشۇر سەلەي بىلەن كۈندە دېگۈدەك ئەسرارلىقىشىپ ، تاماق سۇنۇشۇپ ، كىرىپ - چىقىشىۋاتقان بولسىمۇ ، رىسالەتنىڭ مەڭزىدىكى چىرايلىق زىناقنى بايقىمىغانىدى . ئىككى مۆجىزىنىڭ بىر كۈندە بايقالغانلىقىغا قارىغاندا ، بۈگۈن چوقۇم خاسىيەتلىك كۈن ئىدى .

— ئەنسىرىمەڭ ، — دېدى سۇلايمان قاسىم قىزنىڭ مەڭزىدىكى ئويماقتەك چوڭقۇرلۇققا قاراپ ، ئۇھ تارتقاندىن كېيىن ، — سىز ئەقىللىق قىز ، چوقۇم ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كۆڭلىڭىزدىكىدەك مەكتەپكە بارالايسىز .

— رەھمەت ، — قىز پەس ئاۋازدا شۇنداق دېدى ۋە سەل چەتتە ۋىچىرلىشىپ ، بىر - بىرىنى چوقۇشۇۋاتقان ئىككى قۇشقاچقا قارىدى . ئۇلارنىڭ ئەپتىگە قارىغاندا بىر - بىرى بىلەن چوقۇشۇۋاتىدۇ دېيىشكىمۇ ، بىر - بىرى بىلەن سۆيۈشۈۋاتىدۇ ، دېيىشكىمۇ بولاتتى . قۇشقاچلاردىكى قىزغىنلىقتىن قارىغاندا ئۇلار چوقۇم سۆيۈشۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن . . .

— بازارغا ماڭغانمىدىڭىز ؟ — قىز قۇشقاچلاردىن كۆز ئۈزۈپ ئۇنىڭغا بۇرۇلدى .

— شۇ سەي - كۆكتات ئەكېلىدىغان ئىش ئىدى ، بېرىپ كېلەي دەپ . . .

— ئەتىگەن بىزنىڭ ئۆيدىمۇ شۇنداقراق بىر گەپ بولغان ، — دېدى رىسالەت قولىدىكى كىتابلىرىنى مەيدىسىگە تاڭ - غىنىچە ، — ئەمىسە مەنمۇ دادامنى چاقىرىپ قوياي ، ئىككى قوشنا بىرلىكتە بېرىپ ، ئېغىر - يېنىكلارنى بىللە كۆتۈرۈشۈپ كەل - مەمسىلەر ؟

— بازارغا يالغۇز قانداق بارارمەن دەپ بېشىم قاتقانىدى ، بولىدۇ ، ھوشۇركامنى چاقىرىپ قويۇڭ ئەمىسە ، غاچچىدە بېرىپ ،

كۆن قىزىپ بولغۇچە سودىمىزنى پۈتتۈرۈپ كېلەيلى .
رىسالەت بىناغا قاراپ يۈگۈردى . ئۇنىڭ قوزۇقچىلاپ چىگدىۋالغان بىر تۇتام چېچى يەلكىسىدە قارماققا ئىلىنغان بېلىقتەك پۇلاڭلايتتى .
هايال بولمايلا هوشۇر سەلەي بىر خالتىنى قولتۇقىغا قىسقىنىچە بىنادىن چۈشۈپ كەلدى . ئۇنىڭ كىرپە تىكەنىدەك دىردىيىپ تۇرغان ئۆسكىلەڭ يىرىك ساقاللىرى ئۇنى ئۆز يېشىدىن يەنە نەچچە ياش قېرى كۆرسىتىپ تۇراتتى . مۇشۇ يىللاردا يەلكىسىدىن باسقان تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكى ئۇنى ئۇبدانلا مۈكچەيتىپ قويغانىدى . ئۇ هاسىراپ - خىرقىراپ دېگۈدەك سۇلايمان قاسىمنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشتى .
— تىنچ تۇردۇڭمۇ ئۇكام ؟ — دېدى هوشۇر سەلەي قورايدەك بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىسسىق ئالىقانلىرىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ .
— ياخشى ، ياخشى ، — سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ كۆڭلىكىگە چاپلىشىۋالغان بىر تال يىپنى ئېلىۋېتىپ ئۇنىڭدىن ئەهۋال سورىدى ، — قانداق ، مىجەز يوقما ؟ كاناي سەل غىزىلداپ قاپتۇغۇ ؟
— ئاخشام بىزنىڭ كەمپىر پىياز كۆيدۈرۈپ سۇيۇقئاش ئېتىپتىكەن ، ئازغىنا ئىچكەن بولمىسا ، شۇنىڭ دەردىمىكىن ، بۈگۈن پەقەتلا مىجەزىم يوق .
هوشۇر سەلەي شۇنداق دېگىنىچە قوشنىسىنىڭ پېشىنى تارتىپ قويدى . سۇلايمان قاسىم تىكلەكلىك ۋېلىسىپىتىنىڭ دىيىكىنى تەپتى - دە ، ئىككىسى ياندىشىپ يولغا چۈشتى .
— بەك مىجەزىڭىز بولمىسا ، كېرەكلىك سەي - كۆكتاتنى مەن ئالغاچ كېلەمدىمەن يا ؟ — سورىدى سۇلايمان قاسىم .
— ئۆيدە ياتساممۇ شۇ ئۇكام ، — دېدى هوشۇر سەلەي تاغدىرىنى بۇ قولتۇقىدىن ئۇ قولتۇقىغا يۆتكەپ ، — ئادەم ئەللىكتىن ئاشقاندا داۋاندىن پەسكە شۇڭغۇغان كونا ماشىنىغا ئوخشاپ قالىدىكەن . هېلى بىر يەر تاراقلىسا ، هېلى بىر يەردىن ماي ئاققان .

بۇنىڭغا ئامال يوق. سەن بىلەن گۈڭگۈر - مۈڭگۈر پاراڭلاشقاچ بېرىپ، بازار كۆرۈپ كەلمەيمەنمۇ ئۇكام؟

— ئۇنداق بولسا مەيلىڭىز، — سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا تۇتقاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ بىرنى لەۋلىرى ئارىسىغا قىستۇردى، — بالىلارمۇ چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ تاماكىسىغا ئوت يېقىۋېتىپ، — ئەمدى بۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى شۇلارغا ئۆگىتەيلى، ھوشۇركا. ئۇلارنىڭ قولىڭىزنى سوۋۇتىدىغان ۋاقتى بولدى.

— ھەي ئۇكام، نېمىسىنى دەيسەن، — دېدى ھوشۇر سەلەي ئېغىر ئۇھ تارتقىنىچە، — رىسالەت بۇ يىل ئىمتىھان بېرىدۇ. ئۇنى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا بۇيرۇغۇم يوق. قالغانلىرى تېخى كىچىك، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقچىلىقىدا بۇ جاپانى بىر ئۆزۈملا تارتىپ ئۆتەي ئۇكام، بالىلار بۇ يېشىدا ئويناپ - كۈلۈپ چوڭ بولسۇن.

ئۇ تاماكىنى بىرنەچچىنى شورىدى ۋە قېقىلىپ كېتىپ خېلى بىر چاغقىچە يۆتەلدىن توختىمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. سۇلايمان قاسىم بۇ كۆز ياشلارنىڭ يۆتەلدىن ياكى باشقا سەۋەبتىن تۆكۈلگەنلىكىنى بىلەلمىدى.

— ھەي، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنىڭ يۇمشاقلىقىنىزە، ئائىلىنىڭ ھەممە يۈكى ئۇنىڭ زىممىسىدە، ئەمما ئۇ قولى ئىشقا كېلەي دەپ قالغان بالىلىرىغا ئۆز ئۈستىدىكى ئېغىر يۈكتىن زەررىچە بېرىشنى خالىمايدۇ. دۇنيادا بالا دەپلا ئۆتىدىغان بۇنداق ئادەمدىن يەنە قانچىسى باردۇ؟

## 3

زۇلخۇمار بالىلارنى ناشتا قىلدۇرۇپ بولۇپ، ئۆيلەرنى تازىلاشقا تۇتۇنغىنىدا، ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ قالدى. ئۇ سۇپۇرگىنى سۆرىگىنىچە كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى. كارىدوردا بىر

چىنىنى كۆتۈرگىنىچە قەمبەرخان تۇراتتى . ئۇ كىرىپلا زۇلخۇمار بىلەن مەڭزىنى يېقىپ كۆرۈشتى .

— تىنچ ، ئامان تۇرۇپلىمۇ قوشنام ؟

— ئىنشائاللا ، ئۆزلىرىمۇ ئوبدان تۇرۇپلا ، — زۇلخۇمار ئەھۋال سورىغىنىچە قەمبەرخاننى قولىدىن تارتىپ ئۆيگە باشلىدى ، — قېنى ، ئىچكىرى كىرسىلە . ھوشۇركام سالامەت تۇرغاندۇ ؟

— خۇداغا شۈكرى سىڭلىم ، — قەمبەرخان ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنى ساپاغا تاشلىدى ، — ھەرقايسىلىرىدەك ئالتۇنغا تېگىشمەيدىغان قوشنىلارنىڭ دۇئاسى بىلەن ھەممىمىز ئوبدان قۇپتۇق . ئۇ ئادەممۇ سۇلايمان ئىنىم بىلەن بازارغا كەتتى ھەرقاچان .

زۇلخۇمار پەتنۇسقا ئېلىنغان بىر چىنە قىزىق چاينى قەمبەرخانغا سۇندى ۋە يۇمشاق ناندىن ئۇشتۇپ قويدى .

— قېنى ئالسىلا قەمبەرخاچا ، ئەتىگەنلىك ناشتىنى مۇشۇنداق قاتتىق - قۇرۇقلا قىلغاندۇق . سىلىنىڭ كىرىپ قېلىشلىرىنى بىلمەپتىمەن . بولمىسا تاماققا تۇتۇنغاچ تۇراركەنمەن .

— كايىمىسىلا سىڭلىم ، — قەمبەرخان چايدىن بىر ئوتلىغاندىن كېيىن ، قولىغا بىر بۇردا نان ئالدى ، — سىلى بىلەن نەچچە يىلدىن بېرى قوشنا بولۇپ ياشاۋاتىمىز . سۇلايمان ئاخۇن بىلەن ئىككىلىرى بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئېغىرىنى تەڭ كۆتۈرۈشۈپ ، قوشنىدارچىلىقنى يەتكۈزدۈڭلار . بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار سىڭلىم . . . — قەمبەرخان كۆز يېشىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ قويدى .

— ھەي ، قويسىلا بۇنداق گەپنى ، — دېدى زۇلخۇمار قولىنى سىلكىپ ، — ئەتىگەندە بۇنداق دەپ كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا ، بىزنىڭمۇ بۇ يەردە سىلىدىن باشقا كىمىمىز بار ؟ بارنى تەڭ كۆردۇق . كۈنلىرىمىز بىر تۇغقانلاردەك شۇنداق ئوبدان ئۆتۈۋاتىدۇ . قوشنا تۇرۇپ سېنىڭ ، مېنىڭ دېيىشسەك ياخشى بولمايدۇ . بۇنداق گەپنى ھەرگىز قىلمىسىلا .

قەمبەرخان بىر بۇردا ناننى چاينىغىنىچە خىيال سۈرۈپ بىر پەس ئولتۇرۇپ قالدى .

— بىرەر ئىش بىلەن كىرگەنمىدىلە ئاچا ؟ — زۇلخۇمار قەمبەرخان كۆتۈرۈپ كىرگەن چىنىگە كۆزى چۈشۈپ سورىدى .

— ئەمدى سىڭلىم ، — دېدى ئۇ سۇسقىنا كۈلۈپ قويۇپ ، — قۇربانجاننىڭ نەچچە كۈندىن بېرى ئىچى سۈرۈپ توختىمايۋاتىدۇ . قۇلاق ئاڭلىغاننىڭ ھەممىسىنى قىلدۇق . دورىمۇ ئىچتى ، ھېچ مەنپەئەت قىلمىدى . كونا گۈلقەنت توختىمىغان ئىچسۈرۈككە پايدا قىلىدۇ ، دەپ ئاڭلىدىم . قايسى كۈنى سىلى : «بىزنىڭكىدە ياسالغىنىغا نەچچە يىل بولغان گۈلقەنت بار » دېگەندەك قىلغانىدىلە . «ئېغىزىمدىن چىقىۋىدى ، ساقلىمىغا ياماشتى» دېگەندەك ئالدىلىرىغا كىردىم . ئاشۇنىڭدىن بولسا ، ئازراق بېرەرمىكىن دەپ . . .

— بار ، بار ، — زۇلخۇمار ئىتتىكلا ئاشخانىغا كىرىپ ھايالشىمايلا بىر كورىنى كۆتۈرۈپ چىقتى ، — قايسى يىلى سالغاندۇق . لېكىن ، مەنمۇ ، سۇلايمانمۇ ، بالىلارمۇ تاتلىق نەرسىگە ئۆچ ئىكەنمىز ، يېمىگەنىدۇق . نەچچە قېتىم كورىنى كاشىلا قىلغۇچە تاشلىۋېتەيمۇ دەپ ئويلىغان ، لېكىن سۇلايمان : «بىز يېمىگەن بىلەن لازىم بولىدىغان چاغلىرى بوپقالار » دەپ ئۇنىمىغانىدى . مۇشۇ كورا بىلەنلا ئېلىپ چىقامدىلايا . . .

— ھوي سىڭلىم ، كونا گۈلقەنت دېگەن دورىنىڭ ئورنىدىكى نەرسە . ھەرگىز تاشلىۋېتىمەن دېمىسىلە ، ماڭا ئازراق بەرسىلىرى بولدى ، ئۇنىڭ يەنە ئىشلىتىدىغان يېرى چىقىدۇ ، — قەمبەرخان شىرە ئۈستىدىكى چىنىنى ئېلىپ ، ئۇنىڭغا سۇندى ، — بارنى قەدىرلىمىسە خارلىقى كېلىدۇ سىڭلىم ، سىلى بىزدەك موھتاجلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ باقمىدىلا . شۇڭا ، ئاشۇنداق ئويلىغان گەپ . بىلىپ قالسىلا ، كونىلار : «ئەسكى چالمىنىڭمۇ خارلىقى تۇتىدۇ» دەيدىكەن . بۇ دېگەن گۈلقەنت . ھەرگىز تاشلىۋېتىمەن دېمىسىلە . مانا ، باركەن ، مېنىڭ ھەشقاللامغا ئېرىشتىلە ، يوقسۇلنىڭ بېشىنى

سىلىغانمۇ كاتتا ساۋاب، رەھمەت سىلىگە.
قەمبەرخان زۇلخۇمار ئېلىپ بەرگەن بىر چىنە گۈلقەنتنى كۆتۈرگىنىچە سىرتقا ماڭدى.
— گۈلقەنتنى قۇربانجانغا يېگۈزۈپ قويۇپ كىرسىلە، بىر-لىكتە چۈشلۈك تاماقنىڭ غېمىنى قىلايلى، — دېدى زۇلخۇمار ئۇ-نى ئۇزىتىۋېتىپ.
— سىلەرگە ئېغىرىمىزنى سېلىۋەرسەكمۇ بولماس، سىڭلىم، — دېدى قەمبەرخان مىننەتدارلىق نەزىرىدە قاراپ، — سىلى بالىلارغا چۈشلۈك تاماق تەييارلاۋەرسىلە، مەنمۇ ئايال كىشى بولغاندىكىن، قازاننى ئوڭدا ئېسىپ بىرنېمە قىلارمەن.
— ناھايىتى شۇ بىر نوگاي سۇ بىلەن بىر چىنە ئۇننى ئارتۇق ئىشلىتىمەن قەمبەرخاچا، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ قازنىقىمىز قۇرۇق-دىلىپ قالمايدۇ. «تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر» دەپتىكەن، شۇن-داق قىلسىلا، قۇربانجانغا يېگۈزۈپ قويۇپلا كىرسىلە، بىل-لە تاماق قىلايلى.
— ماقۇل ئەمىسە...
قەمبەرخان سۈس كۈلۈپ قويۇپ، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

## 4

كۈن چۈش بولاي دەپ قالدى. ئەتىگەن مۇلايىم كۆرۈنگەن قۇياش ئەمدىلىكتە ھەممە تەپتىنى زېمىنغا بىراقلا تۆكۈپ، بازارنى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرماقچى بولغاندەك قىزدۇرماقتا ئىدى. ھەپ-تىدە بىر قىزىيدىغان ناھىيە بازىرى ئالارمەن - ساتارمەنلەرنىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرى ئىچىدە بوغۇلماقتا ئىدى. ئادەملەر، ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئاياغلىرىدىن بۇخسۇپ چىقىپ، كۆككە ئۆرلە-ۋاتقان چاڭ - توزان ئادەمنىڭ نەپسىنى بوغاتتى. ماڭلايلاردىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ئاچچىق تەر كۆزلەرنى ئېچىشتۇراتتى. ۋارقىراش، كىشنەش، ھاڭراشلار بىرلىشىپ كەتكەن كۈچلۈك

شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر قۇلاقنى پاڭ قىلاتتى .
سۇلايمان قاسىم بىلەن ھوشۇر سەلەي ئالدىغان سەي ـ كۆكتاتلىرىنى ئېلىپ ، ۋېلىسىپىت ساقلاش ئورنىغا كەلگەندە ، ئۇستۇبشى بىر قەۋەت توپا ئاستىدا قالغانىدى . ھوشۇر سەلەينىڭ نەپىسى قىسىلىپ ، كانىيىدىكى خىر ـ خىر خىلىلا كۆچىيىپ قالغانىدى . ئۇ بويىنىنى سوزۇپ ، ئەتراپقا ئالاكلاپ قارايتتى . قاندىتى بولسا پۇر قىلىپلا يۇ بازاردىن ئۇچۇپ كېتىشكە تەشنا بولاتتى .
— ئۇھ ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئىككىيلەننىڭ نەرسىلىرىنى ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە تېڭىپ بولغاندىن كېيىن ، — كەلمەڭ دېسەم ئۇنىمىدىڭىز ، ئىسسىقتا يۈرۈپ يەنە غىژىلداپ قالدىڭىز مانا ھوشۇركا ، ۋاي كاساپەت ، نېمانچە قاتتىق ئىسسىق بۇ ؟ ئادەمنى كۆيدۈرۈپ كاۋاپ قىلاي دەمدۇ ، نېمە ؟
— تۇرمۇش غېمى ئالدىدا بۇنچىلىك ئىسسىق نېمىدى ئۇكام ؟ — ھوشۇر سەلەي كۆكلىكىنىڭ يېڭى بىلەن چېكىسىدىن قۇيۇلۇۋاتقان تەرلىرىنى سۈرتتى ، — مانا ، ھەپتىلىك سەي ـ كۆكتاتلارنى ئېلىۋالدۇق . «پالتا چۇشكۇچە كۆتەككە ئارام» دېگەندەك ، كېلەر ھەپتىگىچە قازاننىڭ غېمىنى قىلمايدىغان بولدۇق .
ئۇلار ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ سەي بازىرىدىن چىقىپ كېلىشتى . ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىدىكى يۈك ئېغىر بولغاچقا ، رولنى باشقۇرۇشمۇ ئەپسىز ئىدى . ئېشەك ھارۋىلىرى ، مىغىلداپ يۈرگەن كىشىلەر ئارىسىدا ئاران كېلىۋاتقان سۇلايمان قاسىمنىڭ ئېغىزى قۇرۇپ ، تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالدى . ئۇ ئىككى تەرەپكە مۆدۈرۈپ كېتىۋاتقان ۋېلىسىپىتنى تەسلىكتە باشقۇرۇپ كەلمەكتە . ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۇتۇپ ئىتتىرىپ كېلىۋاتقان ھوشۇر سەلەيىنىڭمۇ ھېچ ھالى قالمىدى . ئۇ گەز باغلىغان لەۋلىرىنى دەممۇدەم يالاپ ، خىرقىراپ تىنغىنىچە سۇلايمان قاسىمغا ئاران ـ ئاران يېتىشىپ ماڭاتتى .
ئۇلار بازاردىن چوڭ يولغا چىقىشتى . بۇ يولدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى . يول بويىدىكى غۇچچىدە مەجنۇنتاللاردىن بىرخىل ئارام-

بەخشلىك سالقىن شامال ئۆرۈپ تۇراتتى . بىرەر قۇتىدىن مىنبىرال سۇنى ئىلىۋېلىپ مەجنۇنتال ئاستىدا سايىدەپ ئولتۇرغان بازارچىلارنىڭ جىنى ياشىرىپ كەتكەندى . سۇلايمان قاسىم ئەتراپقا بويۇنداپ بىر بوش يەرنى تاپتى - دە ، ۋېلىسىپىتنى پەم بىلەن دەرەخكە يۆلەپ قويۇپ تەرلىرىنى سۈرتتى . ھوشۇر سەلەيمۇ بىر تۇپ مەجنۇنتال ئاستىغا پوككىدە چۆشتى . ئۇنىڭ چىرايى قىزىرىپ كەتكەن ، چېكە تومۇرلىرى بۆرتۈپ چىققانىدى .

— ۋاي خۇدايىم ، سەن بىلەن كەلمىگەن بولسام ، ئۆلۈكۈم بازاردا قالاركەنتۇق ئۇكام ، — دېدى ئۇ نەم تويىلارغا مەيدىسىنى ياققىنىچە ، — نېمە بولۇپ كەتتى جاھان ؟ ئىسسىق دېگەن شۇنداقمۇ بولامدۇ - ھە !

سۇلايمان قاسىم سەل نېرىدا مىنېرال سۇ سېتىۋاتقان بىر ئوقەتچىدىن ئىككى قۇتا سۇ ئالدى . ھېلىلا توڭلاتقۇدىن چىققان مۇزدەك سۇدا ئۇلار ئېغىزلىرىنى نەمدەشتى .

— شۇكرى خۇدايىم ، — ھوشۇر سەلەي سۇدىن يەنە بىرنەچچە ئوتلام ئىچتى ، — رەھمەت ئۇكام ، مۇشۇ يەردە بىرئاز ئارام ئالايلى ، ئاھ خۇدا ، ئادەمنىڭ جېنىنى ئالىدىغان ئىسسىق بولدىغۇ بۇ .

ئۇلار سۇ ئىچىپ ، مەجنۇنتال سايىسىدە بىرئاز ئولتۇرۇشتى . تالجىققان جىسمىغا ئاز - تولا ماغدۇر كىرگەندەك بولدى . ھوشۇر سەلەيىنىڭ قىزارغان چىرايى بىرئاز ئوڭشىلىپ ، بۆرتۈپ چىققان چېكە تومۇرلىرىمۇ جىمىدى . ئۇ قولىدىكى سۇنى بىر كۆتۈرۈشتە ئىچىۋەتتى ۋە بىكارلانغان قۇتىنى يېنىغا تاشلاپ قويدى .

— يەنە بىر قۇتا ئالايمۇ ؟ — سورىدى سۇلايمان قاسىم پەس ئاۋازدا .

— بولدى ئۇكام ، قاندىم ، يۈرەكمۇ سۇغا چىلاشتى ، — ھوشۇر سەلەي ئۇنىڭ قولىنى مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن قىسىپ قويدى ، — ئەمدى ئاۋارە بولما . مۇشۇ سايىدە ئازراق ئولتۇرۇۋالايلى .

ئۇلار ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قاراپ خېلى بىر چاغقىچە ئولتۇ-رۇشتى . ئۇلارنىڭ ئۇستىۋېشىدىكى تەرلەر قۇرۇدى . ھوشۇر سەلەي-نىڭ ھاسىراشلىرىمۇ خېلى بېسىقىپ قالدى .

— قانداق ، بىرئاز ياخشىلاندىڭىزمۇ ؟ — سورىدى سۇلايمان قاسىم ، — ئەمدى بۇنداق جاپالىق ئىشلارغا بالىلارنى كۆندۈرۈڭ ھوشۇركا ؛ ئۇلارمۇ تۇرمۇشنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر ئېغىرچىلىقلى-رى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن . بولمىسا بالىلار تەييارغا ھەي-يار چوڭ بولۇپ قالىدۇ . سىزدىن كېيىن قالسا ، ئۇلارنىڭ ئېغى-رىنى كىم كۆتۈرىدۇ ؟

— ھەي ئۇكام ، بەزىدە مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ قالىمەن ، — ھوشۇر سەلەي بىر تال چۆپنى بىلەن يەرنى چىچىغىنىچە ئولتۇرۇپ پەس ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلاتتى ، — ئاتا - ئانامدىن كىچىك قاپتىكەنمەن ئۇكام ، مۇشۇ ئەللىك يىللىق ئۆمرۈمدە كىرمىگەن گۆر ، يېمىگەن پوق قالمىغان ئادەممەن . ئۆتكەن كۈنۈمنى ئەسلى-سەم بەزىدە مېنى يىغا تۇتۇپ كېتىدۇ . مانا ، خۇدا ماڭا ئايال زاتىدىن رىزق بەردى ، پەرزەنت ئاتا قىلدى ، ئەمدى مەن تارتقان شۇ جاپالارنى بالىلىرىم كۆزۈمچە تارتىپ قالسا چىدىمايمەن . مەي-لى ، مەن مۇشۇ ئىشنى قىلاي ، قىلماي ، بۇ كۈن ئۆتۈۋېرىدۇ . شۇڭا ، ئاز - تولا جاپا تارتسام رازىمەن ئۇكام . كۆزۈمنىڭ ئوچۇق-چىلىقىدا بالىلىرىم ئويناپ كۈلۈۋالسۇن . مەندىن كېيىن قالسا ، بېشىغا كەلگەندە ئىشنىڭ ئېپىنى ئۆگىنىۋالار .

سۇلايمان قاسىم قوشنىسىنىڭ كۆز جىيەكلىرىدە ئەگىگەن ياشلارنى كۆرۈپ جىم بولدى . دېمىسىمۇ ھوشۇر سەلەي ئائىلىسى ، بالىلىرى ئۈچۈن ھەرقانداق مۇشكۈلگە كۆكرەك كېرىپ چىقىدىغان قەيسەر ئادەم ئىدى . ئۆزىنىڭ ئازغىنا ئىش ھەققى بىلەن بالىلارنى گۈلدەك ياساپ قوياتتى . ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ خۇشاللىقىدىن باشقا سۆيۈنگۈدەك بىرەر ئىشى يوق ئىدى . رىسالەت ، ئادالەت ، شاپائەت ، قۇربان ، جەۋلان دېگەن ئىسىملار ئاللاھنىڭ مۇقەددەس ئايەتلىرى-دەك ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چۈشمەيتتى . ئىدارىدە چوڭ - كىچىكلەر-

دىن ئازار يەپ ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندىمۇ ، ئاشۇ بالىلارنى كۆرسە خاپىلىقى بىردەمدىلا چىقىپ كېتەتتى .
بۇككىدە ئورماننىڭ ئۆزىگە خاس گۈرۈلدىشى بولىدۇ .
تاغ يامىزاللىرىدىكى كىچىك ئېقىنلارنىڭ ئۆزىگە خاس شاۋقۇنى بولىدۇ .
كۆز يەتكۈسىز ئېدىرلىقلاردا ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن گۈل-لەرنىڭ ئۆزىگە خاس پۇرىقى بولىدۇ .
ھوشۇر سەلەي ئائىلىسىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس خۇشاللىقى ، ئۆزىگە خاس كۈلكە ساداسى بار . . . بۇ يەردىن ئاڭلانغان ئەللەي ناخشىسى كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدۇ . . . بۇ يەردىن ئاڭلان-غان كۈلكە ساداسى ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدۇ . . .
كۈن خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى . سۇلايمان قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ ، كىيىملىرىدىكى توپىلارنى ئېھتىيات بىلەن قې-قىۋەتكەندىن كېيىن ، يەرگە قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان قوش-نىسىنى چاقىردى :
— ھوشۇركا ، ھاردۇقمۇ چىقىپ قاپتۇ ، ئەمدى ماڭايلى ، بولمىسا قەمبەرخاچام بىلەن زۇلخۇمار بىزدىن ئەنسىرەپ قالىدۇ .
— ھە ، ھە ، بولىدۇ . ماڭايلى ئۇكام ، ماڭايلى . . .
سۇلايمان قاسىم ئىككى تەرەپكە سامداپ لىڭشىپ تۇرغان ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ ماڭدى ، ھوشۇر سەلەي ئۇنىڭغا يانداشىپلا كېلەتتى .
سۇلايمان قاسىم نەرسە - كېرەكلەرنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىر-گەندە ، زىرە سېلىنغان پولۇنىڭ ھىدى دىمىغىغا ئۇرۇلدى . ئۇ ئاشخانىغا بېشىنى تىقىپ ، ئۇ يەردە خام سەي قىلىشقا تۇتۇنغان زۇلخۇمار بىلەن قەمبەرخاننى كۆردى . ئىككى ئايال ئىتتىكلا ئور-نىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىشتى .
— ھاۋا شۇنداق ئىسسىپ كەتتى ، يولدا جاپا تارتمىد-غانسىز ؟ — سورىدى زۇلخۇمار .
— مەنغۇ چارچىمىدىم ، ھوشۇركامغا تەس بولدى ، — دېدى

سۇلايمان قاسىم ھاسىراپ تۇرۇپ ، ــ بازار بەك قىزىپتۇ ، ئادەمـ
نىڭ كۆپلۈكىدىن تۇكۇرسەڭ تۇكۇرۇكۇڭ يەرگە چۈشمەيدىغان كۈن
بوپتۇ . ھوشۇركامنىڭ ئەسلىدىن نەپسى قىسىلاتتى . بازاردا بەك
قىيىنلىپ كەتتى . شۇڭا ، يولدا ئارام ئالىمىز دەپ بىرئاز ھايال
قالدۇق .
قەمبەرخان ئىتتىكلا سىرتقا ماڭدى .
ــ قەمبەرخاچا ، نەگە ؟ ــ زۇلخۇمار ئۇنىڭ كەينىدىن توۋـ
لىدى .
ــ چىقىپ قاراپ باقاي ، بىچارە ئادەم . . . ــ ئۇنىڭ كېيىن
نىمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىغىلى بولمىدى .
ــ ئەمىسە چىقىپ ھوشۇركامنى باشلاپ كىرىڭ ، باللارمۇ
كىرسۇن ، بىللە تاماق يەيمىز . . . ــ زۇلخۇمار كارىدورغا چىقىپ
ۋارقىرىدى .
ــ بۇ ئايالنىڭ قولى قىسقا بولغىنى بىلەن ، ھوشۇركامنى
كۆتۈشنى بىلىدۇ ـ دە ! ــ سۇلايمان قاسىم زۇلخۇمار سۇنغان
لۆڭگە بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىدىكى تەر ۋە توپا ـ توزانلارنى سۈرتكىـ
نىچە پىچىرلىدى .
بىردەمدىن كېيىن ھوشۇر سەلەي ، قەمبەرخان ، رىسالەتلەر
كىرىپ كېلىشتى . ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن بىر ئىشلاردىن خىجالەت
بولۇۋاتقاندەك بىر خىل قورۇنۇش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى .
ــ يەنە سىلىگە ئىششىيدىغان بوپتۇق ، ئۇكام ، ــ دېدى ھوـ
شۇر سەلەي بېشىنى قاشلىغىنىچە ، ــ بۇ خوتۇنمۇ ئۆگىنىۋالدى ،
ھە دېسە زۇلخۇمار ئۇنىماي دەپ بېزىرىپ تۇرىدۇ .
ــ ئىككى ئۆيىنىڭ نىمە پەرقى بار ، ھوشۇركا ، قويۇڭا بۇنـ
داق گەپنى ، ــ زۇلــخۇمار ئۇنى ساپاغا تەكلــىپ قىلــغاچ قوشـ
ـۇپ قويدى ، ــ بىزمۇ سىلەرگە ئۆگىنىپ قاپتىمىز ، گۇڭۇر ـ
مۇڭۇر ئولتۇرۇپ تاماق يېمىسەك ، گالدىن بىرنەرسە ئۆتمەيدىكەن .
بۇنداق گەپنى ئەمدى ھەرگىز تىلغا ئالمىسىلا ، كېلىڭ سىڭلىم ،
سىزمۇ بۇياققا ئۆتۈپ ئولتۇرۇڭ .

— ياق ، ياق ، مەن سىزگە قارشىپ بېرەي ، —رىسالەت شۇنداق دېگىنىچە ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى . ئىككى ئايالمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاشخانىغا مېڭىشتى .

تاماق تارتىلدى . رىسالەت بىر تاۋاق پولۇنى سۇلايمان قاسىمىنىڭ ئالدىغا ئاۋايلاپ قويدى . ئىككى جۈپ كۆز لىپپىدە ئۇچراشتى . قانداقتۇر بىر ئىللىق سېزىمنىڭ تۇرتكىسىدە سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆڭلى ۋىللىدە يورۇدى . بەلكىم ئۇ قايسىبىر سىڭلىسىنىڭ كۆيۈمىگە ئېرىشكەندەك شادلىققا تولغاندۇ ياكى بولمىسا ئەينى يىللىرى يوقىتىپ قويغان قىزىنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىدا قايتىدىن پەيدا بولغاندۇ . ئىشقىلىپ ئۇ تىترەڭگۈ ، پەس ئاۋازدا قىز ئاران ئاڭلىغۇدەك قىلىپ : «رەھمەت» دېدى .

# ئىككىنچى باب

# گۈللۈك فونتان

## 5

ئاجايىپ ئىش. ئاشۇ كۈندىن باشلاپ سۇلايمان قاسىمغا يېڭى بىر ئەرمەك تېپىلدى. ئۇ ھەر دەم ئېلىش كۈنى ئەتىگەندىلا قورۇدىكى گۈللۈك فونتانىنىڭ يېنىغا چىقىۋالاتتى. ئەتىگەننىڭ مەيىن شامىلى ئۇنىڭ توزۇپ تۇرغان بىر تۇتام چېچىنى ئەركىلىتىپ ھەر تەرەپكە ئۇچۇراتتى. ئۇ بۇ يەردە قۇشلارنىڭ چاڭگىلداپ سايراشلىرىغا قۇلاق سالاتتى. گۈللەرنىڭ خۇش ھىدىدىن قانغۇدەك نەپەس ئېلىپ ھۇزۇرلىناتتى. فونتاندىن چاچراپ چۈشۈۋاتقان كۈمۈشتەك ئۈنچىلەرنىڭ قۇياش نۇرىدا چاقنىشىغا مەپتۇن بولاتتى. ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ بوغۇق ئۈندىكى غوڭۇلدىشىنى تىڭشايتتى. قىسقىسى، ئۇ بۇ يەرنىڭ ھەربىر گۈل - گىياھىغا، ئۈن - تىنۋشىغا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ بۈگۈنمۇ ئەتىگەندىلا گۈللۈكنىڭ يېنىغا كەلدى.

بۈگۈن نېمىشقىدۇر ھاۋا سەل تۇتۇلۇپ قالغانىدى. قويۇق قارا بۇلۇتلار توسۇۋالغان قۇياش بەزى - بەزىدە ئۆزىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان بۇلۇتلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چىقاتتى - دە، ئەتراپ پاللىدە يورۇپ كېتەتتى. بۇنداق گىرىمسەن يورۇقلۇق ئۇزۇن داۋاملاشمايتتى. قارا بۇلۇتلار قۇياشنى يەنە ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالاتتى - دە، ئەتراپ بىردىنلا گۈگۈم قوينىغا شۇڭغۇغاندەك غۇۋالىشىپ قالاتتى. ئەمما، فونتاندىن ئوخشاشلا سۇ پۇركەلمەكتە ئىدى. ئەتىگەننىڭ مەيىن شامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى. قۇشقاچلار

مەڭگۈ ئېيتىپ تۈگىتەلمەيدىغان شوخ ناخشىسىنى باشلىۋالغانىدى.

ئۇ بۇلۇتلار كەينىدە ئۈزۈپ يۈرگەن قۇياشقا قاراپ كىچىك ۋاقتىدا ئاڭلىغان بىر چۆچەكنى ئېسىگە ئالدى. چۆچەكتە بىر چوپان بالا بار ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى كۆز يەتكۈسىز داللاردا پادا باقاتتى. ماللىرى چۆپكە تويۇپ ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئامراق كۈچۈكىنى سۇغارغىلى ئېلىپ باراتتى. ئەنە شۇنداق چاغلاردا قۇياشمۇ ئۇسساپ كېتەتتى - دە، بالىغا ئەگىشەتتى. پادىچى بالا، ئەركە كۈچۈك ۋە چاڭقاپ كەتكەن قۇياش ئاشۇ كۆز يەتكۈسىز داللىدا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ سۇ ئىزدەپ ماڭغاندا ئەتراپ كۆكۈم پەردىسى ئىچىگە ئۆزىنى ئالاتتى. قۇياشنىڭ ئۇسسۇزلۇقى قېنىپ، قايتىپ كەلگەندە ئەتراپ يورۇپ كېتەتتى.

— بۈگۈنمۇ قۇياش سۇ ئىچكىلى ماڭغان بولسا كېرەك، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ئاشۇ چۆچەكنى ئېسىگە ئېلىپ، — مەنمۇ پادىچى بالا، ئۇنىڭ ئامراق كۈچۈكى ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ كېتىپ بارغان قۇياش بىلەن بىللە سۇ ئىچكىلى بارالىغان بولسام، قانداق ياخشى بولاتتى - ھە!

بۇ ئۇنىڭ ھەر قېتىم ئاشۇ چۆچەكنى خىيال قىلغىنىدا كۆڭلىدە پەيدا بولىدىغان بالىلىق تۇيغۇلىرى ئىدى. بۇ خىيال نېمىشقىدۇر بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى چالغىتىپ ئۆتتى. ئۇ نەزىرىنى سۇ ئىچكىلى كېتىپ بارغان قۇياشتىن گۈللۈك فونتانغا يۆتكىدى. كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئۈنچىلەر گۈل بەرگىلىرىگە شارىلداپ چۈشمەكتە. گۈللەر يىگىتنىڭ قۇچىقىدىكى قىزلاردەك تولغانماقتا. سەل نېرىدا ئۇچۇشۇپ يۈرگەن كېپىنەكلەر ھۆل بولۇپ كەتكەن گۈل تاجلىرىغا قونۇشتىن ئەيمىنىپ، رەڭدار قاناتلىرىنى پىلدىرلاتقىنىچە قوغلاشماقتا ئىدى. گۈللۈك ئىچىدە يېشىل مۇخلار ئۆسۈپ كەتكەن، ياپيېشىل چىملارنىڭ دىرىلداپ تۇرغان قۇلاقلىرىدا كۈمۈش رەڭ ئۈنچىلەر ئېسىلىپ تۇراتتى.

قۇياش سۇ ئىچىپ قايتىپ كەلدى. ئەتراپ پاللىدە يورۇدى.

شۇ ئەسنادا رىسالەت بىر كىتابنى كۆتۈرگىنىچە بىنادىن چى-

قىپ كەلدى . يەنە بىر قۇياش سۇ ئىچىپ قايتىپ كەلگەندەك ، ئەتراپ يەنە باشقىدىن پاللىدە يورۇغاندەك بولدى .

قاياقتىندۇر مەيىن شامال كۆتۈرۈلدى . سۇلايمان قاسىمنىڭ ماڭلىيىغا بىر قىزنىڭ نەمخۇش تىنىقى ئۇرۇلغاندەك بولدى . . .

— كېلىنىڭ رىسالەت ، تەييارلىقىڭىز قانداقراق ؟ ئىمتىھانغىمۇ ئاز قالدىغۇ دەيمەن ؟

سۇلايمان قاسىم ئۇنى يېنىغا چاقىردى . قىز بىر تۇتام چېچىنى سىلكىتكىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— ئىشقىلىپ بولىدۇ ، يامان ئەمەس تەييارلىق قىلىۋاتىمەن ، — دېدى ئۇ يېنىدىنلا قوغلىشىپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتكەن بىر جۈپ قۇشقاچنىڭ كەينىدىن قاراپ قويۇپ ، — ئىمتىھان كېلەر ھەپتە باشلىنىدۇ . ۋاقىت يېقىنلاشقانسېرى سەل جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىمەن .

— ھەرگىز جىددىيلەشمەڭ ، — سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابنى ئېلىپ مەقسەتسىزلا ۋاراقلاپ قويدى ، — ئادەم قانچە جىددىيلەشكەنسېرى شۇنچە ئۇنتۇغاق بولۇپ قالىدۇ . تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ ، جىددىيلىشىشتىن ساقلىنىڭ . مەن سىزنىڭ ئىمتىھاننى ياخشى بېرىپ ، كۆڭۈلدىكىدەك مەكتەپكە بارالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن .

— راستما ؟ كۆڭلۈمنى ياساۋاتمايدىغانسىز ؟ — رىسالەت يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە لەپپىدە قاراپ قويدى .

— قانداق ، باغلىشامدۇق ؟ — دېدى سۇلايمان قاسىم چىمچىلاق بارمىقىنى چىقىرىپ .

— مېنىڭ ئىمتىھاننى ياخشى بېرىدىغانلىقىمنى سىز قانداق بىلىسىز ؟ — رىسالەت گۈللۈككە قارىغان ھالدا سورىدى ، — ھەتتا مەنمۇ ئۆز - ئۆزۈمگە ئىشەنچ قىلالمايۋاتسام ، سىز باغلىشىمەن دەيسىزغۇ ؟

— ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز چۈشەنمىگەن بىلەن ، مەن سىزنى ئوبدان بىلىمەن ، — سۇلايمان قولىنى پەسكە چۈشۈرمەس-

تىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ـــ سىز مېنىڭ ئالدىمدا چوڭ بول-
غان قىز، سىز كىچىكىڭىزدىن ئەقىللىق، شۇ بىر ئىشلارغا دەس-
لىپىدە سەل ئارسالدى بولىدىغان خۇيىڭىز بار. ئەمما، نىيەت
قىلىسىڭىزلا بىر ئىشلارنى باشقا ئېلىپ چىقالايسىز. ئۇنىڭ ئۈستى-
گە ھوشۇركامنىڭ ئائىلىسىدىن ياربماس ئادەمنىڭ چىقىدىغانلىقىغا
مەن قەتئىي ئىشەنمەيمەن.

رىسالەت گۈللۈكتىن كۆزىنى ئۈزۈپ، سۇلايمان قاسىمغا
راستمۇ دېگەندەك ئۈزۈندىن - ئۈزۈن قاراپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز-
لىرىدىكى سەممىيلىك، ياخشى تىلەك، ئۈمىد - ئىشەنچ نۇرلىرى-
نى كۆرۈپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ چىم-
چىلاق بارمىقىنى سۇلايمان قاسىمنىڭ تىككىدە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان
چىمچىلاق بارمىقىغا يىلاندەك چىرمىدى.

ـــ رەھمەت سىزگە، ـــ دېدى ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا، ـــ
سىز ماڭا ئىشەنچ، ئۈمىد ئاتا قىلدىڭىز، مەن سىزنىڭ ياخشى
تىلىكىڭىزنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن.

ـــ بۇ ھەم دادىڭىزنىڭ تىلىكى رىسالەت، ـــ سۇلايمان قاسىم
ئۇنىڭغا پەس ئاۋازدا دېدى، ـــ ھوشۇركامنىڭ پۈتۈن ئۈمىدىمۇ
شۇ. سىز بالىلارنىڭ چوڭى، سىزنىڭ تەقدىرىڭىز ئىنى - سىڭىل-
لىرىڭىزنىڭ كېيىنكى تەقدىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.
شۇڭا، سىز ئوبدان تەييارلىق قىلىپ، ئىمتىھاننى ياخشى بېرىپ،
ھوشۇركامنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىشىڭىز كېرەك. داداڭلارنىڭ
سىلەر ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرى ئاز ئەمەس. بۇنى بىلەمسىز؟

رىسالەت يىراقلارغا كۆز تاشلىدى. فونتان يېنىدىن پۈر قى-
لىپ ئۇچقان بىر توپ قۇشقاچ بارغانسېرى يىراقلاپ، قارا چېكىت-
لەرگە ئايلىنىپ، بارا - بارا خىرەلىشىپ تۇرغان ئاسمان بېتىگە
سىڭىپ كەتتى. قۇياش يەنە سۇ ئىچىپ قايتىپ كەلدى. ئەتراپ
لاپپىدە يورۇدى. قىزنىڭ كىرپىكلىرىدە ئېسىلىپ تۇرغان ئىككى
تامچە ياش قۇياش نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇراتتى.

ـــ دادامنىڭ بىز ئۈچۈن قىلغانلىرىنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ

قالاي؟ ناۋادا بۇ ئائىلە دادامدەك بىر ئادەمنىڭ مۇرىسىدە تۇرمىغان بولسا، بۇنداق يوكنى يەنە كىم ئۇستىگە ئېلىشى مۇمكىن ئىدى؟ مەن چوقۇم دادامنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايمەن.

ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ قولىدىكى كىتابنى ئېلىپ گۈللۈكنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قاراپ بىر نەچچە قەدەم ماڭدى ۋە چىپپىدە توختاپ كەينىگە بۇرۇلدى:

— سىزگىمۇ رەھمەت، سۇلايمان ئاكا. سىز بۈگۈن مېنى ئۆزۈمگە ھەقىقىي تونۇتتىڭىز. قەلبىمدە ئىشەنچ پەيدا قىلدىڭىز. مەن چوقۇم سىز دېگەندەك قىلىمەن. ماڭا ئىشىنىڭ.

رىسالەت سۆزىنى تۈگىتىپلا كىتابنى باغرىغا باسقان پېتى يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ رىتىملىق ئاياغ تىۋىشىمۇ بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى.

6

قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ گۈللۈك بىر خاسىيەتلىك جاي. ئۇ خاسىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈنلا قۇشلارمۇ، كېپىنەكلەرمۇ، ئادەملەرمۇ، ھەتتا ئادەمنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ ئۆتىدىغان مەيىن شامالمۇ ھەر كۈنى ئۇنى تاۋاپ قىلىپ تۇرىدۇ.

بۈگۈن ئەتىگەن يېغىشقا باشلىغان يامغۇر چۈشكە يېقىن پەسكويغا چۈشتى. يامغۇر توختىغاندەك قىلغان بىلەن ھاۋانىڭ ئاچچىقى يانمىغانىدى. تۇرۇم - تۇرۇم قارا بۇلۇتلار بىر - بىرىنى قوغلاپ ئۈزۈپ كېتىپ باراتتى. نەمخۇش شامال گۈل بەرگلىرىدىكى يامغۇر تامچىسىنى ئۈجمىدەك تۆكەتتى. قورۇنىڭ ئەتراپىدىكى پاخپاق سۆگەتلەرنىڭ شاخلىرى ئارىسىغا كىرىۋېلىشقان ئاق قۇشقاچلار نەملىشىپ قالغان قاناتلىرىنى سىلكىپ قوياتتى. ھاۋا بەكمۇ دىمىق ئىدى.

قەمبەرخان بىر داسنى كۆتۈرگىنىچە قورۇدا پەيدا بولدى. سېمىز ئۇستىخىنىغا چوڭ كېلىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان گۈللۈك

كۆڭلىكى ھە دېگەندە پۈتنغا يۆگىلىۋېلىپ، ئۇنى جىلە قىلاتتى. ئۇ گۈللۈك يېپىدىن ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ سەل نېرىدا لايغا مىلىنىپ ياتقان بىر كېپىنەككە كۆزى چۈشتى. قارام يامغۇر ئۇنىڭ قاناتلىرىنى لەش قىلىۋەتكەندى. ئۇ مىدىر - سىدىر قىلماي ياتقان كېپىنەككە قاراپ ئۇھ تارتىپ قويدى. چىرايلىق نەرسىلەر نەپىس بولىدۇ، نەپىس نەرسىلەرنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ، دېگەن شۇ ئىكەن. پۈۋ دېسە قانىتى تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان كېپىنەكلەر بىردەملىك يامغۇرنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەندى.

قەمبەرخان داستىكى گۈرۈچنىڭ ئەخلىتىنى تەرگىنىچە كورپۇس ئالدىغا كېلىۋىدى، بىنادىن چۈشۈپ كېلىۋاتقان زۇلخۇمار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ھوي، قەمبەرخاچا، نەگە بېرىپ كەلدىلە؟ — زۇلخۇمار ئۇنىڭ قولىدىكى داسقا قارىغىنىچە سورىدى، — گۈرۈچ كۆتۈرۈۋاپلىغۇ؟

— ئۆيدە گۈرۈچ قالماپتىكەن، شاققىدە چىقىپ قورۇ ئالدىدىكى بوتكىدىن ئىككى كىلو گۈرۈچ ئېلىپ كىردىم سىڭلىم، — قەمبەرخان ئۇنىڭ ياغلىقى سىرتىدا توزۇپ تۇرغان نەچچە تال چېچىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى، — ھە راست، ئۆزلىرى نەگە جابدۇندىلا؟

— خالىقجاننىڭ مەكتىپىدە ئاتا - ئانىلار يىغىنى باركەن، دادىسىنىڭ ۋاقتى يوق ئوخشايدۇ. مېنى بېرىڭلا دېگەن، مەكتەپكە كېتىۋاتىمەن، — زۇلخۇمار سەل پەسكە چۈشۈۋالغان سومكىسىنى مۈرىدەپ قويدى.

— ئەمسە بېرىپ كەلسىلە، كەچلىك تاماقنى مەن قىلدىمەن، مەكتەپتىن كېلىپلا بىزنىڭكىگە كىرسىلە، ھەمداستىخان بولىمىز.

— سىلىنى ئاۋارە قىلامدىمەن ئەمدى؟

— نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ — قەمبەرخان سەل خاپا بولغاندەك

دومسايدى ، — شۇنىمۇ گېپىم بار دەپ قىلامدىيلا ؟ ئايدا - يىلدا بىر قېتىم بىزنىڭكىدە قازان ئېسىلسا نېمە بولىدۇ ؟ بىزمۇ كۈندە سىلىنىڭكىنى يەپ كۈن ئېلىۋاتامدىمىز ؟ مۇنداق گەپنى بىر قىلدىلا ، ئىككىنچى قۇلىقىم ئاڭلاپ قالمىسۇن سىڭلىم ، مەن رەنجىيمەن .

— بوپتۇ ئەمىسە ، — زۇلخۇمار سومكىسىدىن بىر تۇتام ئاچقۇچنى چىقاردى ، — ئاچقۇچ سىلىدە قالسۇن ، گۈرۈچ ئازلىق قىلسا بىزنىڭكىدە بار ، يەتكۈچە ئېلىپ چىقسىلا .

— يېتىدۇ سىڭلىم ، خاتىرجەم بولسىلا ، قورساقلىرىنى يېرىم قويمايمەن ، — قەمبەرخان ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ بىنا ئىچىگە كىرىپ كەتتى .

زۇلخۇمار پېشىسىنىڭكىدە كۈلۈپ قويدى . نېمىشقىدۇر قەمبەرخان ئۇنىڭغا ئۆز ئاچىسىدەك يېقىملىق ، كۆيۈمچان تۇيۇلۇپ كەتتى . گەرچە ئۇنىڭ قولى قىسقىراق بولسىمۇ ، تاپقىنىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەيدىغان باشقا قوشنىلارغا قارىغاندا ، ھەقىقەتەن كۆيۈشلۈك ئايال ئىدى . پۇلنىڭ سانىنى بىلمەيدىغان ، لېكىن لازىم بولغاندا : «بانكىدا ئىدى ، قەرەللىك قويۇپتىكەنمىز ، بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇرساڭلا ، قەرەلى توشقاندا . . .» دەيدىغانلارغا زادى ئوخشىمايتتى . تاپقان نېنىدا داپ چالمايتتى . تاپالمىغاندا بەك قاقشاپمۇ كەتمەيتتى . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ ئىغى بىغىغا كېلىشەتتى .

زۇلخۇمار گۈللۈك يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر ئىشنى يادىغا ئالدى : توغرا ، ئوبدانراق تەييارلىق قىلىپ قويۇش كېرەك . ئەتە - ئۆگۈن ئىمتىھان باشلىنىدۇ . يەنە بىرنەچچە ئايدىن كېيىن رىسالەت ئالىي مەكتەپكە ماڭىدۇ . ئۇ قەمبەرخاچامنىڭ ئۈمىد چىرىغى . ئۇنىڭغا ئوبدانراق خوش دېيىش كېرەك . ھەي ، بەكلا ئوڭلۇق قىز بولدى - دە ، ئوغۇللىرىم چوڭ بولغان بولسا ئۇنى كېلىن قىلىۋالاتتىم ، قانداقراق بېرىگە نېسىپ بولار بىچارە ؟ ئالىي مەكتەپ دېگەندە كۆيدۇم - پىشتىم دەيدىغان ئىشلار كۆپ بولارمىش ، نەدە بىر تايىنى يوق نېمىلەر ئۇنىڭ بېشىنى چۆرگىلىتىپ

قويۇپ بەرسە، بىچارىنى ئازمايدۇ دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟
زۇلخۇمار گەرچە ئالىي مەكتەپ دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئۇ يەرنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە ھېچنېمىنى چۈشەنمىسىمۇ، باشقىلاردىن ئاڭلىغان ۋە كىنو - تېلېۋىزورلاردىن كۆرگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئالىي مەكتەپ يىگىتلىرىنى تۇتۇرۇقسىز، ئالدامچى بىر نېمىلەر دەپ چۈشىنەتتى. دېمىسىمۇ ئالىي مەكتەپتە كۆيۈپ پىشىشقانلارنىڭ بەختلىك ئائىلە قۇرغانلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوغۇل ستودېنتلار ھەققىدە گەپ بولسىلا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قوياتتى، ئۇلارغا ئىشەنمەيتتى. يىگىتلەردىكى تۇتۇرۇقسىزلىق، قىزلاردىكى شاللاقلىق ئۇ ئەڭ يامان كۆرىدىغان ئىللەت ھېسابلىناتتى.
زۇلخۇمار تېگى يوق خىياللارغا بېرىلگىنىچە چوڭ يولغا چىقتى. تەلىيىگە كۆپ ساقلىمايلا كوچا ئاپتوبۇسى يېتىپ كەلدى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقان رىسالەتنى كۆرۈپ سومكىسىدىن ئاچقۇچنى يەنە چىقاردى.
— رىسالەت، مەن خالىقجاننىڭ مەكتىپىگە ماڭدىم. قۇددۇسجان يەسلىدىن كېلىپ قالسا، خەۋەر ئېلىپ قويۇڭ، بەك خاپا قىلسا ئىشىكنى ئېچىپ بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ.
— خاتىرجەم بولۇڭ زۇلخۇمار ئاچا، قۇددۇسجاننى ئۆزۈم باقىمەن، ئۇ گەپ ئاڭلايدىغان بالا، ھەرگىز خاپا قىلمايدۇ.
ماشىنا مېڭىپ كەتتى. زۇلخۇمار دېرىزىدىن، رىسالەتنىڭ بارغانسېرى تولۇپ بېرىۋاتقان ھۆسن - جامالىغا باشقىدىن نەزەر سالدى. ئۇنىڭ يامغۇردىن كېيىنكى گۈل بەرگىلىرىدەك قات - قېتىدىن يالتىراپ تۇرغان غۇبارسىز چېھرى ئادەمگە بىرخىل پاكىزلىقنى، قاشتېشىدەك سۈزۈكلۈكنى ھېس قىلدۇراتتى. نېمىشقىدۇر بۇنداق چىراي كىشىدە تەبىئىيلا ھۆرمەت، قايىللىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلاتتى.
رىسالەت ئۇنىڭغا قاراپ قول پۇلاڭلاتتى ۋە قورۇ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى. زۇلخۇمار ئۆزىچە خورسىنىپ قويدى.

## 7

ھەش - پەش دېگۈچە ياز يېرىملىشىپ قالدى. گۈللۈكتىكى نۇرغۇن گۈللەر تۇزۇپ كەتتى. يەنە نۇرغۇن گۈللەر يېڭىدىن ئېچىلدى. تۇزۇغان چېچەكلەرنى مەيىن شامال نەگىدۇر ئۇچۇرۇپ كەتتى. ھېلىھەم بۇ يەردە نەغمىچى قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى، ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ غوڭۇلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گۈللەر ئارىسىدا يەنە چىپار كېپىنەكلەرنىمۇ ئۇچراتقىلى بولاتتى.

تەبىئەتتە بۇنداق گۈللۈكلەر ناھايىتى كۆپ. ئادەم بالىسىنىڭ ئايىغى تەگمىگەن ئىپتىدائىي ئورمانلىقلاردا، كۆز يەتكۈسىز قىر - تۆپىلىكلەردە، مال - ۋاران پىتىراپ يۈرگەن يايلاقلاردا، يەنە ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان نۇرغۇن جايلاردا رەڭگارەڭ گۈللەر، ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ياۋا چېچەكلەر ئېچىلىپ، سان - ساناقسىز كېپىنەكلەر پەرۋاز قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. تەبىئەتتە نېمىلەر بولمايدۇ دەيسىز؟ ئەمما، بۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن، ئۆزىنىڭ تەلەپ ئېھتىياجىغا ئاساسەن لايىھىلەپ چىققان، قاتتىقلاشتۇرۇلغان شەھەر بولغاچقا، كىشىلەر ئۆزىنى تەبىئەتكە يېقىن كۆرسىتىش ئۈچۈن مۇشۇنداق كىچىك مەيدانلارغا سۈنئىي گۈللۈكلەرنى پەيدا قىلىشقان. ھەر ھالدا بۇ يەردە تەبىئەتتە بار بولغان قىزىل، سېرىق، يېشىل، ھال، بىنەپشەرەڭ گۈللەر تېپىلىدۇ. ئاشۇ گۈللەرنىڭ ئەركىسى كېپىنەكلەرمۇ ئۇچرايدۇ. ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ غوڭۇلدىشى، قۇشقاچلارنىڭ چاڭىلداپ سايراپ، نېمىگىدۇر تەنتەنە قىلىشى مۇشۇ گۈللۈكلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن!

سۇلايمان قاسىم بۈگۈن گۈللۈك فونتاننىڭ يېنىدا بەكمۇ ئۇزۇن ئولتۇردى. ئۇ ئاشۇ خۇش ھىد تارىتىپ تۇرغان گۈللەرگە قاراپ ئۆزىنىڭ نۆۋەر چاغلىرىنى ئەسكە ئالدى. بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئاچچىق قىسمەتلەر كۆز ئالدىدىن كىنو لېنتىسىدەك بىرمۇبىر

ئۆتتى . ئۇ گۈللۈكنى قاشالاپ ئورنىتىلغان سېمونت پەشتاخ ئۈس-تىدە ئولتۇرۇپ ئاقۋاش بۇلۇتلار لەيلىشىپ يۈرگەن ئاسمانغا بىر هازا قارىدى . ئاشۇ بۇلۇتلار ئارىسىدىن بىر ئەۋلىيا ئۇچۇپ چىقىپ ، ئاله دەپلا ياشلىق چاغلىرىنى تاشلاپ بېرىدىغاندەك بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى .

ئۇ نەزىرىنى يەنە گۈللۈككە قاراتتى . بۈگۈن فونتان توختىتىپ قويۇلغانىدى . ئۇنىڭدىن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئۇنچىلەر چېچىلمايتتى . گۈللەر بۇنىڭدىن سەل رەنجىگەندەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ شۈمشىيىپ تۇراتتى . گەرچە ئەتراپقا بىر خىل خۇشبۇي هىد ئۇخشاشلا تاراپ تۇرسىمۇ ، گۈل بەرگلىرىگە بىر قەۋەت توپا قونۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى .

— بۇ يەردە ئولتۇرغىنىڭىزغا خېلى بولدىغۇ دەيمەن !

سۇلايمان قاسىم ئېغىر خىياللار قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ، تونۇش ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىدى . كۆز ئالدىدا رىسالەت كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى .

— خېلىدىن بېرى گۈل-لۈك ئەتراپ-دا ئولت-ۇرىدىغان بولۇپ قالدىڭ-ىزغۇ ؟ — دېدى رىسالەت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئول-تۇرغاچ ، — بىرنەرسە ئىـچىڭـىزنى تات-ىلاۋاتس-ا كېرەك . شۇنداقمۇ ؟

— نەدىكىنى ، ئۆزۈمچە بۇ يەرگە كېلىمەنغۇ شۇ ، — سۇلاي-مان قاسىم ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى ، — قانداق ، ئىمتىهان نەتىجىسى كەلدىمۇ ؟ تەرەت بوش ئەمەستۇ - هە ؟

— نەتىجە كېلەر هەپتە ئېلان قىلىنىدىكەن ، — رىسالەت يەرگە قارىغىنىچە پەس ئاۋازدا دېدى ، — ئىشقىلىپ ئۆتۈپ كېتىمەن ، ئۆيدىكىلەرمۇ بىر قوللۇق تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ . ئىلگىرى ئىمتىهاندىن ئۆتەلەرمەنمۇ ، دەپ غەم يەيتتىم . مانا ئەمدى بۇ يەر-دىن ئايرىلسام قانداق قىلارمەن ، دېگەن غەم مېنى قىيناۋاتىدۇ .

— كىممۇ ئۆمۈر بويى ئۆيدىن ، ئاتا - ئانامدىن ئايرىلمايمەن دېيەلەيدۇ رىسالەت ؟ — سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ مەيۈسلۈك كېزىپ

تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ قويدى ، ــ ھاياتتا بۇنىڭدىن ئېغىر ئايرىلىشلار بولۇپ تۇرىدۇ . سىز بارسا كەلمەسنىڭ شەھىرىگە بارمايسىز ، ئوقۇش پۈتتۈرسىڭىز يەنىلا ھوشۇركامنىڭ ، قەمبەرخا-چامنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىسىز . بۇ دېگەن ھاياتتىكى كىچىككىنە بىر سىناق ، خالاس . سىز ئۇنىڭدىن چوقۇم كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتۈپ كېتەلەيسىز .

رىسالەت يەرگە قارىغىنىچە ئۇندىمەستىن ئولتۇرىۋەردى .

ــ سىز خاتىرجەم ئوقۇشىقا مېڭىشىڭىزنىڭ تەييارلىقىد-نى قىلىڭ ، ــ دېدى سۇلايمان قاسىم بىر پەسلىك سۈكۈتتىن كېيىن ، ــ كۆڭلىڭىزدىكى ئايرىلىش ئازابىنى ھۇشۇركام بىلەن قەمبەرخاچامغا ھەرگىز بىلدۈرۈپ قويماڭ ، بولمىسا ئۇلارنىڭ كۆڭلى سىزنىڭكىدىنمۇ بەك يېرىم بولىدۇ .

رىسالەت بېشىنى ئېتتىك كۆتۈرۈپ سۇلايمان قاسىمغا قارىدى .

ــ سىز بىلەن پاراڭلاشسام ، نېمىشقىكىن كۆڭلۈم كۆتۈرۈ-لۈپ قالىدۇ سۇلايمان ئاكا ، ــ دېدى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ ، ــ سىزنىڭ گەپ - سۆزلىرىڭىزدە قانداقتۇر بىر ھېك-مەت باردەك ، قەلبىم ئۈمىدكە تولىدۇ . مانا ، مەن ئۆزۈمنىڭلا غېمىنى يەپ ، ئاتا - ئانامنىڭ كۆڭلى بىلەن ھېسابلاشماپتىمەن . بۇ جۇدالىقنىڭ ئۇلارغا تېخىمۇ ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى ئويلىماپتى-مەن . يەنە ...

ــ توغرا ، بۇ جۇدالىق ھەممىمىزگە ئېغىر كېلىدۇ ، ئەمما چىداش كېرەك . مەڭگۈ ئۇچمايدىغان تورغاي بولمايدۇ . قۇشلار ئۇچۇپ كېتىدۇ . قىزلارمۇ شۇنداق . بىر كۈنلەر كېلىپ سىزنىمۇ ئۇزىتىپ قويىمىز ، بۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى . ئۇنىڭدىن ھېچكىم مۇستەسنا بولالمايدۇ .

رىسالەتنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزاردى . ئۇ ئېتتىكلا كۆزلىرىنى باشقا ياققا ئېلىپ قاچتى .

ــ ئوقۇشقا ماڭسىڭىز سىزگە نېمە يوللۇق تۇتسام

بولار؟ ــ سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭدىن سورىدى، ــ بىرەر كەم نەرسىلىرىڭىز بارمۇ ياكى ئۆزۈم بىلىپلا بىر ئىش قىلايمۇ؟
ــ سىز ماڭا يوللۇقنى ئاللىقاچان بېرىپ بولغان سۇلايمان ئاكا، ــ رىسالەت ياشقا تولغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى، ــ ئاشۇ چاغدا سىز ماڭا ئىلھام بېرىپ، ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە تونۇتمىغان بولسىڭىز، مەن بەڭۋاش تېخىچە ماڭار يولۇمنى بىلمەي تېنەپ يۈرگەن بولاتتىم. بۇ جەھەتتە مەن سىزگە مەڭگۈ قەرزدار. يوللۇقىڭىز ماڭا تېگىل بولدى. ئاۋارە بولماڭ.
ــ ئاۋارە بولىدىغان نېمىسى بار؟ سىڭلىسى ئالىي مەكتەپكە ماڭسا، ئاكىسى قاراپ تۇرالمايدۇ - دە!
رىسالەت نېمىشقىدۇر ئۆپكىدەپ يىغلاشقا باشلىدى. سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ يەلكىسىگە بوش ئۇرۇپ قويدى.
ــ ئەخمەق قىز، نېمىگە يىغلايسىز؟ بۇ دېگەن يىغلايدىغان چاغ ئەمەس، قاقاقلاپ كۈلىدىغان چاغ. سىز كۈلۈڭ، هوشۇركامۇ، قەمبەرخاچامۇ، بىزمۇ كۈلەيلى. چاقىرىق كەلسە، بىز ئىككى ئائىلە سىزنى تەبرىكلەپ بىر ئولتۇرايلى، يىغلىماڭ...
رىسالەت كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىدىچە ئۇنىڭغا قاراپ زورمۇ زور كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرى بىردەمدىلا قىزىرىپ كەتكەنىدى.
ــ خالىسىڭىز ماڭا بىر سوۋغات تەييارلاپ بېرىڭ، ــ دېدى رىسالەت بىر دەملىك ئارىسالدىلىقتىن كېيىن، ــ بولامدۇ؟
ــ نېمە سوۋغات؟
ــ گالىستۇك تاقىغان، ئاپپارانقا قىيپاچ قاراپ، سۈس كۈلۈمسىرىگەن بىر پارچە سۈرەت تەييارلاپ بېرىڭ.
ــ ئۇنى نېمە قىلىسىز؟ ــ هەيران بولۇپ سورىدى سۇلايمان قاسىم.
ــ بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسەم يول سورايمەن، سىردىشىپ پىكىر ئالماشتۇرىمەن. سۈرىتىڭىز خۇددى هازىرقىغا ئوخشاشلا ماڭا ئىلھام بېرىدۇ، يول كۆرسىتىدۇ. بىر ئىشلاردىن

ئۈمىدسىزلەنسەم، مېنى روھلاندۇرىدۇ. قانداق، بولامدۇ؟
رىسالەت ئۇنىڭغا ئىلتىجالىق نەزەردە قاراپ قويىدى.
— بۇنداق نىيىتىڭىز بولسا، مەن پۇرسەت تېپىپ سۈرەتكە چۈشۈپ قوياي، — دېدى سۇلايمان قاسىم چىرايىغا كۈلكە يۇگۈرتكەن ھالدا، — ئەمما، مېنىڭ پەقەتلا سۈرەتكە چۈشۈش تەجرىبەم يوق. بىرەر قېتىممۇ كۆڭۈلدىكىدەك سۈرەتكە چۈشۈپ باقمىدىم. قاچانلا چۈشسەم يا بۇرنۇم مايماق، ياكى بىر كۆزۈم ئەلەس. سىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويمىسۇملا بولاتتىغۇ؟
— مەيلى قانداق چۈشۈڭ، سىزنىڭ ئوبرازىڭىز ماڭا ھەر ۋاقىت ھەمراھ. ئىشقىلىپ سۈرىتىڭىزنى كۆرسەملا بولىدى.
— ماقۇل ئەمىسە. مەن بىر كۈنى سۈرەتكە چۈشۈپ قوياي.
قىز ئۇنىڭغا قاراپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، چوڭقۇر خورسىنىپ قويىدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، بىنا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ بىر تۇتام چېچى يەنىلا يەلكىسىدە تاپانبىلىقتەك پۇلاڭلاپ تۇراتتى. سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ سەل تىترەپ تۇرغان مۇرىسىگە، بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن يوپكىسى تېگىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چىرايلىق پاقالچاقلىرىغا قارىدى. قىز چوڭ بولغانىدى.

8

بۈگۈن يەنىلا دەم ئېلىش كۈنى. ئاسمان سۈرتۈلگەن ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى. قايسى كۈندىكى يامغۇردىن كېيىن ھاۋا ئوبدانلا ئېچىلىپ قالغانىدى. فونتاندىن ئۈنچىلەر چېچىلماقتا. شارىلداپ چۈشۈۋاتقاندەك ئۈنچىلەر ئىچىدە ھەسەن ـ ھۈسەن پەيدا بولغانىدى. يۇيۇپ تارانغان گۈل بەرگىلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى. گۈللۈك ئىچىدىكى ئويمانچاقلارغا يىغىلىپ قالغان سۇ ئەتراپىدا قۇشقاچلار جاۋۇلدىشاتتى.
سۇلايمان قاسىم بىلەن ھۇشۇر سەلەي گۈللۈك ئەتراپىدىكى سالاسونغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكىنىچە پاراڭغا

چۈشكەنىدى .
— رىسالەتنى ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئاپتۇ ، دەپ ئاڭلاي-
مەنغۇ ؟ — دېدى سۇلايمان قاسىم قوشنىسىغا قاراپ . ئۇ بۇ
خەۋەرنى ئاختاملا قەمبەرخاندىن ئاڭلىغان بولسىمۇ ، بالا دەردىدە
يۈرىكى سۇ بولۇپ ئاقىدىغان مۇنۇ كىشىگە بىر ماختىنىش پۇرسىتى
بېرىشنى لايىق تاپقانىدى .
— ئالغان نومۇر جەھەتتە ناھىيە بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا
ئىكەن ، — ھوشۇر سەلەيىنىڭ چىرايىدا پەخىرلىنىش ، سۆيۈنۈش
ھېسسىياتى بالقىدى ، — ئالتە يۈز قىرىق ئىككى ئاپتۇ ئۇكام ،
ھەر كۈنى ئالدىمدا مىسىلداپ يۈرسە بايقىماپتىمەن ، ئەسكى چاپان
ئىچىدە ئادەم بار دېگىنى شۇ ئىكەن . قىزىمدا مۇنچىلىك ئىقتىدار-
نىڭ بارلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن . بىزنىڭ جەمەتتىنمۇ ماڭا ئوخ-
شاش قارا ئىشچىلا ئەمەس ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ چىقىدى-
غان بولدى .
— مەن رىسالەتنىڭ چوقۇم نەتىجە قازىنىدىغانلىقىغا ئىشە-
نەتتىم ، — دېدى سۇلايمان قاسىم تاماكىسىنى بىرنەچچىنى
شورىۋەتكەندىن كېيىن ، ئىسىنى ھالقا شەكلىدە پۈۋلەپ تۇ-
رۇپ ، — چۈنكى ، بۇ قىزدا تەبىئىي تالانت بار . ئۇنىڭ ئۈستىگە
سىزمۇ ئۇنىڭغا ياخشى ئۆگىنىش شارائىتى يارىتىپ بەردىڭىز ئە-
مەسمۇ ؟
— بىراق ، ھەرقانچە باقسىمۇ ئەت قونمايدىغان مال بولىدۇ .
تاشلىۋەتسىمۇ كۆكلەپ ئايىنىپ تۇرىدىغان كۆچەت بولىدۇ . مەنمۇ
قولۇم قىسقا بولغاچقا ، ئۇنى باشقىلارنىڭ بالىلىرىدەك ياخشى شارا-
ئىتتا ئېرىشتۈرەلمىگەنىدىم . شۇنداق بولسىمۇ ، قىزىم ماڭا ئەڭ
ياخشى سوۋغات بېرىپ يۈزۈمنى يورۇق قىلدى . مەن ئۆمرۈمدە
بۇنچىلىك خۇشال بولۇپ باقمىغان . ھەي ، ئۇكام ، شۇ تۇرقىدا بۇ
خۇشلۇقۇمنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەيۋاتىمەن . يۈرىكىم يېرىلىپ
كەتمىسىلا بولاتتىغۇ ؟
— ھوشۇر سەلەيىنىڭ قارامتۇل مەڭزىدە ئىككى تامچە ياش

پارقىراپ قالدى .
— چاقىرىق كەلگەنىكىن ، ئاخشـام مۇئەللىمى باشقـىلار-
دىن گەپ ئېيتىپ بېرىپتىـكەن ، ئەتـىگەندىلا مەكـتەپكە ئۆچتى
بىچارە ، — دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن
سۈرتۈپ ، — كىچىچە خۇشلۇقتىن كۆزىگە قانداق ئۇيقۇ كىرگەندۇ
دەيمەن قىزىمنىڭ ؟
— مۇنداق قىلايلى ، — سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ يەلكىسىگە
دوستلارچە ئۇرۇپ قويدى ، — چاقىرىق كەلگەن بولسا ، ئىككى
ئائىلە بىرلىشىپ ئوبدانىراق بىر تەبرىكلەيلى . رىسالەتنىڭمۇ هاردۇ-
قى چىقسۇن ، قانداق دېدىم ؟
— يەنە سىلەرگە ئېغىرىمىزنى سالىدىغان گەپما ؟ — هو-
شۇر سەلەي قولىنى سىلكىدى ، — جېنىم ئۇكام ، هېلىمۇ سەن
بىزنى پەس كۆرمەي قولۇڭدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىۋاتىسەن .
بىزنىڭ ئېغىرىمىزنى كۆتۈرۈۋېرىپ دولاڭمۇ يېغىر بولۇپ كەتتى
هەرقاچان . ئەمدى يېتەر ، مېنى خىجىل قىلىۋەرمە .
— سىز بۇنداق دېسىڭىز ، مەن نېمە دەيمەن هوشۇركا ؟ —
سۇلايمان قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، — كونىلار «قوشنىد-
دارچىلىق قىيامەتكىچە» دەپتىكەن . شۇنداق ئوبدان ئۆتۈۋې-
تىپ سىنىڭ - مېنىڭ دېيىشسەك قانداق بولىدۇ ؟ بالا گەرچە
سىزنىڭ بولسىمۇ ، ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدا ئويناپ يورۇپ چوڭ
بولدى ، ئۇنى تەبرىكلەشتە مېنىڭمۇ هەققىم بار . قانداق دېدىم ؟
— ئەمدى ··· بۇ ··· سەن مۇنداق دېسەڭ ··· — هوشۇر
سەلەي كۆز ياشلىرىنى زادىلا تۇتۇپ قالالمىدى . ئۇ سۇلايمان قا-
سىمنى چىڭ قۇچاقلاپ ساقاللىرى دىردىيىپ تۇرغان يۈزىنى ئۇنىڭ
بويۇنلىرىغا سۈركىدى .
— ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭنى باللىرىڭدىن كۆرەرسەن ئۇ -
كام ، — دېدى ئۇ بۇقۇلداپ تۇرۇپ .
دەل شۇ چاغدا قورۇ دەرۋازىسىدىن رىسالەت بىلەن ئادالەت
كىرىپ كەلدى . ئۇلار دادىسى بىلەن سۇلايمان قاسىمنىڭ قۇچاقلى-

شىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشـ
تى . رىسالەت ئارىسالدىلىق ئىچىدە بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ،
سىڭلىسىنىڭ پېشىنى تارتىپ قويۇپ ئاستاغىنا ئۇلارنىڭ يېنىغا
كەلدى .
— دادا…
ھوشۇر سەلەي ئىتتىكلا بېشىنى كۆتۈردى ۋە قىزلىرىنى كۆـ
رۈپ كۆز يېشىنى سۈرتتى . سۇلايمان قاسىممۇ قىزىرىپ تۇرغان
كۆزلىرىنى قىزلاردىن قاچۇرۇپ ، گۇللۇك تەرەپكە قارىۋالدى .
— نېمە ئىشـكەن قىـزىم ؟ مۇئەللىـمىڭ نېمـىگە چا ـ
قىـرتـىپتۇ ؟ — ھوشۇر سەلەي پەس ئاۋازدا سورىدى .
— چاقىرىق كەپتۇ دادا ، — رىسالەت ئۆزىنى ھوشۇر سەلەيـ
نىڭ قۇچىقىغا ئاتتى ، — ماڭا چاقىرىق كەپتۇ . ئۈرۈمچىدىن
چاقىرىق كەپتۇ .
— قايسى مەكتەپتىن كەپتۇ ؟ — سۇلايمان قاسىم ئالدىراپ
سورىدى .
— شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىدىن كەپتۇ ، — ئادالەت
ئاچىسىنىڭ ئورنىدا جاۋاب بەردى .
— ئاھ خۇدا ، — ھوشۇر سەلەي ئۈن قويۇپ يىغلاپ كەتـ
تى ، — تىلىكىم ئىجابەت بوپتۇ . خۇدايىم مېنى مۇرادىمغا يەتكۈـ
زۈپتۇ . رەھمەت قىزىم ، تاتلىق بالام … — ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ
رىسالەتنى چىڭ قۇچاقلىدى . قىزمۇ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىماقـ
تا ئىدى .
— مۇبارەك بولسۇن رىسالەت ؟ — سۇلايمان قاسىمنىڭمۇ
بۇ مەنزىرىلەردىن ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى . ئۇ كۆز جىيەكلىرىگە
يامرىغان ياشلارنى ئاران تۇتۇپ قالغانىدى ، — سىزنى
چىن دىلىمدىن تەبرىكلەيمەن . دوختۇر بولغۇدەكسىز . مۇبارەك
بولسۇن !
— رە … رەھمەت سۇلايمان ئاكا … — قىزنىڭ بوغۇق ،
ئەمما ھاياجان ئارىلىشىپ كەتكەن تىترەڭگۇ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ
دادىسىنىڭ مۇرىسىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ، سۇلايمان قاسىمغا مىنـ

نەتدارلىق نەزىرىدە قاراپ قويدى ، — سىزگىمۇ ، زۇلخۇمار ئا-
چامغىمۇ رەھمەت .
بىر پەسلىك يىغا - زاردىن كېيىن ھوشۇر سەلەي ئاستا -
ئاستا ئۆزىگە كەلدى . ئۇ ئىككى قىزىنى يېتىلەپ سۇلايمان قاسىم
بىلەن بىللە بىنا تەرەپكە ماڭدى .
— ئەمىسە كەچتە بىزنىڭكىدە تەبرىكلەيلى - ھە ،
ھوشۇركا ، — سۇلايمان قاسىم ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە بۇ ئىشنى
قوشنىسىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇشنى لايىق كۆردى .
— قېنى ئۇكام ، قەمبەرخان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ
باقاي ، — دېدى ھوشۇر سەلەي بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ ، — ياكى
بولمىسا بىزنىڭكىدە ئولتۇرارمىز . ئىككى ئۆينىڭ پەرقى يوققۇ
بىزگە .
— سىلەر نېمىنى تەبرىكلىمەكچى ؟ — رىسالەت سۇلايمان
قاسىمنىڭ كۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىدى .
— ئەلۋەتتە سىزنىڭ نەتىجىڭىزنى بولمامدۇ سىڭلىم ، —
سۇلايمان قاسىم ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ، دېگەندەك قولىنى سىل-
كىپ قويدى ، — قەمبەرخاچام بىلەن مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ ،
ھايت دەۋېتەرسىز ؟
رىسالەت نېمىشقىدۇر كۆزلىرىنى چوڭ ئاچقىنىچە كارىدوردا
تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرى يەنە ئاق توشقاننىڭكىدەك
قىزىرىشقا باشلىغانىدى .
— مۇنچە قىلىپ كەتمىسەڭلارمۇ بولاتتى ، — دېدى ئۇ ئۆز
ئۆزىگە شىۋىرلاپ ، — مەن سىلەرگە نېمىمۇ قىلىپ بې-
رەرمەن - ھە ؟ !

9

كۆپ تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن داستىخان يەنىلا سۇلايمان
قاسىمنىڭكىدە تەييارلىنىدىغان بولدى .
— بالا سىلەرنىڭ ، — دەيتتى زۇلخۇمار قەمبەرخاننى ئېغىز

ئاچۇرماستىن ، — قاچان ، قانداق تەبرىكلەيمەن دېسەڭلا بولىۋېرىدۇ . ئەمما ، ئۇزۇن يىللىق قوشنىدارچىلىقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۈگۈنكى نۆۋەتنى ماڭا بەرمىسەڭلار بولمايدۇ . ئۆزىنىڭ بېشىنى ئۆزى چۈشۈرگەن نەدە بار ؟ ئاۋۋال بىز بىر تەبرىكلىۋالايلى ، قالدىسىنى ئۆزۈڭلار بىلىپ بىر ئىش قىلمامسىلەر ؟

ئەمدى قەمبەرخانغا بىر نەرسە دېيىشنىڭ ئورنى قالمىغاندى . سۇلايمان قاسىم يۈگۈرۈپ يۈرۈپ گۆش ئەكىردى . زۇلخۇمار ئوخشىتىپ بىرنەچچە قورۇما قورۇدى ، گۆش پىشۇردى ، پولو ئەتتى . ئۇنىڭ قازىنىدىن كۆتۈرۈلگەن مەززىلىك ھىدلار بىنا ئىچىنى بىر ئالدى . كىشىلەر بىرسىنىڭكىدە تويغا قوپۇۋاتقان بولسا كېرەك ، دەپ ئويلاشتى .

كەچلىك تاماقتا ئىككى ئائىلىدىكىلەر جەم بولدى . سۇلايمان قاسىمنىڭ مېھمانخانىسىدا ئاجايىپ بىر خىل قىزغىنلىق ئۆرىدىمەكتە ئىدى . رىسالەت بىلەن زۇلخۇمار مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى شىرەنى تۆرلۈك قورۇمىلار ، گۆش - كاۋاپلار ، پولو - مانتىلار بىلەن توشقۇزۇۋەتتى .

— ئەمدى سىزمۇ بۇياققا ئۆتۈپ ئولتۇرۇڭ رىسالەت ، — دېدى زۇلخۇمار قىزنىڭ يۈزىگە چاپلىشىپ قالغان نەچچە تال چېچىنى تۈزەشتۈرگىنىچە ، — سىزنى مېھمان قىلىمىز ، دەپ ئىشقا سالغىنىمىز پەقەت بولمىدى . قېنى ، بۇياققا ئۆتۈڭ .

رىسالەت ئۇ كۆرسەتكەن يەرگە كېلىپ ئولتۇردى . زۇلخۇمار بىر پەتنۇستا ئۇنىڭغا چاي تۇتتى .

— مەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي ، — دېدى سۇلايمان قاسىم بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ، گېلىنى قىرىپ قويۇپ ، — بۈگۈن ئىككى ئائىلە ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ، رىسالەت ئۇن بىر يىللىق جاپالىق ئوقۇشنى تاماملاپ ئالىي مەكتەپكە ماڭغىلىۋاتىدۇ . بىر ئادەمنىڭ ، يەنە كېلىپ بىر قىزنىڭ ئۆز ئۆمرىدە مۇنچىلىك شان - شەرەپكە ئېرىشىمىكى ئاسان ئەمەس . بۇ بىر ھېساپتا بىزنىڭمۇ شەرىپىمىز . مەن

رىسالەتنى ، ھوشۇركامنى ، قەمبەرخاچامنى چىن دىلىمدىن تەبرىك-لەيمەن . ئادالەت ، شاراپەت ، قۇربان ، جەۋلانلارنىڭ ئاچىسىنىڭ روھىدىن ئۆگىنىپ ، ھوشۇركامنىڭ ئەجرىگە لايىقىدا جاۋاب قايتۇ-رۇشنى ئۈمىد قىلىمەن . داستىخىنىمىز سەل قاتتىق - قۇرۇق بولۇپ قالدى ، شۇنداق بولسىمۇ بۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز . ئەيىبكە بۇيرۇماي چوڭ - چوڭ ئالغايسىلەر .

ھوشۇر سەلەيىنىڭ كۆز ياشلىرى داستىخانغا سۇنغان قولىنىڭ دۈمبىسىدە پارقىراپ قالدى . قەمبەرخان كۆزلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتەتتى . رىسالەت بولسا يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىۋالغانىدى . ئۇنىڭ سە-دەپتەك چىشلىرى گۈل بەرگىگە ئوخشايدىغان لەۋلىرىگە چوڭقۇر پاتقانىدى .

— رەھمەت ئۇكام ، — دېدى ھوشۇر سەلەي ئۈمچەيگەن پېتى ، — بىز ئۈچۈن خۇشال بولغىنىڭلارغا ، بىزنى دەپ مۇشۇن-چىۋالا قىلغىنىڭلارغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ، بالىلىرىم ، — ئۇ داستىخان ئەتراپىدىكى رىسالەت ، ئادالەت ، شاراپەت ، قۇربانلارغا بىرمۇبىر قاراپ قويدى ، — مەندىن كېيىن قالساڭلا سۇلايمان ئاكاڭلارنىڭ ياخشىلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭلار . بولمىسا ئىككىلا ئالەم يۈزۈڭلا قارا بولىدۇ .

— ئۇنداق دېمىسىلە ، — زۇلخۇمارنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى ، — ياخشى كۈنلەردە بالىلارنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدى-غان ئۇنداق گەپنى ھەرگىز قىلمىسىلا . قېنى ، ھەممەيلەن غىزاغا باقايلى .

تاماق جىممىدە يېيىلدى . كۆز ياشلار قۇرۇپ ، ئۆيئىچى سۇ ئىچكىلى كەتكەن قۇياش قايتىپ كەلگەندەك پاللىدە يورۇدى . ھەم-مەيلەننىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى .

— رىسالەتنىڭ قۇچىقىمدا ئولتۇرۇپ ئەتىۋارلىق كۆڭلىكىم-گە سىيىۋەتكىنى تېخى تۈنۈگۈن بولغان ئىشتەك يادىمدا ، — دېدى زۇلخۇمار ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ ئولتۇرۇپ ، — يىللار بىلىن-

مىگىنى بىلەن بەك تېز ئۆتىدىكەن، بىردەمدىلا بۇ سىيگەك ئالىي مەكتەپكە بارىمەن دەپ قاپتۇ. تۇۋا خۇدايىم.

— شۇنى دېمەمسىز سىڭلىم؟ — قەمبەرخانمۇ كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى، — بۇ قىزىمنىڭ شۇنداق بىر يامان خۇيى بار ئىدى. ھېلىلا توسۇپ قويسامۇ باشقىلار قۇچىقىغا ئالسىلا كىيىملىرىگە سىيىۋېتەتتى. شۇڭا، قوشنا - قولۇملارمۇ ئۇنى يۈرەكلىك قۇچىقىغا ئالالمايتتى...

— بىر قېتىم ئىككىمىز تويغا باردۇق، ئۇ چاغدا رىسالەت قۇچاقتا ئىدى. ئەمدىلا داستىخان تارتىلىشىغا ئۇ يىغلاپ كەتتى. سىلى ئۇنى شۇنداق كۆتۈرۈۋېدىلە، نەق لىگەندىكى ئاشقىلا سىيىۋەتتى. ئۇ چاغ دېگەن نان نورمىلىق، تويلار ئاران ئۆتكۈزۈلىدىغان چاغلار ئىدى. داستىخاندا قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى. ھەممەيلەننىڭ بېزەپ بولۇپ كەتكەن بىر تاۋاق ئاشقا ئىچى سىيرىلدى. بىز خېلى ئۇزۇن ئولتۇرغان بولساقمۇ قايتا تاماق تارتىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاچ قورساق تويدىن قايتىشقا مەجبۇر بولدۇق. شۇ ئىشلارمۇ تۈنۈگۈن يۈز بەرگەندەك يادىمدا.

رىسالەت پوكاندەك قىزىرىپ، كىرىۋېلىشقا يەر ئىزدەشكە باشلىدى.

— بولدى، بولدى، شۇ چاغدا ئاچ قالغان بولساڭلا ئەمدى ئالدىڭلاردا ئېشىپ - تېشىپ تۇرمامدۇ؟ بالىنى نىمانچە خىجىل قىلىسىلەر؟ — سۇلايمان قاسىم زۇلخۇمارغا كايىغاندەك تەلەپپۇزدا دېدى، — بۇ دېگەن داستىخان، تۈزۈك گەپ قىلىپ ئولتۇرمامسىلەر؟ قاراڭلار، رىسالەتنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىنى.

ئىككى ئايال قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. رىسالەت ئۇلارغا يېلىنىش تەلەپپۇزىدا قارىدى.

— كۆزگە ئىلىنمىغان چوماق قاڭشارنى ياردى دېگەن شۇ، — دېدى سۇلايمان قاسىم چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ، — ئەينى چاغدىكى چىت كۆڭلىكىڭلارنى بېزەپ قىلىدىغان بۇ قىز ئەمدىلىكتە ھەممەيلەننىڭ ئەقلىنى لال قىلىپ چولپان يۇلتۇزدەك پارلىدى.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئۇ ئاق خالاتنى كىيىپ ، تىڭشىغۇچنى بويىنىغا ئېسىپ ، كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى كۆرىدىغان دوختۇر بولىدۇ . قېنى ، شۇ چاغدا كىممۇ سىز كىچىك ۋاقتىڭىزدا ئۇنداق ئىدىڭىز ، مۇنداق ئىدىڭىز دېيىشكە پېتىنالايدۇ ؟ ئۇنىڭ دوختۇر بولغىنى بەك ياخشى بولدى . بىزمۇ قېرىيمىز ، كۆنلىرىمىز ھەمىشە مۇشۇنداق ئۆتمەيدۇ . ئىلەڭ ـ سىلەڭ بولۇپ قالساق ، خەققە يېلىنىپ يۈرۈشنىڭ ئورنى يوق ، دوختۇر يېنىمىزدىلا ، قانداق دېدىم ؟

— خۇدايىم شۇنداق كۈنلەرگە ئېرىشتۈرەر ، — دېدى ھوشۇر سەلەي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ .

تاماقتىن كېيىن ئۇلار جاھان تاسقاپ خېلى بىر چاغقىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى . رىسالەت نېمىشقىدۇر پات ـ پاتلا سۇلايمان قاسىمغا قاراپ قوياتتى . ئۇنىڭ ئالىملارغا خاس تەپەككۇرى ، ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان ئۆتكۈر پىكىرلىرى ، تۇرمۇش ھەققىدىكى مۇجەسسەملەنگەن گەپ ـ سۆزلىرى ئۇنىڭدا قايىللىق قوزغىماقتا ئىدى . ئۇنىڭ سۇلايمان قاسىمنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇسى كېلەتتى . بۇ سۆھبەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلاتتى .

— مېنىڭ بىر تەكلىپىم بار ، — دېدى بىر چاغدا سۇلايمان قاسىم ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ ، — بايا گۆشكە كېتىۋېتىپ كىنوخانا ئالدىدىكى بىر ئېلانغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى . بۈگۈن پاكىستاننىڭ «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» دېگەن فىلىمى قايتا قويۇلىدىكەن . ئەينى چاغدا بۇ فىلىمنىڭ قانچىلىك داغدۇغا قوزغىغانلىقىنى چوڭلار ئوبدان بىلىمىز . ئۇنى كۆرمىگىلىمۇ بىرنەچچە يىل بولۇپ قاپتۇ . شۇڭا ، ھەممەيلەننى ئاشۇ كىنونى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلسام قانداق دەيسىلەر ؟

— قېرىغاندا «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» نى كۆرۈپ نېمىمۇ قىلارمىز ئۇكام ، ئاۋارە بولمىسىلا ئەمدى .

قەمبەرخان پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى . ھوشۇر سەلەيمۇ لەۋلى-

رىنى ئۆمەللەپ بىرنىمە دېمەكچى بولدىيۇ ، ئىچىگە تىنىپ ئولتۇ-
رۇپ قالدى . قارىغاندا ئۇنىڭ بۇ كىنونى يەنە بىر قېتىم كۆرگۈسى
باردەك قىلاتتى .

— بارساق بارايلى ، — دېدى زۇلخۇمار قاچا - قومۇچلارنى
يىغىشتۇرۇۋېتىپ ، — ئۇ كىنونى تۇنجى كۆرگىنىمدە قانچىلىك
ياش تۆككىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن . ھەقىقەتەن ياخشى كىنو
ئىدى . خەمىت بىلەن رۇخسارنىڭ ئەرشكە بىللە ماڭغىنى ھازىر-
مۇ يادىمدا .

شۇنداق قىلىپ ئۇلار كىنوغا بارىدىغان بولۇپ كېلىشتى ۋە
بىر - بىرلەپ ئورنىدىن تۇرۇشتى .

«بەخت» كىنوخانىسى بۈگۈن ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى .
ئەينى چاغدا «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» فىلىمىغا ئەسرار بولۇپ ،
ئۇنىڭ شۆھرىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولغانلار ھېلىھەم بۇ كىنونى
سېغىنىپ تۇرسا كېرەك ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى چۆلدەرەپ قالغان
بۇ يەرگە بۈگۈن گازىر - پۇرچاق ساتقۇچىلارمۇ خېلى كۆپ كېلىش-
كەنىدى . بىر - بىرىنى قولتۇقلىۋالغان بوۋاي - مومايلار ، ھايا-
جانلىنىپ تۇرغان قىز - يىگىتلەر ، بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈۋالغان
ئەر - ئاياللار ··· ھەممەيلەننىڭ چېھرىدە ئەينى چاغدىكى
قاينام - تاشقىنلىقنىڭ دولقۇنلىرى مەۋج ئۇراتتى .

سۇلايمان قاسىم بىلەن ھۇشۇر سەلەي ئىتتىرىشىپ ، قىستى-
لىپ يۈرۈپ بىلەت ئەكېلىشتى ۋە خوتۇن - بالىلىرىنى باشلاپ
كىنوخانىغا كىرىشتى . ئورۇنلار ئاساسەن توشۇپ بولغانىدى . ئۇلار
بويۇنداپ يۈرۈپ ئارقا رەتتىكى بىر يەردىن ئورۇن تېپىشتى .
ھوشۇر سەلەي قەمبەرخان ۋە بالىلىرى ئالدىنقى رەتتە ، سۇلايمان
قاسىم زۇلخۇمار بىلەن كەينى رەتتە ئولتۇرۇشتى . ئالدىنقى رەتتى-
كى بوش ئورۇن ئاتا - ئانىسى ، ئىنى - سىڭىللىرى بىلەن توشۇپ
قالغاچقا ، رىسالەت ئاستا كېلىپ سۇلايمان قاسىمنىڭ يېنىغا جاي-
لاشتى .

كىنو باشلاندى . زال ئىچى سۈكۈتكە پاتتى . كىشىلەر ئەينى

چاغدىكى قىزغىنلىقى بىلەن كىنونىڭ ۋەقەلىكىگە شۇڭغۇپ كېتىشـ
كەندى . كۆپ ئۆتمەي زالنىڭ قەيىرىدىندۇر خىتىلدىغان ، ئۆكسۇـ
گەن ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى . رۇخسارى راك كېسىلى بىلەن
ئېلىشىپ ، خەمىت ئۇنىڭغا ھەمنەپەس بولۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشـ
لىغاندا ، بىر قول ئاستا كېلىپ سۇلايمان قاسىمنىڭ بىلىكىنى
تۇتۇۋالدى . ئۇ يېنىغا قاراپ ، ئۇنىسىز ياش تۆكۈۋاتقان رىسالەتنىڭ
سولغۇن چىرايىنى كۆردى . ئۇنىڭ مەڭزى توختاۋسىز ئېقىۋاتقان
كۆز ياشلار بىلەن يۇيۇلغانىدى . رۇخسارى كۆز يۇمدى . خەمىتنىڭ
ناخشىسى ئۈزۈلدى . بىر ـ بىرىگە قىيمىغان ئىككى تەن ، ياق ،
مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان ئىككى روھ خەمىتنىڭ ياڭراق ساداسى ئىچىدـ
ـە كۆككە كۆتۈرۈلدى . مانا شۇ يەرگە كەلگەندە ، سۇلايمان قاسىمـ
نىڭ بىلىكىنى ئۇ قول تېخىمۇ قاتتىق قىستى … رىسالەت ئۆزىنى
تۇتۇۋالالمىغانىدى .

ئون يەتتە ، ئون سەككىز ياشلىق قىزلارنىڭ كۆڭلى تىنچلىقى
بۇزۇلغان كۆل سۈيىگە ئوخشايدۇ . كۆل سۈيىنىڭ تاغ ئېقىنىدەك
شاۋقۇنى بولمىغان بىلەن ، ئۇ يەردە توختاۋسىز دولقۇنلار ئۆركەش
ياسايدۇ . مەيىن شامال ئۇيۇپ ئۆتكەن سۇ يۈزىدە بىر ـ بىرىنى
قوغلىشىپ ئوينايدىغان ئەركە دولقۇنلار سۇ يۈزىدە چايقىلىپ
بارا ـ بارا ئەتراپقا كېڭىيىدۇ…

مانا ، رىسالەتنىڭ قەلبىدىمۇ ھاياجانلىق دولقۇنلار تىزگىنلەشـ
تىن مەھرۇم قالغان . شۇڭا ، ئۇنىڭ قوللىرى سۇلايمان قاسىمنىڭ
بىلىكىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى .

— مېنى بۇ كىنونى كۆرۈشكە ئېلىپ كەلمىسىڭىز
ياخشى بوپتىكەن ، — پىچىرلىدى رىسالەت كۆز ياشلىرىنى
سۈرتكىنىچە ، — تىنچ ياتقان كۆڭلۈمنى داۋالغۇتىۋەتتىڭىز . ئۇ
يەردە ئۇخلاپ ياتقان قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئويغىتىۋەتتىڭىز . مەن
ئەمدى قانداق قىلىمەن ؟

ئۇنىڭ بۇ قەلب نىدالىرىنى سۇلايمان قاسىم ئاڭلىيالمىدى .
ئەمما ، چىڭ سىقىلغان بىلىكىدىكى قولنىڭ سۇس تىترەۋاتقىنىنى

ئېنىق ھېس قىلدى...
— بۇ كىنونىڭ تېخىچە تەمى كەتمەپتۇ ، — دېدى زۇلخۇمار
يولدا كېلىۋېتىپ ، — شۇنچە قىلساممۇ يەنە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىـ
دىم . ئىككى بالىغا ئانا بولغاندىمۇ كىنو كۆرۈپ يىغلاشتىن ساقلىـ
نىش مۇمكىن بولمىدى . ھەي ، يەنىلا مۇھەببەت قىرىمايدىكەن .
— مەن ئىلگىرى بۇ كىنونى كۆرۈپ باقمىغان ، — قەمبەرـ
خاننىڭ ھاياجىنى تېخىچە بېسىلمىدىمىكىن ، ئاۋازى تىترەپ
چىقاتتى ، — كۆرگەنلەردىن داڭقىنى ئاڭلىغانىدىم . راست ، داڭـ
لىغۇچىلىكى بار ئىكەن . مەنمۇ بىرنەچچە يېرىدە يىغلاپ سالدىم .
ئەرلەر ئۈن چىقارماستىن تاماكىسىنى شوراپ كەلمەكتە ئىدـ
دى . سۇلايمان قاسىم يۇلتۇزلار جىمىرلىشىپ تۇرغان ئاسمانغا
قارىدى . بىر يۇلتۇز ياي شەكلىدە ئۇچۇپ كۆزدىن يىتتى . ياز
كېچىسىنىڭ ئارامبەخشلىك شامىلى ئۇنىڭ چىڭقىلىپ تۇرغان بېـ
شىنى خېلىلا سەگىتتى . ئۇ خىيالىدا رىسالەتنىڭ بايىقى ھەرىكىتىـ
نى دەڭسەپ باقتى . ئۇ ياش قىزنىڭ قەلبىدە قوزغالغان بىر پەسىلىك
ھاياجاننىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن . ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئۇنىڭ
باشقىچە مەنىسى بارلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىدى . ئۇمۇ ئىشلارنىڭ
باشقىچە بولۇشىنى ئويلىمايتتى .

## 10

كۈنلەر توختام سۈدەك مەنىسىز ئۆتمەكتە . بۇ قورۇدا رىسالەتـ
نىڭ ئالىي مەكتەپكە ماڭىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، كىشىـ
لەرنىڭ تۇرمۇشىدا تىلغا ئالغۇدەك ئالاھىدە بىر ئىشلارمۇ يوق .
كۈندۈزلىرى ئەرلەر خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقى بىلەن پالاقشىپ يۈـ
رەتتى . ئاياللار بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ گۈللۈك فونتاننىڭ يېنىغا
چىقىشاتتى ۋە ئۆز خاھىشلىرى بويىچە جاھان تاسقاپ ، ئۇنىڭ ـ
بۇنىڭ غەيۋەت ـ شىكايىتىنى قىلىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى .
بۈگۈنمۇ بىكارچى ئاياللاردىن بىرنەچچىسى گۈللۈك يېنىدا

جەم بولۇشتى .
— ئاڭلىسام ، ماۋۇ قوشنىمىز ھوشۇر سەلەينىڭ كۆك پوتـ-
لىسى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپتىمىشقۇ ؟
— ھەئە ، مەنمۇ شۇنداق ئاڭلىدىم ، — قەغىشلىك قىلىۋاتـ-
قان بالىسىنىڭ كاسىسىغا شاپىلاقلاۋاتقان بىر ئايال سۆزگە ئارىـ-
لاشتى ، — ئاڭلىسام بىر مال دوختۇرلۇق مەكتىپىدىن چاقىرىق
كەلگەنمىش .
— ئەمىسە ئېشەكنىڭ چىشىنى يېقىپ ، كالىنىڭ قۇيرۇقىنى
ئۆرۈپ يۈرۈيدىغان ئاق خالاتلىق پەرىشتە بولغۇدەك - دە ؟
— خۇدايىم ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى موزاي - تەخەيلەرگە خوپ
بېرىپتىمۇ نېمە ؟
— شۇ ئۇلۇغ ئىشنىڭ چېپىنى قىلىپ تەبرىكلىگەنلەرمۇ
بارمىشقۇ ؟
— قولتۇقىنى پىت چاقسا ، نەزىر قىلىدىغانلارنى يوق دېگىلى
بولامدۇ ؟
— ئۈرۈمچىدىن چاقىرىق كەلدى دەپ ئېغىزىنى يۇمالماي
يۈرگەن بىلەن ، ئادەم بۇزىدىغان يۇرت ئۇ ، كىم بىلىدۇ ، ئالتە
كۈندە قاسقىنى يېرىلىپ قايتىپ كېلەمدۇ تېخى ...
— شۇ ئەمەسمۇ ؟ توشقان تىرىسىدىن قىلىنغان داپ ھۇنىگە
سۇنە بولمايدۇ .
ئايالالار قانداقتۇر بىر ئېسىل تېما ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ
بېرىۋاتقاندەك بەس - بەستە پىكىر قاتناشتۇرۇپ ، سورۇننىڭ كەيـ-
پىياتىنى كۆتۈرمەكتە ئىدى .
— ئىشقىلىپ شۇنچىلىك بولسىمۇ تەلىيى كەپتۇ ، — دېدى
سەل چەتتە بوۋىقىنى ئېمىتىپ ئولتۇرغان سەپكۈن يۈزلۈك بىر
چوكان ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ، — مۇشۇ قورۇدا ئۇ - بۇنىڭ بالىلىـ-
رى ھەر يىلى ئىمتىھان بېرىۋاتىدۇ ، ئەمما چويلىدا توختىغانلىرى
تايىنلىق . خۇدايىم رىسالەتنىڭ ئەجرىنى يەردە قويماپتۇ .
— ئوھۇش ، نېمە دېگەنلىرى بۇ ؟ — بالىسىنىڭ كاسىسىـ-

غا شاپىلاقلاۋاتقان ئايال ئۇنىڭغا قاراپ ئالايدى ، — بىز خەقنىڭ پارىڭىنى قىلساق ، سىلىگە نېمە دەز كەتتى؟ ئېرىم دۇتار چالسا خېنىم ئويناپ كەتتى ، دېگەندەك ، ئۆزلىرىچە قايناپ قاپلىغۇ؟ ماڭا دوق قىلغانلىرىمۇ بۇ؟ مېنىڭ بالام ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگىنى بىلەن ئوقەتنىڭ يولىغا كىردى . نەچچە يىلنى ئوقۇيمەن دەپ بىكار ئۆتكۈزۈپ ، ئېشەك دوختۇرى بولغاننىڭ ماختانغۇدەك نېمىسى بار؟ نېمە دەيدۇ بۇ پىت يەپ قالغان ، قوۋۇرغامنى ئېگىپ؟

— ئېغىزلىرىغا بېقىپ سۆزلىسىلە ، ئوغۇللىرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنىمۇ ئوقەت دېگىلى بولامدۇ؟ — بالا ئېمىتىۋاتقان چوكان پوكاندەك قىزىرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، — ئېشەك دوختۇرى بولۇش تىرىك ئېشەكنىڭ تېرىسىنى سويۇۋالغاندىن كاتتا ئىش ، قانداق دېدىم قوشنىلار؟

— كىم ئېشەكنىڭ تېرىسىنى سويىدىكەن؟ ئېشەك تېرىسى دېگەننىچۇ ، سىلىنىڭكىدەك پايتىمىسى سۆرىلىپ قالغان لۆم - لۆم ئەرلەر سويىدۇ .

— پايتىمىسى سۆرىلىپ تۇرسىمۇ سىلىنىڭكىدەك كۆرپىسىگە چىچىپ ياتىدىغان لەقۋا ئەردىن مىڭ ياخشى …

شۇنداق قىلىپ غەيۋەت - شىكايەت جېدەل - ماجىراغا ئالماشتى . بالكوندا تاماش كۆرۈپ تۇرغان زۇلخۇمار چاچلىشىۋاتقان ئىككى ئايالغا قاراپ كۈلۈپ قويدى .

ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى . زۇلخۇمار بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى . ئىشىك ئالدىدا بىر چىنە لەڭمەننى كۆتۈرۈپ رىسالەت تۇراتتى . ئۇ كۈلۈپ قويۇپ ئاشنى زۇلخۇمارغا سۇندى .

— قېنى كىرىڭ سىڭلىم ، — دېدى ئۇ قاچىنى ئېلىۋېتىپ ، — ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ چىقىڭ .

— مەن چىقاي زۇلخۇمار ئاچا ، — رىسالەت كەينىگە يانىدى ، — قاچا - قومۇچىلار شۇ پېتى قالغان ، ئانامغا ياردەملەشمىسەم بولماس . ھەر راست ، پەستە بىر غەلۋە بارغۇ؟

— قورۇدىكى بىكارچى خوتۇنلار قارنى ئېچىلىپ تاپقان جې-

دەل بولمامدۇ سىڭلىم؟ «دەشنام يېدىم، بەش نان يېدىم.» دەپ، غەيۋەتنىڭ ئايىغىنى چۇشۇرەلمەي جېدەللىشىۋاتىدۇ ئۇلار.

رىسالەت يەنە بالكونغا چىقتى. چاچلىشىۋاتقان ئاياللارنى قاراپ تۇرغانلار ئاجرىتىپ قويغانىدى. ئىككى ئايال چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۇزەشكىنىچە بىر - بىرى بىلەن تىللىشىۋاتاتتى. ئەتراپتا تۇرغانلار ھۇزۇرلىنىپ كۇلۇشمەكتە ئىدى. بىردەمدىن كېيىن ئويۇن قويغۇچىلارمۇ، تاماشىبىنلارمۇ بىر - بىرلەپ ئۆيلىرىگە مېڭىشتى. ئويۇننىڭ پەردىسى يېپىلدى. گۇللۇك فونتان جىمىپ قالدى.

زۇلخۇمار بۇ ئاياللارغا ھەيران ئىدى. ئۇلار گەپ - سۆزدە بىر - بىرىگە يول قويمايتتى. ھەر كۇنى ئىت - مۇشۇكتەك تاتىلىشىپ يۇرەتتى. ئەمما، غەيۋەت سورۇنىدا يەنىلا ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى بىر يەردىن چىقاتتى. غەيۋەتكە چۇشكەنلىرىدە بولسا، ئىلگىرىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى بىراقلا ئۇنتۇپ، ھەدەپ بىر - بىرىگە گۇپپاڭچىلىق قىلىشاتتى. شۇڭا، زۇلخۇمارمۇ، قەمەربەرخانمۇ ئادەمگەرچىلىكتىن باشقا ۋاقىتلاردا ئۇلارغا ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيتتى.

چۇشلۇك تاماق ۋاقتى بولدى. سۇلايمان قاسىم ئىشتىن كېلىپلا ئۆزىنى ساپاغا ئاتتى.

— ۋاي - ۋاي، نېمە بولغاندىمەن؟ ئاشقازىنىم بەكلا ئېچىشىپ، كۆيۇشۇپ تۇرىدۇ. ئازراق پىننە دەملەپ بەرگىنە خوتۇن؟

زۇلخۇمار ھېلىقى لەڭمەننى سۇلايمان قاسىمنىڭ ئالدىغا قويدى.

— قېنى، ئاۋۋال ئازراق بىر نەرسە يەۋېلىڭ، ئاندىن مەن دورىسىنى قىلاي.

— مېنىڭمۇ بۇگۇن لەڭمەنگە كۆڭلۇم تارتىپ تۇراتتى، — ئۇ شۇنداق دەپلا قاچىنى قولىغا ئېلىپ بىر چوكا ئاشنى ئېغىزىغا سالدى، — نېمە؟ سوۋۇپ قاپتىغۇ؟ مەن كەلگۇچە سېلىپ قويغانمىدىڭ؟

— ياقەي ، بۇ ئاشنى مەن ئەتمىدىم ، رىسالەت كۆتۈرۈپ كىرىپتىكەن ، — ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ ئالدىغا بىر پىيالە قىزىق چاي قويدى ، — ھە راست ، رىسالەت مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە يولغا چىققۇدەك ، ئوبدانراق ئۇزىتىپ قويمىساق بولماس .

— ئەلۋەتتە .

— قانداق خوش دېسەك بولار ؟ — زۇلخۇمار ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېتىپ سورىدى .

— ئىشقىلىپ ، ئۆزۈڭ بىلىپ بىر ئىش قىل خوتۇن ، مېنىڭ بۇ ھەقتە باش قاتۇرىدىغانغا چولام تەگمەيدۇ . مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە مەن بەك ئالدىراش بولىمەن .

— ماقۇل .

زۇلخۇمار بىكارلانغان چىنىنى كۆتۈرۈپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى .

چۈشتىن كېيىن قورۇ ئىچى جىمىپلا قالدى . جېدەل - ماجىرا خۇمارى بېسىققان ئاياللار ئۆيلىرىدە چۈشتىن كېيىنلىك ئۇيقۇسىنى باشلىۋالغان بولسا كېرەك ، ئەتراپ گۆردەك سۈكۈتكە پاتقانىدى .

زۇلخۇمار بىردەم بىكار ئولتۇرۇپ باقتى ، ئەمما قولى ھېچ ئىشقا بارمىدى . ئۇ دېرىزە پەردىلىرىنى چۈشۈرۈپ بىرئاز ئۇخلىماقچى بولدىيۇ ، بۇنىڭغىمۇ رايى بارمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بازارغا چىقىپ رىسالەت ئۈچۈن سوۋغاتلىق ئېلىش نىيىتىگە كەلدى - دە ، قول سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى .



رىسالەت ئەتە ئوقۇشقا ماڭماقچى . ھوشۇر سەلەي ئائىلىسىدىكىلەر ئالدىراپ قالغانىدى . يول تەييارلىقى ، رىسالەتكە نەرسە - كېرەك تەييارلاش ، كەم - كۈتىسىنى تولۇقلاش دېگەندەك ئىشلار بىلەن قەمبەرخاننىڭ ئۇھ دېگۈچىلىكى قالمىغانىدى . ئايرى-

لىش مىنۇتلىرى قىستاپ كەلگەنسېرى ھوشۇر سەلەينىڭ كۆڭلى
يېرىم بولاتتى . مۇشۇ يېشىغىچە ناھىيە سىرتىغا چىقىپ باقمىغان
قىزنىڭ يات شەھەردىكى كۈنلىرىنى ئويلىسا ، ئۇنىڭ يۈرىكى ئا-
غاتتى . كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا ئېقىپ يۈرگەن مىش - مىش گەپ-
لەرچۇ تېخى ... ئۇرۇمچى دېگەن ئۇنداق يۇرتھەي ، مۇنداق يۇرت-
ھەي ، قىز بالا ئۇ يەرگە چىقىپ قالسا ، ئاسانلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ-
يەي ، مەن - مەن دېگەن نى - نى قىزلار ئۇرۇمچىگە چىقىپلا شاپاققا
پوق ئۇسۇپ قايتىپ كىردىيەي ، قىز بالىنى ئۇرۇمچىگە چىقارتىش-
تىن خۇدايىم ساقلىسۇنەي ... ۋاي - ۋاي ، ئاڭلىغان مىش - مىش
گەپلەرنىڭ قايسىبىرىنى دەپ بولسۇن؟ ئوقۇتاي دېسە ئەندىشە يا-
مان ، بولۇپمۇ ھوشۇر سەلەيدەك بالا ئۈچۈن جان دەيدىغانلارغا
تېخىمۇ شۇنداق ...

ئۇ بۈگۈن ئىشقا بارمىدى . ئۆيدىن چىقماي بىر ئىشلار بىلەن
مەلىكە بولۇۋاتقان قىزىنىڭ كەينىدىن سايىدەك ئەگىشىپ يۈردى .
نېمىشقىكىن رىسالەتمۇ سەل جىددىيلىشىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ چى-
رايى خەسىدەك تاتىرىپ تۇراتتى . تۇتقان - قويغىنىنى بىلمەيتتى .
ئۇ ئۆزىگە نەچچە يىلدىن بېرى ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان تام -
تورۇسلارغا ، ئۆيدىكى كونا ئىشكاپ - ئۇستەللەرگە ، تام كەينىدىـ
كى سۇپۇرگە ، ئەخلەتلىرى دۆۋىلىنىپ كەتكەن كونا داسلارغىچە
بىرمۇبىر قاراپ چىقاتتى . ئۆزىگە ئەگىشىپ يۈرگەن دادىسىنىڭ
مۇڭ باسقان چىرايىغا ھەر بىر قارىغىنىدا ، يۈرىكى شۇر قىلىپلا
ئېرىپ كېتەتتى . ئانىسىنىڭ قىزارغان كۆزلىرىگە باققىنىدا ، ئۇنى
يىغا باساتتى . ئۆيئىچىمۇ ھېلىلا يىغلىۋېتىشكە تەييار تۇرغان كى-
چىك بالىدەك ئۇمچىيەتتى . ھەممەيلەن زۇۋان سۇرمەيتتى . بىر
نېمە دېسىلا بۇ كەيپىياتنىڭ ئارقىسىدىن باشقا بىر قاباھەتلىك ۋەقە
يۈز بېرىدىغاندەك دېمىنى يۇرەكلىكمۇ ئالالمايتتى .

كەچكە يېقىن ئۆيگە سۇلايمان قاسىم بىلەن زۇلخۇمارلار كى-
رىپ كەلدى . ئۇلارنى كۆرۈپلا بۇ ئائىلىدىكىلەرگە بىرئاز جان
كىرگەندەك بولدى .

— قانداق تەييارلىقلار پۈتۈپ قالدىمۇ ؟ — دېدى زۇلخۇمار قەمبەرخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ، — بۇ كۈنلەر ئەجەب تېز ئۆتۈپ كەتتى دېسە ، بىردەمدىلا كۆز كىرىپ قالدىغۇ ئەمدى .

— شۇ ئەمەسمۇ ، — قەمبەرخان كۆز ياشلىرىنى تۇتۇپ قالالمىدى ، — بىچارە قىزىمنىڭ يولغا چىقىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى . مەن پەقەتلا چىدىمىدىم سىڭلىم .

— نېمە كۆزۈڭنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتىسەن ؟ — ھوشۇر سەلەي چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ۋارقىرىدى ، — خۇددى مۇسىبەت بولغاندەك ...

ئۇ شۇنداق دېگىنى بىلەن ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇپ تۇراتتى . دىردىيىپ تۇرغان لەۋلىرى دۈرۈت ئوقۇۋاتقاندەك تىنماي مىدىرلايتتى .

— ئۆيدىن ئايرىلمىغان قىزنى سىرتقا ئۇزاتقان ھەربىر ئانا ئاشۇنداق ياش تۆكىدۇ ، ھوشۇركا ، — دېدى زۇلخۇمار قەمبەر-خاننىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ، — بولدى قەمبەرخاچا ، يىغلىمىسىلا ، سەپەرگە چىقىلىۋاتقان رىسالەتنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالمىسۇن ، بۇياقتا كېلىنىڭ رىسالەت ، ئاچىڭىزنىڭ سىزگە ئاززاق يوللۇقى بار .

بالكوننىڭ يېنىدا تامغا يۆلىنىپ تۇرغان رىسالەت ئاستا مې-ڭىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇمۇ نېمىگىدۇر قىيالمايۋاتقاندەك ئىدى .

— ئېلىڭ سىڭلىم ، — زۇلخۇمار ئوتقاش تەگلىك بىر كۆڭلەكنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ — دېدى ، — بۇ دېگەن سىزنىڭ ئوتقاشتەك لاۋۇلداپ تۇرغان چاغلىرىڭىز . نېمە كىيسىڭىز يارىشى-دۇ . ئەمما ، ئالغىنىم كۆڭلىڭىزگە ياقامدۇ ، يوق ، بىلمەيمەن ، ئاددىي كۆرمەي قوبۇل قىلارسىز .

ئۇ يالتىراق خالتا بىلەن ئورالغان كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە يۈز كوي قويۇپ قويدى .

— يولدا بىر ۋاخلىق تاماق يەرسىز .

رىسالەتنىڭ كۆز ياشلىرى مارجاندەك تۆكۈلدى .

— تۈنۈگۈن بازارغا بارغاندا ، قىزىمنىڭ كۆزىمۇ مۇشۇ كۆڭۈلەككە چۈشكەن ، — دېدى قەمبەرخان بارىكاللا ئېيتقاندىن كېيىن ، — ئەمما باھاسى ئۆركەن ، قولىمىز قىسقا كېلىپ قالغاندى . رەھمەت سىڭلىم ، بىزگە بىرنى بەرگەن بولساڭلار ، خۇدايىم سىلەرگە مىڭنى بىرەر .

— رەھمەت ئاچا ، — رىسالەت مىشىلداپ تۇرۇپ چىن كۆڭلىدىن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى .

سۇلايمان قاسىم بىلەن ھوشۇر سەلەي تاماكا چېكىشكىنىچە ئۈندىمەي ئولتۇراتتى . ئىككى ئايال رىسالەتنىڭ تەييارلىقىنى كۆرگىلى ياتاق ئۆيگە مېڭىشتى .

— بىر ئاز ئەندىشە قىلىۋاتىمەن ، — دېدى ھوشۇر سەلەي بىر ئازلىق سۈكۈتتىن كېيىن ، — بىراق يەرنىڭ ئەندىشىسى يامان ئىكەن ، ھېلىتىن مۇنداق بولۇۋاتسام ، قىزىم ئوقۇش پۈتتۈرگۈچە بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەكمەن ئۇكام .

— كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ ، ھوشۇركا ، — سۇلايمان قاسىم قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى كۈلدانغا باستى ، — دېسەم دېمىسەم سىز كىشىلەرنىڭ ئەپقاچتى گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، خاتىرجەم بولالمايۋاتىسىز . مانا ، مەنمۇ ئۇرۇمچىدە ئوقۇغان ، ھەر ئىش ئادەمنىڭ نىيەت - ئىقبالىغا باغلىق . كىشىلەرنىڭ دەپ يۈرگەن گەپلىرىنىڭمۇ ئاساسى يوق ئەمەس ، ئۇرۇمچىدە نۇرغۇن ياشلارنىڭ ۋەيران بولغىنىنى ، ئاق ئالۋاستىنىڭ قولىغا ئايلىنىپ ئاتا - ئانىسىنى خانىۋەيران قىلغىنىنى مەنمۇ كۆرگەن . ئەمما ، بۇ پاجىئەلەر شەھەرنىڭ ئالىيېشىل تۇرمۇشلىرىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئاز ساندىكى ئىرادىسى ئاجىز ياشلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر ، خالاس . رىسالەت بولىدىغان قىز . ئۇ قەيسەر ، ئىرادىلىك ، بىر ئىشنىڭ ئاخىرىنى چىقارمىغۇچە بولدى قىلمايدۇ . ئۇنىڭدىن تولۇق خاتىرجەم بولسىڭىز بولىدۇ .

ھوشۇر سەلەي گەپ قىلماستىن ، سۇلايمان قاسىمنىڭ قولىنى

چىڭ سىقتى .
ياتاق ئۆيدە رىسالەتكە تەييارلانغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى كۆ-
رۈپ ئولتۇرغان زۇلخۇمار ئۇلارنىڭ بىر نەرسىگە سەل قارىغانلىقى-
نى بايقىدى . ئۇ رىسالەتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى . قىز بويۇنلىرى-
غىچە قىزىرىپ كەتتى .
— خىجىل بولماڭ سىڭلىم ، — دېدى زۇلخۇمار يەنە ئۇنىڭ
قۇلىقىغا پىچىرلاپ ، — بىز ھەممىمىز ئايال كىشى ، بۇ
تەرەپلەرگە سەل قارىساق بولمايدۇ . ھېلى بىزنىڭكىگە چىقىڭ .
مەندە ئوبدىنىدىن بىرى بار . ئېلىۋېلىڭ .
— ماقۇل…
ئىككى ئايال مېھمانخانا ئۆيگە قايتىپ چىقىشتى .
— ئەمىسە بىز قوپايلى ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئورنى-
دىن تۇرۇۋېتىپ ، — رىسالەت ئەتە يولغا چىقىدىغان بولغاندى-
كىن ، بالدۇرراق ئارام ئالسۇن . ئەتە يەنە بىر قېتىم ئۇزىتىشار-
مىز .
— بىردەم ئولتۇرساڭلار بولمامدۇ ؟ — دېدى ھوشۇر سە-
لەي ئۇلارغا ئىلتىجالىق نەزەردە قاراپ ، — تۇزۇككىنە چايمۇ
ئىچمەي قوپامسىلەر ئەمدى ؟
— بىز قاچانلا كىرسەك ، بۇ ئۆيدە چاي تەييار ، — دېدى
زۇلخۇمار ، — بىرەر قېتىم چاي ئىچمىگەنگە تامىقىمىز ئىششىپ
قالمايدۇ ، ھوشۇركا ، خوش ئەمىسە .
ئۇلار ئىشىك ئالدىدىلا خوشلاشتى .
قەمبەرخان مېھمانلارنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن ، كۆڭلەك-
نى خالتىدىن چىقاردى ۋە رىسالەتنىڭ بويىغا چەنلىدى . قىزىل
كۆڭلەكنىڭ كەينىدە رىسالەت بەئەينى تاڭدا ئېچىلغان قىزىلگۈلنىڭ
بەرگلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى .
— خۇدايىم بىزگە شۇنداق ئوبدان قوشنا بېرىپتىكەن ، —
دېدى قەمبەرخان كۆڭلەكنى قايتىدىن قاتلاپ خالتىسىغا سال-
غىدىچە ، — ئۇلار بىزگە تۇغقاندىن چارە قاراۋاتىدۇ . كاش-

كى ، ئاشۇلارنىڭ قىلغىنىنىڭ ئوندىن بىرىنى ياندۇرالىساق ئىدۇق خۇدايىم…

— بۇنىڭغىمۇ پۇرسەت كېلىدۇ ، ئانا ، — رىسالەت يەرگە قارىغىنىچە پىچىرلىدى ، — مەنمۇ ئوقۇش پۈتتۈرىمەن ، خىزمەتكە چىقىمەن ، شۇ چاغدا…

ھوشۇر سەلەي ئۈندىمەي بىر پەس خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى . پەقەت قولىدىكى تاماكا قالدۇقى بارماقلىرىنى كۆيدۈرگەندىلا ئاندىن ئۇنى كۈلدانغا تاشلاپ ، رىسالەتنى يېنىغا چاقىردى :

— بۇ يەرگە كەل قىزىم ، — دېدى ئۇ يېنىدىكى شە- رەتلەپ ، — ساڭا نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلەمسەن ؟

رىسالەت دادىسىنىڭ سەل جۈدەپ بېرىۋاتقان چىرايىغا بىر پەس قارىغاندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتتى .

— ئەسلى بۇ گەپلەرنى دەپ يۈرمىسەممۇ بولار ، دەپ ئويلى- ۋىدىم . ئەمما ، سەندىن پەقەتلا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن ، — ئۇ ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى سىيپاپ قويدى ، — مەن بىر قارا قورساق ئادەم ، ئىدارىدىمۇ ، جەمئىيەتتىمۇ دېگەندەك ئورنۇم يوق . ئىدارىنىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلغاچقا ، باشقىلار مېنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدۇ . ئەمما ، مەن بىر ئۆمۈر ھالال ياشاپ كەلگەن ئادەم . قولۇم قىسقا بولسىمۇ ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا تىلىم ئۇزۇن . سەن بۇ قېتىم قاغا چاڭگىسىدىن بۈركۈت قوپقاندەك مېنى بەكمۇ خۇشال قىلدىڭ قىزىم ، سەن مېنىڭ ئۈمىدىمنى ئاقلىدىڭ ، ئەل ئالدىدا يۈزۈمنى يورۇق قىلدىڭ . مەن سەندىن مىڭ مەرتىۋە رازى . شۇغىنىسى ، سەن بارماقچى بولغان يۇرت بۇ يەرلەرگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ . ئاڭلىشىمچە ، ھەرقىسما ئادەملەر بىر - بىرى- گە ئورا كولاپ ، پۇرسەت بولسىلا يىقىتسام ، بىر نېمىنى ئىككى قىلغۇزمىسام دەيدىغان يەرمىش . سەن ئەنە شۇنداق چاراسلاپ كۆيۈ- ۋاتقان ئوتنىڭ يېنىغا كېتىپ بارىسەن جېنىم قىزىم . سەندىن ئۈمىدىم ، ئۆزۈڭگە پۇختا بول ، «داپ داراڭلىغان ، ئىشەك ھاڭرى- غان» يەرلەرگە بارما . ئۆيدە نېمە قىلساڭ بولغىنى بىلەن ، سىرتلا-

ردا دىققەت قىلمىساڭ بولمايدۇ . مېنىڭ يۈزۈمنى ئاخىرىغىچە يۇ-رۇق قىل . ئەسلىدە بۇ گەپلەرنى ساڭا دېمەسلىكىم كېرەك ئىدى ، ئەمما دەۋالمىسام كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ . بىلىپ قال ، بىر قىزنىڭ ئىپپىتىنى ساقلىمىقى ئىمانىنى ساقلىغاندەكلا مۇھىم ! مەن سې-نىڭ ياخشى ئوقۇپ ، ئاق خالاتنى ئۈستۈڭگە كىيىشىڭنى ، باشقىلارنى كىمنىڭ قىزىكەن دېسە ھوشۇر سەلەينىڭ دېگۈزەلىشىڭ-نى ئۈمىد قىلىمەن . شۇنداق قىلالىساڭ ، سەندىن ھەر ئىككى ئالەم رازىمەن . قىز بالا دېگەن ئاق يىپەك قولياغلىققا ئوخشايدۇ . سەللا دىققەت قىلمىسا ، ئاسان كىرلىشىپ قالىدۇ . بۇنداق قولياغلىقنى يۇيۇپ پاكىزلىماق بەكمۇ مۈشكۈل قىزىم . مەن سېنىڭ مەڭگۈ مۇشۇنداق پاكىز تۇرۇشۇڭنى ، پاك نامىڭنى جان تىكىپ قوغدى-شىڭنى ئۈمىد قىلىمەن . بۇ ھەم ئاناڭنىڭ ئارزۇسى .

ھوشۇر سەلەي سۆزلەۋېتىپ كۆز ياشلىرىنى قارا يامغۇردەك قويۇۋەتتى .

— ماڭا ئىشەن دادا ، — دېدى رىسالەت ئۆكسۈپ تۇرۇپ ، — دېگەنلىرىڭنى ھەر ۋاقىت قۇلىقىمدا تۇتىمەن ، سې-نىڭ يۈزۈڭنى مەڭگۈ قارا قىلمايمەن .

ھوشۇر سەلەي قىزىنى چوڭقۇر مېھرى بىلەن قۇچاقلىدى .

رىسالەت بىردەمدىن كېيىن سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۆيىگە چىق-تى . ئۆي بەئەينى بىر خامان ئىدى . قۇددۇسجان دادىسىغا مىنىپ چېپىۋاتاتتى . خالىقجان بولسا قەغەزلەرنى يىرتىپ ئايروپىلان ياسا-ۋاتاتتى . ئۆينىڭ ھەممىلا يېرى پارچە قەغەزلەر بىلەن تولغانىدى .

— كېلىڭ رىسالەت ، — سۇلايمان قاسىم ئوغلىنىڭ ئاستى-دىن ئۆمىلەپ تۇردى ، — قاراڭا بۇ باللارنىڭ كەپسىزلىكىنى ، ئۆينى نېمە قىلىۋەتكەن - ھە !

رىسالەت سۈس كۈلۈمسىرىگىنىچە پولدىكى قەغەز پارچىلىرى-نى تېرىشكە باشلىدى .

— بولدى ، ئاۋارە بولماڭ ، — دېدى ئاشخانىدىن چىقىپ كەلگەن زۇلخۇمار ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ ۋە ساپا ئۈستىگە قويۇپ

قويغان بىر قەغەز بولاقنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ كۆزىنى قىسىپ قويدى .

— نېمە ئۇ؟ — سورىدى سۇلايمان قاسىم قىزىقسىنغان هالدا، — مەندىن يوشۇرۇنچە سودا قىلىۋاتايدىغانسىلەر؟

— بۇ ئاياللارنىڭ مەخپىيەتلىكى، — زۇلخۇمار ئېرىگە ئەركىلىگەندەك تولغاندى، — سىز يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە خەۋەردار بولمىسىڭىزمۇ بولىدۇ .

— يولدا ئوقۇيدىغانغا بىرەر پارچە كىتاب بېرىپ تۇرامسىز؟

سۇلايمان قاسىم قىزنىڭ چىرايىدىكى تەقەززالىقنى چۈشەندى ۋە بېشىنى لىڭشىتقىنىچە كۇتۇپخانىسىغا ماڭدى . ئۇ قايسى كۈنى چۈشۈپ تەييارلاپ قويغان رەسىمنى كىتابنىڭ قېتىغا قىستۇرۇپ ئېلىپ چىققاندا، رىسالەتنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى .

# ئۈچىنچى باب

# يېڭى ئۇۋا

## 12

قۇش باللىرى ئۇچۇرما بولغاندا، يىراق ـ يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئۇلار يېڭىدىن ئۆزلىرىگە جۈپ تاپىدۇ، ئۇۋا سالىدۇ، كۆپىيىپ ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ باللىرى چۇرۇقلىشىپ يېتىپ چوڭ بولىدۇ، قاناتلىرى يېتىلىدۇ، ئۇچۇشنى ئۆگىنىدۇ، ئاندىن ئۇچۇپ بېرىپ يېڭى ئۇۋا راسلىشىدۇ. قۇشلار دۇنياسىدا ھايات ئەنە شۇنداق داۋام قىلىدۇ. «قۇش چوڭ بولسا ئۇۋىسىغا پاتماس» دېگەن ھېكمەتمۇ ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن.

كىشىلىك ھاياتمۇ مۇشۇ قانۇنىيەتتىن مۇستەسنا ئەمەس. ئادەم بالىسى تۇغۇلغاندىن باشلاپ ھاياتىنى تامام قىلغۇچە بولغان بارلىق جەريان مۇئەييەن ماكاندىن ئايرىلمايدۇ. ئادەملەرنىڭ يۇرتى بولىدۇ، شۇ يۇرت ئىچىدە يامغۇر ـ يېشىندىن، بوران ـ چاپقۇندىن پاناھلانغۇدەك كەپىسى بولىدۇ. بۇنداق كەپىلەردە ئۇلارنىڭ چەكلىك ئۆمرى قۇمغا سىڭىپ كېتىۋاتقان سۇدەك ئاستا ـ ئاستا غايىب بولىدۇ. ئەمما، ئادەم بالىسى ئاشۇ كەپىسى ئۈچۈن مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك مودا قوغلىشىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە كىشىلەر تۇرالغۇ مەسىلىسىدە بەكمۇ مەنمەنچى بولۇپ كەتتى. بىر ئۆمۈر يىغقان ـ تەرگىنىنى تامغا سۇۋاپ، ھەشەمەتلىك قورۇ ـ جاي ئىچىدە بوران كېكىرىپ ئۆتىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئىشقىلىپ ئادەم بالىسى چەكلىك ئۆمرىدە يېڭى ئۇۋا ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىممەتلىك دەقىقىلىرىنى ھامان دوغا تىكىپ ئۆتىدۇ.

رسالەت ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىنكى نەچچە ئاي ۋاقىتنى قىزىقىش، ھەيرانلىق ۋە تەئەججۈپ ئىچىدە ئۆتكۈزدى. قەۋەت - قەۋەت بىنالار، غۇيۇلداپ ئۆتۈپ تۇرىدىغان كىچىك ماشىنىلار، دۆڭكۆۋرۈكتىكى قاينام - تاشقىنلىق سودا مەنزىرىسى ئۇنى ھەم جەلپ قىلاتتى ھەم تەئەججۈپلەندۈرەتتى. مەكتەپتىكى يېڭى مۇھىت ئۇنى ئاستا - ئاستا ئۆزىگە كۆندۈرمەكتە ئىدى. دەرسلەر ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەنىدى. رىسالەتنىڭ ئەسلىدىن ئاساسى ياخشى بولغاچقا، بىر مەزگىللىك يېتىرقاشتىن كېيىن ئۇ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، پىد- كىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ يېڭىلىقى، ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقى ساۋاقداشلىرىنىڭلا ئەمەس، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭمۇ دىققىتىنى قوز- غىغانىدى. بېشى پاينەكلىشىپ، كۆزلىرىگە يوقىرى گرادۇسلۇق ئەينەك تاقىۋالغان پروفېسسورلار رىسالەتنى: «كەلگۈسىدە بىزنىڭ قولىمىزدىن يەنە بىر يارامىلىق دوختۇر يېتىشىپ چىقىدىغان بول- دى» دەپ ماختىشاتتى.

رىسالەت ئۈرۈمچىگە كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە ئەمچەكتىن ئايرىلغان بوۋاقتەك ئۆزىنى يېگانە، غېرىب ھېس قىلاتتى. نەگىلا قارىمىسۇن كىشىلەر يات بىلىنەتتى. يالغۇز قالغان چاغلىرىدا يۇرتىنى، ئاتا - ئانىسىنى، سۇلايمان قاسىمنى، زۇلخۇمارنى ئەس- لەيتتى. سېغىنىش دولقۇنلىرى كۆتۈرۈلگەندە، بەزىدە ئۆزىنى تو- تالماي، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغان چاغلىرىمۇ بولغانىدى. ئەنە شۇنداق ئېغىر مىنۇتلاردا ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ سۈرىتى بىلەن خىيالەن سىردىشاتتى، ئۇنىڭدىن يولۇققان مەسىلىلىرىگە قارىتا پىكىر ئالاتتى، بىر ئىشلاردىن خوش بولسىمۇ، رەنجىسىمۇ ئاشۇ سۈرەتكە سۆزلەپ بېرەتتى. بۇ سۈرەت ئۇنىڭ ئۈچۈن قىممەتلىك سىرداشقا ئايلانغانىدى.

كېيىنچە ئۇ بىر يۇرتلۇق بالىلار بىلەن تونۇشتى، بولۇپمۇ ئۆزىدىن بىر يىل بۇرۇن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم بالىلار بىلەن، كېيىنچە بىر ياتاقتا

ياتىدىغان باللار بىلەن ئېچەكەشكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ قالدى .

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇ سىنىپىدىكى ھەر يەر ، ھەر يەردىن كەلگەن ساۋاقداشلىرى بىلەن تونۇشتى . ياتىقىدىكى نۇرگۈل ، گۈلباھار ، رەشىدەلەر بىلەن سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالدى . گەرچە بۇ تۆت قىزنىڭ مىجەز - خۇيلىرى بىر - بىرىگە پەقەتلا ئوخشىمىسىمۇ ، ھەممىسى ئاتا - ئانىسىدىن ، يۇرتىدىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كەلگەچكە ، بىر - بىرىنىڭ ھالىغا يېتىپ ئۆز ئارا كۆيۈنۈشەتتى .

نۇرگۈل ئۇرۇمچىلىك قىز ئىدى . بىر ئىشلاردىن ئانچە ھېيدىقىپ كەتمەيدىغان بۇ قىزنىڭ گەپ - سۆزى ئوچۇق بولۇپ ، كۆڭلىگە كەلگەننى يوشۇرۇپ ئولتۇرماستىن دەۋرەتتى . ئويۇن - تاماشا دېسە جېنىنى بېرىدىغان بۇ قىز تەبىئىيلا ياتاقتىكىلەرنىڭ سەركىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى .

گۈلباھار غۇلجىلىق قىز ئىدى . ئۇنىڭ قىزىق - قىزىق يۇمۇرلىرى ، غۇلجىلىقلارغا خاس خۇشخۇي تەبىئىتى قىزلارنى ئاسانلا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى . ئۇنىڭ ئۆسكىلەڭ قامىتى ، ئاتىنىڭكىدەك يوغان ، سەل سەپكۈنلۈك يۈزلىرى ئۇنى ياش جەھەتتە ياتاقتىكىلەردىن خېلىلا چوڭ كۆرسىتىپ قوياتتى . ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ خېلىلا ئىش كۆرگەن قىزدەك قىلاتتى .

رەشىدە ئاقسۇلۇق قىز ئىدى . ئۇ بىر ئىشلارغا ئۇنچىۋالا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمايتتى . قاچانلا قارىسا سالام خەت يېزىپ ئولتۇرىدىغان بۇ قىزنىڭ دەرسلەر بىلەنمۇ ئانچە خۇشى يوقتەك قىلاتتى . ئۆزى يازغان قاغا پۇتى خەتلىرىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقاتتى . شۇنداق چاغلاردا ئۇ بەئەينى دۇرۇت ئوقۇۋاتقان مومايغا ئوخشاپ قالاتتى .

نۇرگۈل نەچچە كۈندىلا ياتاقتىكىلەرگە لەقەم قويۇپ ئۈلگۈردى . رىسالەتنىڭ لەقىمى موللام ، گۈلباھارنىڭ لەقىمى تۆگە ، رەشىدەنىڭ لەقىمى بۇۋىم ئىدى .

رىسالەتنىڭ بىرلا قىيىنچىلىقى بار ئىدى ، ئۇ تىل مەسىلىسى-
دە بىر ئاز قىسىلغانىدى ، شۇڭا كۆپ قىسىم ۋاقتىنى تىل ئۆگى-
نىشكە قارىتاتتى . ئۇنىڭ دەرسلەرگە ئۆزىنى بۇنداق ئۇرۇشلىرى
قەلبىدىكى سېغىنىش ئوتلىرىنى بىر ئاز بولسىمۇ پەسكويغا چۈشۈ-
رۈش ئۈچۈن ئىدى .

رىسالەت بۈگۈنكى دەم ئېلىش كۈنىدىن پايدىلىنىپ ياتاق يېنى-
سىدىكى سۇخانىغا كىردى ۋە ھەپتىدىن بېرى يىغىلىپ قالغان كىر
كىيىملىرىنى يۇيۇشقا باشلىدى . داستىكى مازغاپ ئىچىدە چايقىلىپ
تۇرغان كىيىملەرنى كۆرگەندە ، ئۇ مېھرىبان ئانىسىنى ئەسلەپ
قالدى . قەمبەرخان ھەمىشە كىرلەرنى ئۆزى يۇيۇپ ، بۇ ئەركە
قىزىنىڭ قولىنى ھۆل قىلىپ باقمىغانىدى . ئۇ كىر يۇيۇۋېتىپ
ئۆيىگە خەت يازمىغىلى نەچچە كۈن بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىل-
دى . ئۇ يەنە سۇلايمان قاسىمغا ، زۇلخۇمارغا خەت يېزىشنىمۇ
ئويلىدى . ئەمما ، قىسقىچە ئەھۋال سورالغاندىكى سىرتىدا دې-
گۈدەك بىرەر گەپ - سۆزنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ ، بۇ نىيىتى-
دىن ۋاز كەچتى .

دەل شۇ چاغدا سۇخانىغا بىر داسنى كۆتۈرۈپ گۈلباھار كى-
رىپ كەلدى .

— ۋاھ ، بىزنىڭ موللىمۇ غۇسلى قىلىۋاتقانىكەن - دە ! —
دېدى ئۇ قولىدىكى كىيىم - كېچەكلەرنى سۇغا چىلاۋېتىپ ، —
ھەي موللىكا ، كەچتە ياتاقتا قېلىپ تۈنەكتە ئولتۇرمايدىغانسەن ؟

— قىلىدىغان باشقا ئىشقۇ يوق ، — رىسالەت كىرلىرىنى
يۇغاچ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى ، — يۇقىرى يىللىقتىكى ئايشەم بىلەن
جەملە كىنوغا بارايلى دېگەن...

— كىنوغا ؟ — گۈلباھار كۈلۈپ كەتتى ، — نىچاغدىكى
گەپنى قىلىسەنۋي ، مۇشۇ يېشىڭدىمۇ كىنو كۆرۈپ يۈرەمسەن ؟ بۇ
چاغ بولغاندىچۇ ، كىنونى ئۆزىمىز قويۇۋالىمىز ، سەھرالىق .

ئۇ شالاقشىتىپ كىرلىرىنى يۇيۇشقا باشلىدى ۋە قوشۇپ قويى-
دى :

— خالىساڭ، سېنى بىر يەرگە باشلاپ بېرىپ، كۆزۈڭنى ئېچىپ كېلەيمۇ؟

— ھاجىتى يوق، — رىسالەت ئىتتىكلا جاۋاب بەردى، — مەن بۈگۈن ھېچ يەرگە بارمايمەن.

— قورقۇپ كەتمە، — ئۇنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ كۈلۈپ قويدى، — سىلەر جەنۇبلۇقلار بەكلا مەتۇ كېلىدىكەنسىلەر، كىچىككىنە ئىشلاردىن قورقۇپ - تەمتىرەپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالغىنىڭنى قارا. مەن سېنى يولۋاس ئۈۋىسىغا باشلاپ بارىمەن دېمىدىم. بوپتۇ، بارمىساڭ مەيلى، ئەمما ئالتە يىللىق ئوقۇش جەريانىدا سېنىڭ مۇشۇ پېتىچە تۇرمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. كېيىن ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈڭ ئۈچۈن ئۆكۈنمىگىنىڭنى مەن بىر كۆرەي.

رىسالەت ئۈندىمىدى. ئۇ سۆزگە كەلگەندە گۈلباھارغا يەتمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇنداقلا بالدۇرلا كۆزى ئېچىلىپ كەتكەن بۇ ساۋاقدىشىنىڭ تۇرمۇش ھەققىدىكى تەلىماتلىرىغا ئاسانلىقچە رەددىيە بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەستىن ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولىۋەردى.

— كەچتە ياتاققا قايتالماي قالسام، دىجورنىلارغا بىرنېمە دەپ قويارسەن - ھە! — گۈلباھار كۆزلىرىنى ھەييارلارچە پىلدىرلاتتى.

— ئۆتكەن ھەپتە يۇرتتىن ئاپىسى كەپتىكەن دەپ قويغان، بۇ ھەپتە يەنە نېمە دەرمەن ئەمدى؟

— دەي دېسەڭ گەپتىن تولا نېمە يوق، — گۈلباھار ئۇنىڭ بېقىنىنى چىمداپ قويدى، — خاتىرجەم بول، ئەتە - ئۆگۈن سېنىڭمۇ ئىشىڭ چىققاندا، مەن قاراپ تۇرمايمەن...

— شۇنداق كۈنلەردىن خۇدايىم ساقلار، — رىسالەت ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى.

گۈلباھارنىڭ يۇيىدىغانلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇ كىرلىرىنى يۇيۇپ چايقاپ بولغاندىن كېيىن، داسنى كۆتۈرگىنىچە

سىرتقا مېڭىۋېتىپ ، ئۇنىڭغا يەنە جېكىلىدى :
— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ، ھەر راست ، نۇرگۇل كېلىپ قالغۇدەك بولسا ئېيتىپ قوي ، مەن ئۇنى ھېلىقى جايدا ساقلايمەن .
— قايسى جايدا ؟
— ھېلىقى جاي دېسەڭ ، ئۆزى چۈشىنىدۇ ، — گۇلباھار شۇنداق دېگىنىچە تاكاسلىتىپ دەسسەپ سۇخانىدىن چىقىپ كەتتى .
رىسالەت داستىكى مازغاپقا ، مازغاپ ئارىسىدا ئېزىلىپ تۇرغان قىزىل كۆڭلەككە قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى : «ئاجايىپ ئىش ، بۇ قىزلار مەكتەپكە نېمىشقا كەلگەندۇ ؟ كاللىسىدا ئاز - تولا بىرنېمە ئۆگىنەي ، كەلگۈسىدە ئەسقېتىدىغان قالار دېگەن خىيال پەقەت يوق ، ھە دېسە ئەينەك ئالدىدا ياسىنىپ - تارىنىپ سىرتقا مېڭىشقان ، بەزى كېچىلىرى ياتاققىمۇ قايتىشمايدۇ تېخى ، يۇرتتا ئېقىپ يۈرگەن گەپ - سۆزلەرمۇ بىكار-غا چىقمىغانىكەن - دە ! ئاتا - ئانىلارنىڭ قىزلىرىدىن خاتىرجەم بولالماسلىقىنىڭمۇ ئاساسى بار ئوخشىمامدۇ ؟»
ئۇ سۇخانىدا خىيال سۈرۈپ خېلىلا تۇردى . بىر چاغدا كىر يۇيۇشقا كىرگەن قىزلارنىڭ كۈلكە ساداسى ئۇنى ئېغىر خىياللار قوينىدىن تارتىپ چىقتى . ئۇ ئالمان - تالمان ئىشىنى تۈگەتتى - دە ، نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ياتاققا ماڭدى .
— گۇلباھارنى كۆردۈڭمۇ ؟ — ئۇ ياتاققا كىرىشىگە لەۋلە-رىگە لەۋ سۈرۈۋاتقان نۇرگۇل ئۇنىڭدىن سورىدى .
— ھە ، ئۇ سېنى ھېلىقى جايدا ساقلايمەن دېدى ، — رىسالەت يۇيۇلغان كىيىملىرىنى بالكونغا ئېسىۋېتىپ جاۋاب بەردى .
— شۇنداقمۇ ؟ — نۇرگۇل ئەينەككە قاراپ گىرىمىدىن رازى بولغاندەك كۈلۈپ قويدى ، — ۋاي تۆگە ، ماڭىمۇ ساقلىماي ئۇچۇپسەن - دە ! ئەجەب تەلەيلىك نېمىدە سەن ، بىر دەمدىلا بىرىنى ئۆگىنىۋاپتۇ دېسە . ھەي ، كەچتە سەن نېمە قىلىسەن ؟ — ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ رىسالەتتىن سورىدى .

— ئازراق ئىشىم بار، — دېدى ئۇ كىنو كۆرىمەن دېسە مەسخىرە قىلىشىدىن قورقۇپ.

— يىگىتلەر بىلەن ئۇچرىشىدىغان ئىشمۇ؟ — نۇرگۇل قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ قويدى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، نۇرگۇل؟ — رىسالەت قولىنى چايقاپ قويدى، — سەن دېگەندەك ئىش يوق، بىر يۇرتلۇق قىزلار بىلەن بىر يەرگە بارماقچىدۇق.

— ھەي، مەن ساڭا دېسەم، مەكتەپتىكى لىڭتاسىملارنىڭ كۆيدۈم - پىشتىم دېگەنلىرىگە ھەرگىز ئىشەنمە، — نۇرگۇل قول سومكىسىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، ئىچىگە بىرقۇر قارىغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇلار ھەرقانچە قىلسىمۇ سېنى بەختلىك قىلالمايدۇ. ئاھايىتى كەلسە تاماق بىلىتى بىلەن ئىككى سوملۇق لەڭمەندە قورسىقىڭنى توقلايدۇ - دە، سەندىن يوغىنىنى تەمە قىلىدۇ. بۇنداقلارغا ۋاقىت ئىسراپ قىلغان قىزنىڭ جېنىغا ۋاي، يىگىت تۇتساڭ سىرتتىن تۇت، شۇندىلا بەختىڭ ئېچىلىدۇ...

— مەسىلەن قانداق؟ — رىسالەت ئۇنى ئەتەي گەپكە سېلىپ قويدى.

— سىرتتىن دوست تۇتساڭ، جەمئىيەتتە ئورنۇڭ بولىدۇ، قولۇڭمۇ ئۇزىرايدۇ. مەكتەپ ئاشخانىسىدا ئۆچىرەتتە تۇرۇپ بىر قاچا شوۋىگۇرۈچ ئۈچۈن ئاۋارە بولمايسەن. تاماقنىڭ ياخشىسىنى تاللاپ يەيسەن، كىيىمنىڭ نوچىسىنى تاللاپ كىيىسەن. يۈز يۈرسەڭ، سېنى كۆرگەنلەر ۋاي دەيدۇ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر قىز ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق بەخت بارمۇ؟ خالىساڭ سېنى بىر نەچچىسىگە تونۇشتۇرۇپ قوياي. كۆڭلۈڭ كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ سەھرالىق.

— بولدى قويغىنا، — رىسالەت تىزىغا مۇشتلاپ كۈلۈپ كەتتى، — دادام ئېيتىپ بېرىدىغان قايسىبىر چۆچەكتىن «بىر سەۋەبى بولمىسا، قۇيرۇق تۇرامدۇ تاشتا» دېگەن گەپنى ئاڭلىغاند-

دىم ، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق قىزلارغا پۇل خەجلەپ بېرىدىغان ئۇنداق ئەخمەق يىگىتلەر تېخى تۇغۇلمىدىغۇ دەيمەن .
— بىلىپ قال ، — نۇرگۇل ئۇنىڭغا قاراپ قوشۇمىسىنى تۈردى ، — ھەرقانداق بىر يىگىت بىز قىزلار ئۈچۈن تۇغۇلغان ، گەپ بىزنىڭ ئۆزىمىز ئۈچۈن تۇغۇلغان يىگىتنى بايقاپ ، ئۇنىڭ رولىدىن پايدىلىنىش - پايدىلىنالماسلىقىمىزدا . ماڭا قارا ، — ئۇ رىسالەتنىڭ ئالدىغا كەلدى ، — سەن مۇدھىش قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغىنىڭدا تەبىئىيلا چىراغ يورۇقىغا موھتاج بولىسەن . يېنىڭدا چىراغ بولسىمۇ ، ياقمىساڭ ، تەقدىرىڭدە ھېچقانچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ . ئەكسىچە سەن ياقمىغان چىراغدىن باشقىلار پايدىلىنىپ كېتىدۇ . سەن شۇنداق قىز بولغىنىكى ، ئەتراپىڭدىكى يىگىتلەر ساڭا پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرسۇن . سېنىڭ سىزغان سىزىقىڭدىن ھەرگىز چىقمىسۇن...
— مېنىڭ ئۇنداق تەلەيلىك قىز بولغۇم يوق ھەم بۇ ئىش قولۇمدىنمۇ كەلمەيدۇ .
نۇرگۇل ئۇنىڭغا قاراپ مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى .
— ئالدىرىما ، — دېدى ئۇ لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ قو - يۇپ ، — تۇرمۇش سېنى ئاستا - ئاستا ئۆزگەرتىدۇ . ۋاقتى كەلگەندە سەن شۇنداق قىز بولۇپ قالغىنىڭنى ئۆزۈڭمۇ تۇيماي قالىسەن .
ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ سومكىسىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ياتاقتىن چىقىپ كەتتى .
— ۋاقتى كەلگەندە ، — رىسالەت بالكوندىن پەسكە قارىغىنىچە پىچىرلىدى ، — ۋاقتى كەلگەندە ، ۋاقتى كەلگەندە ... ئىلاھىم بۇنداق ئىشنىڭ ھەرگىز ماڭا ۋاقتى كەلمىسۇن...
ئۇ دادىسىنىڭ كۆز ياشلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان مىسكىن چىرا- يىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ھوشۇر سەلەينىڭ دېگەنلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە قايتىدىن جاراڭلىدى .
— بىر قىزنىڭ ئىپپىتىنى ساقلىمىقى ئىمانىنى ساقلىغاندەك مۇھىم ، قىزىم...

## 13

ھوشۇر سەلەي نىمىشقىدۇر ئۆز ئۆيىنىڭ سەل چۆلدەرەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ ئۆيگە كىرەتتى ، سىرتقا چىقاتتى . بەزىدە سۇلايمان قاسىمنىڭكىگە كىرىپ ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن پاراڭ سوقاتتى . پاراڭ ئارىلىقىدا قىزىنىڭ گېپىنى چىقىراتتى ۋە قوشنىسىنىڭ قىزى ھەققىدىكى ئىشەنچلىك ، ياخشى باھالىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلى كۆتۈرۈلگەن ھالدا قايتىپ چىقاتتى . ھەر قېتىم ئۇ سۇلايمان قاسىم بىلەن قىزى ھەققىدە پاراڭلاشسا ، يۈرىكىنى موجۇپ تۇرغان ئەندىشىلىرىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى .

بۈگۈن ئۇ كۆڭلى قانداقتۇر بىر خۇشاللىقنى سەزگەن ھالدا ئىدارىگە كەلدى . كۈز كېلىپ قالغاچقا ، ھاۋامۇ بىر ئاز سوۋۇغانىدى . كىچىكچە چىققان كۈز شامىلى ئىدارە قورۇسىدىكى سۆگەتلەرنىڭ بالدۇر سارغايغان يوپۇرماقلىرىنى بىراقلا تۆكۈپ ، مەيداننى بېزەپ قىلىۋەتكەنىدى . ئۇ ئىشقا كېلىپلا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل قىزغىنلىق بىلەن چىغ سۈپۈرگىنى قولىغا ئالدى . ئۇ مەيداننى پاك ـ پاكىز تازىلىغاندىن كېيىن ، ئىشخانا بىناسىنى قەۋەتمۇ قەۋەت تازىلاپ چىقتى . ئارىدا ئۇنىڭ ئوڭ قاپىقى لىك ـ لىك قىلىپ ئىككى قېتىم تارتىپ قويدى . ئوڭ قاپاق تارتسا يارىشىدۇ ، دەپ ئويلايدىغان ھوشۇر سەلەي ئۈچۈن بۇمۇ بىر خۇشاللىق ئىدى .

ئۇ باشلىق ئىشخانىسىنى ئورۇندۇق ـ ئۈستەللىرىگىچە سۈرتۈپ تازىلىدى . ئىشنى تۈگىتىپ ئۇھ دەپ تۇرۇشىغا ئىدارىنىڭ گېزىت تارقاتقۇچىسى بىر قۇچاق گېزىتلەرنى كۆتۈرۈپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى ۋە ھوشۇر سەلەينى كۆرۈپ بىر كونۋېرتنى ئېلىپ ، ئۇنىڭغا سۇندى .

— سىزنىڭ خېتىڭىز ، قىزىڭىزدىن كەلگەن بولسا كېرەك...

— خەت ، قىزىمنىڭ خېتى… — ھوشۇر سەلەيىنىڭ خۇشال-لىقتىن لەۋلىرى تىترەپ كەتتى ، — ئەتىگەندىن بېرى كۆڭلۈمنى كۆتۈرگەن نېمە خۇشلۇقكىن دېسەم ، ئەسلى مۇشۇ خەتنىڭ شەپى-سىنى تۇيغانىكەن ـ دە !
ئۇ خەتنى كۆزلىرىگە سۈرتتى ۋە بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدى-كى سۇلايمان قاسىمنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ يۈگۈردى .
— رىسالەتتىن خەت كەپتۇ ، — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ ، — بىر ئوقۇۋېتە ، ئۇكام .
سۇلايمان قاسىم ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . ئۇ كونۋېرتنى ئالدىراپ ئېچىپ ، ئۈنچىدەك تىزىلغان قۇر-لارغا قاراپ سەل تۇرۇۋالدى .
«مەن ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك بولغان قەدىرلىك دا-دام ، مېھرىبان ئانام ، ئوماق سىڭلىم ئادالەت ، شاراپەتكە ، ئىنىم قۇربان ، جەۋلانلارغا ، بىز ئۈچۈن ئوتتا كۆيۈپ ، سۇدا ئېقىپ يۈرگەن سۇلايمان ئاكامغا ، زۇلخۇمار ئاچامغا ، ئوماق ئىنىلىرىم خالىقجان ، قۇددۇسجانلارغا سېغىنىپ سالام …
— بىچارە قىزىم … كىشى يۇرتىدا مۇساپىر بولۇپ قانداقمۇ كۈن ئېلىۋاتقانسەن … — ھوشۇر سەلەي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەت-تى ، — تېخى ئۇ خېتىدە سىلەرنىمۇ تىلغا ئاپتۇ ، ئۇكام ، ئىنسا-پى بار بالىدە بۇ ، قېنى ، خەتنى ئوقۇ ، ئۇكام…
«مەن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن بېرى سىلەرنى بەكمۇ سېغىن-دىم ، سىلەرنى ئەسلىمەيدىغان ، سىلەرنى چۈشىمەيدىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق . مېنىڭ كۆڭلىرىم سىلەرنى سېغىنىش بىلەن ئۆتۈۋاتى-دۇ .
دادا ، ئانا ، بىزنىڭ دەرسلىرىمىز باشلىنىپ كەتتى . ۋاقىت شۇنداق ئالدىراش ئۆتۈۋاتىدۇ . مەن بىر تەرەپتىن دەرس ئۆگەن-سەم ، يەنە بىر تەرەپتىن تىل ئۆگىنىۋاتىمەن . مەن ئۈچۈن ھەربىر مىنۇت ، ھەر بىر سېكۇنتنىڭ بوش كەتكىنى بىر ئازاب . شۇڭا ، سىلەرگە بۇ خەتنى سەل كېچىكىپ يېزىۋاتىمەن . مېنى كەچۈرۈڭ-

ـلار .

«بۇ مەكتەپكە يۇرتتىن كېلىپ ئوقۇۋاتقان نۇرغۇن باللار بار ئىكەن . ھەممىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم . شۇڭا ، مەندىن بەك ئەنسىرەپمۇ كەتمەڭلار .

دادا ، سىنىڭ مەندىن خاتىرجەم بولالمايۋاتقىنىڭنى سېزىپ تۇرماقتىمەن . يولغا چىقىش ھارپىسىدا دېگەنلىرىڭ ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە ياڭراپ تۇرۇپتۇ . مەن سەن دېگەندەك قىلىمەن . سىنىڭ يۈزۈڭ ئەلكۈنىڭ ئالدىدا مەڭگۈ يورۇق بولغىنىدەك ، مېنىڭ يۈزۈممۇ سىنىڭ ئالدىڭدا مەڭگۈ يورۇق بولىدۇ . ماڭا ئىشەن جېنىم دادا .

قېشىڭلاردىكى ۋاقتىمدا سىلەرنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك مۇ- ھىم ئىكەنلىكىڭلارنى بىلمىگەنىكەنمەن ، مانا ئەمدى قەدرىڭلار بەكمۇ ئۆتۈلىۋاتىدۇ .

دادا ، ئانا ، مەن ياخشى ئوقۇپ سىلەرنىڭ مېنى بېقىپ قاتارغا قوشقان ئەجرىڭلار ئۈچۈن تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرىمەن . يارامىلىق بىر دوختۇر بولۇپ ، ئائىلىمىز ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈرۈشتىن باشقا خىيالىم يوق . بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قىزىڭلارغا دۇئا قىلىڭ- لار .

خەير - خوش ، سۇلايمان ئاكام بىلەن زۇلخۇمار ئاچامغا سېغىنىشلىق سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويارسىلەر .

سىلەرنى سېغىنىپ : رىسالەت»

خەت ئوقۇلۇپ بولغاندا ھەر ئىككىيلەن بىر - بىرىگە قاراشقى- نىچە ئولتۇرۇپ كېتىشتى . بۇ خەت ھوشۇر سەلەيىنىڭلا ئەمەس ، سۇلايمان قاسىمنىڭ قەلبىنىمۇ لەرزىگە كەلتۈرگەنىدى .

— ئۇ چوڭ بوپتۇ ، — دېدى ھوشۇر سەلەي ئاستا پىچىر - لاپ ، — قىزىم ئەقلىنى تېپىپتۇ ، ئاتا - ئانىسىنىڭ نېمە ئۈيدا ئىكەنلىكىنى بىلگۈدەك بوپتۇ .

سۇلايمان قاسىم ئۈندىمەستىن يانچۇقىدىن تاماكا چىقاردى . بىر ئىشلاردىن سۆيۈنسىمۇ ، كەيپى ئۇچۇپ غەزەپلەنسىمۇ تاماكا

چېكىشكە ئادەتلىنىپ قالغان كونا خويى ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئۈندەيتتى .

— قېنى هوشۇركا ، سىزمۇ بىر تال چېكىپ قويامسىز ؟

هوشۇر سەلەي بېشىنى لىڭشىتىپ ، ئۇ سۇنغان تاماكىنى لەۋلىرى ئارىسىغا قىستۇردى . سۇلايمان قاسىم تاماكىغا ئوت ياقتى ۋە هۇزۇرلىنىپ چېكىۋېتىپ ئۇنىڭغا قارىدى .

— مەن دېمىدىممۇ ، رىسالەت ياخشى قىز . ئۇ هەرگىزمۇ سىز خالىمىغان ئىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمەيدۇ .

— ئىلاهىم ، دېگىنىڭىز كەلسۇن ئۇكام ، — هوشۇر سەلەي شۇنداق دېگىنىچە خەتنى ئاۋايلاپ قاتلاپ كونۋېرتقا سالدى ، — بۇ خەتنى كۆرسە ئانىسى نېمە بولۇپ كېتەر - ھە !

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى .

كۈز قۇياشى زېمىنغا ئالتۇن رەڭلىك نۇرلىرىنى سېخىي- لىق بىلەن تۆكمەكتە . غۇر - غۇر شامال چىقىپ تۇرسىمۇ ئەتراپ يەنىلا ئىللىق ئىدى . ياپيېشىل ئاسماندا ئاقۋاش بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى . بۇ كۈز كۈنلىرىنىڭ ئەڭ چىرايلىق پەيتلىرى ئىدى .

هوشۇر سەلەي مەيدانغا چىقتى . ئۇ كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى . تېنى يېنىكلەپ ، هېلىلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك بىر سېزىم ئۇنى غىدىقلىماقتا ئىدى . ئۇ قولىدىكى خەتكە يەنە بىر قاراپ قويدى . خەتتىن رىسالەتنىڭ تونۇش هىدى كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى .

— هەي ، تېزرەك ماڭساڭچۇ ، — دېدى ئۇ كۆكتىكى ئې- سىپ قويۇلغاندەك تۇرغان قۇياشقا قاراپ ، — تېزرەك ماڭغىن جېنىم قۇياش ، ۋاقت توشسۇن ، مەن ئۆيگە قايتاي ، قەمبەرخان بىچارىنىڭ بۇ خەتنى كۆرۈپ سۇنۇق دىلى بىر يايرىۋالسۇن . تېزرەك ماڭغىن …

سائەت توشقۇچە ئۇنىڭ قولى پەقەيلا ئىشقا بارمىدى . ئۇ مەق- سەتسىزلا بىنا ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرەتتى . بىرىنچى قەۋەتتىن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقاتتى . ئۇ ئىشخانىدىن بۇ ئىشخانىغا كىرەت-

تى . ئۇچرىغانلارغا ئۆزىچە سالام قىلىپ ھىجىياتتى . تىترەپ تۇر-
غان قولى بىلەن يانچۇقىدىكى خەتنى سىلاپ قوياتتى . ئىلگىرىلەردە
ئۇ باشقىلارنىڭ بالىلىرىدىن ئاتا - ئانىسىغا خەت كەلسە ، بەكمۇ
ھەۋەسلىنىپ كېتەتتى . قاچانمۇ مېنىڭ بالىلىرىم چوڭ بولۇپ ،
ئالىي مەكتەپلەرگە بارار ؟ ئاشۇ بالىلاردەك ماڭا خەت يازار ؟ دەپ
ئويلايتتى . مانا ، كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەسكەن ، قىزىنىڭ تۇنجى
خېتى ئۇنى مۇرادىغا تولۇق يەتكۈزدى .

كۈتكەن ۋاقىت ئاخىر يېتىپ كەلدى . سائەت توشتى ، ئۇ
ھەمىشە ئىشقا بىرگە بېرىپ كېلىدىغان سۇلايمان قاسىمغىمۇ ساق-
لىماستىن ئۆيگە قاراپ چاپتى . ئۇنىڭ قەدەملىرى ئۆز يېشىغا
مۇناسىپ كەلمىگەن ھالدا شۇنچىلىك يەڭگىل ، شۇنچىلىك چاققان
ئىدى . ئۇ ئۆيگە كىرىپلا خەتنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى :

— ئانىسى ، قىزىڭلىدىن خەت كەپتۇ ...

ئاشخانىدا بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرگەن قەمبەرخان ئۆز قۇلاق-
لىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى . ئۇ ھۆل قولىنى پەرتۇقىغا سۈرتكىنىچە
ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى .

— ھېلى نېمە دېدىلە دادىسى ؟

— رىسالەتتىن خەت كەپتۇ ...

— ۋاي جىگىرىم بالام ، بارمۇسەن ؟ — قەمبەرخان ھۆ
تارتىپ يىغلىغىنىچە ھوشۇر سەلەيىنىڭ قولىدا پۇلاڭلاپ تۇرغان
خەتكە ئۆزىنى ئاتتى .

14

ھەش - پەش دېگۈچە قىش كىرىپ قالدى . ئۈرۈمچىنىڭ
قىشلىق ھاۋاسى بەئەينى ئاشنىسىغا قىلىق چىقىرىۋاتقان ئەركە
چوكاننىڭ خۇي - پەيلىدەك ئۆزگىرىشچان ئىدى . ھېلى پارقىراپ
ئاپتاپ چىقىۋاتسا ، ھېلى ئەتراپنى قويۇق تۇمان بېسىپ كېتەتتى .
ھېلى قار تۇزۇسا ، بىردەمدىلا ئاپتاپ چىقاتتى . ئاندىن بۇ ئاپتاپ

يەنە قارغا ئالمىشاتتى .

رىسالەتنىڭ ئۈرۈمچىنىڭ سوغۇقىغا نىسبەتەن تەييارلىقى يوق ئىدى . جەنۇبنىڭ قىش كۈنلىرى دىمىق ، سوغۇقىنىڭمۇ پەيلى ئانچە يامان بولمىغاچقا ، ئۇ تۈزۈكرەك قىشلىق كىيىم ـ كېچەك ئېلىۋال- مىغانىدى . ئۇششۇك ھەربىدەك چاقىدىغان مۇدھىش سوغۇق ئۇنىڭ سۆڭەك ـ سۆڭەكلىرىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى . ئۇ ئائىلىسىگە كىيىم ئۈچۈن پۇل سېلىڭلا ، دەپ خەت يازماقچىمۇ بولدى . ئەمما ، ئۆيد- ىنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭغا ئايان بولغاچقا ، يەنىلا بىچارە دادىسىنى قىينىغۇسى كەلمىدى .

بۈگۈن ھاۋا ئادەتتىكىدىن تاشقىرى سوۋۇپ كەتكەنىدى . ئۇ كىتاب ـ ماتېرىياللىرىنى قولتۇقلىغىنىچە كۇتۇپخانىدىن چىقتى . چويۇندەك قاتقان مەيداندا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى . ھۇشقۇيتۇپ تۇرغان ئاچچىق شامال ئۇنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانجىلدى . ئۇ دىر ـ دىر تىترىگىنىچە ياتاق بىناسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى .

— رىسالەت !

ئۇنىڭ غوڭۇلداپ تۇرغان قۇلىقى ئۆزىنى چاقىرغان بىر ئاۋاز- نى غۇۋا ئاڭلىدى . ئۇ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ ئەتراپقا قارىدى . مەيداننىڭ ئوغۇللار ياتىقىغا تۇتىشىدىغان ئېغىزى تەرىپىدىن بىرى كېلىۋاتاتتى . ئاچچىق شامال كۆزنى ئاچقۇزماي ، يەنە كېلىپ قار توزۇپ تۇرغان بولغاچقا ، رىسالەت ئۇنىڭ كىملىكىنى دەماللىققا تونۇيالمىدى . ئۇ يېقىنلاپ كەلگەندە ، رىسالەت ئاخىر تونۇدى . ئۆزىنى چاقىرغۇچى يۇقىرى يىللىقتىكى بىر يۇرتلۇقى تاھىر ئىد- دى . ئۇنىڭ ھەمىشە دانىخورەك بېسىپ تۇرىدىغان چوقۇر يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى .

— كۇتۇپخانىدىن كېلىۋاتامسىز ؟ — سورىدى ئۇ كۆپتۈرمە چاپىنىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ ، — مۇشۇنداق قاتتىق سوغۇقتىمۇ ياتاقتا ئارام ئالماي ، كۇتۇپخانىغا قاتراپ يۈرگىنىڭىزنى قاراڭا .

رىسالەت ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ ۋاقىت

ئىسراپ قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.
— قانداق قىلىمەن ئەمىسە؟ ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالغان تۇرسا، ماتېرىيال كۆرمىسەم، ئىسسىق ياتاق مېنىڭ ئورنۇمدا ئىمتىھان بېرەلمەيدۇ - دە!
تاھىر ئەزمىلىك بىلەن يانچۇقىدىن تاماكا ئالدى ۋە ئوت تۇتاشتۇرۇپ پۇرقىرىتىپ چېكىشكە باشلىدى.
— مېنى تاماكا چەككىنىمنى كۆرۈۋالسۇن دەپ چاقىرمىد - غانسىز؟ — سوغۇقتىن رىسالەتنىڭ چىشلىرى كاسىلداپ كەت - تى، — قاراڭا، مەن بەك توڭلاپ كېتىۋاتىمەن. باشقا ئىش بولمىسا، كەتتىم ئەمىسە.
— نېمىگە ئالدىرايسىز؟ — تاھىر تاماكا ئىسىنى ئالدىرد - ماي پۈۋلىدى، — ماڭا قاراڭ رىسالەت، سىزگە دەيدىغان ئازراق گەپ بار ئىدى. ھېچ پۇرسىتى بولمايۋاتىدۇ. كەچتە بىزنىڭ فاكۇلتېتتا تانسا بولىدىكەن. ماڭا ھەمراھ بولۇپ قاتنىشىپ بېرەرسىزمۇ؟
رىسالەتنىڭ قويقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى. ئۇ: «ئېشد - كى ئۆلۈۋاتسا بىر يېرى غىجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك، ئىمتىھان قىستاپ قالغان مۇشۇنداق ئالدىراش پەيتتە ھېچنېمىدىن غېمى يوق تانسا پۇراپ قالغان بۇ بايقۇشقا ئىككى ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىشنى ئويلىدىيۇ، ئۇنىڭ بىر يۇرتلۇق ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇش تارىخىنىڭ ئۆزىنىڭكىگە قارىغاندا ئۇزۇنلۇقد - نى ھېس قىلىپ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپلىد - رىنى يۇتۇۋەتتى.
— كەچۈرۈڭ تاھىر، مېنىڭ كەچتە تەكرار قىلىدىغان دەرسلىرىم بار. ھەپتىنىڭ بىرى ئەتىگەندىلا ئىمتىھان بەرمىسەم بولمايدۇ.
— مۇشۇ چاغ بولغاندىمۇ ھە دېسە ئۆگىنىش، ئىمتىھان دەپ يۈرەمسىز؟ — تاھىر ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك ھىجىيىپ قويدى، — باشقىلارغا بىر قاراپ بېقىڭا، ئۇلار نېمە كويدا، سىز

نېمە كويدا؟! قويۇڭا، ئالىي مەكتەپ دېگەننىڭ مەنىسىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمىگەن ئوخشايسىز. بۇ سىزنىڭ دەرسلەرنى ھەجىلەپ يادقا ئالىدىغان ئوتتۇرا مەكتىپىڭىز ئەمەس...

— ئەمىسە سىزنىڭ نېمىڭىز؟ — رىسالەتنىڭ تېنى سوغۇق-تىنمۇ ياكى ئاچچىقتىنمۇ، ئەيتاۋۇر جۇغۇلداپ كەتتى.

— مېنىڭ خالىسام ئۆگىنىدىغان، خالىمىسام ئوينايدىغان، مۇھەببەت تۇتۇپ، قىزلارغا ھەمراھ بولۇپ، كۆڭۈل ئوۋلايدىغان مەشىق مەيدانىم، — تاھىر قىزىرىپ-تاتارمايلا شۇنداق دېگىنىچە ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى، — ئەمما، سىزنى دەپ تېخى بۇ نىشانغا قەدەم ئاتلىمىدىم. بۈگۈن كەچنى مۇشۇ قەدەمنى ئالىدىغان تۇنجى مەنزىل قىلىش خىيالىم بار. قانداق، مەن بىلەن بارامسىز؟

رىسالەت ئىلگىرى تاھىر بىلەن يۈرتلۇقلار يىغىلىشىدا بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشكەنىدى. گەرچە ئىلگىرى-كېيىن بولسىمۇ، بىر مەكتەپتە ئوقۇغان مەكتەپداش ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا دوستلۇق قولىنى سۇنغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇچرىشىپ قالسا سالام-سەھەت قىلىپ ئۆتەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇنداق قىپقىزىل ساراڭ، تەلۋە ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىدى.

— كە... كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ ئاچچىقتىن ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا نەشتەردەك سانجىپ، — مېنىڭ سىز بىلەن تۇنجى قەدەمنى بىرلىكتە باسقۇدەك سالاھىيىتىم يوق. ئەڭ ياخشىسى سىز ئۆزىڭىزنىڭ خىلىنى تېپىپ، گەپ قىلىڭ. خوش...

ئۇ قار ئۇچقۇنداپ تۇرغان مەيداندىن ياتاققا قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ كاللىسى ۋاڭشىپ كەتكەنىدى. نەچچە يەردە يىقىلغىنىنى، نەچچە يەردە مۈدۈرۈپ قوپقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

— ھەي بەغەرەز، ئىت ئۆلۈكى كوچىدا قالىدىغان مۇشۇنداق سوغۇقتا نەلەردە تېنترەپ يۈرۈيسەن؟ — نۇرگۈل ياتاققا كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتقان رىسالەتكە چاقچاق قىلدى، — مۇئەللىم سېنىڭ بۇ ئاكتىپلىقىڭنى ھەرگىز كۆرۈپ قالمىسۇن جۇمۇ، بول-

مسا ئەتىلا سىنىڭدىن ئۆگىنىش ھەققىدە چوڭ يىغىن ئاچىدۇ .
تېخى ئاچچىقى بېسىلىپ بولمىغان رىسالەتكە نۇرگۈلنىڭ بۇ گەپلىرى ئېغىر كەتتى . ئۇ يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ ، ياتاقنى بېشىغا كىيىپ ۋارقىرىدى :
— ئەمىسە سەندىن ئۆگىنىش ھەققىدە چوڭ يىغىن ئاچسا بولامتى ؟ سىنىڭدىن ئۆگەنگۇدەك نېمە بار ؟ شۇ ئاخشىمى مەكتەپكە كەلمەي ، سىرتتا قونۇپ يۇرۇشنى ئۆگىنىمىزمۇ ئۆزى ؟
— ئوھۇش ، نېمە بولدى بۇ سەھەرلىقتا ؟ — نۇرگۈل ياتاقتىكىلەرگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويدى ، — ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلىپ قويسام ، ئەجەب سىركىسى سۇ كۆتۈرەلمەي قالدىغۇ بۇنىڭ ؟ ھەي ، ماڭا قارا ، سىرتتا بارغۇ ، قونالىغۇچىلىكى بار ئادەم قونىدۇ . ئېسىل رەختلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ، ئۆتمەس ماتالارنىڭ پەشتاخلاردا توپا بېسىپ ياتقانلىقىنى كۆرمىگەنمۇ سەن ؟
— ئۇنى سەندەك سېتىمچىلار بىلمىسە ، مەن نەدە يۇرۇپ بىلەتتىم ؟ — رىسالەت جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى .
— سەن ...
— بولدى قويۇڭلا ، — گۇلباھار ئارىغا چۈشتى ، — بۇگۈن نېمە بولدى سىلەرگە ؟ ئەجەب ئىت - مۇشۇكلەردەك خىرقىرىشىسىلەرغۇ ؟ بولدى نۇرگۈل ، رىسالەتنىڭ سىرتتا ئىچى پۇشۇپ قالغان ئوخشايدۇ . ئۇنى ئېغىر ئالما ، يۇر ، سىرتقا چىقىمىز .
ئۇ بىر نەرسە دېيىش ئۇچۇن ئېغىزىنى ئۆمەللەۋاتقان نۇرگۈلنى تارتىپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى .
— نېمە بولدى ساڭا ؟ — رەشىدە كارىۋىتىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ، — بۇگۈن بەكلا سەپرا بولۇپ كېتىپسەنغۇ ؟ نۇرگۈلنىڭ شۇنداق تاققا - تۇققا سۆزلەيدىغىنىنى بىلمەمتىڭ ؟ پوققا چالما ئاتقاندەك ئىش قىلىپ ، ئۆزۈڭگە خاپىلىق تېپىۋالدىڭ مانا .
رىسالەت ئۇندىمەستىن يوتقاننى بېشىغا پۈركىدى .

— ئازراق ئىسسىق نەرسە ئىچەمسەن ؟ — رەشىدە يەنە سورىدى ، — چاي دەملەپ بېرەيمۇ ؟

— بولدى ، ئاۋارە بولما ، — رىسالەت يوتقان ئىچىدە يېتىپ ۋارقىرىدى . ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ بوغۇق ئاڭلاندى . رەشىدە ئاستا مېڭىپ كارىۋىتىغا چىقتى ۋە بىر خاتىرىنى قولىغا ئالدى .

رىسالەت مىدىر - سىدىر قىلماستىن يوتقان ئىچىدە خېلى ئۇزۇن ياتتى . ئاچچىقى بېسىلىپ ، كاللىسى سۇزۇلۇشكە باشلىدى . ئۇ شۇندىلا ئۆزىنىڭ نۇرگۇلنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگىنىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ، ئېشەكتىن ئالالمىغان ئاچچىقىنى توقۇمدىن ئالغاندەك بىر ئىش قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋات بېشىغا جايلاشتۇرۇلغان چامادانىنى ئاچتى ۋە ئىچىدىن بىر ئالبومنى قولىغا ئالدى . ئالبومنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى سۇلايمان قاسىمنىڭ گالستۇك تاقاپ چۈشكەن سۇرىتىگە قارىدى . سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا قاراپ بىر خىلدا كۇلۇمسىرەپ تۇراتتى . ئۇ شۇ قارىشىدا : «ھەي ئەخمەق قىز ، ئاچچىقىڭنى يامان قىلما ، كىمنىلا كۆرسەڭ شالىڭنى چېچىپ يۈرسەڭ بولمايدۇ ، تىكەننى كىرگەن يەردىن ئالغۇلۇق ، بۇگۇنكى ئىشىڭ پەقەتلا قاملاشمىدى جۇمۇ» دېگەندەك قىلاتتى .

ئۇ نېمىشقىدۇر سۇرەتنى باغرىغا تاڭدى . ئاشۇ رەسىمدىن ئۇرغۇپ چىققان بىر ئىللىق ئېقىم ئۇنىڭ مۇز بولۇپ قاتقان جىسمىنى شۇررىدە ئېرىتىۋەتتى . ئەزەلدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئادەمنىڭ ئەس - ھوشىنى يوقىتىدىغان بۇنداق سېزىم پەيدا بولۇپ باقمىغانىدى . ئۇ ئاجايىپ بىر شېرىنلىك ئىلكىدە كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى .

— جىنىڭ قويۇۋەتتىمۇ ؟ — رەشىدە ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى ، — قارىغىنا قىلغان ئىشىڭنى ، نۇرگۇلگە چىشى يولۋاستەك ھۆركىرىدىڭ جۇمۇ . سېنىڭ مۇنداق تەلۋە ئاچچىقىڭنىڭ بارلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن . مەن سەندىن قورقتۇم ، ئاداش .

— نېمە بولغىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن ، — رىسالەت

ئالبومنى يىپىپ چامادانغا سالدى ، — بىشنى يەيدىغان تاھىر چىشىمغا تېگىپ مېنى تېرىكتۈرسە ، ئاچچىقىمنى نۇرگۈلدىن ئالغىنىم بولماپتۇ . نۇرگۈل كىرسە ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايمەن .

— شۇنداق ئويلىغان بولساڭ ياخشى ، — دېدى رەشىدە كۈلۈپ تۇرۇپ ، — ئەمما ، نۇرگۈل ئۇنچىۋالا تاۋى نازۇكلاردىن ئەمەس . سىنىڭ ئۇ گەپلىرىڭنى قېتىغا ئېلىپمۇ قويمايدۇ . بىردەمدىلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ . شۇنداق بولسىمۇ ئەپۇ سوراپ قوي . بىر ياتاقتا يەنە بەش يېرىم يىل ياتىمىز . بىر - بىرىمىزگە ئەتۋار قاراپ بۇنچىلىك ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەك ئاسان ئەمەس .

رەشىدەنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، رىسالەت بىرئاز خىجىل بولدى . چۈنكى ، ئۇ موماي سىياق بۇ قىزنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى ، ھە دېسە باشقىلارغا بولۇشۇپ ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى . ئۇنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىگىنىنى ئويلاپ رىسالەتنىڭ يۈزلىرى چىمىلدىدى .

— رەھمەت ساڭا ، — دېدى ئۇ رەشىدەنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، — ماڭا ئەسكەرتىپ قويغىنىڭغا رەھمەت . مەن ئۆزۈمنى بىرئاز چاغلىيالماي قاپتىمەن . مەندىن ئۆتكەن يەرلىرى بولسا كەچۈرگىن .

— سىنىڭ نىمىگە رەھمەت ئېيتىۋاتقىنىڭنى ، نىمىگە كەچۈرۈم سوراۋاتقىنىڭنى پەقەتلا بىلەلمەي قالدىمغۇ ؟ — رەشىدەنىڭ كىچىك كۆزلىرى توختىماي چىمچىقلايتتى .

— ئۇنى مەن ئۆزۈم بىلىمەن ، — دېدى رىسالەت ۋە پىخىلدداپ كۈلۈپ كەتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلب ئاسمىنىدىكى قارا بۇلۇتلار پۈتۈنلەي تارقاپ كەتكەنىدى .

## 15

نۇرگۈل بىلەن گۈلباھار بىرپەس ماگىزىن ئايلاندى . خىلمۇخىل پاسۇندا تىكىلگەن ئېسىل پەلتولار ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئوت

چىقىرىۋەتكەنىدى . «مۇشۇكنىڭ پۇلى يوق ، گۆشكە ئامراق» دې-
گەندەك ، يانچۇقىدىكىنىڭ تايىنى يوق بۇ قىزلار ئېسىل پەلتولارنى
قولىغا ئېلىپ بەدىنىگە تەڭلەشتى . ئاندىن تىكلىمە ئەينەكلەرنىڭ
ئالدىغا بېرىپ ياراشقان - ياراشمىغانلىقىغا قاراپ بېقىشاتتى . پەل-
تونى جايىغا قويىدىغان چاغدا يۈرەكلىرى ئېچىشىپ ، ھەسرەت
چېكىشەتتى .

ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىر - ئىككى سائەت بازار ئايلاندى . قىش-
نىڭ ئىزغىرىن شاملى ئۇلارنىڭ قېلىن چاپانلىرى ئارىسىدىكى
تېنىنى ئانچە توڭلىتالمايتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قى-
زىرىپ كەتكەنىدى .

— ئەمدى نېمە قىلىمىز ؟ — بىر چاغدا گۈلباھار ئاستا
سورىدى ، — قورساقمۇ ئېچىپتۇ ، بىر يەرنى تېپىپ ئازراق بىر
نەرسە يەۋالساق قانداق ؟

نۇرگۈل خىيال سۈرگىنىچە بىرئاز تۇرۇپ قالدى .

— مۇنداق قىلساق قانداق ؟ — دېدى ئۇ قولىنى ئېغىزىدىن
چىقىۋاتقان ھور بىلەن ئىللىتىپ تۇرغان گۈلباھارنىڭ پېشىنى
تارتىپ ، — بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى ، ئالتۇن ۋاقىتنى ھېلىقىلار
بىلەن بىللە ئۆتكۈزمەيلىمۇ ؟ ئۇلارنىڭ مەردلىكى تۇتۇپ قالسا ،
ئەتىلىككە بىردىن پەلتولۇق بولۇپ قالىمىزمۇ تېخى...

— لېكىن شۇ ، كەچلىك يوقلىمىنىڭ ئىشىنى...

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بول ، — نۇرگۈل ئۇنى تارتىپ
ئېلىپ ماڭدى ، — ئاۋۋال جۇشقۇننىڭ ياتىقىغا بىر تېلېفون
بېرىپ باقاي ، ئۇ بايقۇش شۇ تۇرقىدا نېمە قىلىۋاتىدىكىن ؟

ئۇ بىر بوتكىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە سومكىسىدىن كىچىك بىر
خاتىرىنى ئېلىپ ، ئۇنىڭدىكى نومۇر بويىچە بىرقانچە كۇنۇپكىنى
باستى .

— ۋەي ، جۇشقۇنما ؟ بارمۇ سىز ؟ مەن نۇرگۈل ... ھە ، ھە ،
نېمە قىلىۋاتىسىز ؟ ھە ، ھە بىزمۇ ، گۈلباھار بىلەن بازارغا چىقـ-
قان ، سىزنى بارمۇ يوق دەپ تېلېفون قىلىشـىم . نېمە ، دۇمـبـ-

سى قىچىشقان ئىشەك تۇگمەنىنىڭ ئالدىغا ئۆزى بارغاندەك ئىش بولدى - دە . شۇنداق قىلمىزمۇ ئەمىسە؟ نېمە ، قىزلاردىن تۆت-نى؟ ۋاي ئىككىسىگە نەگە بارىمەن؟ هە ، هە ، شۇنداقمۇ؟ تۆت بولمىساق زادى بولمامدۇ؟ ئەمدى سىز دېگەندىكىن ، ئامال قىلمى-سام بولماس . سىز مېنىڭ يۈزۈمنى قىلمىغان بىلەن ، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن - دە! ئەمىسە شۇنداق بولسۇن . هېلى كۆرۈشەيلى .

نۇرگۈل تۇرۇپكىنى قويۇپ ، بېشىنى تاتىلىغىنىچە بىرئاز تۇ-رۇپ قالدى .

— نېمە بولدى؟ — گۈلباهار ئۇنىڭ يېڭىنى تارتتى ، — نېمىگە بۇنچە باش قاتۇرۇپ تۇرۇپ كەتتىڭ؟

— ئەستا ، — نۇرگۈل سەل ئوڭايسىزلانغان قىياپەتتە دې-دى ، — جۇشقۇن كەچتە ئولتۇرىمىز دەيدۇ . لېكىن ، بۇ تويمى-غۇر بىز دېگەن تۆت ، شۇڭا سىلەرمۇ تۆت بولۇپ كېلىڭلار دەيدۇ . يەنە ئىككىسىنى نەدىن تاپارمىز ئەمدى؟

گۈلباهار ئەتراپقا ئالاڭلاپ قارىغىنىچە بىرئاز تۇرۇپ قالدى .

— ياتاقتىكى ئىككىسىنى چاقىرىۋالامدۇق يا؟

— ئىش كۆرمىگەن ئۇ موزايلارنى قويغىنا ، — نۇرگۈل قولىنى چايقاپ قويدى ، — بولۇپمۇ رىسالەت … ئۇ بۇنداق سورۇن-نى كۆرۈپ قالسا ئىش بۇزامدىكىن دەيمەن . مۇشۇ يېشىغىچە يىگىت دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەي كەلگەن ساراڭ-كەن ئۇ ، نەدە يۇرۇپ چوڭ بولغان نېمىكىن خۇدايىم …

— ئەمىسە سىنىپتىكى باشقا قىزلارنى چاقىرامدۇق يا؟

— ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ جانغا ئەسقاتىدىغىنى يوق ، — نۇر-گۈل يەنە قولىنى چايقىدى ، — قۇربانەم بىرئاز بولاتتى ، ئەمما ئۇ سىنىپتىكى غەيرەت بىلەن تېپىشىۋاپتۇ . ئاڭلىسام بىر - بىرىنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرەرمىش ، يۇرۇۋېتىپتۇدەك ، ئەستا ، ئىس - بۇسىنى سىرتقا چىقارماي ئىككى جۈپلا بولۇپ ئولتۇرساق بولمامدى-غاندۇ؟

— مېنىڭچە ، — دېدى گۈلباهار بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن

كېيىن ، — يەنىلا ياتاقتىكىلەرنى چاقىرىۋالايلى . شۇنداق قىلساق ، بىزگىمۇ مۇنداق بىرنەچچە پايدىسى بار : بىرىنچىدىن ، ئۇلارنى تەربىيىلەپ ئۆز سېپىمىزگە قوشۇۋالالايمىز . ۋاقتى كەلگەندە ئۆچكىنىڭكىدەك كۆرۈنۈپ قالىدىغىنى بىز ئىككىمىزلا بولمايمىز ؛ ئىككىنچىدىن ، ئۇلارنىڭمۇ كۆزى ئېچىلسا بىزنى ئەيىبلىمەيدىغان بولىدۇ . ئۆزىنىڭمۇ پۇتى لاي بولغاندىكىن ، بىزنىڭ يامان گېپىمىزنى قىلالمايدۇ . ئۈچىنچىدىن ، سىرتتا قونۇپ قالىدىغان ۋاقتىمىزدا رۇخسەت سوراپ قويۇش ئۈچۈن ھازىرقىدەك يالۋۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ . نۆۋىتى كەلگەندە ، ئۇلارنىمۇ بىرەر قېتىمدىن قوندۇرۇپ قويساقلا ، قۇيرۇق تۇۋۇى مايلاپ قويۇلغان ئېشەكتەك ھاڭرىيالمايدۇ...

— لېكىن شۇ ، ئۇلار ئىش كۆرمىگەن ، ئالىمادىس ئىشنى بۇزۇپ قويسا...

— ھەر ئىش دېگەن ئاستا - ئاستا بولمامدۇ ؟ — گۈلباھار ئۇنى تارتىپ ئېلىپ ماڭدى ، — بىزمۇ ئەسلىدە ھېچ ئىش بىلمەيدىغان تۇرۇق ، ئاستا - ئاستا ئۆگىنىپ قېلىۋاتىمىزغۇ . ئىشنىڭ ئاق - قارىسىنى بىلىۋېلىپلا باشقىلارنى بىلمەسكە چىقارساق بولماس . كىم بىلىدۇ ، ئۇلار ئەتىدىن باشلاپ بىزدىن چاققان چىقامدۇ تېخى ...

ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى .

— بىر ئىشتىن سەل ئەنسىرەۋاتىمەن ، — دېدى گۈلباھار بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ، — يىگىتلەر بىلەن ئولتۇرىمىز دېسەك ، رىسالەت كەلگىلى ئۇنىماسمىكىن ؟

— بۇنىڭغا مېنىڭ ئامالىم بار ، — نۇرگۈل ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى ، — شۇنداق قىلساق ، ئۇ غىڭ قىلماي ماڭىدۇ . بېرىپ بولغاندا بولسا كۆز ئالدىقاچان چاناقتىن چىقىپ بولغان بولىدۇ . پۇشايمان قىلسىمۇ بىكار .

— شۇنداق ، گۈش ئوغرىسىمۇ ئوغرى ، شورپىسىنى ئىچكەنىمۇ بەربىر ئوغرى - دە !

ئۇلار يەنە كوچىنى بېشىغا كىيىپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى.
ئۇلار مەكتەپكە كېلىپ ياتاقتا كىرگىنىدە، رىسالەت بىلەن رەشىدە بىر چىرايلىق پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار كىرىشىگە رىسالەت ئورنىدىن تۇرۇپ نۇرگۈلنىڭ قولىنى تۇتتى.
— بايا بەك سەتلىشىپتىمەن نۇرگۈل، ساڭا چېچىلىپ ئوبدان قىلماپتىمەن، مېنى كەچۈرگىن!
نۇرگۈل ھەيرانلىق ئىلكىدە رەشىدەگە، ئاندىن گۈلباھارغا قارىدى. ئۇ ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالغانىدى.
— سىرتتا بىر ماز ئاچچىقىمنى كەلتۈرسە، دەردىنى سەندىن ئاپتىمەن، مەندىن ئۆتۈلۈپتۇ، مېنى كەچۈرگىن نۇرگۈل، بولامدۇ؟
— ۋاي - ۋۇي، مۇشۇ گەپمىدى؟ — نۇرگۈل قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — ھەي، ئۇ دېگەن كەچۈرمىگۈدەك قانچىلىك ئىش ئىدى؟ مەن ئۇنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتىم.
— رىسالەت، — دېدى گۈلباھار سومكىسىنى كارىۋات بېشىغا قويۇۋېتىپ، — نۇرگۈلنى ئۇنچىۋالا زىل كۆرۈپ قالما، ياتاق دېگەندە كۈلكە - چاقچاق بولۇپ تۇرىدىغان گەپ، ئۇنىڭغا ھەممىمىز تەگەپ يۈرسەك جان توشۇمايدۇ. نۇرگۈلمۇ سېنىڭ كەيپىڭنىڭ ئۇچۇپ تۇرغىنىنى سەزمەي چاقچاق قىلىپ قويدى، سەنمۇ ئۇنىڭ چاقچاق ئىكەنلىكىنى بىلمىدىڭ. ئەمما، بىز سىرتقا چىققان مۇشۇ نەچچە سائەت ئىچىدە ئۇ بۇ ئىشنى قەتئىي تىلغا ئېلىپ قويمىدى. ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەنسەڭ بولىدۇ. ئۇ تېخى سەندىن باشقىچىرەك كەچۈرۈممۇ سورىماقچى؟
— شۇنداق، — دېدى نۇرگۈل قىزلارغا قاراپ، — بۇگۈن ھاۋا ئۇنچە ياخشىمۇ ئەمەس، ياتاقتا بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئولتۇرىۋەرسەڭلارمۇ ئىچىڭلار سىقىلىپ كېتىدۇ. سىلەرنى مەكتەپكە كەلگەندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ ئۆيۈمگە باشلاپ بارماپتىمەن. بۈگۈن سىلەرنى ئۆيگە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىمەن، بولامدۇ؟
رىسالەت بىلەن رەشىدە بىر - بىرىگە قاراپ قويدى.

— سىنى ئاۋارە قىلامدىمىز ئەمدى؟ — رەشىدە ئۆزدىچە خىجىل بولۇۋاتقاندەك بىر قىياپەتتە نۇرگۈلگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— نۇرگۈل، سەن...

— بولدى بولدى، تەكەللۇپ قىلىشمايلى، — نۇرگۈل رىسالەتنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى، — ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئاز - تولا ياسىنىپ تەييار بولۇڭلار. بىرەر سائەتتىن كېيىن يولغا چىقىمىز.

نۇرگۈل گويا ھەربىي قوماندانەك بۇيرۇقنى كەسكىنلىك بىلەن جاكارلىدى.

16

نۇرگۈل ئۇلارنى باشلاپ جۇشقۇننىڭ ياتىقىغا كەلگەندە، كۈن ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ بولغانىدى. ئۈرۈمچىنىڭ بالدۇرلا قاراڭغۇلۇق قاپلايدىغان ئاسمىنىدا بىرەر تالمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ بەشىنچى قەۋەتكە ئاران چىقالىدى.

— يەنە ماڭىمىزمۇ؟ — رىسالەت نېپىز كىيىملەر ئىچىدە بەكمۇ توڭلاپ كەتكەنىدى، ئۇ بىر قولى بىلەن بىقىنىنى تۇتقىنىچە ھاسىراپ تۇرۇپ سورىدى، — بۇ سىنىڭ ئۆيۈڭدىكىلەر نىمانچە ئېگىزگە چىقىۋالغان؟ ۋايجان، ھالىم قالمىدى.

— بولدى قاقشىما، — نۇرگۈل بەشىنچى قەۋەتنىڭ سول تەرىپىدىكى بىر ئىشىكنى بوشقىنا چەكتى. ھايالشمايلا ئېگىز بويلۇق، يۈزلىرى يۇمىلاق، چىرايلىق بۇرۇت قويۇۋالغان بىر يىگىت ئىشىكنى ئاچتى.

— ئەمدى كەلدىڭلارمۇ؟ — دېدى ئۇ سەل نارازى بولغاندەك كەيپىياتتا، — بىز جەم بولغىلى نەچچاغ؟ يولۇڭلارغا بەكلا قاراپ كەتتۇق جۇمۇ، قېنى كىرىڭلار.

رىسالەت يىگىتنى نۇرگۈلنىڭ ئاكىسى بولسا كېرەك دەپ

ئويلىدى . يىگىتنىڭ «بىز جەم بولغىلى نىچاغ» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ، باشقا تۇغقانلىرىنىمۇ چاقىرىپ قويغان بولسا كېرەك دەپ خىيال قىلدى . شۇڭا ، ئۇ نېرى - بېرىسىنى ئويلىمايلا نۇرگۇلنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىردى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم...

— ياخشىمۇ سىلەر قىزلار ؟

رىسالەت مېھمانخانا ئۆيدىكى تام بويلىتىپ قويۇلغان ساپالاردا گېدىيىپ ئولتۇرغان ياشقىنا ئۈچ يىگىتنىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ سەل ھودۇقۇپ كەتتى .

— قېنى ، يۇقىرى ئۆتۈڭلار ، — دېدى ئىشىكنى ئاچقان يىگىت ئۇلارنى ساپاغا تەكلىپ قىلىپ ، — ھەممىمىز ئۆز ئادەم ، ھەرگىز قورۇنماڭلار - ھە !

— مەن سىلەرنىڭ يۈزۈڭلارنى بىر ئىچىۋېتەي ، — سەل چەتتە ئولتۇرغان بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ گۈلباھارنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ لېۋىگە بىرنى سۆيدى ، — بۇ مېنىڭ تومۇچۇقۇم بولىدۇ ، ئىسمى گۈلباھار...

رىسالەتنىڭ تېنى تىكەنلەشتى . ئۇ ئىتتىكلا نۇرگۇلگە قارىدى ، ئۇنىڭ ئاشۇ قارىشىدا «ھەي ، سەن بىزنى بۇ ئۆيگە خاتا باشلاپ كىرىپ قالمىغانسەن ؟ سېنىڭ بىزنى مېھمان قىلىدىغان ئۆيۈڭ مۇشۇما ؟ » دېگەن مەنە بار ئىدى . نۇرگۇل ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ ، يىگىتلەرگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى .

— قېنى ، سىزمۇ بېرىڭ خانقىز ، — دېدى ئىشىكنى ئاچقان يىگىت ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان رىسالەتنىڭ يەلكىسىدىن ئىتتىرىپ ، — ھەي ، بۇ خانقىزنى قايسىڭلار يېنىڭلىغا چاقىرىۋالىسىلەر ؟

— قېنى ، بۇياققا كەل ، — نۇرگۇل ئىشىنىڭ بىسمىللىسىدىلا بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ ، ئۇنى يېنىغا چاقىرىۋالدى ، — ھەممىمىز ئۆز ئادەم ، قورۇنما ، قېنى ، بۇياققا كەل .

رىسالەت ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا قىپيالىڭاچ تۇرغاندەك ئۆزىنى بەكمۇ ئەپسىز ھېس قىلدى . ئۇ بىرسى ئەتەي بويىنىدىن ئارغامچا بىلەن باغلاپ تارتقاندەك بەكمۇ تەسلىكتە نۇرگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى .

— بىر موللامدىن ئاڭلىشىمچە ، ئاياللار ئەرلەرنىڭ كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن نېمەت قىلىپ يارىتىلغانىكەن ، — دېدى باشتىكى ئىشىكنى ئاچقان يىگىت ئۇلارغا چاي تۇتۇۋېتىپ ، — سىلەرنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىڭلارنى ئەستىن چىقارماي ، بۇ يەرگە بىزنى دەپ كەلگىنىڭلارغا رەھمەت . مېنى جۇشقۇن دەپ چاقىرساڭلا بولىدۇ ، نۇرگۈلنىڭ سۆيگىنى بولىمەن ، — ئۇ رىسالەتكە يەۋېتىدىغاندەك قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — ماۋۇ قەھرىمانىمىز ئابدۇل بولىدۇ . بۇ نەرسە «غەربكە ساياھەت» فىلىمىدىكى جۇباجىنىڭ ئۆزى ، خوتۇن - قىزلارنى كۆرسە پەقەتلا ئۆزىنى تۇتالمايدۇ . گۈلباھار قىزنىڭ تەلىيى باركەن . ھەممىمىزنىڭ كۆزىچە ئۇنىڭدىن مۇكاپات ئالدى . ئەمدى بۇ ئاغىنىلەرگە كەلسەك ، ماۋۇ قاما تۇماق ياسىن تۇلكە ، ماۋۇ ئەرشىدىن خورما ، ھەممىسى شوخ بالىلار ، دوستلۇققا يارايدۇ . ئەمدى بۇ خانقىزلارنى سەن تونۇشتۇرد - ۋەت ، — ئۇ نۇرگۈلنى سەنلەپ قويدى .

— ماۋۇ ساۋاقدىشىم رىسالەت ، خوتەندىن . ماۋۇ ساۋاقدىشىم رەشىدە ، ئاقسۇدىن . بىز ھەممىمىز بىر سىنىپتا ، يەنە كېلىپ بىر ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيمىز…

— سىلەر ساۋاقداشلا ئەمەس ، تېخى ياتاقداشلار - كەنسىلەر - دە !

— بىر پىيالەكنىڭ خەمەكلىرى دەڭلا…

—بۇگۈن تويغۇچە كاۋا يەيدىكەنمىز - دە ، — ياسىن دېگەد - نى تىزىغا مۇشتلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— ئىش پۇتتى ، — جۇشقۇن ھىجىيىپ ئولتۇرغان ئەرشىد - دىنگە قاراپ دېدى ، — ياسىنجان كاۋا يېمەكچى ، ئەمدى ماۋۇ ياڭاق پادىشاھى تەبىئىيلا ساڭا قالدى ، بۇرادەر ، ھا ، ھا ، ھا…

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى . رىسالەت خۇددى چوغ-
نىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قالغاندەك تولغىنىپ كەتتى .
— مېنىڭ يەنىلا تەلىيىم باركەن ، — ئەرشىدىن رىسالەتكە
قاراپ كۆزىنى قىستى ، — قاراڭلار ، بۇ قىز قاشتېشىدىن ئويۇپ
ياسىغاندەك چىرايلىق ئىكەن ، ئەتە - ئۆگۈن ئالما - كاۋا يەپ
تويغانلار كۆز سېلىشساڭ ، كۆزۈڭنى ئويۇۋالىمەن جۇمۇ…
— ۋەيت…
— مېنى قانداق يەرگە باشلاپ كەلدىڭ ، نۇرگۈل ؟ —
رىسالەتنىڭ ئەمدى تاقىتى قالمىغانىدى ، ئۇ نۇرگۈلنىڭ قۇلىقىغا
پىچىرلىدى ، — ئۆيۈمگە بارىمىز دېگەنىدىڭغۇ ؟
— مۇشۇمۇ مېنىڭ ئۆيۈمغۇ ؟ — نۇرگۈل ئۇنىڭ قولىنى
ئاستا ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى ، — بۇ ئۆي جۇشقۇننىڭ ، ئۇ
مېنىڭ مۇھەببىتىم ، شۇڭا بۇ ئۆيمۇ مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش ،
ھەرگىز قورۇنما .
— ئۇلار مۇشۇنداق ھاياسىزلىق قىلىۋاتسا ، مەن قورۇنماي
ئولتۇرالايمەنمۇ ؟
— سەن ئىلگىرى مۇنداق سورۇنلارنى ئانچە كۆرۈپ باقمى-
غاچقا ، دەماللىققا كۆزۈڭگە سىغماسلىقى ئېنىق . ئەمما ، سەن
بۇنداق سورۇنلارغا كۆنمىسەڭ بولمايدۇ . بۇ دېگەن ئۈرۈمچى .
ئۈرۈمچىدە ياشايمەن دەيدىكەنسەن ، كۆرمىگەننى كۆرۈشۈڭ ، كۆن-
مىگەنگە كۆنۈشۈڭ كېرەك ، ئاداش .
نۇرگۈل ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىستى ۋە يەنە قوشۇپ قويدى :
— يەنە كېلىپ سەن ئەمدى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يۈزى ئېچىل-
مىغان ئوقۇغۇچىسى ئەمەس . ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىسەن ، ئالىي
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن مۇھەببەت تۇتۇش ، بۇنداق سو-
رۇنلارغا ئىشتىراك قىلىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس . ئېچىلىپ ئول-
تۇر ، ئاداش .
بىر ئاز تەكەللۇپ بىلەن قىزلار شىرەدىكى قورۇمىلارغا ئاز -
تولا ئېغىز تەگكەن بولدى . رىسالەت ئەرشىدىن تۇتقۇزغان چوكىنى

قورۇنىلارغا تەگكۈزۈپ قويدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەيتتى . مۇشۇ ئۆينىڭ قايسىدۇر بىر يېرىدە دادىسى ئۆزىگە قاراپ تۇرغاندەك بىر سېزىم ئۇنى ئارامسىزلاندۇرماقتا ئىدى . ئۇ يەرنىڭ تېگىدىن رەشىدەگە قاراپ قويدى ، ئۇ سەل قورۇنۇپ تۇرسىمۇ چوكىسىنى تېز - تېز ھەرىكەتلەندۈرۈپ قورۇ-مىلارغا تۇتۇش قىلماقتا ئىدى .

— ئەمىسە كونا - يېڭى دوستلار ئاز - تولا تونۇشۇۋالغان بولدۇق ، — دېدى جۇشقۇن بولۇڭدىكى ئىشكاپىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، — ئاز - تولا ئىچىشكەچ تانسا - پانسا ئويناپ ، دوستلۇقىمىزنى يەنىمۇ چىڭىتمايلىمۇ ئەمدى ؟

— شۇنداق قىلايلى ، — يىگىتلەر تەڭلا گۇركىرىدى . بۇ شاۋقۇن - سۈرەنلەرگە نۇرگۈل بىلەن گۈلباھارنىڭ نازلىق ئاۋازى-مۇ جور بولدى .

بوتۇلكىلار ئېچىلدى . بىردەمدىلا ئۆينىڭ ئىچى ئىسپىرت پۇ-رىقىغا تولدى . جۇشقۇن غاز بويۇن رومكىغا قىزلار ئۈچۈن قىزىل ھاراق ، پاكار ، دىقماق رومكىغا ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاق ھاراق قۇيدى .

— ئەمىسە ئىشنى ئاۋۋال مەن مۇھەببىتىم بىلەن باشلاپ بېرەي ، — دېدى ئۇ بىر رومكىنى نۇرگۈلگە سۇنۇپ ، — ھەم-مەيلەننىڭ ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن ، قىزلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن خوشە...

بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان رومكىلار نازۇك جىرىڭلىدى . نۇر-گۈل جۇشقۇننىڭ كۆزلىرىگە چۆكۈپ كېتىدىغاندەك تىكىلىپ تۇ-رۇپ قولىدىكى رومكىنى ئېغىزىغا ئاپاردى . رىسالەت ئۇنىڭ ھېچ-بىر ھېيىقماستىن ، ئىچمەيمەن ، دەپ ناز قىلماستىن خۇددى مەك-تەپ ئاشخانىسىدىن ئېلىپ كىرگەن چاينى ئىچىۋاتقاندەكلا رومكا كۆتۈرگىنىگە ھەيران قالدى . قىپقىزىل سۇيۇقلۇق بىردەمدىلا ئۇ-نىڭ ئېغىزىغا كىرىپ ، غۇرتۇلدىغىنىچە گېلىدىن ئۆتۈپ كەتتى .

— يارايسىز نۇرگۈل...

— ئالامەت كۆتۈرۈپ قويىدىكەنسىز ئەمەسما؟

مەنمۇ ئۇنىڭ شۇ يېرىنى دەيمەن ـ دە، — جۇشقۇن لەۋلىرىدىنى تەمشىپ قويۇپ، نۇرگۈلنى ماختاۋاتقان يىگىتلەرگە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن ئۇنى تۇنجى سورۇندىلا ياخشى كۆرۈپ قالغان.

— بۇنداق قىزلار بىلەن بىللە ئۆتسە، ئادەم مەڭگۈ قېرىمايدۇ، — دېدى ياسىن رەشىدەنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — شۇنداق ئەمەسمۇ، سىڭىلچاق؟

— مەن قىزلار بىلەن ئۆتۈپ باقمىغاندىكىن، بىلمەيدىكەنمەن، — رەشىدە بىرئاز ئوڭايسىزلانغان ھالدا كۈلۈپ قويدى.

— ئەمدى بىزدەك يىگىتلەرنىڭ قولىنى چىڭ تۇتسىڭىز، سىزمۇ مەڭگۈ قېرىمايسىز…

— شۇنداق، يىگىت دېگەن قىزلارنىڭ دورىسى، — ئەتىدىن بېرى ئۇندىمەي ئولتۇرغان ئابدۇل گەپكە ئارىلاشتى، — مانا قاراڭلار، گۈلباھار بىلەن دەسلەپ تونۇشقان ۋاقتىمدا ئۇنىڭ سېرىق تۇكلىرىمۇ چۇشمىگەندى، بىز شۇنداقلا ئارىلىشىۋىدۇق، ئۇنىڭ پەي ـ قاناتلىرى رەڭ تۇزەپ قالدى. بىزنىڭ قىزلار ئۇچۇن ھەقىقەتەن روھلاندۇرۇش دورىسى ئىكەنلىكىمىزدە گەپ يوق، شۇنداقمۇ گۈلباھار؟

— ۋىيەي، دەپكەتكىنىنى، — گۈلباھار ئۇنىڭ ئېغىزىغا بىر چوكا قورۇما سېلىپ قويدى، — غۇلجىدىن كەلگەندىكىن، پونى مەن ئاتامدىمەنكىن دېسەم، ئەسلىدە بۇ يەردىمۇ بىرى باركەن ئەمەسمۇ؟

— پوچىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ مەنمۇ ئۆگىنىپ قالغان بولسام كېرەك…

— ۋەيت…

جۇشقۇن رومكىلارنى يەنە توشقۇزۇپ، ئابدۇل بىلەن گۈلباھارغا سۇندى. ئۇلارمۇ بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىگە بېقىپ تۇرۇپ رومكىنى بوشاتتى.

— بەللى ، بەللى ، — جۇشقۇن قۇرۇقدالغان رومكىلارنى ئالغاچ ئۆزىچە سۆزلەپ كەتتى ، — كۈندە مۇشۇنداق بىر - بىرىمىزنىڭ كۆزىگە بېقىپ سورۇن تۈزسەك ، هاراق ئەمەس ، زەھەر ئىچسەكمۇ سىڭىدۇ - دە ، ئادەمگە . قېنى ، ئەمدى نۆۋەت سىلەرنىڭ ...

ئۇ يەنە ئىككى رومكىغا هاراق قۇيۇپ ياسىن بىلەن رەشىدەگە سۇندى .

— مەن ئىچىپ باقمىغان ، — دېدى رەشىدە بىرنېمە دېسەڭلارچۇ دېگەندەك نۇرگۈل بىلەن گۈلباھارغا قاراپ ، — مېنىڭ ئىچمەيدىغىنىمنى ئوبدان بىلىسىلەرغۇ ؟

— بىزمۇ ئىلگىرى ئىچمەيتتۇق ، — گۈلباھار قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ قويدى ، — مانا مۇشۇنداق سورۇن ھەممىنى ئۆگىتىدۇ . قېنى ، ئالە ناز قىلماي .

— شۇنداق ، — نۇرگۈلمۇ ئۇنىڭغا بولۇشتى ، — بىزمۇ ئانىمىزدىن تۇغۇلغاندا بوتۇلكا كۆتۈرۈپ چۈشمىگەن ، بۇ دېگەن ئۇرۇمچى ، ياشايمەن دەيدىكەنسەن ، بىلمىگەننى ئۆگىنىشىڭ كېرەك . تۇرمۇش ساڭا ھەممىنى ئۆگىتىدۇ ، رەشىدە . قېنى ، ياسىنجاننىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بىرنى كۆتۈرۈۋەت .

— شۇنداق ، شۇنداق ، — جۇشقۇنمۇ چالا كۈيگەن ئوتنى پۈۋلەشكە باشلىدى ، — قاراڭا ، شۇنداق كېلىشكەن بىر يىگىت كۆزىڭىزگە قاراپ تۇرسا ، سىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرسىڭىز بولامدۇ ؟ ھە قېنى ، گۇپپىدە ...

سالاغا بوش رەشىدە كۆپ تارتىشمايلا قولىدىكى تىترەپ تۇرغان رومكىنى ياسىننىڭ قولىدىكى رومكىغا يېنىك تەگكۈزۈپ قويۇپ ، كۆزىنى يۇمۇپلا كۆتۈرۈۋەتتى . ياسىن رومكىنى بوشىتىپ ئۇنىڭغا قارىغاندا ، رەشىدە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ سەسكەنمەكتە ئىدى .

— تۇنجىسىنىڭ گالدىن ئۆتمىكى تەس ، — جۇشقۇن يەنە رومكىغا هاراق قۇيدى ، — بىرسى ئۆتۈپ كەتسىلا قالغىنى ھېچ گەپ ئەمەس . خوش قېنى ، ئەمدىكى نۆۋەت ئەرشىدىن بىلەن رىسا-

لەتنىڭ . سىلەرنى كۆپ ساقلىتىۋەتتىم ـ هە ! كەچۈرۈڭلار ، قېنى ئەمىسە…

رىسالەت ئۆزىگە رومكا ئەمەس ، قان تامچىپ تۇرغان شەمشەر تەڭلىنىۋېلىپ تۇرغاندەك شۈركۈنۈپ كەتتى . ئۇ جۇشقۇنلۇقنىڭ چىرايىدا بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى .

ــ كەچۈرۈڭلار ، مەن ئەزەلدىن بۇنداق بىرنېمىنى ئىچىپ باقمىغان ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قەتئىي ئىچمەيمەن . ياخشىسى مېنى زورلىماڭلار ، مەن خۇش بولۇپ كېتەي…

ــ ماڭا قاراڭ قىزچاق ، ــ جۇشقۇن سەل رەنجىگەندەك قاراپ قويدى ، ــ گەپنى ئۇنداق كېسىۋەتمەڭ ، بىز سىلەر ئۈچۈن بۇ سورۇننى تۈزۈپ ئولتۇرۇپتىمىز . شۇڭا ، سىلەرمۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ئېلىپ ئىلتىپاتلار كېرەك . ئەرشىدىن ئالتۇندەك بالا ، قاراپ تۇرۇپ گۆھەرنى تاشقا ئۇرسىڭىز بولامدۇ ؟ ئۇنداق قىلماي بۇ رومكىنى شاققىدە كۆتۈرۈۋېتەمسىز ؟

ــ مەن ئىچمەيمەن ، مېنى زورلىماڭلار…

ــ ۋاي ـ ۋۇي ، ئىچمىسىڭىز نېمە بار بۇ يەردە سىزگە ؟ ــ ئابدۇل قىزارغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى ، ــ ماڭا قاراڭ خېنىم ، بىز بۇ يەرگىچۇ ، ئىچمىسىز ، ئوينايمىز دەپ جەم بولغان . نېمە قىلىق بۇ ؟ مەن نى ـ نى ئالىي مەكتەپ قىزلىرىنى شاما قىلىۋەتكەن ئادەم ، شۇ چاغقىچە بىرەرسىنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا مۇنداق ئىچمەيمەن دەپ ئەدەپسىزلىك قىلغىنىنى كۆرمىگەن . رومكىنى ياخشىلىقچە قولىڭىزغا ئېلىڭ . بولمىسا …

ــ ئالمىسام ، قانداق قىلىسىز ؟ ــ رىسالەتنىڭمۇ جەھلى قېتىشقا باشلىدى ، ــ مەن سىزنىڭ نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلىدىغان كۆندۈرۈلگەن مايمۇنىڭىز ئەمەس . مېنى زورلىيالمايسىز .

ــ قېنى ، مۇشۇ هاراقنى ئىچمەي نەگە بارىسىزكىن ، مەن بىر كۆرەي ، ــ ئابدۇل چاپىنىنى سېلىپ ئۆينىڭ نەگىدۇر بىر يېرىگە چۆرۈۋەتتى . ئىشنىڭ سەل ئەپلەشمەيۋاتقىنىنى كۆرگەن نۇرگۈل سۆزگە ئارىلاشتى :

— بۇ ئۇنچىۋالا يامان نەرسىمۇ ئەمەس ، ئەنە ، رەشىدەمۇ ئىچتىغۇ ؟ ئۇنداق قىلما رىسالەت ...

— مەن رەشىدەدەك سالاغا بوش ئادەم ئەمەس ، — رىسالەت بىرىپ كىيىم ئاسقۇدىكى نىپىز چاپىنىنى قولىغا ئالدى ، — ئىچمەيمەن دىدىم ئىچمەيمەن . خوش ، مەن كەتتىم .

— نەگە ؟ — ئابدۇل ئورنىدىن سەكرەپ قوپتى ، — مۇشۇ ئىشىكتىن بىر چىقىپ باقە قىنى پاسكىنا ، بوغۇزلىۋىتىمەن سىنى ...

رىسالەتنىڭ كۆزىگە قان قۇيۇلدى ، ئۇ كەينىگە داجىپ يىنىپ جۇشقۇن تىخچە كۆتۈرۈپ تۇرغان غاز بويۇن رومكىنى قولىغا ئالدى ۋە ئابدۇلنىڭ يۈزىگە ئاتتى .

— سەندەك بىرنىمىدىن قورقۇپ قالسام ، ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كىتەي ، كىلە خام كاللا ، ساڭا تىتىمىغان جاننى مۇشۇ بىنادىن تاشلىۋىتەرمىنا ...

ئابدۇل ئۇنىڭ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىگە بىر قاراپلا داڭقىتىپ تۇرۇپ قالدى . ئۇ ئۆمرىدە مۇنداق جاھىل ، قارام ، قورقماس قىزنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى . ئۇ نىمە قىلارىنى بىلمەي ئەتراپقا ئالاڭلاپ قارىدى .

— مەن ، مە ... مەن ، چاقچاق قىلىپ قويغانىدىم ...

— چاقچاق قىلىدىغان ئادىمىڭنى تىپىپ چاقچاق قىل ، — ئۇ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى . گۈلباھار ئىشنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە رىسالەتنىڭ ئالدىنى توستى .

— ئۇنداق قىلما ئاداش ، ئابدۇل ئاشۇنداق چاقچاقچى بىرنىمە . ئۇ ساڭا تىرە تاراقشىتىپ قويۇۋاتىدۇ . بىزنىڭ يۈزىمىزنى قىلىپ بىردەم ئولتۇر . ئىچمىسەڭ مەيلى .

— شۇنداق قىل رىسالەت ، — نۇرگۈلمۇ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ساپا تەرەپكە تارتتى ، — بىر چىرايلىق سورۇنىمىز بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن . ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كىلىدۇ .

— سىلەر بىردەم ئولتۇرىمىز دىسەڭلا ئولتۇرۇۋۇي .

ـردـڭلار ، ــ رىسالەت بوش ئاۋازدا شۇنداق دېدى ، ــ مەن بۇ تۇرقىدا ئولتۇرسامـمۇ پەيزىڭلارنى ئۇچۇرۇپ قويغـۇدەكـمەن . ئاستا كېتىۋالاي . ئەمما ، ئۆزۈڭلارنىـڭ قانداق ئادەم بىلەن ئۇلـ. پەت بولۇۋاتقىنىڭلارنى دەڭسەپ بېقىپراق بىر ئىش قىلارسىلەر . خوش ، مېنى توسۇماڭلار ، ياتاقتا كۆرۈشەيلى .

ــ رىسالەت...

ــ بولدى ، بىز سىزگە ناماقۇل بولايلى ، هاراقىمۇ زورلىـ. مايلى ، بىردەم ئولتۇرۇڭ ...

ــ خانقىز ...

رىسالەت قىز ـ يىگىتلەرنىڭ چاقىرىشلىرىغا پىسەنت قىلماي ، جۇشقۇننىڭ ياتىقىدىن چىقىپ ، بىنا پەلەمپەيلىرىنى تاقىلدىتىپ دەسسىگىنىچە پەسكە چۈشۈپ كەتتى . ھەممەيلەن ئۇنىڭ بارغانسېـ. رى يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىغا قۇلاق سالغىنىچە بىر پەس تۇرۇپ قېلىشتى .

ــ ئەجەب ئېشەكتەك جاھىل بىرنېمىكەنغۇ بۇ ؟ ــ جۇشـ. قۇن شۇنداق دېگىنىچە ئاستا كېلىپ ساپادا ئولتۇردى ، ــ توۋا خۇدايىم ، قىلىقلىرىدىن چىشى يولۋاسنىڭ ئۆزى .

ــ ئىككى ئېغىز چاقچاقنى كۆتۈرەلمەي ، ئۆپكىسىنىڭ شالاـ قلاپ كەتكىنىنى كۆرۈڭ .

ئابدۇل شۇنداق دېگىنىچە بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى ۋە كۈچەپ شوراشقا باشلىدى .

ــ چاقچـاق دېگەنـنى شۇنداقمۇ قىلامـسىز ؟ ــ نۇرگۈل ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويدى ، ــ ئۇ سىزنىڭ تەھدىتلىرىڭىزـ گە ، جىن كۆرسىتىپ قورقۇتۇشلىرىڭىزغا باش ئېگىدىغان قىز ئەمەس . بىزمۇ ئۇنىڭغا مۇنداق قوپال چاقچاق قىلمايتتۇق . قاراڭا قىلغان ئىشىڭىزنى .

ــ شۇ ئەمەسمۇ ، ــ گۈلباھارمۇ سۆزگە ئارىلاشتى ، ــ مەن يېنىڭىزدا بولغاندىكىن ، خەقنىڭ ئېشىغا چاڭگال سېلىپ نىمە قىلاتتىڭىز ؟ ئۇنى ئەرشىدىنكام ئاستا ـ ئاستا كۆندۈرۈۋالاتتى

ئەمەسمۇ ؟
ئەرشىدىن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ، بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن لىككىدە ئورنىدىن تۇردى ۋە چاپىنىنى كىيىپ سىرتقا ماڭدى .
— نەگە بارىسىز ؟ — نۇرگۈل ئالدىراپ سورىدى .
— مەن كېتەي ، — ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ھەممەيلەنگە بىر قۇر قاراپ چىقتى ، — بۇ يەردە ئوغرى چىشتەك قىستىلىپ ئولتۇرسام ، كەيپىڭلار ئۇچۇپ كېتىشى مۇمكىن . شۇڭا ، مەنمۇ تېگىشلىك ئورنۇمنى تېپىۋالغىنىم ياخشى . خوش …
— ئەرشىدىنكا ، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ ، مەن سىزگە تىرناقتا توختايدىغان قىزدىن يەنە بىرنى تونۇشتۇرۇپ قويىمەن .
ئەرشىدىن ئاۋارە بولماڭ ، دېگەندەك قولىنى چايقاپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

17

رىسالەت جۇشقۇننىڭ ياتىقىدىن چىققاندا ، ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى . كوچىلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە شۈمشىيىپ ياتاتتى . كىشىلەرنىڭ ئايىغى بېسىققان كوچىلار ئەسلىدىكىدىن خېلىلا كېڭىيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى . كوچا ئاپتوبۇسلىرى قاتناشتىن توختىغان ، ئاندا - ساندا ئۆتۈپ قالىدىغان تاكسىلار ئادەمگە تولىمۇ بىچارە كۆرۈنەتتى .
رىسالەت ئاشۇ قاراڭغۇ كوچىدا يالغۇز كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ تاكسىغا بەرگۈدەك پۇلى يوق ، شۇڭا مەكتەپ بىلەن بولغان ئارىلىقى خېلىلا يىراق بۇ يولدا پىيادە ماڭماي ئامالىمۇ يوق ئىدى . ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ كوركىراپ كەتكەنىدى . نېمىشقىدۇر ئۇنى يىغا تۇتۇپ كەتتى . قاراڭغۇ كوچىدا تەنھا قالغان بۇ قىز ئۆزىنى بەكمۇ يېگانە ، غېرىب ھېس قىلاتتى . ئۇ قارىيىپ تۇرغان يۇلتۇزسىز ئاسمانغا قارىدى . ئۇ يەردە ئادەمگە ئۈمىد بېغىشلايدىغان زەر-

رىچە نۇر يوق . يات شەھەردە ، يات كىشىلەر ئارىسىدا مۇشۇنداق تەنها قېلىشتىن ئارتۇق ئازاب بارمۇ ؟ ئەمما ، ئۇ ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەپ قارايتتى . بىرنەچچە تەخسە قورۇما ، بىرنەچچە رومكا سىپسىق هاراق ، ساختا ۋەدىلەر بەدىلىگە ئۆزىنى خاراب قىلغاندىن مۇشۇنداق تەنها قېلىشمۇ مىڭ ياخشى دەپ ئويلايتتى . ئۇ ساۋاقداشلىرىدىن بىرەرسىنىڭمۇ ئارقىسىدىن چىقىپ ئۆزىگە ئەگەشمىگىنىگە بەكمۇ ئەپسۇسلاندى .

كوچىدا ئاچچىق شامال ھۇشقۇيتاتتى . يىراق ـ يىراقلاردىن مەستلەرنىڭ ئالىتاغىل ۋارقىراشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى . رىسالەت-نىڭ يېلىك كىيىمى بۇنداق قاتتىق سوغۇق ئالدىدا ھېچنېمىگە دال بولالمايتتى . ئۇ مۇشۇنداق سوغۇق كوچىلاردا جالاقلاپ تىترەپ كېتىۋېتىپ يولغا چىقىش ئالدىدا دادىسىنىڭ دېگەنلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئېسىگە ئالدى . ئەنە ، يىراقتا ، بەكمۇ يىراقتا قالغان دادىسى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىمەكتە . ئۇنى باغرىغا بېسىش ئۈچۈن غۇلاچلىرىنى كەڭ ياياقتا . «ئاپئاق قىزىم ، جېنىم قىزىم ، ئاتاڭ سەندىن مىڭ مەرتىۋە رازى ، سەن ھەمىشە مۇشۇنداق غۇرۇر بىلەن ياشا» دەپ ندا قىلماقتا ...

بىر غايىب كۈچنىڭ ئۆزىگە مەدەت بېرىپ ، دادىسىنىڭ ئۈمىد-دىنى ئاقلىيالىغىنىدىن ئۇ بەكمۇ خۇرسەن بولدى . ئەمما ، سوغۇق كۈچلۈك ، شامال ئاچچىق ، ئۇ تەنها ، قورساق ئاچ ، يانچۇق قۇرۇق ئىدى . شۇ تۇرقىدا ئۇ يەنە سۇلايمان قاسىمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈر-دى . نېمىشقىكىن ئۇنىڭ قەلبى يەنە شۇررىدە ئېرىپ ، ئۆزىنى بىرئاز ئىسسىپ قالغاندەك ھېس قىلدى . ئەجەبا ، ئۇنىڭغا ئىللىق هارارەت بېغىشلاۋاتقىنى قانداق سېھرىي كۈچكىن ؟ ئۇ ھەر قېتىم سۇلايمان قاسىمنى خىيال قىلسىلا «سەرەڭگە سانقۇچى قىز» نام-لىق چۆچەكتىكى قىزنىڭ ئالدىدا ئاق داستىخان سېلىنغان ، ئۈس-تەل ئۈستىدە ۋىلكا ـ پىچاقلار ۋە غاز كاۋىپى تەخ بولۇپ تۇرغان بىر ئۈستەل پەيدا بولغاندەك بىر ئىللىق سىزىم ئۇنىڭ كۆڭۈل خانىسىنى ئىللىتىۋەتەتتى . ھەي ، شۇ تاپتا ئاشۇ سۈرەت يېنىمدا

بولسىچۇ ··· رىسالەت ئىغىر خورسىنىپ قويدى . ئەمدى ئۇ سۇلاي-
مان قاسىمنى ھەرقانچە قىلىپمۇ كالللىسىدىن چىقىرىۋەتەلمىدى .
بۈگۈن بولغان كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ ئۇنىڭ يادىدىن پاك - پاكىز
كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . ئۇنىڭ شامال ھۇشقۇيتۇپ تۇرغان كوچىلاردا
ۋارقىراپ ناخشا توۋلىغۇسى ، كىملەرنىدۇر قوغلاپ ئوينىغۇسى
كېلىپ كەتتى . ئەمما ، ھەي ، يەنىلا سوغۇق ، ئاچلىق ئۇنىڭغا
كۈچ كۆرسەتمەكتە ئىدى . ئۇ رەشىدەنىڭ ئاچ كۆزلۈك بىلەن بىر
نەرسە يېيىشلىرىنى كۆزئالدىغا كەلتۈردى . لېكىن ، بۇ كۆرۈنۈش
يەنىلا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سۇلايمان قاسىمنىڭ چىرايى بىلەن
ئالمىشىپ قالدى .
— شۇ تۇرقىدا ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى خىيال قىلىپ قالغى-
نىمىنى بىلەمدىغاندۇ ؟ — ئويلىدى رىسالەت چوڭقۇر مۇڭغا
پاتقان ھالدا ، — بەلكىم ئۇ بۇ چاغقا ئۇخلاپ قالدى . ھەي ،
ئىسسىق ئۆي ، ئىسسىق چىراي ، ئىسسىق كۆڭۈل ، ئىسسىق تا-
ماق ، ئىسسىق ···
ئۇ خىيال بىلەن كېتىۋېتىپ ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر
شەپىدىن چۆچۈپ كەتتى .
يولنىڭ قارشىسىدا بىر - بىرىنى يۆلەشتۇرگىنىچە بىرنەچچە
قارا گەۋدە كەلمەكتە ئىدى . رىسالەت ئۇلارنى كۆرۈپ ، يۈرىكى
ئىغىزىغا قاپسىلىپ قالدى . ئۇ ئەتراپقا قاراپ ، سەل نېرىدا تۇرغان
بىر ئېلان تاختىسىنى كۆردى ۋە ئۆزىنى شۇنىڭ كەينىگە ئاتتى .
گۈلۈپشىگەن ، تاراقشىغان ئاياغ تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەل-
مەكتە ئىدى . ئۇ ئۈن چىقارماستىن لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە ئول-
تۇرۇۋالدى . ئېلان تاختىسىنىڭ مۇزدەك سوغۇق تۆمۈر جازىسى
ئۇنىڭ يۈزلىرىنى ئېچىشتۇرىۋەتتى .
— ھەي ، بۈگۈنكى تاماشا ئەجەب ئەپلەشمىدى دېسە ، —
غودۇڭشىيتتى بوغۇق ئاۋازلىق بىرى ، — يەپ قاچار جالاپلارنىڭ
دامىغا بىر چۈشۈپ كەتتۇق - دە !
— ئۆزىمىزگىمۇ ئاز ، — يەنە بىرىنىڭ خىرقىرىغان ئاۋازى

ئاڭلاندى ، ــ ئاشنا يەڭگۈشلەيمىز دەپ نەدە بىر سويمىلارنىڭ كەينىدىن يۈرگەندىن كېيىن ، تارتقۇلۇقىمىز بار بىزنىڭ .
ــ ئەمدى شۇ ، ئالىي مەكتەپ قىزلىرىنى قۇشلاش مودا بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ ؟
ــ قۇرۇسۇن مۇنداق قاملاشمىغان مودىلار ، ئاناڭنى ، ئۇلار-نى ئەتە - ئۆگۈن تېپىۋالىدىغان بولسام ، قاسقىنىنى يېرىۋېتىمەن تازا ...
ــ ھەي ، شۇ تۇرقىدا ئالدىمىزغا بىرى ئۇچرىغان بولسىدى ، ھەممە ئاچچىقنى شۇنىڭدىن ئېلىپ ، ئانا - مانىسىنى كۆزىگە بىر كۆرسىتىپ قوياتتۇق .
ــ نۆۋەتلىشىپ بولسىمۇ مەيلى ئىدى ...
ــ ھا ، ھا ، ھا ...
ئۇلار ئاچچىقنى نەدىن چىقىرىشنى بىلمەي قالغان كوچا زو-مىگەرلىرى ئىدى . قارىغاندا ئۇلارمۇ بۈگۈن ئوبدانلا قويۇلغاندەك قىلاتتى . رىسالەت بۇنداقلارنىڭ قولىغا چۈشكەن ئادەمنىڭ جېنىغا ۋاي ، دەپ ئويلىدى . ئۇ ئاياغ تىۋىشى خېلى يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن ، ئورنىدىن تۇردى ۋە ئايىغىنى سېلىپ قولتۇقىغا قىستۇر-غىنىغىچە ئېھتىيات بىلەن مەكتەپكە قاراپ يۈگۈردى . ئىزغىرىن شامال ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ھۇشقۇيتۇپ ئۆتەتتى . چۇۋۇلغان شارپىسى بوينىدا پۇلاڭلايتتى ، مەڭزىنى بويلاپ ئاققان كۆز ياشلى-رى مۇز بولۇپ قاتقانىدى . ئۇ قانچىلىك يۈگۈردىكىن ، بىر چاغدا مەكتەپنىڭ چىراغلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى . چىراغ يورۇقىنى كۆرگەندىلا ئۇنىڭ پۇت - قولىغا جان كىرگەندەك بولدى .
خەپ ، ئەمدى باشقىلارنىڭ دامىغا ھەرگىز چۈشمەيمەن . نۇر-گۈل ، گۈلباھار ، رەشىدە ، سىلەرنىمۇ كۆرۈپ قويدۇم . بەلكىم مۇشۇ تاپتا مېنى ئەيىبلەۋاتقانسىلەر ، مېنىڭ ھاماقەتلىكىمنى ، ئىش - قائىدە ئۇقماسلىقىمنى ، سورۇنۇڭلارنى بۇزغانلىقىمنى ئە-يىبلەپ تىللاۋاتقانسىلەر ، ئەمما مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە يارىشا تۇتقان يولۇم بار . مەن بىر داڭلىق ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ،

كەلگۈسىدىكى دوختۇر ، شۇنداق ئىكەن ، هازىردىن باشلاپ قەلبىمـ
گە تۇرلۇك مىكروبلارنى يېقىن يولاتماسلىقىم كېرەك . ماڭا ئەسقاـ
تىدىغىنى هازىرقى بىردەملىك خۇشاللىق ئەمەس ، يىگىتلەرنىڭ
يالغان - ياۋىداق ۋەدىلىرى تېخىمۇ ئەمەس . مەن دوختۇر بولىمەن ،
كىمنىڭ قىزىكەن دېسە ، هوشۇر سەلەينىڭ دېگۈدەك دوختۇر بولدـ
مەن . بۇنىڭ ئۈچۈن دوختۇرلۇقنى جۇشقۇننىڭ ياتىقىدا ئەمەس ،
مەكتەپنىڭ دەرسخانىلىرىدا ، تەجرىبىخانىلىرىدا ، كۇتۇپخانىلىرىدا
ئۆگىنىمەن . قېنى ، كىم ئاخىرغىچە كۈلەركىن ؟ بۇنى هامان كۆـ
رىمىز...

ئۇ شۇ خىيال بىلەن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى .
نېمىشقىكىن دەرۋازا ئۇنىڭغا بىر مەكتەپنىڭ ئەمەس ، جەننەتنىڭ
ئالتۇن دەرۋازىسىدەك چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى .

تۆتىنچى باب

# تېخىر قاش

18

سۇلايمان قاسىم ئىدارىگە كېلىشىگە تازىلىق قىلىۋاتقان ھو-
شۇر سەلەي ئۇنى چاقىرىپ قالدى:
— ئۇكام، ئىدارە باشلىقىمىز سىنى كەلسە ئىشخانامغا بې-
شىنى تىقسۇن، دېدى.
— ئەتىگەندە نېمە ئىش چىققاندۇ ئەمدى؟ — سۇلايمان
قاسىم ماتېرىيال سومكىسىنى ئىشخانىسىغا تاشلاپ قويۇپ، تۆتىن-
چى قەۋەتتىكى ئىدارە باشلىقى ئىشخانىسىغا قاراپ چاپتى. ئۇ
ئىشخانا ئالدىغا كەلگەندە ھاسىراپ، دېمىنىمۇ ئالالماي قالغانىدى.
ئۇ بىر ئاز توختاپ نەپىسىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن، ئىشىكنى
بوشقىنا چەكتى.
— كىرىڭ.
سۇلايمان قاسىم ئىشىكنى ئېھتىيات بىلەن ئېچىپ، ئىشخانىغا
كىرىپ كەلدى.
— مېنى ئىزدىگەنىدىڭىز؟ — دېدى ئۇ ئىدارە باشلىقى
بەگىيار يۇسۇپ بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ.
— شۇنداق ئۇكام، — دېدى ئىدارە باشلىقى ئاقارغان شالاڭ
چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ، — تۈنۈگۈن نازارەتتىن بىر فاكس
كەپتۇ. بىر ھەپتىلىك تەربىيىلەش كۇرسى باركەن، ئىدارە مەس-
ئۇللىرى مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق سىنى ئەۋەتىدىغان بولدۇق.
قانداق، سىنىڭ باشقىچە پىكرىڭ يوقتۇ؟

— تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا مېنىڭ نېمە پىكرىم بولسۇن؟ — دېدى سۇلايمان قاسىم. ئۇ ئىچىدە خۇشال بولدى، چۈنكى، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىپ باقمىغىنىغا بەش يىل بولۇپ قالغانىدى. ئۆزىگە كەمدىن - كەم نېسىپ بولىدىغان بۇنداق پۇر-سەتكە ئۇ ئەلۋەتتە خۇشال بولىدۇ - دە.

— ئەمىسە بۈگۈن تەييارلىق قىلىپ، ئەتە - ئۆگۈننىڭ ئىچىدە يولغا چىققىن. ئىدارە مالىيىسىدىن پۇلنى كۆپرەك ئېلى-ۋال. بىرەر ئىش بولسا، تېلېفون قىلارسەن.

— ماقۇل، — سۇلايمان قاسىم مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا ئىدارە باشلىقىنىڭ قولىنى چىڭ قىستى.

ئۇ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ، پەلەمپەي باس-قۇچلىرىنى تاقىلدىتىپ دەسسەپ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئىشخانىسى-غا كىرىپ كەلدى. ئۇ يەردە ھوشۇر سەلەي ئۇنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— نېمە ئىش ئىكەن، ئۇكام؟ — ئالدىراپ سورىدى ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ، — بىرەر يامان خەۋەر يوقتۇ؟

— ياق، ياق، مەن ئۈرۈمچىگە بارغۇدەكمەن، ھەپتىلىك تەربىيىلەش بار ئوخشايدۇ.

— نېمە؟ ئۈرۈمچىگە بارامدىكەنسەن؟ — ھوشۇر سەلەينىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، — ئوبدان بوپتىغۇ ئۇكام، بىزنىڭ رىسالەت بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ كەلگۈدەكسەن.

— ئۈرۈمچىگە بارغاندىكىن، ئەلۋەتتە ئۇنى يوقلاپ كېلىمەن ھوشۇركا، تەييارلىق بولسا قىلىپ قويارسىز.

— ماقۇل ئۇكام، — ھوشۇر سەلەي ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە خۇ-شال بولۇپ كەتتى، — ئوبدان بوپتۇ، ئۇكام، بۇمۇ بىر پۇرسەت، چوڭ شەھەرلەرنى كۆرۈپ كېلىسەن. ئەمما، ئۈرۈمچىدە بۇ يىل سوغۇقنىڭ پەيلى يامان ئىمىش. يولدا جاپا تارتىپ قالارسەنمۇ ئۇكام؟

— بۇنىڭغا ئامال يوق ، قىلىدىغان كىيىنىشقا ئىمكانىيىتى ئارمان ، ھوشۇركا .

ھوشۇر سەلەي ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى . سۇلايمان قاسىممۇ نەرسە - كېرەكلىرىنى رەتلەپ تارتمىغا سالغاندىن كېيىن ، مالىيە ئىشخانىسىدىكى رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكە ماڭدى .

بۈگۈن بۇ ئىككى ئائىلە ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم بايرام بولىدى . زۇلخۇمارنىڭ تاماقنى ئۆزۈم ئېتىمەن دېگىنىگە ئۇنىماستىن ، قەمبەرخان كەچلىك تاماقنا تۇتۇش قىلدى . ئۇلار سۇلايمان قاسىمنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۆيىگە چاقىرغانىدى .

— بىزنىڭ ئۇرۇمچى تەرەپلەرگە ئۆتۈشىمىزگە پۇرسەت يوق ، — دېدى ھوشۇر سەلەي تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شوراپ ئولتۇرۇپ ، — ئەمدى ئۇكام ، سەن بولساڭمۇ ئۇياققا يۇرۇشۇپ ئوبدان بولدى . قىزىمنىڭ مەكتىپىگە بېرىپ ياتىدىغان ياتىقىنى ، ئوقۇيدىغان سىنىپىنى كۆرۈپ كەلگىن ، مۇمكىن بولسا ئوقۇتقۇچىسى بىلەنمۇ كۆرۈشكەچ كېلەرسەن . ھەي ، بىچارە قىزىم قانداقراق تۇردىكىن ؟ ھە راست ، بولسا بىرەر پارچە سۈرەتكە چۈشۈپ بەرسۇن . ئالغاچ كېلەرسەن . ئۇنى بەك سېغىنىپ كەتتىم …

ھوشۇر سەلەينىڭ كۆز ياشلىرى تارامىلاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، ھوشۇركا ، چوقۇم سىز دېگەندەك قىلىمەن ، — سۇلايمان قاسىم ۋەدە بەردى ، — رىسالەتنى بىزنىڭمۇ كۆرگۈمىز كەلدى . ئۇنى چوقۇم يوقلايمەن .

— ئاي ئاخىرى بولۇپ قاپتۇ ، مائاشىنىمۇ بەرمىدى ، بولسا ئۇنىڭغا پۇل ئەۋەتسەك بولاتتى .

ھوشۇر سەلەي كىرپە تىكىنىدەك ساقال باسقان يۈزىنى ئىككى ئالىقىنى ئارىسىغا ئالدى .

— ئۇنىڭدىن غەم قىلماڭلار ، — دېدى سۇلايمان قاسىم قىزىق چاي قۇيۇلغان پىيالىنى قولىغا ئېلىپ ، — مەن ئىدارىدىن

پۇلنى يېتەرلىك ئېلىۋالدىم . ئۇنىڭ كەم ـ كۈتىسى بولسا ، غەمـ
لەپ بېرىپ كېلىمەن .
ــ بالىنىڭ كىيىملىرى سەل يېلىڭ ئىدى ، ــ قەمبەرخانـ
ـمۇ قازان بېشىدىن مېھمانخانىغا چىقتى ، ــ ئاڭلىسام ئۇ شەدە
سوغۇقتىن ئىتىنىڭ ئۆلۈكى كوچىدا قالغانمىش . ئادالەت تېمپېراـ
تۇرىنى بىرنېمىدىن تۆۋەن يىگىرمە دېدى .
ــ نۆلدىن تۆۋەن ، ــ ئەسكەرتىپ قويدى شاراپەت .
ــ تولا ئېغىزىمنى غىرىچلىما ، ــ قەمبەرخان ئۇنىڭغا
قاراپ قولىنى شىلتىپ قويدى ، ــ ئىشقىلىپ سوغۇقنىڭ پەيلى
يامانمىش . قىزىمنىڭ ئۇستۇېشىغا بىر قاراپ باقارلا ئۇكام …
ــ خاتىرجەم بولۇڭلار ، ــ زۇلخۇمارمۇ نۆۋىتى كەلگەندە
سۇلايمان قاسىمغا ۋاكالىتەن ۋەدە بەردى ، ــ بىزنىڭ بۇ ئادەم
دېگىننى قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە رىسالەتمۇ بىزگە يات ئەمەس ،
چوقۇم دېگىنىڭلاردەك قىلىدۇ .
سۇلايمان قاسىم ئەتىسى يولغا چىقتى ۋە ئىككى كۈندە ئۇرۇمـ
چىگە كېلىپ ماشىنىدىن چۈشتى . ئۇ تەربىيىلەش مەركىزىگە بېـ
رىپ تىزىملاش رەسمىيىتىنى بېجىردى ، ياتاققا ئورۇنلاشتى ، ئۆـ
گىنىش باشلىنىپ ئىككى كۈنگىچە بوش ۋاقىت تاپالمىدى . نىھاـ
يەت ، ئۇ ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى ئاندىن رىسالەتنى
ئىزدەشكە ۋاقىت چىقىرالىدى .
ئۇ كۈنى ھاۋا ئۆگەي ئانىنىڭ چىرايىدەك تۇتۇلۇپ ، سۇس
قار ئۇچقۇنداپ تۇراتتى . ئەتراپنى تۇمان باسقانىدى . ئۇزۇلدۇرمەي
سىگنال بېرىپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئىس تۈشۈكچىسىدىن
قويۇق ھور كۆتۈرۈلەتتى . قېلىن پەلتولارغا ئورالغان كىشىلەر
نېمە ئۈچۈندۇر ئالدىراش ماڭاتتى . ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىۋاتقان ،
قاردا تېيىلىپ موللاق ئېتىۋاتقان ، بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇلۇپ
كەتسىمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك پەرۋاسىزلارچە كېتىۋاتقان ئادەمـ
لەرنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان رېئال دۇنيا بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوقـ
تەكلا كۆرۈنەتتى .

سۇلايمان قاسىم تېببىي ئىنستىتۇتقا بارىدىغان ئاپتوبۇس لىنىيىسىنى باشقىلاردىن سوراۋشتۇرۇپ ئۇققاندىن كېيىن، كوچا ئاپتوبۇسى بىلەن مەكتەپكە باردى. ئۇ ھوشۇر سەلەي بەرگەن ئادرېسقا ئاساسەن باشقىلاردىن سوراپ يۈرۈپ قىزلار ياتاق بىناسىنى ئاسانلا تېپىۋالدى. ئۇ قار ئۇچقۇنداپ تۇرغان مەيداندا خېلى ئۇزۇن تۇردى. بىر چاغدا قاما پەلتو كىيىۋالغان ئىككى قىز سىرتتىن كىرىپ ياتاق تەرەپكە ماڭدى. سۇلايمان قاسىم سەل ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، قىزلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، بىنا ئالدىغا بارغاندا يېتىشىۋالدى.

— قىزلار، — دېدى ئۇ يانچۇقىدىن رىسالەت خەت ئەۋەتكەن كونۋېرتنى چىقىرىپ، — 95 - يىللىق داۋالاش سىنىپىدىكى رىسالەتنى تونۇمسىلەر؟

قىزلار چىپپىدە توختاپ، ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئۈستۈېشىغا باشتىن - ئاياغ سەپسېلىشقا باشلىدى. قىزلارنىڭ شۇ تاپتىكى قارىشى مال بازىرىدىكى بېدىكىنىڭكىدىن قىلچە قېلىشمايتتى.

— تونۇيمىز، — دېدى ئاردىدىكى سېرىق چىراي بىرسى، — سىز ئۇنىڭ نېمىسى بولىسىز؟

— مەن، — سۇلايمان قاسىم سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن دېدى، — مەن ئۇلارنىڭ يېقىن قوشنىسى، يۇرتتىن چىققانىدىم، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئامانىتى بار ئىدى. ياتاقتا بار بولسا رەنجىمەي چاقىرىپ قويغان بولساڭلار…

— بىراق، — ئېگىز رەك كەلگەن يەنە بىرسى سۆز قىستۇردى، — ئۇ ھېلى كۇتۇپخانىدا، ھېلى سىنىپتا يۈرىدۇ. ياتاقتا بار - يوقلۇقىنى ئۇقمايمىز. بولسا چاقىرىپ قويايلى.

— رەھمەت!

سۇلايمان قاسىم ھەيرانلىقتىن كەينىگە قاراپ - قاراپ قويۇپ كېتىۋاتقان قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. قىزلار بەئەينى مودا كىيىم ئارتىسلىرىدەك تولغىنىپ مېڭىپ بىناغا كىرىپ كېتىشتى.

ئۇ مەيداندا رىسالەتنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ خېلى ئۇزۇن تۇر-
دى . ئەتراپتا قويۇق تۇمان كۆتۈرۈلۈپ ، چىراغلىرى يورۇتۇلغان
ياتاق بىناسى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە پېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . قاياق-
تىندۇر پەيدا بولغان ئاچچىق شامال ئۇششاق قار توزۇندىلىرىنى
ئۇچۇرۇپ كېلىپ ، ئادەمنىڭ يۈزىگە ئۇراتتى .

سۇلايمان قاسىم يانچۇقىدىن تاماكا چىقاردى . ئۇ تاماكىسىنى
تۇتاشتۇرۇپ بىرنەچچىنى شورىشىغا ياتاق بىناسىدىن بىر قىز چىق-
قىپ كەلدى . سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىگە تازا دىققەت
قىلماستىن ، تاماكىسىنى شورىغىنىچە يۈتى بىلەن قار توزۇندىلى-
رىنى تېپىپ ئوينىاشقا باشلىدى .

— سىز ؟ ...

تونۇشلا بىر ئاۋازدىن سۇلايمان قاسىم مەڭدەپ بىرئاز تۇرۇپ
قالدى . كۆز ئالدىدا نېپىز كۆپتۈرمە چاپان كىيگەن ، بوينىغا
قىزىل شارپا ئورىغان رىسالەت ھەم خۇشال بولغان ، ھەم تەئەججۈپ-
لەنگەن ھالدا قاراپ تۇراتتى . بۇ تۇيۇقسىز ئۇچرىشىشتىن ھەر
ئىككىلىسى تەمتىرەپ قالدى .

— ئامانمۇسىز ، رىسالەت ؟ — سۇلايمان قاسىمغا ئاۋازى
خىرقىراپ چىقىپ كەتكەندەك بىلىندى . ئۇ تاڭلىيىغا چاپلىشىپ
قالغان تىلىنى تەستە ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، نېمە قىلارىنى بىلمەي
قالغان رىسالەتتىن ئەھۋال سورىدى ، — ئوبدان تۇردىڭىزمۇ ؟

— بۇ ئوقۇمۇ ياكى چۈشۈمۇ ؟ — رىسالەت تېخىچە خىيا-
لىي تۇيغۇلار ئىچىدە كېزىپ يۈرەتتى . ئۇ كۆرۈۋاتقىنىنىڭ چۈش
ياكى رېئاللىق ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي قالغانىدى . ئۇ سۇلاي-
مان قاسىمنى ئۇرۇمچىدە ، يەنە كېلىپ ئۆز مەكتىپىدە مۇنداق
تۇيۇقسىزلا ئۇچرىتىپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى . ئۇ
ئاستا - ئاستا سۇلايمان قاسىمنىڭ ئالدىغا كەلدى . قىزنىڭ ھور
پۇرقۇپ تۇرغان قىزىق تىنىقى ئۇنىڭ توڭلاپ كۆكىرىپ كەتكەن
يۈزلىرىگە ئۇرۇلدى .

— رىسالەت !...

قىز ئۇنىڭغا ھارغىن قارىدى . رىسالەتنىڭ كۆز جىيەكلىرىگە يامرىغان ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى .

— كۆرۈۋاتقىنىمغا ئىشەنسەم بولامدۇ ، سۇلايمان ئاكا ؟ — ئۇ ئاخىر شار يېرىلغاندەك پاڭڭىدە يىغلىۋەتتى ، — سىلەرنى شۇنچىلىك سېغىندىم . دادام - ئانامىلار سالامەت تۇردىمۇ ؟ زۇلخۇمار ئاچام ، ئىنىلىرىمنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ؟ ئۇرۇمچىگە قاچان چىققاندىڭىز ؟ بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ...

قىز بىر ئاز چىڭقىلىپ ، چايقىلىپ تۇرغان ئۇلۇغ سۇ تۇغانىنى بۇزۇپ يار ئالغاندەك سوئاللارنى ياغدۇرىۋەتتى . سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ ھەممە سوئاللىرىغا «ھە ، ياخشى ، ياخشى» دېگەن جاۋابنى بېرىپ ، بېشىنى توختىماي لىڭشىتىشقا مەجبۇر بولدى .

— سىزنى بۇ يەردە كۆرگىنىمگە تېخىچە ئىشەنمەيۋا - تىمەن ، — دېدى يىر چاغدا رىسالەت كۆز يېشىنى سۈرتى - كىنىچە ، — خۇداغا شۈكرى ، ھەرنېمە بولسا ئوبدان تۇرۇپسىز . سىزنى كۆرۈپ ئۆيدىكىلەرنى كۆرگەندەك بولدۇم . مېنى يوقلاپ كەلگىنىڭىزگە رەھمەت ، سۇلايمان ئاكا .

— ئەسلىدە تۈنۈگۈنلا كېلىش نىيىتىم بار ئىدى ، ئەمما ئۆگىنىش تۈزۈمىمىز بەك قاتتىق ئىكەن ؛ پەقەتلا ۋاقىت چىقىرال - مىدىم . بىر ئاز ۋاقتىڭىز بارمۇ ، رىسالەت ؟

رىسالەت تۇمان بۇخسۇپ تۇرغان ئاسمانغا مۇنداقلا قاراپ قويدى . ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا چۈشەنگەنىدى .

— ۋاقتىم بار ، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ ، — سىز ئازان بىر كەلگەندە ۋاقتىم بولمىسىمۇ چىقىرىمەن ، سۇلايمان ئاكا .

— ئەمىسە سىرتقا چىقىپ تاماق يەپ كىرەيلى ، — سۇلاي - مان قاسىم شۇنداق دېدى ۋە رىسالەتنىڭ بېشىنى لىڭشىتقىنىنى كۆرۈپ ، قولىدىكى سومكىنى ئۇنىڭغا سۇندى ، — بۇ ئۆيدىكىلەر سىزگە چىقارتقان نەرسىلەر ئىدى . ياتاققا تاشلىۋېتەمسىز ؟

— ئەمىسە جىنىدەك تۇرۇپ تۇرۇڭ ، — رىسالەت سومكىنى

ئېلىپ ياتاق تەرەپكە يۈگۈردى ۋە ھايالشىمايلا قايتىپ كەلدى .
— ياتاق بىناسىنىڭ قوغداش ئۆيىدە قويۇپ قويدۇم ، ھېلى ئېلىۋالىمەن ، — ئۇنىڭ چىرايىدا بەختى ئېچىلغان قىزلاردا كۆرۈلىدىغان شادلىق تەبەسسۇمى پارلاپ تۇراتتى .
ئىككىيلەن يانمۇيان مېڭىپ مەكتەپتىن چىقتى . ئادەمسىز كوچىلار بەكمۇ غېرىب كۆرۈنەتتى . بالدۇرلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولغاچقا ، كىشىلەر ئالدىراپ ئىسسىق ئۆيلىرىگە كىرىۋېلىشقانىدى . پەقەت يول بويلىرىدا سېۋەت - تەۋەككۈلىرىنى ھارۋىغا بېسىپ سۆرەپ كېتىۋاتقان ئۇششاق ئوقەتچىلەر ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالاتتى . سۇس يورۇپ تۇرغان كوچا چىراغلىرىمۇ ئادەمگە بەكمۇ خۇنۈك ، نۇرسىز تۇيغۇ بېرەتتى . ئۇلار خېلى ئۇزۇن گەپ - سۆزسىز مېڭىشتى . شۇ تۇرقىدا ئۇلار بىر - بىرىگە دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلىرى بولسىمۇ ، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي قالغان ئاشىق - مەشۇقلارغا ئوخشاپ قالغانىدى .
سۇلايمان قاسىم يولنىڭ قارشىسىدىكى بىر ئاشخانىنى كۆردى . ۋېۋىسكىسىغا رەڭدار چىراغلار ئورنىتىلغان ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى يوغان كانايدىن قانداقتۇر گۇمبا - گۇمباڭ مۇزىكىلار ياڭراپ تۇراتتى . قېلىن ئىشىك پەردىسى قايرىلىپ ، ئاشخانىغا كىرىۋاتقان - چىقىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى . يورۇتۇۋېتىلگەن خانىلەر مۇز قاتقان دېرىزىلەردىن خىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى .
— مۇشۇ يەرگە كىرەيلى ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ . شۇ تۇرقىدا رىسالەتكە سوغۇق كۆچىنى كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى . ئۇ جالاقلاپ تىترەيتتى .
— بۇ يەرنىڭ تامىقىمۇ بولىدۇ ، — دېدى رىسالەت تىترەك باسقان لەۋلىرىنى ئاران ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، — ئەمما ، سەل قىممەترەك ...
ئۇلار ئاشخانىغا كىرىپ ئەتراپقا بويۇنداپ قارىدى . سىرتتا ئادەم كۆرۈنمىگىنى بىلەن ھەممىسى ئاشخانىغا كىرىۋالغاندەك ، يوغان زالدا ئادەم مىغىلدايتتى . ئۇلار دېرىزە يېنىدىكى بوش ئو-

رۇنغا كىلىپ جايلاشتى .

— كۆڭلىڭىز نېمە تارتىدۇ ؟ — سۇلايمان قاسىم كۈتكۈچى قىز ئەكىلىپ بەرگەن قىزىق چاينى پىيالىگە قۇيۇۋېتىپ رىسالەت- تىن سورىدى .

— نېمە بولسا مەيلى .

رىسالەت ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ ئولتۇرات- تى . كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرغان قىزنىڭ چىرايىدىكى ھەيرانلىق تېخىچە بېسىقمىغانىدى . ئۇ قىزىق چاينى ئوتلاۋاتقاندىمۇ سۇلايمان قاسىمدىن كۆز ئۈزمىدى .

— ئوقۇشىڭىز قانداقراق ؟ — سورىدى ئۇ رىسالەتكە قاراپ قويۇپ ، ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى لاپپىدە ئۇچرىشىپ قالدى . قىز ئىتتىكلا كۆزىنى پىيالىسىگە ئاغدۇرۇۋالدى ، — بايا ئۇچرىغان قىزلاردىن ئاڭلىشىمچە كۈتۈپخانىغا كۆپ بارىدىكەنسىز . ئۆگىنىش- نىڭ پايدىسى بولۇۋاتامدۇ ؟

رىسالەت ئاستا باش لىڭشىتتى . ئۇ ئارىدىكى سۈكۈتنىڭ بۇ- زۇلۇپ كەتمەسلىكىنى ، جىمجىت ئولتۇرۇپ سۇلايمان قاسىمنىڭ بېدە يىلتىزىدەك كۆكىرىپ تۇرغان ساقاللىق يۈزلىرىنى ، مۇلايىم چىمچىقلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى ، پۈۋلەپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشلى- رىنى تاماشا قىلىشنى ئويلايتتى . ئۇنىڭ قەلبىدىكى كۆل سۈيى چايقىلىپ كەتكەنىدى . ئۇششاق دولقۇنلار مىنگىشىپ - مىنگىشىپ كېلىپ چوڭ دولقۇنلارنى پەيدا قىلاتتى . قىرغاققا ئۇرۇلغان دول- قۇنلار كەينىگە يېنىپ ، كۆل ئوتتۇرىسىدىن يامراپ كەلگەن باشقا دولقۇنلارغا قوشۇلاتتى ۋە يەنە قىرغاققا ئۇرۇلاتتى . ئۇ ئىچكى ھاياجانلىرىنى تەستە بېسىۋالماقتا ئىدى .

— ھوشۇركام بىلەن قەمبەرخاچامنىڭ كۆزىدىن ئۇچتىڭىز ، — دېدى سۇلايمان قاسىم يەنە ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ ، — ھەممىمىز سىزنى بەك سېغىندۇق . ئارىمىزدىن تۇ- يۇقسىزلا غايىب بولۇۋىدىڭىز ، خۇددى يورۇپ تۇرغان قۇياش زۇل- مەت ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەندەك بىر تۇيغۇ ھەممىمىزنى ئارامسىز-

لاندۇردى . يوقلۇقىڭىز خالىقجان بىلەن قۇددۇسقىمۇ بىلىنىپتۇ . ئۇلار ھەر كۈنى سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىشىدۇ . قۇددۇس تېخى چوڭ بولسا سىزنى ئالارمىش ...

رىسالەت بەخىت پەيزىگە چۆمگەن ھالدا ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— بىرنېمە دېسىڭىزچۇ ؟ — سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ پىيالىسىگە چاي ئىلىقلاۋېتىپ ئىلتىجا قىلدى ، — مەنلا ۋالاقلاپ كېتىپتىمەن . سىزدىن ھېچبىر سادا يوققۇ ؟

— بۈگۈن سىزنىڭ گېپىڭىزنى قانغۇدەك ئاڭلىۋالاي سۇلايمان ئاكا ، — رىسالەت ئۇنىڭ كۆزلىرىگە چۆكۈپ كېتىدىغاندەك قارىدى ، — سىزنىڭ گەپ - سۆزلىرىڭىزنى شۇنداق سېغىنىدىم . ئەقلىمنى جورۇپ سۈرىتىڭىزنى ئېلىۋالغىنىمنى ئوبدان بوپتىكەن ، ئاشۇ سۈرەتكە نەچچە قېتىم قارىغىنىمنى ، ئۇنىڭ بىلەن نەچچە قېتىم سىرداشقىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن . بىر ئىشلارغا دۇچ كەلسەملا سۈرىتىڭىزنى قولۇمغا ئالىمەن . سىز ماڭا خىيالەن يول كۆرسىتىسىز ، مېنى توغرا يولغا باشلايسىز ، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپ ، بېشىم قاتسا ماڭا ھامىي بولىسىز ...

— ھە راست ، ھوشۇركام سىزنىڭ قانداق تۇرغانلىقىڭىزنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن بىر پارچە سۈرەت ئەۋەتىپ بېرىشىڭىزنى ئېيتتى ، — سۇلايمان قاسىم ئاشۇ بۇيرۇتمىنى ئېسىگە ئېلىپ رىسالەتنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ، — ئەتىگىچە بىرەر پارچە سۈرەت تەييارلاپ بېرىڭ . بولسا ئىككى پارچە بولسىمۇ بولىدۇ ...

رىسالەت بېشىنى لىڭشىتتى .

كۈتكۈچى سۇلايمان قاسىم بۇيرۇتقان كاۋاپ بىلەن ئىككى تەخسە لەڭمەننى ئۈستەلگە قويدى .

— قېنى ئېلىڭ ، — سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا چوكا سۇنۇۋېتىپ دېدى ، — كاۋاپنى قىزىقىدا يەڭ ، سوۋۇپ قالسا تەمى كېتىدۇ .

رىسالەت ئۇ تۇتقۇزۇپ قويغان بىر زىخ كاۋاپنى تۇتقىنىچە

ئولتۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىقى سورۇننىڭ مەنزىرىسى قايتا زاھىر بولدى : رەشىدەنىڭ ئاچ كۆزلۈك بىلەن تاماقتا تاشلىنىشى ، نۇرگۈلنىڭ قىپقىزىل سۈيۈقلۇقنى كۆزنى مىت قىلماي قويماستىن كۆتۈرۈۋېتىشى ، گۈلباھارنىڭ جاڭگالدىن چاڭقاپ كەلگەن ئوتۇنچى بىر قاپاق مۇزدەك سۇنى گۈپۈلدىتىپ ئىچكىنىگە ئوخشاش ھاراق كۆتۈرۈشى ، جۇشقۇننىڭ ئۇنىڭغا ھاراق تۇتۇپ زورلاشلىرى ، ئابدۇلنىڭ قان ئىچكەن ئىتنىڭكىدەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى ، ھەيۋە قىلىپ ۋارقىراشلىرى ، ئۆزىنىڭ شەپە چىقارماسلىق ئۈچۈن ئايىغىنى قولتۇقىغا قىسىپ ، مۇز قاتقان كوچىدا پايپاق بىلەن يۈگۈرۈشى ··· ھەي ، ئۇنىڭ يەنە كۆڭلى بۇزۇلدى . تۇرمۇشتا بىر قىز ئۈچۈن ئىشەنچلىك بىر ھامىينىڭ بولماسلىقى ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىكەن . مانا ، ئۇ بۈگۈن سۇلايمان قاسىمنىڭ يېنىدا ھېچبىر قورۇنماستىن شۇنداق خاتىرجەم ئولتۇرۇپتۇ . مۇشۇنداق مىننۇتلار ئادەمگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولسىچۇ ؟ !

ئۇ ئۆز خىيالىدىن چۆچۈپ كەتتى ۋە ئويلىغانلىرىنى سۇلايمان ئاكام بىلىپ قالغانمىدۇ ، دەپ ئۇنىڭغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويدى . سۇلايمان قاسىم بىر زىخ كاۋاپنى تۇتقىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى . ئىككىسىنىڭ كۆزى يەنە ئۇچرىشىپ قالدى . رىسالەت ئىتتىكلا كاۋاپتىن بىر تىكە ئاغزىغا سالدى .

تاماق جىممىدە يېيىلدى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پات ـ پات ئۇچرىشىپ قالاتتى ، ئەمما ھەر ئىككىسى كۆزلىرىنى بىر ـ بىرىدىن قاچۇرۇشاتتى .

ــــ يەنە بىر نەرسە بۇيرۇتايمۇ ؟ ــــ سورىدى سۇلايمان قاسىم تاماق يېيىلىپ بولغاندا .

ــــ ھېلىمۇ كۆپ يەۋەتتىم ، ئەمدى بولار ، ــــ دېدى رىسالەت مىننەتدارلىق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ .

ــــ ئەتە چۈشتىن كېيىن ۋاقتىڭىز بارمۇ ؟ ــــ سۇلايمان

قاسىم ئورنىدىن تۇرغاچ رىسالەتتىن سورىدى .
— چۈشتىن كېيىن ئىككى سائەت تەجرىبە بار ، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئىشىم يوق .
— بىزنىمۇ ئەتە چۈشتىن كېيىن تەسىرات يېزىشقا قويۇۋې - تىدىكەن ، — سۇلايمان قاسىم تاماق پۇلىنى تۆلەپ كوچىغا چىققاندا ، پەس ئاۋازدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئىككىمىز بىللە بازار ئايلانساق ، ئەپسىز بولماس ؟ مېنىڭ دېمەكچى بولغى- نىم ، ئازراق سودىلىق بار ئىدى . قىلىشىپ بېرىشكە ۋاقتىڭىز چىقارمۇ ؟
— نەدە كۆرۈشىمىز ؟ — رىسالەت ئۇنىڭ ئارتۇقچە چۈشەن- دۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ، — ئىككىمىز بازار ئارىلى- ساق نېمىشقا ئەپسىز بولغۇدەك ؟ ئەمەلىيەتتىمۇ مېنىڭ سىز بىلەن كۆپرەك بىللە بولغۇم بار . شۇنداق بولغاندا ، سىزمۇ ئاتا - ئانام ، زۇلخۇمار ئاچام ۋە باللار ھەققىدە كۆپرەك سۆزلەپ بېرەلەيسىز .
سۇلايمان قاسىم قىزغا لاپپىدە قاراپ قويدى .
— ئەتە مەن سىزنى دۆڭكۆۋرۈكتە ساقلايمەن ، سائەت تۆتتە كۆرۈشەيلى .
— ماقۇل .
سۇلايمان قاسىم ئۇنى مەكتەپكە ئالدىغىچە ئەكېلىپ قويدى .
— ئەمىسە ئەتە كۆرۈشەيلى ، — دېدى ئۇ رىسالەتكە قاراپ قولىنى خوش دېگەندەك پۇلاڭلىتىپ قويۇپ .
ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى .



ياش يىگىتلەر ئۇچۇن ۋەدىلەشكەن قىزنى ساقلاشمۇ ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان ئىشلار قاتارىغا كىرىدۇ . رەڭدار كېپىنەكلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ، ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن گۈللۈك-

لەر قىز - يىگىتلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۇچرىشىش سورۇنى بولايدۇ. بۇنداق چىرايلىق يەرنى تاپقان قىز - يىگىتلەر دۇنيانىڭ بۇنداق گۈزەل يارىتىلغىنىدىن بەختكە چۆمىدۇ. ئۇلارنىڭ تىنىقى ئاشۇ گۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدىغا سىڭىپ كەتكىنىدە، ئۇلار دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنىمۇ، گۈللەرنىڭ دۇنيانىڭ زىننىتى ئۈچۈن يارىتىلغىنىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

بىراق، سۇلايمان قاسىمنىڭ دۆڭكۆۋرۈكتە رىسالەتنى ساقلىشىنى بۇنىڭغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىنى ئاتىنىڭ قىزىنى كۈتۈشى دېيىشكىمۇ، ئاكىنىڭ سىڭلىسىنى كۈتۈشى دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. قوشنىسىنىڭ قىزىنى ساقلاش ئادەتتە تىلغا ئېلىش تەسرەك ئىبارە. ئەمما، بۇ يات شەھەردە، ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىدا سۇلايمان قاسىمنىڭ رىسالەتنى كۈتۈشىنى ئەلۋەتتە توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ. چۈنكى، سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆڭلىدە قىلچە يامان نىيەت يوق. ئۇ رىسالەتنى قىزىم، سىڭلىم دېيەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا رىسالەتكە نىسبەتەن بىر خىل ئاكىلارچە ھېسسىيات بار. رىسالەت ئۇنىڭ كۆزىچە چوڭ بولدى. قىزنىڭ ئېغى ئوچۇق ئىشتان كىيىپ، پوتلىسىنى ئېقىتىپ يۈرگەن چاغلىرى ئۇنىڭ شۇنداق ئېسىدە بار. مانا قىز چوڭ بولدى، ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىسىدەك بۇ ئاۋات شەھەردە ئۇۋا تۇتتى. نەچچە يىل ئۆتسە ئۇ داڭلىق دوختۇر بولىدۇ. ئاندىن تۇرمۇشقا يۈزلىنىپ، كىشىلىك ھايات درامىسىنىڭ بىر ئارتىسىغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭمۇ ئېغى ئوچۇق ئىشتان كىيىپ ئوينايدىغان بالىلىرى، ئۆزىگە يارىشا تۇرمۇشى، بەختلىك ئائىلىسى بولىدۇ…

نېمىشقىدۇر سۇلايمان قاسىم ۋەدىلەشكەن ۋاقىتتىن بۇرۇنلا دۆڭكۆۋرۈككە كېلىۋالغانىدى. ئۇ تاماكىسىنى شورىغىنىچە ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى تاماشا قىلاتتى. يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، يۈزلىرىگە ساناپ تۈگەتكۈسىز قورۇق چۈشكەن تۇرۇقلۇق چېچىنى يېشىل بويىۋالغان، ئالىيېشىل كىيىنگەن ئاياللارغا، تىزىنى ياپالمايدىغان قىسقا يوپكا كىيىۋالغان قىز -

چوكانلارغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلەتتى . بىر ئىشلار ئۈچۈن ئالدى-
رىشىپ يۈرگەن ، كۆز ئەتراپى كۆكىرىپ قالغان ، نان يېگەن
تەلەتى يوق پاخما باش يىگىتلەرنىڭ سوكۇلداشلىرىغا تەئەججۈپ
ئىلكىدە باقاتتى . ئۈرۈمچىنىڭ مەنزىرىسى بەئەينى ئۇنىڭ قورۇسى-
دىكى گۈللۈك فونتاننىڭ ئۆزى ئىدى . ئۇ يەردە رەڭدار كېپىنەك-
لەر ئۇچۇشاتتى ، قاپاق ھەرىلەر غوڭۇلدايتتى ، قۇشقاچلار ۋىچىر-
لىشاتتى ، فونتاندىن سۇلار چېچىلاتتى ، ھەممە ئاجايىپ بىر خىل
قاينام - تاشقىنلىق ئىچىدە مىدىرلاپ يۈرەتتى .
— ھەمراھ كېرەكمۇ ؟
سۇلايمان قاسىم بىرىنىڭ ئاۋازىنى غىل - پال ئاڭلىغاندەك
بولدى . ئۇ خىياللار قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئەتراپقا قارى-
دى . ئۆزىدىن نەچچە قەدەم يىراقلىقتا ئىككى قىز ئارقىسىغا
قاراپ - قاراپ قويۇپ كېتىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ چىرايلىق بىرى
ئۇنىڭغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى . سۇلايمان قاسىم ئىتتىكلا
كۆزىنى قىزدىن ئېلىپ قاچتى . ئۇنىڭ يۈزلىرى مۇشۇ ھەرىكەتلەر-
نى بىرى كۆرۈپ تۇرغاندەك قىزىرىپ كەتتى .
— رىسالەت بىلەن تەڭتۇش چىققۇدەك ، — دەپ ئويلىدى
سۇلايمان قاسىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ ، — جاھان نېمە
بولۇپ كەتتى - ھە ؟ كۈپكۈندۈزدە قىزلارنىڭ يىگىتلەرگە قاش
ئاتقىنىنى قانداق چۈشەنگۈلۈك ؟
ئۇ ئەمدى نەزىرىنى كىشىلەردىن قاچۇرۇپ تاماكىسىنى
قاتتىق - قاتتىق شوراشقا باشلىدى . تاماكا ئىسى بىلەن قوشۇلۇپ
چىقىۋاتقان ئىسسىق ھور ئەتراپقا قارا بوراندەك يېپىلماقتا ئىدى .
— بەك ساقلىتىۋەتتىممۇ ؟
سۇلايمان قاسىم كەينىگە بۇرۇلدى . بويىنىغا قىزىل شارپا
ئورىۋالغان رىسالەت ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى .
ئۇنىڭ كىرپىكلىرىگە قىرو قونغان ، يۈزلىرى بوينىدىكى شارپىسى-
دەكلا قىزىرىپ كەتكەنىدى . ئۇ بەتتەرەڭ ئاسمان ئاستىدىكى مۇشۇ
خۇنۇك زېمىندا بەئەينى دالىدا ئېچىلغان چوغلۇقتەك جۇلالاپ

تۇراتتى .

— بۇ يەرگە كەلگـىلى خېـلى ئۇزۇن بولغـان ئوخشـا-مامدۇ ؟ — رىسالەت يەردىكى تاماكا كۆيۈندىلىرىگە مۇنداقلا قاراپ قويدى ، — مېـنى كۈتۈپ بۇلالـماي ، تاماكـىنـىمۇ تازا چېكمېپسىز - دە !

— بۇلارنىڭ ھەمـمـىسى مەن چەكـكەن تاماكـىنـىڭ قالـدۇقلىرى ئەمەس ، — سۇلايمان قاسىم قولىدىكى چېكىلىپ بولاي دېگەن تاماكىنى يەرگە تاشلاپ پۇتى بىلەن ئەزگەندىن كېيىن ، سائىتىگە قاراپ قويدى ، — مەن كەلگىلى قىرىق مىنۇت بوپتۇ .

ئۇلار ياندىشىپ مېڭىشتى .

— بالدۇر كېلىۋالغىنىڭىز نېمىسى ؟ — رىسالەت ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى ، — سائەت تۆتتە كۆرۈشەيلى دەپ كېلىشىـۋالغانغۇ ؟

— قىلىدىغان باشقا ئىش بولمىغاندىكىن كەپتىكەنمەن ، — سۇلايمان قاسىم ئېغىزىدىن پۇرقۇپ چىققان ئىسسىق ھورغا قولىنى تۇتتى ، — ئۇرۇمچىنىڭ سوغۇقى بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭكىگە قارىغاندا ، ئاچچىق ئىكەن . پۇتۇم بەكلا توڭلىدى . قېنى ، ئاۋۋال بىر ئاشخانـغا كىرىپ ئازراق بىرنېمە يەۋالايلى ، ئاندىن سودىغا كىرىشسەكمۇ ئۈلگۈرىمىز .

ئۇلار ئەتراپقا قاراپ سەل نېرىدا تۇرغان «ئابرال تاماقخانىسى » دېگەن ۋىۋىسكىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ قىزىل پاياندازى سېلىنغان پەلەمپەيلىرىدىن مېڭىپ ئاشخانىغا كىردى . ئاشخانا ئىچى ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى . جىگەر رەڭدە سىرلانغان ئۈستەل - ئورۇندۇقلار پاكىز سۈرتۈلگەن ، كىشلەر ئۇ يەردە تاماق يەۋېتىپ پەس قويۇلغان لىرىك مۇزىكىلاردىن ھوزۇرلانماقتا ئىدى . كۈتكۈچىلەر ھەربىر كىرگەن مېھمانغا ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام قىلاتتى ۋە ئۇلارنى بوش ئورۇنغا باشلايتتى . پاكىز ئاشخانا مۇھىتى ۋە ئىللىق چىراي كۈتكۈچىلەرنىڭ خۇش مۇئامىلىسى كىشىنى سۆيۈندۈرەتتى .

بىر كۆتكۈچى قىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن ، زالنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىر ئۈستەلگە باشلىدى . ئاندىن بىر چەينەك قىزىق چاي بىلەن ئىككى پىيالە كۆتۈرۈپ كەلدى .

— قېنى ، قىزىق ئىچىۋېلىڭلار ، — دېدى كۈتكۈچى قىز ئۇلارنىڭ پىيالىسىگە قىزىلگۈل خەمىكىدە دەملەنگەن خۇشبۇي چايدىن قۇيۇۋېتىپ ، — تاماقنى هازىر بۇيرۇتامسىلەر ياكى سەل تۇرۇپمۇ ؟

— بىز مەسلىھەتلىشىۋېلىپ ، ئاندىن سىزنى چاقىرساق قانداق دەيسىز ؟

— بولىدۇ ، ئازادە ئولتۇرۇڭلار ، — كۈتكۈچى قىز ئۇلارنى يالغۇز قالدۇرۇپ باشقا ئۈستەللەرنىڭ يېنىغا كەتتى .

— كۆڭلىڭىز نېمە تارتىدۇ ؟ — سۇلايمان قاسىم ئاشخانىنىڭ تاماق تىزىملىكىنى ئۇنىڭغا سۇندى ، — قېنى ، ئۆزىڭىز تاللاڭ ، رىسالەت .

ئۇ تىزىملىككە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن ، سۇلايمان قاسىمغا قايتۇرۇپ بەردى .

— نېمە يېگۈڭىز بار ؟

— كۆڭلۈمنىڭ نېمە تارتىۋاتقىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ، — دېدى رىسالەت قىزىق چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ ، — ئۆزىڭىز بۇيرۇتۇڭا ، سۇلايمان ئاكا .

— ئەنجان پولوسىدىن بىر تېتىپ باقمايلىمۇ ؟ — سۇلايمان قاسىم تىزىملىككە بىر قاراپ چىقىپ مۇشۇ تاماقنى تاللىدى .

— بولىدۇ .

ئۇلار چاي ئىچىشكەچ پاراڭغا چۈشتى .

— مەن تېخى سىزنى ئۈرۈمچىگە چىقىپلا ئۆزگىرىپ كەتتىمىكىن دەپتىكەنمەن ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ ، — بۇ يەرگە كەلگەن سەهرا قىزلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاۋۋال ئىشنى چاچ كېسىشتىن باشلاپ ، ئاندىن يۈزلىرىنى هەرخىل رەڭدە بوياپ يۈرۈشنى مەدەنىي شەھەرگە ماسلاشقانلىق دەپ قارايدۇ.

كەن ، مەن بۇنداقلارنى بەك كۆپ كۆرگەن . ئۇرۇمچىگە تاپىنى تېگىپ بولغۇچە سۆزنى چىنىپ قىلىپ ، ھەتتا يەرلىك ئۇرۇمچى-لىكلەردىن ئاشۇرۇۋېتىدىغانلارمۇ كۆپ . قارىسام سىز پەقەت ئۆز-گەرمەپسىز . شۇنداق ساددا ، مۇلايىم ، بەئەينى يۇرتتىن چىق-مىغاندەكلا .

— سىز مېنى بىلمەيدىغاندەكلا گەپ قىلىۋاتىسىزغۇ ؟ — رىسالەت ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويدى ، — ئۆزگىرىپ نەگە بارالايتتىم سۇلايمان ئاكا ، مەن بەرىبىر ھوشۇر سەلەينىڭ چوڭ قىزى ، ھەرقانچە ئۆزگەرسەممۇ باشقىچە بولۇپ كېتىشىم ناتايىن . مەن مەڭگۈ مۇشۇنداق تۇرىمەن .

— ئاخشام ئوقۇش ئەھۋالىڭىزنى سورىسام ، جاۋاب بەرمى-دىڭىز ، — سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ پىيالىسىگە چاينى لىقلاپ قويدى ، — يا قاپاقتەك ئېسىلىپ يۈرگەن ئىشمۇ ئۆزى ؟

— ياخشى ئوقۇۋاتىمەن ، — دېدى رىسالەت يەرگە قارىغى-نىچە ، — ئوقۇتقۇچىلىرىم مېنى مۇشۇنداق تىرىشسام ، بىزدىن يارامىلىق بىر دوختۇر چىقىدۇ دەپ قارايدىكەن ، مېنىڭ ئارزۇيۇمۇ شۇ . مۇمكىن بولسا چەت ئەللەرگىچە چىقىپ ئوقۇسام دەيمەن . ئەمما ، بۇنىڭغا ئىمكانىيىتىم يوقلۇقىمۇ ماڭا ئايان . ھازىرچە مۇشۇ مەكتەپتە بولسىمۇ ياخشى ئوقۇپ ، كۆپرەك بىرنەرسە ئۆگىنىۋالاي دەۋاتىمەن . بۇ يىل ئېھتىمال ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىپ قېلىشىم مۇمكىن .

— ئۇنداقتا تازا جاپا چېكىۋېتىپسىز - دە ؟ ! — سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا قاراپ قويدى ، — بۇ ئارزۇيىڭىزنى ئۇقسا ، ھوشۇركامنىڭ بېشى ئاسمانغا يېتى-دۇ رىسالەت .

— ئۆزۈم بىر ئاز جاپا تارتساممۇ ، دادامنىڭ يۈكىنى يەڭگىل-لىتەلىسەم ، مەن شۇنىڭغا خوش .

تاماق كەلتۈرۈلدى . رىسالەت نېمىشقىكىن بۈگۈن بەكلا گەپ-دان بولۇپ كەتكەندى . ئۇ تاماق يەۋېتىپمۇ سۆزلەشتىن توختىمى-

دى . ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى پىلانلىرىنى سۈلايمان قاسىمنىڭ بى-لىش ھوقۇقى بار دەپ قارىدىمكىن ، كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى چالا قويماي سۆزلەپ چىقتى .

تاماق كۆڭۈللۈك يېيىلدى . تاماقتىن كېيىن ئۇلار رەستىگە چىقىشتى .

— ئايالالرغا خاس كىيىم سېتىلىدىغان ماگىزىنغا بارايلى ، — دېدى سۈلايمان قاسىم چىشلىرىنى كولاۋېتىپ ، — زۇلخۇمارغا ئازراق بىرنەرسە ئېلىۋالاي .

ئۇلار بازارنى ئارىلاپ ، بىرنەچچە ماگىزىنغا كىردى ، بىر - بىرىدىن چىرايلىق كىيىملەر ئادەمنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىراتتى . ئەمما ، ئۇلار ھەممە ماگىزىندىكى كىيىملەر ئوخشاش پاسون ، ئوخ-شاش باھادا بولىسمۇ ، بىللە بولۇشنى ئىستىگەندەك بىر تەرزدە ئايلىنىپ يۈرەتتى .

— مۇشۇنى ئالايلى ، — كىيىم - كېچەك ماگىزىنلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرىگە كەلگەندە ، سۈلايمان قاسىم قۇندۇز تېرىسى-دىن ياقا تۇتۇلغان بىر قىزىل پەلتونى تۇتتى ، — رەختىمۇ يامان ئەمەستەك تۇرىدۇ . پاسونىمۇ يېڭى ئىكەن . قانداق ، سىزگە يارىدىمۇ ؟

— ياراشىمۇ يارىدى ، ئەمما زۇلخۇمار ئاچام قىزىل رەڭنى ئانچە ياقتۇرمايدىغۇ دەيمەن ؟ — رىسالەت ئۇنىڭغا ئەسكەرتىپ قويدى ، — مۇشۇ پەلتونىڭ باشقىچە رەڭدىكىسىدىن ئال-ساقمىكىن ؟

— بولدىلا ، مۇشۇنى ئالايلى ، — سۈلايمان قاسىم ئۇنىڭ بويىندىكى قىزىل شارپىغا قاراپ قويدى ، — قىزىل رەڭ سىزگە بەك يارىشىدىكەن رىسالەت !

ئۇلار پەلتونى كۆپ تالاشمايلا سېتىۋېلىشتى . مال ساتقۇچى ئۇنى سىپتا قاتلاپ بىر سۈلياۋ قاپقا سېلىپ بەردى . ئۇلار ماگىزىن-دىن چىققاندا ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى .

— ئۇرۇمچى دېگەن كۈننىڭ پەقەتلا بەرىكىتى يوق يۈرتكەن

بۇ ، — غۇدۇراپ قويدى رىسالەت ، — بىردەمدىلا قارا قاغا ئۇچۇپ كەلگەندەك ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى دېسە ···

— مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي ، — سۇلايمان قاسىم ئۇنى يېتىلەپ كوچا ئاپتوبۇسى بېكىتىگە قاراپ ماڭدى .

— پىيادە ماڭساق قانداق ؟ — رىسالەتنىڭ ئۇنى تىترەپ چىقىپ كەتتى ، — سىزنىڭ گېپىڭىزنى يەنە بىردەم ئاڭلىغۇلۇغۇم بار .

— ئارىلىق خېلى باركەن ، ھېرىپ كېتەرسىزمىكىن ، رىسالەت ؟

سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆيۈنۈش ئاھاڭىدىكى بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ، رىسالەتنىڭ ۋۇجۇدى شۈررىدە ئېرىپ كەتتى .

— ھېچقىسى يوق ، بۇ مەن پىيادە مېڭىپ باقمىغان يول ئەمەس . قېنى كېلىڭ ، ماڭدۇق ئەمىسە .

رىسالەت ئۇنى قولتۇقلىۋالدى . سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن سەل - پەل غەلىتىلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ ، ھېچنېمە دېمەستىن يولنى داۋاملاشتۇردى .

قاراڭغۇنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ شامالمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى . شۇۋىرغان بىلەن قوشۇلۇپ قارمۇ ئۇچقۇنداشقا باشلىغانىدى . ئاچچىق شامال رىسالەتنىڭ قىزلارغا خاس ھىدىنى ئېلىپ كېلىپ ، سۇلايمان قاسىمنىڭ دىمىغىغا ئۇراتتى . رىسالەتنىڭ شامالدا ئۇچۇپ يۈرگەن چاچلىرى ئۇنىڭ مەڭزىنى غىدىقلاپ ئۆتەتتى . ئەتراپ شۇنداق سوغۇق ، ئەمما ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئوت - كاۋاپ ! سۇلايمان قاسىم ۋۇجۇدىدا بۇنداق سېزىمنىڭ يوقاپ كەتكىنىگە ئۇزۇن يىللار بولغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلدى . ئۇ نېمىشقىكىن ئۆزىنى سەل قاچۇرۇپ كېلەتتى .

— قىشلىق تەتىلدە يۇرتقا بارامسىز ؟ — سۇلايمان قاسىم قىلىدىغان باشقا گەپ تاپالماي رىسالەتتىن سورىدى .

— بىزنى ئون بەش كۈن قويۇپ بېرىدىكەن ، — دېدى رىسالەت پەس ئاۋازدا ، — يۇرتقا بارىمەن دېسەم ، بۇ قىسقا ۋاقىت-

نىڭ بەش ـ ئالتە كۈنى يولغا كەتكۈدەك ، ئۆيدىمۇ كۆپ تۇرالمايدى-
كەنمەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە يول كىراسىغىمۇ بىرمۇنچە پۇل خەجلەي-
دىغان گەپ . شۇڭا ، تەتىلدە ئۆيگە قايتماي خەنزۇ تىلى كۇرسىغا
قاتنىشايمىكىن دەيمەن .

ــ ئۇمۇ بولىدۇ ، ــ سۇلايمان قاسىم چاپىنىنىڭ ياقىسىنى
كۆتۈرۈپ قويدى ، رىسالەت ئۇنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويدى ، ــ
مەن بۇگۈن بىرنەچچە پارچە سۈرەتكە چۈشۈپ قويدۇم . ئالغاچ
كېتىڭ . ئۆيدىكىلەر مېنى سېغىنسا ، سۈرىتىمنى كۆرەر . مەن
تەتىلدە ئۆيگە قايتالمايمەن .

ئۇ ئېغىر خورسىنىپ قويدى . يۇلتۇزدەك چاقناپ كەتكەن
كۆزلىرى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى قايسىبىر نىشانغا تىكىلگەنىدى .
ئارىنى بىرپەس سۈكۈت باستى . لىققىدە ئادەم ئولتۇرغان كوچا
ئاپتوبۇسلىرى ئۇلارنىڭ يېنىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈشەتتى . ئۆيلىرىگە
كەچ قالغان كىشىلەر پىتىراپ كەتكەن پادىلاردەك ئالدىراش مېڭى-
شاتتى . كوچىنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى كۈندۈزدىكىگە قارىغاندا
خېلىلا پەسىيىپ قالغانىدى . پەقەت كوچىنىڭ سۈكۈتىنى ئاپتوبۇس
بېلەتچىلىرىنىڭ پىلموتتىن ئېتىلغان ئوقتەك توختاۋسىز كالدىر-
لاشلىرى بۇزۇپ تۇراتتى .

ئۇلار ئاخىر مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى .

ــ قاچان ماڭاي دەيسىز ! ــ سورىدى رىسالەت سۇلايمان
قاسىمدىن ئايرىلىشقا قىيمىغاندەك تىكىلىپ تۇرۇپ ، ــ سىزنى
ئۇزىتىپ بېكەتكە چىقاي دەيمەن .

ــ يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن كۇرس تۈگەيدۇ ، شۇنىڭدىن
كېيىن يولغا چىقىشىم مۇمكىن .

ــ ئەمىسە ۋاقىت باركەن ، يەنە كۆرۈشەلەيمىزمۇ ؟

ــ ئەتە بىر كۈن تەسىرات سۆزلەيدىكەنمىز ، ــ سۇلايمان
قاسىم دەرۋازىدىن كىرىپ ـ چىقىۋاتقان ، ئۆزلىرىگە ھەيرانلىق
بىلەن قاراپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن كۆزىنى قاچۇرۇپ جاۋاب
بەردى ، ــ بەلكىم ئۆگۈنلۈككە كۆرۈشۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن .

ۋاقىت چىقسىلا مەن سىزنى ئىزدەپ كېلىمەن .
— بولىدۇ ئەمىسە ، — رىسالەتمو توختىلاپ كەتكەنلىكتىن سەل ئالدىرىدى ، — ئۆگۈنلۈككە چۈشتە مەن سىزنى دەرۋازا ئالدىدا ساقلايمەن .
ئۇ خوش دېگەندەك قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويدى ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ئالدىراپ ماڭدى .
— رىسالەت ؟ — سۇلايمان قاسىم ئۇنى چاقىرىۋالدى ، — نېمىگە ئالدىرايسىز ؟ توختاپ تۇرۇڭا .
رىسالەت كەينىگە بۇرۇلدى . ئۇنىڭ مەڭزىدىكى كۆز ياشلىرى دەرۋازا دوقمۇشىدىكى چىراغ يورۇقىدا پارقىراپ كەتتى .
— بۇنى ئېلىۋېلىڭ ، — سۇلايمان قاسىم قولىدىكى سۇلياۋ قاپنى ئۇنىڭغا سۇندى ، — بۇنى سىزگە ئالغان ، — ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى ، — ھاۋا بەكلا سوغۇق ئىكەن ، قېلىنراق كىيىنىپ يۈرمىسىڭىز بولمايدۇ .
رىسالەت ئۇنىڭغا قاراپ ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى .
— مەن ھوشۇركامغا ۋەدە بېرىپ كەلگەنمەن ، — سۇلايمان قاسىم سۇلياۋ قاپنى رىسالەتنىڭ تىترەپ تۇرغان قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى ، — ئۇلارنىڭ غېمى سىزدە ، قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقىدا بىچارە قىزىم قانداقمۇ قىلغاندۇ ، دەپ يۈرىكى ئېچىپ كەتتى . ئەمما ، مەن ماڭىدىغان چاغدا تېخى مائاش بەرمىگەن ، شۇڭا پۇل ئەۋەتەلمىگەنىدى . ئۇلارغا خاتىرجەم بولۇڭلار ، مەن قاراپ بېقىپ بىر ئىش قىلارمەن دېگەنىدىم . قارىسام ھاۋا سوغۇق ، كىيىمىڭىز-مۇ يېلىڭ ئىكەن . شۇڭا ، سىزنى ئۇنىماي تۇرۇۋالمىسۇن دەپ ، زۇلخۇمارغا ئېلىشىپ بېرىڭ ، دېدىم . ئەمەلىيەتتە بۇ قىزىل پەلتو سىزگىلا يارىشىدۇ ، ئېلىڭ ، كۆڭلۈمنى قايتۇرماڭ .
رىسالەتنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى . ئۇ كۆز ياشلىرىنى شارپىسىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ قويدى ، نېمىشقىكىن ئۇنىڭ تىلىغا دەماللىققا بىرەر ئېغىز سۆز كەلمىدى .

— ئەمدى كىرىپ كېتىڭ ، — دېدى سۇلايمان قاسىم قىزنىڭ يەلكىسىدىن ئىتتىرىپ ، — قاراڭغا توڭلاپ كەتكىنىڭىزنى . خوش ئەمىسە ، ئۈگۈنلۈككە كۆرۈشەيلى . ھە راست ، شۇ كۈنى بۇ ئەرزىمەس پەلتونى كىيىۋېلىڭ ، ئۇنىڭ سىزگە ياراشقان - ياراشمىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي .

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ ئالدىراپ مېڭىپ كەتتى . رىسالەت پەلتو قاچىلانغان سۇلياۋ قاپنى باغرىغا باسقىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى .

## 20

دەل سائەت ئون ئىككىدە ئۇلار مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا كۆرۈشتى . قىزىل پەلتو كىيىپ ، قىزىل شارپا ئورىۋالغان رىسالەت خۇددى باھار مەۋسۇمىدا پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىلگۈلنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى . سۇلايمان قاسىم ئۇنى كۆرۈپ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى گۈللۈك فونتاندا ئېچىلىدىغان قىپقىزىل مودەنگۈلنى ئەسكە ئالدى . فونتاندىن چاچرىغان ئۈنچىلەردە بەرگىلىرى يۇيۇلغان مودەنگۈل قۇياشنىڭ كۈچلۈك نۇرىدا ئوتقاشتەك جۇلالاپ كېتەتتى . رەڭدار كېپىنەكلەر ئۇنى ئايلىنىپ ئۇچۇشاتتى . ھەسەل ھەرىلىرى ئۇنىڭ گۈل چېڭى بىلەن ئۆزىنى سەمرىتەتتى . يومىران بەرگىلەردىن گۈپۈلدەپ خۇش پۇراقلار تارىلاتتى . ئاشۇ گۈل ئۆزىنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى بىلەن ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى .

سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا قاراپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى . شۇ تۇرقىدا ئۇ رىسالەتنى تەرىپلىگۈدەك سۆز ئىزدەش بىلەن ئاۋارە ئىدى .

«قىز بالىنىڭ رەڭگى - رۇخسارى يارىشىملىق كىيىم بىلەن نامايان بولىدۇ» . ئۇ كىمدۇر بىرىنىڭ ئاشۇ سۆزىنى يادىغا ئالدى . رىسالەتكە بۇ پەلتو ھەقىقەتەن ياراشقانىدى .

— مۇبارەك بولسۇن ، — دېدى ئۇ ئاخىر زۇۋانىغا

كېلىپ ، — ئىككىمىزنىڭ مۇشۇ پەلتونى تاللىغىنىمىز توغرا بوپتۇ ، سىزنىڭ ئۇچىڭىزغا چىققان پەلتو سۇلياۋ مودىلنىڭ ئۇستىدە تۇرغانغا قارىغاندا تېخىمۇ جۇلالىنىپ كېتىپتۇ . راست دەيمەن ، سىزگە قىزىل رەڭ بەك يارىشىدىكەن ، رىسالەت .

— رەھمەت سىزگە ، — رىسالەتنىڭ تىلىغىمۇ ئەنە شۇنىڭدىن باشقا سۆز كەلمىدى . ئۇ سۇس كۇلۇمسىرەپ تۇرسىمۇ ، كۆز چاناقلىرىغا يامرىغان ياشنى يوشۇرۇپ قالالمىدى .

ئۇلار ياندىشىپ مېڭىپ كوچا ئارىلىدى . خېلى بىر چاغقىچە ھەر ئىككىيلەن ئۈنچىقىشمىدى . دېمىسىمۇ ۋاقىت قىستاپ قالغان ، سۇلايمان قاسىم ئەتە يولغا چىقماقچىدى .

— كۇنلەر نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن - ھە ! — رىسالەت ئاستا پىچىرلىدى . راستىنى دېگەندە ئۇنىڭ سۇلايمان قاسىمدىن پەقەتلا ئايرىلغۇسى يوق ئىدى . ئەمما ، ئۇ كۆڭلىدىكى بۇ تۇيغۇنى ئاشكارىلاشقا ئاجىزلىق قىلاتتى .

— سۇرەتنى ئالغاچ كەلدىڭىزمۇ ؟ — ئۇ قىزغا قاراپ پەس ئاۋازدا سورىدى .

رىسالەت گەپ قىلماستىن سومكىسىدىن بىر پارچە سۇرەتنى چىقاردى . سۇرەتتە ئۇ بىرئاز خىيالچان كۆرۈنەتتى . بوينىدىكى قىزىل شارپىسىمۇ ئۇنى مىسكىن كۆرسىتىپ تۇراتتى .

— بۇ سۇرەتنى كۆرسە ھوشۇركامىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالغۇدەك ، — دەپ ئويلىدى سۇلايمان قاسىم سۇرەتكە بىرئاز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، — رىسالەت نېمىشقا سۇرەتكە مۇشۇنداق چۇشۇپ قالغاندۇ ؟ ھەي ئىست ، پىسىڭكىدە بىر كۇلۇۋەتسىچۇ كاشكى ...

— بۇ سۇرەت سىزگە ئانچە يارىمىدىغۇ دەيمەن ، — رىسالەت ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ ، ئۇنىڭ ئوي - خىيالىنى ئەينەكتىن كۆرۈپ تۇرغاندەك بىلىۋالغانىدى .

— راستىنى دېسەم ، سىز بۇ سۇرەتكە بىرئاز خىيالچان ، مىسكىن چۇشۇپ قاپسىز ، — ئۇ ئەمدى كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ

قالالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى ، شۇڭا ئويلىغانلىرىنى ئوچۇقلا ئېيتتى ، — ھوشۇركام سەزگۈر ئادەم ، ئۇ بۇ سۈرەتنى كۆرسە ، سىزنى ئۈرۈمچىدە ئوبدان تونۇرالمىغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن .

— بىراق ، سۈرەتكە چۈشىدىغان چاغدا نېمە بولغىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن . تۇيۇقسىزلا كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالدى . كېيىن قارىسام ، سۈرەت مۇشۇنداق چىقىپ قاپتۇ . ئەمدى باشقىدىن چۈشەي دېسەممۇ ئۈلگۈرمەيدۇ . مەيلى ، كىشى يۈرتىدا بۇنىڭدىن خۇشال يۈرگىلىمۇ بولمايدىكەن ، دادام توغرا چۈشىنەر . بولمىسا سىز بولغاندىكىن ، چۈشەندۈرۈپ قويارسىز .

سۇلايمان قاسىم سۈرەتنى ئېلىپ ھەميانىنىڭ قېتىغا سالدى ۋە رىسالەتتىن سورىدى :

— تېخى تاماق يېمىگەنسىز ؟

— سىنىپتىن ئۇدۇللا دەرۋازا ئالدىغا كەلگەن ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ، — لېكىن قورسىقىم ئاچقاندەك قىلمىدى ...

— مېنىڭ بەك ئېچىپ كەتتى ، — دېدى سۇلايمان قاسىم قورسىقىنى سىلاپ قويۇپ ، — ئەمدى ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئازراق بىر نەرسە يېيىشىپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ ، يۈرۈڭ ، قايسى كۈنى كەچتىكى ئاشخانىغا بارايلى .

ئۇلار يولنى كېسىپ ئۆتۈپ ، ھېلىقى ئاشخانىغا قاراپ مېڭىشتى .

— مەن ئەتە يولغا چىقىمەن ، — دېدى سۇلايمان قاسىم تاماق بۇيرۇتقاندىن كېيىن ، — يەنە كەم - كۈتىڭىز بارمۇ ؟ بار بولسا تارتىنماي ئېيتىڭ . ئەتە مەن كەتكەندىن كېيىن ، ھوشۇركامغا خەت يېزىپ ، ئۇنى - بۇنى ئەۋەتىڭلار دېسىڭىز ، مەن خىجالەتچىلىك تارتىپ قالىمەن .

— كېيىمىم يېتىك ، سىرتقا چىقسام بەكلا توڭلاپ كېتەتتىم . مانا ، بۇ پەلتو بەك ئىسسىق ئىكەن . ۋۇجۇدۇمنى ئىلىتىۋەتتى . ئەمدى مېنىڭ غېمىم توگىدى ، رەھمەت سىزگە ، ماڭا ھېچ

نەرسە كېرەك ئەمەس .

— پەلتونىڭ سىزگە شۇنداق ياراشقىنىنى كۆرۈپ خەجلىگەن پۇلۇمنىڭ زايە كەتمىگەنلىكىنى بىلدىم ، — سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ ياقىسىدىكى يىپنى تارتىپ ئېلىۋەتتى ، — مەن سىزنىڭ ھەمىشە مۇشۇنداق قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ - يېيىلىپ يۈرۈشىڭىزنى خالايمەن .

— پەلتونى كۆرۈپ ياتاقتىكىلەرنىڭ كۆزى قىزىرىپ كەتتى ، — دېدى رىسالەت كۈلۈپ تۇرۇپ ، — نەچچە كۈن ئىلگىرى ئازراق كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپ ، ئۇلار بىلەن تۇزۇككىنە گەپمۇ قىلىشمىغانىدىم . ئۇلار پەلتونى كۆرۈپ بىر ئېغىزدىن ماختاشتى . ئەمما ، كۆزلىرىدە يانغان ھەسەت ئوتلىرىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى .

تاماق كەلدى . ئۇلار گەپ - سۆز قىلماستىن تاماق يېيىشتى . ئاشخانىدىن چىققاندا رىسالەت ئۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى :

— مۇشۇ پەلتو ئۈستۈمدىكى چاغدا ئىككىمىز بىر پارچە سۈرەتكە چۈشۈپ قويساق ، قانداق دەيسىز ؟

سۇلايمان قاسىم بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى . سۈرەتكە چۈشمەك ئاسان ، ئەمما ئۇنى ساقلىماق قىيىن ، ناۋادا بۇنداق سۈرەتنىن بىرسى يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە ، ئاسماننى يەر قىلىشتىن يانمايدۇ . ئايال كىشى ھەقىقەتەن كەڭ قورساق ، ئوڭلۇق بولغان تەقدىردىمۇ ، ئېرىنىڭ باشقا بىر قىز بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ يۈرگىنىنى كۆرسە ، ئۇنى دەماللىققا توغرا چۈشىنىپ كەتمىكىمۇ ئاسان ئەمەس . ئەمما ، بۇنى باھانە قىلىپ سۈرەتكە چۈشۈشنى رەت قىلىش سۇلايمان قاسىمنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى . شۇڭا ، ئۇ ئاستا باش لىڭشىتتى .

— مەكتەپنىڭ ئالدىدا بىر سۈرەتخانا بار ، — دېدى رىسالەت ھېيىتلىق ئالىغان كىچىك بالىدەك قىن - قىنىغا سىغمىغان ھالدا ، — شۇ يەرگە بارايلى ، سۈرەتنى بەك چىرايلىق تارتىدۇ .

ئۇلار سۇنئىي تاغنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن دېكوراتسىيە ئال-
دىدا يانمۇيان تۇرغاندا ، سۇلايمان قاسىم ئۆزىنىڭ بىرئاز ئوڭاي-
سىزلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . سۈرەتچى يىگىت گويا ھېچ
ئىش بولمىغاندەك ئاپپاراتنى توغرىلاپ تۇرسىمۇ ، ئۆزىگە سۈرەت
ئاپپاراتى ئەمەس ، ئەپسىز چاغدا مىڭلارچە ئادەمنىڭ كۆزى بىراقلا
ئاغدۇرۇلغاندەك تەمتىرىدى .

— ھوي ئاكا ، بىرئاز كۈلۈمسىرەڭ ، — سۈرەتچى يىگىت
ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدى ، — نىمانچە ھودۇقىسىز ؟ ئىلگىرى سۈ-
رەتكە چۈشۈپ باقمىغانما ؟ ھە بولدى ، يەنە بىرئاز كۈلۈمسىرەڭ .
بېشىڭىزنى ئۇستۇن قىلىڭ ، ھە راست ، بېشىڭىزنى قىزغا يېقىن-
راق تۇتۇڭ ، ھەببەللى …

سۇلايمان قاسىم چىپ - چىپ تەرلىدى . ئۇنىڭغا نىسبەتەن
بۇگۈنكى سۈرەتكە چۈشۈش بەكمۇ قىيىنغا توختىغانىدى . ئۇ سۈرەت-
خانىدىن چىققاندىن كېيىن ، رىسالەتكە قاراپ دېدى :

— ھەي ، بۇ سۈرەتنىڭ قانداق چىقىدىغانلىقىغا بىر نەرسە
دېيەلمەيمەن . ئىشقىلىپ مېنىڭ پەقەتلا سۈرەتكە چۈشۈش تەجرىبەم
يوق جۇمۇ .

— مەيلى قانداق چىقسۇن ، ئۇ ماڭا نىسبەتەن ئەڭ ئەھمىيەت-
لىك خاتىرە بولۇپ قالىدۇ ، — دېدى رىسالەت ئۇنىڭ كۆڭلىنى
ياساپ .

ئۇلار مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا يەنە بىردەم تۇرۇشتى .

— ئەمدى مەن قايتاي ، — دېدى سۇلايمان قاسىم قىزغا
قاراپ ، — ئەتە چۈشتە يولغا چىقىمەن . ئۆيدىكىلەرگە دەيدىغان
گەپ - سۆز بارمۇ ؟

— مېنىڭ ئوبدان تۇرغانلىقىمنى ، ھەممەيلەننى بەكمۇ سې-
غىنغانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇڭ .

رىسالەت شۇنداق دېدىيۇ ، يەنە كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى .
ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن بولسى-
مۇ ، ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېتىپ كەلگەندە يەنىلا ئۆزىنى

تۇتۇۋالالمىدى .
— ھە راست ، — سۇلايمان قاسىم يانچۇقىدىن ئىككى يۈز كوي چىقاردى ، — بۇ پۇلنى يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ ، ئەتىل دېگەنندە پۇل كېرەك بولىدۇ .
— ياق ، — رىسالەت كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلدى ، — ئەمدى مەن ئۇنداق قىلالمايمەن . ھېلىمۇ سىزنى بولدى دېگۇچە ئاۋارە قىلدىم . ئەمدى مېنى خىجىل قىلماڭ ، سۇلايمان ئاكا .
— ھوشۇركام مائاشنى بەرسىلا سىزگە پۇل سالىدىغانلىقىنى ئېيتقان ، مەن بارغۇچە پۇلمۇ قولغا تېگىپ بولىدۇ . قايتىپ بارغان-دا ، ھوشۇركامدىن ئېلىۋالساملا بولمىدىمۇ ؟
رىسالەت پۇلغا ئاستاغىنا قول ئۇزاتتى .
— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ، — سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن ، كەينىگە بۇرۇلدى ، — ھە راست ، رىسالەت ، ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ ، بىر ئىشلار بولسا خەت يازارسىز . يازلىق ئەتىلدە ئۆيدە كۆرۈشەي-لى ، خۇداغا ئامانەت .
— ئەتە سىزنى ئۇزىتىپ چىقىمەن ، — رىسالەتنىڭ ئۈنى تىترەپ كەتتى ، — ئەتە بېكەتتە كۆرۈشەيلى .
— ئاۋارە بولماڭ ، — دېدى سۇلايمان قاسىم قولىنى سىل-كىپ ، — بۇ بىزنىڭ مۇشۇ يەردە خوشلاشقىنىمىز بولۇپ قال-سۇن ، ھاۋا بەكلا سوغۇق ئىكەن ، توڭلاپ كېتىسىز . ئۇنىڭ ئۈس-تىگە ئەتە يەنە سىزنىڭ يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىڭىزنى قايتا كۆرگۈم يوق . خۇداغا ئامانەت .
— خوش ، ئاق يول بولسۇن ئەمىسە …
سۇلايمان قاسىم كەينىگە قاراپمۇ قويماستىن ، قەدىمىنى تېز-لىتىپ يۈرۈپ كەتتى . رىسالەت ياشقا تولغان كۆزلىرىنى تىككىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى . نېمىشقىدۇر ئۇ ئارىلىق يىراق-لاشقانسېرى ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بىر نەرسىسى سۇلايمان قاسىم بىلەن بىللە كېتىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ ئىچىدە تولغاندى .

ئاخىر سۇلايمان قاسىم كوچىدىكى مىغىلدىشىپ يۈرگەن كىشىلەر توپى ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى.

— ھەي، — خورسىنىپ قويدى رىسالەت، — ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ مېنىڭ كۆڭلۈم ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك يېرىم بولۇپ باقمىغانىدىغۇ؟ بۇ زادى نېمە ئىش؟

ئەتىسى ئۇ سۈرەتخانىغا كەلدى. سۈرەتچى يىگىت ئۇنى كۆرۈپلا تەييارلاپ قويغان سۈرەتنى ئېلىپ بەردى. قىزىل پەلتو كىيىۋالغان رىسالەت بېشىنى سۇلايمان قاسىم تەرەپكىرەك قىيسايتىپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. سۇلايمان قاسىمۇ كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ، نېمىگىدۇر ھەيران قالغاندەك بىر ئەلپازدا قاراپ تۇراتتى. ياندىشىپ تۇرغان قامەتلەرنى كۆرۈپ رىسالەت لېۋىنى يېنىك چىشلەپ قويدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن يالغۇز قالغان چاغلىرىدا بۇ سۈرەتكە تويماي قاراپ، سائەت ـ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.

## بەشىنچى باب

# مۇھەببەت

### 21

ھاۋا ئاستا - ئاستا ئىللىماقتا ئىدى. ماي ئېيى كىرىش بىلەن ياتاق ئەتراپىدىكى سۈنئىي گۈللۈكلەردە ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەر كۆزنى قاماشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ يەردە باھار پەسلىگە خاس مەيىن شامال گۈللەرنى يېنىك تەۋرىتىپ، بەئەينى سەھنىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزلارغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. قىزلارنىڭ ئۇستىدە رەڭگارەڭ لىباسلار يەلپۈنەتتى. گۈللەردىن تارقالغان ئۆتكۈر خۇشبۇي ھىد دىماغلارنى ئېچىشتۇراتتى. قاناتلىرى قىزغۇچ كەل- گەن تۇمۇچۇقلار شوخ ۋىچىرلىشىپ، ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكە- نىدى. گۈللۈكلەر ئەتراپىدا بىر - بىرىنى قوغلاپ ئوينىشىۋاتقان سۇندۇكلارنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولاتتى.

رىسالەتنىڭ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرى بىر بولسا مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا، يەنە بىر بولسا مۇشۇ گۈللۈكلەر ئارىسىغا قويۇلغان كۆتەك ئورۇندۇقلاردا ئۆتەتتى. ئۇ مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى شېرىن پىلانلىرىنى تۈزەتتى، كاللىسىدا تىك تۇرۇۋالغان مۇجمەل مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزەتتى، تەجرىبە خۇلاسى- سى يازاتتى. ئىشقىلىپ قىشچە بۇخسۇپ تۇرغان ياتاقتا قارىغاندا، بۇ يەر ھەم ھاۋالىق، ھەم ئارامبەخشلىك ئىدى.

تەبىئەتتە پەيدا بولغان جانلىنىش ئادەمنىڭ كەيپىياتىغىمۇ تە- سىر كۆرسەتسە كېرەك، ئەتراپتا تومۇزغىلار چىرىلدىشىپ، قۇش-

لارنىڭ نەغمىسى باشلانغاندا ، گۇللەر لەرزان تولغىنىپ ئەتراپقا
خۇش ھىدىنى تارقاتقاندا ، زەڭگەر ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن ئاقۋاش
بۇلۇتلار خۇددى تويغا جابدۇنغاندەك ياسىنىپ ، نەگىدۇر قىلىدىغان
سەپىرىنى باشلىۋەتكەندە ، رىسالەتنىڭ كۆڭلىدىكى تىنىق سۇدىمۇ
ئۇششاق دولقۇنلار پەيدا بولغانىدى . كۆل سۈيى لەرزان چايقىلاتتى .
ئارقىمۇ ئارقا كېلىۋاتقان ئۇششاق دولقۇنلار ئەركىلەپ بىر ـ
بىرىگە مىنگىشەتتى . ئۇنىڭ كۆكرەك قەپىسى ئاشۇ دولقۇنلارنى
توسۇپ تۇرغان مۇستەھكەم توسمىغا ئوخشاش ، ئىچىدىكىنى سىرتقا
چىقارماسلىققا تىرىشاتتى . قانداقتۇر بىر ئىچكى ھاياجان ئۇنىڭ
كۆڭلىنى تەشۋىشكە سالاتتى ، ئارامسىزلاندۇراتتى . ئۇ بۇنىڭ سەۋە-
بىنى ھېچ بىلەلمىگەنىدى .
مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ كەينىدە بىر سايە پەيدا بولۇپ قالغان-
دەك ئىدى . ئاشۇ گۇللەر ئارىسىدا ، كۇتۇپخانىدىكى قېلىن ـ
قېلىن كىتابلارنىڭ كەينىدە ، بىنالارنىڭ ئارىسىدىكى تارچۇق يول-
لاردا ھامان بىر جۈپ كۆز ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى .
رىسالەت ئۆز تۈيغۇسىدا پەيدا بولۇۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ئې-
سەنكىرەيتتى ، مەڭدەپ تۇرۇپ قالاتتى . قەلبىنىڭ تىۋىشلىرىغا
قۇلاق سالاتتى . ئەمما ، ئېرىشكىنى ئۇنىڭغا نائېنىق ئىدى . خۇددى
يېزىلاردا ئېگىز تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۇچىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ، ئەمما
ھەمىشە تېكىستىنى ئۇققىلى بولمايدىغان ناخشىلار ياڭرايدىغان يو-
غان كاناپلارنىڭكىگە ئوخشاش بىر خىل گىژىلدىغان ئاۋاز ئۇنىڭ
قۇلاق مېڭىسىنى يەيتتى . بۇنداق شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر ئادەمنىڭ
روھىنى قۇرتتەك غاجايتتى .
بۈگۈن كەچتە «4 ـ ماي» مۇناسىۋىتى بىلەن فاكۇلتېتلار
ئارا تانسا ئۆتكۈزۈلدى . يوغان زال قىن ـ قىنىغا سىغماي قالغان
ستۇدېنتلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى . ئاشۇ قېتىمقى كۆڭۈلسىز-
لىكتىن كېيىن بىر مەھەل خۇدۇكسىرەپ ، ئۆزىچە قىڭىدا ـ سىڭى-
دا غۇدۇراپ ـ قېيىدىشىپ يۈرگەن نۇرگۈل ، گۇلباھار ۋە رەشىدە-
لەر ئەمدىلىكتە رىسالەتكە خۇشامەت قىلىش كويىغا چۈشكەنىدى .

چۈنكى ، بۇ قىيتىمقى مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا رىسالەت سىنىپ بويىچە بىرىنچى بولغان ، كەيىندىن سانىغاندا نۇرگۈل بىرىنچى ، گۈلباھار ئۈچىنچى ، رەشىدە بولسا قاپ بەلدە تۇرغانىدى . سىنىپ مۇدىرى نىياسەم خانىم ئۇلارغا مۇشۇ تەرىزدە مېڭىۋەرسە سىنىپ قالدىغانلىقىنى ، ھەتتا مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىنىڭمۇ قولدىن كېتىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتقانىدى . بىر ياتاقتا ئىككى باشنىڭ بولۇشى كۆلكىلىك بولغاچقا ، بىرئاز ئۇيالغان نۇرگۈل رىسالەتكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قول بەردى ۋە ئۆگىنىشتە ئۆزلىرىنى يېتەكلەپ قويۇشنى ئۆتۈندى . رىسالەتمۇ قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ، ئەمما مەسىلىنىڭ يەنىلا ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى ، ئۆزلىرى ھەقىقىي تىرىشمىسا ، قىلغان ياردەمنىڭمۇ رولى بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى . شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەرھالدا ئىزىغا چۈشكەنىدى .

بىر ياتاقتىكى تۆت قىز سەپ تارتىپ زالغا كىرگەندە مۇزىكىلار قويۇۋېتىلگەن ، ئەمما تانسا تېخى باشلانمىغانىدى . زالنى چۆرىدەپ قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا يىگىت ـ قىزلار جۈپ ـ جۈپى بىلەن ئولتۇرۇپ كېتىشكەنىدى . نۇرغۇن يىگىتلەر ئۇلارغا يەۋېتىدىغاندەك قاراشتى . نۇرغۇن قىزلارنىڭ كۆزىدە ھەسەت ئوتلىرى ئۇچقۇندىدى . بولۇپمۇ نۇرگۈل بىلەن گۈلباھارنى تونۇيدىغان ، ئۇلارنىڭ ھىد ـ بۇسىنى پۇراپ قالغان قىزلار مىيىقىدا مەسخىرىلىك كۈلۈشۈپ ، ئېغىزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇشتى . ئاشۇ سانسىزلىغان كۆزلەرنىڭ نازارىتىدە زالدىن كېسىپ ئۆتكەن قىزلار ھودۇقۇپ يۈرۈپ بىر يەردىن بوش ئورۇن تېپىشتى . شۇنىڭغىچە تېنى تىكەنلىشىپ كەتكەن رىسالەتنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىغانىدى . ئۇ ئىتتىكلا ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلىدى ۋە يېنىك تىن ئالدى .

ـــ بۇگۈن ئەجەب قىزىپ كېتىپتىغۇ بۇ يەر ؟ ـــ رەشىدە ئەتراپقا ئالاڭلاپ قاراپ ، زالنىڭ ئىچىنى كۆزىدىن بىرمۇ بىر ئۆتكۈزدى . ئۇ كىمنىدۇر ئىزدەيتتى ، ئەمما كۆڭلىدىكى ئادىمى بۇ زالدا كۆرۈنمەيتتى .

— نېمە بولغىنى بۇ؟ ھەممەيلەن بىزگە يەۋېتىدىغاندەك قارى-
شىدىغۇ؟

— قارىسا قارىمامدۇ؟ — گۈلباھار رەشىدەنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — ئۇلار بىزگە چىدىمايدۇ شۇ.

— بۇنداق يەردە ئۆتكۈزۈلگەن تانسىنىڭ ئانچە كۆڭۈللۈك بولمايدىغىنى ھېلى بىلىنىدۇ، — دېدى نۇرگۈلمۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ، — چوڭ زال دېگەندە ئۇماچ ئىچكەندەك ئوينىغان تانسىنىڭ پەيزى بولمايدۇ.

— تانسا دېگەننى جۇشقۇننىڭكىدەك يەردە ئوينىسا پەيزى بولامدۇ؟

نۇرگۈل رىسالەتنىڭ تەنە قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە كۈلۈپ قويدى.

— بولدى، بولدى، بىز جۇشقۇننىڭكىدە تانسا ئوينىمىغىلىمۇ ئۇزۇن بولدى، ئەمدى شۇ ئىشنى بىر ئۇنتۇپ كەتكىنە، دوستۇم.

— شۇ ئەمەسمۇ، — گۈلباھارمۇ سۆزگە ئارىلاشتى، — بىر سۇنايىنى تېپىۋالساق چېلىۋىرەمسەن؟ بولدى قىل ئەمدى ...

ئۇلار شۇنداق دېگىنى بىلەن، ھەر شەنبە كەلسە سىرتلارغا ئۇچاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ قايسى جۇشقۇننىڭكىدە پەيزى قىلىشىدىغىنىنى ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇلار بەزىدە رەشىدەنىمۇ ئېلىۋالاتتى. ئەمما، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ياتاقتا رىسالەت بىلەن رەشىدە يالغۇز قالاتتى. شۇنداق چاغلاردا ئىچى پۇشۇپ كەتكەن رەشىدە رىسالەتكە ئۇلارنىڭ سىرتلاردا قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى ئۆزىگە قىلچە ئېلىپ قالماستىن سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئىككى قىز قانداقتۇر ئويناشلىرىغا رىسالەتنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان پەلتو ئالدۇرماقچىمۇ بولۇشۇپتۇ. ئەمما، ھاراقنى بولدى دېگۈچە ئىچىپ، ۋەدىنى پويىزدا بىر بېرىدىغان يىگىتلەر قىلىدىغاننى قىلىپ بولۇپ، مەستلىكتىن يېشىلىسلا بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدىكەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى

تېخىچە روياپقا چىقماپتۇ ...
شۇ ئەسنادا مۇزىكا ئالمىشىپ ، يىگىتلەر توپ ـ توپى بىلەن قىزلار تەرەپكە تاشلاندى . زال ئىچى ئۆرتتۆپە بولۇپ كەتتى . بىردەمدىلا جۈپ ـ جۈپ قىز ـ يىگىتلەر پىرقىراپ تانسىنى باشلىۋەتتى . تانسىغا تارتىلغان قىزلارنىڭ چىرايىدا ئاجايىپ بىر كۆرەڭلىك ، تەمەننا جىلۋە قىلاتتى . تانسىغا تەكلىپ قىلىنىش شەرىپىگە ئېرىشەلمىگەن قىزلارنىڭ كۆزلىرى چىمىلدايتتى ، قاياقتىندۇر بىر ئاق ئاتلىق شاھزادىنىڭ ئۇچۇپ كېلىپ ، ئۆزلىرىنى تارتىپلا ئاتقا مىندۈرۈپ ، ئاشۇ لۆمشىپ تۇرغان ئېقىننىڭ ئارىسىغا ئېلىپ كېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشەتتى .
رىسالەت تانسا ئويناۋاتقانلارغا ھەۋەس بىلەن قارايتتى . راستىنى دېگەندە ، ئۇ مۇشۇ يېشىغىچە بىرەر يىگىت بىلەن تانسا ئويناپ باقمىغانىدى . تانسا دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى پەقەت باشقىلارنىڭ ئويۇنىغا قاراپلا بىلگەنىدى . شۇ تۇرقىدا ئۆزىنى بىرسى تانسىغا تارتسىمۇ ، قاملاشتۇرۇپ ئويناپ كېتەلىشىگە كۆزى يەتمەيتتى .
بىر پەسلىك روھىي ئەسەبىيلىكتىن كېيىن مۇزىكا ئاخىرلاشتى . تېخى سۈت خۇمارى بېسىلمىغان بوۋاقتەك ، نېمىگىدۇر تارتىشىپ تۇرغان قىزلارنىڭ قولى يىگىتلەرنىڭ ئىسسىق ئالقانلىرىدىن تەسلىكتە ئاجرىدى . ئۇلار يىگىتلەرنىڭ چىرايىغا «بىر مېنىلا تانسىغا تارتىڭ جۇمۇ» دېگەندەك مەنىلىك قاراپ قويۇپ ، جايىغا مېڭىشاتتى .
مۇزىكا بايىقىدىنمۇ جاراڭلىق ، خۇددى زالنى ئۆرۈۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا يەنە باشلاندى .
ئەمدىلىكتە يىگىتلەر قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلىپ ئولتۇرماستىن پەدىنى ئۆزگەرتىپ ، باشقا قىزلارغا تاشلاندى . زالنىڭ ئىچى يەنە تەۋرەپ كەتتى .
ـــ رىسالەت ، قېنى ئىككىمىز بىر قول ئويناپ قويايلىچۇ ؟
زالغا قىزىقىش ئىلكىدە قاراپ تۇرغان رىسالەت ئۆزىگە ئىلتى-

پات كۆرستىۋاتقان يىگىتكە ھەيرانلىق بىلەن قارىدى . چىرايلىق بۇرۇتىنى ئويناپ تۇرغان تاھىر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھىجىيىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ دانىخورەك باسقانلىقىغا قارىماي ، كۈلكە يىغىپ تۇرغان چىرايىنى كۆرگەن رىسالەت بەئەينى بەزنىڭ ئالدىدا ئۇنى يىيىش ئۈچۈن ئۇمتۇلۇۋاتقان مۈشۈكنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ئۇنىڭ تېنى بىردىنلا تىكەنلىشىپ كەتتى .

— كەچۈرۈڭ ، مەن تانسا بىلمەيمەن .

— بىلمىسىڭىز ، مەن ھەقسىز ئۆگىتىپ قويۇشقا تەييار !

تاھىر ئۇنىڭغا كانىدەك چاپلاشتى . مۇزىكا زامان ئاخىرىدىكى ئىسراپىلنىڭ نېيىدەك يۇقىرى ئاۋازدا ياڭرىماقتا . تاھىر تېخىچە ئۇنىڭ ئالدىدا ھىجىيىپ تۇراتتى . زالدا تانسا ئويناۋاتقانلارمۇ ، ئويۇن كۆرۈۋاتقانلارمۇ ئۇلارغا قاراشتى . رىسالەت ئەمدىلىكتە ئاشۇ مىڭلىغان كۆزلەردىن نومۇس قىلىپ قالدى ۋە ئىلاجسىز ئورنىدىن تۇردى . تاھىر شەھەر ئالغان گېنېرالدەك قېتىپ ، رىسالەتنىڭ تېخى ھېچكىم تۇتۇپ باقمىغان قىزىق ئالىقانلىرىنى چىڭ قىسقىنىچە ئۇنى زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ باردى . رىسالەت ھە دېگەندە مۇدۇرەيتتى . كالامپاي پۇتلىرى ئۇنىڭ دېگەن يېرىگە كەلمەيتتى . ئۇ كىمدىنىدۇر مەدەت تىلىگەندەك ئەتراپقا قارىدى . تاماشا كۆرۈۋاتقانلار ئارىسىدا ئۇ ھەمىشە ئۆزىگە قاراپ تۇرغاندەك ھېس قىلىدىغان بىر جۈپ كۆزنى يەنە ئۇچرىتىپ قالدى . ئۇنىڭ يۈزلىرى نىمىشقىدۇر قىزىرىپ كەتتى ، پېشانىسىدىن چىپ - چىپ تەر قۇيۇلدى .

— مەن سىزنى ناز قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ دېسەم ، راست بىلمەيدىكەنسىزغۇ ؟ — دېدى تاھىر كۈلۈپ تۇرۇپ ، — مەن سىزگە باشتىن ئۆگىتەي ، بىر ، ئىككى ، بىر ، ئىككى ، ئالدىغا بىر قەدەم ، كەينىگە ئىككى …

— مەن سىزنىڭ ئۆگىتىشىڭىزگە موھتاج ئەمەس ، — دېدى رىسالەت شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك ئۇيىلىپ ، — ھەي ، نېمانداق ئۇزۇن مۇزىكا

بۇ ، ئادەمنىڭ جېنىنى چىقىرىپ ...
— ئاز - تولا ئۆگىنىپ قويمىسىڭىز قانداق بولىدۇ ؟ — تاھىر ئۇنىڭ قولىقىغا شىۋىرلىدى ، — قاراڭا ، ئۇتلاقنى ماناپ يۈرگەن تۆگىدەك چامداشلىرىڭىزنى ، سىزنىڭ قەيىرىڭىزمۇ قىز بالىغا ئوخشايدۇ ؟ ئۇنداق قىلماي ، مېنى ئۇستاز تۇتۇڭ ، مەن سىزگە شۇنداق ئۆگىتىمەنكى ، ھەي - ھەي ، كۇنلەرنىڭ بىرىدە تانسا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ قالسىڭىز ، ئالتۇن مېدال ئالالمىغان-دىمۇ كۇمۇش مېدالدىن قۇرۇق قالمايسىز .
رىسالەت ئۇنىڭغا يىرگىنىش نەزىرىدە قاراپ قويدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدە چاقنىغان غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى سەزمىگەن تاھىر بىر خىلدا ئۆز گېپىنى يورغىلىتاتتى :
— سىزنى كۆرگەندىن بېرى ئارامىم بۇزۇلۇپ ...
دەل شۇ چاغدا مۇزىكا ئاخىرلاشتى . رىسالەت ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ جايىغا كېلىپ ئولتۇردى . تاھىرمۇ بېزەڭلىك بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلدى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىلا تۇرغان بىر ئورۇندۇققا چۆكتى . ئۇ ئەتراپقا كۆرەڭلىك بىلەن نەزەر تاشلايتتى .
مۇزىكا يەنە باشلاندى . تاھىر رىسالەتكە قاراپ ئۇمتۇلدى .
— ئىشىڭىزنى بىر قىلىڭا تاھىر ، — جىلە بولغان رىسالەت قوپال ئاۋازدا ئۇنى سىلكىۋەتتى ، — قانداق نېمە بۇ ...
— بۇگۈنكى مۇشۇ سورۇندا تانسا ئوينىماش ، مېنىڭ ئىشىم ، — ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە رىسالەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ، — مەنمۇ شۇ تۇرقىدا ئىشىمنى قىلاي دەۋاتىمەن .
رىسالەت ئۇنىڭ بۇنچە بېزەڭلىكىنى ئويلىمىغانىدى . ئۇ ئاچ-چىقتىن بوغۇلۇپ كەتتى . چىرايىمۇ بىر قىزىرىپ ، بىر تاتىرىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتىنى سەزگەن نۇرگۈل لىك-كىدە ئورنىدىن تۇرۇپ تاھىرنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە پىرقىرىتىپ زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۆرەپ كەتتى .
— ھوي ، نېمە قىلغىنى بۇ ؟ — گۇلباھار يىلان چېقىۋال-

غاندەك تولغىنىپ كەتتى ، ــ ئاۋۇ يىگىت سىنى تانىسغا تەكلىپ قىلىۋاتسا ، قاراپ تۇرۇپ نۇرگۇل تارتىپ كېتىپ بارىدىغۇ ؟ قوشـ نامنىڭ قوش كۆرۈنۈپ كەتتىمۇ نىمە ؟

ــ ئۇنىڭغا مەن شۇنداق قىل دېگەن ، ــ دېدى رىسالەت ئۇستىدىن بىر تاغ يىقىلغاندەك يېنىك تىن ئېلىپ ، ــ شۇكرى ، ھەرنېمە بولسا بۇ توخۇ پوقىدىن بىر قۇتۇلدۇمغۇ خۇدايىم .

ــ قارىسام يامان ئەمەس بالىدەك قىلىدىغۇ ؟ ــ رەشىدەمۇ سۆزگە ئارىلاشتى ، ــ ئۇ سىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا كېرەك ...

رەشىدە شۇنداق دېگىنىچە قولىنىڭ كەينى بىلەن ئېغىزىنى تۇسۇپ تۇرۇپ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى .

ــ ئادەم دېگەننىڭ قانداقلىقىنى قاراپ - كۆرۈپ بىلگىلى بولمايدۇ رەشىدە ، ــ رىسالەت ئۇنىڭغا تەئەددى بىلەن قاتتىقراق قىلىپ ئېيتتى ، ــ ھايۋاننىڭ ئالىسى سىرتىدا ، ئادەمنىڭ ئالـ ـسى ئىچىدە دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ سەن ؟ بەك كۆزۈڭگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتكەن بولسا يۈرۈۋال ، مېنىڭ پىكرىم يوق .

ــ ۋاي ، بولدى ، ــ رەشىدە ئىككى قولى بىلەن قۇلىقىنى ئېتىۋالدى ، ــ مەن دېمىگەن بولاي ، ساڭىغۇ بىرەر ئېغىز گەپ تىك كېتىدىغان بولسا ، ئادەمنى مۇشۇنداق كېكىرتىپ قويىسەن زادى ، بولدى ، يۈرمەمسەن - يۈرمەمسەن ، مېنىڭ نىمە كارىم ؟

ــ قويۇڭلارچۇ ، ئاق يەردە تۇگمەن چۆرۈپ نىمە قىلىسىـ لەر ؟ ــ گۈلباھار بىزار بولغاندەك بېشىنى چايقاپ قويدى ، ــ ھە دېسە ئىت - مۈشۈكلەردەك خىرقىرىشىپ يۈرىمىزمۇ ؟ سىلەر بۇ يەردە بىر - بىرىڭلارغا خوش ئېيتىپ ئولتۇرغان بىلەن ، خەق غېمىدە يوق تانسا ئويناۋاتامدۇ ئەنە ؟ نىمە قىلىق بۇ ؟

رىسالەت مۇشۇنداق دىتىغا ياقمايدىغان بىر ئىشلارغا ئۇچراپ قالغاندا ، ئۆزىنىڭ بەكمۇ سەپرا بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدى . ئاشۇ چاغدا ئۇ تاھىر بىلەن گەپ تەگىشىپ قېلىپمۇ ياتاققا كىرىپ نۇرگۇل بىلەن ئېيتىشىپ قالغانىدى . ئۇ

رەشىدەنىڭ قولىنى تۇتۇپ پەس ئاۋازدا دېدى :

— مېنى كەچۈر ، رەشىدە . مۇشۇ نەرسىنى كۆرسەملا سەپرا- يىم ئۆرلەيدۇ ، مېنىڭ سەپرالىقىمنى كۆڭلۈڭگە ئالما .

رەشىدەمۇ ھېچقىسى يوق ، دېگەندەك قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويدى .

تانسا داۋاملاشماقتا ئىدى . قۇلاقنى يارغۇدەك مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئەسەبىيلەشكەن يىگىت - قىزلار ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا پىرقىراشماقتا . ئۇلار شۇ تاپتا ئۆزلىرىنى مەكتەپنىڭ چوڭ زالىدا ئەمەس ، ئايئاق بۇلۇتلار كېزىپ يۈرگەن زەڭگەر ئاسماندا ، مەيىن شاماللار يەلپۈتۈپ تۇرغان ، گۈل - چېچەكلەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن چەكسىز يايلاقتا ، بۈركۈتلەر ئۇۋا سالغان تىك قىيالار- دا ، گۈرۈلدەپ تۇرغان قەدىمىي ئورمانلاردا يۈرۈۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى .

رىسالەت ئاشۇ قاينامدەك پىرقىراپ يۈرگەن قىز - يىگىتلەر- گە تىكىلگىنىچە نېمىشقىدۇر خىيالغا پېتىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىرنېمىلەر ئۇچۇشاتتى ، قۇلىقى قانداقتۇر بىر نەرسى- نىڭ گۈمبۈرلىگىنىنى ئاڭلىغاندەك قىلاتتى . زال ئىچىدە تانسا ئويناۋاتقان ۋە تاماشا كۆرۈۋاتقانلارنىڭ كۈلۈشكەن ، بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىراشقان بوغۇق ئاۋازى شاۋقۇنلايتتى . ئەمما ، ئۇ ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلمايتتى . بىر چاغدا ئۇنىڭ كاللىسى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك لىپ قىلىپ سۇزۇلدى . ئەمما ، ئۇ ئۆزىنىڭ خىيالغا پېتىپ قانچىلىك تۇرغىنىنى ، نېمىلەرنى خىيال قىلغىنىنى پەقەتلا ئەسكە ئالالمىدى .

— ئېشەك ھاڭرىغاندا چۇشكەن قوغۇندەك ئەجەب تېتىقسىز بىرنېمىكەنغۇ بۇ ؟ — مۇزىكا ئاخىرلىشىپ نۇرگۈل غۇدۇرىغىنىچە قايتىپ كەلدى ، — گېپىنىڭ يوغانلىقىنى قانداق قىلاي ؟ مېنى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قاپتىمىش ، مەن ئۇنىڭ بىلەن يۈرسەم ، ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك قىز ھېسابلىسام بولىۋېرەر- مىش ، چۈنكى ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان قىزلار بىلەن تام قوپۇر-

سا ، مۇشۇنداق زالدىن ئىككىسى پۈتەرمىش .

— مېنىڭ نېمىگە تېرىككەندىمنى ئەمدى بىلگەنسىز ؟ — دېدى رىسالەت كۈلۈپ تۇرۇپ .

— مەن ئۇنىڭغا نېمە دېدىم ، بىلەمسىلەر ؟ — دېدى نۇرگۈلمۇ ئاچچىق كۈلۈپ ، — مېنىڭ كەينىمگە چۈشكەن يىگىتلەرنى رەتكە تۇرغۇزسا ، مۇشۇ ئۈرۈمچى شەھىرىنى ئىككى يۆگەيدىغان پۇتا بولىدۇ ، دېدىم . ئۇ بىرنېمە بەكمۇ بىزەڭ ئىكەن ، مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ ، كىم بىلىدۇ ، سىز ئاشۇ يىگىتلەر ئىچىدىكى ئەڭ مازلىرىدىن بىرىگە تېگىپ قالامسىز تېخى دەۋاتامدۇ ؟ ۋاي ، مېنىڭ ئەقلىم ، مازنى تاپماسمەن ، تاپسامۇ سىزدەك مازنى ھەرگىز تاپماسمەن دېسەم ، ئۇنىڭ يۈزى قىلچە قىزارمىدى .

ئۇلار تىزلىرىغا مۇشتلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى .

تانسا ھېچ ئاخىرلاشماي دېمەيتتى . بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ چىقىۋاتقان مۇزىكىلار ئەسەبىيلەشكەن قىز - يىگىتلەرنىڭ پايپىقىغا پىت سالغاندى . مۇزىكا باشلىنىش بىلەنلا توپ - توپ يىگىتلەر ئاچ بۆرىلەردەك قىزلار تەرەپكە تاشلىناتتى . قىزلارمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىشىنى بىلگەندەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ، كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى تۈزەشتۇرۇپ ، تەييارغا ھەييار بولۇپ تۇراتتى .

رىسالەت بىلەكلىرىنى بىر - بىرىگە مىنگەشتۇرۇۋالغان بولۇپ ، زالغا مەيۈس قاراپ ئولتۇراتتى . بىر چاغدا گۈلباھار ئۇنى جەينەكلىدى . رىسالەت نېمە ئىش دېگەندەك ئۇنىڭغا قارىدى . گۈلباھار بېشى بىلەن ئالدى تەرەپنى ئىشارەت قىلدى . رىسالەت ئالدىغا قاراپ ، ئۆزىگە ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ تۇرغان بىرىنىڭ بېشىنى كۆردى . چاچلىرى سىپتا تارالغان ، ئاق كۆڭلىكى بەستىگە چىپپىدە كەلگەن ، ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت ئۇنى تانسىغا تارتىپ ئۆرە تۇراتتى .

— سىز …

يىگىت بېشىنى كۆتۈردى . ئاھ ، شۇ كۆزلەر … گۈللەر ئارد-

سىدا ، كۈتۈپخانىدىكى قىلىن ـ قىلىن كىتابلار ئارىسىدا ، ياتاق بىناسى ئەتراپىدىكى تارچۇق يوللاردا ، مەيدانلاردا ئۇنىڭغا غايىۋانە تىكىلىدىغان ئاشۇ نۇرلۇق كۆزلەر ··· ئۇنى كۆرۈپ رىسالەت بىر ئاز ھودۇقۇپ كەتتى ۋە يېنىدىكى قىزلارغا قاراپ قويدى .

— سىز بىلەن بىر قول تانسا ئوينىسام بولامدۇ ؟

يىگىت تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغان تىلىنى تەستە ھەرىكەتلەن- دۈرۈپ ، پەس ئاۋازدا سورىدى .

— كەچۈرۈڭ ، مەن پەقەتلا تانسا بىلمەيمەن ، — رىسالەت قىزىرىپ ـ تاتىرىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېلىندى ، — قاراڭ ، بۇ قىزلارنىڭ تانسىغا ھەقىقەتەن ئىپپى بار ، رەنجىمەي ···

ئۇ يېنىدىكى ياتاقداشلىرىنى كۆرسەتتى .

— مەنمۇ تانسىنى ئانچە بىلمەيمەن ، — دېدى يىگىت ئۇنىڭ- دىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپ ، — ئەمما ، سىز بىلەن ئوينىسام ئۆگىنىپ قالىدىغاندەك تۇرىمەن ، بىللە ئۆگىنەيلىچۇ ؟

رىسالەتكە ئەمدى بىرنېمە دېيىشكە ئورۇن قالمىدى . ئۇ سەل ئىككىلىنىپ ئورنىدىن تۇردى . يىگىت ھارارەتلىك بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى . ئىككىسى ئاستا قەدەملەر بىلەن زال- نىڭ ئوتتۇرىسىغىچە باردى .

— ھەرگىز قورۇنماڭ ، — دېدى يىگىت ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ، — بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى كەسپىي ئارتىسلار ئەمەس ، ھەممىسى ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەيدىغان سىز - بىزگە ئوخشاش ئوقۇغۇچىلار ، بىزنىڭ ئوينىغىنىمىزغا نومۇر قو- يىدىغان ئادەم يوق ، تارتىنماي ماڭا ئەگىشىپ دەسسەۋېرىڭ .

رىسالەت يىگىتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، پۇت ـ قولىغا بىر ئاز جان كىرگەندەك بولدى . ئۇ كۆلۈمسىرىگىنىچە يىگىتنىڭ يېنىك يېتەكلەشلىرىگە ماسلىشىپ بەردى . كۆپ ئۆتمەي قەدەملىرىنىڭ خېلىلا كېلىشۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ مۇزىكا رىتىمىنى ئاستا ـ ئاستا سەزمەكتە ئىدى .

— مانا ، بىر ئوبدان ئويناۋاتىسىزغۇ ؟ — دېدى يىگىت

كۈلۈپ تۇرۇپ ، — تانسا بىلمەيمەن دەپ مېنى ئالداپ كەتكىلى تاس قاپسىز - دە ، رىسالەت !

— مېنى قانداق تونۇيسىز ؟ — رىسالەت بىر ناتونۇش يىگىتنىڭ ئېغىزىدىن ئۆز ئىسمىنى ئاڭلاپ راستتىنلا ھەيران قالدى .

— مېنى سىزنى تونۇمايدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ ؟ — يىگىت ئۇنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇردى ، — پەقەت سىزلا مېنى تونۇمايسىز . ئىسمىم ئالىمجان ، سىز بىلەن بىر يۇرتلۇقمەن .

— قايسى سىنىپتا ئوقۇيسىز ؟ — رىسالەتنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى ، — بىر يۇرتلۇق باللار سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلمىغانىغۇ ؟

— 95 - يىللىق داۋالاش سىنىپىدا ، — ئالىمجان ئۇنى يېنىك پىرقىراتقىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — مەنمۇ بىر يۇرتلۇق باللار بىلەن ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيمەن . شۇڭا ، ئۇلار مېنىڭ بۇ مەكتەپتە بارلىقىمنى ئۇنتۇپ قېلىشقان بولۇشى مۇمكىن .

ئۇ تانسا ئويناۋېتىپ رىسالەتنىڭ يۈزىگە مۇنداقلا قاراپ قويدى . ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ ، تىنىقلىرى قوشۇلۇپ كەتتى . رىسالەت گويا كىمدۇر بىرى ئۇستىدە قاراپ ئۆزلىرىنىڭ ، ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغاندەك ، ئۇياتلىق بىر ئىش ئۇستىدە ھېلىقى نامەلۇم ئادەمگە ئۇچراپ قالغاندەك بەكمۇ ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى .

— بۈگۈن سىز بىلەن تونۇشۇۋالغىنىم ئوبدان بولدى ، — دېدى يىگىتمۇ دەرھال نەزىرىنى باشقا ياققا قارىتىپ ، — سىزگە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك تېپىپ بەرمىگەندىمەن ؟

— ياق …

— بىر مەكتەپتە بولغاندىكىن ، كۆرۈشۈپ تۇرايلى ، — ئالىمجان يەنە ئۇنىڭغا قاراپ قويدى ، — ناۋادا سىزگە بىئەپ

بولۇپ قالمىسا ...

رىسالەت دەماللىقا ئۇنىڭغا بىرنېمە دېمىدى . ئەمما ، يىگىتكە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويدى .

## 22

سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۈرۈمچىدىن كەلگىنىگە بىر ئايدىن ئاشتى . ئۇ ئىشخانا بىلەن ئۆي ، ئۆي بىلەن ئىشخانا ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ ئۆز خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولاتتى . بەزى - بەزىدە ھوشۇر سەلەي بىلەن قەمبەرخان ئۇلارنىڭكىگە كىرەتتى . ئۈرۈمچىدىنىڭ قانداق يۇرت ئىكەنلىكىنى ، ھاۋاسىنىڭ قانداقلىقىنى ، رىسالەتنىڭ قانداق تۇرۇۋاتقانلىقىنى يېنىش - يېنىشلاپ سورايتتى . ئۇمۇ سۆزلەپ ھارمايتتى ، ھوشۇر سەلەيمۇ ئاڭلاپ چارچىمايتتى .

نېمىشقىدۇر سۇلايمان قاسىمنىڭ قەلبىدە رىسالەتكە نىسبەتەن يا مۇھەببەتكە ، يا باشقا بىرنېمىگە ئوخشىمايدىغان بىر تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قالغانىدى . ئۇ رىسالەتنىڭ ياخشى قىز ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ياراملىق بىر دوختۇر بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىغانلىقىنى پەرەز قىلاتتى . رىسالەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا نىسبەتەن ئۇ بەكمۇ ئۈمىدۋار ئىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ ئائىلە شارائىتى دېگەندەك ياخشى ئەمەس ، ھوشۇر سەلەينىڭ چەكلىك ئىقتىسادىي شارائىتى رىسالەتنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادالەتمۇ چوڭ بولۇپ قالدى ، ئەتە - ئۆگۈن ئۇمۇ تېخنىكوم ئىمتىھانىغا قاتنىشىدۇ ، ئۆتوپ قالسا ئۇمۇ ئۇچۇپ كېتىدۇ .

— ئادالەت ئاچىسىغا ئانچە ئوخشىمايدۇ ، — سۇلايمان قاسىم يالغۇز قالغان چاغلىرىدا شۇنداق ئويلايتتى ، — بۇ سەل غىلجىڭ ، ئەركە - ئايناق ، پۇل دېگەننى كۆردۈم دېمەي خەجلەيدىغان بەتخەج قىز چىقىپ قالدى ، ھوشۇركامنىڭ كېيىنكى ئۆمرى مۇشۇ قىزنىڭ شالتىقىنى ئادالاش بىلەن ئۆتمىسە بولاتتىغۇ ؟

كۈنلەر ئىنتايىن سۈرئەت بىلەن ئۆتمەكتە. قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقلىرى بارا - بارا بوشاپ، باش باھارنىڭ تۇنجى ئىپارىسى مەيىن شامالدا يەلپۈنۈشكە باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان باھار مەۋسۇمى يېتىپ كەلدى. قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقىدىن ئامان قالغان قۇشلارنىڭ شوخ ناخشىلىرى يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

بىر كۈنى سۇلايمان قاسىم ئىشخانىدا ئولتۇراتتى، تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى.

— ۋەي، سۇلايمانمۇ سەن؟ — دېدى قارشى تەرەپ بوغۇق ئاۋازدا، — مەن سەلىمجان، ھوي ئاداش قۇدۇقتا چۈشكەن تاشتەك يوقاپ كەتتىڭغۇ؟ بارمۇ سەن؟

— ھوي، سەلىممۇسەن؟ — سۇلايمان قاسىمنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، — قانداق ئاداش، بالا - ئۇششاقلىرىڭ ئامانمۇ؟ سەنمۇ يوقاپ كەتتىڭغۇ؟ پەسىل قۇشلىرىدەك ئىسسىق ياقلارغا بېرىپ كەلمىگەنسەن؟

— مەن ئىزدىسەم كارىڭ يوق، تېلېفون قىلسام، ئەھۋال سوراپ ھالىڭ قالمىدىغۇ، ئاداش، — سەلىمجان ئۇنى ھەرىدەك چېقىۋالدى، — قانداق، سىڭىڭمۇ ئۆيئىچىڭ ئامان - ئېسەنمۇ؟

ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىر - بىرىدىن خېلى ئۇزۇن ئەھۋال سوراشتى.

سەلىمجان ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى ئىدى. ئۇلار خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، دەسلەپتە ھەر دەم ئېلىش كۈنلىرىنى بىرلىكتە ئۆتكۈزەتتى. ئۇلارنىڭ بىللە ئالمىغان خامىنى، بىللە سورۇمىغان سامىنى قالمىغان، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن بېسىقىپ، ئىككىلىسى ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن قالغانىدى. ئارىدا نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. قارا بوران ئۆتۈپ كېتىپ، ئالەم سۈزۈلگەندىن كېيىنمۇ سەلىمجان ئۇنى تاشلىۋەتمىدى. ئۇلار ئىلگىرىكىدەك ئىزدىشىپ تۇرالمىسىمۇ، پۇرسەت بولسىلا بىر يەرگە كېلىشەتتى.

— قانداق بۇرادەر، ئاشقازاننىڭ تۈۋتى جايىدىدۇ؟ — سورىدى سەلىمجان ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، — قۇلاق مىدىرلىغۇدەك بىر ئىچىشكە تاۋاك بارمۇ؟ يا يەڭگىمىزنىڭ كۆلۈڭىدىن چىقالمايدىغان قىرى مۇشۇك بولۇپ قالدۇقمۇ؟

— ئاشقازاندا چاتاق يوق، تاش يېسەك قۇم چىقىرىپ يۈرىمىزغۇ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — قانداق، بىر يەردىن ئۆلۈك چاشقان ئۇچرىغان ئوخشىمايدۇ؟

— بۇرنۇڭ ئاپشاركىنىڭ ئۆزىغۇ سېنىڭ، — سەلىمجان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — ۋۇي كىسىپۇرۇش، مەن زۇۋاننى سۈرۈپ بولغۇچە شۆلگىيىڭنى ئېقىتىپ كەتكىنىڭنى قارا، — سەلىمجانمۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ قوشۇپ قويدى، — بىر سىگە ئازراق بىر ئىش قىلىپ بېرىۋىدىم، مېھمان قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. كەچ سائەت ئالتىدە جىگدە ئېرىق كەنتىگە بارىمىز، سورۇن ئەمەت ھاجىنىڭكىگە تۈزۈلمەكچى. ئېھتىمال، ئويۇنىمىز ئەتە سەھەرگىچە سۈرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن، سۈت چىشى چۈشمىگەن ئوغلاقنىڭ تېرىسىگە كىرىپ قالىدىغانىنىڭمۇ گېپى بار. بېلىڭنى ئوبدانىراق باغلاپ تەييار بول. پىيىزنىڭ گىچ - گىچ چىقىپ قالسا، يۈزۈڭگە تۈكۈرىمەن.

— سەن تېخىچە شۇنداق ئىشلاردىن قول ئۈزمەي يۈرۈۋاتامسەن؟ — سۇلايمان قاسىم ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭدىن سورىدى، — قارا ئاغىنە، شۇ ئىشتىن نېمە پايدا كۆردۈڭ؟ تېخىچە بۆلۈم مۇدىرى بولۇپ يۈرۈۋاتىسەن، سەن بىلەن بىللە كادىرلار تارمىقىغا كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاق ئوغۇت بەرگەندەك ئۆسۈپ كەتتى.

— مېنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىمنىڭ ھەممىسى پايدا، — دېدى سەلىمجان خىر - خىر قىلىپ ھىجىيىپ، — گەپ پايدىنى قانداق ھېسابلاشتا ئاداش، بەزىلەر خەقتىن ئۇندۇرۇۋالغان تۆت تەڭگىسىنى پايدا ھېسابلىسا، مەن ئويىنغان ئويۇنلىرىمنى پايدا ھېسابلايمەن. سەن مېنىڭ مۇشۇ ئىشتا كۆرگەن پايدامنى مەڭگۈ ھېسابلاپ چىقالمايسەن. خەق ئاقچىدىن پايدا ئالسا، مەن كۆڭۈل-

ـدىن پايدا ئالـدىغـنى . راست ، مېنـىڭ بۇ جەھەتتە قاندىقلىقىمنى ئۆزۈڭ ئوبدان بىلىسەنغۇ ؟ بولدى ، بولدى ، ئەمىسە مەن دېگەندەك قىل . كەچتە ئىدارىگە ماشىنا ئېلىپ بارىمەن . ئىش ـ كۆشلە-رىڭنى تېزرەك تۈگىتىپ ، هايتاقا هۆيت دېگۈدەك بولۇپ تۇر ، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ...

سۇلايمان قاسىم تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى ۋە يانچۇقىدىن تاماكا چىقىرىپ پۇرقىرىتىپ چېكىشكە باشلىدى . ئۇ خىيالغا پاتتى ، مۇشۇ ئاغىنىسىنىڭ كەينىگە كىرىپ بېرىپ قالغان بەزى خالتا كوچىلارنى ، ئۇ يەرلەردە ئوينىغان ئويۇن ـ تاماشىلىرىنى كۆڭلىدە بىر قۇر دەڭسەپ باقتى . ھەر قېتىم سىرتلاردا ئويناپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ، ئۇ ئۆزىنى زۇلخۇمارغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ھېس قىلاتتى . ئەمما ، سەلىمجاندىن تېلېفون كەلسىلا ، پايپىقىغا پىت چۈشۈپ ، ئۆزىنى پەقەتلا تۇتۇۋالالمايتتى .

ئۇ ئىشلارنى بىر قوللۇق بېجىرىۋەتكەندىن كېيىن ، ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى .

ـــ كېلىڭ ئۇكام ، ـــ دېدى بەگيار يۈسۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، ـــ بۈياقا كېلىڭ ، ئولتۇرۇڭ .

ئۇ سۇلايمان قاسىمنى ساپاغا تەكلىپ قىلدى ۋە بىر ئىستاكان قايناق سۇنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى .

ـــ بولدى ، ئاۋارە بولماڭ ، ـــ دېدى سۇلايمان قاسىم ئىدارە باشلىقىنىڭ ئاقارغان چېكە چاچلىرىغا قاراپ قويۇپ ، ـــ سىز تاپشۇرغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بېجىرىۋەتتىم . تۈۋەندىن ئەتە ـ ئۆگۈنىڭ ئىچىدە نەتىجىسىنى يوللىماقچى .

ـــ ئوبدان بوپتۇ ئوكام ، ـــ دېدى ئىدارە باشلىقى مەمنۇن بولغان قىياپەتتە بېشىنى لىڭشىتىپ ، ـــ مەن سىزنىڭ ئىشلارنى ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بېجىرەلەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن .

ـــ مېنىڭ ئازراق ئىشىم چىقىپ قالدى ، ـــ دېدى سۇلايمان قاسىم ئۆسۈپ كەتكەن ساقاللىرىنى سىلاپ قويۇپ ، ـــ باشقا ئىش بولمىسا ، مەن رۇخسەت سوراي دېگەن .

— ھە بولىدۇ، بولىدۇ، ئىشىڭىز چىقىپ قالغان بولسا بېرىۋېرىڭ، — ئىدارە باشلىقى ئۇزىنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ قويدى، — دېسەم دېمىسەم ساتىراشخانىغا بارىسىزغۇ دەيمەن، ساقال مۇشۇنداق ئۆسۈپ قالسا، خوتۇنمۇ ئادەمگە ئۆچ بولۇپ قالىدۇ، ئۇكام.

ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

سۇلايمان قاسىم ئاۋۋال ساتىراشخانىغا بېرىپ، ساقاللىرىنى پاكىز ئالدۇرۇپ، يۈزلىرىگە ماي سۈۋىدى، چېچىنى سىپتا تاراپ يىلىم بىلەن قاتۇردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى سىيماسىغا قاراپ، تولۇق قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، سىرتقا چىقتى.

— بۈگۈن بىز بەگىياركام بىلەن يېزىغا بارماقچى، — دېدى ئۇ ئۆيىگە كىرگەندە زۇلىخومارنىڭ مەڭزىنى چىمداپ قويۇپ، — ئەستۇللا، رۇستەملەرمۇ بىرگە بارىدۇ. يېزىدىن ئالغاچ كېلىدىغان نەرسىلەر بارمۇ؟

— ئەجەب تۇيۇقسىزلا يېزىغا بارىدىغان بولۇپ قاپ-سىلەرغۇ، — زۇلخومار ئىنچىكە قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى، — ئىلگىرىلەردە يېزىغا چۈشسىڭىز بىر كۈن ئىلگىرى شەپىسى بولاتتىغۇ؟

— ئەمدى خىزمەت دېگەن ئاپتاپلىق كۈندە مۆلدۈر ياغقاندەك، چىغ تۈۋىدىن توشقان قوپقاندەك تۇيۇقسىز چىقىپ تۇرىدىكەن، مەندە نېمە ئىلاج؟ — دېدى سۇلايمان قاسىم مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، — ھېلى ئولتۇرسام بەگىياكام شۇ گەپنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. ئالدىراپلا ساقال-پاقالنى قىردۇرۇپ ئۆيگە كېلىشىم، ئەستا، ماۋۇ رۇستەم دېگەن كىسپۇرۇش ئۆيگە كېلىپ مېنى چاقىرىۋالىدىغان بولغان، ئەجەب كەلمەيدىغۇ؟

ئۇ سائىتىگە قاراپ قويدى. سەلىمجاننىڭ ئۇنى ئالغىلى كېلىشىگە يېرىم سائەتلا قالغانىدى. ئۇ مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە ئىدارىنىڭ ئالدىغا چىقىپ بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئالدىراپ كىيىم يۆتكەشكە باشلىدى.

— ياسىنىشىمىز قالتىسقۇ ؟ — زۇلخۇمار ئۇنىڭ ئالاھىدە تېزلىشىپ كەتكەن ھەرىكىتىگە ، سۇرتۇلگەن ئەينەكتەك پارقىراپ كەتكەن يۈزلىرىگە ، مايلانغان چاچلىرىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى ، — خۇددى قىزلار بىلەن تۇنجى يۈز كۆرۈشۈشكە ماڭغان يىگىتتەك جابدۇنۇپ كەتتۇقۇ ؟ ئۆيدىكى باللار دادىسىز قالمىسۇن يەنە .

— توۋا دېگىنە خوتۇن ، — سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈزلىرى ۋىللىدە قىزاردى ، — مەن مۇشۇ يېشىمدا قىزلار بىلەن كۆرۈشـ سەممۇ نېمە قىلالايمەن ؟ مەن دېگەن بىر كونا ماشىنا ، ھېلى بىر يېرىمدىن قاراماي ئاقسا ، ھېلى چاقىمدىن يەل قاچىدۇ . مەن پەقەت سېنىڭ قولۇڭدىلا پەرۋىش تاپىمەن . باللارنىڭ دادىسىز قېلىشى مۇمكىن ئەمەس . شۇنچە يىلدىن بېرى بىر ئۇۋىنى قىزىتىپ كېلىدـ ۋاتىمىز . مېنىڭ قانداقلىقىمنى بىلمەمسەن ؟

— مۇشۇ كەمدە خوتۇن يېڭىلاش مودىغا ئايلىنىپ قالدى . سىزنىڭمۇ ئومۇمىيخورغا قاتنىشىپ قېلىشىڭىزدىن ئەنسىرەيمەن .

— مەن يەڭگۈشلەيدىغاننى ئاللىقاچان يەڭگۈشلەپ بولغان ئادەم ، — سۇلايمان قاسىم ئۇنى بوش قۇچاقلاپ قويدى ، — سەن مېنىڭ ھاياتىمدا تەقدىر تەرىپىدىن ئېرىشكەن ئەڭ چوڭ بەختىم ، ئەمدى مەن ئۇنى نېمىگە تېگىشىمەن ؟ ماڭا ئىشەن ! — ئۇ شۇنداق دەپ سائىتىگە يەنە بىر قارىدى ۋە ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى .

## 23

جىگدە ئېرىققا بارىدىغان شېغىل يولدا بىر قارا رەڭلىك سانتانا ئىرغاڭلاپ چايقىلىپ ، خۇددى مەست تۆگىدەك چاپچىپ كەلمەكتە ئىدى . ماشىنىدا كەيپىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان سەلىمجان ، ئۇنىڭ ھەربىر گەپ - سۆزىگە كۈلۈمسىرەش بىلەن جاۋاب بېرىۋاتقان سۇلايمان قاسىم ۋە رولنى پىرقىرىتىپ ئولتۇرغان بادام دوپپىلىق ، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى كوسا ساقال ، قىزىل يۈزلۈك بىرى بار ئىدى .

هاۋا ئوبدانلا ئىللىپ قالغانىدى . يول بويلىرىدىكى قارا تېرەكلەرنىڭ ياپراقلىرى يولغا قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى . ئېتىزلاردا بۇغداي مايسىلىرى قىر ياپقان ، ياپيېشىل مايسىلار قىشچە بوزىرىپ تۇرغان بۇ يەرگە ئۆزگىچە سۆلەت بېغىشلىغانىدى . مەيىن شامالدا چايقىلىپ تۇرغان مايسىلار ئادەمگە دولقۇنلىرى ئۆكسۈمەيدىغان كۆپكۆك دېڭىزنى ئەسلىتەتتى .

ماشىنا چوڭ يولدىن يەنە بىر توپىلىق مەھەللە يولىغا قايرىلدى . زۇمچەك ـ زۇمچەك قەبرىلەرنى ئەسلىتىدىغان ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ئۆيلەر ئارىسىدىكى يىلانباغرى سوزۇلغان بۇ يول ئىنتىنىڭ ئۈچىيىدەك تار ۋە ئەگرى ـ توقاي ئىدى . مايلىشاڭغۇ بادام دوپپىنىڭ تېگىدىن مىس رەڭ قىزىل بېشى كۆرۈنۈپ تۇرغان ھېلىقى ئادەم ئاشۇ تارچۇق يولدا كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا ماشىنا ھەيدەپ كەلمەكتە . نېمشقىدۇر ئۇنىڭ شالاڭ بۇرۇتلىرى دىردىيىپ قالغانىدى .

— ئەمەت ھاجىم ، — سەلىمجان ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ گەپ باشلىدى ، — بۇرۇتلار چاشقانغا يېقىنلاشقان مۇشۈكنىڭكىدەك دىڭگىيىپ قاپتىغۇ ؟ قارىغاندا ، بۈگۈن سىلىنىڭمۇ پەيلىلىرى يامان ئوخشىمامدۇ ؟

— قانداق دەيلا ، ئۇكام ؟ — ئۇ ساپسېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى .

— «موللىنىڭ بۇرۇتى قوپقىنى تۇركىنىڭ بىرنېمىسى قوپقانغا تەڭ» دەپ ئاڭلىۋىدىم ، قارىسام ھېلىلا بىرسىگە دۇئا قىلىدىغاندەك ئەلپازلىرى يامان ، شۇڭا دەيمەن ـ دە ، ئەمدى .

— نېچاغدىكى گەپنى قىلىلا ، سەلىمجان ئۇكام ، — ئۇ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە سەلىمجانغا قاراپ قويدى .

— ئاڭلىسام ھېلىمۇ يېزىدا موللىلار خەقنىڭ چىرايلىق قىزلىرىغا دۇئا ئوقۇپ يۈرەرمىشقۇ ؟

سەلىمجان ئۇنىڭ ئېغىزىنى كوچىلاشنى نىيەت قىلدىمۇ يا باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر گەپنى شۇ ياققا يۆتكىدى .

— ئۇ دېگەن قاي زامان ئۇكام؟ — ئەمەت ھاجى ماشىنا ئالدىدىن كېسىپ ئۆتۈۋاتقان بىر توپ قويغا سىگنال باسقىنىچە ماشىنا سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى، — ھازىر خەقنىڭ چىرايلىق قىزلىرى موللىلارغا ئاشمايدۇ، تىرناقتا توختايدىغان قىزلارغا دۇئانى سىلىدەك قولىدىن ئىش كېلىۋاتقان باشلىقلار ئوقۇيدۇ ئۇكام.

— گەپلىرىچە بىزمۇ بۇگۈن قۇرۇق يانمايدىغان ئوخشىمايدۇق، ھاجىكا؟ بىزنىڭ دۇئايىمىز ئۈچۈن تەق بولۇپ تۇرغان قىزلارمۇ باركەن - دە؟

— خۇدايىتائالا ھەربىر بەندىسىنى رىزىق - نېسىۋىسىز ياراتمىغان، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە قاشلىرىنى كۆتۈرۈپ قويدى، — ئەمدى بۇ يەردە سىلىگىمۇ ئاز - تولا نېسىۋە تەييارلىدىم، كۆڭۈللىرىگە ياقسا، دۇئا دېگەننى ئەرشىئەلاغا چىققۇدەك قىلىۋېتەرلا ئۇكام...

سەلىمجانمۇ، ئەمەت ھاجىمۇ بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ، ماشىنىنىڭ ئۈستىنى ئېچىۋەتكۈدەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

سۇلايمان قاسىم ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالغىنىچە جىممىدە ئولتۇراتتى. ماشىنا دېرىزىسىدىن شۇڭغۇپ كىرىۋاتقان غۇر - غۇر شامال ئۇنىڭ يۈزلىرىنى يېنىك سىيپايتتى. ئۇ ماشىنا ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئاشۇ چاغنى — مۇز قاتقان كوچىلاردا رىسالەت بىلەن بىللە بازار ئارىلىغان ئاشۇ مىنۇتلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. رىسالەت ئۇنى قولتۇقلىۋالغان، قىزنىڭ ھارارەتلىك تىنىقى ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ماشىنا دېرىزىسىدىن كىرگەن ئىللىق شامالدەك يېنىك ئۇرۇلغانىدى...

— سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئۇنتۇپتىمەن، — بىر چاغدا سەلىمجانىنىڭ شۇنداق دېگەنلىكى ئۇنىڭ قۇلىقىغا غۇۋا ئاڭلاندى، — بۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم سۇلايمان بولىدۇ، — ئۇ يەنە ماشىنا ھەيدەپ ئولتۇرغان ئەمەت ھاجىنى كۆرسەتتى، — بۇ مۇشۇ ناھىيىدىكى داڭلىق باي ئەمەت ھاجى بولىدۇ، ئاساسەن ۋاستىچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بېجىرەلمەي قالغان

بىرەر ئىشىڭ بولسا، ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلساڭ، گۈلنى ـ گۈلگە كەلتۈرۈپ بېجىرىپ بېرىدۇ. ئۆزئارا تونۇشۇۋېلىڭلار.

ئەمەت ھاجى كەينىگە بۇرۇلۇپ، كىچىك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. سۇلايمان قاسىمۇ جاۋابەن بېشىنى لىڭشىتتى.

ماشىنا ئاخىر يوغان دەرۋازىلىق، تاملىرى پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان بىر قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. دەرۋازا ئالدىدا پوكىنىنى توپىغا مىلەپ ياتقان ئىككى غاز ماشىنا تورمۇزىنىڭ چىرقىرىشىدىن چۆچۈپ، ئەتراپنى بېشىغا كىيىپ غاقىلداپ كەتتى.

— كەپتۇق ـ دە، — سەلىمجان ماشىنىدىن چۈشۈۋېتىپ ھەمىشە دەيدىغان ھېلىقى سۆزىنى تەكرارلاپ قويدى.

— شۇنداق ئۇكام، يېتىپ كەلدۇق، — ئەمەت ھاجى ئالدىراپ دەرۋازىنى ئاچتى، — بۇ مېنىڭ غېرىبانە كەپەم بولىدۇ، تارتىنماي قەدەم تەشرىپ قىلىشارلا.

دەرۋازىدىن كىرگەندە، ئىككى تەرىپىدە كىچىك گۈللۈكلەر ياسالغان، سېمونت خىش ياتقۇزۇلغان كەڭرى ھويلا، چىنە خىش چاپلانغان ئېگىز تاملار، ھويلىغا سايە تاشلاپ تۇرغان ھەشەمەتلىك تال بارىڭى كۆزگە چېلىقاتتى. تاش ياتقۇزۇلغان بىر چىغىر يول ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ مېھمانخانىغا تۇتىشاتتى. تال بارىڭىغا ئېسىپ قويۇلغان رەڭدار قەپەسلەردە تۇرلۇك قۇشلار سايراپ ئولتۇراتتى. ھويلىنىڭ قايسىبىر يېرىدىن يەنە بىر توپ دەمدەرنىڭ ئۇنلىگەن ئاۋازى كېلەتتى.

— پاھ، جەننەتنىڭ ئۆزىكەنغۇ بۇ يەر، — سەلىمجان مېھمانخانىغا قاراپ كېتىۋېتىپ ھاياجىنىنى باسالماي قالدى، — ئەمدى بۇ يەردە بىرلا نەرسە كەم قاپتۇ، ھاجىكا.

— مەسىلەن، نېمە كەمكەن ئۇكام؟

ئەمەت ھاجى قاشلىرىنى ئۇچۇرغىنىچە ئۇنىڭدىن ئالدىراپ سورىدى.

— سۇ ئىچسە گىلىدىن كۆرۈنىدىغان ھۆر — غىلمانلار كەمدەك قىلىدۇ.

— ئۇندىقمۇ بار، — ئۇ مايلىشىپ كەتكەن دوپپىسىنى كەينىگە سۈرۈپ قويدى، — ئەمما ئۇلارنى بۇ يەردە قويغىلى بولمايدۇ ئۇكام، ئۇلار شۇ تاپ ھەرەمخانىدا، ھېلى پەيدا بولىدۇ دېسىلە...

ئۇلار يەنە كۈلۈپ كېتىشتى.

مېھمانخانا سۇلايمان قاسىمنىڭ تەسەۋۋۇردىكىدىنمۇ ھەشەمەتلىك ئىدى. ياغاچنى بولۇشىغا ئىشلىتىپ، يەتتە ئاسما قىلىپ ئىشلەنگەن تورۇستا چوڭ زىننەت چىرىغى ئېسىلىپ تۇراتتى. ئېگىز تاملارغا توق قىزىل رەڭلىك دۇخاۋا پەردىلەر تارتىلغان، خۇرۇم ساپالار تام بويلىتىپ تىزىلغان، ئەينەك شىرە ئۈستىدىكى خرۇستال قاچىلاردا بادام، مېغىز، كىشمىش دېگەندەك قۇرۇق مېۋىلەر ئېشىپ - تېشىپ تۇراتتى. ئۆيئىچىدىن خۇشبۇي ئەتىر ھىدى ئۆرلەپ تۇراتتى. پولغا ياتقۇزۇلغان ياغاق ياغىچى توق خورما رەڭلىك سىردا سىرلانغانىدى. پارقىراپ تۇرغان پولغا ئادەمنىڭ ئەيمىنىپ دەسسىگۈسى كەلمەيتتى.

ئۆينى كۆرۈپ سەلىمجاننىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ بوسۇغىدىن ئاۋۋال قايسى پۇتنى ئېلىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. توختىماي سايراپ تۇرغان تىلىمۇ تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغاندەك ئىدى.

— تارتىنماي كىرىۋەرسىلە ئۇكام، — ئەمەت ھاجىنىڭ سىنچى كۆزلىرى ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا كۆتۈرۈلگەن بۇ مالىمانچىلىقنى بىر قاراپلا كۆرۈۋالدى، ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ سەلىمجاننىڭ يەلكىسىدىن يېنىك ئىتتىردى، — قېنى ئۇكام، مېنى خىجىل قىلماي كىرىۋەرسىلە.

سەلىمجان بىلەن سۇلايمان قاسىم ئاۋايلاپ دەسسىگىنىچە مېھمانخانىغا كىردى ۋە ساپانىڭ لېۋىدىلا ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرى بىر - بىرىگە ھەيرانلىق ئىلكىدە بېقىشاتتى.

شۇ ئەسنادا بۇ ئۆيگە بىر چەينەك كۆتۈرگىنىچە ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى بىر موماي كىرىپ كەلدى . ئۇ مېھمانلارغا ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن ، كۈمۈش پەتنۇسقا قويۇلغان خىرۇستال پىيالىلەرگە چاي قۇيۇپ ، ئۇلارغا ئەدەپ بىلەن سۇندى .

— بۇ بىزنىڭ خىزمەتكارىمىز ، — دېدى ئەمەت ھاجى مومايىنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپ ، — ئىسمى ئايشىخان ، مۇشۇ قورۇغا قارايدۇ . بىزنىڭ كەمپىر ئانىسىنى يوقلاپ يۇقىرىقى مەھەللىگە كېتىپتۇ . ئەمدى چاينى مۇشۇنداق ئىچىدىغان بولدۇق . ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىلەر ، ئۇكىلىرىم .

— بىز يات ئادەم بولمىغاندىكىن ، تۈزۈت قىلىشمايلى ، — دېدى سەلىمجان ئايالنىڭ قولىدىن پىيالىنى ئېلىۋېتىپ ، — بىر ھېسابتا بۇمۇ بولغىنى ، قانداق دېدىم ، ھاجىكا ؟

— شۇ ، شۇ ، ئەينى توغرا ، — ئەمەت ھاجى كۈلۈپ قويدى ، — ئېشىكى يوق موللامنىڭ قولىقى تىنچ دەيدىغان گەپ بار ، بەھۇزۇر ئولتۇرۇشسىلا ئۇكىلىرىم . ھە راست ، — ئۇ ئىشىنى تۈگىتىپ بولۇپ قولىنى پەرتۇقىغا سۈرتۈۋاتقان ئايالغا قارىدى ، — تاشتۆمۈر ئاخۇننىڭ تەييارلىقى قانداقراق ؟

— ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتى ، غوجىكام بالام ، — ئايشىخان ئۆز يېشىغا ماس كەلمىگەن ھالدا قېشىنى لىككىدە ئېتىپ قويدى ، — پاقلان تونۇرغا كىرىپ بولغىلى بىر ئاش پىشىم ۋاقىت بولدى ، تاشتۆمۈر ئاخۇن بىلەن كىبىرجان شۇ تۇرقىدا ئارقا ھويلىدا كاۋاپدانغا ئوت يېقىۋاتىدۇ .

— ھېلىقىلارنىڭ ئىشچۇ ؟

— ئۇلارمۇ تەييار ، — ئايشىخان ساپادا ئولتۇرغانلارغا قاراپ تامىقىنى چېكىپ قويدى ، — ئۇلار ئۇسما قويۇپ جابدۇنۇۋاتىدۇ . ئۇسمىسى ئىچىسىلا كېلىدۇ ، خاتىرجەم بولسىلا .

سۇلايمان قاسىم ئارىدا بولۇۋاتقان ياپتا گەپلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ، سەلىمجانغا قارىدى . تەييارلىقنىڭ جايىدا بولغىنىدىن مەمنۇن بولغان سەلىمجانمۇ ئۇنىڭغا قارىدى . ھەيرانلىقتىن چەك-

چەيگەن ۋە خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتكەن ئىككى جۈپ كۆز بىر نۇقتىدا ئۇچرىشىپ قالدى .

ئەمەت ھاجى يەنە بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك ئالدىراپ سىرتقا ماڭدى . ئايشىخانمۇ ئۇنىڭغا سوكۇتشىپلا چىقىپ كەتتى .

— ھەي ، قانداق يەر بۇ ؟ — سۇلايمان قاسىم تەئەججۈپ ئىلكىدە سەلىمجانغا تىكىلدى ، — ئۆينىڭ شۇنداق يوغانلىقى ۋە ھەشەمەتلىكىگە قارىماي ، ئادەمنىڭمۇ تايىنى يوق ، تېخى گەپ - سۆزلەر شۇنداق سىرلىق ، خۇددى مەخپىي خىروئىن سودىسى قىلىدىغاندەك ...

— بۇ مۇشۇ ئالا گەدەن تازنىڭ جەننىتى ، — ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ سۇلايمان قاسىمغا چۈشەندۈردى ، — ئەمەت ھاجى دېگەن بەكلا قۇۋ ئادەم ، ئۇنىڭ مۇشۇ ناھىيىدە كىرمەيدىغان تۆشۈكى يوق ، ناھىيىنىڭ كۆپىنچە كاتتىلىرى مۇشۇ يەردە بۇ ئادەمنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ قالىدۇ . شۇڭا ، ئىش ئالالمىغانلار ، ئىش بېجىرەلمىگەنلەر ، توخۇسى قونداقتىن چۈشۈپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئارىغا سالىدۇ . بۇ ئادەممۇ ئۇلارنى قۇرۇقداپ تۇخۇم يىغىدىغانلاردىن . ئالىدىغاننى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئالىدۇ ، ئىشنىمۇ چىرايلىق بېجىرىدۇ . شۇڭا ، ئۇنىڭ ھال - كۈنى ئوبدان .

— مۇنداق دېگىن ، — سۇلايمان قاسىم ئۆيئىچىگە يەنە بىر قېتىم قاراپ چىقتى ، — گېپىڭچە ، نۇرغۇن چوڭ ئىشلار مۇشۇ جەننەتتە بىر ياقلىق بولىدىكەن - دە !

— شۇنداق ، — سەلىمجان تاماكىسىغا ئوت ياققىنىچە قوشۇپ قويدى ، — يېزا - بازارلارغا ئەمەلدار تەيىنلەشتىن باشلاپ چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ھۆددىگە بېرىشكىچە نۇرغۇن ئىشلارنىڭ چاپىنى مۇشۇ يەردە پىچىلىدۇ .

— ئەمدى ، ئۇسما قويۇۋاتىدۇ ، ئۇسمىسى ئىچىلا كىرىدۇ دېگىنى نېمىسى ؟

— بۇ ئادەمنىڭ قولى يەتمەيدىغان ئۆگزە يوق ، — سەلىمجان تاماكىسىنى شورىغىنىچە ئاۋازىنى تېخىمۇ پەسەيتتى ، —

ئاڭلىشىمچە، ئۇ يېزىدىكى قولى قىسقا، باققۇچىسى يوق، بىرنى ئىككى قىلالماي بېشى قاتقان تۇل خوتۇنلارنىڭ بويىغا يېتىپ قالغان قىزلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن دەپ، بىر ھەپتىلىكتىن يۇقىرى باھادا سېتىۋالىدىكەن، ئاندىن ئۇ قىزلارنى پاقلاننىڭ ئورنىدا بىزنىڭ ئالدىمىزغا تاشلايدىكەن. ئىش بېجىرىشتە بۇنىڭدىن ئوبدان سوۋغات بولامدۇ؟ تۇل خوتۇنلار ئاز بولسىمۇ پۇل تاپقانغا خۇش، ئەمەت ھاجىم خەقنىڭ كالتىكى بىلەن خەقنىڭ شېخىنى قېقىپ ئىش ھەل قىلغانغا خۇش، ھەر ئىككى تەرەپ ئوبدان مەنپەئەتلىنىدىكەن. قارىغاندا، بىزمۇ بۈگۈن ئاشۇنداق ئىلتىپاتلارغا نائىل بولساق كېرەك...

— تۇۋا، راستىنلا شۇنداق ئىش بارمىكەن؟ — سۇلايمان قاسىم ياقىسىنى تۇتقىنىچە ۋارقىرىدى، — ھەي، بۇ ئوپئوچۇقلا ئادەم سودىسىغۇ؟ قىزلىرىنى سېتىشقا ئاشۇ ئانىلارنىڭ ۋىجدانى قانداق يول قويغاندۇ؟

— پەس گەپ قىل، — سەلىمجان ئۇنى جىملىدى، — باشقا كۈن چۈشكەندە ئۇلارغا شۇنداق قىلماي نېمە ئىلاج؟ ساتاي دېسە ئېغىل - قازناقتا مال - ئاشلىق بولمىسا، ئىشلەي دېسە پۇت - بىلەكتە كۈچ بولمىسا، ئۇلار شۇنداق قىلماي قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قىزلىرىنىڭ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ - دە.

— قارىغۇنى تار يەردە قىستاش نامەردلەرنىڭ ئىشى. خۇدانىڭ بەيتىنى كۆرگەن ئادەم شۇنداق ئىشلارنى قىلىشتىن نومۇس قىلمامدىغاندۇ؟

— ئۇ نەدە يۈرۈپ خۇدانىڭ بەيتىنى كۆرۈپتىكەن؟ ناھايىتى سودا ئىشى بىلەن بىر قېتىم قونجىراپ ئېغىزىغا بېرىپ كەلگەن گەپ. ئەمدى ھاجەتمەنلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ شۇنداق ئاتايدۇ.

— سەن بىلىپ تۇرۇپ مېنى مۇشۇنداق نامەردنىڭ داستىخىنىغا باشلاپ كەلدىڭمۇ؟ — سۇلايمان قاسىمنىڭ چىرايى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى.

— بولدى، بولدى، بۇ نامەردلىكنى بىز توسۇپ قالالمايمىز، — سەلىمجان ئۇنىڭغا قاراپ قول شىلتىدى، — ھەممە ئادەمگە خۇشىيقىپ قالغان بۇ ئىشنى بىزنىڭ توسۇپ قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بىزمۇ تۆگە كۆردۈڭمۇ دېسە، ياق دەپ قويۇپ، ئالدىمىزغا كەلگەننى قايتۇرماسلىقىمىز كېرەك. چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە دېگەن مۇشۇ.

— ئەمما، مېنىڭ بۇنداق ھارام گۆشنى يېگۈم يوق، — سۇلايمان قاسىم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، — كونىلاردا نامەردنىڭ ئېشىنى يېگەن ئادەمنىڭ چىشى سۇنىدۇ دېگەن گەپ بار. قولىدا ۋەج - دۇنياسى ئېشىپ - تېشىپ تۇرغان ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقتا بېشى قاتقان قوۋمىغا خەير - ئېھسان قىلىش ئەمەس، ئۇنىڭ چوققىسىغا دەسسەپ تۇرۇپ نەپ ئېلىشنى كۆزلىشى ئىككىلا ئالەمدە كەچۈرگىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. سەن بىلىپ تۇرۇپ مېنى مۇشۇنداق يەرگىمۇ باشلاپ كەلدىڭمۇ؟ ھەي سەلىم، شۇ تاپتا قەلبىمدىكى ئورنۇڭنىڭ قانچىلىك تۆۋەنلەپ كەتكىنىنى بىلەمسەن؟

— بولدى، بولدى، ھە دېسە مېنى ئەيىبلەۋەرمە، — سەلىمجانمۇ ئاۋازىنى كۆتۈردى، — تەييار ئالدىڭغا كەلگەن تائامنى يېمىسەڭ، يا بۇزۇلۇپ قالىدۇ، يا ئاچلىقتىن ئۆلىسەن، ھېچبولمىسا ئۇنى يەيدىغانلار ھامىنى چىقىدۇ. بۇ بىز كەلتۇرۇپ چىقارغان ئىش ئەمەس، بىزمۇ خەقنىڭ ئىزىدىن مېڭىۋاتىمىز. ئۇنچىۋالا چىچاڭشىپ كېتىشنىڭ ئورنى يوق، ئۆپكەڭنى بېسىپ ئولتۇر. ھاجىم ئاڭلاپ قالسا سەت تۇرىدۇ.

دەل شۇ چاغدا يېقىنلاپ كەلگەن قەدەم تىۋىشى ئاڭلاندى. ھەر ئىككىيلەن جىم بولدى. مېھمانخانىغا ئەمەت ھاجىم ۋە چوڭ پەتنۇسقا ئېلىنغان بىر پاقلاننىڭ كاۋىپىنى كۆتۈرۈپ يەنە ئىككى ئادەم كىرىپ كەلدى. ھاجىمنىڭ چىرايىدا «قانداق، بولامدىكەنمەن؟» دېگەندەك بىر سوئال بەلگىسى قېتىپ قالغانىدى. ئۇ سەلىمجاننىڭ چىرايىغا قاراپ - قاراپ قويااتتى.

ئايشىخان مۇرىسىگە قاردەك ئاق بىر لۆڭگىنى ئارتىۋالغىنىچە

چىلاپچا ـ دومبىلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى . ياشقا كىچىك-رەك بىرى ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ بەردى .
ـــ قېنى ئېلىشسىلا ، ـــ دېدى ئەمەت ھاجىم قولىنى چايقاپ بولغاندىن كېيىن ، شىرە ئالدىغا كېلىپ ، ـــ كاۋاپ دېگەن قىز بالىغا ئوخشايدۇ ، سەللا تۇرۇپ قالسا تەمىدىن كېتىدۇ . ئىسسىقىدا ئېلىشسىلا ، قېنى ، ئەمىسە ...
ئۇ شۇنداق دېگىنىچە كاۋاپقا سانجىپ قويۇلغان پىچاق بىلەن بىر توغرام كاۋاپ كېسىۋالدى ۋە ھاسىراپ تۇرۇپ ئېغىزىغا سال-دى . ئۇ كۆپۈپ چىققان قوۋزىنى لۆمشىتىپ تۇرۇپ كاۋاپنى ئۆز قولى بىلەن پارچىلاپ ، ئولتۇرغانلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى .
ـــ قېنى تارتىنماي چوڭ ـ چوڭ ئېلىشسىلا ئۇكىلىرىم ، مېنىڭ سىلەردىن باشقا ھېچقانداق ئەزىز مېھمىنىم يوق . كۆڭلۈم-نى قايتۇرمىسىلا ...
سۇلايمان قاسىم قولىدىكى بىر پارچە كاۋاپقا تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى . بىر بۇردا نان ئۈچۈن قاقشاپ يۈرگەن كىشىلەر-نىڭ ئار ـ نومۇسى بەدىلىگە يانچۇقىنى تومىلىغان بۇ ئادەمنىڭ ئاش ـ تامىقىدا ئەلۋەتتە شەك بار . كىم بىلىدۇ ، مۇشۇ پاقلاننى سېتىۋالغان پۇل قايسى نارىسىدىنىڭ كۆز يېشى بەدىلىگە كەلگەن ؟ شۇنداق ئىكەن ، ئۇنى يېسە ئەلۋەتتە توڭگۇزنىڭ پوقىنى يېگەندەك بولىدىغان گەپ . يېمىسە ھاجىمنىڭ كۆڭلى ...
سۇلايمان قاسىم تۇنجى قېتىم سەلىمجاننىڭ كەينىگە كىرگە-نىگە پۇشايمان يېدى . شۇ تۇرقىدا سەلىمجانمۇ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى . ئۇنى كاۋاپ يېيىشكە ئۈندىگەن كۆزلىرىدە بىر ئىلتىجا-لىق مەنە بار ئىدى .
سۇلايمان قاسىم قاتتىق تەڭقىسلىق ئىچىدە قالدى . بىر تەرەپ-تە مەڭگۈ يامىشىپ چىققىلى بولمايدىغان تىك قىيا ، يەنە بىر تەرەپتە تېگى كۆرۈنمەس چوڭقۇر ھاڭ . ئۇنىڭدا ئۈچۈپ ئۆتكۈدەك مادارمۇ يوق .
ـــ قېنى ئالسىلا ئۇكام ، ـــ ئەمەت ھاجى كۈلۈپ تۇرۇپ

ئۇنى تاماقتا زورلىدى ، — لايىقىدا بولمىسىمۇ ئىغىز تېگىپ بەرسىلە .

— قېنى ئال ، — سەلىمجان چاقچاقتا يۆلەپ ئۇنى كاۋاپقا ئىغىز تېگىشكە دەۋەت قىلدى ، — تويدىن كېيىن ناشتا قىلغۇسى كەلمىگەن يىگى كېلىندەك ناز قىلىپ ئولتۇرساڭ قانداق بولىدۇ ؟ قېنى ئال ، بۇرادەر .

ئىت تۆت پۇتلۇق هايۋان ، ئەمما ئۇ بەزىدە سەھنىگە چىقىپ ئىككى پۇتلۇق بولۇپ مېڭىپ ماهارەت كۆرسىتىدۇ . ئىتنىڭ بۇ خىل ماهارىتىدىن سۆيۈنگەن تاماشىبىنلار ئالقىشلاپ چاۋاك چېلىشىدۇ . ئەمما ، ئاشۇ ئىتنىڭ ماهارەت ئۆگىنىش جەريانىدا نەچچە قېتىم قامچا يېگەنلىكىنى ، قانداق كۆلپەتلەرنى تارتقانلىقىنى هېچكىم ئويلاپ يېتەلمەيدۇ . مانا ، ئىسسىق كاۋاپتىن هور كۆتۈرۈلمەكتە . قارىغان ئادەمنىڭ ئۇنى يېگۈسى كېلىپ ئىغىزىدىن سېرىق سۇ يانىدۇ . ئەمما ، مۇشۇ كاۋاپتا ئىككى پۇتلاپ مېڭىشقا مەجبۇرلانغان ئىتنىڭكىدەك ئاچچىق كەچمىش بار . بۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئىغىزغا سېلىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس .

— رەنجىمەڭلار ، — دېدى سۇلايمان قاسىم قولىدىكى بىر پارچە كاۋاپنى ئاستا پەتنۇسقا قويۇپ ، — مۇشۇ كۈنلەردە رېماتىزىم كېسىلىم قوزغىلىپ قالغان ، تونۇر كاۋاپ يەل كېلىدۇ ، دوختۇرمۇ مېنىڭ كاۋاپ ۋە كالا گۆشى دېگەندەك يەللىك تاماقلاردىن پەرهىز تۇتۇشۇمنى تاپىلىغان ، سىلەر ماڭا قارىماي ئىغىز تېگىۋېرىڭلار .

ئەمەت هاجى راستمۇ ، دېگەندەك سەلىمجانغا قارىدى . سەلىمجان سۇلايمان قاسىمنىڭ قەتئىيەت چىقىپ تۇرغان چىرايىغا بىر پەس قارىدى ۋە «هەئە» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى . سۇلايمان قاسىم خرۇستال قاچىدىكى ياڭاق مېغىزىدىن بىر چىش ئېلىپ ئىغىزىغا سالدى .

سەلىمجان نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرماستىن ، كاۋاپقا تاشلاندى . ئۇ مۇشۇ سورۇننى دەپ بىر نەرسە يېمىگىلى نەچچە كۈن بولغان ئادەمدەك ئاچ كۆزلۈك بىلەن كاۋاپقا تۇتۇش

قىلاتتى . قوۋۇرغىلارنى پاراسلىتىپ ئاجرىتىپ ، كۆمۈرچەكلەرنى كاراس ـ كۇرۇس ئاۋاز چىقىرىپ چاينايتتى . ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ سۇلايمان قاسىم ھەيران قالدى . ئۇ بۇ ساۋاقدىشىنىڭ مۇنچە-لىك ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى .

بىر چاغدا ھويلىدىن شىپ ـ شىپ قىلغان يېنىك ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى . بىر چەتتە قول باغلاپ تۇرغان ئايشىخان بىر نەرسىنىڭ ھىدىنى پۇرىغان ئايشاركىدەك ئىتتىكلا ھويلىغا چىقىپ كەتتى . ئەمەت ھاجىمۇ قولىنى سۇرتۇپ ئىشىك تەرەپكە قارىدى . ھايالشى-مايلا ئايشىخان ئىككى قىزنى باشلاپ كىردى . سەلىمجاننىڭ قىز-لارنى كۆرۈپ ، چىرايىدا مەمنۇنىيەت كۈلكىسى پەيدا بولدى .

قىزلار ئون تۆت ـ ئون بەش ياشلاردا بار ئىدى . ئۇلارنىڭ قاپقارا كۆزلىرى ئۆزلىرى دۇچ كېلىۋاتقان بۇ قىسمەتلەرگە ھەيران بولۇۋاتقاندەك توختىماستىن چىمچىقلايتتى . ئۇسما قويغان قاشلى-رىدىن ، جىگدە يىلىمى بىلەن قاتۇرۇلغان چاچلىرىدىن ، كىيىۋال-غان نىمكەش ئاددىي كىيىملىرىدىن ئۇلارنىڭ سەبىيلىكى چىقىپ تۇراتتى . ئۇلار ئۆگەي باللاردەك قورۇنۇپ ، مېھمانخانا بوسۇغى-سىدا مەڭدەپ تۇرۇپ قېلىشتى .

— ھە ، بۇياققا ، — ئەمەت ھاجى گېلىدا لوقما تۇرۇپ قالغاندەك غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا قىزلارنى ياندىكى بىر شىرەگە باشلىدى ۋە قوۋۇرغىدىن ئازراق ئاجرىتىپ ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاش-لاپ بەردى . ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتى بەئەينى قوشنىسىنىڭ ئىتىغا سۆڭەك تاشلاپ بېرىۋاتقانغا ئوخشايتتى .

قىزلارنى كۆرۈپ سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈرىكى سىيرىلىپ كەتتى . شەھەر دېگەندە بۇنداق قىزلار ئاتا ـ ئانىسىغا ئەركىلەپ ، ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرۈشىدىغان ! توققۇزى تەل قىزلار قىلارغا قىلىق تاپالماي بېشى قاتىدۇ . بۇ يەردە بولسا ، ھەي ، ئېغىزىدىن ئانا سۈتىنىڭ تەمى كەتمىگەن بۇ بىچارىلەر ئالىقانداق مەقسەتلەر ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ . ھەي ، تەتۈر قىسمەت ...

قىزلار ئولتۇرغانلارغا مۆلدۈرلەپ قاراپ ، گۆشى قالمىغان

قوۋۇرغىلارنى غاجىلاش بىلەن بەند . ئۇلارنىڭ مەسۇم چىرايىدىكى ئەيمىنىش ، يىتىرقاش ، بىچارىلىك تۇيغۇسى كىشىنى ئېچىندۇر-دۇ ، جاھاندا مۇشۇنداقمۇ ئىشلارنىڭ بارلىقى ئۇستىدە ئويلاندۇر-دۇ ، قىز تۇغۇلماقنىڭ ، قىز بولماقنىڭ مۇشكۈللۈكى ئۈستى-دىن شىكايەت قىلدۇرىدۇ ، ئادەملەردىكى ئىنساپ - دىيانەت-نىڭ ، مېھىر - ۋاپانىڭ قالمىغانلىقىدىن بوغۇلدۇرىدۇ . شۇنداق ، بىر قىسىم ئەرلەردە ئادىمىيلىك پەزىلەت ، ئادىمىيلىك ئىززەت قالمىغان ، ئۇلار ئۆز قىزلىرى دېمەتلىك ، ھەتتا ئۆزىنىڭ نەۋرىسى دېمەتلىك قىزلارنى قۇچاقلاپ يېتىشتىن نومۇس قىلمايدۇ . بۇنداق نومۇسسىزلىق ئالدىدا ئەمەت ھاجىدەك كىشىلەرنىڭ تۆت تەڭگىسى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ . جاھاننىڭ بۇزۇلۇشى ، ئادىمىي-لىكنىڭ سۇسلىشىشى ئادەملەردىكى بىر - بىرىنىڭ ھالىغا يې-تىش ، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈش تۇيغۇلىرىنى يالماپ كەتكەن . شۇڭا ، بۇنداق بۇزۇقچىلىقتا ئەمەت ھاجىنىڭ مېھمانخانىسىدەك ھەشەم - دەرەملىك سەھنىلەر لايىھىلەنگەن .

سۇلايمان قاسىمنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەندى . ئۇ رىسالەت-نى ، ئادالەتنى ، شاراپەتنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قىزى بار ئاتا - ئانىلارنى ئويلايتتى . مانا ، بۇ قىزلار ياش جەھەتتە ئادالەتتىنمۇ كىچىك ئىكەن ، بەلكىم شاراپەت بىلەن تەڭتۇش چىقىشى مۇم-كىن . ئاشۇ قىزلارغا قاراپ تۇرۇپ پوخورلۇق قىلىش ، ئۇلار-نىڭ نالە - زارلىرى ئىچىدە يايراپ كۆڭۈل ئېچىش مۇمكىنمۇ ؟ بۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ قولىدىن مەڭگۈ كەلمەيدۇ .

ئۇ بىر چەتتە قولىنى يالاپ ئولتۇرغان قىزلارغا قاراپ قويۇپ ، بۇلۇڭ ئىشكاپىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ كەلدى . سەلىمجان ئۇنىڭ ھاراقتا ئۇنچىۋالا ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەي-دىغانلىقىنى بىلەتتى . شۇ تاپتا سۇلايمان قاسىمنىڭ قانداقسىگە ھاراقتا خۇشى تۇتۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۇقالماي قالدى . سۇلايمان قاسىم غاز بويۇن رومكىغا لىقلاپ ھاراق قۇيدى - دە ، كۆزىنى يۇمۇپلا ھەممىنى كۆتۈرىۋەتتى . ئاچچىق ھاراق ئاچ قور-

ساقالا گويا ئەينەك پارچىسىدەك سانجىلدى . سۇلايمان قاسىم مۇز-دەك سوغۇق ۋە تىغدەك ئاچچىق زەربىدىن تولغىنىپ كەتتى .

— بۇ ئىنىمىزنىڭ كاۋاپقا زوقى بولمىغان بىلەن هاراققا مەيلى باركەن ئەمەسما ؟ — ئەمەت هاجى گويا مايمۇن ئويۇنى كۆرۈۋاتقاندەك نەزىرىنى ئۇنىڭغا يۆتكىدى ، — ئىچسىلە ئۇكام . بۇ قايسى كۈنى هاكىم ئاشۇرۇپ قويغان هاراق ئىدى ، ئالامەت ئېسىل هاراق بۇ ، قانغۇچە ئىچسىلە ، ئەمما ، بىزنى كۆزگە ئىلمىغاندەك قاراپ ، بايراق خادىسىدەك قېتىپ ئولتۇرۇۋالسىلا ، مېنىڭ كۆڭلۈمگە كېلىدۇ . بىزمۇ خېلى ئاتنى چىقىپ قالغان ئادەم جۇمۇسىلا .

سۇلايمان قاسىم گەپ - سۆز قىلماستىن ، يەنە بىر رومكا هاراق قۇيدى . ئۇ كۆز يېشىدەك چايقىلىپ تۇرغان سۈيۈقلۇققا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، سەلىمجانغا قارىدى .

— ماڭا بۈگۈن مۇشۇ هاراقلا تېتىيدىغاندەك تۇرىدۇ .

ئۇ شۇنداق دەپ هاراقنى يەنە كۆتۈرۈۋەتتى . گالنى تاتىلاپ ، شوخا سۆرىگەندەك ماڭغان هاراق ئۇنى قېقىلدۇرۇۋەتتى . ئۇ ياشقا تولغان كۆزلىرىدە قىزلارغا قارىدى ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى تېنى گويا سۇسىز دەشتى چۆلدە ئالقۇنلار ئارىسىدا كېلىۋاتقاندەك لىغىلداپ كۆرۈندى .

— ئەمدى ئىچمە ، — سەلىمجان ئۇنىڭ قولىدىكى رومكىنى تارتىۋالدى ، — يا گېلىڭغا تۇزۇك بىر نەرسە يېمىدىڭ ، ئاچ قورساققا ئىچىپ ، ماڭا مەست بولۇپ بەرسەڭ بولمايدۇ . قارىغىنا ئەپتىڭگە ، هېلىتىن بوران سوققان قومۇشتەك لىڭشىپ قاپسەن ، بولدى قىل ئەمدى . بىزنىڭ يەنە قىلىدىغان ئىشىمىز بار ...

سەلىمجان قىزلارغا لىپ قىلىپ قاراپ قويدى . شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ لولىسىغا ئوت تۇتىشىپ ، نەپسى تاقىلداپ كەتكەندى . بۇنى سەزگەن ئەمەت هاجى ئايىشخانغا كۆز قىسىپ قويدى . سەزگۈر ئايال خوجايىنىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ ، قىزلار تەرەپكە يور-غىلاپ باردى ۋە قۇلىقىغا بىر نەرسە دەپ پىچىرلىغاندىن كېيىن ،

بوشىغان چەينەكنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى .

— ئەمىسە ، مېنىڭمۇ سىرتتا بېجىرىدىغان ئازراق ئىشىم بار ، — دېدى ساھىبخان ئۆزرە سوراپ ، — يېسەڭلار كاۋاپ ، ئىچسەڭلا شاراب قىزلار بىلەن ئۆيدە قالدى . خالىغانچە يەپ ـ ئىچىپ ، ئويناپ يايراڭلار ، سىلەرگە ھېچكىم دەخلى قىلمايدۇ . بىر نەرسە لازىم بولسا ئايشىخان ئەكىرىپ بېرىدۇ . ھە راست ، سەلىمجان ئۇكام ، ھېلىقى ئىشنىمۇ تېزرەك بېجىرىپ بىرەلا .

— خاتىرجەم بولسىلا ، مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە رەسمىيەت قوللىرىغا تېگىدۇ .

ئەمەت ھاجى ئىشەنچلىك ۋەدىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ، كۈلۈپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى .

مېھمانخانىدا قاتتىق يامغۇردىن ئىلگىرىكى تىنچىق ھاۋا ھۆ-كۈم سۈرمەكتە ئىدى . ئورمانلار گۈرۈلدەپ ، چەكسىز ئاسماننىڭ مەلۇم بىر يېرىدە قاراسلاپ چاقماق چېقىلماقتا . قۇشلار ئۈۋىسىغا ئالدىراپ پالاقشىپ ئۇچماقتا ! تۆت جۈپ كۆز بەئەينى يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالغان ئويمانلىقتەك يالتىرىماقتا ئىدى .

سۇلايمان قاسىم ئاۋۋال قىزلارغا ، ئاندىن ۋۇجۇدى ئوت بو-لۇپ كۆيۈۋاتقان سەلىمجانغا قاراپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ، قولىدىكى ھاراق بوتۇلكىسىنى كۆتۈردى ـ دە ، غۇرتۇلدىتىپ ئى-چىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ ، كۆز ئالدى بارغان-سېرى قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى . سەلىمجاننىڭ ھاراق بوتۇلكىسىنى تارتىۋېلىپ ، نېمىلەرنىدۇر ، دەپ ۋارقىرىغىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەرنىڭ تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك غۇۋا ئاڭلاندى . بىر چاغدا ئۇ تۇۋۇى زەيلىشىپ كەتكەن لاي تامدەك يىقىلدى . ئۇنىڭغا ئۆيئىچىدە سۈس چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلگەندەك بىلىندى ...

تاڭ ئاتتى . سۇلايمان قاسىم كۆزىنى ئاچقاندا ، كۈن ئاللىقا-چان نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى . ئۇ ئەمەت ھاجىنىڭ مېھمانخانىسىدا يالغۇز ياتاتتى . ئۈستىگە نېپىز يۇڭ ئەديال تاشلاپ قويۇلغانىدى . ئۆيدە سەلىمجانمۇ ، قىزلارمۇ ، ئايشىخانمۇ ، ئەمەت ھاجىمنىڭ ئۆ-

زىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئاغرىپ تۇرغان بېشىنى ياستۇقتىن ئاستا كۆتۈردى. ئاشقازىنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە كۆيۈشۈپ ئاغرىماقتا ئىدى. سۇلايمان قاسىم بىرنەچچە قېتىم قاتتىق قەي قىلدى. ئەمما، ھېچ نەرسە يانمىدى.

— ئويغاندىڭمۇ ھاراقكەش، — ئۇنىڭ قەي قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان سەلىمجان ھويلىدىن مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ يۈيۈنۈپ - تارىنىپ ئۆزىنى خېلىلا تۈزەشتۈرۈۋالغانىدى. روھىي كەيپىياتىمۇ جانلىق كۆرۈنەتتى، — ھاي دېسە ئۇنىماي، شۇنداقمۇ ئىچەمسەن؟ قارىغىنا، بىر ئوبدان پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويـدۇڭ. ئوغلاق تېرىسىگىمۇ كىرەلمىدىڭ، ئاداش ...

— سەن ئوغلاق تېرىسىگە كىرىۋاتقىنىڭدا قىزلىرىڭ كۆز ئالدىڭغا كەلمىدىمۇ؟ — سۇلايمان قاسىم ئېغىزىدىن يېنىۋاتقان شالىسىنى سۈرتكىنىچە ئۇنىڭغا ئالايدى. — قارىغىنا ئەپتىڭگە، سېنىڭ قىلغىنىڭ ئىككى قىزغا دادا بولغان ئادەمنىڭ ئىشىمۇ؟

— ۋاي - ۋۇي، نېمانچە كوتۇلدايسەن؟ — دېدى سەلىمجان قولىنى سىلكىپ، — بۇ ئىككىسى باشقا - باشقا ئىش. قارىغىنا، قېينانا ئاۋايلىسا كۈيئوغۇلغا پايدا دېگەندەك، بىز ئاۋايلىغان بىلەن خەق بوش قويمايدىكەن. ئىككىلىسى لىپاپىسى ئېچىلىپ، سويۇۋې- تىلگەن چىقتى. ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە بىر نەرسە دېگۈدەك ھالى يوق ئىدى. ئۇ قۇم تىققاندەك ئېچىشىپ تۇرغان كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ، سەلىمجاننىڭ ھىجىيىپ تۇرغان چىرا- يىغا بىر پەس قاراپ تۇردى ۋە بېشىنى چايقىدى.

دەرۋازا ئالدىدا ماشىنا ئاۋازى ئاڭلاندى. قايسىدۇر بىر ئىشى- نى پۈتتۈرۈۋالغان ئەمەت ھاجى ئۇلارنى ئالغىلى كەلگەنىدى. دەر- ۋازىنىڭ بىر قانىتى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ ياغلىشاڭغۇ دوپپا كىيىۋال- غان بېشى كۆرۈندى.

— قانداق يىگىتلەر، سەھرا گۈللىرىنىڭ خۇش ھىدىدا شې- ھىت بولمىغانسىلەر؟ — ئەمەت ھاجى ھېچ ئىش بولمىغاندەك

ھجىيىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى ، — تىنچ تۇرۇۋىسىلەرمۇ ؟

— ئۆزلىرىنىڭ دۆلەتلىرىدە ، — سەلىمجان تولىمۇ قىز-غىن بىر كەيپىياتتا ئەمەت ھاجىنىڭ قولىنى مىننەتدارلىق ھېسسى-ياتى بىلەن چىڭ قىستى ، — رەھمەت سىلىگە .

— بۇنىڭ رەھمەت ئېيتقۇچىلىكى يوق ئۇكام ، — ئەمەت ھاجى خىر - خىر كۈلدى ، — ئەمدى شۇ قول قولنى يۇيسا ، قول تۇرۇپ يۈزنى يۇيىدۇ ، ئۇكام . بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ھەمكارلىشايلى .

— بولىدۇ ، بولىدۇ ، قاچانلا بىر ئىشلىرى چىقسا ، ماڭا ھايت دەۋەتسىلە ، قولۇم كۆكسۈمدە !

ئەمەت ھاجى بىر چەتتە كېسەل تەگكەن توخۇدەك شۈمشىيىپ ئولتۇرغان سۇلايمان قاسىمغا قارىدى .

— بۇ ساۋاقداشلىرىنى ھاراق چىشلىۋالدىمۇ ، نېمە ؟ — دېدى ئۇ ۋە سۇلايمان قاسىمنىڭ يېنىغا سۈرۈلدى ، — قانداق ئۇكام ، ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ دەپ ئاڭلىۋىدىم ، لې-كىن ئەمدى دەردىنى تارتىۋاتامدىلا ؟ مانا بۇنى ئىچىۋەتسىلە ، كەيپىنى كېسىدۇ ، — ئۇ قويۇن يانچۇقىدىن كىچىك بىر قۇتىنى چىقىرىپ ، ئىككى تال دورا تۆكتى ۋە سۇلايمان قاسىمغا سۇندى ، — بۇ ئەمرىكىنىڭ دورىسى ، ھاراقتىن ئىلگىرى ئىچى-ۋالسا ، مەست قىلمايدۇ ، مەست بولغاندىن كېيىن ئىچىۋالسا ، مەستلىكنى يېشىدۇ .

ئاشخانا ئۆيدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرغان ئايشىخان ئىتتىكلا كەينىگە يېنىپ بىر ئىستاكان قايناق سۇنى كۆتۈرۈپ چىقتى . سەلىمجان ئۇنىڭ ئىش بىلەرمەنلىكىگە قايىل بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى .

ئۇلار ماشىنا بىلەن يولغا چىقتى . سەلىمجاننىڭ كەيپى ياخشى بولغاچقا ، يول بويى بىرنېمىلەرنى دەپ ۋالاقلاپ چىقتى . ئەمما ، سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى پەقەتلا ئۇقالمىدى . ئۇ ئۆزىنى ماشىنىنىڭ ئارقا يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ خامۇشلۇق ئىلكىدە

ياتاتتى .

## 24

يازلىق بەتىلگە ئاز قالغانىدى . ئىمتىھانلار يامغۇر-دىن ئاۋۋالقى قارا بۇلۇتلاردەك يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە . ۋاقىت قىستاپ قالغانسېرى رىسالەت بىرئاز جىددىيلەش-مەكتە ئىدى .

— بۇ قېتىمقى ئىمتىھانغا چوقۇم ياخشى تەييار-لىق قىلىڭ ، — دېگەنىدى نىياسەم خانىم ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ ، — مەن سىنىپ ئىچىدىكى ساۋاقداشلار ئارىسىدىن پەقەت سىزگىلا ئۈمىد باغلايمەن . بىزنىڭ سىنىپىمىز يۇقىرى ساپالىق كەسىپ ئىگىلىرى يېتىشىپ چىقىشى كېرەك . بۇ قېتىم سىز قانداق قىلىپ بولمىسۇن ، ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشمىسىڭىز بولمايدۇ . بۇ ھەم سىزنىڭ شەرىپىڭىز ۋە سىنىپىمىزنىڭ شەرىپى . تىرىشىڭ ، ئۈمىدىمنى يەردە قويماڭ .

ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭغا كۆتۈرۈپ قويۇقۇسىز بېسىم ئېلىپ كەلدى . ئۇ ئەمدى يەنىمۇ تىرىشمىسا ، ھەر بىر مىنۇت ، ھەر بىر سېكۇنتىنىڭ پېشىنى مەھكەم تۇتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى .

بۇ چاغدا ياتاقتىمۇ ئاجايىپ بىر خىل ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغالغانىدى . ھە دېسە كوچا - كويلاردىن كىرمەي ، بەزىدە قاندىقتۇر ئاكىلىرىنىڭ يۈزىگە كېلەلمەي ، سىرتلاردا قونۇپ قالىدىغان نۇرگۇل بىلەن گۈلباھارمۇ ئەمدى تالا - تۈزگە ئانچە چىقمايدىغان بولدى . چۈنكى ، ئالدىنقى مەۋسۇمدا بىرنەچچە پەندىن ئۆتەلمەي قالغان بۇ قىزلارغا سىنىپ ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن ۋە بۇ مەۋسۇمدا يەنە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسە ، سىنىپ قالدۇرۇلىدىغانلىقى ئېنىق ئۇقتۇرۇلغانىدى . شۇڭا ، ئۇلارمۇ رىسالەتنىڭ پېشىگە كانىدەك چاپلاشقانىدى .

بۇنداق قىزغىن ئۆگىنىش كەيپىياتى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى

ئىلگىرىكى ئارازلىقلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلدۇرغانىدى . پۇلنى ئايد-
ماي خەجلەيدىغان نۇرگۈل بەزىدە رىسالەتكە ياخشى يېمەكلىكلەرنى
ئالغاچ كېلەتتى ، ئۇنى - بۇنى سوۋغا قىلاتتى . تولا هاللاردا چۈشىد-
نەلمىگەن ئادەتتىكى مەسىلىلەرنىمۇ ئۇنىڭدىن سورايتتى . رىسا-
لەتمۇ زېرىكمەي چۈشەندۈرەتتى . ئەنە شۇنداق ھەمكارلىق ئۇلار-
نى بىر - بىرىگە چىڭ باغلىۋەتكەنىدى .

ئىمتىھانلارمۇ ئاياغلاشتى . رىسالەت ئىمتىھاننى نىياسەم خا-
نىمنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ ياخشى بەردى . ئۇ بۇ قېتىم ئوقۇش مۇكاپا-
تىغا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى .

نەتىجىلەر ئېلان قىلىندى . رىسالەتنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى
سىنىپ بويىچە ئەمەس ، فاكۇلتېت بويىچىمۇ بىرىنچى ئورۇندا
تۇرغانىدى . نۇرگۈل بىلەن گۈلباھارنىڭ نەتىجىسىدىمۇ زور ئىلگى-
رىلەش كۆرۈلگەنىدى . تەتىلگە قويۇۋېتىدىغان كۈنى سىنىپ ئىچىدە
يىغىن ئېچىلدى ، سىنىپ يىغىنىدا نىياسەم خانىم ئاۋۋال رىسالەتنى
بىر هازا ماختىدى ، ئاندىن نۇرگۈل بىلەن گۈلباھارنىمۇ ياخشى
نەتىجە قازانغانلىقىغا ئاپىرىن ئېيتتى .

— سىلەرنىڭ مەكتەپتىكى پائالىيىتىڭلار نوقۇل ئوقۇشلا
ئەمەس ، — دېدى نىياسەم خانىم پارتىلاردا رەتلىك ئولتۇرغان
ساۋاقداشلارغا قاراپ ، — سىلەر بۇ يەردە كېيىن ئۆزۈڭلارغا بىر
ئۆمۈر ئەسقاتىدىغان تەجرىبە ئۆگىنىسىلەر ، بىلىم ئىگىلەيسىلەر .
سىلەر كەلگۈسىدىكى دوختۇرلار ، خەلقنىڭ هاياتىغا مەسئۇل بولىد-
دىغان كەسىپ ئىگىلىرى . شۇڭا ، كۆپرەك بىر نەرسە ئىگىلىۋالغىد-
نىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن پايدىلىق ! ھەممىيلەن رىسالەتتەك تىرىشىد-
دىغان بولساڭلار ، باغلىشىمەنكى ، كەلگۈسىدە سىلەرنىڭ قو-
لۇڭلاردىن هېچقانداق كېسەللىك قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ .

يىغىندىن كېيىن تەتىلگە قويۇۋېتىلدى . رىسالەتنىڭ قانىتى
بولسا پۇر قىلىپلا ئۇچۇپ ئۆيىگە ، قەدىردان كىشىلىرى قېشىغا
كەتكۈسى كېلىپ كەتتى .

ئۇ نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ بېكەتكە كەلدى . ھەممە

مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار بىراقلا قويۇۋېتىلگەن بولغاچقا ، بېكەت ئىچى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغاندى . يولۇچىلار ۋارقىرىشات-تى . بىر - بىرىنى ئىتتىرىپ ، قىستىشاتتى . سومكىلىرىنى يۈدۈ-ۋالغان ئوقۇغۇچىلار بەئەينى پىتراپ كەتكەن ، سەركىسىنى يىتتۈ-رۈپ قويغان قوي پادىسىدەك ئاپتوبۇسلارنىڭ ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈشەتتى . بېكەت خادىملىرىنىڭ ئۇلارنى تەشكىللىمىكى ئاسانغا چۈشمەيتتى .

رىسالەت نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئاشۇ مىغ - مىغ ئادەملەر توپىنى كېسىپ ئۆتۈپ بېلەت سېتىش ئورنىغا بېرىشى ۋە بېلەت ئېلىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇ بىر كىمدىن مەدەت تىلىگەندەك ئەتراپقا قاراشقا باشلى-دى . ئاھ ، ئاشۇ كۆز ! ئۇنىڭ كەينىدىن كېزىپ يۈردىغان ، گۈل-لۈكلەردە ، مەيدانلاردا ، كۇتۇپخانىلاردىكى قىلىن - قىلىن كىتابلار ئارىسىدا ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن تىكىلىدىغان ھېلىقى كۆز كىشى-لەر ئارىسىدىن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارىماقتا ئىدى .

— ئالىمجان …

رىسالەت ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىمەن دەپ يۈرۈپ بۇ يىگىت-نى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدى . شۇنداقلا مەكتىپىدە ئۆزىنىڭ كەينىدىن سايىدەك ئەگىشىپ يۈردىغان شۇنداق بىرىنىڭ بارلىق-ىمۇ ئۇنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى . ئۇنى بېكەتتە كۆرۈپ بىرئاز تاسادىپىيلىق ھېس قىلدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ چاندۇر-ماي ئالىمجانغا يىراقتىن سالام بەردى .

— سىزمۇ بۈگۈن ماڭماقچىمىدىڭىز ؟ — رىسالەت كىشىلەر توپىنى نېرى - بېرى قىلىپ ئالدىغا كەلگەن ئالىمجاندىن سورىدى .

— مېنىڭ قاچان مېڭىشىم مۇھىم ئەمەس ، — دېدى ئۇ سالماق ئاۋازدا ، — قارىسام سومكىڭىزنى ئېلىپ كوچا ئاپتوبۇسى-غا چىقالمىغۇدەك ، شۇنىڭ بىلەن سىزنى يولغا چىققان ئوخشايدۇ ، دەپ مەنمۇ مېڭىش قارارىغا كەلدىم .

— لېكىن ، ئادەم بۇنچە كۆپ تۇرسا ، بۈگۈن ماڭغىلى بول-

مامدۇ ، نېمە ؟ — رىسالەت كۆتۈش زالى ئىچىدە قۇرتتەك مىغىلدىشىپ يۈرگەن ئادەملەرگە ئۆچلۈك بىلەن قارىدى .

— ماڭمىز دېسەك ، بىر ئامالى بولۇپ قالار ، — ئالىمجان سومكىسىنى يەردە قويۇپ ، بېلەت سېتىش ئورنىدىكى غۇجمەكلىشىۋالغان كىشىلەر توپىغا قاراپ قويىدى ، — سىز رەنجىمەي سومكامغا قاراپ تۇرۇڭ ، مەن بېلەت ئېلىشقا تىرىشىپ باقاي ، بولامدۇ ؟

رىسالەت بېشىنى لىڭشىتىپ ، يانچۇقىدىكى بېلەت ئالىدىغان پۇلنى ئالىمجانغا سۇندى . ئالىمجان قىزنىڭ قولىدىكى پۇلغا قاراپ سەلّ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويىدى ۋە پۇلنى ئېلىپ كىشىلەر توپى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى .

زال ئىچىنى كۆچلۈك شاۋقۇن - سۈرەن قاپلىغانىدى . كىچىك باللارنىڭ قىرقىراپ يىغلاشقان ، ئاللىكىملەرنىڭ بىر - بىرىنى تىللاپ قارغاشقان ئاۋازى ئاشۇ كۈچلۈك شاۋقۇننىڭ ئىچىدە سۈس ئاڭلىناتتى . رىسالەت كىشىلەرنىڭ مەنپەئەت ئالدىدىكى ئەسەبىيلىكىنى بۈگۈن ھەقىقىي تونۇپ يەتتى . شۇ تۇرقىدا ھېچكىم ھېچكىمنى تونۇمايتتى . ھەممەيلەن بېلەتنى تېزرەك ئېلىپ ، يولغا چىقىۋېلىشنىڭ كويىدا قالغانىدى ، بۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشى بىلەن كارى يوقتەك قىلاتتى .

ئالاھازەل بىر-رەر سائەتلەردىن كېيىن ئۇسىتۇېشىدىن چىلىق - چىلىق تەر قۇيۇلۇپ كەتكەن ئالىمجان كىشىلەر ئارىسىدىن چىقىپ كەلدى . ئۇنىڭ چىرايى ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى . قولىدا مەھكەم تۇتۇۋالغان بېلەت تەردىن نەملىشىپ قالغانىدى .

— بېلەتنى ئاخىر ئالدىم ، — دېدى ئۇ قىن - قىنىغا سىغمىغان ھالدا ، — ھەر ھالدا بۈگۈن يولغا چىقالايدىغان بولدۇق .

بېلەت ساتىدىغان كۆزنەك ئالدىدا ئىتتىرىشىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ بىلىكى سۈرۈلۈپ كەتكەنىدى . قىزىل ئەت كۆرۈنۈپ قالغان يەردىن

ھېلىلا قان تەپچىرەپ چىقىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇنى كۆرۈپ رىسالەتنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى.

— يېقىن ئەتراپتا دوختۇرخانا بولسا، تاڭدۇرۇۋالامدۇق يا؟ — سورىدى رىسالەت كۆيۈنگەن ھالدا.

— ئەمدى ئۈلگۈرمەيدۇ، — ئالىمجان سومكىسىنى قولىغا ئالدى، — ماشىنا يېرىم سائەتتىن كېيىن يولغا چىقىدىكەن، ھېچقىسى يوق، بۇنچىلىك زېدىگە ئۆلۈپ كەتمەسمەن. قېنى، ماشىنا يېنىغا بارايلى.

ئالىمجان كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ يول ئاچاتتى. رىسالەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداپ ماڭاتتى. نىھايەت ئۇلار ماشىنا يېنىغا كېلىۋالدى. يولۇچىلار ئاپتوبۇسقا ئاللىقاچان چىقىشقا باشلىغانىدى. ئۇلارمۇ ئالدىراپ ئورۇنلىرىنى تېپىۋېلىشتى. ئىككىسىنىڭ ئورنى بىر يەردە ئىدى.

— مەن پەسكە بىر چۈشۈپ چىقاي، — ئالىمجان ئىككىيلەننىڭ سومكىلىرىنى جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، رىسالەتكە قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ دېدى، — سىز دېمىڭىزنى ئالغاچ ئولتۇرۇڭ.

رىسالەت بۈگۈن يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلى يايراپ كەتتى. ئۇ كىشىلەر توپى ئارىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقان ئالىمجانغا مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا قاراپ تۇراتتى.

بىر پەستىن كېيىن ئالىمجان بىرنەچچە بوتۇلكا مىنېرال سۇ ۋە پېچىنە-پىرەنىك دېگەندەك نەرسىلەر قاچىلانغان سۇلياۋ خالتىنى كۆتۈرۈپ ماشىنىغا چىقتى.

— ئەمدى بولدى، — دېدى ئۇ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — سەپەر دېگەندە ماشىنىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. ئالمادىس ماشىنا بۇزۇلۇپ قالسا، قورساقنىڭ غېمىنى قىلمايدىغان بولدۇق. سۇ ئىچەمسىز؟

رسالەت ئۇسساپ كەتكەندى . شۇڭا ، تۇزۇت قىلىپ ئولتۇر-مايلا بېشىنى لىڭشىتتى . ئالىمجان خالتىدىن بىر بوتۇلكا سۇنى ئېلىپ ، ئۇنىڭغا تەڭلىدى .

ماشىنا قوزغالدى . جاپالىق سەپەر باشلانغانىدى .

— ئاڭلىسام سىز فاكۇلتېت بويىچە بىرىنچى بوپسىز ، — دېدى ئالىمجان بىرئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا قاراپ ، — مەن بەك خۇشال بولدۇم .

— شۇنداقمۇ ؟

— سىز بىلىسىز ، — ئالىمجان قولىدىكى سۇدىن بىر ئوتلىۋالغاندىن كېيىن ، ماشىنا دېرىزىسىنى ئېچىۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا بۇرۇلدى ، — بىزنىڭ يۇرت مەركىزىي شەھەردىن بەكلا يىراقتا . تەبىئىي مۇھىت ياخشى بولمىغاچقا ، تۈرلۈك ئېغىر كېسەللىكلەر كۆپ يۈز بېرىدۇ . دوختۇرخانىلىرىمىزنىڭ شارائىتى ناچار ، دوختۇرلىرىمىزنىڭ ساپاسى دېگەندەك يۇقىرى بولمىغاچقا ، بىر قىسىم كېسەللەرنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ داۋالىتىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ . كەلگۈسىدە سىزدەك ئىختىساس ئىگىلىرى يۇرتىمىزدىمۇ كۆپەيسە ، نۇرغۇن بىمارلار بۇنداق ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلغان ، ئىقتىسادىي يۈكىمۇ يېنىكلىگەن بولىدۇ . مېنىڭ خۇشال بولۇشۇمنىڭ ۋەجى شۇ .

رسالەت ئۇنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ قىلغان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، بەكلا ھاياجانلاندى .

— سىزنىڭ ماڭا شۇنداق زور ئۈمىدلەرنى باغلىغانلىقىڭىزغا رەھمەت ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ .

ماشىنا شەھەر رايونىدىن چىققاندىن كېيىن ، سۈرئىتىنى تېز-لەتتى . دېرىزىدىن غۇيۇلداپ شامال كىرىشكە باشلىدى . تومۇز ئىسسىق ۋە ئادەملەرنىڭ نەپىسى بىلەن تونۇردەك قىزىپ كەتكەن ماشىنا ئىچى بىرئاز سالقىنداشقا باشلىدى . ئالىمجان نېمىشقىدۇر دېرىزىدىن يىراقلارغا تىكىلگىنىچە خىيالغا چۆككەندى . رسالەت-

ىنمۇ مۇگدەك بېسىشقا باشلىدى .

25

رىسالەت ئاخىر تەتىل قىلىپ ، يۇرتىغا قايتىپ كەلدى . ھو-شۇر سەلەي ئائىلىسىدىكىلەر قىن - قىنىغا پاتماي قالدى . بىرنەچ-چە كۈنلۈك قىزغىن كۈتۈۋېلىشلار ، چاقىرىۋېلىشلار بىلەن بۇزۇل-غان ئائىلە تەرتىپى ئەسلىگە كەلدى . رىسالەت سۇلايمان قاسىم بىلەن ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ئوتتۇرىسىدا قاتراپ يۈرۈپ ، بىر ھەپتى-نىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى .

بۈگۈن ئۇ گۈللۈك فونتاننىڭ يېنىغا چىقتى . ئۇ يەردە بىر توپ بالا كېپىنەك قوغلاپ يۈرۈشەتتى . فونتاننىڭ يېنىغا كېلىشكە پېتىنالمىغان قۇشقاچلار قورۇ ئەتراپىدىكى سۆگەتلەرنىڭ ياپراقلى-رى ئارىسىدا ۋىچىرلىشاتتى . گۈللەردىن تاراپ تۇرغان خۇشبۇي ھىد ئەتراپىنى قاپلىغانىدى . قاياقتىنندۇر ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ بو-غۇق ئۈندىكى غوڭۇلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

رىسالەت غەمسىز بالىلارنىڭ ئويۇنلىرىغا قىزىقىپ بىر پەس قاراپ تۇردى . ئۇنىڭ كىچىك ۋاقىتلاردىكى ئويۇنلىرى ھېلىمۇ ئېسىدە . يېزىغا بارىدىغان بولسا بىر توپ قىزلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتى . ئۇ تەبىئىيلا بۇ قىزلارنىڭ سەركىسىگە ئايلىنىپ قالات-تى . قىزلار ھارغان - ئاچقانىنى سەزمەستىن چاكان ئوينىشاتتى ، تەپكۈچ تېپىشەتتى ، ئۆي ياساپ ، بىر - بىرىنى تۇتقان ئۆيگە «مېھمان» غا چىللىشاتتى . تۇگمەن چۆرۈشەتتى ، ئوسما قويۇشات-تى ، ئىشقىلىپ ئۇلارغا ئويۇننىڭ ھەرقاندىقى تېپىلاتتى . ئويۇن بىلەن بولۇپ نەچچە كۈن تېزلا ئۆتۈپ كېتەتتى ، ئاندىن ئۇنىڭ يېزىدىن شەھەرگە قايتقۇسى كەلمەيتتى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ بىرگە ئوينىغان دوستلىرىغا تارتىشىپ بىر كۆزى كەينىدە قايتىپ كېلەتتى .

ئۆتكەن يىلى ئۇ يېزىغا يەنە بىر رەت چىقتى . مومىسى تۇگەپ

كەتكەن نەچچە يىلدىن بېرى ، ئۇ بۇ تەرەپلەرگە ئۆتمىگەنىدى .
رىسالەت ئەينى چاغدىكى دوستلىرىنى سۈرۈشتۈردى ، ئەپسۇس ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇرمۇشقا چىقىپ كېتىشكەنىدى . قۇچىقىدا پوتلىسىنى ئېقىتىپ ئولتۇرغان قارا قۇمچاق بالىلارغا ئانا بولغان قىزلار كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ قېلىشتى . يېزا دېگەننىڭ قايسىبىر ئىشىغا ھەيران بولغۇلۇق ؟ ئەمدى ئۇلار رىسالەت بىلەن بىللە چاكان ئوينىيالمايدۇ ، تەپكۈچ تېپەلمەيدۇ . ئۇلارغا نىسبەتەن قىلىدىغان ئىشلار چېچىدىنمۇ تولا ، ئۇلارنىڭ قى - چۇ قىلىپ ئوينايدىغان بالىلىق كۈنلىرى ئالللىقاچان كەلمەسكە كەتكەنىدى .

رىسالەت فونتان ئەتراپىدا ئويناۋاتقان بالىلارغا قاراپ ئۆلۈغ - كىچىك تىنىپ قويدى ، ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولغانىدى .

— ھە رىسالەت ، بالىلارنىڭ ئويۇننى تاماشا قىلىۋاتامسىز ؟

ئۇ يېنىغا قاراپ ، ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقان ھېمىت ياسىننى كۆردى . ئۇ ئىچىشنى بالدۇرلا باشلىۋالدىمۇ يا ئاخشام ئىچكىنى چىشلىۋالدىمۇ ، ئەيتاۋۇر سەل دەلدەڭشىپ قالغانىدى . پاخپايغان ماڭلاي چاچلىرى سول كۆزىنىڭ يېرىمىنى توسۇۋالغانىدى . نەدە يۇرۇپ تېپىۋالدىكىن ، ئوڭ مەڭزىدە يوغان بىر پىچاق ئىزى پارقىراپ تۇراتتى .

— ئوھۇي ھېمىتكا ، سىزمۇ باركەنسىز - دە ؟ — رىسالەت كۈلۈپ تۇرۇپ سالام قىلدى ، — كۇپكۇندۈزدە دەلدەڭشىپ قاپسىزغۇ ؟ ھاراق ئىچىش سالامەتلىككە زىيانلىق جۇمۇ !

— ئەمدى بويتاقچىلىقتا ، — دېدى ئۇ يۈزلىرى قىزارغان ھالدا ، — قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي ئىچىپ سالىدىكەنمىز سىڭلىم ، سىز دېگەن دوختۇر بولىدىغان ئادەم ، ئەلۋەتتە سالامەتلىكتىن سۆزلەيسىز . ئەمما ، مەندەك دەردمەن ھاراق ئىچمەي بۇ كۈننى قانداق كەچ قىلىمەن ؟

— نېمە ؟ سىزنىڭمۇ دەردىڭىز بارما ؟ — رىسالەت ھەيران

بولغان هالدا سورىدى .
— دەردىڭىز بارمۇ دەپ سوراۋاتامسىز ؟ — ئۇ ئورنىدا چىڭ تۇرۇشقا كۈچىنىپ تۇرۇپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى ، — مېنى دەردى يوق ، هاراقنى خۇشاللىقتىن ئىچىدۇ دەپ ئويلايدىكەن-سىز - دە ؟ ! دۇنيادا مەندەك دەردمەندىن يەنە بىرسى تېپىل-ماس سىڭىلىم ، بولدى ، مېنى گەپكە سالماڭ ، هېلى يىغ-لىۋېتەرمەن بىكار …
ئۇ دەلدەڭشىگەن پېتى قورۇدىن سىرتقا ماڭدى . رىسالەت ئۇنىڭ تۇرقىغا يا ئېچىنىشنى ، يا كۈلۈشنى بىلەي تۇرۇپ قالدى . راست ، ئوتتۇز ياشقا كىرگۈچە ئۆيلىنەلمىگەن ، كۆنلىرىنى ئۆزىنى هاراققا زورلاپ ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەمنىڭ ئەلۋەتتە دەردى كۆپ بولۇ-شى مۇمكىن . بىراق ، هاراق ئىچىش بىلەنلا دەردتىن پاك - پاكىز قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسقۇ ؟ كۆڭۈلدە تەۋرەپ تۇرغان ئازابتىن تەسكىن تېپىشنىڭ هاراق ئىچىشتىن باشقا ئۇسۇلى يوقمىدۇ ؟
دەل شۇ چاغدا سىرتتىن سۇلايمان قاسىم كىرىپ كەلدى . ئۇ تورلۇك سەي - كۆكتات ۋە گۆش قاچىلانغان سولىياۋ خالتىسىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى . ئۇنى كۆرۈپ رىسالەتنىڭ يۈزلىرىگە كۈلكە يامرىدى .
— بازارغا بارغان ئوخشىمامسىز ؟ — دېدى ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ قولىدىكى خالتىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ . — پاھ ، خېلى كۆپ ئەكەپسىزغۇ ؟ ئۆيدە مەرىكە قىلمايدىغانسىز ؟
— هەركۈنى ئىسسىق يەپ يۈرمەيلى دەپ كۆپرەك ئەكەلدىم ، — دېدى سۇلايمان قاسىم قولياغلىق بىلەن يۈزىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈۋېتىپ ، — هە راست ، سىزنىڭ باشقا ئىشىڭىز بولمىسا ، زۇلخۇمار ئاچىڭىزغا قارىشىپ بېرىڭ ، كەچلىك تاماقنى هەممەيلەن بىزنىڭكىدە يەيلى .
— يەنە ئېغىرىمىزنى سىزگە سالامدۇق ؟
— هوشۇركامنىڭ بىر ئادىتىگە بەك ئۆچ بولغانمەن ، رىسا - لەت ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئەستايىدىل قىياپەتتە ، — ئۇ

ئادەممۇ تولا تەكەللۇپ قىلىدۇ. ئەمدى سىزمۇ ...

— ماقۇل ... — رىسالەت قاقاقلاپ كۈلگىنىچە سەي - كۆكتاتلارنى ئېلىپ بىنا تەرەپكە ماڭدى. ئۇ بىرنەچچە قەدەم ئېلىپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ دېدى، — مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە بىرەر - يېرىم سائەت ۋاقتىڭىز بارمىدۇ، سۇلايمان ئاكا؟

— قاندداق دەيسىز؟ — سۇلايمان قاسىم ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— مەن دادامدىن سىزنىڭ ئون يىل تۈرمىدە ياتقانلىقىڭىزنى ئاڭلىغان، — رىسالەت بىر ئىشتىن خاۋاتىرلىنىۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قاراپ پەس ئاۋازدا سۆزلىدى، — ناۋادا سىزگە ئېغىر كەلمىسە، ئاشۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بىرەرمىكىن دېۋىدىم.

سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈز ئىپىرلىرى تارتىشىپ كەتتى. ئۇ دەماللىققا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— باشقىچە ئويلىنىپ قالماڭ، — دېدى رىسالەت ئۇنىڭ چىرايىغا تىپىپ چىققان ئازاب كۆلەڭگىلىرىنى كۆرۈپ، — مېنىڭ سىزدەك ياخشى ئادەمنىڭ نېمە سەۋەبتىن شۇنچە ئۇزۇن يىل تۈرمىدە ييتىپ چىققىنىڭىزنى بىلگۈم بار ئىدى.

— بۇنى بىلىپ نېمىمۇ قىلارسىز، رىسالەت؟ — سۇلايمان قاسىمنىڭ ئاۋازى ئىڭرىغاندەك چىقىپ كەتتى. ئۇ يۈرەكنى زەردىگۆش قىلىدىغان ئاشۇ ئىشلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كەتسەم، دەپ ئويلايتتى.

— سىزنى ئوبدانراق چۈشىنەي دەيمەن؟

ئۇ رىسالەتنىڭ بۇ سۆزىدىن بىرئاز تاسادىپىيلىق ھېس قىلدى. چۈنكى، ئۇ ھېچكىمنىڭ ئۆزىنىڭ تىنچ تۇرمۇشىغا ئارىلىشىشىنى خالىمايتتى. شۇ تاپتا رىسالەت ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى قاقاچلارنى تاتىلىماقتا. مۇگدەپ ياتقان ئۆتمۈش قۇشلىرىنى ئۈركۈتمەكتە. تىنچ كۆل سۈيىگە تاش ئاتماقتا ئىدى.

— بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ، رىسالەت؟ — دېدى سۇلايمان قاسىم بىرئاز قىزىرىشقا باشلىغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭ-

دىن قاچۇرۇپ ، ــ مېنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئاڭلاش سىزگە نىسبەتەن شۇنچە زۆرۈرمۇ ؟
ــ مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا چوڭ بولغان ئادەم ، ــ رىسالەت ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نېمىدۇر بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى ، ــ سىز مېنىڭ ھەممە ئەيىب ـ نۇقسانلىرىمنى ئوبدان بىلىسىز . شۇڭا ، مەنمۇ سىز ھەققىدە كۆپرەك بىر نەرسە بىلسەم دېگەن ئويدىمەن . ناۋادا سۆزلەپ بېرىشكە رىغبەتىڭىز بولمىسا مەيلى ، سىزنى قاراپ تۇرۇپ تەڭلىككە سالغۇم يوق .
سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭمۇ جىيەكلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى ، نەپەسىنىڭ تېزلىشىپ ، كۆكسىنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ ، بىر پەسىيىۋاتقانلىقىنى سەزدى . رىسالەتمۇ كۈچلۈك روھىي بېسىم ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە قالغاندى .
ــ بولىدۇ ، ــ دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا ، ــ قاچان پاراڭلىشىمىز ؟
ــ بۇ ئىشتا سىزنىڭ ۋاقتىڭىزغا قارايمەن .
ــ نەدە پاراڭلىشىمىز ؟
ــ مۇمكىن بولسا ، ھېچكىم بىزنىڭ پارىڭىمىزنى بۇزالمايدىغان بىر يەرگە كېتەيلى ، ــ دېدى رىسالەت بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ، ــ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ بويىغا كەتسەكمۇ مەيلى .
ــ ئەمىسە شەنبە كۈنى چىقايلى .
ــ بولىدۇ ، شەنبە بولسا ، شەنبە بولسۇن .
ئۇلار شۇنداق كېلىشتى ۋە بىناغا قاراپ ماڭدى .

## ئالتىنچى باب

# غۇر - غۇر شامال

### 26

سەراتان ئىسسىقى باشلانغانىدى . كۆن ھەنىۋا تەپتىنى زېمىن يۈزىگە ئايماي چېچىپ ، تاش - تۇپراقنى چوغقا كۆمگەندەك قىز-دۇرۇۋەتكەنىدى . ئەتراپتا ، يىراق - يىراقلارغا سوزۇلغان يول يۈزىدە ئالۋۇنلار چىمىرلىشاتتى . دەل - دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى ئىسسىققا چىدىمىغان مىشچان قىزلاردەك شۈمشەيگەن ، ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپ سايرىشىدىغان جاۋۇلداق قۇشلارمۇ نەگىدۇر كې-تىشكەنىدى . تومۇز ئىسسىقتا ئېرىگەن قار سۇلىرى دەريا يۈزىنى بىر ئالغان ھالدا ئۆركەش ياساپ ئاقماقتا . ئادەمنىڭ كۆڭلىگە تەشۋىش سېلىپ شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ سۇنىڭ قوينىدا بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان تاشلارنىڭ دەھشەتلىك غالدۇر - غۇلدۇر-لىرى ئاڭلىناتتى . ئەتراپنىڭ شۇنچە دىمىق ، ئىسسىقنىڭ يامانلىقى-غا قارىماي سۇ يۈزىدىن بىر خىل سالقىن شامال ئۇرۇلۇپ تۇراتتى .

رىسالەت ئاق كوپتىسىنىڭ ياقىسىنى ئېچىۋەتتى . بوشىغان كوپتا ئىچىگە دەريا تەرەپتىن كېلىۋاتقان غۇر - غۇر شامال بۆسۈپ كىردى . ئۇ دەريا ساھىلىنى بويلاپ گەپ - سۆزسىز كېتىۋاتقان سۇلايمان قاسىمغا پات - پات قاراپ قوياتتى . سۇلايمان قاسىم قانداقتۇر بىر نەرسىنى كۆچەپ چايناۋاتقاندەك ھەدەپ قوۋۇزىنى كۆپتۈرەتتى . خىيالچان كۆزلىرىنى يەرگە تىككىنىچە ئېغىر - ئېغىر تىناتتى . ئۇ شۇ تۇرقىدا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان رىسالەتنى-

مۇ ، دولقۇنلىرى دەھشەت سېلىپ تۇرغان دەريا سۈيىنىمۇ ، زېمىن-
نى ئوت شارىغا ئايلاندۇرماقچى بولغاندەك لاۋۇلداپ تۇرغان قۇياش-
نىمۇ ، ئايىغى ئاستىدا شىرىقلاپ تۇرغان تاش - شېغىللارنىمۇ ،
دەريا ياقىسىدا ئۆسكەن ئاق ، سېرىق ، سۆسەر رەڭلەردە چېچەك
ئاچقان بۇيىلارنىمۇ — ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى . ئۆزىنىڭ قەيەردە
ئىكەنلىكى ، كىم بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى . ئۇنىڭ خى-
ياللىرى ئاشۇ بىر - بىرىنى تۇرتۇپ ئېقىۋاتقان دولقۇنلارغا ئەگى-
شىپ دەريانىڭ ئايىغى تامان چېپىپ كەتكەنىدى .
رىسالەت ئايىغى ئاستىدىن ئۇششاق تاشلارنى تېرىۋېلىپ ، كۆ-
ۋەجەپ ئېقىۋاتقان سۇغا قارىتىپ پىرقىرىتىپ ئاتاتتى . دولقۇنلار
ئۈستىدىن قاڭقىغان تاشلار سۇ قوينىغا شەپىسىزلا شۇڭغۇپ كېتەت-
تى . ئۇ يەنە ئاتاتتى ، خۇددى كەپسىز باللاردەك بۇ قىلىقىنى
ئۇزمەي داۋاملاشتۇردى . ئۇمۇ ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتتىن
پۈتۈنلەي ئايرىلغانىدى ...
— ھە...ي !
رىسالەت قولىنى كاناي قىلىپ جېنىنىڭ يارىچە ۋارقىرىدى .
ئۇنىڭ زىل تارىنىڭكىگە ئوخشاش سۈزۈك ، ياڭراق ئاۋازى دەريا
قېنىدا ئەكس سادا بولۇپ ياڭرىدى ۋە تېزلا سۇنىڭ شارقىرىغان
ئاۋازىغا قوشۇلۇپ كەتتى .
سۇلايمان قاسىم ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيدىغان ئاللىقانداق خىيال-
لار قۇچىقىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى . كاللىسىنىڭ قانداقتۇر بىر
ئۇزۇلۇپ كەتكەن سىمى قايتا ئۇلانغاندەك ، نېرۋىلىرىنىڭ سەزگۈ-
سى ئەسلىگە كەلدى . ئۇ سۇنىڭ دەھشەت سېلىپ شارقىرىغىنىنى
ئاڭلىدى ، رىسالەتنىڭ ئىلتىجاسىغا قۇلاق سالدى ، بەكمۇ يىراقتا ،
دەريانىڭ سۈيى تارتىلغان قولتۇقتا سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناۋاتقان
باللارنىڭ خۇشال قى - چۇلىرىنى غۇۋا تىڭشىدى . ئۇنىڭغا نىسبە-
تەن تەبىئەت قۇچىقىدىكى ھەربىر تىنىق ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە
باشلىدى .
— ھاردىڭىزمۇ ؟ — سورىدى سۇلايمان قاسىم سائىتىگە

قاراپ قويۇپ ، ــ بىز بۇ يەرگە كېلىپ ئايلىنىۋاتقىلىمۇ بىر دەمدىلا نەچچە سائەت بوپتۇ دېسە ...

ــ شۇنداق ، ــ دېدى رىسالەت كۈلۈپ تۇ ـ رۇپ ، ــ نەچچە يىللىق خىيالنى بىراقلا سۈرۈۋالدىڭىز جۇمۇ .

ــ راست ، مەن بۇنداق خىيال سۈرمىگىلى ئۇزۇن بولغان ، ــ سۇلايمان قاسىم ئوڭايسىزلانغاندەك ئۇنىڭدىن كۆزلىـ رىنى قاچۇردى ، ــ ئەمما مەن ئەتىدىن بېرى نېمە خىيال قىلغىـ نىمنى پەقەت بىلمەيمەن . خۇددى مەن بۇ دۇنيادىن بىراقلا ئايرىـ لىپ قالغاندەك ، روھىم قايسى بىر نامەلۇم جايدا تېنەپ يۈرگەندەك بىر سېزىم مېنى رېئاللىقتىن پۈتۈنلەي ئايرىۋەتتى . روھىمنىڭ نەگە بېرىپ كەلگىنىنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن ، رىسالەت .

رىسالەت سۇلايمان قاسىمغا مۇنداقلا قاراپ قويدى . دېمىسىمۇ ئۇ دۇنيا مەئىشەتلىرىنى بىراقلا ئۇنتۇپ كەتكەن دەرۋىشلەرگە ئوخـ شاپ قالغانىدى . سۇ يۈزىدىن كۆتۈرۈلگەن سالقىن شامالدا ئۇنىڭ بارغانسېرى شالاڭلاپ بېرىۋاتقان چاچلىرى پاخپىيىپ قالغانىدى . چىرايى بىر ئاز تاتىراڭغۇ ، ساقاللىرىمۇ ئۆسۈپ قالغان ، كۆزلىرىدە تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق خىياللار كېزىپ يۈرەتتى . رىسالەت ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ ، قەلبىدە ئاشۇ سۇ ئۈركىشىگە ئوخشاش كۈچلۈك دولقۇنلارنىڭ مەۋج ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى .

ــ ئەمدى بىر ئاز ئارام ئالايلى ، ــ دېدى سۇلايمان قاسىم چارچىغان جىسمىنى دەريا بويىدىكى بىر چوڭ تاشنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ، ــ مۇشۇ سۆگەتنىڭ ئاستىدىكى يوغان تاشتا بىردەم ئارام ئالايلى ، رىسالەت . سىزنى چارچىتىپ قويدۇم .

ــ مەن سىزنىڭ كەينىڭىزدىن يۈرسەم ھەرگىز چارچىماي ـ مەن ، ــ رىسالەت چاقچاق ئارىلاش شۇنداق دېدى . سۇلايمان قاسىم ھەيران بولغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ قويدى .

ــ راست دەيمەن ، ــ دېدى ئۇ شوخلۇق بىلەن تىلىنى چىقىرىپ ، ــ مانا ھازىرمۇ مەن پەقەت چارچىمىدىم . نېمە ،

ئىشەنمەمسىز ؟
ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ ئاستا باش چايقاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىراپ سورىدى :
— نېمە ؟ ئىشەنمەمسىز ؟
— بىرسىنىڭ كەينىدىن يۈرسە چارچايدىغان ، يەنە بىرسىنىڭ كەينىدىن يۈرسە چارچىمايدىغان ئىش يوق ، رىسالەت . ئادەم دېگەن تۆمۈر ئەمەس . نەچچە سائەت ئايلىنىپ يۈرسە ، چارچىمايدىغان كىم بار ؟
رىسالەت ئۈندىمىدى ، ئۇنىڭ سۇلايمان قاسىم بىلەن بۇ مەسىلىنى تالاش - تارتىش قىلغۇسى يوق ئىدى . ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ بۇ ئىشتا ئەتەي ئۆزىنى قاچۇرمىغانلىقىنى بىلمەيتتى . ئەلۋەتتە ، كۆڭلۈڭ ھەمىشە تارتىپ تۇرغان ئادىمىڭ بىلەن نەچچە سائەت ئەمەس ، بىر ئۆمۈر بىللە يۈرۈپمۇ چارچىمايدىغان ئىشلار بارغۇ . بېشىدىن شۇنچە ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن ئادەمنىڭ بۇنچىلىك ھەقىقەتنى چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەسقۇ . شۇڭا ، ئۇمۇ گەپ - سۆز قىلماستىن ، سۇلايمان قاسىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى . ئارىنى بىرپەس سۈكۈت باستى .
— ئەمىسە سۆزلەپ بىرەمسىز ؟ — رىسالەت ئۆتۈنۈش ئاردىلاش ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى . سۇلايمان قاسىم يانچۇقىدىن تاماكا چىقىرىپ بىر تال تۇتاشتۇردى ۋە ئالدىرىماي شوراشقا باشلىدى . ئۇ تاماكىسىنى چېكىپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ، قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك گېلىنى قىرىپ قويدى .
— بوپتۇلا ، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك ئېغىر تىنىپ قويۇپ ، — نەچچە يىل بوپتۇ ، قەلب دېرىزەم تاقاق بولغاچقا ، بۇ ئەسلىمىلەر خۇددى ئۇزۇن تۇرۇپ قالغان قۇدۇق سۈيىدەك قاڭسىقلىنىپ ، كۆڭلۈمنى بىئارام قىلاتتى . ئەمدى ئۇنى سۆزلەپ بېرەي ، بەلكىم قۇدۇقنىڭ سۈيى يەڭگۈشلەنسە ئەمى ئەسلىگە كەلگەندەك ، مېنىڭ كۆڭلۈممۇ ئارام تېپىپ قالار ...
سۇلايمان قاسىم قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ

پۈتى بىلەن ئېزىپ تويغا ئارىلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ، ئاستا رىسالەت تەرەپكە سۈرۈلدى .

— ئۇ 1972 - يىللار ئىدى ، — دەپ سەرگۈزەشتىلىرىنى باشلىدى سۇلايمان قاسىم چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويغاندىن كېيىن ، — مەن شۇ يىلى كۈزدە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئاقداۋان ئوتتۇرا مەكتىپىگە خىزمەتكە چۈشتۈم . ئاقداۋان تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى كىچىككىنە بوستانلىقتا جايلاشقان ، شارائىتى ئىنتايىن ناچار ، ئادەملىرى قوپال بىر يېزا ئىدى . ئوتتۇرا مەكتەپمۇ سىياسىي بوران - چاپقۇن ئىچىدە چايقىلىپ ، ئۆرۈلۈپ كېتىش خەۋپى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا تۇرغان كونا قېيىققا ئوخشاپ قالغانىدى .

مەكتەپكە كېلىپ نەچچە كۈن ئۆتمەيلا بۇ يەرنىڭ بىر ئىت ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم . چۈشمۇ تامدىن ئىتلارنىڭ كاڭشىغان ئاۋازى كېلەتتى . كېچىلىرى كىملەر تەرىپىدىندۇر تاملارغا يامان نىيەتتىكى چوڭ خەتلىك پاش قىلىش خەتلىرى يېزىلاتتى . ئەتىسى كەچ بۇ خەتكە قارشى مەزمۇندا يەنە بىر خەت چاپلىناتتى . ئوقۇتقۇچىلار خۇددى ئىت - مۈشۈكتەك تالىشاتتى . قانداقتۇر مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆزئارا خىرقىراشلار ، قويرۇق دىڭگايتىپ ھەيۋە كۆرسىتىشلەر ، بىر - بىرىگە ئورا كولاشلار بۇ يەرنى بىر مەكتەپ ئەمەس ، پوق - سۈيدۈكلەر پىتىنقشىپ تۇرغان چوشقا قوتىنىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى .

بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ بەكلا ئىچىم سىيرىلدى . ئىلاج بار بۇ سىياسىي غوۋغالارغا ئارىلىشىپ قالماسلىقنى ئويلىدىم . چۈنكى ، مەكتەپتىن جەمئىيەتكە ئەمدى قەدەم قويغان مەندەك توڭ سويمىنىڭ بۇنداق دەھشەتلىك دولقۇنلاردىن ئۈزۈپ چىققۇدەك تەجرىبىسى ، كۈچ - مادارى يوق ئىدى . شۇڭا ، دەرستىن چۈشسەملا سىرتلارنى ئايلىنىپ كېلەتتىم . مەكتەپتىن چىقىپ ، كۈنپېتىشقا قاراپ بىر - ئىككى كىلومېتىر ماڭغاندا ، پايانى يوق قۇم بارخانلىرى ئادەمگە قۇچاق ئاچاتتى . يۇلغۇن ، قومۇش ، سۆكسۆكلەر غۇچ-

چىدە ئۇنۇپ كەتكەن قۇم دۆڭلىرىدە ئېغىناپ يېتىپ ، ئاشۇ چاتقال-
لار ئارىسىدىن ئادەمنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ ، پارتىدە يۇگۇ-
رۇپ چىقىدىغان پاتما-چۇقلار ، ئۇزۇن قۇيرۇقىنى سۆرەپ يۇر-
گەن كېلە ۋە سېرىق چاشقانلارنى تاماشا قىلاتتىم . ئۇلار بىز-
دەك بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىن پاش قىلىش خېتى يېزىشمايتتى ،
بىر - بىرىگە قاراپ چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ خىرىس قىلىشمايتتى ،
بىر - بىرىنىڭ ئورىسىغا توپا تىقمايتتى . ھەممەيلەن ئۆز ئىشلىرى
بىلەن بىر - بىرىنى كۆرمىگەندەك خىرامان يۇرۇشەتتى .
جاھان ئاجايىپ بىر خىل بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆرتۆپە
بولۇۋاتقان ئەنسىز چاغلاردا مۇشۇنداق تىنچ ، خالىي بىر يەرنى
تېپىۋالغىنىمدىن ئىنتايىن خۇشال ئىدىم . ھەر كۈنى بۇ يەرگە
كېلەتتىم ، دۆڭلەرنىڭ ئارىسىدا سائەت - سائەتلەپ ئولتۇراتتىم ،
جاھاننى تاسقاپ ، يان - بېلىمنى كۆزىتىپ ، ئۆزۈم ئۇچۇن ئوبدان-
راق بىر چىقىش يولى تېپىشقا ئۇرۇناتتىم . ئەمما ، مەندە بۇ خىل
ھالەتنى ئۆزگەرتكۇدەك ماجال يوق ئىدى .
بەزىدە ئوتتۇرا مەكتەپتە تۇتاشقان شېئىرىيەت ئىشتىياقى غا-
لىب كېلىپ ، قايناپ تۇرغان ئىلھامنىڭ كۈچى بىلەن بىر نەچچە
كۇپلېت شېئىرمۇ يېزىۋالاتتىم . ھەمىشە يېنىمدىن ئايرىماي يۇرد-
دىغان خاتىرە دەپتىرىمنىڭ ۋاراقلىرى مۇشۇ يەردە قوزغالغان ئىل-
ھامنىڭ كۈچى بىلەن بارغانسېرى توشۇپ بارماقتا ئىدى .
كەچ كىرسە جاڭگالغا كىرگەن ئوتۇنچىلار ئاشۇ قۇم دۆڭلىرى
ئارىسىدىكى چىغىر يولدا پەيدا بولاتتى . ھارغىن ئېشەكلەر ، ھار-
غىن ۋۇجۇدلار چىغىر يولدا گويا ھېلىلا يىقىلىپ قالىدىغاندەك
ئەلپازدا مېڭىشاتتى . ئۇلار ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇ-
شاتتى . جۇل - جۇل كىيىملىك بۇ ئوتۇنچىلارنىڭ ئەتراپىنى كۆزد-
تىپ تاماشا قىلىشقا چولىسى يوق ئىدى . مەن ئېگىز دۆڭنىڭ
ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ ھالىغا ئېچىنغىنىمچە ئۇلار كۆزدىن
يىتكۇچە قاراپ قالاتتىم .
مېنىڭ قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا يۇرگىنىمنى كۆرۈپ قالغان

ئاللىكىملەر ماڭا جاڭگال سارىقى دەپ لەقەم قويۇشۇپتۇ . ئۇلارچە مېنىڭ رېئاللىقتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ ، قۇملۇقلاردا مەقسەتسىز يۈرگىنىم ھەقىقەتەن ساراڭلىق ئىمىش . بۇنداق ساراڭلىققا بۇ يەردە ئورۇن يوقمىش . بىر كۈنى تامغا شۇ ھەقتە چوڭ خەتلىك گېزىت چىقىرىپ قويۇلۇپتۇ . بۇنى كۆرۈپ ، جان - پېنىم چىقىپ كەتتى . مەكتەپ مۇدىرىمىزمۇ مەن بىلەن مۇشۇ ھەقتە مەخسۇس سۆزلەشتى .

ـــ ھازىر دېگەن قايسى چاغ ؟ » ـــ دېدى ئۇ مۇلايىم ئاۋازدا ، ـــ سىز مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتلەردە ئۆزىڭىزنىڭ سىياسىي مەيداننى ئاشكارىلىمىسىڭىز بولمايدۇ . ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇسىز ؟ مەن كۆرمىگەن بىلەن باشقىلار كۆرىدۇ . سىز بۇ چوڭ قايىنامدىن ئۆز مەيلىڭىزچە چىقىپ كېتەلمەيسىز . بۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسىي ئۆگىنىشلەرگە ، كۈرەش - پىپەنلەرگە تولۇق قاتنىشىڭ ، ئاكتىپ پىكىر قاتناشتۇرۇپ ئىدىيىڭىزنى كۆپچىلىككە تاپشۇرمىسىڭىز بولمايدۇ ...

شۇنداق قىلىپ مەنمۇ بۇ دولقۇننىڭ ئىچىگە كىرىپ قالدىم . ئۆزۈم خالىمىساممۇ ، باشقىلار مېنى ۋاراقشىپ تۇرغان قازاننىڭ ئىچىگە تارتىپ كىرىشتى . ئۇ يەر بەئەينى بىر دوزاخنىڭ ئۆزى ئىكەن . پاش قىلىشلار ، بىر - بىرىگە تىغ كۆتۈرۈشلەر ، مۇشت بىلەن چىش تۆكۈشلەر ئادەمنى شۈركۈندۈرەتتى . چىرايى ئادەمسىياق بولغان بىلەن قىلىقى ياۋا توڭگۇزدىن قېلىشمايدىغان بۇ كىشىلەرگە قاراپ بەكلا ھەيران قالدىم .

ئەمدى مەن قانداق قىلاي ، ئاشۇ ۋاراقلاپ تۇرغان قازاندا قايناماي ، ئۇنىڭدا كىملەرنىڭ قولى بىلەندۇر قورۇلماي ماڭا ئىلاج يوق ، ئۆگىنىشكە كىرىمەن ، بىر بۇلۇڭغا قىستۇرۇلۇپ ، شاۋقۇن - سۈرەنلەر ئىچىدىن ئۆزۈمگە تىنچلىق ئىزدەپ ئولتۇرىمەن . خىيالىم قۇملۇقتىكى دوستلىرىم ـــ پاتمىچۇق - كېلەلەردە ، دۆڭلەر ئارىسىدا يىلانباغىرى سوزۇلغان چىغىر يولىدىكى ھارغىن ئىشەك ، ماغدۇرسىز ئوتۇنچىلاردا . ئاشۇلارنى كۆز

ئالدىمىغا كەلتۈرسەم، بۇ يەردىكى ۋاڭ ـ چۇڭلارمۇ ماڭا بىلىندى- مەي قالىدۇ.
شۇ كۈنلەردە بىرىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇمۇ يېڭىدىن خىزمەتكە چۈشكەن، چىرايىدىن سەبىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك چىقىپ تۇرىدىغان، ئۇششاق ئۆرۈۋالغان چاچلىرىنى ياغلىقى ئىچىگە تىقىشتۇرۇپ، بىر ئىشلاردىن ۋايىم يەپ يۈرىدىغان چىرايلىق قىز ئىدى. كۆلگەندە مەڭزىدە چىرايلىق بىر زىناق پەيدا بولاتتى. قارا قۇمچاق چىرايىمۇ دالىدا مېۋە بەرگەن قارىقاتقا ئوخشاش پارقىرايتتى. ئېھتىمال، مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلغىنىمۇ ئاشۇ زىناق بولۇشى مۇمكىن.
چوڭ يىغىنلاردا، ئايىغى چىقماس ئەمگەك مەيدانلىرىدا، توپا بۇخسۇپ تۇرغان سىنىپلار ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن پات ـ پات ئۇچرىشىپ قالاتتىم. شۇنداق چاغلاردا ئۇ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ ماڭا سالام قىلاتتى. كېيىن ئۇ ماڭا بېرىلگەن ياتاقنىڭ سول تەرىپىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيگە كۆچۈپ كەلدى. ئۇچرىشىشلىرىمىز، سالام ـ سەھەتلىرىمىز كۆپەيدى. بەزىدە ئۇ تاماق ئەتسە، مېنى قوشنىدارچىلىق يۈزىسىدىن چاقىرىۋالاتتى. ئۇنىڭ مېھرى سىڭگەن تاماق ماڭا بەك تېتىملىق تۇيۇلاتتى. قولىدىن كالتە ئىشتىنىنى يۇيۇش كەلمەيدىغان مەندەك بويتاق ئۈچۈن بىرەر قاچا تاماق دېگەن ئالاھىدە بىلىنەتتى.
بەزىدە ئۇنىڭ ياتىقىغا مەكتەپ مۇدىرىمىز ئاتاۋۇللا بەردىمۇ كىرىپ قالاتتى. يېشى خېلىلا بىر يەرگە بارغان، خالتىلاشقان ئىڭەك گۆشلىرى رۇس ئىتلىرىنىڭكىدەك ساڭگىلىغان، بەقەمدەك قىزىرىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ئەتراپقا نېمە ئۈچۈندۇر ئىرەنسىز قارايدىغان بۇ ئادەم ھەر قېتىم ئۇنىڭ ياتىقىغا كەلسە، ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپلا: «خەيرىنىسا، بارمۇسىز؟» دەپ ۋارقىرايتتى.
شۇنداق چاغلاردا ئۇ ھويلىدىن چىقاتتى ۋە مەكتەپ مۇدىرىنى كۆرۈپ چىرايى تاتارغان ھالدا ئۇنى ياتاققا باشلايتتى. ئاندىن بىر نېمىلەرنى قىلغان بولۇپ سىرتقا چىقىپ، مېنى چاقىرىۋالاتتى-

تى . ئۇنىڭ كەينىدىن ياتاقتا كىرگىنىمدە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ ، قانداقتۇر بىر تۇتامى يوق ئىشلارنى باھانە قىلىپ ، ماڭا چېچىلاتتى . لېكىن ، مېنىڭ پەرۋايىم پەلەك ، خەيرىنىسانىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەچكە ، مۇدىرىمىز قوزغالمىغۇچە ياتاقتىن چىقىپ كەتمەيتتىم .

كېيىنچە ئاتاۋۇللا بەردى ئۆزى يالغۇز كەلمەيدىغان بولدى ، ئۇ ھەمىشە گوڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاسىم باراتنى كەينىگە سېلىۋالاتتى . قاسىم بارات قىرىقلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان ، بەستلىك ، سېمىز يۈزلىرى شىرمان گىردىنىڭكىدەك قىزىرىپ تۇرىدىغان ئالىغاي ئادەم ئىدى . بوڭ - بوڭ سۆزلىرى ئادەمگە تاش يولدا بادىرا سۆرىگەندەك ئاڭلىناتتى . شۇنداق چاغلاردىمۇ خەيرىنىسا ماڭا قاراپ ئىلتىجالىق كۆزلىرى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى . مەن تەبئىيلا ئۇنىڭ مەنئى قوغدىغۇچىسىغا ئايلىنىپ قالغاندىم .

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى .

مەكتەپ ئىچى يەنىلا پاتىپاراقچىلىق ئىسكەنجىسىدە تۇراتتى . ئادەملەر شۇنچىلىك قۇۋلىشىپ كەتكەنىدى ، بىر - بىرىگە قەتئىي ئىشەنمەيتتى . بىرسىنىڭ كاللىسىدا يەنە بىرى ياڭاق چاقاتتى . بىرسى بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىسا ، قالغانلار ئۇنىڭ تاماشاسىنى كۆرەتتى . بىرسىنىڭ بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتقان بولسا ، ئۇنى ئۆچۈرىدىغان ئادەم يوق ، كۈرەش - پىپەن ئۇرۇش - جېدەلگە ، ئايىغى چىقماس ماجىراغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى . بىرلىرىنىڭ بۇرنى ئېزىلسە ، يەنە بىرلىرىنىڭ پۇتى چېقىلاتتى . جاھاننىڭ ئەڭ چېتىدىكى كىچىككىنە بۇ يەردە شۇنداق جەڭگىۋار ئىنقىلابلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىدىن بەكلا ھەيران قالاتتىم .

— مەن بەكلا قورقۇپ قېلىۋاتىمەن ، — دېدى بىر كۈنى خەيرىنىسا ياتىقىمغا كىرىپ بىر ئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ، — ھەممەيلەننىڭ ئەلپازى بەك يامان . بولۇپمۇ مەكتەپ مۇدىرىمىز ماڭا كاندەك چاپلىشىۋېلىۋاتىدۇ . ئۆلۈشكە رازىمەنكى ،

بۇنداق بىر نىمىگە قولۇمنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزمايمەن .
مەن ئۇندىمىدىم ، خەيرىنىسا مىنى ئۆز كۆرۈپ دەردىنى تۆ-كۈپ بىرىۋاتاتتى . ئەمما ، مىنىڭ مەكتەپ مۇدىرىمىز بىلەن كۈچ ئېلىشقۇم يوق ئىدى ، سىرتىدىن قارىسا مۇلايىم كۆرۈنگەن بۇ ئادەمنىڭ ئىچىدە ھىيلە ـ مىكىر تولۇپ ياتاتتى . ئۇ سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇۋېتىشكە بەكلا ئۇستا ئىدى ، ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ ، ھېساب ـ كىتابنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئالاتتى . خەي-رىنىسانىڭ ياتىقىدا دوقۇرۇشۇپ يۈرۈپ ئۇ ماڭا باشقىچە قاراشتا بولۇپ قېلىۋاتاتتى . بىرنەچچە قېتىم بۇرنۇمغا يېگەن بولسامۇ ، غايىب مۇشتنى كىمنىڭ ئاتقانلىقىنى پەقەتلا بىلەلمىدىم ، بەلكىم ، ئۇنىڭدا مەكتەپ مۇدىرىمىزنىڭ قولى باردۇ ۋە ياكى بولمىسا ئۇنىڭ يېقىن ـ يۇرۇقلىرى قول سالغاندۇ . ئىشقىلىپ مەن خالىمايدىغان بەزى ئىشلار كۆزۈمچىلا يۈز بەرمەكتە ئىدى . مەن سىياسىي قاينام-دىن چىقتىپ كېتىشكە شۇنچە ئۇرۇنغانسېرى نامەلۇم بىر نەرسە مىنى قاينامنىڭ مەركىزىگە تارتىپ بارماقتا ئىدى . يېمىگەن مانتى-نىڭ پۇلىنى تۆلەش ئادەمگە ئېغىر كېلىدىكەن ، بەزىدە شۇنچە قىلغۇدەك خەيرىنىسا دېگەن مىنىڭ نىمەم ئىدى ؟ ئۇنى نىمانچە قوغدايمەن ؟ ئاشۇنىڭ ئىتى بولۇپ يۈرۈپ ئۆزۈمگە دۈشمەن تېپىپ نىمە قىلارمەن ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ قالاتتىم . ئەمما ، ئۇنىڭدىن يەنىلا نېرى كېتەلمەيتتىم . يۈرىكىمنىڭ بىر يېرى مىنى ئۇنىڭ قېشىغا تارتىپ تۇراتتى . ئۇنىڭغا بىرەرسىنىڭ كۆزى چۈشكۈدەك بولسا ، يۈرىكىم قوقاسقا كۆمگەندەك ئېچىشىپ كېتەتتى .
بىر دەم ئېلىش كۈنى خەيرىنىسا ياتىقىمغا كىردى . تىرنىقىنى كولاپ ئۇن ـ تىنسىز ھالدا خېلى ئۇزۇن ئولتۇردى . ئۇنىڭ ماڭا دەيدىغان بىر سۆزى باردەك قىلاتتى ، ئەمما ئېغىزىدىن چىقىرال-مايتتى . ئۇ ھويلىغا چىقتى ، بىرئاز ئۆتۈپ يەنە كىردى . مەن ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئاجايىپ بىر كۈرەشنىڭ قىزىپ كەتكىنى-نى ھېس قىلدىم . بەلكىم ئۇمۇ مەن ئېغىزدىن چىقىرىشقا پېتىنال-مىغان ھېلىقى گەپنى دېيىشتىن قىينىلىۋاتسا كېرەك ، بىرەر

سائەتچە ۋاقىت شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى . ئاخىر بولماي ، مەن ئۇنى ھېلىقى قۇملۇققا تەكلىپ قىلدىم :

— خەيرىنىسا ، شۇنداق تىنچ ، شۇنداق خاتىرجەم بىر يەر بار ، مەن بىلەن بېرىشقا جۈرئەت قىلالامسىز ؟

— قېنى باشلاڭ ئەمىسە ، — دېدى ئۇ نېمىگىدۇر تەقەززا بولغان ھالدا .

— ئىككىمىز بىرگە ماڭساق بولمايدۇ ، — دېدىم بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ، — بىرسى كۆرۈپ قالسا ھەر ئىككىمىز بالاغا قالىمىز . سىز مەن مېڭىپ يېرىم سائەتلەردىن كېيىن كۇنپېتىشتىكى قۇملۇققا بېرىڭ ، مەن سىزنى شۇ يەردە ساقلايمەن .

— ئۇ يەرگە سىزمۇ بېرىپ تۇرامسىز ؟ — خەيرىنىسانىڭ كۆزلىرىدە ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر كۈلكە پەيدا بولدى . ئۇنىڭ مەڭزىدىكى زىنىقى تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتتى .

— مەكتەپكە يېڭى كەلگەندە بىر مەزگىل بارغان ، شۇڭا كىشىلەر مېنى جاڭگال سارىڭى دېيىشىدۇ ئەمەسمۇ ؟

— مەنمۇ يېڭى كەلگەندە بىر - ئىككى قېتىم بارغانىدىم ، كېيىن خۇددى بىرسى كەينىمدىن بېرىپ تۇتۇۋالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ، قورقۇپ بارالمىدىم .

— ئەمىسە بۈگۈن مېنىڭ تۇتۇۋېلىشىمدىن قورقمامسىز ؟ — دېدىم كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ .

— سىزدىن قورقمەنما ؟ — خەيرىنىسا كۈلۈپ كەتتى ، — قېنى ، مېنى تۇتۇۋالغۇدەك جۈرئىتىڭىز بولسا تۇتۇۋالامسىز ؟

ئۇ شۇنداق دەپلا قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى . قەلبىمگە سايە تاشلاپ تۇرغان قانداقتۇر بىر قارا پەردە يىرتىلىپ ، ئۇ يەردىن سۈس نۇر چۈشكەندەك كۆڭلۈم ۋىللىدە يورۇدى ، ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى ئايرىلىشتىن قورققاندەك بىر - بىرىدىن مېھرىنى ئۈزەل-

ـمەي خېلى ئۇزۇن قارىشىپ تۇردى .
— ئەمىسە شۇ يەردە كۆرۈشەيلى ، — دېدىم ئىشىكنى قۇلۇپلاۋېتىپ ، — بەك كەچ قالماڭ جۇمۇ .
ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى .
مەن قۇملۇقتا كەلگەندە كۈن ئىكلەنگەنىدى . ئەتراپ تونۇردەك قىزىپ كەتكەن ، لاۋۇلداپ تۇرغان قۇملۇقتا ھېچ نەرسە كۆزگە چېلىقمايتتى . پوكىنىنى قۇمغا يېقىپ ياتىدىغان پاتمىچۇقلارنى بەكمۇ سېغىنغانىدىم ، ئۇلارمۇ كۆزۈمگە چېلىقمىۋىدى ، خۇددى ئۆيگە بارسام ئانام يوق بولۇپ چىققاندەكلا كۆڭلۈم يېرىم بولدى . ھەر ھالدا يۇمشاق قۇملاردا چېكىت گۈللۈك نۇرغۇن ئىزلار قالغانىدى . مەن شۇ ئىزلارغا قاراپ ، ئۇلارنىڭ ھېلىمۇ ھايات ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدىم .
قۇملۇقتا ئالۋۇنلار چىمىرلىشاتتى . ئەتراپتىن كۆك ياتناق-نىڭ ، يۇلغۇن چېچەكلىرىنىڭ ھىدى كېلەتتى . تىنچىق ئىسسىقتا كۆڭلۈم بىر دەمدىلا تەرگە چىلىشىپ ، چۆپ - چۆپ بولۇپ كەت-تى . مۇشۇنداق ئىسسىقنى ئويلىمايلا خەيرىنىسانى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلغىنىمغا بەكمۇ ئۆكۈندۈم .
بىر دۆڭنىڭ يانباغرىدىكى بۇكىدە يۇلغۇنلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ياتتىم ، بۇ يەر ئەتراپقا قارىغاندا خېلىلا سالقىن ئىدى . خەيرىنىسانى قايتىدىن كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم ، ئۇ كەلسە گەپنى نەدىن باشلاشنى ، ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېيىشنى پەقەتلا بىلمەيتتىم . ئۇنىڭ «قېنى ، سىزدە شۇنداق جۈرئەت بولسا ، مېنى تۇتۇۋالما-سىز ؟» دېگەن سۆزىنى ئەسلىگىنىمدە ، يۈرىكىم ھاياجاندىن تېپچە-چەكلەيتتى . مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە ، بىر قىزنىڭ ئېغىزىدىن شۇنداق گەپنى ئاڭلىشىم تۇنجى قېتىم ئىدى . خەيرىنىسا ئاشۇ سۆزى بىلەن قەلبىمنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە ماڭا نىسبەتەن بىر بوش ئورۇننىڭ بارلىقىدىن بېشارەت بەرگەنىدى . ئۇنى بۇ يەرگە مەن

تەكلىپ قىلدىم ، ئەمدى ئىككىمىز ئاچمىسام ياخشى بولمايدۇ دېگەنلەر-
نى ئويلىدىم . لېكىن ، قانداق ئىككىمىز ئىچىش مەسىلىسى يەنىلا
بېشىمنى قاتۇرۇپ تۇراتتى .

بىر چاغدا يېنىمدىكى قەدەم تىۋىشى بىلەن بىر سىڭلىنىڭ نازۇك ئۇندە يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى ، مەن يۇلغۇنلارنىڭ ئارىسىدىن بېشىمنى چىقىرىپ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىدىم ، ئىسسىقتىن قارامتۇل چىرايى قىزىرىپ ، ئىسسىپ كەتكەن خەيرىنىسا تەمتىرىگىنىچە ئەتراپقا تەلمۈرۈپ تۇراتتى . ئۇنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى يىللىق تىلەكلە-رى ئەمەلگە ئاشقان يىگىتنىڭكىدەك يۈرەكلىرىم ئويناپ كەتتى . مەنمۇ بوش يۆتىلىپ قويدۇم . ئۇ مەن تەرەپكە قارىدى ۋە چىرايى بايىقىدىنمۇ بەكرەك قىزىرىپ كەتتى .

— خەيرىنىسا ، مەن بۇ يەردە !

ئۇ لېۋىنى چىشلەپ قويۇپ مەن تەرەپكە ئاستا - ئاستا كېلىش-كە باشلىدى . ئۇنىڭ ئۆزۈن كۆڭلىكى ھە دېگەندە پۇتىغا يۆگىشىۋا-لاتتى ، ئارىلىق يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ ھاسىراشلىرى ئېنىق ئاڭ-لىنىشقا باشلىدى .

— ئىسسىقتا سىزنى بۇ دەشتى قىيامەتكە تەكلىپ قىلىپ جاپاغا قويدۇم ، — دېدىم ئۇ يۇلغۇن سايىسىگە كىرىپ ، قولىدىكى قولياغلىقى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈشكە باشلىغاندا ، — بۇ يەرنىڭ مۇنچە قىزىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىمەن .

— ھېچقىسى يوق ، — خەيرىنىسا ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى ۋە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، قولياغلىقىنىڭ چۇچىسىنى ئويناشقا باشلىدى . ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتىدىن «قېنى ، گېپىڭىز بولسا ئەمدى قىلامسىز ؟ جۈرئىتىڭىز بولسا تۇتامسىز ؟ » دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى . مەن ئەمدى بىرنېمە دېمىسەم بولمايتتى . بىر قىزنى ئىسسىقتا بىرمۇنچە يول ماڭغۇزۇپ ، ئۇ ئالدىمغا ھازىر بولغاندا گۈشىيىپ تۇرۇشۇمنىڭ ئۆزى ئوغۇل بالىنىڭ قىلىدىغان

ئىشى ئەمەس ئىدى . ئەمما ، گەپنى نەدىن باشلاش مەسىلىسى مېنى قىيناۋاتاتتى .

— خەيرىنىسا — مەن ئۇنى چاقىرىپ بولۇپ يەنە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىم ، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، چەكسىز تەشنالىقتا ئۆزىگە تىكىلگەن كۆزلىرىمگە قاراپ قويدى . ئۇنىڭ مەڭزىدىكى چىرايلىق زىننىقىدا تەر تامچىلىرى پارقىراۋاتاتتى . كۆزلىرىمۇ خۇمارلىشىپ تۇراتتى . تۇيۇقسىز نەچچە يىل ئىلگىرى كۆرگەن «ئانارخان» فىلىمى يادىمغا يەتتى . فىلىمدە ئانارخان بىلەن قۇربان مۇشۇنداق يۇلغۇنلۇق جاڭگالدا ئۆزئارا نىكاھ ئوقۇشۇپ مۇرادىغا يېتەتتى . شۇ كىنونى ئەسلەپ تۇيۇقسىز مەندە بىر ئەقىل پەيدا بولدى .

— ئانارخان ، — مەن ئۇنى ئاستا چاقىردىم ، خەيرىنىسا دەسلەپتە ھەيران بولغاندەك ماڭا قاراپ قويدى ۋە ئۇمۇ بىرنەرسىنى ئەسلىگەندەك بىرئاز تۇرۇپ قىلىپ ، ئاندىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— ھە قۇربان …

— مېنىڭ ئاشۇ كىنونى رېئاللىققا ئايلاندۇرغۇم بار ، — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ پەس ئاۋازدا ، — مېنى ئۆزىڭىزگە لايىق كۆرەرسىزمۇ ؟

خەيرىنىسا تېخىچە كۈلۈۋاتاتتى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەنىدى .

— لايىق كۆرمىسەم سىزنىڭ كەينىڭىزدىن بۇ يەرگە كېلەتتىممۇ ؟

ئۇمۇ كۈلكىدىن توختاپ ، ماڭا قاراپ ئەستايىدىللىق بىلەن قوشۇپ قويدى :

— شۇ تۇرقىدا ئىككىمىزنى بىرسى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا ، بىز مەڭگۈ ئۆزىمىزنى ئاقلىيالمايمىز ، سۇلايمان . مەن شۇن-

داقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئارقىڭىزدىن كەلدىم . سىز بۇنىڭدىن بىر نەرسىنى ھېس قىلمىدىڭىزمۇ ؟

تىلىمغا ھېچقانداق سۆز كەلمىدى . ئەمدىلىكتە مەن راستىنلا جاڭگال سارىڭغا ئۆزگەرگەنىدىم ، يىگىتلىك تىلىكىمنىڭ بىر قىز تەرىپىدىن مەقبۇل بولۇشى مېنى بەكمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنىدى . ۋارقىراپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتقۇم ، دۆڭلەرنىڭ ئۈستىدە چېپىپ يۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينىغۇم كېلەتتى . بۇگۈن مەن ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك بىر كۈن بولغانىدى .

— رەھمەت ... رەھمەت سىزگە ...

تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ قالغان تىلىمغا شۇنىڭدىن باشقا سۆز كەلمىدى ، مەن ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان قولىنى خۇددى مەشتىكى چوغدا قولۇمنى كۆيدۈرۈۋېلىشتىن قورققاندەك بەكمۇ ئاۋايلاپ ئاستا تۇتتۇم . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى لاغىلداپ تىترەپ كەتتى .

— تېزرەك توي قىلايلى ، سۇلايمان ، — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى چىشلەپ قويۇپ ، — مېنى تېزرەك يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇڭ ، مەن قورقۇۋاتىمەن . مېنىڭ ئەمدى كۈنلىرىمنى دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتكۈزگۈم يوق . مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ ...

ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكى ماڭا ئايان ئىدى ، خەيرىنىسا بۇ يەردە ئۆزىنى سۆيىدىغان ، ئۆزىنى ئاسرايدىغان ، باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىدىن قوغدايدىغان بىر يۆلەنچۈككە ئېرىشمەكچى . بىر قىز ئۈچۈن مۇشۇنداق تىنچسىز يىللاردا خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشىشنىڭ ئۆزى ئەڭ ئاقىلانە تاللاش ھېسابلىناتتى .

— بولىدۇ ، مەن ئائىلەمدىكىلەرگە خەت يازاي ، لايىقىدا يارىشىقىنى قىلىپ ...

— بەك ھەشەم - دەرەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ، — دېدى ئۇ تېخىچە ئالىقانلىرىم ئارىسىدا تۇرغان قولىنى ئىتتىكلا تارتىۋې -

لىپ ، ــ بۇ ئاي ، بۇ كۆنلەردە يارىشىقىنى قىلىمىز دەپ ئاۋارە بولۇشنىڭ ئۆزى بىر ئەخمەقلىق . ھەر ئىككىمىز توي قىلىدىغانلىقىمىز ھەققىدە ئۆيدىكىلەرگە خەت يېزىۋېتىپلا ئىشنى تاماملايلى . ھە راست ، بۇنداق دېسەم توي قىلغۇسى كېلىپ لولىسىغا ئوت كېتىپتۇ دەپ ئويلىمايدىغانسىز ؟

مەن شۇنداق ئويلىغان بولسام ، سىزگە توي تەكلىپى قويۇپمۇ يۈرمەيتتىم ، ــ دېدىم ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ، ــ بولدۇ ، سىز ماڭا ئىشەنسىڭىز توينى قىلىۋېرەيلى ، خاتىرجەم بولۇڭ ، سىزنى ھېچكىمگە تاك قىلىپ چەكتۈرمەيمەن .

ئۇ ياشقا تولغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ ، بېشىنى ئاستا مۈرەمگە قويدى…

## 27

قۇملۇقتا ياشلانغان مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچى مېنى پۈتۈنلەي ئەسىر قىلىۋالغانىدى . شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە كۈنلۈك ۋاقتىم بەكمۇ مەنىلىك ئۆتكەندەك بىلىندى . قەلبىمدە ئۆزۈم تەسۋىرلەپ بېرەلمەيدىغان ئاجايىپ بىر شېرىنلىك ھۆكۈم سۈرەتتى . مەن ئەتراپىمدا بولۇپ تۇرىدىغان خىرقىراشلارنى ، پەيتنى تاپقاندا ئىتتەك شىراقتىن ئېلىشلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم . سۆيگۈ شادلىقى ئىچىدە يۈرگىنىمدە تومۇز ئىسسىقنىڭ ھارارەتلىك تەپتىمۇ ماڭا بىلىنمەيتتى . مەكتەپ ئىچىمۇ ، قويۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان توپىلىق يوللارمۇ ، يول بويلىرىدىكى شاخلىرىدا قاغىلار قاقىلداپ تۇرغان تېرەكلەرمۇ ماڭا باشقىدىن گۈزەل كۆرۈنمەكتە ئىدى .

بىر كۈنى كەچتە خەيرىنىسا بىر پارچە خەت كۆتۈرۈپ ياتىقىمغا كىردى ، ئۇ قىزارغان ھالدا قولىدىكى خەتنى ماڭا سۇندى ۋە پەس ئاۋازدا دېدى :

ــ ئۆيدىكىلەرگە خەت يازغانىدىم ، سىزنى كۆرۈپ باقسۇنمى-

كىن دەپ ئىلىپ كىردىم .
مەن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق ھېسسىياتىم بىلەن قاراپ ، خەتنى ئالدىم ۋە قارىبىپ تۇرغان ياتاقنىڭ دېرىزە تۈۋىگە بېرىپ ئوقۇشقا باشلىدىم .
«قەدىرلىك دادا ، ئانا ، ياخشى تۇرۇۋاتامسىلەر ؟ مەن سىلەرنىڭ تېنىڭلارنىڭ سالامەت ، ھەممە ئىشلىرىڭلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن . مەندىن ئەھۋال سورىساڭلار ، مەنمۇ ھەرھالدا ياخشى تۇرۇۋاتىمەن ، ئەمما ، مەكتەپ ئىچى بەكلا قالايمىقان ، ھەممەيلەن جان قايغۇسىدا بىر ـ بىرىگە ئۇرا كولاش بىلەن ئاۋارە ، كۆڭلىرىم بەكلا ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ . تۇرمۇشتا ھېچقانداق يۆلەنچۈكسىز بىر قىزنىڭ چەت ، يىراق يەردە خاتىرجەم كۈن ئالمىقى بەكمۇ تەس ئىكەن . بەزىدە ئانام مېنى مۇشۇ ئەنسىز دۇنياغا نېمىشقا بىر قىز سۈپىتىدە تۇغقان بولغىيدى ، دەپ ئويلاپ كېتىمەن . ئۆتكەنكى خېتىمدە مەكتەپ مۇدىرىمىز ۋە ئىنقىلابىي كومىتېت مۇدىرى قاسىم بارات ھەققىدە ئاز ـ تولا بىرنېمە يازغانىدىم . دادا ، ئانا ، بەزى گەپ ـ سۆزلەرنى سىلەرگە دېيىشتىن ئۇيۇلۇۋاتىمەن ، ئاشۇ خەتتە مەن تېزرەك ئۆزۈمگە بىر ھامىي تاپىمسام ، ئۇلارنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن دەپ يازغانىدىم . مانا ، ھازىر مەن شۇنداق بىر ھامىينى تېپىۋالدىم ، نەچچە كۈندىن بېرى خاتىرجەم ئۇخلايدىغان بولدۇم . ئەمدى بۇ خېتىمدە سىلەرگە بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتماقچىمەن . مەن سۇلايمان قاسىم ئىسىملىك بىر يىگىت بىلەن توي قىلماقچى ، ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى بالا ، ئۇنىڭ مېنى ئاسرايدىغانلىقىغا ، يامانلارنىڭ كۆزىدىن ساقلايدىغانلىقىغا ، بېشىمغا باش بولالايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ! ۋاقىت قىس بولغاچقا ، خەتنى مۇشۇنچىلىك يازاي ، مېنىڭ بەختىم ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلار ، سىلەرنىڭ كېلىشىڭلارنى كۈتمەيلا تويغا قوپقىنىمنى كەچۈرەرسىلەر ...»
خەت قىسقا ، ئەمما مەقسەت ئېنىقلا يېزىلغانىدى . مەنمۇ شۇ كۈنى ئۆيدىكىلەرگە مۇشۇ نەچچە ھەپتە ئىچىدە توي قىلىدىغانلىقىمى

نى، ئۇلارنىڭ تويۇمغا كېلىمىز دەپ ئاۋارە بولماسلىقىنى ئېيتىپ خەت يېزىۋەتتىم.

بىراق، ئىشنىڭ مۇنداق تەتۈر كېلىدىغانلىقىنى ھېچقايسىمىز ئويلىمىغانىدۇق. مەكتەپ مۇدىرىمىز ئاتاۋۇللا بەردى بىزنىڭ توي قىلىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ توي خېتى ئېلىشقا تونۇشتۇرۇش يېزىپ بېرىشنى ئېيتقىنىمىزدا، ئىچىگە تىنىپ بىرئاز تۇرۇۋالدى ۋە گېلىنى قىرىپ قويۇپ ئەسكى كاناينىڭكىدەك جىغىلداق ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەنمۇ شۇنداقمىكىن دەپ گۇمان قىلغانىدىم، ئىش ئويلىغىنىمدەك چىقتى. بىراق، ھازىر مەكتەپ ئىچى سەل قالايمىقان، سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ مەكتەپ ئىچىدىكى پاراكەندىچىلىكى تېخى بېسىققىنى يوق، بۇنداق چاغدا توي قىلىمىز دېيىش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. شۇڭا، بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇرمىساڭلار بولمايدۇ.

— ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى «قىزلار ئەرگە تېگىمەن دېسە، قۇشلار ئۇچىمەن دېسە، ئۇنى تۇتۇپ قالغىلى بولمايدۇ» دەپ تەلىم بەرگەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ قەستەن باھانە تېپىپ توي ئىشىمىزنى كەينىگە سۈرەشنىڭ كويىغا كىرگىنىنى كۆرۈپ، — بىزنىڭ توي قىلىشىمىز مەكتەپتىكى سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. مۇمكىن بولسا، بىر پارچە تونۇشتۇرۇش يېزىپ، نەگە ئىشلىتىشنى بىلمەي توپا بېسىپ قالغان تامغىڭىزنى پوككىدە بېسىپ بەرسىڭىز مۇدىر.

— نېمە، داھىمىزنىڭ ئۇزۇندىلىرىدە شۇنداق گەپ بارمۇ؟ — دېدى ئاتاۋۇللا بەردى قىزىرىپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ.

— ئەلۋەتتە، — بىر چەتتە قاراپ تۇرغان خەيرىنىسامۇ سۆزگە ئارىلاشتى، — ئىشەنمىسىڭىز مەن شاققىدە چىقىپ ئۇزۇندىلەر كىتابىنى ئېلىپ كىرەي...

— بۇ ئامىمغا ئىشىنىش - ئىشەنمەسلىك مەسىلىسى ئەمەس، — ئاتاۋۇللا بەردىنىڭ چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ

كەتتى ، — مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ، هازىر مەكتەپىدە-
مىزنىڭ شەرت - شارائىتى تويي قىلىشقا مۇناسىپ كەلمەيدۇ .
بولۇپ تۇرۇۋاتقان پاتىپاراقچىلىقلارنى ئۆزۈڭلارمۇ بىلىسىلەرغۇ ،
مېنى تەڭلىككە سالماڭلار .
— بۇنىڭ سىزگە هېچقانداق تەڭلىكى بولمايدۇ ، — خەيرى-
نىسا قىزىرىپ ، ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ كەتتىمكىن ، ئاۋازىنى كۆ-
تۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى ، — سۆلايمانغا تېگىدىغىنى مانا مەن ،
تويي ئىشىغا مەن قوشۇلغان ئىكەنمەن ، سىزنىڭ باهانە كۆرسىتىش-
كە هەققىڭىز يوق ...
ئاتاۋۇللا بەردى گېزىت قەغىزىگە موخوركا تۆكۈپ ، تىترەپ
تۇرغان قولىدا يۆگەشكە باشلىدى . تاماكىنى ئوراپ بولۇپ سەرەڭگە
چېقىشقا باشلىدى ، ئەمما تەردىن نەملىنىپ قالغان سەرەڭگە هەر-
قانچە قىلسىمۇ ئوت ئالمىدى . جىلە بولغان ئاتاۋۇللا بەردى سەرەڭ-
گىنى مىجىقلاپ ، خېلى تەستە ئورىغان موخوركىسىنىمۇ چۆرۈۋەت-
تى .
— سىلەر هەرنېمە دېگەنبىلەن ، بۇ ئىشنى ئىنقىلابىي كومى-
تېت مۇدىرى قاسىم بارات بىلەن مەسلىهەتلەشمەي تۇرۇپ بىر
ياقلىق قىلالمايمەن ، — دېدى ئۇ هاسىراپ تۇرۇپ ، — بولمىسا
مېنى نەس باسىدۇ . تويي قىلىپ ، تەكىينى ئېگىز قويۇپ ياتقىنىڭ-
لار بىلەن سورىقىنى مەندىن ئالىدىغان گەپ . شۇڭا ، بىر نەچچە
كۈن ساقلاپ تۇرۇڭلار .
مۇدىر ئىشخانىسىدىن بەكلا روهسىز قايتىپ چىقتۇق . بۇ
ئىشنىڭ مۇدىرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ ، هە دېگەندە سەۋەبسىزلا
كەينىگە سۈرۈلۈشى هەقىقەتەن كىشىنىڭ ئوغىسىنى قايناتاتتى .
خەيرىنىسانىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ، مېنىڭمۇ نەچچە كۈن-
دىن بېرىقى خۇشاللىقلىرىم توزغاقتەك توزۇپ كەتكەنىدى . بىز
گەپ - سۆز قىلىشماستىن ياتاققا قايتىپ كەلدۇق . خەيرىنىسامۇ
كەينىمدىن مېنىڭ ياتىقىمغا كىردي .
— ئەمدى ئىشلار قانداق بولۇپ كېتەر ؟ — ئۇ ئۆز -

ئۆزىگە سۆزلىگەندەك پىچىرلىدى ، — يېتىمنىڭ ئېغىزى ئاشقا تېگىپ بولغۇچە بۇرنى تاشقا تېگىپتۇ ، دېگەننىڭ ئۆزى بولدىغۇ بۇ . مەن بۇ توڭگۇزنىڭ شۇنداق دەپ چاتاق سېلىشىدىن قورققانىدىم ، ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى مانا .

— باشقىچە ئويلاپ قالماڭ ، — دېدىم ئۇنى مۇرىسىدىن تۇتۇپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ ، — توي قىلىدىغان ئادەم بىز بولغاندىكىن ، باشقىلارنىڭ بىزنى توسۇپ قېلىش ھوقۇقى بولمايدۇ . ياخشىلىقچە تونۇشتۇرۇش يېزىپ بەرسە بېرەر ، بولمىسا غاچچىدە بېرىپ يۇرتتا توي قىلىپ كېلەرمىز ...

— لېكىن بۇ دېگەن مەۋسۇم ئوتتۇرىسى ، — خەيرىنىسانىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىدى ، — توي قىلىشقا بېرىش ئۈچۈن يەنە شۇ ئىبلىستىن رۇخسەت ئالماي بولمايدۇ . بىزنىڭ توي قىلىشقا پۈتۈشكىنىمىزدىن ئۇ خەۋەر تاپتى ، شۇڭا جەزمەن رۇخسەت بەرمەيدۇ . ئەمدى بىز توي قىلالمايلا قالماستىن ، يەنە ماڭا تەس بولىدىغان بولدى ...

ئارىنى بىرپەس سۈكۈت قاپلىدى . ئۇنىڭ نېمىدىن غەم يەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم . ئاتاۋۇللا بەردى بىلەن قاسىم باراتنىڭ مۇشۇ توي روياپقا چىقىشتىن ئىلگىرى قاتتىق - يۇمشاق ۋاسىتىلەرنى تەڭ ئىشقا سېلىپ ، مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئالدىرايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى . بىز رەسمىي توي قىلمىغاچقا ، بۇ ئىشتا مېنىڭ ئەلۋەتتە تىلىم قىسقىلىق قىلاتتى . ئۇلارغا ھاي دېيەلمەيتتىم .

— مۇنداق بولسۇن ، — دېدىم ئۇنىڭ مەڭزىدە تۇرۇپ قالغان ئىككى تامچە ياشنى سۈرتكىنىمچە ، — تويغىچە بىز كۆزدۇزلىرى ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋېرەيلى ، كەچ كىرىپ ئەليانقۇ بولغاندا سىز غىپپىدە مېنىڭ ياتىقىمغا چىقىۋېلىڭ . شۇنداق قىلسىڭىز باشقىلار سىزنى ئاۋارە قىلالمايدۇ .

— لېكىن ، بىز توي قىلمىغان تۇرساق ، — ئۇنىڭ چىرايى دالىدا ئۆسكەن لالىدەك قىزىرىپ كەتتى ، — ياتىقىڭىزدا قونۇپ يۈرگىنىمنى باشقىلار سېزىپ قالسا ، تۇگەشكىنىم شۇ . ئۇ چاغدا

مەن ئۆزۈمنى قەتئىي ئاقلىيالمايمەن .
— بىراق ، سىز ماڭا پاك بولسىڭىزلا بولمامدۇ ؟ — دېدىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ، — خەقنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن پەرۋايىم پەلەك .
— مەن سىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ۋە ئۆز ئىززىتىمنى ساقلاش ئۈچۈن بۇ تويغا رازىلىق بەرگەن ، توي قىلىپ بىر ياستۇققا باش قويماي تۇرۇپ يامان ئاتلىق بولۇپ قالسام بولمايدۇ . مېنى چۈشىنىڭ ، بىر قىز ئۈچۈن ئار - نومۇس ھاياتتىنمۇ قىممەتلىك . مەن ھازىرمۇ ، كەلگۈسىدىمۇ ھەم ئۆزۈمگە ، ھەم سىزگە ، شۇنداقلا ئەتراپىمدىكىلەرگە يۈز كېلەلىشىم كېرەك . شۇنداق قىلسام مېنىڭمۇ ، سىزنىڭمۇ ئابرۇيىمىز بولىدۇ . يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئىش قىلمايلى ، سۇلايمان .
مەن ئۇنىڭ نېمىشقا تەكلىپىمگە ئاسانلا ماقۇل بولغىنىنى چۈشەندىم ، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى بولغىنىمنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ ياخشى تاللاش بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم . مەن تىترەپ تۇرغان قولۇم بىلەن ئۇنىڭ جىگدە يىلىمىدا قاتۇرۇلغان چاچلىرىنى سىلىدىم . ئۇنىڭ يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە چۆكۈپ ، لېۋىگە سۆيۈش ئۈچۈن تەمشەلدىم ، ئەمما ئۇ بېشىمنى ئاستا ئىتتىرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .
— ئۇنداق قىلماڭ . مەن خىجىل بولىدىكەنمەن .
خەيرىنىسا شۇنداق دېگىنىچە ياتقىمىنىڭ ھويلىغا قارايدىغان دېرىزىسى ئالدىغا باردى ، دېرىزىنىڭ بىر كۆزىدىلا ئەينەك بار ، قالغان كۆزلىرىگە سارغىيىپ كەتكەن گېزىت قەغىزى چاپلاشتاندى . شۇنداق بولغاچقا ، ياتاق ھەم قاراڭغۇ ، ھەم زەي پۇراپ تۇراتتى . ئۇ ئاشۇ بىر كۆز ئەينەكتىن چەكسىز ئاسمان بوشلۇقىغا تىكىلدى . زەڭگەر ئاسماندا ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى . ھەر-خىل شەكىل چىقىرىپ ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلار شۇنداق رايىش ۋە خاتىرجەم كۆرۈنەتتى . مۇشۇنداق قالايمىقان مۇھىتتا يۈرىكى سىرقىراپ تۇرغان ئادەمنىڭ ئاشۇ بۇلۇتلار قوينىغا كىرىپ يېتىۋالغۇسى

كېلەتتى .

— بۇياقتا كېلگىنگە ، — دېدى ئۇ مېنى يېنىغا شەرەتلەپ ، — قاراڭ ، كىچىككىنە دېرىزە كۆزنىكىدىن قارىغاندا ، ئاسمان بەكمۇ ئېگىز ۋە كېڭىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىكەن ، شۇنداقمۇ ؟

مەن ئىلگىرى بۇنداق مەنزىرىلەرنى كۆزىتىپ باقمىغانىكەنمەن ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قاراپ راستىنلا شۇنداق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . بۇ ئالىلىكىملەرنىڭ «سەن قۇدۇقنىڭ ئېغىزىدىن قارىساڭ ، جاھان بەكمۇ يوغان كۆرۈنىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئەسكە سالاتتى . قانچە قاراڭغۇ بولغانسېرى يورۇقلۇقنىڭ جۇلاسى شۇنچە ئاشقىنىغا ئوخشاش ، ئادەم تار مۇھىتتا قانچە سىقىلغانسېرى كەڭرىلىكنىڭ ، چەكسىزلىكنىڭ قەدرىگە شۇنچە يەتسە كېرەك . مانا ، خەيرىنىسا كۆرسەتكەن ھېلىقى كۆزنەكتىن قارىغىنىمدا مېنىمۇ چەكسىز ھاياجان ئۆز ئىلكىگە ئالدى . خۇددى ھازىرلا مەن ئۇنى ئېلىپ ئاشۇ بۇلۇتلار ئارىسىغا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك بىر سېزىم يۈرىكىمنى جىغىلدىتىۋەتتى .

— توختاپ تۇرۇڭ ، — دېدىم مەن خىرقىراپ تۇرۇپ ، — مەن سىزگە بىر كۇپلېت شېئىر ئوقۇپ بېرەي ، ئاڭلامسىز ؟

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى . مەن ئويلىنىپ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، قىسقا يۆتىلىپ قويۇپ كۆڭلۈمگە كەلگەن مىسرالارنى ئوقۇشقا باشلىدىم :

تېنىمنى ئورايدۇ قاپقارا زۇلمەت ،
زەر ئۇچقۇن - زىياغا تەشنامەن ئەجەب .
ئەسەبىي ھېسلارنىڭ يېرىپ قارنىنى ،
زۇلمەتكە يۈرەكتە ئۆرلىتىپ غەزەپ .

كەڭلىككە تەشنامەن ، روھىم ئەرشتە ،
ئىنتىلارنىڭ قاۋشى ئاڭلانماس ماڭا .

يار سېنى چاقىرىپ ئېلىپ كېتىمەن،
سۆيگۈدىن رىيازەت بەرمەسمەن ساڭا.

خەيرىنىسا توختاۋسىز تۆكۈلۈۋاتقان ئىلھام تامچىلىرىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىگە يەنە ياش ئالدى.

كېچىنىڭ ئاخىرى — زۇلمەتنىڭ چېكى
يىرتىلار، بىر كۈندە تاڭلار ئاتىدۇ.
ئىككىمىز ئەرشتە قۇرغان ئوردىدا
چىن سۆيگۈ ھەقىقىي مەنە تاپىدۇ.

خەيرىنىسا يۈگۈرۈپ بېرىپ، كارىۋات بېشىدىكى خاتىرەمنى ئالدى ۋە بۇ شېئىرنى ئۆز قەلىمى بىلەن خاتىرىلەپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى خاتىرە بېتىغا توختاۋسىز تۆكۈلمەكتە ئىدى. قەلەم تۇتقان قوللىرىمۇ ھاياجاندا تىترەيتتى.

ئەتىسى چۈشتە ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى قاسىم بارات مەكتەپكە كەلدى ۋە تەلەتىدىن مۇز ياغدۇرغىنىچە ئاتاۋۇللا بەردىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. بىرپەستىن كېيىن مۇدىرنىڭ خەيرىنىسانى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

مېنىڭ يۈرىكىمگە بىر پارچە مۇز چۈشكەندەك بولدى. بېشىم قېيىپ، قۇلاقلىرىم غوڭۇلداپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىنى چۆرگىلەپ تۇرالمايلا قالدىم. مېنىڭ شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىم نەۋرىسى چوڭقۇر كۆلگە چۈشۈپ كەتكەن، لېكىن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن مومايىنىڭ كۆل ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرگەن چاغدىكى ھېسسىياتىغا بەكمۇ ئوخشايتتى. مېنىڭ شۇ تۇرقىدا مۇدىر ئىشخانىسىغا ئۇسۇپ كىرىپ، خەيرىنىسانى تارتىپ چىقىشىمغا ئىمكان يوق ئىدى. پەقەت ئىشخانا ئەتراپىنى چۆرگىلەيتتىم، ۋايىم يەپ تۇرغان يۈرىكىم بىسەرەمجانلىقتا قۇمغا چىقىپ قالغان بېلىقتەك تىپىچەكلەيتتى.

ئالاھازەل بىرەر سائەتتىن كېيىن خەيرىنىسا كۆزلىرى يىغە-دىن قىزارغان ، قاپاقلىرى ئىششىغان ، چىرايى تاتارغان ھالدا ئىشخانىدىن چىقىپ كەلدى . ئۇ مېنى كۆرۈپلا يەل نورمىدىن ئارتۇق بېرىلگەن شاردەك پاتقىدە ئېتىلىپ كەتتى . ئۇ يۈزلىرىنى تۇتقىنىچە ياتاق تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى .

كەچتە بىلدىم ، قاسىم بارات بىلەن ئاتاۋۇللا بەردى ئۇنى بۇ تويغا رازىلىق بەرمەسلىككە كۆپ قىستاپتۇ . قاسىم بارات مۇشۇ نەچچە ئاي ئىچىدە ئايالى بىلەن ئاجرىشىپلا ئۇنى ئەمرىگە ئالىدىغان-لىقىنى ، شۇنداق قىلسا ئۇنى خانىشلاردەك كۆتىدىغانلىقىنى ، ئە-گەر ئۇنداق قىلمىسا خەيرىنىسانىڭ بۇ يەردە تۇرۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ، ئۆزىنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغانلىقىنى ، مۇن-داق بىر توڭ سويما خانىمغا ئەلۋەتتە تېتىيدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ-تۇ . ئاتاۋۇللا بەردىمۇ خەيرىنىسانىڭ ئىنقىلابىي كومىتېت مۇدىرى بىلەن توي قىلسا ، مەرتىۋىسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىدىغانلىقىنى ، بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىغىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ، مەندەك بىر سولتەك مۇئەللىمگە ئۆزىنى بۇزۇپ يۈرۈشىنىڭ ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈپتۇ . ۋەدىلەر بېرىلىپتۇ ، بېسىممۇ ئېغىر ئىكەن . خەيرىنىسا ماڭا بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ كەچ كىرگۈچە يىغلاپ چىقتى .

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرىمدە قاراپ ، — قاسىم باراتقا ياتلىق بولسىڭىز ، ھەقىقە-تەن مەرتىۋىلىك ئايال بولۇشىڭىزدا گەپ يوق . ئەمما …

— سىز مېنى نېمە چاغلاپ قالدىڭىز ؟ — خەيرىنىسا بېشىنى شارتتىدە كۆتۈرۈپ ماڭا نەشتەردەك قادالدى ، — قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق مەرتىۋە ! نېمە ، بىردەمدىلا بەل قويۇۋەتتىڭىزمۇ ؟ نېمە دېگىنىڭىز بۇ ؟ مەن مۇشۇنداق مەرتىۋىدىن بىزار بولغاچقىلا ، ئاللىقاچان سىزگە ۋەدە بەرگەن تۇرسام ، بېشىمغا مۇشۇنداق ئېغىر كۈن كەلگەندە كۆڭلۈمنى ياسىماقتا يوق ، مەرتى-ۋىدىن سۆز ئاچىسىزغۇ ؟

خەيرىنىسا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى .

— بولدى ، بولدى ، مەن سىزگە چاقچاق قىلىپ قويدۇم ، — دېدىم ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ، — راستىنى دېسەم ، سىز ئىشخانىدىن چىققۇچە ئۆزۈمنىڭ قانداق ھالغا كېلىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن . ماڭا قاراڭ خەيرىنىسا ، مەن سىزگە تەستە ئېرىشتىم ، ئاران ئېرىشكەن بەختىمنى ئاسانلىقچە قولدىن چىقىرىپ قويمايمەن . مەن سىزدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن . ماڭا ئىشىنىڭ !

— بىز توي قىلايلى ، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى ، — ئۇ بوغۇلۇپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى .

— توي خېتىنى قانداق قىلىمىز ؟

— مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىنى كۆزىتىپ چىقتىم ، — دېدى خەيرىنىسا بوش ئاۋازدا ، — دېرىزىسى ئاجىز ئىكەن ، سىرتقى قاپقىقى ئېتىلمەيدىكەن ، ئىككى قاناتتى بىر ئىتتىرسىلا ئېچىلىپ كەتكۈدەك . مەن كېچىدە ئىشخانىغا كىرىپ بىر ۋاراق قەغەزگە تامغا قويۇۋالسام ، خەتنى ئۆزىمىز يېزىۋالامدۇق ؟

بىردىنلا كۆز ئالدىم پاللىدە يورۇدى . ئۇنىڭ ئەقلىدىن سۆيۈندۈم ، مەمنۇنىيەت بىلەن قولىنى تۇتتۇم . شۇ تۇرقىدا ھاياجاندىن تىلىم سۆزگە كەلمەي قويغانىدى . مەن ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسەت ئوخچۇپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدىم .

— بولدى خەيرىنىسا ، مەن دېگەن ئەر كىشى ، بۇ ئىشنى ماڭا قويۇڭ ، مېنىڭ سىزنى تامغا ئوغرىلاپ تۇرۇپ ئەرگە تەگكەن ، دېگەن ئاتاققا قويغۇم يوق . بۇ ئىشنى ئۆزۈملا پۈتتۈرەي .

شۇ كېچىسى ئوغۇرلۇققا كىردىم ، قىيا يېپىپ قويۇلغان دېرىزە قاناتلىرىنى كۈچەپ بىر ئىتتىرىشىم بىلەن ئىچىدىن قۇرت يېگەن راملار قاراسلاپ سۇنۇپ ، دېرىزە ئېچىلدى . ئىشخانا ئىچى گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى . تىمىسقىلاپ يۈرۈپ مۇدىرنىڭ ھەممە يېرى لىڭشىپ تۇرىدىغان ، ئوقۇرغا ئوخشايدىغان ياغاچ ئۈستىلىنى تېپىۋالدىم ۋە ئۇنىڭ تارتمىلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدىم . نىھايەت ،

قولۇمغا تامغىغا ئوخشاش يۇمىلاق بىر نەرسە ئۇرۇندى . مەن ئۇنى تىلىم بىلەن ھۆللەپ ، ئۆزۈم ئىلىپ كىرگەن بىر ۋاراق قەغەزنىڭ ئاستى تەرىپىگە كۆچەپ باستىم .

## 28

توي خېتىنىمۇ ئالدۇق . ئۆزىمىزگە ئەڭ يېقىن ھېسابلايدىغان بىرنەچچە ئوقۇتقۇچىنىڭ ھە ـ ھۇسى بىلەن تويىنى شەپىسىزلا قىلىۋالدۇق . بىرەر سائەتكە يەتمەيدىغان توي چېيىدىن كېيىن ، نەدىندۇر تېپىپ كەلگەن كۇسا ساقال بىر موللام بىزگە نىكاھ ئوقۇپ قويدى . شۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەن بىزگە خەيرلىك تىلەپ ، ياتاقتىن چىقىپ كېتىشتى .

خەيرىنىسانىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلماقتا ئىدى . مەن ئۇنى تازا يىغلاپ يۇخادىن بىر چىقىۋالسۇن دەپ بىر چەتتە قاراپ تۇردۇم . ئۇ خېلى ئۇزۇن يىغلىدى . شۇنداق ، بەلكىم ئۇ ئاخىر ۋىسال پەيتلىرىنىڭ ئۆزىگە قۇچاق ئاچقىنىدىن ، كۆڭلىدىكى ئادىمى بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇشقا نېسىپ بولغىنىدىن سۆيۈـ نۈپ يىغلاۋاتقاندۇ ۋە ياكى بىر قىزغا نىسبەتەن ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك دەقىقىلەرنىڭ ، پەقەت بىر قېتىم كېلىدىغان توي شادـ لىقىنىڭ ئۆز مەنىسىنى يوقىتىپ ، مۇسىبەت كويى ئىچىدە جىممىدە ئۆتكۈزۈلگىنىدىن ئېچىنىپ يىغلاۋاتقاندۇ . بىر چاغدا ئۇنىڭ يېشى قۇرىدى . ئۇ مۇلايىم كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ كۈلۈمسىرىدى . ئۇـ نىڭ چىرايى ئوتقاشتەك قىزارغانىدى .

— كەيپىڭىزنى بۇزۇپ قويدۇم ، — دېدى ئۇ بېشىنى مۇرەمگە قويۇپ ، — ئەسلى بۈگۈن يىغلىماسلىقىم كېرەك ئىدـ ـدى ، ئەمما مەن ئۆزۈمنى پەقەتلا تۇتۇۋالالمىدىم ، كەچۈرۈڭ .

مەن گەپ ـ سۆز قىلماستىن ، ئۇنى قۇچاقلىدىم . ئىككى تەن ئاستا ـ ئاستا يۇغۇرۇلۇپ ، ئۇ يەردىن كۈچلۈك ماگما پارتلاپ چىقتى ...

بىرەر ئايغىچە بىزنىڭ توي قىلغىنىمىزنى ھېچكىم بىلمىدى . بىز ئادەتتىكىدەك بىشىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىپ ئۆز ئىشىمىزنى قىلىۋەردۇق . ياتاقمۇ ئۆز پېتى تۇرىۋەردى ، پەقەت كەچ تەرەپلەردە خەيرىنىسا مېنىڭ ياتىقىمغا قايتىپ چىقاتتى . مەكتەپكە پات - پات قاسىم بارات كېلىپ قالاتتى . ئۇ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىدا بىر - ئىككى سائەت ھايال بولۇپ قايتىپ كېتەتتى . بەزى چاغلاردا ئىشخانىغا خەيرىنىسانى چاقىرىپ كىرىپ كېتىشەتتى . شۇنداق چاغلاردا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپ قالسا ، جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ ئۇنى قوتۇلدۇرۇش ئۇچۇن ئىشخانا ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتىم . كۆپ ھاللاردا خەيرىنىسانىڭ كۆزى ياش يۇقى قايتىپ چىقاتتى . مېنىڭ قىزىققانلىق قىلىپ بىر ئىش چىقىرىپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرىگەن خەيرىنىسا ئىشخانىدا بولغان گەپ - سۆزلەرنى ھەرقانچە سورىساممۇ پەقەتلا دەپ بەرمەيتتى .

بىر كۈنى چۈشتە ئۇنىڭ ياتىقىغا قاسىم بارات يالغۇز كېلىپ قالدى . ئۇ چاغدا ئىككىمىز يانمۇيان ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتۇق . چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ، سېرىق ھەربىي شەپكىسىنى قىڭغىر كىيىۋالغان بۇ جاناب بىرئاز كەيپ بولۇپ قالغانىدى . ياتاققا كىردىشىگە ئەتراپ بىردىنلا ئىسپىرت پۇراپ كەتتى . ئۇ كالىدەك پۇشۇلداپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ماڭا قارىدى .

— كەچۈرسىز ، بۇ خانىم بىلەن ئايرىم قىلىشىدىغان ئىككى ئېغىز گەپ بار ئىدى ، — دېدى ئۇ گارت قىلىپ كېكىرىپ قويۇپ .

— سىزمۇ كەچۈرەرسىز ، بۇ خانىم باشقىلار بىلەن ئايرىم پاراڭلاشمايدۇ ، ئۇنىڭ بوينى باغلاقلىق .

قاسىم بارات قىزىرىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئالايتىپ ماڭا يەنە قارىدى .

— نې ··· نېمە ئۇچۇن ؟

— چۈنكى ، مەن توي قىلىپ بولدۇم ، — مەن بىر نەرسە دېگۈچە خەيرىنىسا جاۋاب بەردى ، — مەن ئەمدى خەقنىڭ ئىلكىد-

ـدىكى ئادەم، باشقىلار بىلەن ئايرىم پاراڭلاشسام بولمايدۇ.
قاسىم بارات چايان چاققاندەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتـ-
تى. ئۇ ئىشەنمىگەندەك بىر ماڭا، بىر خەيرىنىساغا قارايتتى.
ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، چىرايى ئەسلىدىكىدىن نەچچە ھەسسە
قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇ ھالدا بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن، ياتاقـ-
تىن چىقىپ كەتتى.
شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاتاۋۇللا بەردى مېنى ئىشخانىسىغا
چاقىرتتى. ئۇنىڭ ئەلپازى قاسىم باراتنىڭكىدىنمۇ يامان ئىدى.
ئىشخانىغا كىرىشىمگە ئۇ ئىشىكنى گۈپپىدە ئەتتى.
— ھە قەھـرىـمان، شۇنـداق قىـلىپ توي قىـلىـۋالـدىم
دېگىن، — دېدى ئۇ مېنى توغرىدىن - توغرا سەنلەپ، — بۇ
ئىشقا كىم قوشۇلدى؟
— مەن بىلەن خەيرىنىسا...
— ئىككىڭنىڭ قوشۇلۇشى بۇ تويغا ئاساس بولالمايدۇ. رەھـ-
بەرلىك قوشۇلمىغان ھەرقانداق توي قانۇنسىز!
— سىزنـىـڭ بۇ تويـغا قوشۇلمـىغـنـىـڭىزنـىـڭ ئۆزى
قانۇنسىز، — دېدىم مەنمۇ بوش كەلمەي، — يىگىت - قىزلار-
نىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشى ۋە توي قىلىشى قانۇندا
چەكلەنمىگەن، بىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا توي قىلدۇق. باشقا
ئىش يوق.
— توي خېتى ئالماي تۇرۇپلا توي قىلىشنىڭ ئۆزى قانۇنـ-
سىزلىق، — دېدى ئۇ گۆرەن تومۇرلىرىنى چوكىدەك كۆپتۈ-
رۈپ، — مەن بۇ تويغا باشتىلا قوشۇلمىغان. رەھبەرلىكنىڭ
ماقۇللۇقىنى ئالماي، ئۆزۈڭلار خالىغانچە ئىش قىلساڭلار بولامـ-
دۇ؟ بۇ دېگەن قانۇنسىزلىق، باشباشتاقلىق، بۇنداق ناچار ئىللەتكە
قارشى ئوت ئاچماي بولمايدۇ. كەچتە سەنلەرنىڭ بۇ قىلمىشىڭلارنى
تەنقىدلەپ چوڭ يىغىن ئاچىمىز. قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى سې-
نىڭ كەچتىكى ئىپادەڭگە قاراپ بەلگىلەيمىز. ئىدىيە جەھەتتىن
تەييارلىق قىل، هارامزادە.

مەن گەپ - سۆز قىلماستىن چىقىپ كەتتىم . بىردەمدىن كېيىن خەيرىنىسا ئوڭسۇلى ئۆچكەن ھالدا ياتاققا يۈگۈرۈپ كىر- دى . ئۇ بىر نەرسىدىن بەكلا قورقۇپ كەتكەندەك تىترەيتتى .

— ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟ كەچتە مەكتەپ بويىچە چوڭ يىغىن ئې- چىپ بىزنى كۆرەش - پىپەن قىلىدىكەن ، ھەي ، نېمە كۈن بۇ ؟ ئەسلىدە توي قىلىۋالسام ئاۋارىچىلىكلەردىن بىر يولى قۇتۇلارمەن دەپ ئويلىغۇندىم ، مانا ئەمدى بالانىڭ چوڭىنى تېرىدۇقمۇ ، نېمە ؟

— ئاتاۋۇللا بەردى مېنى چاقىرىپتىكەن ، كەچتە شۇنداق بىر يىغىننىڭ ئېچىلىدىغانلىقىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتتى ، — دېدىم ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ ، — بىراق قورقۇپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق ، مانا ، توي خېتىنى يانچۇققا سېلىۋالدىم ، بىزنىڭ توي قىلىشىمىز كىملەرنىڭدۇر بېسىمى بىلەن ئەمەس ، ئىككىمىز- نىڭ رازىلىقى بىلەن بولغان ئىش ، ئۇنى ھېچكىم ئەيىبلىيەلمەيدۇ . خاتىرجەم بولۇڭ .

بىز كەچلىك تاماقنى ئوبدان يېدۇق . گەرچە كۆڭلۈمدە بىزنى ھېچكىم ئەيىبلىيەلمەيدۇ دېسەممۇ ، بىرئاز ھودۇقۇپ قالغانىدىم . خەيرىنىسانىڭ چىرايىدىنمۇ بىر ئىشلاردىن تەشۋىشلىنىپ تۇرغانلى- قى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى .

بۇ مەكتەپنىڭ شۇنداق بىر ئالاھىدىلىكى بار ، كۆرەش - پىپەن يىغىنى دېسە ھەممەيلەن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى مەجلىسخانىغا يۈگۈرۈشىدۇ ۋە ئالدى رەتنى تالىشىپ ئولتۇرىدۇ . مەكتەپتە چوڭ يىغىندا تانابى تارتىلغان ياكى دەككە- سىنى كېلىشتۈرۈپ يېگەن ئادەمنىڭ چىرايىدىكى پەرىشانلىقتىن ئۆزىگە تەسەللى ئىزدەيدىغانلار خېلى بار . بۈگۈنمۇ ئۇلار كۈلۈشكىنىچە ئالدى رەتتىن ئورۇن ئېلىشتى . يىغىن دەل ۋاقتى- دا باشلاندى .

— يولداشلار ، — دېدى ئاتاۋۇللا بەردى موخوركىسىنى پۈرقىرىتىپ چېكىپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئاۋازىنى ئۇر- غۇلۇق چىقىرىشقا تىرىشىپ ، — بۈگۈنكى يىغىننىڭ مەزمۇنىدىن

بەزىلىرىڭلار خەۋەر تاپقان بولۇشۇڭلار مۇمكىن . مەكتىپىمىزدە تارىختىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىنتايىن يامان بىر ئەھۋال يۈز بەردى ، يەنى ئىنقىلابىي يولداش سۇلايمان قاسىم بىلەن ئۆزىنى بىلمەي قالغان خەيرىنىسا خانىم دۆلەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلماي ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ ، توي خېتى ئالمايلا توي قىپتۇ . قانۇنغا خىلاپ بۇنداق ناچار ئىستىل ۋاقتىدا تۈزىتىلمىسە مەكتىپىمىزنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يېتىدۇ . شۇڭا ، مەكتەپ بۇ ئىك-كىسىنى ئىنقىلابىي كومىتېتقا تاپشۇرۇپ بېرىپ ، تېگىشلىك جازا-غا تارتىشنى قارار قىلدى .

زال ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ گۇدۇڭ - گۇدۇڭ قىلىشقان ئاۋازى كۆتۈرۈلدى .

— يولداشلار ، تىنچ ، تىنچ ، — ئاتاۋۇللا بەردى مۇشۇنداق چاغدا ئەسقاتىدىغان بىر نەچچە كاسكىسىنى ئەسكە ئالدى بولغاي ، غودۇڭشىۋاتقانلارنى پەسلەشكە باشلىدى ، — پىكىر بولسا ئالدىرىماي بىر - بىردىن ئوتتۇرىغا قويايلى ، قېنى كىم پىكىر بايان قىلىدۇ ؟

زال ئىچىدە پىكىر بايان قىلىش نۆۋىتىنى تالاشقان بىر نەچچەسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

— مەن ئىككى ئېغىز سۆزلەپ باقاي ، — دېدى چېكە چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان نەبىجان مۇئەللىم ۋەزمىن ئاھاڭدا ، — توي قىلىش قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەت ، ئۇنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ . ئەمما ، توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆتەيدىغان ئاز - تولا رەسمىيەتلەر بار . بۇنى ئۇلتۇرغان ھەممەيلەن ئوبدان بىلىمىز ، سۇلايمان قاسىم بىلەن خەيرىنىسا خانىم ئوچاق ئېتىپ ئوينايدىغان كىچىك باللار ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار دۆلەت كادىرى ، شۇنداق تۇرۇپ ئۇلارنىڭ دۆلەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلماسلىقىنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن ؟ بۇ توپ يىلتىزىدىن قانۇنغا خىلاپ قىلمىش ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، مەكتەپ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جازاسى تامامەن توغرا .

— توغرا ، ئۇلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك ...
— قانۇننىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ئوبدان تېتىتىپ قويۇش كېرەك ...
— ئەستىن چىقمىغۇدەك جازا بېرىش كېرەك ...
— توختاڭلار ، — مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم ، — بىز ھەقىقەتەن سىلەر ئېيتقاندەك دۆلەت كادىرى ، شۇڭا قانۇندىن ئاز - تولا خەۋىرىمىز بار . بۇ تويىمىزنى قانۇندىن ھالقىغان ھالدا قىلغىنىمىز يوق ، مانا ، ھەممىڭلار كۆرۈپ قويۇڭلار ، بۇ دېگەن قىزىل تامغىلىق توي خېتى ، بىزمۇ يىگەننى قەيەردىن چىقىرىشنى بىلمىمىز . بىز قانۇننى كۆزگە ئىلمايدىغان ھېچقانداق ئىش قىلمىدۇق . توي قىلغانلارنى جازالايدىغان ئىش بولسا ، بىزدىن ئىلگىرى توي قىلىپ ، بىرنەچچىدىن بالا تاپقانلارنى قانداق قىلىمىز ؟
زال ئىچى قايىنىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىپ كەتتى . ھەممەيلەن ئېغىزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قېلىشقانىدى . بىرئازدىن كېيىن قىسقا يۆتەلگەنلەر ، بىر ئىشلارغا خورسىنىپ ئىچىگە تىنىغانلارنىڭ شەپىسى كېلىشكە باشلىدى . مەكتەپ مۇدىرى مەڭدەپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ، پۇشۇلداپ كېلىپ قولۇمدىكى توي خېتىنى يۇلۇپ ئالدى . ئۇ بەكمۇ ھەيران قالغانىدى . ئۆزىنىڭ تەستىقىسىز ، تونۇشتۇرۇشىسىز بۇ خەتنىڭ قانداق قولغا كەلگەنلىكىنى ھېچ بىلەلمىدى . ئاتاۋۇللا بەردى خەتنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ ، تامغىلىرىغا بىرھازا قارىغاندىن كېيىن ، پۇسىسىدە يېلى چىقىپ كەتكەن چاقىتەك ماكچايدى . يىغىن كەيپىياتىمۇ بىراقلا بۇزۇلغانىدى .
— يولداشلار ، تىنچ ، — دېدى ئۇ خىرقىراپ تۇرۇپ ، — بۇ تويغا مەن باشتىلا قارشى ئىدىم ، شۇڭا تونۇشتۇرۇش يېزىپ بەرمىگەن ، ئەمدى توي خېتىنىڭ قايسى يوللار بىلەن قولغا كەلگەنلىكىنى مەن ئېنىقلايمەن . ھازىرچە يىغىن تامام ، قايتساڭلار بولىدۇ ...

— بىراق ، ھۆرمەتلىك مۇدىرنىڭ بۇ تويغا نىمىشقا قارشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقساق بولارمۇ ؟

توپ ئارىسىدىن بىرسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ھەممەيلەن ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ ، زالنىڭ كەينىدىكى بىر ئورۇندۇقتا تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ ئولتۇرغان ھەمدۇللا مۇئەللىمنى كۆرۈشتى .

— توي قىلىش شەخسنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش تۇرسا ، ئۇنىڭغا تەشكىلنىڭ ماقۇل بولۇشى ، قوشۇلۇپ تەستىق سىلىشى كېتەمدۇ ؟ قېنى ، ئاتاۋۇللا ، سىنىڭ نىمىگە ئاساسەن بۇ تويغا قوشۇلمىغىنىڭنى ئاما ئۇقۇپ قالسۇن …

ھەمدۇللا مۇئەللىم بىر ئىشلارغا نىسبەتەن ئامىنىڭ كۆتمىگەن يېرىدىن چىقىدىغان ، توغرا سۆزلۈك ئادەم ئىدى . ئۇ مەكتەپ مۇدىرى بىلەن ساۋاقداش بولغاچقا ، ئۇنى سەنلەپ تۇرۇپ گەپ قىلىۋېرەتتى .

— توغرا ، تەشكىل نىمىشقا ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا قوشۇلمايدۇ ؟ بۇنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش كېرەك .

ئاتاۋۇللا بەردىنىڭ چېكىسىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلدى ، ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە ھەمدۇللا مۇئەللىمگە ئەلەم بىلەن قاراپ قويدى .

— ئە … ئەمدى تەشكىلنىڭ بۇ تويغا نىمىشقا قوشۇلمىغىنىنى بۇ يەردە بىر ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ ، — دېدى ئۇ تىلىنى چايناپ ، — بۇنى ئىنقىلابىي ئاما جەزمەن ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ قالىدۇ . بولدى ، يىغىن مۇشۇ يەرگىچە داۋام قىلىدۇ ، تارقاڭلار …

ھەممەيلەن مەجلىسخانىدىن چىقىپ كېتىشتى . زالدا پەقەت ئاتاۋۇللا بەردى بىلەن مەنلا قالدىم . ئۇ تېخىچە قولىدىكى توي خېتىگە قاراپ قوياتتى . مەلۇم بىر ئىش ئۇستىدە ئويلىنىۋاتقاندەك قوشۇمىسىنى تۈرەتتى .

— ئەمدى بۇ خەتنى ئېلىپ چىقىپ كەتسەم بولار ؟ — دېدىم

ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ، ــ يىغىنمۇ ئېچىلىپ بولدى .
ــ سەن چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ ، ــ ئۇ بەقەمدەك قىزار-غان كۆزلىرىنى ماڭا مىختەك قادىدى ، ــ ئەمما بۇ خەت مەندە قالىدۇ . ئېنىقلايدىغان ئىش بار .
ــ سىزنىڭ بۇ خەتنى سەۋەبسىز تۇتۇپ قېلىشىڭىز قانۇنغا خىلاپ ، ــ دېدىم مەنمۇ بوش كەلمەي ، ــ ئۇنى ياخشىلىقچە قايتۇرۇپ بېرىڭ .
ــ مەنمۇ ئۇنىڭ كېلىش سەۋەبىنى ئېنىقلاپ باقاي دەيمەن ، ــ دېدى ئۇ ۋە زالدىن چىقىپ ئىشخانىسى تەرەپكە ماڭدى . مەنمۇ سوڭدىشىپلا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىردىم . ئاتاۋۇللا بەردى خەتنى ئىشخانىسىنىڭ تۆرىدىكى ياغاچ ياغىچىدىن ياسالغان قوپال ئىشكاپقا سالدى ۋە قۇلۇپنى ئېتىپ ، ئاچقۇچنى ئىشتانبېغىغا ئاستى . ئۇ ئەمدى ھەممە ئىش تۈگىدى ، دېگەندەك ماڭا قاراپ قويدى .
ياتاقلا قايتىپ كەلدىم ، خاتىرجەم بولالمىغان خەيرىنىسا مې-نىڭ يولۇمغا قاراپ تۇرغانىكەن ، ئىشىكتىن كىرىشىمگە ياش يۇقى كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ تۇرۇپ سورىدى :
ــ قانداق بولدى ؟ خەتنى بەردىمۇ ؟
مەن بېشىمنى چايقىدىم ، راستىنى دېگەندە مېنىڭمۇ دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتكەنىدى . ئەينى چاغدا مۇدىر ئىشخانىسىغا ئوغرى كىرىپتۇ دەپ مەكتەپ ئىچى خېلى تاراقلاپ كەتكەنىدى . ساقچىلارمۇ كەلگەن ، بىر مەزگىللىك تەكشۈرۈشتىن نەتىجە چىق-ماي بۇ ئىش بېسىقىپ قالغان ، مانا ئەمدى تەكشۈرسە ئاقىۋەتى قانداق بولار دەپ يۈرىكىم ئېغىشقا باشلىدى .
يەنە بىر - ئىككى ھەپتە ھەرھالدا تىنچ ئۆتۈپ كەتتى . ئەمما ، خەيرىنىسا بىلەن ئىككىمىزنىڭ كۆزىگە ئەندىشىدىن كېچىلىرىمۇ تۈزۈككىنە ئۇيقۇ كىرمەيتتى . ئارىدا قاسىم بارات مەكتەپكە ئىككى قېتىم كەلدى . ئۇ ھېچكىمگە گەپ قىلمايتتى . بېشىنى سىلىپ ، پۈسكىيىپ قالغان قورسىقىنى ئالدىغا چىقارغىنىچە بىرسى قوغلاپ

كەلگەندەك ئىتتىك ـ ئىتتىك ماڭاتتى . مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرەت-
تى . ئۇ يەردە نېمىلەرنى قىلغىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى . ئۇ كې-
يىنكى قېتىم كەلگەندە ئوغرىلىق دېلوسىنى تەكشۈرگەن ھېلىقى
ئىككى ساقچىنى ئەگەشتۈرۈۋالغانىدى . ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى شۇن-
داق سىرلىق ئىدى .

بىر كۈنى خەيرىنىسا ماڭا كۈتۈلمىگەن بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى ، ئۇنىڭ بويىدا قالغانىدى . ئەسلىدە بۇ ناھايىتى خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىش بولسىمۇ ، كۆڭلۈمنىڭ ئارامى بولمىغاچقا ، تازا ئېچىلالمىدىم .

بىز توي قىلىپ ساق ئىككى ئاي بولغاندا ، يەنى خەيرىنىسانىڭ بويىدا قالغانلىقىنى ئاڭلىغان قۇتلۇق كۈنىنىڭ ئەتىسى ماڭا قۇچاق ئاچقان كېلىشمەسلىكنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى . شۇ كۈنى ئىككى ساقچى تۇيۇقسىزلا ياتىقىمغا باستۇرۇپ كىردى .

— سىز بىر ئوغرىلىق دېلوسىغا چېتىشلىق بولغاچقا ، تۇتۇپ تۇرۇپ تەكشۈرمەكچىمىز ، — دېدى ياشقىنا بىرسى قولۇمغا كويزا سېلىۋېتىپ ، — قالغان ئىشلارنى ساقچىخانىغا بارغاندا سۆزلىشىمىز . قېنى ، بىز بىلەن مېڭىڭ ...

خەيرىنىسا تۇرۇپ قالغانىدى . ئۇ كۆز ئالدىدا بولۇپ تۇرغان ئىشلارنىڭ راست بولۇۋاتقانلىقىغا ئىشەنمىگەندەك ئىدى . تىترەپ تۇرغان قوللىرى بويىنىغا چۈشۈپ قالغان ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى ھەدەپ قامالالايتتى .

ساقچىلار مېنى ئېلىپ مېڭىشتى . بىز مەيداننى كېسىپ ئۆتىدىغان توپىلىق يولدا كېتىۋاتىمىز . ئۇچرىغانلارنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمەيتتى . ھەممەيلەن ئىشلارنىڭ ئەسلىدىن شۇنداق بولۇشىنى بىلگەندەك ، مېنىڭ تۇتۇپ مېڭىلغىنىمدىن ھەيران قېلىشمىغانىدى .

بىر ھەپتە سولاقتا ياتتىم . ئېلىنغان قىيىن ـ قىستاقلارنىڭ قايسىبىرىنى سۆزلەپ بولاي ؟ يېگەن تاياقلىرىمنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى . ئاتاۋۇللا بەردى ئىشخانىسىدىن يەنە ئىككى مىڭ

سوم پۇلنىڭ يوقالغانلىقىنى ئىنكاس قىلغانىدى . ئاردا ياتىقىم ئاختۇرۇلۇپتۇ . شېئىر يازىدىغان ھېلىقى خاتىرەممۇ قولغا چۈشۈپتۇ . ئاقىۋەت ماڭا يەنە ئەكسىيەتچىل شېئىر يازغان دېگەن گۇناھمۇ ئارتىلدى . چۈنكى ، مەن شېئىرىمدىكى «تېنىمنى ئورايدۇ قاپقارا زۇلمەت» دېگەن مىسرايىمدا ھازىرقى چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى زۇلمەتلىك جەمئىيەتكە ئوخشاتقان بولسام ، «زەر ئۈچقۇن ـ زىياغا تەشنامەن ئەجەب» دېگەن مىسرايىمدا قانداقتۇر بىر ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتنىڭ ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلغان روھ بار ئىمىش ، قالغان مىسرالاردىمۇ بۇنداق يامان نىيەتلىك ئوي ـ پىكىر ئىپادىلەنگەنمىش ...

شۇنداق ، بىر ئادەمگە كەلگۈلۈك قۇچاق ئاچقاندا ، نەپەسلەنگەن ھاۋامۇ زىيان قىلىدىكەن ، سەن ئۇنىڭدىن قېچىپمۇ قۇتۇلالمايدىكەنسەن . مەن ئاخىر يوق گۇناھىمنىڭ ھەممىسىنى ئىقرار قىلدىم ، شۇنداق قىلمىسام ، ئۇلارنىڭ قولىدىن ساق چىقىپ كېتىشكە كۆزۈم يەتمىدى . مېنىڭ ھەممە جىنايىتىم تەل بولغانىدى . ئاقىۋەت ئاقداۋان بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىلىپ ، ماڭا ئون بەش يىللىق ئۆي كەستى . ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندا ، خەيرىنىسانىڭ بىر چىرقىراپلا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ، سەھنىدىكى قاسىم باراتنىڭ چىرايىغا مەمنۇنىيەت كۈلكىسى يامرىغانلىقىنى كۆردۈم ...

شۇنداق قىلىپ مەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئېلىپ كېلىندىم ، ئۇ يەردە ساپمۇساق ئون يىل ياتتىم . نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىپ ، تېخى تامغا ئوغرىلاپ خوتۇن ئېلىپ يۈرگەن مەندەك بىر ئەركە قۇشنىڭ بىر كېچىدىلا قاراڭغۇ قەپەسكە سولىنىپ ، پەي ـ قاناتلىرىنىڭ بوغۇلۇپ قېلىشى ماڭا نىسبەتەن ھەقىقەتەن ئېغىر كەلگەنىدى . بىر يىلغىچە ئۆزۈمنى تاشلىۋەتتىم . تۈتقان ـ قويغىنىمنى بىلمەيلا يۈردۈم . كېيىن مۇنداق كېتىۋەرسەم بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم ۋە بىر كامېردا ياتقان لاۋجاڭ ئىسىملىك بىرسىدىن خەنزۇتىلى ئۆگىنىشكە كىرىشتىم . ئۇمۇ مەلۇم سىياسىي غەرەزلەر بىلەن قولغا ئېلىنغان ، كۆڭلى يۇمشاق ،

جاپاغا چىدامىلىق ، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى . بىرنەچچە يىلغا بار-مايلا خەنزۇتىلى سەۋىيەم خېلىلا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . ئاردا تۇر-مىدە بىرنەچچە قېتىم تەرجىمانلىقمۇ قىلدىم .

بىر ئىشتىن بەكلا ئەپسۇسلىناتتىم . مەن قولغا ئېلىنغان نەچچە يىلدىن بېرى ئاتا - ئانامىمۇ ، خەيرىنىسامۇ مېنى بىر قېتىممۇ يوقلاپ كەلمىگەنىدى . بەلكىم ، بالام تۇغۇلۇپ نەچچە ياشقا كىرىپ قالغاندۇ ؟ مەن بىر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغان بالامنىڭ چىرايىنى پەقەتلا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيتتىم . بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپلا دادىسىز قالغان بالامنى ، تۈرمۇشتا يۆلەكسىز قالغان ئايالىمنى خىيال قىلسام ، يۈرىكىم پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ كېتەتتى . بىر ئامالىلارنى قىلىپ تۈرمىدىن تېزرەك چىقىپ كېتىشنى ، تۇغۇل-غاندىن بېرى بىر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغان بالامنىڭ دىدارىغا قېنىشنى ئويلايتتىم . مېنىڭ ئىپادەممۇ تۈرمىدىكىلەرنى رازى قىلغانىدى .

1982 - يىلى كۈزدە مېنىڭ مەسلەم ئۈزۈل - كېسىل ھەل بولۇپ تۈرمىدىن چىقتىم . كۆز يەتكۈسىز قومۇشلۇقلار ، تۈرلۈك قۇشلار سايراپ تۇرغان سازلىقلار ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن چىقىپلا يۇرتقا باردىم . مەن قولغا ئېلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا دادام ئۆلۈپ كېتىپتۇ . تولا يىغلاپ ئانام-نىڭمۇ كۆزى ئاجىزلاپ قاپتۇ . چاچلىرى تامام ئاقىرىپ كەتكەن ، مۇكچىيىپ جەينەكتەك بولۇپ قالغان ئانامنى تونۇيالمىغىلى تاسلا قالدىم . بىر - بىرىمىزنى قۇچاقلاپ يىغلىشىپ كەتتۇق .

تۈرمىدىن چىقىپ ھەپتىدىن كېيىن ئاقداۋانغا باردىم . تۇپىلى-رى ئۇچۇپ تۇرغان بۇ يەر ئون يىلدىن بېرى قىلچىلىك ئۆزگەرمى-گەنىدى . مەكتەپكە باردىم ، ئەينى چاغدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆ-پىنچىسى يۆتكىلىپ كېتىپتۇ . بۇ يەردە ساپلا ياش بالىلار بىرنېمى-لەرنى قىلىشىپ يۈرەتتى . سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاتاۋۇللا بەردى-نىڭ ئالدىنقى يىلى تۈگەپ كەتكىنىنى ، قاسىم باراتنىڭ ھازىر پالەچ بولۇپ يېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم .

— ھەي ، — دېدى چاچلىرى ئاقىرىپ ، چىشلىرى چۈ-
شۈپ ، مۈكچىيىپ قالغان ھەمدۇللا مۇئەللىم مېنى ئۆيگە
باشلاپ ، — بىكاردىنلا ئون يىل تۈرمىدە يېتىۋالدىڭ - دە ،
ئۇكام ، ساڭا ھەقىقەتەن ئۇۋال بولدى .

— خەيرىنىسا ھېلىمۇ مۇشۇ مەكتەپتىمۇ ؟ — بىر تالدىن
تاماكا چېكىشىپ ، سۈكۈت ئىچىدە بىرپەس ئولتۇرغاندىن كېيىن
ئۇنىڭدىن سورىدىم .

— بار ئۇكام ، — دېدى ھەمدۇللا مۇئەللىم ئۇلۇغ -
كىچىك تىنىۋېلىپ ، — ھەممەيلەن سېنى شۇ خوتۇننىڭ كاساپى-
تىگە كەتتى دېيىشىدۇ ، سەن كېتىپ بىر يىلدىن كېيىن ئۇ قاسىم
بارات بىلەن توي قىلغان . ئۈچ بالىغا ئانا بولدى ، كۆرۈشۈپ
قويامسەن ؟

مەن ئۈندىمىدىم ، بېشىم قېيىپ ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى .
نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنى غايىۋانە سېغىنىپ كەلگىنىمدىن بەكلا
ئەپسۇسلاندىم . يۈرىكىم بىرسى قىزىق ياغنى قۇيۇۋەتكەندەك ئېچى-
شىپ كەتتى .

— بۇ گېپىمنىڭ ساڭا بەكلا ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى بىلى -
مەن ، — دېدى ئۇ موخوركىسىنىڭ كۈلىنى قېقىۋېتىپ ، —
ئەمما ، مەن شۇنداق راست گەپ قىلىپ كۆنۈپ قاپتىمەن ئۇكام ،
باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ياساشنى پەقەتلا بىلمەيمەن .

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى .
ئۆيئىچىدە يالغۇز قالدىم ، ھېلىلا تورۇس قاراسلاپ سۇنۇپ ، تاملار
گۇپۇلدەپ ئۈستۈمگە يىقىلىدىغاندەك بىر تۇيغۇ ئىچىدە ئولتۇردى-
مەن . ئەقلىم ھېچنېمىگە ئىشلىمەيدۇ . ھەرقانچە ئويلاپمۇ خەيرى-
نىسانىڭ قاسىم باراتقا خوتۇن بولغانلىقىنى ئەقلىمگە سىغدۇرالمى-
دىم . ئەينى چاغدا ئۇ ئاشۇ ئەبلەختىن قېچىپلا ماڭا رازىلىق بەرگەن
ئەمەسمىدى ؟ ئۇنىڭغا تېگىش خىيالى بولسا ماڭا تەلمۈرۈپ نېمە
قىلىدۇ ؟ بەلكىم ، مەن كەتكەندىن كېيىن ئۇلار خەيرىنىسانى قى-
يىن - قىستاققا ئالغان بولسا ، ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەي بەل

قويۇۋەتتىمۇ يا؟ بۇمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ، ئاتاۋۇللا بەردى بىلەن قاسىم باراتنىڭ كۆزلىگىنىمۇ باشتىن - ئاخىر خەيرىنىسا بولدىغۇ؟ توغرا ، ئاشۇنداق ئەنسىز يىللاردا بىر ئايالنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟ مەن جېنىمدا ئۆزۈمنى قوغداپ قالالمىغان يەردە ، بىچارە خەيرىنىسانىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟ ھەي ، تەتۈر پەلەك ، سېنىڭ ئۆچ بولغانغا گىرىپتار قىلىدىغان ئويۇنۇڭغا بەكلا ھەيرانمەن!

بىردەملىك قاراڭغۇلۇقتىن كېيىن ، كۆز ئالدىم بىر ئاز سۇزۇلدى . خەيرىنىسانىڭ مەن كەتكەندىن كېيىن كۆرگەن كۈنلىرىنىڭ مەن تۈرمىدە يېتىپ كۆرگەنلىرىمدىن كەم ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم . نەچچە يىل ئۆزى خالىمىغان بىر ئەرنىڭ قۇچىقىدا يېتىش بىر ئايالغا نىسبەتەن ئاسان ئەمەسلىكىنى چۈشەندىم . ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى ، تەقدىرنىڭ يازمىشى شۇ بولسا ، بىزنىڭ ئۇنى تارتماي ئامالىمىز يوق ، بۇ جەھەتتە خەيرىنىسا پۈتۈنلەي گۇناھسىز ...

مەن ئەنە شۇنداق خىياللار قۇچىقىدا ئەللەيلىنىپ تۇرغىنىمدا ھويلىدىن بىرنەچچە كىشىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى .

— ھەي ھەمدۇللاكا ، مېنى زادى كىم بىلەن كۆرۈشتۈرىسىز؟

— كۆرگەندە بىلىسىز ...

تونۇشلا بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ھاياجاندىن يۈرەكلىرىم كۆكرەك قەپىسىمگە ئۇرۇلۇشقا باشلىدى . بىر چاغدا ئىشىك پەردىسى قايرىلىپ ، ئۆيگە بىر ئايال كىرىپ كەلدى . ئۇ بوسۇغىدىن كىرىپلا ماڭا بىر قارىدى - دە ، ئاھ ، دېگىنىچە سەنتۈرۈلۈپ كەتتى . مەنمۇ ئۇنى تونۇدۇم ۋە ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم . خەيرىنىسا ماڭا قاراپ خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى . ئۇ نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولاتتى . ئەمما ، تىترەپ تۇرغان لەۋلىرى ئارىسىدىن زۇۋان چىقمايتتى . يىللار ئۇنىڭ چىرايىغا ئۆز يالدامىسىنى قانغۇچە سىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى . كۆزى ۋە ئېغىزى ئەتراپىدا ئۇششاق قورۇقلار كۆپەيگەن ،

ياغلىقىدىن چىقىپ قالغان كەپسىز چاچلىرى ئاقارغان ، قەددى بىرئاز سولغاندى . ئۇنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قالغان كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ، چىرايىدىمۇ نۇر دېگەندىن ئەسەر قالمىغاندى . ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى قىزىل مۇچ قويغاندەك پىژىلداپ ئېچىشىپ كەتتى .

— ئاھ ، سۇلايمان ، بۇ سىزمۇ ؟ — ئامبارنىڭ ئۇلۇغ سۆيى بىرئاز چىڭقىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ، بىردىنلا يار ئالدى ، لۆمشىپ ئېقىۋاتقان ئىككى تارام سۇ ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇراتتى ، — ھەرنېمە بولسا تىنچ - ئامان قايتىپ كەپسىز ، — دېدى ئۇ بوغۇلۇپ تۇرۇپ ، — خۇدايىم قايتا كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىپتۇ . ئەمما ، مەن سىزنىڭ يۈزىڭىزگە قارىيالمايمەن سۇلايمان ، ئامانىتىڭىزنى جايىدا ساقلىيالمىدىم ، مېنى كەچۈرۈڭ ...

ئۇ مىشىلداپ يىغلىغىنىچە يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى . ھەمدۇللا مۇئەللىم بىزگە بىر پىيالىدىن چاي تۇتقاندىن كېيىن ، ئاستا مېڭىپ تالاغا چىقىپ كەتتى .

— تۈرمىدىن قاچان چىقتىڭىز ؟

— ھەپتە بۇرۇن .

— بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭىز ؟ — سورىدى خەيرىنىسا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ .

— بىر سائەتتىن ئاشتى ، — دېدىم زورىغا كۈلۈپ قويۇپ ، — مەكتەپ ئىچى ئۆزگەرمىگەن بىلەن ئادەملىرى ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ . ھەممىسى مەن تونۇمايدىغانلار ئىكەن .

— مەنمۇ ئۆزگىرىپ كەتتىم ، سۇلايمان . مەن ھازىر ئەينى چاغدىكى خەيرىنىسا ئەمەس ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىسام ئۆزۈمنى يۈز ياشقا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن . بەزىدە ئۆلۈۋالغۇم كېلىدۇ . ئەمما ، ماڭا قاراشلىق بالىلىرىم بار ، ئۇلارنى ئويلىسام ، بۇ نىيىتىمدىن يېنىپ قالىمەن ، لېكىن ، شۇنچە يىلدىن بېرى تۈرمۈش ماڭا بىرەر قېتىممۇ كۈلۈپ باققىنى يوق . سىز كەتكەندىن كېيىن ، مەن دوزاخنىڭ ئازابىنى تارتتىم . ئاتاۋۇللا بەردى يوقالدى

دېگەن پۇلىنىمۇ ماڭا تۆلەتتى . ھەممەيلەن مېنى سىزنىڭ بېشىڭىزغا چىقتى دەپ قاراشتى ، ئۆزۈڭ سۆيگەن ، ئوتىدا كۆيۈپ ، سۆيىدە ئاققان ئادىمىڭ بىر كېچىدىلا جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالسا ، بۇنى ئەقىلگە سىغدۇرۇش مۇمكىنمۇ ؟ سىزنىڭ قولغا ئېلىنىشىڭىز ، قاسىم باراتنىڭ مېنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن قۇرغان تۇزاق ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدىكەن ، شۇڭا ھەممەيلەن ماڭا دۈشمەنلىك نەزىرىدە قاراشتى ، بېشىمنى سىلايدىغان ھېچكىم چىقمىدى . چىقاي دېسەم ئاسمان يىراق ، كىرەي دېسەم يەر قاتتىق ، كۆڭلىرىمنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنىمۇ بىلمىدىم . قاسىم بارات مەجبۇرىي ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرگەندىن كېيىن ، ماڭا توي قىلىش تەكلىپىنى قويدى . ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىسام ، بۇ مەكتەپتە تۇرمىقىمىنىڭمۇ ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىنى ، ئاسانلىقچە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم ... ئۆلۈۋېلىشنىمۇ ئويلىدىم . ئەمما ، قورسىقىمدىكى بالىدا نېمە گۇناھ ؟ ئۇمۇ يورۇق جاھاننى كۆرۈشكە ھوقۇقلۇققۇ ؟ شۇڭا ماقۇل دېمەي بولمىدى . ئالدىڭىزدا بەكمۇ خىجىلمەن سۇلايمان .

— بالا ئوغۇلمۇ - قىز ؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن . خەيرىنىسا توختاۋسىز تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۆلگۈرمەيتتى .

— قىز تۇغقانىدىم ، — دېدى ئۇ مېنىڭ قايسى بالىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىمنى ھېس قىلىپ ، — ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى قىزىل چىقىپ ئۆلۈپ كەتتى ...

مەن كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم ، بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان قىزىمنىڭ چىرايىنى بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋېلىش ماڭا نېسىپ بولمىغانىدى . ئىككى تامچە ياش مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى .

— مانا ھازىر قاسىم باراتنىڭ ئۈچ ئوغلىغا ئانا بولدۇم ، — دېدى ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — لېكىن ئۇنىڭغا پەقەتلا كۆڭۈل بېرەلمىدىم ، كونىلار قىز بالا ۋاقتىڭدا تەگكەن ئەر جايىنامازغا ئوخشايدۇ دەيدىكەن ، كاشكى ، بىر قېتىم

پېشىڭىزدە ئىبادەت قىلالىغان بولسام ئىدىم، ئۆلسەممۇ كۆزۈم خاتىرجەم يۇمۇلغان بولاتتى ...
— بولدى خەيرىنىسا، سىز دېگەن هازىر خەقنىڭ ئىلكىدىكى ئادەم، ئۇياق مېنى هۆرمەت قىلمىغان بىلەن مەن ئۇنىڭ قاچىسىغا قوشۇق سالسام بولمايدۇ. ئوبدان يۈز كۆرۈشۈۋالدۇق، — دېدىم كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئەمدى مەن قايتاي، سىز بىلەن ئىككى ئاي بىر ياستۇقتا باش قويۇش نېسىپ بولغانىكەن، شۇ چاغلاردا كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتىپ قويغان يەرلىرىم بولسا رازى بولۇڭ، سىزنى ئەمرىمگە ئېلىپ بەختسىز قىلىپ قويدۇم. بەل-كىم، باشتىلا قاسىم ياراتنىڭ تەلپىگە ماقۇل دېگەن بولسىڭىز، بۇنداق قىسمەتلەرگىمۇ دۇچار بولماس ئىدىڭىز، ئالدىڭىزدا خىد-جىلمەن. خوش ...
— سىزمۇ مەندىن رازى بولۇڭ، — دېدى ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ.
ئاقداۋاندىن مەڭگۈلۈك بىر هەسرەتنىڭ، يۈرەكنى تىلىم - تىلىم قىلىدىغان هىجراننىڭ ئازابىنى يۇدۇپ قايتىپ كەلدىم. ئەمدى مېنىڭ هەممىدىن ئۈمىدىم ئۈزۈلگەنىدى. يول بويى ئۆز - ئۆزۈمگە ئازاب بىلەن خىتاب قىلاتتىم:

قۇشلار نەغمىسىدىن يانغاندا،
قۇياش بۇلۇت كەينىدىن چاپچىپ چىققاندا،
ئېقىن ئۆز قىنىنى تاپقاندا،
گۈللەر چېچەك ئاچقاندا،
نەدىسەن بىچارە كۆڭلۈم ...

29

قومۇش پىشقاندا پۈپۈكى توزۇيدۇ، ئامىنىڭ قاچقاندا يەۋاتقان نېنىمۇ زەهەر تېتىيدۇ. سەن ئۆزۈڭنى بىر غايىب قولنىڭ پەنجە-

سىدە سىزىسەن ، نەپەس ئالمىقىڭمۇ قىيىنغا توختايدۇ . بۇنداق كۈننىڭ ئۆز بېشىڭغا ئەمەس ، دۈشمىنىڭنىڭ بېشىغا كېلىشىدىنمۇ ھەزەر ئەيلە !

ئاقداۋاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، بىرنەچچە كۈنگىچە تالا ــ تۈزگە چىقمىدىم ، كۆز ئالدىمدا ھامان ئۇزۇن ساقلىنىپ ئۆڭۈپ كەتكەندەك بىر پارچە سۈرەت غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇردى . بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان بولسىمۇ ياشاش نېسىپ بولمىغان بىچارە قىدىزىمنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىمەن . كاشكى ، ئۇنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشقا ، بىر قېتىم ئاتلىق مېھرىم بىلەن باغرىمغا بېسىۋېلىشقا نېسىپ بولسىچۇ ؟ ھەي ، تەتۈر پەلەك ، قىزىم تۇغۇلۇپ ، ئىككى ياشقا كىرگۈچە دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ، نەدە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ، چىرايىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەپتۇ . بەلكىم ، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىن شەپىسىزلا كېتىپ قېلىشىنىڭ ۋەجىمۇ شۇ بولۇشى مۇمكىن .

ئاقداۋاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى بىچارە ، مىسكىن تۇرقۇمغا قاراپ ، ئانام يۇم ــ يۇم يىغلايتتى . ئۇ قايتىپ كەلگىنىمدە كېلىنىنى كۆرمەكچى ، نەۋرىسىنى باغرىغا باسماقچىدى . ئەپسۇس ، ئۇ تىلىكىگە يېتەلمىدى ، ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئوغلىنىڭكىدەكلا كۆپۈككە ئايلاندى . ئۇ قورايدەك بارماقلىرى بىلەن بېشىمنى سىلايتتى . ئۆز ئازابىنى يوشۇرۇپ ماڭا تەسەللى بېرەتتى .

ــ بوپتۇ بالام ، ــ دەيتتى ئۇ ئۇھ تارتىپ قويۇپ ، ــ ئىرادە شۇنداق ئىكەن ، قازاغا رىزا بولمىساق بولمايدۇ . موللىلاردىن ئاڭلىشىمچە نارەسىدىلەر مەھشەر كۈنى ئاتا ــ ئانىسىنىڭ گۇناھى ئۇچۇن ئەڭ چوڭ كاپارەت بولارمىش ، ئۇلار خۇدانىڭ پېشىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ، «مەن ئۇ دۇنيادا ئاتا ــ ئانا مېھرىگە قانمىغان ، بۇ دۇنيادا بولسىمۇ قېنىۋالاي» دەپ ئاتا ــ ئانىسىنىڭ گۇناھىنى تىلەرمىش . بەلكىم ، بىچارە نەۋرەمنىڭ ئۇ ئالەمدىكى شاپائىتىگە ئېرىشىپ ، گۇناھتىن خالاس بولۇپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن . سەۋر قىل ، بالام ...

ئانامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ بىر مەنزىرە زاھىر بولدى . گۇناھقا پاتقان مىغ ـ مىغ ئادەم ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاتاۋۇللا بەردى ، قاسىم بارات ، خەيرىنىسا ۋە مەنمۇ بار ... مەھشەرگاھتا ھېساب ئېلىنىۋاتىدۇ ... ھەممەيلەننىڭ گۇناھى ئېغىر چىقماقتا ... ئەنە شۇ مەيداندا چىرايىدىن نۇر ياغدۇرۇپ كىچىك پەرىشتىلەر يۈگۈرۈپ يۈرمەكتە ... بىر چاغدا مېنىڭ ئالدىمغا چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈۋالغان ، پۈتۈن بەدىنىدىن خۇشبۇي ھىد تاراپ تۇرغان ، كۆزلىرىدىن خۇشاللىق يېغىپ تۇرغان بىر قىز يۈگۈرۈپ كەلدى ... «سىز مېنىڭ دادام» دېدى ئۇ . ئەتراپتا تۇرغانلار ھەيرانلىق ئىلكىدە بىزگە قارىدى ... ئۇ مېنى قۇچاقلىدى ۋە : «سىز نەگە كەتتىڭىز ؟ مېنى يولىڭىزغا بەكمۇ قارىتىۋەتتىڭىز جۇمۇ ... » دېدى . مەن ئۇنى بار مېھرىم بىلەن قۇچاقلىدىم ...

بىرنەچچە كۈنگىچە ئاشۇ مەنزىرىنىڭ چۈشۈم ياكى ئوڭۇم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي يۈردۈم . كۆزۈمنى يۇمسىملا ئاشۇ چىرايلىق قىز ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى .

بىرەر ئايدىن كېيىن مېنىڭ ناھەق ئەنزەم ئېنىقلاندى . خىزمىتىم ئەسلىگە كەلدى . نەچچە يىلدىن بېرى توختىتىۋېتىلگەن ئىش ھەققىم تولۇقلاپ بېرىلدى . مەن ئۆزۈن يىل ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىمدىن ئايرىلىپ قالغان بولغاچقا ، بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقىمدىن قورقتۇم . تەشكىلمۇ مېنىڭ ئەندىشەمنى توغرا تاپتى ۋە تاللىشىمغا ھۆرمەت قىلدى . كېيىن مەن ھازىرقى ئىدارەمگە تەرجىمان بولۇپ ئىشقا چۈشتۈم ، تۇرمىدە ئۆگەنگەن تىل ماڭا تازا ئەسقاتتى .

خىزمىتىم ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ، دەرھال بېشىمنى ئوڭشىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشتۈم . يېشىممۇ بارغانسېرى چوڭىيىپ بېرىۋاتاتتى . داۋاملىق ئۆتمۈش خاتىرىلىرى ئىچىدە ياشىسام بولمايدىغانلىقىنى ، ھالىمغا يارىشا بىر ئائىلىگە ئېرىشىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەنىدىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشانغان ئانام ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بەكمۇ يالغۇزچىلىق تارتىپ قالغانىدى .

ئۇ مېنىڭ ئۆيلىنىش خىيالىغا كەلگىنىمنى بىلىپ، بەكمۇ سۆيۈ-نۈپ كەتتى. ئەمما، مېنىڭ بۇ يېشىمدا قىزلارنى چېكىپ - تاللاپ يۈرۈشۈمگە پۇرسەت يوق ئىدى. شۇڭا، نەچچە كۈنگە قالمايلا ئانام بىر قىزنى ماڭا لايىق كۆرۈپتۇ. ئانامغا ئەرزىگەن قىزنى مەن رەت قىلالمايمەن، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشقا ماقۇل بول-دۇم.

بىر كۈنى ئانام مېنى باشلاپ كىچىك ۋاقتىمىزدىكى مەھەللىگە ئېلىپ باردى. ئەينى چاغدىكى رەجەپ ئاخۇن دەيدىغان قوشنىمىز بىزنى ئۆيىگە باشلىدى. يۇمشاق نان ۋە تاتلىق قېتىق بىلەن مېھمان قىلدى. بىر چاغدا ھويلىغا مەگزلىرى توغاچتەك قىزارغان، قاپقارا كۆزلىرىدىن ياش قىزلارغا خاس نۇر جىلۋە قىلىپ تۇرغان بىر قىز كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يىپەك كۆڭلەك ئىچىدىكى تال چىۋىقتەك بېلى، ھەربىر ئۆرۈلگەندە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان رەققاسلارنىڭ يۇقىرى-رى كۆتۈرۈلگەن بىلىكىدەك ئەتراپقا تاشلىنىپ تۇرغان سومبۇل چاچلىرى، گۈزەل رۇخسارىغا ماسلاشقان خۇشپىچىم قامىتى كۆز-لىرىمدىن ئوت چىقىرىۋەتتى. ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم پۇلاڭلاپ كەت-تى. قىز رەجەپ ئاكامدىن بىر تال ئارغامچا سوراپ چىقىپ كەتتى. مېنىڭ ئەس - ھوشۇم ئۇنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ قاياققىدۇر كېتىپ قالغاندەك ئىدى ... كونىلارنىڭ كۆڭۈل تۈيىدۇ، دېگەن گېپىگە چىن پۈتكەنىدىم. ئانام ماڭا قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن بويۇنلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم.

ئەسلىدە بۇ بىزنىڭ تۇنجى يۈز كۆرۈشكىنىمىز ئىكەن، ئاشۇ ئارغامچا سوراپ كىرگەن قىز ئانام ئۆزىگە كېلىن قىلىپ تاللىغان قىزنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن. يولدا كېلىۋېتىپ ئانام ئۇ قىزنىڭ ماڭا ياققان - ياقمىغانلىقىمنى سورىدى. مەن خىجىل بولغان ھالدا بې-شىمنى لىڭشىتتىم. شۇنداق قىلىپ زۇلخۇمار ھەدىڭىز بىلەن توي قىلدىم، نەچچە يىلدىن بېرى ياخشى ئۆتۈۋاتىمىز. خۇدانىڭ كېچە-كىپ بولسىمۇ شۇنداق خاتىرجەم كۈنگە ئېرىشتۈرگىنىگە بەكمۇ رازىمەن.

سۇلايمان قاسىم گېپىنى ئاخىرلاشتۇرغاندا، مەيىن شامال كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان دەريا قېنىغا مەيۈسانە قاراپ ئولتۇراتتى.

رىسالەت چوڭقۇر خىياللار قوينىغا غەرق بولغانىدى. ئۇنىڭ كىرپىكلىرىدە ساڭگىلاپ تۇرغان ئىككى تامچە ياش ھېلىلا ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇ دولقۇنلىرى لۆمشىپ ئېقىۋاتقان دەريا قىنىغا قارىغىنىچە خېلى ئۇزۇن ئولتۇردى. ئاردىكى سۈكۈتنى ھېچقايسىسىنىڭ بۇزغۇسى يوقتەك ئىدى.

— ھەي ... — رىسالەت ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى، — دېگەنلىرىڭىزنى ئاڭلاپ خۇددى بىرسى توقۇغان ھېكايىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم، سۇلايمان ئاكا. بۇ راستلا بولغان ئىشلارمۇ؟ سىز قەستەن ئىچىڭىزدىن چىقىرىپ توقۇمىغانسىز؟

سۇلايمان قاسىم ئۈندىمەستىن يەنە تاماكىسىغا ئوت ياقتى، ئۇنىڭ قايغۇ - ھەسرەت تۇمانلىرى بۇخسۇپ تۇرغان غەمكىن چىرايىدىن چوڭقۇر ئازابلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— شۇنىڭدىن كېيىن خەيرىنىسا ھەدەمنى قايتىدىن ئۇچرىتىپ باقتىڭىزمۇ؟ — سورىدى رىسالەت پەس ئاۋازدا.

— بىز مەڭگۈلۈك خوشلاشقان، — سۇلايمان قاسىمنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقىپ كەتتى، — ناۋادا ئادەمنىڭ روھى قايتا جەم بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىسە، ئۇ ئالەمدە قىزىم بىلەن بىللە ئۇچرىتىپ قالارمەن..

— سىز شۇنىڭدىن كېيىن قولىڭىزغا قايتا قەلەم ئېلىپ باقمىدىڭىز؟

— شۇنداق، مېنى نەس باستۇرغان قەلەم كۆزۈمگە بەكمۇ سەت كۆرۈندۇ. لېكىن، بەزىدە كۆڭلۈمدە شېئىرىي مىسرالار پەيدا بولۇپ قالىدۇ. مەن يەنىلا بۇ خىل تۇيغۇدىن قۇتۇلالمىدىم.

— مېنىڭ پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى رىسالەت يىراقلارغا تىكىلگىنىچە.

— بۇنداق دەرد - ئەلەملەرنى باشتىن كەچۈرمىگەن ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئورنىدىن تۇ-

روۋپ ۋە ئۈيۈشقان بەللىرىنى تولغاپ قويدى ، ــــ ھەتتا بەزىدە شۇنداق كۈنلەرنىڭ ئۆز بېشىمغا كەلگەنلىكىگە ئۆزۈممۇ ئىشەنمەي قالىمەن . ئەمما ، بۇ ھەقىقەتەن مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار . مېنىڭ يۈرىكىم تۇرمۇش تەرىپىدىن قاتتىق ئېزىۋېتىلگەن . ئۇ يەردە مەڭگۈ ساقايمايدىغان جاراھەت ئىزى بار . بۇ ئىز مەن بىلەن ئۇ ئالەمگە — قىزىمنىڭ قېشىغىچە كېتىدىغان ئوخشايدۇ .

رىسالەتمۇ ئورنىدىن تۇردى . ئۇ تېخىچە خىيالىي دۇنيادىن رېئاللىققا قايتىپ كەلمىگەندەك ئىدى . ئىككىيلەن دەريا ساھىلىنى بويلاپ بىرپەس مېڭىشتى . سۇلايمان قاسىم سائىتىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى . ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى .

ــــ ئەمدى قايتايلى ، رىسالەت ، ــــ دېدى ئۇ غەربكە قىيسايغان قۇياشقا قاراپ ، ــــ گەپ بىلەن ئولتۇرۇپ كەچ كىرىپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قاپتۇق . تېزرەك بارمىساق ھوشۇركام سىزدىن ئەنسىرەپ قالىدۇ .

ــــ نېمىشقا ؟

ــــ بويىغا يەتكەن قىزنىڭ ئەندىشىسى يامان ، ــــ دېدى سۇلايمان قاسىم نېمىگىدۇر تارتىنىپ تۇرغان رىسالەتنىڭ يەلكىسىدىن ئىتتىرىپ ، ــــ تېز بولايلى ، بىزنىڭ دەريا بويىغا بىرگە كەلگىنىمىزنى ئۇقسا ، ھوشۇركام بىلەن قەمبەرخاچامنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قالمىسۇن يەنە .

رىسالەت قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە سۇلايمان قاسىمنىڭ بېقىنىنى چىمدىدى .

ــــ ھۇ قورقۇنچاق ، توخۇ يۈرەك …

يەتتىنچى باب

# قىزىل يوللۇق گالستۇك

## 30

رىسالەتنىڭ تەتىلدىن قايتىپ كەلگىنىگە بىرنەچچە ھەپتە بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مەكتەپكە كېلىپلا سۇلايمان قاسىمغا خەت يازماقچى بولدى، ئەمما خېتىدە نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ ھېكايىسى ياش قىزنىڭ ئەس ـ ھوشىنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى. رىسالەت قانچە قىلىپمۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ دەريا بويىدا سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدى. دەرس ۋاقتىدىمۇ، ياتاققا قايتقاندىمۇ، كۇتۇپخانىغا بارغاندىمۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ پىغانلىق ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇراتتى.

بۈگۈن مەكتەپ بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلار مۇكاپاتلاندى. رىسالەت مەيدىسىگە قىزىلگۈل تاقاپ سەھنىگە چىققاندا، پەستىن زالنى ئۆرۈۋەتكۈدەك چاۋاك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ ھاياجانلىق كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى...

— مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىڭنى ئاڭلىدىڭ، ئەمدى بىزنى قانىغۇدەك بىر مېھمان قىلارسەن؟ — دېدى نۇرگۈل ئۇنى قۇچاقلاپ، — قېنى ئېيتە، قايسى ئاشخانىغا بارىمىز؟

— سېنى مېھمان قىلىدىغانلار جىققۇ؟ — رىسالەت ئۇنىڭ قۇچىقىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ۋە گۇۋاھنامىنى سومكىسىغا سېلىپ قويدى.

— ئۇلارنىڭ مېھمان قىلغىنى باشقا، سېنىڭ مېھمان قىلغى-

ـنىڭ يەنە باشقا ، ــ دېدى گۈلباھارمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ، ــ سەن دېگەن كاتتا شەرەپ قازاندىڭ ، بۇنداق شان ـ شەرەپنىڭ پۇلغا مېھمان بولساق ، ئەلۋەتتە ياخشى بولىدۇ .

رىسالەت كۈلۈپ قويدى ۋە سەل نېرىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان سىنىپ مۇدىرى نىياسەم خانىمنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى .

ــ سىزنى قۇتلۇقلايمەن ، قىزىم ، ــ دېدى ئۇ ھاجايانلىق تۇيغۇ ئىچىدە رىسالەتنى باغرىغا بېسىپ ، ــ مېنىڭ ، جۇملىدىن سىنىپ كوللېكتىپىمىزنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلدىڭىز ، بىزمۇ سىزنى سىنىپ ئىچىدە تەقدىرلەيمىز ، داۋاملىق تىرىشىڭ . مېنىڭ سىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم بەكمۇ چوڭ .

ــ رەھمەت ، ــ دېدى رىسالەت تىترەپ تۇرغان قولىدا ئوقۇتقۇچىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ ، ــ مەن سىزنىڭ ئۈمىدىڭىزنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن .

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن رىسالەت بازارغا چىقماقچى بولدى ۋە نۇرگۈلنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى :

ــ بازارغا بارماقچىدىم ، بىللە بېرىشىپ بېرەمسەن ؟

ــ پۇل خەجلەيدىغان ئىش بولسا جان دەپ بارىمەن ، ــ دېدى نۇرگۈلمۇ كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ ، ــ قېنى ئېيتە ، ماڭا نېمە ئېلىپ بېرىسەن ؟

ــ ئاۋۋال بازارغا بارايلى ، قاراپ بېقىپ ، ئالغۇدەك نەرسە بولسا ئالارمىز .

ئۇلار باشقىلارغا بىلدۈرمەيلا رەستىگە چىقتى . بۈگۈن ھاۋا بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كەتكەنىدى . ئۇرۇمچىنىڭ كۈز مەنزىرىسى خۇشپىچىم قىزلارنىڭ نازاكەتلىك چىرايىغا ئوخشايدۇ . ھاۋا سۈپ-سۈزۈك ، مەيىن شاماللار ئادەمنىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتىدۇ . يول بويلىرىدىكى مەنزىرە دەرەخلىرى پات ـ پات يېغىپ قويىدىغان ئۆتكۈنچى يامغۇردا يۇيۇنۇپ ، مونچىدىن چىققان جۇۋاندەك پارقىراپ تۇرىدۇ . بۇنداق چاغدا ئادەمنىڭ تېنى يايراپ ، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ .

— نېمە ئالاي دەيسەن؟ — ئۇلار ئاۋات بىر ماگىزىنغا كىرگەندە نۇرگۈل ئۇنىڭدىن سورىدى .

— ساڭا راست گەپ قىلاي دوستۇم ، — دېدى رىسالەتمۇ گەپ يورغىلىتىپ ئولتۇرماستىن ، — مېنىڭ باشقىلارغا ، بولۇپمۇ ئەرلەرگە سوۋغات ئېلىش تەجرىبەم پەقەتلا يوق ، بۇ جەھەتتە سەن ماڭا ئۇستاز بولالايسەن ، شۇڭا ماڭا سوۋغات تاللىشىپ بەرگىن ...

نۇرگۈل كۆزلىرىنى چوڭ ئاچقىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ قالدى .

— نېمە دېدىڭ ؟ يەنە بىر دېگىنە ؟ كىمگە سوۋغات ئالماقچىسەن ؟ ئەرگىمۇ يا ئايالغا ؟

— بىر ئەرگە ...

— شۇنداقمۇ ؟ — نۇرگۈلنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى ، — سادىغاڭ كېتەي جاھىل خوتەنلىك ، گەپنى ئوچۇق قىلغىنا ، سوۋغات تاپشۇرۇۋالغۇچى داداڭمۇ ياكى بولمىسا ...

— ئۇنىڭ نېمەم ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن ، ئەمما ئۆز ئەجرىم بەدىلىگە كەلگەن مۇكاپات پۇلۇمغا تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭغا سوۋغات ئالماقچىمەن .

نۇرگۈل ئۇنىڭغا قاراپ بىرئاز تۇرۇپ قالدى . ئارىنى سۈكۈت باستى .

— سوۋغات بەرمەكچى بولغان ئادىمىڭ نەچچە ياشلاردا بار ؟ — بىرئازدىن كېيىن نۇرگۈل ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىغان ھالدا ئۇنىڭدىن سورىدى .

— قىرىق ياشلاردا بار ، ئۆزى سەل قارامتۇلراق ، ئوتتۇرا بوي ، كۆزلىرى چوڭ ، سول مەڭزىدە بەخت خالىدەك مېڭى بار ...

— ۋاي بولدى ، — دېدى نۇرگۈل پىخىلداپ كۈلۈپ ، — نېمە ، ئۇنىڭ سول مەڭزىدىكى بەخت خالىغىمۇ سوۋغات ئالماقچىمۇسەن ؟ ئەجەب سۈرەتلەپ كەتتىڭغۇ ئۇ نوچىنى ؟ خۇددى ئادەم ئىزدەش ئېلانى بېرىدىغاندەك ...

رىسالەت كۈلۈپ قويدى ، دېمىسىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە سۆزلەپ قويغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى .

— ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا ياقىدىغان ، ھەم زامانىۋى ، ھەم يەڭ-گىل ، ھەم ھەمىشە يېنىدىن ئايرىمايدىغان بىر سوۋغات تاللاپ بەرگىن ، نۇرگۈل .

ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ، رىسالەتكە قارىدى .

— مەن بىر سوۋغاتنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم ، بىلمە-دىم ، سەن قانداق قارايسەنكىن ؟

— قېنى ، كۆڭلۈڭگە پۈككىنىڭنى دەپ باققىنا ئاداش ؟ — ئالدىراتتى رىسالەت .

— بۇنداق ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەرگە قىزىل يوللۇق گالستۇك بەك يارىشىدۇ ، ئۇنى چىگىۋالسا باشقىچە سۈلەت كىرىپ قالىدۇ ، — دېدى نۇرگۈل بىر مودىلنىڭ بوينىدىكى گالستۇكنى كۆرسىتىپ ، — ئىشەنمىسەڭ قاراپ باققىنا ، گالستۇك دېگەن ئەرلەرگە نىسبەتەن ئەڭ ياخشى سوۋغات . نۇرغۇن ئەرلەر ئۆزى گالستۇك تاللىيالمايدۇ ياكى تاللىسىمۇ چىگكۈسى كەلمەيدۇ ، لې-كىن ئاياللار سوۋغا قىلسا بوينىدىن ئالغۇسى كەلمەيدۇ . ئەڭ مۇھىمى ، بۇ نەرسە سوۋغا قوبۇل قىلغۇچىدا باشقىچە ئويلارنى پەيدا قىلىپمۇ يۈرمەيدۇ . شۇڭا ، ماقۇل كۆرسەڭ مۇشۇنى ئالاي-لى ، ئاداش .

رىسالەت ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى توغرا تاپتى . چۈنكى ، ئۇ يېقىندا كۆرگەن بىر كىنودا قىز يىگىتكە گالستۇك سوۋغا قىلغان كۆرۈ-نۈش بار ئىدى . گالستۇك سوۋغا قىلىش چىن مەنىدىكى كۆڭۈل يېقىنلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ، ئەمەلىيەتتىمۇ رومانتىك تۇيغۇغا ئىگە ئىدى . ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ مۇشۇ گالستۇكنى تاقىغاندىكى تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ، راست ، بۇ گالستۇك ئۇنىڭغا بەكلا يارىشىدىغاندەك قىلاتتى .

نۇرگۈل گالستۇكنى چىرايلىق ئورىتىپ ، رىسالەتنىڭ قولىغا

تۇتقۇزدى . كۆڭلى ئەڭ يېقىن ئادەمگە ئېلىنغان سوۋغاتنى تۇتقاندا رىسالەتنىڭ تېنى شېرىن جۇغۇلدىدى . ئۇ خۇددى گالستۇكتىن سۇلايمان قاسىمنىڭ ھىدىنى پۇرىماقچى بولغاندەك ، ئۇنى بۇرنىغا يېقىن ئەكەلدى . ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان نۇرگۇل ئۇنىڭ بېقىنىنى چىمدىدى .

— ھە ، نېمە قىلىۋاتىسەن ؟ ئۆزۈڭنى تۇتالمايلا قالدىڭغۇ ؟ مۇشۇكۇم گۆش يېمەس ، گۆش يېسە بوش يېمەس ، دەپ نېمە قىلىق بۇ ؟ ئۇيالساڭچۇ ؟

رىسالەتنىڭ يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى . ئۇ مال ساتقۇچىغا پۇلنى بېرىۋەتكەندىن كېيىن ، نۇرگۇلنى تارتىپلا ماگىزىندىن چىقىپ كەتتى .

ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ تۇراتتى . چۈنكى ، ئۇ نۇرگۇلنىڭ ياردىمىدە كۆڭۈلدىكىدەك سوۋغات ئالغانىدى . ئۇ كۇلەتتى ، جاپالىق ئەجرى بەدىلىگە كەلگەن ھالال پۇلغا ئۆزى چىن قەلبىدىن ھۆرمەت قىلىدىغان ، بىر ئۆمۈر مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا قارايدىغان ئادەمگە گالستۇك ئالغانىدى . بەلكىم ، بۇ سوۋغاتنى كۆرسە ، ھەيرانلىقتىن سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلار ، گالستۇكنى بوينىغا چىگكەندە بولسا ، بىر خىل ئىپتىخارلىقتىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ كېتەر ، ئۆزىنىڭ گالستۇك چىگكەن سىيماسىنى ئەينەكتىن كۆرگەندە بولسا ، كۈلۈپ قويار ... ئىشقىلىپ رىسالەتنىڭ ئويلىمىغانلىرى قالمىدى .

— بۇ سوۋغىنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى كىم بولىدۇ ؟ — دەپ سورىدى نۇرگۇل ئۇنىڭ ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان غەلىتە قىلىقلىرىدىن ھەيران بولۇپ .

— قوشنام ، پەرىشتىدەك بىر ئىنسان ...

— نېمە — قوشنام ؟ — نۇرگۇلنىڭ ھەيرانلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى ، — دېمەك ، قوشناڭ ئىكەن - دە ؟ ! سەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغانسەن ؟

رىسالەتنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە دەرھال ئۆچتى . ئۇ خۇددى

ئەمەس بىر ئىش ئۈستىدە باشقىلارغا تۇتۇلۇپ قالغاندەك جىددىيلەشتى. ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەن كۆزلىرى كوچىدىكى ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەردىن خۇدۇكسىرىگەندەك يەرگە باقتى.

— نېمانچە قىلىپ كېتىسەن؟ — ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان نۇرگۈل كۈلۈپ كەتتى، — بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش دېگەن ئادەتتە بولۇپ تۇرىدىغان ئىشقۇ؟ قارىغىنا ئەپتىڭگە، خۇددى توخۇ ئوغرىسىدەك قىلىپ كەتكىنىڭنى كۆرەيمۇ ئەمدى؟ قورققان مۇشۇككە چاشقان تۇتۇپ نېمە كەپتۇ؟

رىسالەت قەلبىدە كۆمۈلۈپ ياتقان قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ ئېچىلىپ كەتكىنىنى سەزگەندەك بولدى. كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان قانداقتۇر بىر يوچۇقتىن غۇيۇلداپ شامال كىرەتتى. سالقىن شامال يېڭىلا سويۇلغان قاقاچىنىڭ ئورنىنى پۇۋلىمەكتە ئىدى. ھەم شېرىن، ھەم قورقۇنچلۇق بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ جىسمىنى تىترىتىپ ئۆتتى. رىسالەت كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۇ سومكىسىنى باغرىغا تاڭغىنىچە كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، مەكتەپكە قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى ...

شۇ كۈنى كەچتە ئۇ كۇتۇپخانىنىڭ يېنىدىكى سېمونت ئورۇندۇقتا خىيال سۈرۈپ ئۇزۇن ئولتۇردى. مەكتەپكە كەلگەندىن بېرى نېمىشقا ئۆزىنىڭ بىرەرسىگە كۆڭۈل بېرەلمىگەنلىكىنىڭ، پات - پات كىتابلىرى قېتىغا قىستۇرۇلۇپ قالىدىغان يىگىتلەرنىڭ ئوتلۇق سالام خەتلىرىنى جاۋابسىز قالدۇرغانلىقىنىڭ، نۇرغۇن ياخشى نىيەتلىك يىگىتلەرنىڭ تىلەكلىرىنى ئىجابەتسىز قويغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئويلاندى ... كۆز ئالدىدا ھىجىيىپ تۇرغان تاھىرنىڭ خۇنۈك چىرايى پەيدا بولدى، رىسالەتنىڭ كۆڭلى چىۋىن يەۋالغاندەك غەش بولدى. مۇلايىم قاراشلىرى بىلەن ئالىمجان پەيدا بولدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھېچقانداق سېزىم كۆرۈلمىدى. يەنە نۇرغۇن يىگىتلەر ئۇنىڭغا تەلمۈردى، ئەمما ئۇنىڭ قەلبىدە يىگىتلەرگە نىسبەتەن ئورۇن يوق ... ھەي، ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك ...

رىسالەت چوڭقۇر ئۇھ تارتقىنىچە ئاسمانغا قارىدى . تولۇن ئاي ئۇنىڭغا مەيۈسانە كەيپىياتتا قاراپ تۇراتتى . ئاينىڭ سۈت رەڭلىك نۇرى ئۇ ئولتۇرغان يەرنى يورۇتۇپ تۇراتتى . ئاينى چۆرىدەپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئۇنىڭ مۇرەككەپ روھىي ھالىتىدىن ھەيران بولۇۋاتقاندەك توختىماي چىمچىقلايتتى . كۇتۇپخانا بىلەن ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئېگىز تاملىرى ئارىسىدا شامالىلار خۇددى نەي چېلىۋاتقاندەك ئىسقىرتاتتى . بۇ ھال ئۇنىڭ تەشۋىشلىك كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلاتتى .

رىسالەت بىر چاغدا سىنىپقا كىرىپ كەلدى . ئۇ سۇلايمان قاسىمغا خەت يازماقچى ، خېتىدە ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭغا دېيىشنى ئويلاپ قويغان نۇرغۇن كۆڭۈل سۆزلىرىنى دېمەكچى بولدى . ئەمما ، ئۇ خېتىدە گەپنى نەدىن باشلاشنى پەقەتلا بىلەلمىدى . ئۇ چۈشكىمۇ ، خىيالغىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر خىل روھىي كەيپىيات ئىچىدە بىرەر سائەتتىن ئارتۇق ئولتۇردى ، ئەمما ، خىيالىنىڭ ئاخىرى چىقمىدى ... شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشنى يوغىنىتىپ ئارتۇقچە بىر نەرسىلەرنى دېيىشتىن ۋاز كەچتى ۋە ئاددىيلا قىلىپ ئىككىلىك خەت يېزىپ ، قانائەت تاپقاندەك يېنىك تىن ئالدى . بۇ چاغدا تۇن ئاللىقاچان يېرىملىشىپ قالغانىدى .

31

سۇلايمان قاسىم تۆۋەندە بېجىرىدىغان نەچچە كۈنلۈك خىزمەتىنى تاماملاپ بۈگۈن ئىدارىسىگە قايتىپ كەلدى . ئۇ ئىدارە باشلىقىغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بەرگەندىن كېيىن ، ئۆيگە قايتىپ ئارام ئېلىشقا ماڭدى . ئۇ كېلىۋېتىپ بىنانىڭ ئالدىدىكى ۋېلىسىپىت قويۇلىدىغان يەرنىڭ لەمپىسىنى ئوخشاۋاتقان ھوشۇر سەلەينى كۆرۈپ قالدى . چېكىسىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلۇۋاتقان قوشنىسى ئۆز ئىشىغا شۇنچىلىك كىرىشىپ كەتكەنىدىكى ، سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغىنىنىمۇ كۆرمىدى .

— پاھ ، ئىشلەۋېتىپسىز ـ دە ، ھوشۇركا ؟ !
سۇلايمان قاسىم پەستە بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن ، لەمپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ ئامبۇر بىلەن بىرنېمىلەرنى قىلىپ تۇرغان ھوشۇر سەلەيگە قول پۇلاڭلاتتى .
— ھوي ، سەنمىدىڭ ؟ — دېدى ئۇ سۇلايمان قاسىمنى كۆرۈپ ۋە ئۆز يېشىغا ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن لەمپە ئۈستىدىن يەرگە چۈشتى ، — ھارماي كەلدىڭمۇ ، ئۇكام ؟ قاچان كېلىشىڭ ؟ سەن كېتىۋىدىڭ ، بۇ ئىداردە پەقەتلا ئادەم قالمىغاندەك بىلىنىپ كەتتى جۇمۇ ...
سۇلايمان قاسىم تۇيۇقسىز رىسالەتنى ئەسلەپ قالدى . ئۇمۇ ئۇرۇمچىدىكى يۈز كۆرۈشۇشتە ئۆزىنى بىر تالاي سوئاللار بىلەن كۆمۈۋەتكەنىدى .
— ھازىر كېلىشىم ، قانداق ، ئۆيئىچى تىنچلىق ، قەمبەرخا-چام ۋە باللار ئامان ـ ئېسەنمۇ ؟
— خۇداغا شۈكرى ، ئۇكام ، ھەممىمىز تىنچ ـ ئامان تۇرۇۋاتىمىز . خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق بولۇۋاتىدۇ ، خۇدايىم بىر يەردىن كۆز چىقمىغىيدى دەپ يۈرىكىم سۇ ، ئادەمگە ئامەت بەك كېلىپ كەتسىمۇ بولمايدىغان ، ئۇكام .
— قانداق ، نېمە يېڭىلىقلار بار ؟ — سورىدى سۇلايمان قاسىم قوشنىسىنىڭ چىرايىدىكى ئاپتاپتەك جۇلالاپ تۇرغان شادلىق ئىپادىلىرىنى كۆرۈپ ، — ئادالەت ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ئوخشى-مامدۇ ؟
— شۇنداق ، ئۇكام ، ئۇمۇ ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپنىڭ سېسترالىق سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىپتۇ ، قارىسام ئۇنىڭ بەزى قىلىقلىرى پەقەتلا كۆزۈمگە سىغمايتتى . نان بەرسە ئادەم بولىدىغان نېمىكەن بۇ .
— قالتىس ياخشى ئىش بوپتۇ ، — دېدى سۇلايمان قاسىممۇ ئۈستىدىن بىر تاغ يىقىلغاندەك يېنىكلەپ ، — كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن ھوشۇركا ، مېنىڭ ئەندىشەممۇ مۇشۇ قىزدا ئى-

دى ، ھەر نېمە بولسا ئۇنىڭمۇ قولى ئىشقا تېگىدىغان بوپتۇ . سىزنىڭ ئۆيدە دوختۇرمۇ بار ، سېستىرادىن غەم قىلىش ھاجەتسىز ، ئاچىسى رېتسېپ يازسا ، سىڭلىسى ئوكۇل ئۇرسا ، بۇنىڭدىن ئوبدان ئىش بولامدۇ ؟ قېرىغاندا ئۆزىمىزنى كۈتۈشتىن غەم قىلمىساقمۇ بولغۇدەك ...

ئۇلار چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى .

— رىسالەتمۇ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىپتۇ ، — دېدى ھوشۇر سەلەي كۈلۈپ تۇرۇپ ، — تېخى بىزگە ئىككى مىڭ سوم پۇل ساپتۇ . قىزىمىزنىڭ ئىنساپىدىن سۆيۈنۈپ ئاندىسى بىلەن بىر مۇنچە كۆز يېشى قىلىشتۇق . قارا ئۇكام ، بىر قىز بالىنىڭ كىشى يۇرتىدا شۇنچىلىك نەتىجە قازانمىقى ئاسان ئەمەس . ئۇ مېنىڭ ئۇمىدىمنى ھەقىقىي ئاقلىدى .

— شۇنداق ، سىلەرنىڭ ئائىلىدە ئۇ يول ئاچتى . كېيىنكىلەرنىڭ ئەمدىكى ئىشى خەيرلىك بولىدۇ ، ھوشۇركا . ئۇنىڭ ئىنساپىغا ھەممەيلەن دۇئا قىلايلى . ھازىر ئۇنىڭدەك ئېسىل پەزىلەتلىك قىزلار بەكمۇ ئاز قېلىۋاتىدۇ . ھە راست ، سىز ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ ، ھېلى كۆرۈشەيلى .

سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە ماڭدى . ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى گۈللۈك فونتان بىر قەۋەت توپىنىڭ ئاستىدا قالغانىدى . گۈللەرمۇ يېتىپ كېلىش ئالدىدىكى كۈزنىڭ شەپىسىنى بۇرۇنلا سەزگەندەك ، ياپراق ئۇچلىرى سارغىيىشقا باشلىغانىدى . شاختىن تۆكۈلگەن گۈل بەرگلىرى گۈللۈكنى ئاھادە قىلىپ ياسالغان ۋادەكىنىڭ ئەتراپىدا چېچىلىپ ياتاتتى . ياز بويى فونتان ئەتراپىدا سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناپ چىققان قۇشلارمۇ نەگىدۇر كېتىشكەن ، سۇكۇتكە پاتقان گۈللۈكتىن خازان پەسلىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى ، بۇنداق مەنزىرىلەر ئەلۋەتتە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلاتتى .

سۇلايمان قاسىم ئاستا مېڭىپ گۈللۈكنى بىر ئايلىنىپ چىقتى ۋە بىناغا قاراپ ماڭدى . ئۇنىڭ بىر يەرلىرىدە يىغا قايناپتتى . بۇ

خۇشاللىقىمۇ . ھەسرەتكىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بىر تۇيغۇ ئىدى . ئۇ ئۆيگە كىرىپ ، زۇلخۇمار بىلەن قەمبەرخاننىڭ باش بىقىشقاچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىنى كۆردى . قەمبەرخان زۇلخۇمارنىڭ تىزىدىكى بېشىنى ئىتتىكلا كۆتۈردى ۋە سۇلايمان قاسىمنى كۆرۈپ كارىۋاتقا چۈشۈپ كەتكەن ياغلىقىنى چاقماق تېزلىكىدە بېشىغا چىگكەچ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— ۋاي خۇدايىم ، كەلدىڭىزمۇ ئۇكام ؟ ئەستا ، ئالدىڭىزدا سەت بولدى ، ئەستا ...

— ھېچقىسى يوق ، ئولتۇرىۋەرسىلە ، — دېدى سۇلايمان قاسىم سومكىسىنى شىرە ئۈستىگە قويۇۋېتىپ ۋە ئۇنى تەڭلىكتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندەك ، تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى . ئۇ قايتىپ چىققاندا قەمبەرخان ئۆيدە كۆرۈنمەيتتى .

— قەمبەرخاچام قېنى ؟

— ئالدىراشلا چىقىپ كەتتىغۇ ، — زۇلخۇمار شۇنداق دېگىنچە ئاسقۇدىكى لۆڭگىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ، — ھارماي كەلگەنسىز ؟

— يامان ئەمەس ، — سۇلايمان قاسىم ھۆل قولىنى لۆڭگىگە سۈرتتى ۋە ئۇنى ئاسقۇغا ئېلىپ قويۇپ زۇلخۇمارنى قۇچاقلىدى ، — بېشى تاز بولمىغاندىكىن ، نېمە ئۇنداق سەكرەپ ـ مۆڭۈپ يۈرىدۇ بۇ قەمبەرخاچام ؟

— كۆڭلى ئالتۇنغا بەرگۈسىز خوتۇن ـ دە ، بۇ ، بېشىنى ئوچۇق ھالەتتە باشقىلارغا كۆرسەتسە نامەھرەم بولىدۇ دەپ قارىسا كېرەك ...

سۇلايمان قاسىم ئۈندىمىدى . ئۇ زۇلخۇمار ئېلىپ كەلگەن بىر ئىستاكان سوغۇق چاينى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ، ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى .

— قورسىقىڭىز ئاچ بولسا بىرنەرسە قىلىپ بېرەيمۇ ؟ — سورىدى زۇلخۇمار .

— بولدى ، كەچلىك تاماقنى بىراقلا يەيچۇ . ئاۋارە بولما .

— قەمبەرخاچام كەچلىك تاماقنى بىزنىڭكىدە يەيمىز دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ ، قانداق قىلىمىز ؟

— ئۇنداقتا مەيلى ، بىر ۋاخلىق تاماق دېگەننى قايسى ئۆيدە ئەتسەڭلار ئوخشاش ئەمەسمۇ ؟

ئۇ ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى . نەچچە كۈندىن بېرى ئائىلىمۇ ئائىلە قاتراپ يۈرۈپ بەكلا ھارغانىدى . شۇڭا ، ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ ، ئازراق ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ياتتى . لېكىن ، بۇ كۆزلەردىن ئۇيقۇ قاچقانىدى .

ئىشىك چېكىلدى . زۇلخۇمار يورغىلاپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى . كۆزلىرىدىن شوخلۇق چىقىپ تۇرغان ، ئالىتاغىل كېيىنىۋالغان ئادالەت ئۇلارنى كەچلىك تاماققا چاقىرىپ كىرگەنىدى . سۇلايمان قاسىم بۇ قىزنى كۆرسە نېمىشقىدۇر كۆڭلى ئېلىشقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ چاندۇرماي ئورنىدىن تۇردى .

— ئاڭلىسام ئىمتىھاندىن ئۆتۈپسىز ، — دېدى ئۇ شەپكىسىنى كىيىۋېتىپ ، — سىزمۇ ئاچىڭىزدەك ياخشى ئوقۇپ ، ھوشۇركامنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىڭ .

— بۇ گەپنى تولا ئاڭلاپ قۇلاقلىرىم قېتىپ كەتتى ، — ئادالەت ئۇنىڭ يۈزىنى قىلچە ئاياپ ئولتۇرماستىن شۇنداق دېدى ، — ھەممەيلەن ماڭا ئاقساقال بولمىسىمۇ ئوقۇشۇمچە ئوقارمىنا . ئەمسە بىزنىڭكىگە غاچچىدە چىقارسىلەر ، قازان قايناپ قالدى .

سۇلايمان قاسىمنىڭ كەيپى ئۇچتى ، ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى .

— قانداق قىز بۇ ؟ ئادەمنىڭ ياخشى تىلىكىنى ئەسكى چاپاندەك چۆرۈپ تاشلايدىغۇ ؟

زۇلخۇمارنىڭمۇ ئاچچىقى كەلگەنىدى . ئۇ ئۆزىچە كوتۇلداپ ، بېشىغا چىگىۋالغان ياغلىقىنى ئېلىپ ساپاغا تاشلىدى .

— ھېچقىسى يوق خوتۇن ، بۇ قىز ياۋا تەخەيدەك مۇشۇنداق

ئەسكى خۇيلۇق چوڭ بولدى . ئادەم بالا تاپقاندا ئۇنىڭ خۇي ـ مىجەزىنى تاللىۋالغىلى بولمايدۇ . كىم بىلىدۇ ، بىزنىڭ باللارمۇ قانداق مىجەزدە چوڭ بولىدۇ تېخى ، قېنى ، تېز بولۇڭلار ، شاققىدە چىقىپ كىرەيلى .

زۇلخۇمار چۆرۈپ تاشلىۋەتكەن ياغلىقىنى يەنە بېشىغا چىگ-دى . باللار تېخى مەكتەپتىن قايتىپ كەلمىگەنىدى . شۇڭا ، ئۇلار ئىشىكنى ئوچۇق قويۇپ ، هوشۇر سەلەيىنىڭكىگە كىرىپ كېلىشتى . قەمبەرخان ئەتكەن چاچتەك ئىنچىكە ، سەي ـ پەيلىرى ئوخشىغان تېتىملىق لەڭمەن سۇلايمان قاسىمنىڭ هاردۇقىنى بىراقلا چىقى-رىۋەتتى . ئۇنىڭغا مۇشۇنداق ئۆي تامىقى يېمىگىلى نەچچە كۈن بولغانىدى .

32

سۇلايمان قاسىم ئەتىسى ئەتىگەن ئىشخانىسىغا كەلدى . ئۇ توپا بېسىپ كەتكەن ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلىرىنى سۈرتۈپ ، ماتېرىياللى-رىنى رەتلەشكە تۇتۇندى . ئىشخانىنى تازىلاپ ، ئەمدى ئۇھ دەپ ئولتۇرۇشىغا ئىدارىنىڭ گېزىت تارقاتقۇچىسى هۆرىيەت بىر بولاقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى .

— سىزگە پوسۇلكا كەپتۇ ، سۇلايمان ئاكا ، — دېدى ئۇ شوخلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى قىسىپ قويۇپ ، — دېسەم ـ دېمىسەم ، بۇ چوقۇم ياخشى كۆڭۈلنىڭ سوۋغىسى ، پەرد-زىم توغرا چىقسا ، ماڭا سۆيۈنچىسىنى بېرىۋېتەرسىز .

— قانداقسىگە شۇنداق ئويلاپ قالدىڭىز ؟ — دېدى سۇلايمان قاسىم هەيران بولۇپ .

— چۈنكى ، مەن مۇشۇ ئىدارىگە كەلگەندىن بېرى سىزگە ئەزەلدىن بۇنداق پوسۇلكا كېلىپ باقمىغان ، يەنە كېلىپ بۇ بولاق بەكلا يەڭگىل ئىكەن ، شۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ چوقۇم گالستۇك ياكى شۇنداقراق بىرنەرسە . ئىشەنمىسىڭىز ئېچىپ كۆرۈپ باقسىڭىز بو-

لىدۇ ، قانداق دېدىم ؟

سۇلايمان قاسىم بولاقنى قولىغا ئالدى . ئۇ راستىنلا يەڭگىل ئىدى . ئۇنىڭ كۆڭلى بىرنەرسىنى تۇيغاندەك قىلدى ۋە ھۆرىيەتكە قاراپ كۈلۈپ قويدى .

— يوقىلاڭ خىيال قىلماڭ سىڭلىم ، بۇ ياشقا كەلگەندە كىممۇ ماڭا كۆڭۈل سوۋغىسى ئەۋەتىپ يۈرەر ؟

— ئەمىسە ئېچىپ باقايلىمۇ ؟ — كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرغان ھۆرىيەت گويا ئۇنىڭ بىلەن دو تىكىشۋاتقاندەك چىڭ تۇردى . بولاقنى شۇنداق ئاچسىلا ھەممىسى ئايان بولاتتى .

— بولدى ، بولدى ، سىز چىقىپ تۇرۇڭ ، مېنىڭ يەنە ئاز-راق ئىشىم بار ، قولۇم بوشىغاندا ئېچىپ كۆرەرمەن . ناۋادا سىز دېگەندەك چىقسا ، سۆيۈنچە بېرىمەن .

— ئەمىسە گېپىمىز گەپ !

ھۆرىيەت بىرنەرسىگە قىيمىغاندەك كەينىگە قارىغان پېتى چى-قىپ كەتتى . سۇلايمان قاسىم ئالمان - تالمان ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى ۋە ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ بولاقنى ئاۋايلاپ ئاچتى . ئۇنىڭ ئىچىدىن سىپتا ئورالغان يەنە بىر بولاق بىلەن ئۇنىڭغا قىزىل لېنتىدا چىگىپ قويۇلغان بىر پارچە خەت چىقتى . سۇلايمان قاسىمنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى . ئۇ ئالدىراپ خەتنى قولى-غا ئالدى .

«قەدىرلىك سۇلايمان ئاكا ، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز ؟

بۈگۈن مەن ئۈچۈن ئەڭ خۇشاللىققا تولغان ئەھمىيەتلىك بىر كۈن ! چۈنكى ، مەن بۈگۈن شەرەپ سەھنىسىگە چىقىپ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشتىم . مېنىڭ خۇشاللىقىمنى ئاشۇ پۇلنىڭ قولىغا كەلگەنلىكىدىن ئەمەس ، بەلكى ئوقۇشتىن مۇئەييەن نەتىجە قازانغانلىقىدىن پەيدا بولغان دەپ چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلى-مەن . شۇنداق ، بۈگۈن مەن مەيدەمگە شەرەپ گۈلى تاقىدىم . مۇكاپاتلاش سەھنىسىدە تۇرۇپ نېمە ئويلىغىنىمنى بىلەمسىز ؟ مەن ئالدى بىلەن نۇرغۇن زېھنىم بەدىلىگە كەلگەن مۇكاپات پۇلۇمدىن

سىزگە بىر سوۋغات ئېلىشنى خىيال قىلىپ قالدىم . مېنىڭ بۇ-گۈنكى كۈنگە ئېرىششىم پۈتۈنلەي سىزنىڭ ياردىمىڭىزنىڭ نەتى-جىسى . شۇڭا ، كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلغايسىز .

مەن ئەزەلدىن ئاتا - ئانام ئېلىپ بەرگەننى كىيىپ چوڭ بولغان قىز ، شۇڭا سوۋغات تاللاش تەجرىبەممۇ يوق ، ئالغىنىمنىڭ كۆڭلىڭىزگە يېقىش - ياقماسلىقىنى بىلمەيمەن . مەيلى ياقسۇن - ياقمىسۇن ، ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈم ! ھەتتا مەن سىزگە بىر تال قىيىندا ئەۋەتكەن تەقدىردىمۇ ، ئۇنى چىن كۆڭلىڭىزدىن ياقتۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن .

بىر دوستۇمنىڭ ئېيتىشىچە ، ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەرگە قى-زىل يوللۇق گالستۇك بەك يارىشارمىش . شۇ تاپتا قېشىڭىزدا بولغان بولسام ، گالستۇكنى ئۆز قولۇم بىلەن تاقاپ قويۇپ ، ياراش-قان - ياراشمىغانلىقىنى كۆرۈپ باقار ئىدىم ، خەيرىيەت ، ئۇ كۈن-لەرمۇ كېلىپ قالار !

سىزگە سالامەتلىك تىلەپ : ر

ھەر راست ، سىزنىڭ بۇ ئاددىي سوۋغامنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان بويىنىڭىزغا چىگىپ ، ئەينەككە قاراپ پىسىڭىدە بىرنى كۈ-لۈپ قويۇشىڭىزنى بەكمۇ خالايمەن ! »

رىسالەت خەتكە ئىسمىنىڭ باش ھەرپىنىلا يېزىپ قويغانىدى . سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ كەتتى . ئۇ بو-لاقنى ئېچىپ ، سوۋغاتنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى . يېپەكتىن توقۇل-غان قىزىل يوللۇق گالستۇك بەكلا چىرايلىق ئىدى . ئۇ ئەينەك ئالدىغا بېرىپ گالستۇكنى بويىنىغا چىگدى . گالستۇك ئۇنىڭغا ھە-قىقەتەن سالاپەت بېغىشلاپ تۇراتتى . ئۇ تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن گالستۇكنىڭ ئۇچىنى تۇتقىنىچە ئەينەك ئالدىدا خېلى ئۇزۇن تۇ-رۇپ قالدى .

بەزى ئادەملەر ئۆمۈر بويى بىرەر قىزنىڭ كۆڭۈل سوۋغىسىغا ئېرىشەلمەي ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن . بۇنداق ئۆمۈرنىڭ تومۇز ۋاقىتلىرىدا ئېرىقلاردا لىپپىدە ئېقىۋاتقان لاي سۇدىن قىلچىلىك

پەرقى يوق . ئۇلارنى دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە ئادەملەر دەپ قارىساقمۇ بولىدۇ . ئەمما ، كۈتۈلمىگەن بۇ سوۋغاتنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن ؟ بۇ بەختنىڭ بىشارىتىمۇ ؟ ياخشى كۆرۈشنىڭ بەلگىسىمۇ ؟ رىسالەت سۇلايمان قاسىمنىڭ نېمىسى ؟ بۇ سوئالغا ئۇ ئۆزىمۇ جاۋاب بېرەلمەيتتى . شۇڭا ، ئۇ رىسالەتنىڭ بۇ سوۋغىتىدىن يا خۇشال بولۇشنى ياكى خاپا بولۇشنى بىلمەيلا قالدى . ئۇ كۆل سۈيىنىڭ چايقىلىپ كەتمەسلىكىنى ، ئۇششاق دولقۇنلارنىڭ قىرغاققا زەرىپ بىلەن ئۇرۇلماسلىقىنى ، بىر خىل سۈرئەتتە كېتىۋاتقان تۇرمۇش ماشىنىسىنىڭ قايسىبىر دوقمۇشتا لايغا پېتىپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى .

ئۇ ئېغىر خورسىنىپ قويغاندىن كېيىن ، بويىندىكى گالستۇكنى يېشىپ چىرايلىق قاتلىدى ۋە مۇھىم ھۆججەت ـ ماتېرىياللىرىنى ساقلايدىغان ئىشكاپقا سالدى .

سۇلايمان قاسىم ئىشىكنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ، كارىدورغا بويۇنداپ قاراپ قويدى . ئۇ پەردە ھۆرىيەت ئىشخانىمۇ ئىشخانا كىرىپ گېزىت تارقاتماقتا ئىدى . ئۇنى كۆرۈپ سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلدى . بۇ بەختۋاش قىز موللا تاپقاقتەك بولاقنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىۋالغاندى . سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا ، ئۆزىنىڭ ئىچىدىكىنىمۇ تېپىۋېلىشىدىن قورققانىدى .

## 33

كۈنلەر ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتمەكتە . ئىككىنچى ئوقۇش يىلى بولغاچقا ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرمۇ كۆپ ، ئىشلىنىدىغان تەجرىبىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى . رىسالەتنىڭ «موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە» دېگەن ئاتاقنى ئالغۇسى يوق . ئۇ مەكتەپكە كېلىپ تۇنجى يىلىلا ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشكەن ، ئەمدى بۇ يىلى سەپتىن چۈشۈپ قالسا باشقىلار تەبىئىيلا ئۇنى شۇنداق دەپ مەسخىرە

ىرە قىلىشى تۇرغان گەپ . شۇڭا ، ئۇ ھەر بىر مىنۇت ، ھەر بىر سېكۇنتنى قولدىن بەرمەسلىككە تىرىشاتتى .
بۇگۇن رىسالەت ئىككى قېتىملىق تەجرىبىگە قاتناشتى . ئادەم ئىسكىلىتى بىلەن مېڭە توقۇلما تۇزۇلۇش سخېمىسىنى تەتقىق قىلىش مەزمۇن قىلىنغان بۇ تەجرىبە ئۇنى بەكلا ھاردۇرۇۋەتتى . تەجرىبە خۇلاسىسىنى يېزىپ بولغاندا ، سائەتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغاندى . ئۇ قورسىقىنىڭ ئېچىپ كورکىراپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ياتاققا كىرىپ دەپتەر ـ كىتابلىرىنى قويغاندىن كېيىن ، مەكتەپ ئاشخانىسىغا قاراپ ماڭدى . ياتاق بىناسىنىڭ يېنىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ئاسفالت يولدا تاماق يەپ قايتقان ئوقۇغۇچىلار ئۇچراپ تۇراتتى .
رىسالەت ئاشخانىغا يېقىن قالغاندا ، ئالدى تەرەپتىن بىرسىنىڭ قۇرۇقدالغان قاچىسىنى كۆتۇرگىنىچە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە قوشۇمىسىنى تۇردى . ھەر قېتىم مۇشۇنداق بىمەھەل چاغدا ئۇچرايدىغان تاھىر ئۇنى كۆرۈپ ئالتۇن تېپىۋالغاندەك ھىجىيىپ قويدى .
ـــ تاماققا ئەمدى ماڭدىڭىزمۇ ؟ ـــ دېدى ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ ، ـــ ماڭا قارالڭ ، رىسالەت ، ئاشخانىدا تۈزۈككىنە بىرنېمە قالماپتۇ ، سىرتقا چىقىپ تاماق يەپ كىرسەڭ ، قانداق دەيسىز ؟
ـــ رەھمەت ، ـــ ئۇ شۇنداق دەپلا تاھىرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى ، ـــ چوشقىغا بېرىدىغان ئاداپ بولسىمۇ ، مۇشۇ يەردە تاماقلىناي .
ـــ ھوي ، بىزنى ئادىي كۆرۈۋاتامسىز ؟ بىرەر قېتىم مېھمان قىلغۇچىلىكىمىز بار بىزنىڭ جۇمۇ ، ـــ تاھىر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى ؛ ـــ مەن يېنىۋالماستا ئىززىتىڭىز بىلەن ئارقامدىن ماڭسىڭىز بولارمىكىن ؟ ھېلى پۇشايمان قىلىپ قالىسىز بىكار ...
رىسالەتنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى ، ئەمما يولدا ئادەم كۆپ بولغاچقا ، ئاڭلىمىغان بولۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى .
ـــ نېمانداق قاملاشمىغان نەرسە بۇ ؟ ـــ دەپ ئويلايتتى

رىسالەت ئىچ - ئىچىدىن بوغۇلۇپ، — ئادەمنىڭ ئۆچلۈكىنى نىمانچە كەلتۈرىدىغاندۇ؟ خۇدايىم مۇشۇ نەرسىنى زادى كۆرسەتمە-سۇن ئادەمگە.

ئۇ ئاشخانىغا كىرىپلا بۇ يەرنىڭ خېلىلا بوشاپ قالغانلىقىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسەن تاماق يەپ قايتقانلىقىنى كۆردى. ئاق دوپپىسى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ تۇرغان ئاشپەزلەرنىڭ ئالدىدىكى داسلارمۇ قۇرۇقدىلىپ قالغانىدى. رىسالەت بىر كۆزنەككە كېلىپ، بۇ يەردە ئېشىپ قالغان سۇيۇقئاشتىن بىر قاچا ئالدى - دە، سەل نېرىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ غەزىپى تېخىچىلا يانمىغانىدى.

ئۇ ئىلمان ئاشنى ئاستا ئىچىشكە باشلىدى. تۇز تەمى چىقىپ قالغان بۇ ئاش گويا كۆز يېشىدەكلا ئاچچىق تېتىيتتى. ئۇ مەجبۇ-رىيەت نۇقتىسىدىن زورىغا تاماق يەۋېتىپ سىرتتىن كىرىپ كېلى-ۋاتقان ئالىمجاننى كۆردى. قاچا كۆتۈرۈۋالغان ئالىمجان ئىشىك-تىن كىرىپلا ئالدى بىلەن تاماق سېتىلىدىغان تەرەپكە بۇيۇنداپ قارىدى، ئاندىن ئۇنىڭ كۆزلىرى زال ئىچىگە تەكشى ئاغدۇرۇلدى. ئۇ رىسالەتنى كۆرگەندە، نېمىشقىدۇر ئۆزىچە قىزىرىپ كەتتى.

ئالىمجانمۇ بىر قاچا سۇيۇقئاشنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— سىزمۇ كېيىن قاپسىز - دە؟! — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — سەللا كېيىن قالسا، ئېغىزغا تېتىغۇدەك بىرنەرسە قالمايدۇ زادى...

— كۆرۈنمەيسىزغۇ؟ — دېدى رىسالەتمۇ كۆڭۈلگە يارىشا ئەھۋال سوراپ.

— كېۆرۈنگەن - كۆرۈنمىگەنىنىڭ پايدىسى بولمىسا، — ئالىمجان ئۇنىڭغا قاراپ سۇسقىنا كۈلۈپ قويدى، — مەن-مۇ ھازىر دىققىتىمنى يىغىپ ئۆگىنىۋاتىمەن.

— ياخشىغۇ، — رىسالەت بىر قوشۇق ئاشنى ئېغىزىغا ئاپار-دى ۋە قوشۇپ قويدى، — مەكتەپ دېگەندە دىققەتنى يىغىپ ئاز -

تولا بىرنەرسە ئۆگىنىۋالغانىنىڭ زىيىنى يوق . كىم بىلىدۇ ، بۇنداق پۇرسەت بىزگە قايتا كېلەمدۇ - يوق …

— دېمەككە ئاسان بولغان بىلەن ئەمەلدە كۆرسەتمەك قىيىن ئىكەن رىسالەت ، — ئالىمجان ئۇنىڭ تاماق يېيىشلىرىنى كۆزىتىۋاتقاندەك قاراپ ئولتۇراتتى ، — يەرگە تىككەن كۆچەت كۆزۈڭگە سىغمىسا ياكى ئۇنىڭدىن ھوسۇل ئېلىشقا كۆزۈڭ يەتمىسە ، ئۇنى بىراقلا قومۇرۇۋېتىشىڭ مۇمكىن . ئەمما كۆڭۈلدىكىنى قومۇرۇۋېتىش ئاسان ئەمەسكەن . مەن دىققىتىمنى شۇنداق يىغاي دەيمەن ، بىراق بەزىدە بەڭۋاش كۆڭلۈم ئىرادەمگە خىلاپلىق قىلىۋاتىدۇ . بۇنىڭغا ئامال يوق .

رىسالەت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى . ئالىمجان قوشۇقنى تۇتقىنىچە بىر خىلدا قاراپ ئولتۇراتتى . ئىككىسىنىڭ كۆزى بىر نۇقتىدا ئۇچرىشىپ قالدى . رىسالەت ئىتتىكلا كۆزىنى ئېلىپ قاچتى . تەلىيىگە زالغا نۇرگۈل بىلەن گۈلباھار كىرىپ قالدى . ئۇلار قاچىلىرىنى كۆتۈرۈپ تاماق سېتىلىدىغان كۆزنەكلەرنى بىر قۇر چۆرگىلەپ چىقتى ۋە رىسالەت ئولتۇرغان ئۈستەلگە كەلدى .

— تۈزۈككىنە بىرنەرسە يوققۇ ؟ — دېدى نۇرگۈل ئۆزىگە قاراپ قالغان ئالىمجانغا بېشىنى لىڭشىتىپ سالام قىلىۋېتىپ ، — يەنە سۇيۇقئاش ئىچىۋاتىمەن دېگىن ، بۇ بولماپتۇ ، يۇر ئاداش ، سىرتتا تاماق يەيمىز .

— ھوي مەنتەڭ قورساق ، ھەركۈنى سۇيۇقئاش ئىچىپ زېرىكمەمسەن ؟ — گۈلباھار شۇنداق دېگىنىچە ئۇنىڭ قاچىسىنى ئېلىپ بېرىپ ، بىر بۇلۇڭدىكى كىمدۇر بىرى قويۇپ قويغان داسقا ئاشنى تۆكۈۋەتتى ، — ھەي تۇتۇننى كۆرسەتمەيدىغان پىخسىق ، يۇنداڭنى ئەمدى ئىت ئىچسۇن ، مۇكاپاتقىمۇ خېلى بىرنېمە ئالدىڭ ، بىرەر قېتىم مېھمان قىلاي دېمەيسىنا . يۇر ئەمدى ، سىرتقا چىقىمىز . سېنى ئوبدان بىر سويىمساق بولمىدى .

ئۇلار ئىشىنىڭ تۈگۈگۈنلىكىنىدىن يا ئاچچىقلىنىشىنى يا كۈ-
لۈشنى بىلەلمەي تۇرغان رىسالەتنىڭ قولىدىن تارتقۇشلاپ ئىلىپ
ماڭدى . ئەمدىلا باشلىغان گىپىگە تىگىشلىك جاۋاب ئىلىشقا ئۇل-
گۈرمىگەن ئالىمجان قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە قىزلارنىڭ ئارقىسى-
دىن قاراپ قالدى .

رىسالەت بەئەينى بويىنىدىن باغلىنىپ بازارغا ئىلىپ مېڭىلغان
قويدەك ، قىزلارنىڭ قولىدا سۆرىلىپ كەلمەكتە ئىدى . ئەمدىلىكتە
ئۇنىڭ قاچىسىدىكى ئاشنى گۈلباھارنىڭ تۆكۈۋەتكىنىگە بەكلا ئاچ-
چىقى كەلمەكتە ئىدى . سۆيۈقئاش بولسا نىمە بوپتۇ ؟ گۈلباھارمۇ
ئۆمۈر بويى بۇنداق تائامغا ئىغىز تەگمەيدىغان شاھ مەلىكىسى
ئەمەسقۇ ؟ يۇرتتا تىخى مۇشۇنداق ئاشنى تويغۇچە ئىچەلمەيدىغانلار
كۆپقۇ ؟ ئەجەب قىلىپ كىتىپ بارىدىغۇ بۇ ؟ ھە دىسە جىلمىيىپ ،
خەقنىڭ يانچۇقىنى كولاپ ، جان بىقىش ئۇچۇن ئار - نومۇسنى
قايرىپ يۇرگەن بىرنىمىگە بۇنداق چوڭچىلىق قىلىشنى كىم قويۇپ-
تۇ ؟ ئەستا ...

رىسالەت غەزەپتىن چەكچەيگەن كۆزلىرىنى گۈلباھارغا تىك-
كىپ ، ئەمدىلا بىرنەرسە دەي دەپ تۇرۇشىغا پەيلىنى بىلىپ قالغان
نۇرگۇل ئۇنىڭ ئىغىزىنى ئالىقانلىرى بىلەن توسۇۋالدى .

— بولدى قىل ، — دىدى ئۇ رىسالەتنىڭ قۇلىقىغا پىچىر -
لاپ ، — سىنىڭ نىمە ئويلاۋاتقىنىڭنى بىلىمەن . ئۇ ئىشىڭنى
تۆكۈۋىتىپ ھەقىقەت ئوبدان قىلمىدى . ئەمما ، سەنمۇ تىرە تۆپىسى-
دە پۇل قىلىشۋەرسەڭ بولمايدۇ . بۇگۇن بىز سىرتقا چىقتۇق ،
كۆڭۈللۈك ئويناپ يانايلى ئاداش ، ھەرقانداق گىپىڭ بولسا ، كى-
يىن قىل . ئەتىمۇ تاڭ ئاتىدىغۇ ؟

رىسالەت ئاچچىقىنى يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى . ئەمما ، بىرئاز
ماڭغاندىن كىيىن ، ھىلىقى چاغلاردىكى ئىشنى يادىغا ئىلىپ چىپ-
پىدە توختىتىدى .

— بىز يەنە جۇشقۇنىنىڭ ياتىقىغا بارمايدىغانمىز ؟

— ھەي سەھرالىق ، سەن قايسى چاغدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن ؟ بىز پەدە يەڭگۈشلەپ ئۇلارنى تاشلىۋەتكىلى نىچاغ ؟ ئەمدى بارغۇ ، ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتىدىكى شەمشىدىن ئاكاشىنىڭكىگە بارىمىز .

رىسالەت گۈلباھارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ، دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلدى . ئۇ نۇرگۈلنىڭ ئۆزىگە سۇنۇلغان قولىنى قوپاللىق بىلەن سىلكىۋېتىپ ، مەكتەپ تەرەپكە قاراپ خۇددى قىسقا ئارىلىققا تېز يۈگۈرگەن تەنھەرىكەتچىدەك ئۆزىنى ئاتتى .

— رىسالەت ، ھەي رىسالەت ، توختا !

— توختاپ تۇر ، مەن ساڭا چۈشەندۈرەي …

ئۇ نۇرگۈل بىلەن گۈلباھارنىڭ ۋارقىراشلىرىغا پىسەنت قىلماستىن ، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى .

— تېخى ئادەم بولماپتۇ بۇ باچكا ، — دېدى گۈلباھار يەرگە شىرتتىدە تۈكۈرۈپ ، — ئويىنتىپ كېلەيلى دېگەن ياخشى كۆڭلىمىزنى پەقەتلا چۈشەنمىدى - دە !

— سەن بىلمەيسەن ، — دېدى نۇرگۈل ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە بېشىنى چايقاپ قويۇپ ، — بۇ نېمىنى ئەرلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگىنىگە قاراپ ، دەسلەپتە ئەركەكزەدەكمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم . بۇ قېتىم ئۇ مۇكاپات پۇلىنى ئېلىپلا مېنى بازارغا باشلاپ باردى ، مەن دەسلەپتە ھەيران قالدىم ، تېخى «مۇكاپاتىدىن ماڭا بىرەر نەرسە ئېلىپ بېرىدىغان بولدى ، ئەتە كۈن قاياقتىن چىقار ؟ » دەپ ئويلاپتىمەن . ئەسلىدە ئۇ مېنى يۇرتىكى بىرنېمىسىگە سوۋغات تاللىشىپ بېرىشكە چاقىرغانىكەن . مەنمۇ بۇنى ئېغىر ئالماي ، ئۇنىڭغا كۆڭۈلدىكىدەك سوۋغات تاللاپ بەردىم . ئەمدى بىلگەنسەن ، ئۇ مەكتەپتە خۇددى كۈن نۇرىمۇ رېئاكسىيە قىلدىغان پەرىدەك يۈرگىنى بىلەن ، جىن قورسىقىدا ئىكەن ئەمەسمۇ .

— شۇنداقمۇ ؟ — دېدى گۈلباھار قاشلىرىنى ئۇ - چۇرۇپ ، — قانداقراق سوۋغات ئالدىڭلار ؟

— ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەرگە ماس كېلىدىغان قىزىل يوللۇق گالستۇك ...

— ۋاي ، چىڭسەي قوۋۇرغام ، ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك ؟ دېسەم - دېمىسەم ، ئۇ ئەلۋەتتە خوتۇن - بالىلىرى بار ئادەم . رىسالەت دېگەن ناىناق بۇ يەردە ئۆزىگە ئەركەك چىۋىنىنىمۇ قوندۇرماي يۈرگىنى بىلەن ، ئەسلىي تاماشاسى يۈرتتىكەن ئەمەسمۇ ؟

گۈلباھار تىزىغا مۇشتلاپ كۈلۈپ كەتتى . ئۇنىڭ تاغ قاپتاللىرىدا كۆتۈرۈلگەن كەكلىكنىڭكىدەك ئاۋازى كوچىنى بىر ئالدى .

— بۇ دۇنيادا زادى گۈش يېمەيدىغان مۇشۇك يوق ، — دېدى نۇرگۈلمۇ كۈلۈپ قويۇپ ، — ھە راست ، بۇ گەپنى بىرسىگە تىنىما ، بولمىسا مەن گەپ توشۇيدىغان ئايغاقچى بولۇپ قالماي يەنە .

ئۇلار كۈلۈشكىنىچە يولنى داۋاملاشتۇردى .

— ھە راست ، شەمشىدىن دېگەن كىسپۇرۇشمۇ ئۇچ بولۇپ كېلىڭلار دېگەن ، ئەمدى بىر قىزنى نەدىن تاپىمىز ؟

— ئۇرۇمچىدىكى ئەرلەرگە ھەيران قېلىۋاتىمەن ، — دېدى گۈلباھار يۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ، — ئۇلار مولللا تولا يەردە قوي ھارام دېگەننى ئاڭلىمىغانمىكىنە ؟ ھە دېسە ئۇچ بولۇڭلار ، تۆت بولۇڭلار دەپ ئادەمنى تەڭلىككە سېلىشىدىكەن . بىز بولغاندىكىن بولمىدىمۇ ؟ ئىككىدە ئىككى بولۇپ ئولتۇرساق ، نېمە بولىدىغاندۇ ؟

— شۇ ئەمەسمۇ ؟ — نۇرگۈل ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ بېشىنى لىڭشىتتى ، — بۇ خەقنىڭ قىلىقىغا مەنمۇ ھەيران قېلىۋاتىمەن . مەكتەپتە قىزلار كۆپ بولغىنى بىلەن تولىسى رىسالەتەك ياۋا تەخەيلەر تۇرسا ، ئۇلارنى بىز قانداق كۆندۇرىمىز ؟ ھېلىمۇ قىز تاپىمىز دەپ خەقنىڭ ئېغىزىغا چىقىپ قېلىۋاتىمىز . بولدىلا ، ئىككىمىز بېرىۋېرەيلى ، ئارتۇق بىرى ئۆزىنى بىلسە ، ئەرشىدىندەك چاپىنىنى يۇدۇپلا كۆزدىن يىتۇر .

— بوپتۇ ئەمسە، شۇنداق قىلايلى ...
ئىككى قىز پىيادىلەر يولىنى بويلاپ يۈرۈپ كېتىشتى .

## 34

رىسالەت ياتاققا قايتىپ كەلدى . رەشىدە كىمگىدۇر يازغان خېتىنى چىرايلىق قاتلاپ بىر كونۋېرتنىڭ ئىچىگە سالدى ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن، سىرتقا ماڭدى . رىسالەت ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى . كۆز ئالدىدىن سەت ھىجىيىپ تۇرغان تاھىر، قوشۇقىنى ئويناپ ئولتۇرغان ئالىمجان، قارلىغاچتەك ۋىچىرلاپ كەتكەن نۇرگۈل، قاچىسىدىكى ئاشنى قوپاللىق بىلەن تۆكۈۋاتقان گۈلباھار بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭ نېمىگىدۇر ئوغىسى قاينىماقتا ئىدى . نېمىشقىدۇر كۆز ياشلىرى كۆز يامغۇرىدەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى . ئۇ بىرپەس ئېسەدەپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز چامادانىنى ئاچتى . چىرايلىق قاتلاپ قويۇلغان كىيىملەر ئارىسىدىكى ئالبۇمنى قولىغا ئالدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىردىنلا چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى . ئۇ لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە ئالبۇمنى ئاچتى، ئاھ ...

ئالبۇمنىڭ بىرىنچى بېتىدە ئۇنىڭ سۇلايمان قاسىم بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرىتى بار ئىدى . سۈرەتتىكى قىزىل شارپىلىق، قىزىل پەلتولۇق رىسالەت بەئەينى چۆلدە ئېچىلغان چوغلۇق گۈلىنى ئەسلىتەتتى . سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆكرىپ تۇرغان ساقال ئىزلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا سۈرەت ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەندى . سۇلايمان قاسىمنىڭ ئىسسىق تىنىقلىرى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلاتتى . قوللىرى رىسالەتنىڭ يۇمشاق ئالىقىنىدا تېخىمۇ تىترەپ كەتكەندەك ئىدى . سۇلايمان قاسىم مۇلايىم كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكەتتى، ئېغىزىنى ئۈمەللەپ بىرنېمە دېمەكچى بولاتتى، ئەمما زۇۋان سۈرەلمەيتتى . كۆزلىرىدە قانداقتۇر بىر ھاڭدىن سەكرەپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمى-

غاندەك ئىككىلىنىش ، قورقۇنچ ئەكس ئېتەتتى . رىسالەت سۇلايمان قاسىمنىڭ بۇ ئەپتىگە قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى …

ياتاق ئىچى بەئەينى قۇترىغان بوران تىنچىپ قالغان قۇملۇقلاردەك سۈكۈتكە پاتقان ، ئۇ يەردە ھاياتلىققا تەۋە ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى . رىسالەت كارىۋىتىدا كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ، ئالبۇمنى باغرىغا باسقىنىچە ياتاتتى . ئۇ شۇ تۇرقىدا ئۇيقۇغا كەتكەن سۇ پەرىسىگە ئوخشاپ قالغانىدى …

ئىشىكنىڭ قاتتىق قېقىلىشى ئۇنى چۈش بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى خىيالىي دۇنيادىن قايتۇرۇپ كەلدى . ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ سۈرىتىگە قىيالماسلىق نەزىرىدە يەنە بىر قارىغاندىن كېيىن ، ئالبۇمنى ئاۋايلاپ چامادانغا سېلىۋەتتى ۋە كارىۋاتتىن چۈشتى . ئىشىك يەنە بايىقىدىن قاتتىقراق قېقىلدى .

— ھە مانا … — رىسالەت ئالدىراپ ئىشىكنى ئاچتى ، ئىشىك ئالدىدا پوچتىخانىدىن قايتىپ كەلگەن رەشىدە ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى .

— كۈپكۈندۈزدە ئىشىكنى تاقىۋاپسەنغۇ ؟ — دېدى ئۇ ياتاققا كىرىپ ئۇ يەر - بۇ يەرگە بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن ، — بىرسىنى ئەكىرىۋالمىغانسەن ؟

رىسالەت ئۈندىمەستىن كۈلۈپ قويدى . ئۇ رەشىدەنىڭ گۇمانخورلۇقىنى ئوبدان بىلەتتى .

— گەپ قىلمايسەنغۇ ؟ — دېدى رەشىدە ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلىپ .

— دەيدىغان گەپ بولمىسا ، ساڭا نېمە دەيمەن ؟

رىسالەت شۇنداق دېگىنىچە كارىۋىتىغا چىقتى ۋە بىر كىتابنى قولىغا ئالدى . بۇنى كۆرۈپ رەشىدە ئېغىزىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى . ياتاق ئىچى بىرپەس سۈكۈتكە چۆمدى .

— بۇ ئىككىسى يەنە ئۇۋغا ماڭغان ئوخشىمامدۇ ؟ — دېدى رەشىدە بېشى بىلەن ئىككى قىزنىڭ كارىۋىتىنى ئىما قىلىپ .

— سېنىڭمۇ ئۇۋغا چىققۇڭ كەلگەن ئوخشىمامدۇ ؟ —

رىسالەت ئۇنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى ، — تېز يۈگۈرسەڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىشىڭ مۇمكىن . ئۇلار تېخى ئۇ-زاققا بارمىدى .

— بولدى قويغىنا ، — رەشىدە تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ، ئۆزى-نىڭ ئۇنداق قىزلاردىن ئەمەسلىكىني بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغان-دەك باتىندى ، — مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ ؟ مېنى ئۇلار بىلەن ئون يىل بىر قازاندا قاينىتىسىمۇ شورپىمىز كېلىشمەي-دۇ ، رىسالەت .

— ئىلگىرى خېلى ئوبدان كېلىشكەندەك قىلىۋىدىڭغۇ ؟ — رىسالەت قاشلىرىنى سۈزۈپ قويدى ، — ئەمدى نېمە بولدى ساڭا ؟ بىر دەمدىلا ئاق بالىخان بولۇۋاپسەنغۇ ؟ مېنى بىلمەيدۇ دېمە رەشى-دە ، ئۇلار سېنى چاقىرىۋالمىغىنى ئۇچۇنلا باتناپ دەۋاتقان گېپىڭغۇ بۇ ؟ مەندىن ساڭا نەسىھەت بولۇپ قالسۇن ساۋاقدىشىم ، بىر دەملىك ھاۋايى ھەۋەس پايدا بەرمەيدۇ . شۇڭا ، ئىززىتىڭنى ساقلاپ ، ئادەم-دەك ياشىشىڭ كېرەك . قاغىنىڭ كەينىگە كىرسەڭ يېيىشىڭ پوق دېگەننى ئاڭلىغان بولغىيدىڭ ؟ بىزنى ئاتا - ئانىمىز زور ئۈمىدلەر بىلەن بۇ يەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن . ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويۇپ ، قىڭغىر دەسسەپ يۈرسەك ، ئىزىمىزمۇ مايماق چۈشىدۇ ئاداش . ئۇلارنى كۆرمەيدۇ ، بىلمەيدۇ دەپ قىلغان ئىشىمىز ئاقى-ۋەتتە ئۆزىمىزنىڭ ۋىجدانىنى ئازابلاپ قويۇشى مۇمكىن . ئۆزگە يۇز كېلەلمىگەن ئادەمنىڭ باشقىلارغا ، جۈملىدىن ئاتا - ئانىسىغا يۈز كېلەلىشى مۇمكىنمۇ ؟ قانداق دېدىم ؟

رەشىدە خۇددى مولىلاردىن دىنىي تەلىم ئېلىۋاتقان ئىخلاس-مەن تالىپلاردەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بېرى-لىپ ئاڭلىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدى تاڭ پەيتىدىكى ئۇپۇق جىيىكى-دەك ئاستا - ئاستا ئاقىرىشقا باشلىغانىدى .

— دېگەنلىرىڭ ھەق ، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا ، — مەنمۇ بەزىدە شۇنداق ئويلايمەن ، ئەمما بەزىدە شۇنداق ئويلاپ تۇرۇپ يەنە باشقىلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىغان چاغلىرىممۇ بار . ئىشقىلىپ

بۇ دۇنيادا ئۆز مەيلىڭ بويىچە خاتىرجەم كۈن ئالماق بەكمۇ مۈش-كۈل ئىكەن . يۇرتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، مەن دەسلەپتە بىر ئاز غېرىبلىق ھېس قىلدىم ، يات شەھەرنىڭ ھەممە نېمىسى ماڭا يات بىلىندى ، ئاشۇ ياتلىق ئىچىدىن ئۆزۈمگە دوست ئىزدىدىم . ئېرىش-كىنىم نېمە بولدى ؟ ھەي ، ئويلىسام يۈزلىرىم قىزىرىپ كېتىدۇ . بۇ ھەممىسى سەندىن پايدا ئېلىشنى كۆزلەيدىغان يۇرت ئىكەن . باشقىلارغا خالىس قولىنى سۇنىدىغانلارنى مەن ھازىرغىچە ئۇچرى-تىپ باقمىدىم . ھەممىسى سىېنى ئۇرسام ، يىقىتسام ، ھەتتا بىر پارچە گۆشۈڭنى بولسىمۇ يۇلۇۋالسام دېيىشىدىكەن . شۇڭا ، مەنمۇ بۇلارنىڭ كەينىگە كىرىشتىن ئۆزۈمنى تارتتىم . خەقنىڭ چىرايىغا قاراپ سۇنئىي كۈلۈپ ، ئۇلارنىڭ قىلىقسىزلىق قىلىپ ئۇ - بۇ يېرىڭنى سىلاشلىرىغا سۈكۈت قىلىپ ، يېگەن بىر چوكا سەيدىن خاتىرجەم ئولتۇرۇپ يېگەن بىر زاغراڭ بەك تېتىيدى-كەن ئادەمگە ...

— سەنمۇ ئادەم بوپسەن ، — دېدى رىسالەت ئۈنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، — مانا ئەمدى ھەقىقىي بىر ستودېنتتەك گەپ قىلدىڭ . مۇشۇ ئىرادەڭدە چىڭ تۇرالىساڭ ، سەن مەڭگۈ مېنىڭ ياخشى ساۋاقدىشىم بولىسەن ، ئاداش ، — ئۇ رەشىدەنى بارلىق مېھرى بىلەن چىڭ قۇچاقلىدى .

ئىككى قىز تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ، قانداق-سىگە بۇنچە كەچ بولۇپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى . سىرتتا كۆكۈم پەردىسى يېيىلغان ، ئەتراپ غۇۋا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ بار-ماقتا ئىدى . ياتاق ئىچىمۇ قارىيىپ كۆرۈنەتتى .

— كىنوغا بارامدۇق ؟ — دېدى رەشىدە بىر چاغدا سائىتىگە قاراپ قويۇپ ، — مەكتەپ زالىدا كىنو بار ئىكەن .

— قايسى فىلىمنى قويىدىكەن ؟

— پاكىستاننىڭ «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» دېگەن فىلىمى ئوخشايدۇ .

— شۇنداقمۇ ؟ — رىسالەت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەت -

تى ، ــ ئۇنداق بولسا كۆرەيلى ئاداش ، تېز بول ، ماڭايلى ...

ــ «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» دېسەم ، تاپىنىڭ قىزىپ تۇرال-ماي قالدىڭغۇ ؟ ــ رەشىدە كۈلۈپ كەتتى ، ــ قانداق ، شۇنداق مۇستەھكەم تامدىنمۇ شامال كىرىۋاتامدۇ ؟

ــ سەن بىلمەيسەن ، ــ دېدى رىسالەت چامادانىنىڭ قۇلۇپى-نى ئېتىۋېتىپ ، ــ مەن مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا بۇ كىنونى ئائىلە بويىچە كۆرگەن ، دادام ـ ئانام ۋە قوشنىلار مۇشۇ كىنو بىلەن مېنى يولغا سالغان . شۇ تۇرقىدا ئاشۇ مەنزىرىلەر كۆز ئالدىمغا كېلىۋاتىدۇ . قېنى ، تېز بول ، كېچىكىپ قالمايلى يەنە .

ئۇلار كەچ قالغان بازارچىدەك كىنوخانا تەرەپكە قاراپ ئالدى-راپ يول ئېلىشتى .

مەكتەپ ئىچى خېلىلا جانلىنىپ قالغانىدى . جۈپ ـ جۈپ قىز ـ يىگىتلەر كىنوخانا ئالدىدا پىتىراپ كەتكەنىدى . ھەم-مەيلەننىڭ چېھرىدە ئاجايىپ بىر خۇشاللىق جىلۋە قىلاتتى . ئۇلار مۇشۇ كىنونى كۆرسىلا ، خۇددى خەمىت بىلەن رۇخسارىغا ئوخشاش چىن مۇھەببەتنىڭ ۋەكىللىرىگە ئايلىنىدىغاندەك بىر تۇيغۇدا ئىدى . قىزلار يىگىتلەرگە ئەركىلەيتتى . يىگىتلەر قىزلارغا ئوتلۇق كۆز-لىرىدە باقاتتى ، ئاشۇ ئوتلارنىڭ قاچانغىچە كۆيۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بىلىشمەيتتى .

رىسالەت بىلەن رەشىدە كىنوخانىغا كىردى ۋە زالنىڭ ئوتتۇ-رىسىدىن بوش يەر تاپتى . ئۇلار ئەمدىلا كېلىپ ئولتۇرۇشىغا تاھىر ئاسماندىن چۈشكەندەك رىسالەتنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالدى .

ــ مېنى بار دەپ كىنوغا يالغۇز كىرىپسىز ـ دە !

رىسالەت قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن سەسكىنىپ كەتتى . ئۇ تاھىرغا ئالىيىپ قاراپ قويدى .

ــ نېمە ، بۇ كىنونى يالغۇز كۆرگىلى بولمامدى-كەن ؟ ــ دېدى ئۇ زەردە بىلەن .

ــ بۇ دېگەن ھە دېسە تاپانچىسىنى پاڭىلدىتىپ ئاتىدىغان ئۇرۇش فىلىمى ئەمەس ، ــ تاھىر ئۇنىڭ يېنىدا ئەپلىك ئولتۇ-

رۇپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ، ــ مۇھەببەت فىلىملىرىنى چىن كۆڭلۈڭدىكى ئادىمىڭ بىلەن كۆرسە ، ئاندىن لەززەتلىك بولىدۇ . بۇ لەززەتنى مەن سىزگە تولۇقى بىلەن بىرەلەيمەن .
ــ زۇۋانىڭىزنى يىغىشتۇرۇپ ئولتۇرامسىز ياكى بۇ زالنى سىزگە تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كېتەيمۇ ؟
تاھىر ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بالقىغان غەزەپ ئۇچقۇنىنى كۆرۈپ جىم بولدى . ئەمما ، زالدىكى خېلى كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلار تاھىر بىلەن بىللە ئولتۇرغان رىسالەتكە ھەيران بولغاندەك ئەلپازدا قاراشماقتا ئىدى .
ۋاقىت توشۇپ كىنو باشلاندى . زال ئىچىدە خەمىتنىڭ شوخ ناخشىلىرى ياڭراشقا باشلىدى . رىسالەتنىڭ خىياللىرىمۇ قاناتلىنىپ ئەينى چاغدىكى زالغا ــ سۇلايمان قاسىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئاشۇ مىنۇتلارغا ئۇچۇپ كەتتى …

ئالدىمدا سەن ، كەينىمدە سەن ،
نەگە بارساڭ شۇ يەردىمەن …

بۇ ناخشىنى كىشىلەر شۇنداق توقۇۋالغانمۇ ياكى خەمىتنىڭ ئوردۇچە ناخشىسىدا شۇنداق مەنە بارمۇ ، بىلىپ بولمايتتى . ئەمما ، بۇ ناخشا كىنودىكى ئاھاڭ بويىچە ياشلارنىڭ ئېغىزىدا شۇنداق ئوقۇلاتتى . رىسالەتمۇ كىنو كۆرۈۋېتىپ ئاشۇ ناخشىنى ئەسلەپ قالدى … سۇلايمان قاسىمنىڭ ئىسسىق نەپەسى يەنە ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلماقتا ئىدى . قار ئۇچقۇنداپ تۇرغان چەكسىز دالا ، ئۇ يەردە بىر ـ بىرىگە قار پوكزىكى ئېتىۋاتقىنى خەمىت بىلەن رۇخسارى ئەمەس ! جان ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغاندا بىر ـ بىرىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ ئەرشكە بىرگە ماڭغىنى خەمىت بىلەن رۇخسارى ئەمەس … ! راست ، ئۇلار ئەمەس ، بەلكى سۇلايمان قاسىم بىلەن رىسالەت … ! شۇ خىيال بىلەن تەڭ ئۇ رەشىدەنىڭ بىلىكىنى چىڭ قامالىدى . كۆز ياشلىرى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈ-

لۈشكە باشلىدى . دەل شۇ چاغدا بىر سوغۇق قول ئۇنىڭ بېقىنىنى سىلىدى ...

— هايۋان ، — رىسالەت ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى ، زالدا چىراغ يېنىپ ، ھەممەيلەن ئۇلار تەرەپكە قاراشتى . تاھىر ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھىجىيىپ ئولتۇراتتى . رىسالەت يۈزىنى تۇتقىنىچە زالدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى .

شۇ كۈنى كېچىسى رىسالەت بەكمۇ قورقۇنچلۇق چۈش كۆردى . ئۇ يالاڭ ئاياغ پېتى بىر قۇملۇقتا يۈگۈرۈپ كېتىپ باراتتى . گىياھسىز قۇملۇق بەئەينى تونۇردەك قىزىپ كەتكەن ، ھەر بىر قەدەم ئالغىنىدا تاپىنى پىژىلداپ كۆيەتتى . يىراقتا ئالۋۇنلار چىمىرلىشاتتى ، ئۇ كۆز يەتكۈسىز تاقىر قۇملۇقلاردا ئاشۇ ئالۋۇنلارنى قوغلاپ كېتىپ باراتتى . ئۇ قۇم دۆڭلىرىدىن ئاشاتتى ، بىر دۆڭدىن ئۆتۈپ بولسا يەنە بىرىگە يامىشاتتى . كاللىسىدا ئاشۇ كۆز يەتكۈسىز ئېقىنغا ئۇلىشۋالسام ، مۇزدەك سۇدىن قانغۇچە بىر ئىچسەم ، تەشنالىقىمنى بېسىپ ، ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرسام ، جەزمەن ھايات قالىمەن ، دېگەن بىرلا ئوي ھۆكۈم سۈرەتتى . ئۇ ئالۋۇن قوغلاپ كېتىۋاتقاندا غۇچچىدە قامغاق بېسىپ كەتكەن بىر دۆڭگە دۈچ كەلدى . ئۇ ئۆز يولىنى توسۇپ تۇرغان بۇ چاتقاللار ئارىسىدىن قانداق كېسىپ ئۆتۈشنى بىلەلمەي تۇرغاندا ، چاتقاللار ئارىسىدىن قىپقىزىل تىلىنى پىلدىرلاتقىنىچە بىر قارا يىلان چىقىپ كەلدى . ئۇنىڭ دۈپدۈگىلەك كۆزلىرى رىسالەتكە ۋەھشىيلىك بىلەن تىكىلەتتى . يىلاننىڭ پەيلىنى كۆرۈپ ، ئۇ بىر چىرقىرىغانچە كەينىگە ئۇچۇپ كەتتى ۋە «ئانا» دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى ...

رىسالەتنىڭ پۈتۈن بەدىنى قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەنىدى . يۈرىكى ئېغىزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك ھاسىرايتتى . ئۇ شۇ ھالدا خېلى ئۇزۇن ئولتۇردى . بىنا ئالدىدىكى ستولبىغا ئورنىتىلغان چىراغ نۇرى ياتاق ئىچىنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى . رىسالەت كەيپىياتى بىرئاز ئەسلىگە كەلگەندەك بولۇپ ، ياتاق ئىچىگە نەزەر

تاشلىدى . رەشىدە پۇشۇلداپ يېتىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن . نۇر-
گۈل بىلەن گۈلباھارنىڭ كارىۋىتى بوش تۇراتتى . قارىغاندا ئۇلار
بۇگۈنمۇ بىرسىنىڭ قوندىقىدا قونۇپ قالغانىدى .
كېچىنىڭ شۇنچە بىر يەرگە بېرىپ قالغىنىغا باقماي ، قايسى-
دۇر بىر ياتاقتىن بىرىنىڭ گىتارغا تەڭكەش قىلىنغان ناخشا ئاۋا-
زى ئاڭلاندى :

سەن كەتتىڭ يىراقلارغا ،
قۇشلار ئۇچۇپ بارالمايدۇ .
شاماللار قوغلاپ يېتەلمەيدۇ ،
ئاۋازىم ھەم يەتمەيدۇ .
ئەمما ،
كۆڭلۈم ھامان تېپىۋالىدۇ
سېنىڭ تېنەپ يۈرگەن
بەخۇاشلىقىڭنى…

قىزنىڭ ناخشىسى يۈرەكنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق ، كۆتۈرۈپ
قويقۇسىز پىغانلارغا تولغانىدى . ئۇ ناخشىسىدا يىراقتا كەتكەن
يارىنى سېغىناتتى . ۋۇجۇدىنى ھىجران ئازابى قىيناۋاتقان قىز
كېچىنى ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ ، سېغىنىش ئىلكىدە ئۆت-
كۈزمەكتە ئىدى .
قىزنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسىنى ئاڭلاپ ، رىسالەتنىمۇ يىغا تۇت-
تى . ئۇ قەلبىدە ئۆرىدەۋاتقان قانداقتۇر تۇيغۇلارنى بېسىشقا تىرى-
شاتتى . شۇنچە تىپتىنچ ، ھەممە ياق سۈكۈتكە پاتقان بۇ كېچىدە
ئۇنىڭ قەلبىدىكى كۆل سۈيى يەنە چايقىلىشقا باشلىدى . ئۇششاق
دولقۇنلار توختاۋسىز مەۋج ئۇراتتى . يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملى-
رىدا بىر ئوت گۇرۇلدەپ كۆيمەكتە . ئۇ بۇ ئوتنىڭ نەدىن تۇتاشقى-
نىنى ، قاچانغىچە كۆيۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى . تۇتەكلىشىپ
تۇرغان ئاسماندا مەيىن شامال پەيدا بولدى ، قۇياش يۈزىنى ئورىۋال-

غان تۇمان سۇزۇلۇشكە باشلىدى ، ھاۋا ئېچىلىپ ، كۆپكۆك ئاسمان-
دا نۇرانە قۇياش ، ياق ، كۇلۇمسىرەپ تۇرغان سۇلايمان قاسىمنىڭ
يۈپيۇمىلاق يۈزى پەيدا بولدى ، رىسالەت يىلان چىقمۇۋالغاندەك تول-
غىنىپ كەتتى . ئەنە ، خەمىت ناخشا ئوقۇماقتا ، رۇخسارى ئۇنىڭ
مۇرىسىگە بېشىنى قويۇۋالغان ، قىزىقلىقىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ
تۇرغان چەكسىز قۇملۇق ، غوچچىدە چاتقال بېسىپ كەتكەن بىر
دۆڭ ، ئۇنى قوغلاپ كېتىۋاتقان قارا يىلان ... كۆرۈنۈشلەر
بىر - بىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى . ئۇنىڭ قۇلىقى غوڭۇلداپ ،
تۇيغۇلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى ...

رىسالەت چۈشىنى ئويلاپ يېتىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى ، مەڭگۇ
قوغلاپ يەتكىلى بولمايدىغان ئالۋۇن نېمە ؟ چاتقاللىق ئىچىدىن
ۋىشىلداپ چىققان يىلان نېمە ؟ قۇملۇقنىڭ تاپىنىنى كۆيدۈرۈشىنى
قانداق چۈشىنىش مۇمكىن ؟ بۇ چۈشنىڭ خاسىيىتى بارمۇ ؟ قاباھى-
تى نېمە ؟ ئويلىغانسېرى ئۇنى سۇر باساتتى . بۇ چۈشنىڭ ياخشى-
لىقتىن كۆرە يامانلىقتىن بېشارىتى ئارتۇقتەك بىلىنەتتى .

رىسالەت خىيال بىلەن يېتىپ ناخشىنىڭ قاچانلاردا توختاپ
قالغىنىنى تۇيمايلا قالدى . ناھايىتىمۇ ئۇزۇن بىلىنگەن بۇ كېچە
ئاخىر تاڭغا ئۇلاشتى ، رىسالەت روھسىز ھالدا ئورنىدىن تۇردى ،
ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرىنى پۇتۇنلەي قوقاق بېسىپ كەتكەنىدى . ئۇنى
بۇ ھالدا كۆرگەن رەشىدە ۋارقىراپ كەتتى :

— نېمە بولدى ساڭا ھوي ؟ ئاخشام بىر ئوبدان تۇراتتىڭ ،
بىر كېچىدىلا قوقاقچى موللىنىڭ ئۆزى بولۇپ قوپۇپسەنغۇ ؟

— كېچىچە قارا بېسىپ چىقتى ، رەشىدە . بەكلا قورقۇپ
كەتتىم ، يۈرىكىم ھازىرمۇ قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك سىلىۋا-
تىدۇ . ھەي ، نېمە كۈن بۇ ماڭا ؟

— قارا باسقاندا مېنى ئويغاتساڭ بولمامدۇ ؟ — دېدى رەشى-
دە ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلەن قاراپ ، — يۈرىكىڭگە سۇ پۈركۈپ
قوياتتىم ئەمەسمۇ ؟

— قارىسام بىر تاتلىق ئۇخلاۋېتىپتىكەنسەن ، ئويغىتىشقا

كۆڭلۈم ئۇنىمىدى ، ـــ رىسالەت ئەينەكتىن ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ، ـــ ھەي ، بۇ ئەپتىم بىلەن قانداقمۇ سىرتقا چىقالايمەن ئەمدى ؟

ـــ ئەمىسە سەن يېتىپ ئارام ئال ، ـــ رەشىدە ئۇنىڭ ئالدىغا بىر پىيالە قايناق سۇ ئېلىپ كەلدى ، ـــ مەن سەن ئۇچۇن رۇخسەت سوراپ قوياي .

ـــ ياق رەشىدە ، دەرستىن قالسام بولمايدۇ ، مەيلىلا ، بۇ-گۈنلا مېنىڭ تويۇم بولمايدىغۇ ئاخىر ، ـــ رىسالەت كۈلۈپ قويۇپ ناشتىغا تۇتۇندى ، ـــ ئەپتىمدىن نومۇس قىلىپ دەرستىن قالسام ، زادى بولمايدۇ . ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت .

35

سۇلايمان قاسىم بۈگۈن پىلانلىغان ئىشىنى كەچ كىرگەندىلا ئاران تۈگىتىپ بولدى . ئۇ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ، ئېرىنچەك-لىك بىلەن شورىغىنىچە چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ ئىشخانا ئىچىدە بىر ئاز ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنى ھەقىقەتەن ھارغىنلىق باسقانىدى . توختى-ماستىن خەت يازغان قوللىرى تېلىپ ، كۆزلىرىمۇ قۇم تىققاندەك ئېچىشىپ تۇراتتى . ئۇ تاماكىسىنى چېكىپ بولۇپ ، قالدۇقىنى كۈلدانغا باستى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ تازا بىر كېرىلدى . ئۇستىخان-لىرى غىرىسلاپ ھاردۇقى بىر ئاز كۆتۈرۈلگەندەك بولدى . ئۇ ئۈس-تەل ئۈستىدە تۇرغان ماتېرىيالLارنى بىرقۇر رەتلىۋەتمەكچى بولدى ۋە سائىتىگە قاراپ ، بۇ نىيىتىدىن ۋاز كەچتى . چۈنكى ، ۋاقىت ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىدىن بىر سائەتتەك ئۆتۈپ كەتكەنىدى . ئۇ كىيىم ئاسقۇدىكى چاپىنىنى ئېلىپ ئەمدىلا ئىشىك ئالدىغا بېرىۋە-دى ، تېلېفون تۇيۇقسىز ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى . ئۇ ئىتتىكلا كەينىگە يېنىپ ، تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى .

ـــ ۋەي ...

ـــ ھە ، سۇلايمانمۇ سەن ؟ بارمۇ سەن ئاداش ؟ ئۆتكەنكى

ئىشتىن كېيىن ھېچبىر قاراڭغۇ كۆرسەتمەيسەنغۇ ؟ قاد-
داق ، بالا - ئۇششاقلىرىڭ سالامەتتۇ ؟
سۇلايمان قاسىم تېلېفوندىن سەلىمجاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ
بىرنەرسىدىن يىرگەنگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى .
راست ، ئۇ ئاشۇ قېتىم جىگدە ئېرىققا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ،
بۇ ساۋاقداشنى كۆڭلىدىن يىراقلا چىقىرىۋەتكەن ۋە قايتا ئىزدىمە-
گەنىدى . قولىدىن كېلىدىغان بىر ئىشلارنى خالىس نىيەتتە بېجىر-
مەي ، ئۇ يەر - بۇ يەردە سۆيدۈك پۇراپ يۈرگەن سەلىمجان ئۇنىڭ
كۆزىگە پەقەتلا سىغمىغانىدى . مانا ئەمدى ئۇ ئۆزى تېلېفون قىپتۇ ،
ئەمما سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۇنىڭغا دەيدىغان باشقا گەپ - سۆزى
يوق ئىدى .
— تىنچلىق بۇرادەر ، ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىچۇ ؟ ئېشىكىڭگە
تاقاپ قالغان قىزلىرىڭ ئامان - ئېسەن تۇرۇۋاتامدۇ ؟
سۇلايمان قاسىم ئەتەي ئۇنىڭغا قىزلىرىنى ئەسلىتىپ قويدى .
چۈنكى ، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن بۇيان ، ھېچقانداق ئىشىدىن چاك
چىقماي كېلىۋاتقان سەلىمجاننىڭ ئىككى قىزىمۇ ئون يەتتە - ئون
سەككىز لەرنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان چىرايلىق قىزلار ئىدى ،
كونىلاردا «ئاتىنىڭ قىلغىنى ئۆز بالىسىدىن ياندۇ» دەيدىغان گەپ
بار . سۇلايمان قاسىم سەلىمجاننىڭ قايسىبىر گۇناھىغا ئاشۇ قىزلار
ھەق تۆلەپ قالمىسا بولاتتى ، دەپ ئەنسىرەيتتى .
— ھازىرچە ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلماي تۇر ، — سەلىمجان
تۇرۇپكىغا پۈش - پۈش قىلىپ تىنىپ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كې-
يىن دېدى ، — سېنىڭ بۇ يەردە نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىڭنى
مەن ئوبدان بىلىمەن ، بولدى ، ھەر كىم ئۆزىنىڭ پېشانىسىدىكىنى
كۆرىدۇ ، ئاداش . ئىككىمىز ئاق يەردە تۇغمەن چۆرۈپ يۈرمەيلى .
مۇنداق ئىش ، بىر ئاغىنەم بۈگۈن مېھمان قىلمىسام زادى بولماي-
دۇ ، دەپ تۇرۇۋالدى . ئۇ يەرگە بىرگە بارايلى دېگەن ، مەن ھازىر
سېنىڭ ئىدارەڭنىڭ ئالدىدا ، غاچچىدە چىقساڭ ، بىرگە بېرىپ
مېھمان بولۇپ كېلەيلى دوستۇم …

ـــ ياخشى كۆڭلۈك ماڭا تېگىل بولدى ، ـــ دېدى سۇلايمان
قاسىم قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە ، ـــ مېنىڭ ئاشۇنداق مېهماندار-
چىلىقتا دېگەندەك خۇشۇم يوق ، ئاداش . خەقنىڭ تۇگمىنىگە ئۇگۇت
قويۇپ پايدا ئالىدىغان دوستلىرىڭنى تېخىمۇ كۆرگۈم يوق ، ئۆزۈڭلا
بېرىپ كەلگىن بولدى .
ـــ ئۇنداق دېمە ، سۇلايمان ، ـــ سەلىمجان ئاۋازىنى سىلىق
چىقىرىشقا تىرىشىپ ئۇنىڭغا يېلىندى ، ـــ هازىر دېگەن مۇناسى-
ۋەت دەۋرى ، ئادەم بىلەن ياشايدىغان چاغ بۇ ، مەن ئاز -
تولا ئىش قىلىپلا تاياقتەك قېتىۋالسام بولمايدۇ - دە ! شۇڭا ،
خەقنىڭ كۆڭلىنى ياندۇرالمايمەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە قولدىن كېلى-
دىغان چاغدا ياغ چاينىمىساق ، كېيىن پۇشايمان قىلغان بىكار .
بولدى ، بولدى ، ھەممە گەپنى تېلېفوندا دەپ بولغىلى بولمايدۇ .
بۈگۈنكىسى جايناماز دەك پاكىز يەر ئاداش ، غاچچىدە بېرىپ شاققىدە
قايتىمىز . تەرتىڭمۇ سۇنمايدۇ . قېنى ئەمىسە ، مەن دەرۋازا ئالدى-
دا . تېز چىققىن .
سەلىمجان شۇنداق دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى . سۇلايمان قا-
سىم تۇرۇپكىغا تىكىلگىنىچە بىرئاز تۇرۇپ قالدى . ئۇ سەلىمجان-
نىڭ كۆڭلىنى قايتۇرالمايتتى ، چۈنكى ، سۇلايمان قاسىم تۈرمىدە
ياتقان مەزگىلدە بۇ ساۋاقدىشى ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ هالىدىن ئۆز
ئوغلىدەك خەۋەر ئالغان . مانا ئەمدى ئۇ سەلىمجاننى ئۇيان تۇر ،
بۇيان تۇر دېسە بولمايدۇ . ئەمما ، ئۇ بۇ دوستىنىڭ هازىرقى
ئېقىمغا ئەگىشىپ ، يولدىن بۇنچە چىقىپ كەتكەنلىكىنى زادىلا
ئەقلىگە سىغدۇرالمىغانىدى .
سۇلايمان قاسىم بىرسى پۇتىغا ناهايىتى يوغان بىر تاش ئې-
سىپ قويغاندەك ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئىشخانىدىن چىقتى . راست
دېگەندەك دەرۋازا ئالدىدا بىر قارا سانتانا ساقلاپ تۇرغانىدى . ئۇ
ئاستا قەدەملەر بىلەن خۇددى بىرسى بوينىدىن ئارغامچىدا سۆرىگەن-
دەك ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدى . ئىشىك ئېچىلىپ ، سەلىمجان بى-
لەن ئەمەت هاجى ماشىنىدىن چۈشتى . هاجىنىڭ بېشىدا ئاشۇ

چاغدىكى ياغلىشاڭغۇ دوپپا ھېلىمۇ بار ئىدى . بۇ ئادەمنى كۆرۈپ ، سۇلايمان قاسىمنىڭ يەنە قوشۇمىسى تۈرۈلدى .

— قانداق ئۇكام ، ئەھۋاللىرى ياخشىمۇ ؟ ھاراق بىر چىشلىدۇالغانچە قويۇپ بەرمىدىمۇ ، نېمە ؟ كېيىن زادىلا كۆرۈشەلمىدۇق . چىشلىرى ئاغرىپ قالدىمۇ ، ئۇكام ؟ چىرايلىرى باشقىچىلىغۇ ؟

ئەمەت ھاجى ئۇنىڭ بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشۈپ ، قىزغىن ئەھۋال سوراپ كەتتى . سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ ، سەلىمجانغا دېدى :

— مېنىڭ راستلا مىجەزىم يوق ئاداش ، سىلەر بىلەن بارسامىمۇ ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىمەن . شۇڭا ، ئېشىكى يوق موللامىنىڭ قۇلىقى تىنچ دەپ ، ئۆزۈڭلارلا بېرىڭلار بولدى …

— ۋاي نېمە دېگەنلىرى بۇ ، ئۇكام ؟ مانا بىز ناھايىتى ئۇستا تېۋىپ ، سىلىنىڭ مىجەزلىرىنى بىردەمدىلا ئوڭشىۋېتىمىز دېسىلە . قېنى ، ماشىنىغا چىقسىلا ، كەچ كىرىپ قېلىۋاتىدۇ . تۈزۈت قىلمىسىلا …

ئەمەت ھاجى سەلىمجانغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويغاندىن كېيىن ، ئۇنى يەلكىسىدىن ئىتتىرىپ ماشىنىغا سولىدى . سەلىمجانمۇ كۈلۈپ قويۇپ ، كۆزلىرىنى باشقا ياققا يۆتكىدى ، سۇلايمان قاسىمنىڭ بىر ئىشلاردىن ئاچچىقى كېلىپ ، قالسا تىلىغا زۇۋان كەلمەيتتى ، شۇڭا ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ياغلىشاڭغۇ دوپپا ئاستىدىكى ئەمەت ھاجىنىڭ ئالىتاغىل گەدىنىگە غەزەپ بىلەن تىكىلدى . ئەمەت ھاجى ئالدىدىكى كىچىك ئەينەكتىن ئۇنىڭ غەزەپكە كەلگەن شىرنىڭكىدەك ئەلپازىنى كۆرۈپ ، ئالدىراپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى .

ئۇلار بۇ قېتىم جىگدە ئېرىقتا ئەمەس ، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى يېڭىدىن پەيدا بولغان «دىلئارام» رېستورانىغا كېلىشتى . بۇ ناھىيە بازىرىدا پەيدا بولغان بىردىنبىر رېستوران بولغاچقا ، يەپ - ئىچىشكە كېلىدىغان قورساق باقتىلارنىڭ جەننىتىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى . سۇلايمان قاسىم بۇ يەرنىڭ داڭقىنى

بىرنەچچە خىزمەتدىشىدىن ئاڭلىغان بولسىمۇ ، تېخى قەدەم تەشرىپ قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى . شۇڭا ، ئۇمۇ كۆڭلىدە كۆتۈرۈلگەن تە-بەسسۇمنى قىزىقىش تۇيغۇسىغا ئايلاندۇرۇپ رېستوران بوسۇغىسىدىن چىرايلىقچە كىرىپ كەلدى .

ئەمەت ھاجى ئۇلارنى چوڭ زالنى كېسىپ ئۆتىدىغان كارىدور-دىن ماڭدۇرۇپ ، ئەڭ چەتتىكى بىر ئايرىمخانىغا باشلاپ كىردى . دېرىزىلىرىگە قېلىن پەردە تۇتۇلغان ئايرىمخانا ئىچىدىن ھېلىلا چىقىپ كەتكەن مېھمانلار قالدۇرغان ھاراقنىڭ قاڭسىق ھىدى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى . ئۈستەللەر پاكىز سۈرتۈلگەن بولسىمۇ ، كۆت-كۆچىلەر بىر بۇرجەككە يىغىپ قويۇلغان ھاراق بوتۇلكىلىرى ، تاماكا قاپلىرى ۋە ئىشلىتىلگەن تازىلىق قەغەزلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە ئۈلگۈرمىگەنىدى . سۇلايمان قاسىمنىڭ بۇ بەتبۇي پۇراقتىن كۆڭلى ئېلىشتى .

— قېنى ، تۆرگە ئۆتسىلە ، ئۇكام ، — ئەمەت ھاجى سەلىم-جاننى يۇمىلاق ئۈستەلنىڭ تۆر تام تەرەپتىكى ئورۇندۇقىغا تەكلىپ قىلدى ، — بۇ نېمىنىڭ قايسى تەرىپى تۆر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىكەن ، ئۆينىڭ تۆرى مۇشۇ بولغاندىكىن ، ئۈستەلنىڭ تۆرى-مۇ شۇ بولسا كېرەك ، قېنى ، سىلىمۇ تارتىنماي ساۋاقداشلىرىنىڭ يېنىغا چۆكسىلە ، ئۇكام ، — ئۇ سۇلايمان قاسىمنىمۇ سەلىمجان-نىڭ يېنىغا باشلىدى ، — جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرۇشسىلا ، مې-نىڭ يەنە قىلىدىغان ئازراق تەييارلىقىم بار . غاچچىدە چىقىپ كىرەي ، ھوي خان ، ماۋۇ ئاكىلىرىڭىزغا چاي قۇيۇڭ مۇنداق ···

ئۇ پول سۈرتكۈچ كۆتۈرۈپ كىرگەن بىر قىزغا شۇنداق دېدى ۋە ئالدىراپ سىرتقا چىقىپ كەتتى . خانىدا سەلىمجان بىلەن سۇلاي-مان قاسىملا يالغۇز قالدى .

— بۇ ئادەم پەقەتلا كۆزۈمگە سىغمايۋاتىدۇ ، بۇرادەر ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا سۇنۇۋېتىپ ، — چۆرگىلىدى پەلەك ، ئۆرگىلىدى پەلەك دەپ ، سەن مۇشۇ ئادەمنىڭ قولىدا يېقىلمىساڭ ئوبدان بولاتتى ، ئاداش . تىجارەتچى دېگەندە يۈز

يوق ، ۋاقتى كەلگەندە ئاز - تولا پايدا ئۈچۈن ئانىسىنى سېتىۋېتىشتىن يانمايدىغان خەق بۇ . قارىسام بۇ ئادەمنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرى دۇرۇس ئىش ئەمەسكەن ، خۇدانىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن بولغان بىلەن ، بىر كۈنلەر كېلىپ ئۇنى يىغسا ، ئالدى بىلەن زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا سەن بولۇپ چىقىسەن ، ئاداش .

— بۇنىڭدىن غەم قىلما ، — سەلىمجان تاماكىسىغا ئوت يېقىۋېتىپ پەرۋاسىزلىق بىلەن دېدى ، — ئەمەت ھاجى ئىشەنچلىك ئادەم ، ئۇنىڭدىن ماڭا بىرەر يامانلىق كېلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنمەيمەن . تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ ، ئاداش ، ئۇنىڭ نېمە قىلىپ يۈرگىنىنى ئوبدان بىلىمەن . گەرچە ئۇنىڭ قىلىۋاتقان بەزى ئىشلىرى سېنىڭ كۆزۈڭگە سىغمىغىنى بىلەن ، ئۇ بىر ئەمەت ھاجىلا قىلىپ يۈرگەن ئىش ئەمەس . جەمئىيەتتە خەقنىڭ كۆزى ئاش - نانغا تويدى ، قورساق تويسا نېمىنىڭ غېمى بولىدىغانلىقى ساڭا سىر ئەمەس ، ئەمدى ياشلىق قىلىپ ئاز - تولا ئويناپ قويدۇق . بۇ كونىلارنىڭ «چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە» دېگىنىگە ئۇيغۇن گەپ . ئويۇننى بىز ئوينىمىساق ، خەق ئوينايدۇ . ئاران بىر پۇرسىتى كەلگەندە ، كۆمسەم پىشارمۇ ، ياپسام پىشارمۇ دەپ ئارىسالدى بولساق ، تەييار ئامەتتىن قىسىي قالىدىغان گەپ .

— سەن شۇنداق دېگەنبىلەن ، ئۆيدە بالىلار چوڭ بولۇۋاتىدۇ ، دەرەخ چوڭ بولسا سايىسىمۇ چوڭ بولىدىكەن ، ئاتا - ئانا بولغان ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئېغىرلايدىكەن ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىمىساق بولامدۇ ؟ بىز ئۇلارغا قانداق ئۈلگە بولىمىز ؟ بالىلىرىمىز بىزنىڭ قەيىرىمىزنى ئۆگىنىدۇ ؟ بۇ مەسىلىلەرنى ئويلاشماي بولمايدۇ . ناۋادا بىز قىلغان ئەسكى ئىش باشقىلارنىڭ قولى بىلەن قىزلىرىمىزنىڭ بېشىغا كېلىپ قالسا ، قانداق قىلغۇلۇق ؟ بۇنىڭ بىر ئۆتنە ئالەم ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن ؟

سەلىمجان تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قېقىشتۇرغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا قاراپ بىرئاز تۇرۇۋالدى ، ئاندىن لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ

پەس ئاۋازدا دېدى :
— ناۋادا شۇنداق بولسا ، بىز قانداق قىلالايمىز ؟ ھازىر جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك بۇزۇلۇپ كەتتى . جەمئىيەتنىڭ شۇ داشقاينىقلىرىدا يۇرۇپ بالىلىرىمىز بۇ ئىشلاردىن ئامان قالالامدۇ ؟ مېنىڭچە بولغاندا ، بۇ بۇزۇلۇشنى بىز توسۇپ بولالمايمىز ھەم ئۇنىڭغا چامىمىزمۇ يەتمەيدۇ . شۇڭا ، بالىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلارغا بىز جاۋابكار ئەمەس . مېنىڭ ئىككى قىزىم بار ، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە يارانقۇچىدىن ئىنساپ تىلەيمەن . ناۋادا ئۇلار جەمئىيەت ئېقىنىغا ئەگىشىپ بۇزۇلۇپ كەتسە ، بۇنىڭغا مېنىڭ ئامالىم يوق . ئۇلارنىڭمۇ ياشاش ھوقۇقى بار ، قانداق ياشاشنى ئۆزلىرى تاللىۋالىدۇ . شۇڭا ، مەن بۇلارنى ئويلاپ ئۆزۈمگە تېگىشلىك بولغان نېسۋىدىن قۇرۇق قالمايمەن . ھەر ئىش يولى بىلەن بولىدۇ . قانداق دېدىم ؟
سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىغا ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك سەپسېلىپ قاراپ كەتتى . ئۇ دوستىنىڭ ئېغىزىدىن مۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قىلىنغان سۆزلەرنى چىقىدۇ ، دەپ ئويلىمىغانىدى . سەلىمجاننىڭ گەپ ئۇرانىدىن قىزلىرىمۇ ئويۇننى ئويناۋەرسۇن ، مەنمۇ تېگىشلىك نېسۋەمدىن قۇرۇق قالماي ، دېگەن مەنە ئوچۇقلا چىقىپ تۇراتتى . بۇ بىر دادىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدىغان سۆز ئەمەس ئىدى .
— بۇ ھەقتە مېنىڭ سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكۈم يوق ، — دېدى سۇلايمان قاسىم بىرپەسلىك سۈكۈتتىن كېيىن ، — ئەمما شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇن ، ئوتنى كىم تۇتسا ، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ . سەن يىغلاتقان قىزلارنىڭ ئاھى خۇداغا يەتسە ، سېنىڭ قىزلىرىڭنىڭ كۆزىدىنمۇ ياش ئالىدىغانلار جەزمەن چىقىدۇ . بولدى ، بولدى ، مېنىڭ ئەمدى ساڭا دەيدىغان گېپىم يوق ، چېيىڭنى ئىچىۋەر ، ئاداش .
ئۇ شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى ۋە بۇلۇڭدىكى كىيىم ئاسقۇچقا ئېلىپ قويغان چاپىنىنى قولىغا ئالدى . دەل شۇ چاغدا

ئايىمخاننىڭ ئىشكى ئېچىلىپ، ئەمەت ھاجى بىرنەچچە قىزنى باشلاپ كىردى. سۇلايمان قاسىم تېخى ئېغىزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان بۇ قىزلارغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى. سەپ تارتىپ كىرد- ۋاتقان قىزلارنىڭ ئەڭ كەينىدە بىر تونۇش چىراي غىل - پاللا كۆرۈنۈپ قالدى. سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ كەت- تى. چۈنكى، ئۇ ھوشۇر سەلەينىڭ ئەمدىلا تېبىي تېخنىكوم يوسۇغىسىدىن ئاتلىغان قىزى ئادالەت ئىدى. چېچىنى بىر تۇتام قىلىپ تۇرمەكلىۋالغان، لەۋلىرىنى قان ئىچكەن ئاسلاننىڭكىدەك بويىۋالغان، ساغرىسىنى تولۇق ياپالمايدىغان قىسقا يوپكا كىيىۋال- غان ئادالەت ئايىمخانىغا دىكىلداپ كىرگەندە، بۇ يەردە سۇلايمان قاسىمنىڭ بارلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلى- رى بىر ئۇقتىدا ئۇچرىشىپ قالدى. ئادالەتنىڭ چىرايىدا قىلچىلىك ھېيىقىش، قورۇنۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىدى.

— سىزمۇ باركەنسىز، سۇلايمان ئاكا، — دېدى ئۇ بېشىنى سەل ئېگىپ قويغاندىن كېيىن، — سىزنى بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قالارمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم، بۇمۇ بوپتۇ، قېنى كېلىڭ، بۇياققا ئۆتۈڭ، بىللە ئولتۇرايلى. خاتىرجەم بولۇڭ، زۇلخۇمار ھەدەمگە قىلچىلىك تىنىپ قويمايمەن.

ئادالەت ئۇنى يېنىغا تەكلىپ قىلدى، سۇلايمان قاسىمنىڭ تەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتتى. ئادالەتنىڭ قىزارماي، تاتارماي ئۆزد- نى يېنىغا تەكلىپ قىلىشى، تېخى سەن دېگۈچە مەن دەۋالاي دېگەندەك، زۇلخۇمار ھەدەمگە قىلچىلىك تىنمايمەن دېيىشلىرى ئۇنىڭ جان - پىننى چىقىرىۋەتتى.

— مانا، مانا، تېخى بۇ تۇمۇچۇق بىلەن مۇنۇ ئۇكام كونا تونۇش چىقىپ قالدى دېسە، — دېدى ئەمەت ھاجى بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ، — ئۆزلىرىمۇ بوش ئەمەسكەنلا ئۇكام، مولالام گۆش يېمەس، يېسە بوش يېمەس دېگەندەك ئىش بولدى - دە، بۇ! ئۆتكەندە ئۆزلىرىنى ھاراققا چىلاپ، قىزلارغا نەزەر كۆزلىرىنى سالمىغاندىلە، بۇ ئىنىمىز ئەمەل تۇتۇپ قالسا، ئىندەككە كەلتۈر-

مەك قىيىن بولغۇدەك دەپ ئويلىغۇدىم ، مانا ئەمدى بىر چىرايلىق قىز بىلەن تونۇش چىقىپ قالدىلا . تېخى بۇ قىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىكەن ، بوش كەلمەپتىلا ، بۇمۇ ئوبدان بولغىنى .

ئەمەت ھاجىنىڭ كېيىنكى گەپلىرى سۇلايمان قاسىمنىڭ قۇلىقىغا پەقەتلا كىرمىدى . ئۇ دۇنيانىڭ بۇنچە تارلىقىدىن ، ئادالەت بىلەن مۇشۇنداق نەس باسقان بىر يەردە ئۇچرىشىپ قالغىنىدىن پىغان چەكمەكتە ئىدى . نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ كۆزىچە ئېغى ئوچۇق ئىشتان كىيىپ ئويناپ يۈرگەن بىر قىز بۈگۈن كاسىسىغا لىققىدە كەلگەن كالتە يوپكىسى بىلەن مۇشۇنداق سورۇندا لوڭڭىدە پەيدا بولۇپ قالسا ، بۇنى ئەقىلگە سىغدۇرۇش مۇمكىنمۇ ؟ شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بارلىق ئۈمىدىنى قىزلىرىغا باغلىغان ھوشۇر سەلەيىنىڭ مىسكىن چىرايى پەيدا بولدى . بىچارە ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي ، مۇنۇ قىزىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى بىلىپ قالدىغان بولسا ، ئۇ ئۆلۈپ بېرىدۇ . چۈنكى ، ھوشۇر سەلەي بىر ئۆمۈر پاك ياشىغان ئېتىقادلىق ئادەم . ئۇ قىزلىرىدىنمۇ شۇنداق ياشاشنى كۈتىدۇ . رىسالەتتە چاتاق يوق ، ئۇ ئەقىللىق قىز ، ئەلۋەتتە دادىسىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدۇ . بىراق ، مۇنۇ ئادالەت ئەمدىلا جەمئىيەت قوينىغا كىرىپ ، قانداق ئۇچۇشنى ، نەگە قونۇشنى بىلمەي قاپتۇ . بىردەمدىلا ئەمەت ھاجىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپتۇ . ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى سۇلايمان قاسىم تەسەۋۋۇر قىلالمىدى .

ئۈستەلگە تاماق تارتىلدى . قىزلار ئاچ قالغان بۆرىدەك قورۇمىلارغا ئۆزلىرىنى ئۇرۇشقا باشلىدى . ئەمەت ھاجى بىلەن سەلىمجان بىر چەتتە قىزلارنىڭ غىزالىنىشىنى تاماشا قىلىپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى . ئۇلارنىڭ بۇ تۇرقىدىن «قېنى تويغۇچە يەڭلار ، ھېلى يېگەننىڭ ھېسابىنى بېرىسىلەر» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى . سۇلايمان قاسىمنىڭ بۇنداق مەنزىرىلەرنى قەتئىي كۆرگۈسى يوق ئىدى . شۇ تۇرقىدا ئۇ بىر تونۇر قوۋقاسىنىڭ ئارىسىدا قالغانىدى . ئايرىمخانىنىڭ ئىچى چوكىلارنىڭ تەخسىلەرگە ئۇرۇلۇشىدىن پەيدا بولغان جىرىڭلاش بىلەن تولغان ، بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ ئەسەبلىرىنى

قوزغىماقتا ئىدى .

سۇلايمان قاسىم تاماكىسىنى چېكىپ بىرپەس ئولتۇرغاندىن كېيىن ، چاپىنىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ سىرتقا ماڭدى . ئەمەت ھاجى ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا ئىسىلدى .

— ئۆزلىرى نەگە ماڭدىلا ئۇكام ؟ — دېدى ئۇ ساپسېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ ، — قارىسىلا ، بۇ يەردە سىلىنىڭ ساۋاقداشلىرىمۇ ، تۇمۇچۇقلىرىمۇ بار ، ياتسىرايدىغان ھېچكىم يوق . ئۇنداق قىلماي بىردەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە . بىر پىيالە چايمۇ ئىچمەي ماڭسىلا ، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلمىغان بولىدىلا جۇمۇ ؟

— سىلىنىڭ ئالدىمدا قانچىلىك يۈزلىرى بولماقچىدى ، ھاجىم ؟ — سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ قولىنى قوپاللىق بىلەن ئىتتىرىۋەتتى ، — تۆت تەڭگىسىنى پەش قىلىپ ، قىزلارنى ئالداپ يۈرگەن بىر سولامچىنىڭ قانچىلىك يۈزى بار ؟ باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان ئادەمنىڭ قانچىلىك يۈزى بار ؟ تولا ئېغىزىمنى ئاچماي قويۇۋەتسىلە مېنى ...

ئەمەت ھاجى ئېغىزىنى چوڭ ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالدى . سۇلايمان قاسىم ئاۋۋال سەلىمجانغا ، ئاندىن چوكىسىنى چىشلىگىنىچە مەڭدەپ تۇرۇپ قالغان ئادالەتكە ئوبدان بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ، ئايرىمخانىدىن چىقىپ كەتتى .

سەلىمجان دەسلەپتە ئىشنىڭ قەيرىدىن ئوسەي كەتكىنىنى بىلەلمەي ، بىرپەس ئولتۇرۇپ قالدى . بىر چاغدا ئېسىگە كېلىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ۋە سۇلايمان قاسىمنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى . ئۇ رېستوراننىڭ ئالدىدىن تاكسىغا چۈشۈشكە تەمشىلىپ تۇرغان ساۋاقدىشىنى تېپىۋالدى .

— سۇلايمان ، توختاپ تۇر ، — دېدى ئۇ يىراقتىن ۋارقىراپ ، — نېمە قىلغىنىڭ بۇ ؟ خەق ساڭا بىر ئوبدان داستىخان سېلىۋاتسا ، سەن ئاش بەرگەن قازانغا تۈكۈرگەندەك ئىش قىلامسەن ؟ ھەر ئىش بولسا چىرايلىق بىر تەرەپ قىلمايمىزمۇ ؟ يۈر ،

قايتىپ كىرەيلى ، نېمە بولغىنىنى بىزگە چۈشەندۈرمىسەڭ بولمايدۇ .

— نېمە ، سەن ئاشۇ خۇمسىنىڭ داستىخىنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇۋاتامسەن ؟ — سۇلايمان قاسىمنىڭ غەزىپى يەنە تۇتتى ، — ھەي سۆڭەككە كۆنگەن ئىت ، مۇشۇ كۇنگە قالغۇچە ئۆلسەڭ بولمامدۇ ؟ سېنىڭ نېمەڭ كەم ؟ بىر زاغرا بىلەن تويىدىغان نەپسىڭنى ئاشۇنداق سولامچىلارنىڭ هارامدىن تاپقان دەپئى - دۇنياسىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۇيالمامسەن ؟ بايا ئېغىزىڭدىن نېمە چىقتى ؟ بىلىپ قوي ، ئاشۇ قىزلارنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ قوشنامنىڭ قىزى بار . ئۇمۇ سېنىڭ قىزلىرىڭغا ئوخشاشلا مېنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىم ھېسابلىنىدۇ . ناۋادا مەنمۇ باشقا بىر سورۇندا سېنىڭ قىزلىرىڭ بىلەن كۆڭۈل ئاچسام ، بۇنى ئۇققىنىڭدا سېنىڭ كۆڭلۈڭگە كەلمەسمۇ ؟ ۋىجدانىڭ ئازابلانماسمۇ ؟ بولدى قوي ، دوستلۇقىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن . ئەمدى مېنى ئىزدىمە ، ئۆز ۋاقتىدا ئانامغا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنى مەن باشقىچە يول بىلەن قايتۇرارمەن . خوش ئەمىسە ...

— سۇلايمان ، سەن ...

سەلىمجان يۇقىرى كۆتۈرگەن قولىنى ھاۋادا شىلتىغىنىچە تۇرۇپ قالدى . سۇلايمان قاسىم تاكسىغا چىقتى ۋە ئىشىكنى زەرپ بىلەن ياپتى . سەلىمجان قاتتىق يېپىلغان ئىشىك ئاراچلىرىدا يۈرەكى قىسىلىپ قالغاندەك تولغىنىپ كەتتى . ماشىنا قوزغالدى . ئۇ بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى .

ئۇ رېستورانىنىڭ ئايرىمخانىسىغا كىرگەندە ، قىزلارمۇ ، ئەمەت ھاجىممۇ ئۈچىگە تىنىپ ئولتۇرغانىدى . ئۇنى كۆرۈپ ئادالەت ئالدىراپ سورىدى :

— سۇلايمان ئاكام كەتتىما ؟

سەلىمجان بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى ۋە قىزغا تىكىلىپ قاراپ قويدى . نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۈرىكى پىژ قىلىپ ئېچىشتى .

— بۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ مىجەزى سەل ئوسالمۇ ، نېمە ؟ —
دېدى ئۆگسۈلى ئۆچكەن ئەمەت ھاجى گېلىنى قىرىپ قويۇپ ، —
ئۆتكەندىمۇ شۇنداق خۇيى تۇتۇپ قالغانىدى . مانا بۇگۈنمۇ چىغ
تۇۋىدىن توشقان قوپقاندەك بىردەمدىلا كەيپىمىزنى بۇزۇۋەتتى .
قانداق ئادەم بۇ ؟ قىزلارنى كۆرسىلا خۇيى تۇتۇپ قالىدىكەن ،
شۇنىڭغا قارىغاندا ، ئۇنىڭ مىجەزىدە بىر ئەيىب بارمۇ قانداق ؟

سەلىمجان بىرنەرسە دېمىدى ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ سۇلايمان
قاسىمغا نىسبەتەن باسقىلى بولمايدىغان بىر غەزەپ ئۆرلىمەكتە
ئىدى .

— بولدى ، بولدى ، بۇ ئىشلارنى تولا خىيال قىلمايلى ، قېنى
قىزلار ، سەيلەر سوۋۇپ قالمىسۇن ، ھەر نەرسىنىڭ ئىسسىقى
ياخشى دەپتىكەن ، تارتىنماي ئېلىڭلار .

سەلىمجان شۇنداق دېگىنىچە ئاۋۋال ئۆزى بىر چوكا سەينى
ئېغىزىغا ئاتتى ...

36

رىسالەتنىڭ ئېغىزىدىكى قوقاق يارىغا ئۆزگەردى ، ئۇنىڭ سا-
قىيىشىغا نەچچە كۈن ۋاقىت كەتسە كېرەك ، ئۇ ھەر كۈنى تۇمشۇ-
قىدىكى قوقاقىقا قانداقتۇر مەلھەملەرنى سۈرتۈۋېلىپ سىنىپقا چىقات-
تى . ئوغۇللار ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى . نۇرگۈل بىلەن گۈلباھارمۇ
«قايسى يىگىتكە چىشلەتتىڭ ؟» دەپ ئۇنىڭ چىشىغا تىگەتتى .

ئۇ بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى تەجرىبىدىن يېنىپلا كۆتۈپخانىغا
باردى . لازىملىق ماتېرىياللارنى ئېلىپ ، بىر ئورۇندۇققا كېلىپ
ئولتۇرۇشىغا ئالىمجان ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى .

— ساقىيىپ بولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە ؟ — دېدى ئۇ پەس
ئاۋازدا ئەھۋال سوراپ ، — قارىسام ئېغىزىڭىزغا قوقاق چىقىپ
كېتىپتىغۇ ؟

— شۇ چۈشۈمدە قارا بېسىپ ... — رىسالەت ئۇنىڭغا قاراپ

سۇس كۆلۈمسىرەپ قويدى ، — قانداق ، ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالىچۇ ؟
— مەندىن ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، — دېدى ئالىمجان ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ، — مەن دېگەن تۆمۈر ئادەم ، نەملىشىپ قالسامۇ ، داتلىشىپ قالسامۇ ، ھېچ نەرسە بولمايمەن .
رىسالەت كۈلۈپ قويۇپ ، قولىدىكى كىتابتىن ئۆزىگە كېرەك-لىك مەزمۇنلارنى ئىزدەشكە باشلىدى .
— سىزنىڭ بىر مىنۇت ۋاقتىڭىزنى ئالسام بولامدۇ ؟ — ئالىمجان بىر قىزىرىپ ، بىر تاتىرىپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى ، — سىزدىن سورايدىغان ئازراقلا بىر ئىش بار ئىدى .
— خوش قېنى ، سوراۋېرىڭ ، — دېدى رىسالەت كىتابنى يېپىپ قويۇپ .
— سىزنىڭ ياخشى كۆرگەن بىرەر ئادىمىڭىز بارمۇ ؟
رىسالەت كۈتۈلمىگەن بۇ سوئالدىن مەڭدەپ بىرئاز تۇرۇپ قالدى . ئۇ ئالىمجاننىڭ بۇ سوئالنى سوراشتىكى مۇددىئاسىنى چۈشىنەلمىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپ سورىدى :
— بۇنى ئەجەب سوراپ قالدىڭىزغۇ ؟
— باشقىچە ئويلىنىپ قالماڭ ، — دېدى ئالىمجان بىرئاز دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ، — مېنىڭ بۇنى سورىشىمنىڭ مۇنداق سەۋەبى بار : ناۋادا سىزنىڭ ياخشى كۆرگىنىڭىز بولسا ، يېپىقلىق قازان يېپىق پېتى قالىدۇ . ئەگەر ياخشى كۆرگىنىڭىز بولمىسا ، ناۋادا مېنى ئۆزىڭىزگە لايىق كۆرسىڭىز ، كۆڭلۈمنى سىزگە بېرەي دې-گەن . مەن ھەر ئىشنىڭ ئوچۇق - يورۇق بولۇشىنى خالايمەن . ئەگەر سىزنىڭ ياخشى كۆرگىنىڭىز بولمىسا ھەم مەن سىزنىڭ ياخشى كۆرۈشۈڭىزگىمۇ ئەرزىمىسەم ، بۇنى پېشانەمدىن كۆرىمەن . سىزدىن قىلچىلىك ئاغرىنىپمۇ يۈرمەيمەن .
رىسالەت ئۇنىڭغا قاراپ بىرئاز تۇرۇپ قالدى . شۇ چاغقىچە نۇرغۇن يىگىتلەر ئۇنىڭغا سالام خەت يېزىپ يۈرگەن بولسىمۇ ، بىرەرى ئوچۇقتىن - ئوچۇق سۆيگەن ئادىمىڭىز بارمۇ دېگەن سو-ئالنى قويۇپ باقمىغانىدى . بۇ جەھەتتە ئۇنىڭدا قىلچىلىك تەييارلىق

يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئالىمجاننىڭ بۇ سوئالىنى ئاڭلاپ ئاچچىقلاپ چىچاڭشىپمۇ كەتمىدى. كۆڭلىنى تىڭشاپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئالىمجانغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويدى.

— كەچۈرۈڭ ئالىمجان، سىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدىغان بولدۇم. مېنىڭ كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ ياخشى كۆرگەن ئادىمىم بار. ئۇنىڭ ئورنىنى ھېچكىم ئالالمايدۇ. سىز ياخشى بالا، چوقۇم كۆڭۈلدىكىدەك بىرەر ھەمراھ تېپىۋالىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.. مېنى كەچۈرۈڭ...

ئالىمجان ئۇنىڭغا قاراپ ئازابلىق كۈلۈپ قويدى ۋە بېشىنى بوش چايقىدى.

— رەھمەت، ئەمما مېنىڭ سىزدىن باشقا كۆڭۈلدىكىدەك بىرەرسىنى تېپىۋېلىش ئارزۇيۇم يوق ئىدى.. بوپتۇ، خۇدايىم بەختىڭىزنى بەرسۇن، ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭىز بىلەن ئۆمرىڭىزنىڭ ئاخىرىغىچە بىرگە ئۆتۈشكە نېسىپ قىلغاي...

ئالىمجان شۇنداق دېدى ۋە بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە كىتاب جاھازلىرى ئارىسىدىكى تارچۇقتىن ئۆتۈپ، كۇتۇپخانىدىن چىقىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ رىسالەتنىڭ كۆڭلىمۇ ئىنتايىن يېرىم بولدى.

ئۇ ياتاققا قايتىپ كەلدى. نۇرگۈل بىلەن گۈلباھارنىڭ خۇشاللىقتىن ئېغىزى قۇلاق تۈۋىگە يەتكەنىدى. ئۇلار سەرەڭگە قېپىدىچىلىك كېلىدىغان بىر نەرسىنى رەشىدەگە كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەستىن چۈشەندۈرمەكتە ئىدى.

— قارشى تەرەپ سېنى ئىزدىگەندە، بۇنىڭغا ئۆز تېلېفون نومۇرىنى قالدۇرىدۇ. سەن شۇ نومۇرغا تېلېفون ئۇرساڭلا ئۇياق بىلەن بىردەمدىلا تېپىشالايسەن...

— بۇ دېگەن ھازىرقى ئەڭ ئىلغار چاقىرغۇ. باھاسىمۇ خېلى يۇقىرى...

— مىرئادىل ئاكاش كېلەر يىلغىچە ئەڭ ئىلغار يانفوندىن بىردىن ئېلىپ بېرىدىغان بولدى...

رىسالەت ئىشىكنى تاراقلىتىپ ياپتى . نۇرگۈل ئۇنى كۆرۈپ ھېلىقى نەرسىسىنى ئىتتىكلا تىقىشتۇردى . گۈلباھار بېشىنى سىڭ-لىپ يەرگە قارىۋالدى .

— ئاخشامقى قونۇقتىن يامان ئەمەس ھوسۇل ئالغان ئوخ-شىمامسىلەر ؟ — دېدى رىسالەت قولىدىكى كىتاب - ماتېرىياللا-رنى كارىۋىتىغا قويۇۋېتىپ ، — ئەكەلگىنە قېنى ، ھازىرقى زامانىنىڭ ئەڭ ئىلغار تېپىشتۇرغۇچىسىنى مەن بىر كۆرۈپ باقاي .

نۇرگۈل ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ ، ياتاقتىن چىقىپ كەتتى . رەشىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى .

— ئەجەب ئوخشاتتىڭغۇ بۇنى ؟ ھازىرقى زامانىنىڭ ئەڭ ئىل-غار تېپىشتۇرغۇچىسى ، پاھ ، چىرايلىق ئىسىم بولدى - دە ، بۇ .

گۈلباھارمۇ پوكاندەك قىزىرىپ سىرتقا ماڭدى . ئۇنىڭ ھېلىلا ماختانغاندىكى كۆرەڭ چىرايىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . رىسالەت ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ، رەشىدەدىن سورىدى :

— سېنىڭمۇ چاقىرغۇلۇق بولغۇڭ كېلىۋاتامدۇ ؟ ئەجەب قى-زىقسىنىپ كۆرۈپ كېتىپسەنغۇ ؟

— ئۇلار ياتاققا كىرىپلا چاقىرغۇسىنى ماڭا كۆز - كۆز قىلىشقا باشلىدى . قارىمىسام ، ئالدىمغا ئۆزلىرى ئەكەپتۇ ، ياتاق-داشلىق ھۆرمىتىدىن ھە ، دەپ قويدۇم ، مېنىڭ ئۇنداق بىرنېمىنى ئېسىپ ، تېلېفونغا بىكاردىن خەجلەيدىغان پۇلۇم يوق .

رىسالەت ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى ۋە ئەسكەرتتى :

— قايسى كۈنى ئۆزۈمچە ساڭا بىرمۇنچە نەسىھەت قىلىپ كېتىپتىمەن . ھەر ئادەمنىڭ ئۆز تۇرمۇش يولىنى تاللاش ھوقۇقى بولىدۇ ، مېنىڭ دېگەنلىرىم ساڭا بېسىم بولۇپ قالىدىغان ئىش بولسا ، كېيىمگە ھە دەپلا قويۇپ ، ئۆز يولۇڭنى ئۆزۈڭ تاللىساڭ بولىدۇ . مېنى نېمە دەركىن دەپ سىقىلىپ يۈرمە . سەنمۇ كىچىك بالا ئەمەس ، نېمىنىڭ توغرا ، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكۈچىلىكىڭ بار . بەزىدە ماڭا توغرا كەلگەن ئاياغ ساڭا توغرا كەلمەسلىكى مۇمكىن . شۇڭا ، سەنمۇ ماڭا قاراپ يۈرمەستىن ،

ئۆزۈڭ توغرا دېگەن يولدا مېڭىۋەر ، ئاداش .

رەشىدە ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى چايقىدى .

— مەن بىر قېتىم خەقنىڭ كەينىگە كىرىپ ئېزىپ قالغان
ئادەم ، ئەمدى ئۇنداق پوقنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە يەۋەرمەيمەن .
سېنىڭ دېگەنلىرىڭ تامامەن توغرا . بىر ئوقۇغۇچى ئۇچۇن تەستە
قولغا كەلگەن ئوقۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇش —
ئورنىنى مەڭگۈ تولدۇرغىلى بولمايدىغان چوڭ خاتالىق ! مەن بۇنى
ئەمدى چۈشىنىپ يەتتىم . بىز دېگەن كەلگۈسىدىكى دوختۇر ، كى-
شىلەرنىڭ ھاياتىغا مەسئۇل بولىدىغان ئادەم . شۇڭا ، ئاز - تولا
بىرنەرسە ئۆگىنىپ ئاندىن جەمئىيەتكە چىقمىساق بولمايدۇ . شۇ-
ڭا ، سېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆگىنىشلەردە ماڭا كۆپرەك ياردەمدە
بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن . بۇ مېنىڭ يۈرىكىمدىن چىقىرىپ
قىلغان سۆزۈم . سەنمۇ باشقىچە ئويلاپ يۈرمە ، ئاداش .

رىسالەت گەپ - سۆز قىلماستىن ، رەشىدەنىڭ قولىنى چىڭ
قىستى .

ئۈرۈمچىنىڭ كۈنلىرىدە بەرىكەت يوق . ھەش - پەش دېگۈچە
قىشلىق تەتىل قىستاپ كېلىپ قالدى . ئىمتىھانلار باشلىنىشقا يەنە
نەچچە كۈنلا قالغانىدى . رىسالەت بىلەن رەشىدەنىڭ ئۆگىنىشتىكى
ھەمكارلىقى ئۈنۈم بېرىشكە باشلىغانىدى . مەۋسۇم ئاخىرلىشىپ
بولغۇچە رەشىدەنىڭ ھەرقايسى پەنلەردىكى نەتىجىسى دەرس ئوقۇت-
قۇچىلىرىنىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى .

بۈگۈن سىنىپ يىغىنى ئېچىلدى . نىياسەم خانىمنىڭ كەيپى
بەكلا كۆتۈرەڭگۈ ئىدى . ئۇ قولىنى ئارقىسىغا تۈتقىنىچە سىنىپ
ئىچىنى نەچچە قېتىم ئايلاندى . ئۆزىگە تىكىلگەن كۆزلەر تېلىشقا
باشلىغاندىلا ، ئۇ مۇنبەرنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— ساۋاقداشلار ، — دېدى ئۇ تەمكىن ئاۋازدا ، — مەن
سىلەردىن بەكلا سۆيۈنۈپ تۇرۇۋېتىمەن . بولۇپمۇ ئاراڭلاردا رىسالەت-
تەك بىر ئىختىساس ئىگىسىنىڭ بولغىنىدىن كۆڭلۈم بەكلا خۇ-
شال . ئەمدىلىكتە سىنىپىمىزدا مۆجىزە يۈز بەرگەندەك رەشىدەنىڭ-

مۇ نەتىجىسى كىشىنى خۇشال قىلىۋاتىدۇ . مەن بۇ ئىككى ساۋاق-
داشنىڭ تىرىشچانلىقىغا ئىلھام بېرىش بىلەن بىللە قالغان ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭمۇ ئۇلارنىڭ روھىدىن ئىلھام ئېلىپ ، چەكلىك ۋاقىتنى
قولدىن بەرمەي ، كۆپرەك بىلىم ئۆگىنىۋېلىشىنى تەۋسىيە قىلى-
مەن . ھازىر ئۆگەنگىنىڭلار كەلگۈسىدە چوقۇم ئەسقاتىدۇ . قىزىم
رەشىدە ، مەغرۇرلانماي تىرىشىڭ ، مۇشۇ بويىچە تىرىشچانلىق كۆر-
سەتسىڭىز ، يىل ئاخىرىدا سىزنىڭمۇ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ ،
ستىپېندىيىمىزغا شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈشىڭىزدە گەپ يوق .
يىغىندىن كېيىن ھاياجانلانغان رەشىدە رىسالەتنى چىڭ قۇ-
چاقلىدى :
— مېنىڭ بۈگۈنكى كۈنۈمنى سەن بەردىڭ ئا-
داش ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا ، — مەن
مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە ئوقۇش دېگەننىڭ بۇنچىۋالا كۆڭۈللۈك
بولىدىغانلىقىنى بىلمەي كەلگەنىكەنمەن . مانا ، ھازىر مەنمۇ قەل-
بىمدە يانغان ئۈمىد نۇرىنى كۆرۈۋاتىمەن . يۈر ، ئىككىمىز رەستى-
گە بېرىپ ، ئوبدانراق بىر تاماق يەيلى ، مەن سېنى مېھمان قىلاي .
— بولدى رەشىدە ، كۆڭلۈڭ ماڭا تېگىل بولدى ، بىر ۋاخ-
لىق تاماق دېگەننى نەدە يېسەك ئوخشاش . مەن بىلىمەن ، سېنىڭمۇ
ئائىلە قىيىنچىلىقىڭ ئېغىر . شۇڭا ، ئارتۇقچە ھەشەم قىلمايلى .
يۈر ، مەكتەپ ئاشخانىسىغا بېرىپ ، شۇ يەردە قورساقنى ئەستەرلى-
ۋالايلى .
ئۇلار قول تۇتۇشقىنىچە سىنىپتىن چىقىشتى .

## سەككىزىنچى باب

# تۇنجى خەت

### 37

ئەتراپ يەنە يېشىل لىباسىنى ئۇستىگە ئارتتى . گۇللەر پو-رەكلەپ ئېچىلدى . گۇللۈك فونتان ئەتراپى قايتىدىن جانلاندى . قۇشلارنىڭ تۇگىمەس ناخشىسى قورۇ ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەنىدى . ھەسەل ھەرىلىرى غوڭۇلدايتتى . فونتاندىن چېچىلغان ئۇنچىلەردە ھەسەن - ھۈسەن جۇلالايتتى .

سۇلايمان قاسىمغا نىسبەتەن بۇ يىلقى باھارنىڭ ھېچقانچە ئۆزگىچىلىكى يوق ئىدى . ئۇ كۈنۈپ قالغان ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرىدە ئۆزىگە ئېغىر كېلىۋاتقان قىشلىق كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىدى . ياز يېڭىدىن يېپ سۇغارغاندەك شەپىسىزلا كىرىپ كەلگەنىدى . بۇغداي مايسىلىرى قىر ياپتى . ئۇجمىلەر پىشىپ تۆكۈلدى ، ئېتىز بېشىدىكى ئۆرۈكلەر ئالا بولدى . يازلىق سۇت ئالمىسى يۇمشىدى ، ئەتراپتىن پىشقان مېۋىلەرنىڭ ھىدى كېلىشكە باشلىغانىدى .

بۇگۈن ئادەتتىكىدەك دەم ئېلىش كۈنى . بىر ھەپتىلىك ھار-دۇق يەتكەن جىسمىنى كۆرپىگە تاشلاپ ، ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلمىگەن سۇلايمان قاسىم تۇرۇسقا قارىغىنىچە خىيال سۇرۇپ ياتاتتى . زۇلخۇمار ئاشخانىدا ئۇستىخان چاناۋاتامدىكىن ، بىرنەرسىلەرنى تاقىلدىتاتتى . خالىقجان بالكوندىكى شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلىمەكتە . قۇددۇسجان بولسا بىر كىتابنى ئېچىۋېلىپ ، ھەرپىنى ھەرپكە قوشۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا ھەجىلەپ ئوقۇماقتا ئىدى .

سۇلايمان قاسىم كېچە كۆرگەن چۈشىنى ئەسكە ئالدى. بىر دەشتى چۆلدە كېتىۋاتقۇدەك، قىزىغان قۇملۇق ئىچىدە قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغۇدەك، قۇم چۆگۈننىڭ جوغىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ھوردەك قىزىق شامال ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى كۆيدۈرگۈدەك، ئۇ جانغا تېگىدىغان ئىسسىق شامال ئىچىدە كېلەڭسىز قاناتلىرىنى لەپىلدىتىپ ئۇچۇشقا تەمشەلگۈدەك، ئەمما تاپىنى مىخلاپ قويۇلغاندەك يۇقىرى كۆتۈرۈلەلمىگۈدەك ... دەل شۇ چاغدا پەي - قاناتلىرى قىپقىزىل بىر قوش ئۇچۇپ كەلگۈدەك، ئۇنىڭ قاناتلىرى بەئەينى توزىنىڭكىدەك جۇلالانغۇدەك. كۆزلىرىدىن بىر خىل رايىشلىق ۋە مۇلايىملىق چىقىپ تۇرغان قۇش ئۇنى كۆتۈرۈپلا ئېلىپ ماڭغۇدەك. سالقىن شامالنىڭ ھۇشقۇيتقىنى قۇلىقىغا ئاڭلانغۇدەك. ئۇلار ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، بىر چاغدا ئەتراپىدا ئاق، قىزىل، سېرىق، كۆكۈچ، ھال رەڭ، سۆسۈن گۇللەر ئېچىلىپ كەتكەن بىر كۆلنىڭ يېنىغا چۈشۈپتۇ. كۆل يۈزىدىن جانغا راھەت بېغىشلايدىغان غۇر - غۇر شامال ئۇرۇلۇپ تۇرىدىكەن. كۆل سۈيىگە سايە تاشلاپ تۇرغان غايەت زور چىنار دەرەخلىرى ئارىسىدىن قۇشلارنىڭ چاڭقىلداپ سايرىغان ئاۋازى كېلىدىكەن. سۇلايمان قاسىم كۆلنىڭ مۇزدەك سۈيىدىن ئوچۇملاپ ئېلىپ قانغۇدەك ئىچىپتۇ. تەشنالىقى بېسىلىپ، قەلبىدىكى ئوت - ئاتەش ئۆچۈپتۇ ۋە ئۆزىنى بەكمۇ راھەت سېزىپتۇ. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى قۇشنى ئىزدەپتۇ، ئىزدەپتۇ، ئۇنى ئاخىر بىر تۈپ قېرى چىنار دەرىخىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان يېرىدىن تېپىپتۇ. قارىسا ئۇ قۇش بىر موللاق ئېتىپلا ئادەم سۈرىتىگە كىرىپتۇ. سۇلايمان قاسىم «ئاھ، رىسالەت ...» دەپ ۋارقىرىغۇدەك ...

ئۇنىڭ پەقەتلا ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلمىدى. بۇ چۈشتىن قانداق مەنە چىقىرىش مۇمكىن؟ ئۇ قېتىپ كەتكەن بېشىنى بىر ھازا ئۇۋۇلىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ بىر ئىشتىن ئازراق خاۋاتىرلىنىپ قالماقتا ئىدى. كۆز ئالدىدا چوڭ بولغان بىر قىز، يەنە كېلىپ ئۇ ئۆز سىڭلىسىدەك، قېرىنداشىدەك ھېسابلايدىغان رىسا-

لەت ئۇنىڭغا يىراقتىن بىر ئىشلاردىن بېشارەت بەرمەكتە ئىدى . «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» فىلىمىنى كۆرگەندە ئىختىيارسىز ئۇنىڭ بىلىكىنى چىڭ سىقىپ تۇتۇۋېلىشى ، ماڭىدىغان چاغدا سۈرەت تەلەپ قىلىشى ، ئۇرۇمچىدىكى ئۇچرىشىشتا ھېچ ئىش يوق ، ئۇنى قولـتۇقلىـۋېلىشـى ، بىرگە سۈرەتــكە چۈشەيلى دەپ چىڭ تۇرۇشى ، مانا ئەمدىلىـكتە ئۇنىـڭغا گالستۇك سوۋغا قىلىـشى ... ئويلىغانسېرى سۇلايمان قاسىم بىر ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلـمەي ئاۋارە ئىدى . مانا ئەمدى بۇ چۈشنى قانــداق چۈشەــنىش مۇمكــىن ؟ رىســالەتنــىڭ كۆڭــلى ئۆزى تۇپەيــلى چالــغىپ كەتــسە بولمايدۇ ـ دە !

ئۇ خىيال بىلەن ياتقاندا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ قالدى . زۇلخۇمارنىڭ ساپما كەشىنى پالاقلىتىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭغان ئاۋازى ئاڭلاندى . بىر چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئادالەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

— دادامنىڭ سەل مىجەزى يوق تۇردۇ . ئانام قىزىتما چۈشۈرىدىغان دورا بولسا ، ئازراق بېرىپ تۇرسۇن ، دېگەن .

— جىنىدەك ساقلاپ تۇرۇڭ ، سىڭلىم ، — بۇ زۇلخۇمارنىڭ ئاۋازى ئىدى . ئادالەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ سۇلايمان قاسىم رېستورانىدىكى ئۇچرىشىشنى ئېسىگە ئالدى ۋە غەزەپتىن تىترەپ ، يوتقاننى بېشىغا پۈركىدى . بۇ ئىشنى ئاڭلىسا ، ھوشۇر سەلەي بىلەن قەمـبەرخاننىڭ ئالتۇنغا بەرگۈسىز كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولۇشى مۇمكىن . ئۇلار ئۇقماي يۈرۈۋەرسە بەڭۋاش قىزنىڭ تىزگىنىنى تارتىدىغان ئادەم چىقمايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ يۈرۈپ ، يولدىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن . شۇغىنىسى ، بۇنى ئۇلارغا قانداقمۇ دېگىلى بولسۇن ؟ يۈزىدىن ـ يۈزىگە قىزىڭىز رېستورانلاردا توخۇ قورۇمىسىغا ئاشىق بولۇپ يۈرۈپتۇ ، دېگىلى بولامدۇ ؟

— ھوي ، سۇلايمان ئاكام بەڭۋاشلىق قىلىپ تېخىچە ئورنىدىن تۇرماپتۇ ـ دە ؟ ھۇ قاچقۇنچى ...

ياتاق ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىنلا ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ قۇيقا چاچلىرىنى تىك تۇرغۇزۇۋەتتى . سۇلايمان قاسىم ئۈستىدىكى يوت-قاننى يۇلۇپ دېگۈدەك ئېلىۋېتىپ ، بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈردى . كالتە يەڭ قىزىل كوپتا ، ساغرىسىغا بىرسىنىڭ تېرىسىنى شۇلۇپ ئېلىپ چاپلاپ قويغاندەك چىپپىدە كەلگەن پادىچىلار ئىشتىنى كى-يىۋالغان ئادالەت ئۇنىڭغا قاراپ ھاياسىزلارچە كۈلۈپ تۇراتتى . قىزنىڭ پىنھان تۇتۇشقا تېگىشلىك مۇھىم يەرلىرى بۇ كىيىمنىڭ شاراپىتىدىن ئۆزىنى مانا مەن دەپ ئاشكارىلاپ تۇراتتى . ئۇنى بۇ ھالەتتە كۆرگەن سۇلايمان «ھەر ئىشنى بىسمىللادىن باشلايدىغان ھوشۇركامنىڭ قىزى مۇشۇمۇ ؟ نامەھرەم بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن چېچىنى باشقىلاردىن پىنھان تۇتىدىغان قەمبەرخاچامنىڭ قىزى مۇ-شۇمۇ ؟ » دەپ ئويلاپ قالدى . بۇدۇر قىلدۇرغان چېچىنى يەلكىسىگە تاشلاپ ، لەۋلىرىنى قىزارتىۋالغان ئادالەت ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈز-مەي قاراپ تۇراتتى .

— بۇ دورىنى ئىچىپ باقسۇن ، يەنە قىزىتمىسى چۈشمىسە ، دوختۇرخانىغا ئاپىرارمىز .

زۇلخۇمار ئاشخانا ئۆيدىن بىر چاڭگال دورىنى كۆتۈرۈپ چىق-تى ۋە ئادالەتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى . ئۇ پەس ئاۋازدا «رەھمەت» دېگىنىچە كەينىگە ياندى .

سۇلايمان قاسىم ئىككى چېكىسىنى ئۇۋۇلىغىنىچە خېلى ئۇ-زۇن ئولتۇرۇپ كەتتى . زۇلخۇمار ئاشخانىدىكى ئىشلىرىنى تۈگى-تىپ ، ياتاق ئۆيگە كىردى .

— بۇ ئادالەتنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى بارغانسېرى كۆزۈمگە سىغماي قالدى ، — دېدى ئۇ يوتقان - كۆرپىلەرنى يىغىۋې-تىپ ، — قاراڭا ، ئۇنىڭ ئەپتىگە ؟ ئۇنى قانداقمۇ تەقۋادار ئادەم-نىڭ قىزى دېگىلى بولسۇن ؟

سۇلايمان قاسىم بىر تال تاماكا چىقىرىپ ، ئوت ياقتى ۋە ھەممە ئاچچىقىنى شۇنىڭدىن ئالماقچى بولغاندەك ، كۈچەپ شوراشقا باشلىدى . بىردەمدىلا ياتاق ئۆي تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسىغا توشتى .

— ئاتا - ئانا بولغـان ئادەمنىڭ قىزىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى بىلەن كارى بولمىسا، مانا شۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

— نەدە كارى بولمايدىكەن؟ — دېدى زۇلخۇمار ئۇنىڭ گېپىنىڭ بىلىگە تېپىپ، — قىزىغا گەپ ئاڭلىتالمىغان قەمبەر-خاچامنىڭ كۆزىدىن ياش ئەمەس، قان ئېقىۋاتىدۇ. ھوشۇركامۇ مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئادالەتنى بىرقانچە قېتىم قاتتىق ئۇرۇپمۇ كۆرۈپتۇ. ئەمما، بۇ بەڭۋاش قىز ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، يەنە ئۇرىدىغان بولسا ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن دەپ جېدەل قىپتۇدەك. موللىنىڭ قىزى موللاقچى دەپ، ئۇلارنى ئادا-لەت ۋەيران قىلىدىغان بولدى. ھەي، بىچارە ھوشۇركام، ئۇنى مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئاغرىپ قالدىمىكىن دەيمەن.

سۇلايمان قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ بالكونغا چىقتى. ئەستايى-دىللىق بىلەن تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان ئوغلىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. يان ئۆيدىكى قۇددۇسجاننىڭ ھەرپلەرنى ھەجىلەپ ئوقۇۋاتقان ئاۋازىمۇ ئۇنىڭ تەشۋىشلىك قەلبىدىكى نېپىز بىر قەۋەت تۇماننى كۆتۈرۈۋەتتى.

سۇلايمان قاسىم ناشتىدىن كېيىن ھوشۇر سەلەينى يوقلاپ چىقتى. بېشىغا ھۆللەنگەن لۆڭگە قويۇلغان بۇ ئادەم ئېغىر ھاسى-راپ ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچقۇچىلىكمۇ ھالى يوق ئىدى. قوشنىسىنى بۇ ھالدا كۆرگەن سۇلايمان قاسىم بىرئاز جىددىيى-لەشتى.

— نېمە بولغانسىز، ھوشۇركا؟ — دېدى سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، — تۈنۈگۈن بىر ئوبدان تۇراتتىڭىزغۇ؟

— نېمە بولغىنىنى بىزمۇ ئۇقمىدۇق، كېچىچە قىزىپ، ھاسىراپ چىقتى، — دېدى قەمبەرخان كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا، — بۇ ئادەمگە قاراپ ئولتۇرۇپ مەنمۇ كۆزۈمنى بىر قېتىممۇ يۇممىدىم. بەك ئەنسىرەتتى، ئۇكام.

— غاچچىدە دوختۇرخانىغا يۆتكەمدۇق يا؟ — سۇلايمان قاسىم قولى بىلەن ھوشۇر سەلەينىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ كۆردى.

ئۇنىڭ قىزىتمىسى تېخىچە يانمىغانىدى. هوشۇر سەلەي قۇرۇپ تۇرغان لەۋلىرىنى يالىغىنىچە «سۇ، سۇ ...» دەيتتى. قارىغاندا ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىدى.

— دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى دېسەك، پەقەتلا ئۇنىمىدى، — دېدى ئايال مىشىلداپ تۇرۇپ، — هەي ئۇكام، سىلىدىن نېمىسىنى يوشۇرايلى ئەمدى، هەممىسى ئاشۇ نومۇسسىز قانجۇقنىڭ ئىشى بولمامدۇ؟ ئاخشام بىر چوكان كەپتىكەن، قىزىڭنى تېپىپ بەر دەپ ئولتۇرۇۋالدى. چوكاندىن ئاڭلىسام، بۇ پاسكىنا ئۇنىڭ ئۆيىنى بۇزماقچىمىش، ئېرىم بىلەن تېپىشىۋالدى، دەپ بەك يامان گەپ قىلىشۋەتتى. ئاكىلىرىنىڭ شۇ چاغدىلا ئوغىسى قايىنىغان، كېيىن دەرد ئىچىگە ئۆتۈپ كەتتىمۇ، بىلمىدۇق، بىردەمدىلا مۇشۇنداق يىقىلدى. ۋاي، بالا دەردى ... كىيىمەي كىيگۈزۈپ، يېمەي يېگۈزۈپ، پوق - سۈيدۈكتىن ئاجراتسام، قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى كۆرمەمدىلا، ئۇكام؟ ئادەمنىڭ سورىقى بولمايدىغان ئىش بولسا ئىدى، هازىرلا ئۆز قولۇم بىلەن بوغۇزلىۋېتەتتىم بۇ قانجۇقنى.

سۇلايمان قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزلارنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىردى. ئادالەت ئالىقانچىلىك چوڭلۇقتىكى ئەينەككە قارىغىنىچە بەخىرامان گىرىم قىلىشۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇدۇر چاچلىرىدىن سۇ سامىپ تۇراتتى. قارىغاندا ئۇ هېلىلا مۇنچىدىن چىققاندەك ئىدى.

— قاراپ تۇرۇپ دادىڭىزنى ئاغرىتىپ قويۇپسىز ئادالەت، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئاۋازىنى سىلىق چىقىرىشقا تىرىشىپ، — ئۆزىڭىزنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە نېمە قىلىپ يۈرگىنىڭىزنى بىلەمسىز زادى؟ هوشۇركام بىر ئۆمۈر بالا دەپ ئۆتكەن ئادەم، ئۇنىڭ سىلەرگە سىڭدۈرگەن ئەجرىمۇ ئاز ئەمەس. سىز مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ دادامنىڭ ئەجرىنى ئاقلايمەن، دەپ ئويلامسىز؟

— مەن نېمە قىپتىمەن؟ — ئادالەتنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چەكچەيدى، — سىزنىڭ مېنى ئەيىبلەيدىغانغا هېچقانداق هوقۇقىڭىز يوق. سىز نېمە قىلغان بولسىڭىز، مەنمۇ شۇنى قىلدىم.

مېنى بىلمەيدۇ دەمسىز؟ تولا ئىغىزىمنى ئاچماڭ، سۇلايمان ئاكا. بولمىسا ...

ئۇ مىيىقىدا كۇلۇپ قويۇپ يەنە ئەينىكىگە قارىۋالدى ۋە ھېچ-بىر ھېيىقىپ ئولتۇرماستىن لەۋلىرىگە سۇرۇخ سۇركەشكە باشلى-دى. سۇلايمان قاسىمنىڭ ئاچچىقتىن كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا بۇ ئادەم سۇرەتلىك مەلئۇنغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغاندى.

— بولدى ئۇكام، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلا، كونىلاردا «ياخشى بولساڭ ئىشىڭنى يەرسەن، يامان بولساڭ بېشىڭنى» دەيدىغان گەپ بار. بىزگە قىلدىم دەپ ئۆزىگە قىلار، ھەممىنى خۇداغا قويدۇم...

قەمبەرخان كۆز يامغۇرىدەك ياش تۆككىنىچە ئۇنى ياتاق ئۆيىدىن تارتىپ چىقتى. بىردەمدىن كېيىن ياسىنىپ - تارى-نىپ بولغان ئادالەت كىچىك سومكىسىنى يېنىغا ئاسقىنىچە ياتاق ئۆيدىن چىقىپ، سىرتقا ماڭدى. بىردەمدىلا كارىدور قويۇق ئەتىر ھىدى بىلەن تولدى.

— مەن ئادەم بالىسى باقمىغانىكەنمەن، — قەمبەرخان ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى، — دادىسى مۇشۇ ھالدا ياتسا، غېمىدە يوق چىقىپ كېتىپ بارىدۇ. ئىسىت، ئۇنىڭغا بەرگەن ئاق سۈتلى-رىم! مەن تەلەيسىز مۇشۇ ئۆمرۈمدە كىمگە سۆز قويغان بولغىي-دىم؟ كىمگە يامانلىق قىلغان بولغىيدىم؟ قايسى گۇناھىمنىڭ جازا-سىنى باللىرىمدىن كۆرۈۋاتقاندىمەن؟ ئاھ خۇدا، ئاھ خۇدا...

قەمبەرخاننىڭ يىغىسى ئادەمنىڭ يۈرەك - باغرىنى لەختە - لەختە قىلاتتى.

سۇلايمان قاسىم ئۈندىمەستىن كارىۋات يېنىغا كېلىپ، ئىڭ-راپ ياتقان ھوشۇر سەلەينىڭ پۇت - قولىنى يېنىك تۇتۇشقا باشلى-دى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭمۇ كۆڭلى پاراكەندە ئىدى. ئۇ ھوشۇر سەلەيگە نېمە دېيىشنى، قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلمەيتتى. مەي بولۇپ پىشقان ئۆرۈكلەر تۆكەپ، بازاردا چىلگە قوغۇنلار

پەيدا بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىغىر سەپەر سومكىسىنى كۆتۈرۈ-
ۋالغان رىسالەت قورۇدا پەيدا بولدى . ئۇ تەتىل قىلىپ كەلگەنىدى ؛
جىسمىدىن سەپەر هارغىنلىقى چىقىپ تۇرسىمۇ ، ئۆيگە قايتقانلىقى-
دىن قىن - قىنىغا پاتماي قالغان رىسالەتنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق
نۇرلىرى جىلۋە قىلاتتى . ئۇ گۈللۈك فونتاننىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋې-
تىپ ، ئۇ يەردە ئۇچۇشۇپ يۈرگەن رەڭدار كېپىنەكلەرگە ، بەرگلى-
رى جۇلالاپ تۇرغان هەرخىل گۈللەرگە ، بوغۇق ئۈندە غوڭشىپ
يۈرگەن هەسەل هەرىلىرىگە چوڭقۇر سېغىنىش ئىلكىدە
قاراپ قويدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى گۈللۈك ئەتراپىدىن كىمنى-
دۇر ئىزدەيتتى .
ئۇ بىناغا كىرىپ ، پەلەمپەيلەرنى دەسسەپ ئىككىنچى قەۋەتـ-
كە چىقتى . ئۆز ئۆيىنىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغىنىنى ، سۇلايمان
قاسىملارنىڭ ئىشىكىنىڭ هىم ئېتىپ قويۇلغىنىنى كۆرۈپ ، كۆڭ-
لى بىرقىسمىلا بولۇپ قالدى . ئۆزىگە نىسبەتەن ئۆينىڭ ئادددىيلا
بىر ئىشىكى ئەمەس ، كۆڭۈلنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشىكىنىڭ مەڭ-
گۈلۈك ئېتىلىپ قالغانلىقىنى هېس قىلغاندەك بىئارام بولدى . ئۇ
لېۋىنى يېنىك چىشلەپ قويۇپ ئۆز ئۆيىگە كىردى . كىيىمگە دەز-
مال سېلىۋاتقان قەمبەرخان قىزىنىڭ لوڭقىدە كىرىپ كەلگىنىنى
كۆرۈپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى .
— ۋاي ، رىسالەتمۇ سەن ؟ جېنىم قىزىم ، ئوبدان كەلدىڭمۇ ؟
كۆز نۇرۇم ، قوزام بارمۇسەن ؟
قەمبەرخان سېغىنىش ياشلىرىنى ئېقىتقىنىچە رىسالەتنى مەه-
كەم قۇچاقلىدى . ئىككى تەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى . ئىككى جۈپ
كۆزدىن باهار يامغۇرى تۆكۈلمەكتە . سېغىنىش ئىلكىدە قاغجىرى-
غان قەلب ئېتىزلىرى بۇ يامغۇرنىڭ بەرىكىتىدىن سۇغىرىلماقتا
ئىدى .
— دادام سالامەتمۇ ؟ — دېدى رىسالەت بېشىنى قەمبەرخان-
نىڭ قولتۇقىغا تىقىپ ، ئانا هىدىنى هىدلىغىنىچە ، — هەممەي-
لەننى شۇنداق سېغىندىم ، ئانا ...

قەمبەرخان يىغىدىن بوغۇلۇپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى . ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا قىزىغا بىرنېمە دېگۈدەك هالى قالمىغانىدى . ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ بىر هازا يىغلاشتى .

— سۇلايمان ئاكام ، زۇلخۇمار هەدەملەرمۇ سالامەتمۇ ؟

رىسالەت تىلىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان سوئالنى ئاخىر سورىدى . قەمبەرخان مىشىلداپ تۇرۇپ قىزىنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باستى .

— ئۇلارمۇ ئامان - ئېسەن قىزىم ، هەممەيلەن ئوبدان تۇردۇق .

ئۇلار ئەمدى دېيىشىدىغان باشقا گېپى قالمىغاندەك جىم بولۇشتى . كۆز ياشلارمۇ بىردەملىك سۇر - هەيۋىدىن كېيىن بېسىلىپ قالغان سەلدەك توختاپ قالدى . ئانا پايپېتەك بولۇپ قىزىغا چاي تەييارلىدى . ئەمما ، رىسالەتنىڭ شۇ تۇرقىدا گېلىدىن هېچ نەرسە ئۆتمەيتتى .

هوشۇر سەلەي ئائىلىسىدە كەچلىك تاماق تەييارلاندى . رىسالەت سۇلايمان قاسىمنىڭكىگە كىرىپ ، ئۇلارنى تاماققا ئۆزى چاقىردى .

— هوي ، قاچان كەلدىڭىز سىڭلىم ؟ — ئۇنى كۆرۈپ هاياجانلىنىپ كەتكەن زۇلخۇمار قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قالدى . سۇلايمان قاسىممۇ نېمىشقىدۇر يۈزلىرى قىزارغىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ سالام قىلدى . ئەمما ، بەك هاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى باشقىچە سەۋەب بارمۇ ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ ئاۋازى پەقەتلا چىقمىدى . ئىككى جۈپ كۆز يېتىرقىغان هالدا بىر - بىرىگە لىپ قىلىپ قاراپ قويۇشتى .

بۇ قېتىم رىسالەت قۇرۇق كەلمىگەنىدى . ئۇ خالىقجان بىلەن قۇددۇسجانغا بىردىن ئويۇنچۇق ماشىنا ئالغاچ كەلگەنىدى . سوۋغىنى كۆرۈپ ، بالىلارنىڭ بېشى كۆككە يەتتى . زۇلخۇمارمۇ بىر تىزىق مارجان بويندىغا ئېسىلغاندا ، رىسالەتنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ رەهمەت ئېيتتى . سۇلايمان قاسىم بولسا ، بىر چەتتە تاما-

كىسىنى شورىغىنىچە قاراپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ خىياللىرى پۇتۇن-
لەي چېچىلىپ كەتكەنىدى . ھوشۇر سەلەيمۇ ئۇزمەي تاماكا چېكەت-
تى .

كەچلىك تاماق ئاجايىپ بىر خىل قورۇنۇش ، ھېيىقىش ئىل-
كىدە جىمجىتلا يېيىلدى . ئەمدىلا قاچا - قۇچىلار يىغىشتۇرۇلۇپ
تۇرۇشىغا ئادالەت بوسۇغىدا پەيدا بولدى . رىسالەت كۆرۈشمىگىلى
بىر يىل بولغان سىڭلىسىغا قۇچاق ئاچتى . ئىككىيلەن كۆز يېشى
قىلىپ تۇرۇپ كۆرۈشتى .

— نېمانداق غەلىتە كىيىنىۋالدىڭ ؟ — رىسالەت يۈز كۆرۈ-
شۇشتىن كېيىن سىڭلىسىنىڭ ئۇستۈبېشىغا بىرقۇر قاراپ چىقىپ
سورىدى ، — قارىغىنا ئەپتىڭگە ؟ كىمنى دورىغانسەن ئەمدى ؟

— مۇشۇنداق كىيىنىش بىزنىڭ مەكتەپتە مودا ، — ئادالەت
ئۆزىنىڭ پادىچىلار ئىشتىنى ئىچىدىكى تولغان ساغرىسىنى ، يېرى-
مىنى قىزىل ، يېرىمىنى سېرىق بويىۋالغان ئۆچكە چۇپۇرىدەك بىر
تۇتام چېچىنى سىلاپ قويدى ، — ھەتتا ئەڭ يىراق يېزىدىن
كەلگەن قىزلارمۇ مۇشۇنداق ياسىنىپ يۈرىدۇ .

— بىزنىڭ ئۆيدىنمۇ تېبىبي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى ئە-
مەس ، بىر مودىكەش ناينىاق يېتىشىپ چىقتى ، — دېدى ھوشۇر
سەلەي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ ، — مەن ئۆيۈمدە بالا
باقتىم دەپ بالا بېقىپتىمەن . قىزلىرىمنىڭ ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا
يۈزۈمنى پوق قىلىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىمەن .

رىسالەت بىر دادىسىغا ، بىر سىڭلىسىغا قاراپ بىرئاز تۇرۇپ
قالدى . ئۇنىڭ لەۋلىرى مىدىرلايتتى . ئەمما تىلى زۇۋانغا كەلمەيت-
تى . بىر خىل سىقىلىشنى ھېس قىلغان سۇلايمان قاسىم ئورنىدىن
تۇردى ۋە زۇلخۇمارغا كۆزلىرى ئارقىلىق چىقىپ كېتىش ئىشارى-
سىنى قىلدى .

— بىردەم ئولتۇرمامسىلەر ؟ — دېدى قەمبەرخانمۇ ئورنى-
دىن تۇرۇپ .

— خوش ، بىز يەنە بارغۇ ؟ — دېدى زۇلخۇمار قۇددۇسجان-

ننىڭ قولىدىن يېتىلىگىنىچە ، — رىسالەت يولدا ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندۇ ، ئەمدى ياخشىراق ئارام ئېلىۋالسۇن . ھە راست ، رىسالەت ، بىزنىڭكىگىمۇ كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقىڭ - ھە !

ئۇلار خوشلىشىپ ئۆز ئۆيىگە چىقتى . ئىككى ئوغۇل ئويۇنچۇق ماشىنىلىرىنى ئويناش بىلەن ئاۋارە ئىدى .

— رىسالەتنىڭ ئۇرۇمچىگە كەتكىنىگە نەچچە يىل بولۇپ قالدى ، — دېدى زۇلخۇمار تىكلىمە ئەينەككە قاراپ بوينىدىكى مارجانلارنى سىلىغىنىچە ، — ئۇ چوڭ شەھەردە يۇرگىنى بىلەن قىلىچىلىك ئۆزگەرمەپتۇ . بىراق ، بۇ ئادالەتنىڭ مۇشتۇمدەك تۇرۇپ قىلىپ يۇرگەن ئىشلىرىنى كۆرمەمدىغان ؟ ناۋادا ئۇ ئاچىسىدەك چوڭ شەھەرلەرگە بارغان بولسا ، ھوشۇركامنىڭ كۆرىدىغان كۇنى باركەن ئەمەسمۇ ؟

سۇلايمان قاسىم ھېچنېمە دېمىدى . ئۇ خوتۇنىغا بىرەر ئىپادە بىلدۇرسە ، كۆڭلىدىكى تۇگۇچ يېشىلىپ كېتىدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇدا قالغانىدى . تاماكىنى ئۇلاپ چېكەتتى . ئېغىر - ئېغىر تىناتتى . تاماكىنى تولا چەككەچكە ، مېڭىسىدە قويۇن كۆتۇرۇلۇپ تۇراتتى .

— نېمە بولدى ؟ — زۇلخۇمار ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى بۇ نورمالسىزلىقنى سېزىپ قالدى ، — دېمىڭىز ئىچىڭىزگە چۇشۇپ كېتىپتىغۇ ؟ بىرەر ئىش كۆڭلىڭىزگە كەلدىمۇ ، نېمە ؟

— ھوشۇركامنىڭ مۇڭ باسقان چىرايى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى ، — دېدى ئۇ تاماكىسىنىڭ كۇلىنى قېقىۋېتىپ ، — قارىمىدىڭىزمۇ ؟ بىچارە مۇشۇ كۇنلەردە تۇگىشىپ كېتىۋاتىدۇ . چاچلىرىمۇ تولۇق ئاقىرىپ بوپتۇ . ئىچكى ئازاب دېگەن ئادەمنىڭ يۇرىكىنى قۇرتتەك يەيدىغان نېمىكەن ، بىچارىگە بەكلا ئىچىم ئاغرىپ قالدى .

— ھوشۇركامنى مۇشۇ ئادالەت تۇگەشتۇرۇۋەتتى ، — زۇلخۇمار ئېغىر تىنىپ قويدى ، — قىز بالا دېگەن ھايا بولمىسا بىر زەمبىل پوقتەكلا يۇراپ قالىدىغان نېمىكەن . ھەي ، بۇكەمنىڭ

قىزلىرىنى نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟

سۈلايمان قاسىم تاماكا چېكىپ يېتىپ، ئۆيدىن تالا ـ تۈزگە چىقمىدى. ۋاقىت ئۇنىڭغا نىسبەتەن پۈتۈنلەي توختاپ قالغاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. كېچە خېلى بىر يەرگە بارغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. قارىغاندا، ئۇ بۈگۈن كېچىنىمۇ تولغىنىپ يېتىپ تاڭغا ئۇلايدىغاندەك قىلاتتى.

## 38

ۋاقىت توختاۋسىز ئۆتۈپ تۇرىدۇ. كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ ھەپتىلەرنى باشلاپ كېلىدۇ. سۈلايمان قاسىم ئۆي بىلەن ئىشخانا ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ، بۇ ھەپتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى سەزمەي قالدى. ئادەمگە بەزىدە ۋاقىت توختاپ قالغاندەك بىلىنگەن بىلەن، بەزىدە ئۇنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قالىدىغان چاغلىرىڭ بولىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئاستا ياكى تېز ئۆتۈشى سېنىڭ كەيپىياتىڭغا باغلىق! سەن ھېچ ئىشنى ئويلىماي، ئۆزۈڭنى خۇشال سەزگىنىڭدە ۋاقىت تېز ئۆتىدۇ. بېشىڭنى ئېغىر غەم بۇلۇتلىرى قاپلىۋالغان، كۆڭلۈڭنىڭ ئارامى بۇزۇلغان چاغدا بولسا، ۋاقىتنىڭ چاقى تولىمۇ ئاستا ئايلىنىدۇ. كاللاڭ ھېچ نەرسىنى ئويلاپ يېتەلمەي، ئۆزۈڭنى چۈش بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا يۈرگەندەك سەزگىنىڭدە ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى يەنىلا سەزمەي قالىسەن، بۇ يەردىكى چاتاق سېنىڭ سەزگۈڭدىن چىققان بولىدۇ.

سۈلايمان قاسىمنىڭ پەرىشانلىقى بۈگۈن باشقىدىن كۈچەيدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇ ھەپتە پىلانلىغان خىزمەتلىرى شۇ پېتىچە ئېشىپ قالغانىدى. نېمە ئويدا يۈرۈپ ۋاقىتنى شۇنچە بوش ئۆتكۈزىۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. پەقەت ئەتە دەم ئېلىش كۈنى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىلا ئاندىن ئۇ ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئادەمدەك بېشىنى سىلكىدى. ئەمما، ۋاقىت قولدىن كەتكەن، ئۇنى قايتۇ-

روٗپ كېلىش سۇلايمان قاسىمنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى .
ئۇ ئىشخانىدىن روھى چۈشكەن ھالدا قايتىپ چىقتى . ئەمدى ئەتە ئىش قوشۇپ ئىشلىمىسە ، دۈشەنبە كۈنى ئىدارە باشلىقى ئالدىدا چۈكۈلدايدىغان گەپ ! خىزمەتنى ئاقسىتىپ قويۇپ ، باھانە كۆرسىتىش ئۇنىڭ خىزمەت پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى . شۇ-ڭا ، ئەتە بىر كۈن جىددىي ئىشلەپ چالا قالغان خىزمەتنى پۈتتۈرۈ-ۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى .
ئۇ ئىدارىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ، ئۇ يەردە ئىككى ئوغلى بىلەن خۇشال ئويىنىشىۋاتقان رىسالەتنى كۆرۈپ قالدى . خالىقجان ئۇنىڭ بېقىنىنى چىمداپ قويۇپ بەدەر قاچاتتى ، قۇددۇسجان بولسا ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋالغانىدى . رىسالەت خالىقجاننى قوغلىماقچى بولات-تى ، ئەمما پېشىگە قۇددۇسجان ئېسىلىۋالغان بولغاچقا ، ئۇنى تۇ-تالماي ، بالىلارنىڭ شوخلۇقىدىن سۆيۈنۈپ قاقاقلاپ كۈلەتتى . ئۇ-لارنى بۇ ھالدا كۆرگەن سۇلايمان قاسىمنىڭ چىرايى ھەپتىدىن بېرى تۇنجى قېتىم ئېچىلدى .
— خالىق ، قۇددۇس ، شوخلۇق قىلماڭلار ، — دېدى ئۇ يىراقتىن ۋارقىراپ ، — رىسالەت ئاچاڭلارنى بوزەك قىلساڭلار بولمايدۇ جۇمۇ .
رىسالەت ئۇنى كۆرۈپ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى . دادى-سىنى كۆرگەن خالىق بىلەن قۇددۇس يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئۇنىڭ قۇچىقىغا ياماشتى . رىسالەت بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋالدى .
— قانداق ، ھاردۇقىڭىز چىقىپ قاپتىمۇ ؟ — سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى ، — ئۆيگە بىر چاقىرىۋالايلى دېگەن ، شۇ مېنىڭ پەقەتلا ۋاقتىم چىقماي …
ئۇ ئۆزىگە تىكىلگەن رىسالەتنىڭ كۆزىگە قاراپلا دۇدۇقلاپ قالدى ، چۈنكى ، ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم يالغان ئېيتىۋاتاتتى ؛ ئەمما ئۆزىنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقىنىنى رىسالەتنىڭ كۆزلىرىدىن

يوشۇرۇپ قالالمىدى .

— سىزگە نېمە بولدى ، سۇلايمان ؟ ئەجەب مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇۋاتقاندەك قىلىسىزغۇ ؟

سۇلايمان قاسىم ئۆزىچە دۇدۇقلاپ قالدى :

— ما ... ماڭا ھېچ ئىش بولغىنى يوق ، شۇ ... كۆڭلۈمنىڭ بىرئاز ئارامى يوق . نېمە بولغىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن . سىز ھەرگىز باشقىچە ئويلىنىپ قالماڭ .

— مەنمۇ باشقىچە ئويلاشنى پەقەتلا خالىمايمەن ، — دېدى رىسالەت سۈس كۈلۈپ قويۇپ ، — ئەسلىدە مەن كۆڭلۈمگە نۇرغۇن پىلانلارنى پۈكۈپ كەلگەنىدىم . سىز بىلەن ئوبدانراق بىر پاراڭلىشىش ئويۇممۇ بار ئىدى . بەزى مەسىلىلەردە سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئاڭلاپ باقسام دەيمەن . لېكىن ، بۇ يەرگە كېلىپلا ئۆزۈمنىڭ بەكلا يالغۇز قالغىنىمنى ھېس قىلدىم . ئۆي ئىچىمىزمۇ پاراكەندە ، دادامنىڭ مىجەزى يوق ، سىزمۇ مەندىن قېچىپ يۈرگەندەك قىلىسىز . مەن بەكلا بىئارام بولۇۋاتىمەن ، سۇلايمان !

سۇلايمان قاسىم ئىككى ئوغلىغا بىرئاز پارچە پۇل بېرىپ ، دوقمۇشتىكى ماگىزىنغا يولغا سالدى . ئاندىن ئۇ رىسالەتكە مەيۇسانە بېقىپ پەس ئاۋازدا دېدى :

— مېنىڭ سىزدىن ئەتەي ئۆزۈمنى قاچۇرۇۋاتقىنىم يوق ، رىسالەت . كىچىك ۋاقىتلىرىڭىزدا قىسىنىپ قورۇنمايلا مەڭزىڭىزگە سۆيۈپ قويسام بولىۋېرەتتى ، ھازىر ئۇنداق قىلسام ئەدەپسىزلىك بولىدۇ . سىز بالاغەتكە يەتتىڭىز ، رەسىدە بولدىڭىز . ئەمدى ئىلگىرىكىدەك يۈرۈۋەرسەك سىزگىمۇ ئوبدان ئەمەس ، ئىشنىڭ ئالدى - كەينىنى ئويلىماي بولمايدۇ . شۇڭا ...

— قورقۇپ قاپسىز - دە ؟ ! — رىسالەت ئازابلىق جىلمايدى ، — مەن بۇنى پەرەز قىلغان . لېكىن ، سۇلايمان ، سىز بۇنى ئۆزىڭىزگە يۈك قىلىۋالسىڭىز بولمايدۇ . مەن سىز دېگەندەك چوڭ بولدۇم ، ئەقلىممۇ چوڭايدى . نېمىنىڭ توغرا ، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالغۇدەك بولدۇم . شۇنداق ئىكەن ، مەنمۇ ئۆزۈم

توغرا تاپقان يولدا ماڭسام دەيمەن . سىز ئارتۇقچە ئويلاپ كېتىپ-سىز . مەن يەنىلا سىز بىلىدىغان رىسالەت شۇ ، بويۇم ئۆسكەن بىلەن ماھىيىتىمدە قىلچىلىك ئۆزگىرىش بولغىنى يوق . ئەتە ۋاق-تىڭىز بارمۇ ؟

— قانداق دەيسىز ؟

— مېنىڭ يەنە بىر قېتىم سىز بىلەن دەريا بويىغا بارغۇم بار ئىدى ، — رىسالەت ئۆتۈنۈش ئاردىلاش ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلدى ، — قاشتېشى چايقاپ ئېقىۋاتقان ئاشۇ ئۇلۇغ دەريا بويىدا سىزدىن سورايدىغان بەزى سوئاللىرىم بار . مەن بىلەن بېرىشتىن قورقمايدىغانسىز ؟

سۇلايمان قاسىم يەرگە قارىغىنىچە بىرپەس تۇرۇپ قالدى . ئۇ رەت قىلاي دېسە ، رىسالەتنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى . ماقۇل دەي دېسە ، ئەتە قىلىدىغان خىزمەت بار . خىز-مەت يوق دېيىلگەندىمۇ ، چوپچوڭلا بىر قىز بىلەن دەريا بويىدا ئايلىنىپ يۈرسە ، ئۇچراپ قالغان تونۇش - بىلىشلەرگە بۇنى چۈ-شەندۈرمەك بەكمۇ تەس . ئەڭ مۇھىمى ، رىسالەتنىڭ يۈرىكىدە باش كۆتۈرۈۋاتقان قانداقتۇر بىر ھېسسىياتنى كۈچەيتىپ قويسا بولماي-دۇ . مۇشۇلارنى ئويلاپ ئۇ بەكمۇ تەڭقىسلىق ئىچىدە قالدى . ئۇنىڭ نېمە ئويدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرغان رىسالەتنىڭ كىرپىكلىرىدە ئىككى تامچە ياش ئېسىلىپ قالدى .

— مەن بۇ ئىشنىڭ سىزگە مۇنچىلىك تەس كېلىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىمەن ، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ تۇرۇپ ، — بوپتۇ ، بارغۇڭىز بولمىسا مەيلى ، سىزنى ئاۋارە قىلماي ، ئۆزۈملا باراي ، دەريا بويىدا ئادەم يەيدىغانلار بار دەپ زادىلا ئاڭلىمىدىم .

رىسالەت شۇنداق دېگىنىچە يۈزىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئې-لىپ ، پىيادىلەر يولىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرگەن سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈرىكى چېقىلغان ئەينەك پارچىسى-دەك پارە - پارە بولدى . ئۇ مۇرىلىرى سىلكىنىپ ، يىغلاپ كېتىپ بارغان رىسالەتنىڭ گۈگۈم قويىنىغا سىڭىپ بېرىۋاتقان سىيماسىغا

قاراپ خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى . گۈگۈم پەردىسى ئەتراپقا تەكشى يېيىلماقتا ئىدى .

كېچە خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى . باللارنىڭ ياتاق ئۆيىدىن خالىقجان بىلەن قۇددۇسجاننىڭ يولۋاس كۈچۈكلىرىنىڭ- كىدەك پۇشۇلدىغان تىنىقى ئاڭلىناتتى . ئۇلار ئالىلقاچان ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى . تەگسىز خىياللار قوينىدا كېزىپ يۈرۈپ كۆزلىرى- دىن ئۇيقۇ قاچقان سۇلايمان قاسىم زۇلخۇمارنىڭ سۇت خۇمارى تۇتقان بوۋاقتەك قانداقتۇر ئىما - ئىشارەتلەر بىلەن سۇۋۇنغىنىغا پەرۋا قىلىپ كەتمىدى . تىنىقى ئۇلغىيىپ قالغان زۇلخۇمار بىرەر شەپنى كۈتۈپ يېتىپ باققان بولسىمۇ ، سۇلايمان قاسىمدىن ئىند- كاس بولمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېرىگە ئارقىسىنى قىلىپ ياتتى ۋە كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ يېنىك خورۇلدىشى ئاڭلاندى .

بىر كېچە ھەرھالدا تىنچ ئۆتتى . تاڭ ئاتتى ، شەھەر كوچىلد- رىدىكى كانايلاردىن مۇز ئۇستىدە چويۇن توپ دۇمىلاتقاندەك غال- دۇر - غۇلدۇر قىلغان ئەبجەش ناخشا ساداسى كېلىشكە باشلىدى . زۇلخۇمار ئورنىدىن تۇرۇپ ، ناشتىلىققا چاي تەييارلىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ كەيپىياتى بەكلا بوش ئىدى . قانداقتۇر بىر ئىشتىن رەنجىپ قالغاندەك قاپىقىنىمۇ ئاچمايتتى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ تەييار بولغان سۇلايمان قاسىمنىڭ ئالدىغا بىر چىنە قىزىق چاينى دوققىدە قويۇپ قويغاندىن كېيىن ، يەنە ئۇخلاش ئۈچۈن ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

سۇلايمان قاسىمنىڭ ناشتىغا پەقەتلا كۆڭلى تارتمىدى . ئۇ داستىخان ئالدىدا ئىچىگە تىنىپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ، بىر تال تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇردى . ئۇ تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چەك- كىنىچە ئىشخانىسىغا قاراپ يول ئالدى .

ئادەمنىڭ كەيپى جايىدا بولمىسا ، ھېچ ئىش خۇشياقمايدىكەن . ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىپ ، تۈنۈگۈن پىلانلىغان ئىشلارنى قولىغا ئالدى . جەدۋەللەرنى توشقۇزماقچى بولدى ، ئالدىنقى ھەپتىدىكى تەكشۈرۈشتىن دوكلات يازماقچى بولدى ، ئۆزىنىڭ يېقىنقى خىز-

مەت پىلاننى تۈزمەكچى بولدى . ئەمما ، ھېچ نەرسە قىلغۇسى كەلمىدى . شامال ئۆتۈشمەيدىغان ئىشخانا ئىچى دىمىق بولۇپ كەت-كەنىدى . ئۇ بەكلا قىيىن نەپەس ئېلىۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇ ئىچىدە سىقىلىپ كەتتى . ئۇنىڭغا بۈگۈن ئىشلەش ھەققەتەن خۇش-ياقمىغانىدى .

سۇلايمان قاسىم بىرسى ئەتەي كۆرۈپ قالىدىغاندەك ئىشكىنى ئىچىدىن تاقىدى ۋە ئىشكاپتىكى قىزىل يوللۇق گالستۇكنى ئېلىپ بوينىغا چىگدى . پاكىز ، دەزماللانغان ئاق كۆڭلەكنىڭ ياقىسىغا شۇنداق ياراشقان گالستۇك ئۇنىڭغا خېلىلا ئىسكەت بېغىشلاپ تۇ-راتتى . ئۇ ئەينەكتىكى سىيماسىغا قاراپ ، ئۆزىنى ئون ياش ياشى-رىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى .

ئۇ بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى . بوينىدىكىسى يېپەكتىن توقۇلغان نەپىس گالستۇك ئەمەس ، رىسالەتنىڭ گىرە سېلىپ تۇرغان بىلى-كىدەك بىر تۇيغۇ ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى . ئۇ ئالمان - تالمان گالستۇكنى يېشىۋەتتى ۋە چىرايلىق قاتلاپ ئىشكاپقا سېلىپ قوي-دى . ئۇنىڭ بويۇنلىرى ئېچىشىپ كۆيۈشۈپ تۇراتتى . خۇددى بىرسى دېرىزىدىن قاراپ تۇرغاندەك بىر خىل خۇدۇكسىرەش ئىچىدە ئەت-راپقا قارىدى . ئۇ بۈگۈن ھەرقانچە قىلسىمۇ ، قولىنىڭ زادىلا ئىشقا بارمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟

ئۇ يەنە تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى . كۆز ئالدىدا يۈزىنى ئالىقىنى بىلەن توسۇپ ، پىيادىلەر يولىنى بويلاپ يىغلاپ كېتىۋات-قان رىسالەت پەيدا بولدى . ئۇنىڭ گۈگۈم پەردىسى ئىچىگە سىڭىپ كېتىۋاتقان غۇنچە بويى يىغىدىن سىلكىنەتتى . بۇ مەنزىرە سۇلايمان قاسىمنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىۋەتتى . ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئىشخانىسىدىن چىقتى ۋە بىر تاكسىنى توسۇپ دەريا بويىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

كۈن ئاللىقاچان چۈش بولۇپ قالغانىدى . بارلىق ھارارىتىنى زېمىن باغرىغا تۆكۈپ ، ھەممە يەرنى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەن قۇ-ياش باش ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇراتتى . دەريا يۈزىدە يېيىلىپ ئاققان

ئۇلۇغ سۇ تاشلارنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ ، غالدىرلىغان ئاۋازلارنى چىقىراتتى . سۇ يۈزىدە تۇمان ئەگىيتتى . دەريا تەرەپتىن كېلىۋاتقان سالقىن شامال ئادەمنىڭ يۈزىگە يېنىك ئۇرۇلۇپ ، ئاجايىپ لەززەت بەخش ئېتەتتى . دەريا بويىدا شامالدىغىلى چىققانلار خېلى كۆپ ئىدى . ھەممەيلەننىڭ كەيپى چاغ ، روھى كۆتۈرەڭگۈ كۆرۈنەتتى .

سۇلايمان قاسىم جۇپ - جۇپ بولۇپ قولتۇقلىشىۋالغان ياشلار ، گويا تۇرمۇش غەملىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك بەخىرامان ئايلىنىپ يۈرگەن چوڭلار ، سۇغا تاش ئېتىپ ئويناۋاتقان باللار ئارىسىدىن رىسالەتنى ئىزدىگىنىچە قاشانى بويلاپ دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ ماڭدى . ئۇ ئالدىنقى يىلى رىسالەتنى باشلاپ بارغان قولتۇقتا يەتكەندە ، يىراقتىن بۇ تەرەپكە قاراپ خىيال سۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر قىزنى كۆردى . سالقىن شامال قىزنىڭ كەڭ ئېتەكلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئويناتتى . قىزىل كۆڭلەكنىڭ كەڭ ئېتىكى بەئەينى شامالدا لەپىلدەۋاتقان بايراقتا ئوخشايتتى . ئۇ سۇلايمان قاسىمغا قاراپ قول پۇلاڭلىتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى .

قىزنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن كۆكرەك قەپىسىگە ئۇرۇلۇشقا باشلىدى . رىسالەتنىڭ كەڭ ئېتەكلىك قىزىل كۆڭلىكى ، بېشىغا ئارتىۋالغان قىزىل ياغلىقى بەئەينى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشاش سۇلايمان قاسىمنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى . ئۇ ئاستا قەدەملەر بىلەن ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان رىسالەتكە قاراپ ئورنىدا چىپپىدە توختىدى .

دەريا يۈزىدە سۇلار شارقىرايتتى . سۇ تېگىدىكى قورام تاشلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغاندىكى غالدىر - غۇلدۇرلىرى قاشنى سىلكىتەتتى . مىنگىشىپ كېلىۋاتقان دولقۇنلار قۇترىغان شىرغا ئوخشايتتى . سۇغا قارىغان ئادەمنىڭ يۈرىكى ئېغىزىغا قاپلىشىپ قالاتتى . سۇلايمان قاسىم ئۆز ۋۇجۇدىدىمۇ مۇشۇنداق بىر دەھشەتلىك ئېقىمنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدى . تىنچلىقى بۇزۇلغان كۆڭۈل دەريا سۈيىدەك دولقۇن ئاتاتتى . قاشانى بۇزۇپ ،

قاياقىدۇر باش ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كۈچ كۆرسىتەتتى . ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى قاراملىقى دەريا سۈيىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى .
ئارىلىق بارغانسېرى قىسقارماقتا ئىدى . رىسالەت ئېغىر خى-ياللار ئىلكىدە سۇلايمان قاسىمنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىنى ۋە ئۆزىگە قاراپ تۇرغىنىنى پەقەتلا سەزمىدى . ئۇنىڭ چىرايى يامغۇر سىمىل-داپ تۇرغان ئاسماننىڭ يۈزىدەك تۇتۇلغان ، ئۇنىڭ يەرگە باققان كۆزلىرىدىن يۈرەكنى پارە - پارە قىلىدىغان چوڭقۇر ئازابنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى . ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرى شامالدا تو-زۇپ تۇراتتى . بىر ئىرادىلىك قىزنىڭ قانداق بولۇپ مۇشۇ هالغا چۈشۈپ قالغىنىنى سۇلايمان قاسىم تەسەۋۋۇر قىلالمىدى .
رىسالەت ئاستا مېڭىپ ھېلىقى سۆگەتنىڭ ئاستىدىكى يوغان تاشنىڭ يېنىغا كەلدى . بۇ ئۆتكەن يىلى رىسالەت سۇلايمان قاسىم بىلەن بىللە ئولتۇرغان ھېلىقى قورام تاش شۇ ئىدى . ئاشۇ چاغدىن كېيىن ئۇنىڭغا بىرەرسى ئولتۇرۇپ باقمىغانمىكىن ، ئاق - سېرىق سىزىقلىرى بار بۇ چىپار تاشنىڭ يۈزىنى بىر قەۋەت توپا بېسىپ كەتكەنىدى . رىسالەت قولىياغلىقى بىلەن تاش يۈزىدىكى توپىلارنى سۈرتۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان سۇلايمان قاسىمنىڭ بوغۇزىغا بىرنەرسە قاپلاشتى .
— رى ··· رىسالەت ··· !
قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ، سەل نېرىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان سۇلايمان قاسىمنى كۆردى ۋە ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ لەۋلىرى بىرسىنى چاقىرماقچى بولغاندەك مىدىرلى-دى ، ئەمما ئۇنىڭدىن ھېچبىر سادا چىقمىدى . سۇلايمان قاسىم ئېغىر قەدەملەر بىلەن قىزنىڭ ئالدىغا باردى . رىسالەتنىڭ كۆزلى-رىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى .
— ئاخىر كەپسىز - دە !
سۇلايمان قاسىم ئۈندىمىدى . ئۇ دولقۇنلىرى ئۆركەشلەۋاتقان دەرياغا قاراپ بىرئاز تۇردى ۋە قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تاشقا ئولتۇردى . رىسالەتنىڭ ئالىقىنى چوغدەك يېلىنجاپ تۇراتتى . ئا-

رىنى ئىغىر سۈكۈت قاپلىدى . ھېچقايسىسىنىڭ بۇ خىل ھالەتنى باش بولۇپ بۇزغۇسى كەلمەيتتى . ئۇلار شۇ ھالدا ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك ئولتۇرغىنىنى بىلەلمىدى . سۇلايمان قاسىم بىر چاغدا قورسىقىنىڭ ئېچىپ ، غولدۇرلاپ كەتكىنىنى ھېس قىلدى . ئۇ ئەتىگەندىن بېرى تۇزۇككىنە ناشتىمۇ قىلمىغانىدى .

— نېمە ئويلاۋاتىسىز ؟ — دېدى سۇلايمان قاسىم لايقىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرغان رىسالەتتىن .

— مەن تېخى سىزنى ئەمدى كەلمەيدىغان بولدى ، دەپ ئويلىغاندىم ، — دېدى رىسالەت كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ، — ھەرنېمە بولسا كەپسىز . سىزگە كۆپ رەھمەت . ئاۋادا سىزنى بۇ يەردە قايتا كۆرمىگەن بولسام ، ئەمدى مېنىڭ جاھاندا ئەقىدە قىلىدىغان بىرمۇ ئادىمىم قالماپتۇ دەپ ، كۆڭلۈم بەك يېرىم بولغان بولاتتى .

سۇلايمان قاسىم بىر ئىشلارغا چارىسىز قالغان ئادەمدەك ئې- غىر خورسىنىپ قويدى .

— بىر ھەپتىدىن بېرى كۆڭلۈم پاراكەندە بولغاچقا ، بىجى- رىشكە ئۈلگۈرمىگەن نۇرغۇن ئىشلىرىم بار ئىدى . ئۇنى بۈگۈن ئىشلىۋېتەي دېگەن ، ئەمما ئۇنىڭغا پەقەتلا قولۇم بارمىدى . نېمىش- قىدۇر دەريا بويىغا كېلىپ قالدىم ، مېنى كەچۈرۈڭ ، رىسالەت ...

— سىز «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» فىلىمىدىكى رۇخسارنىڭ خەمىتكە دېگەن بىر ئېغىز سۆزىنى ئەسلىيەلەمسىز ؟ — سورىدى رىسالەت ئازابلىق كۈلۈمسىرەپ .

سۇلايمان قاسىم ئاشۇ كىنونى قايتا ئەسكە ئالدى ، بەزىبىر دىئالوگلارنى خىيال قىلغان بولسىمۇ ، رۇخسارنىڭ ھېلىقى بىر ئېغىز سۆزىنى ئەسكە ئالالمىدى ۋە ئاستا باش چايقىدى .

— ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمدىن كەچۈرۈم سوراش ھا - جەتسىز ! — رىسالەت رۇخسارنىڭ ئاۋازىنى دوراپ تۇرۇپ كۈ- لۈپ قويدى . ئۇنىڭ چىرايى تاڭدا ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك پورەك ئاچتى . سۇلايمان قاسىممۇ زورىغا كۈلۈمسىرىدى . ئارىنى يەنە

سۈكۈت قاپلىدى . بۇ خىل روھىي ھالەتكە چىدىمىغان رىسالەت ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۇششاق تاشلارنى تېرىپ سۇغا ئېتىشقا باشلىدى .

— سىزدىن سورايدىغان بىر نەچچە سوئالىم بار ، — دېدى ئۇ دەرياغا تاش ئېتىپ ھارغاندىن كېيىن ، ئاستا كېلىپ ئولتۇرۇپ ، — بىرىنچى سوئالىم ، قىزلار ئازاب چېكىش ئۈچۈن چوڭ بولامدۇ ؟ نېمىشقا كىچىكىدە ئەركىلىتىپ باققان ، مەڭزىگە سۆيۈپ قانمايدىغان قوشنىلار ئۇنى يەنە بورۇنقىدەك قۇچىقىغا ئالالمايدۇ ؟

سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ بىرئاز ئولتۇرۇپ قالدى .

— ئىككىنچى سوئالىم ، بىر قىز نېمىشقا باشقىلارنى خۇشال قىلالمايدۇ ؟ نېمىشقا باشقىلارغا كۆڭۈل بېرەلمەيدۇ ؟

سۇلايمان قاسىم قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈۋاتقاندەك كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرىۋەردى .

— ئۈچىنچى سوئالىم ، بىر قىزنىڭ كۆڭلىدە ئۆزى ئەڭ ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەمگە نىسبەتەن مۇھەببەت تۇغۇلۇپ قالسا ، قانداق قىلىش كېرەك ؟

سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى . ئۇ ئۆزىگە نىسبەتەن ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر ھاڭنىڭ قوچاق ئاچقانلىقىنى خىرە - شىرە ھېس قىلدى . بۇ بەكمۇ قورقۇنچلۇق ، خاتىرجەملىكنى بۇزغۇچى ھاڭ ئىدى . ئۇ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ بۇ يەرگە كەلگىنىگە بەكمۇ پۇشايمان قىلدى . رىسالەت ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈپ قاراپ تۇراتتى . بىچارە قىزنىڭ تىنىقى تىنىقىغا ئۇلاشمايتتى . چىرايى دالىدا ئېچىلغان چوغلۇقتەك قىزىرىپ كەتكەنىدى .

— مەن ... مەن ، ئەستا ، نېمە دېسەم بولار ؟ بۇ مۇشۇ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ قىيىن بىر قېتىملىق ئىمتىھان بولدى . ئالدىراپلا تاققا - تۇققا جاۋاب بەرسەم بولمايدۇ . ئەڭ ياخشىسى ، بىز باشقا گەپلەرنى قىلىشايلى ، رىسالەت ، مەسىلەن ، سىزنىڭ ئوقۇش ئەھ-

ۋالىڭىز دېگەندەك ...
— مۇشۇ سوئاللارغا جاۋاب بەرسىڭىز ، مېنىڭ ئوقۇش ئەھ-
ۋالىمغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلگەن بولىسىز سۇلايمان ، — دېدى
رىسالەت يەنە ئۇنىڭ ئىسمىنى توغرىدىن - توغرا ئاتاپ ، —
مەن ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ، يەنە
كېلىپ مېدىتسىنا ئوقۇۋاتقان ، ئادەم ئورگانىزمىنىڭ ھەممە خۇسۇ-
سىيەتلىرىنى بەش قولدەك بىلىدىغان بىر قىز . گەرچە مېنىڭ
نەزىرىيىۋى سەۋىيەم يۇقىرى بولسىمۇ ، ئەمەلىي تەجرىبەم يوق .
بولۇپمۇ مۇھەببەت ، قىز - ئوغۇللارنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى
كۆرۈشى دېگەنلەردە قىلچىلىك تەجرىبەم يوق . شۇڭا ، مۇھەببەت ،
ياخشى كۆرۈش دېگەنلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سىزدەك چوڭ-
لاردىن بىلىۋالسام دەيمەن .
سۇلايمان قاسىم ئۇندىمەستىن تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چې-
كىپ ئولتۇرىۋەردى . ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - ھوشى قالايمىقانلىشىپ
كەتكەنىدى . شۇ تۇرقىدا رىسالەتكە نېمە دېيىشىنىمۇ بىلمەيتتى .
— سىزنىڭ ئوقۇش ھاياتىڭىزدا بىرەرسىنى ياخشى كۆرگەن
تارىخىڭىز بارمۇ ؟ — دېدى رىسالەت دەريا ئېچىدە ئېقىپ كېتىۋات-
قان بىر تال ئالما شېخىغا قاراپ تۇرۇپ .
— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز ؟
— مېنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى چۈشەنچەم بەكمۇ يۈزە ،
بىلىدىغانلىرىمنىڭ تايىنىمۇ يوق . شۇڭا ، سىزدىن تەلىم ئالاي
دەيمەن . بىر ئادەم بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا ، گۇناھ بولامدۇ ؟
ئۆزىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلگەنلىكىنى بىلىپ تۇ-
رۇپ ، بىغەم يۈرۈۋالغان ئادەمنى نېمە دېگۈلۈك ؟ سىزنىڭ بۇلارنى
ماڭا ئېنىقراق چۈشەندۈرۈپ قويۇشىڭىزنى بەكمۇ خالايمەن . بۇنىڭ
مېنىڭ كېيىنكى ھاياتىم ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشى-
نىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن .
سۇلايمان قاسىمنىڭ كاللىسىدىكى تۈتەك تارقاپ ، ئۇ يەردە
سۇ ئىچكىلى كەتكەن قۇياش قايتىپ كەلگەندەك بىر يورۇقلۇق پەيدا

بولدى . ئۇ خىيال يىپلىرىنى رەتلەپ ، ئۆتمۈش ئەستىلىكلىرى ئىچىدىن يۈرىكىدە چوڭقۇر جاراھەت ئىزى قالدۇرغان تۇنجى مۇ-ھەببىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى .

— بۇ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چاغدا يۈز بەرگەن بىر قىتىملىق ئەخمەقلىقنىڭ نەتىجىسى .

سۇلايمان قاسىم يەنە بىر تال تاماكىغا ئوت ياقتى ۋە ئىسىنى ھالقا شەكلىدە پۈۋلەپ بىرپەس ئولتۇردى . ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈ-رۈلگەن ، قەلبىدىكى يەنە بىر يامان يارا ئىغىزىدىكى قاقاچ سويۇل-غاندەك چىرايى ئازابلىق تۈس ئالغانىدى .

— مەن شۇ چاغدا ئون يەتتە ياشتا ئىدىم ، تولۇق ئوتتۇرىنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇيتتىم . دەرسلەردە دېگەندەك ياخشى بولمى-سامۇ ، تىرىشچان ئىدىم . بويۇم سىنىپ بويىچە پاكار ، تېنىم ئاۋاق ئىدى . مېنى شۇ چاغدا ساۋاقداشلىرىم «ئاۋاق مايمۇن» دەپ ئاتىشاتتى . مەن بۇنىڭدىن خاپا بولۇپ كەتمەيتتىم . چۈنكى ، مېنىڭ تۇرقۇم شۇ تۇرسا ، كىمدىن رەنجىگۈلۈك ؟ بېشىمنى ئىچىمگە تىق-قىپ بارلىق زېھنىمنى ئۆگىنىشكە قارىتىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا تۇيۇقسىزلا بىر قىز بۆسۈپ كىردى .

گۈلچىمەن ئىسىملىك بۇ قىز يىراق تاغلىق يېزىدىن مۇشۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلگەن ۋە بىزنىڭ سىنىپقا تەقسىم بولغانىكەن . غۇنچە بوي ، ئۆڭى ئاق ، مەڭزلىرى توغاچتەك قىزىرىپ تۇرىدىغان ، كۆزلىرىدىن بىر ئىشلارغا زىيادە ھېرىسمەنلىكى ۋە ئاق كۆڭۈللۈ-كى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ قىز ئادەمگە بەكلا يېقىشلىق كۆرۈنەتتى . ساغرىسىدا سويلاپ تۇرىدىغان بىلەكتەك توملۇقتىكى ئىككى ئۆرۈم ئۇزۇن چېچى ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى . سىنىپتا ئۇنى خىيال قىلىدىغان ، ۋىسالىغا يېتىشنى ئويلايدىغان ، ئۇنى قوغلىشى-دىغان يىگىتلەرمۇ خېلى كۆپ ئىدى . ھەر قېتىم باشقىلارنىڭ ئىغىزىدىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلىسام ، ئىچىمگە بىرسى بىر نوگاي قايناق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك تولغىنىپ كېتەتتىم . قانداقلارچە ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن . مەن

ئەس - ھوشۇمنى يىغقاندا كۆز ئاللىقاچان چاناقتىن چىقىپ بولغان، قانچە ئۆزۈمنى تارتاي دېسەممۇ مۇمكىن بولمايدىغان يەرگە يەتكەنىدى . شۇنداق قىلىپ، ئۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم . بۇ مېنىڭ ياشلىق دەۋرىمگە قەدەم قويغان ۋە ياخشى كۆرۈش دېگەننى ھېس قىلغۇدەك بولغان ۋاقتىمدىكى تۇنجى مۇھەببىتىم ئىدى .

بىر دەم ئېلىش كۈنىنى سەرپ قىلىپ، گۈلچىمەنگە ئاتاپ خەت يازدىم . ھازىر ئويلىساممۇ شۇ چاغدا يازغان خېتىمدىن سۆيۈنۈپ كېتىمەن . تاللىغان سۆزلىرىم تولىمۇ پاساھەتلىك، ھەتتا بەزىسى مەن ئوقۇغان مۇھەببەت تېمىسىدىكى كىتابلاردىن ئۆزۈۋېلىنغان جۈملىلەر ئىدى . مەكتەپكە يىغىلغان كۈنى كەچتە ئۇنىڭدىن بىر كىتابنى ئارىيەت ئالدىم ۋە خەتنى ئىچىگە تىقىپ قايتۇرۇپ بەردىم . راستىنى دېگەندە، خەتنى يۈز تۇرانە بېرىشتىنمۇ قورققاندىم . بىر كۈن ئۆتتى، ئىككى كۈن ئۆتتى . ئۇنىڭدىن ھېچبىر جاۋاب يوق ! دەرس ئارىلىقلىرىدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارايمەن، كۆزلىرىم ئارقىلىق ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتىمەن . گۈلچىمەن بولسا ماڭا قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرەيدۇ . ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن يۈرىكىم تەسكىن تاپىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئېنىق جاۋاب بولمىغاچقا، يەنە تىتىلدايمەن . ئاچچىق - تاتلىق خىياللار ئىلكىدە ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ يۈرۈپ بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم . يەنە دەم ئېلىش كۈنى يېتىپ كەلدى . يەنە خەت يازدىم . ئەمما، بۇ قېتىم ئۇ ماڭا كىتاب ئارىيەت بېرىپ تۇرۇشتىن يالتايدى . چۈنكى، ئۇ كىتاب قېتىغا خەت قىستۇرۇلۇپ قېلىشتىن قورققانىدى .

دۈشەنبە كۈنى كەچ ماڭا نىسبەتەن ئەڭ قاباھەتلىك ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ . مەن ئاشۇ قورقۇنچلۇق دۈشەنبە كەچنى مەڭگۈ ئەستىن چىقىرالمايمەن . شۇ كۈنى كەچتە بىزنىڭ سىنىپتا جىددىي يىغىن ئېچىلدى . سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭ پەيلى بەكمۇ يامان كۆرۈنەتتى . ئۇ سىنىپ ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرۈپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىر ھازا سۆزلىدى . مەكتەپ دېگەننىڭ بىلىم ئالىدىغان جاي ئىكەنلىكىنى،

ئوغۇللارنىڭ خالىغانچە قىزلارغا ئىش - پەش تارتىشنىڭ ئەڭ ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى . مۇئەللىمنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، كۆڭلۈمگە بىر قورقۇنچ سايە تاشلىدى . ئەندىشىلىك كۆزلىرىمنى مۇئەللىمدىن قاچۇرۇپ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋالدىم . گەپلەر خۇددى ماڭا دارتىمىلاپ سۆزلەنگەندەكلا ئىدى . بىر چاغدا مۇئەللىم يېنىمغا كېلىپ ، قوپال ئاۋازدا ۋارقىرىدى :

— سۇلايمان ، ئورنۇڭدىن تۇرە !

مەن يۈرىكىم ئاسىققان هالدا چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم . پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى . چىرايىمنىڭ سامان قەغەزدەك سارغىيىپ كەتكىنى ئۆزۈمگە بىلىندى .

— قېنى ئىشقۋاز يىگىت ، بۇ خەتنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭ ئوقۇپ بەرگىنە !

مۇئەللىم بىر پارچە خەتنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ ماڭا سۇندى . مەن تىترەپ تۇرغان قولۇم بىلەن خەتنى ئالدىم ۋە ئۇنى كۆرۈپ بېشىم پىررىدە قايدى . چۈنكى ، مۇئەللىمنىڭ يانچۇقىدىن چىققان خەت مېنىڭ گۈلچىمەنگە يازغان سۆيگۈ مەكتۇپىم ئىدى . خەتنى كۆرۈپ لاغ - لاغ تىترەپ كەتتىم ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلۇققا پاتتى . ئۇنىڭ قانداقلارچە مۇئەللىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىنى ئويلاپ بېشىم قېيىپ كەتكەندى .

— قېنى نوچام ، خەتنى ئولتۇرغان ساۋاقداشلىرىڭىزغا ئوقۇپ بەرمەمسىز ؟ — دېدى مۇئەللىم زەهەرخەندىلىك بىلەن هىجىيىپ قويۇپ ، — خەت يېزىشقا جۈرئەت قىلغان ئادەم ئوقۇشتىن قورقامدۇ ؟

مەن بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ ، خۇددى ئۆلۈم جازاسى هۆكۈم قىلىنغان مەهبۇستەك تۈگۈلۈۋالدىم . مۇئەللىمنىڭ ماڭا يول قويۇشىنى ، هېچبولمىغاندا تېرە ئۈستىدە پۇل قىلماي ، مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ ئايرىم تەربىيە بېرىشىنى قانچىلىك ئارزۇلايتتىم - هە؟ لېكىن ، مۇئەللىم مېنى ئاسانلىقچە قويۇۋېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇ مېنى ئىتتىرىپ دوسكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ

باردى ۋە خەتنى تارتىۋېلىپ ئۆزى ئوقۇشقا باشلىدى :
— مەن سېنى قانداق ئاتاشنى بىلمەيۋاتىمەن گۈلچىمەن ، سەن مەن ئۈچۈن دۇنيادىكى ...
مۇئەللىمنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى . قانداقتىم بولسا ئىدى ، يۇر قىلىپلا ئۇچۇپ كەتسەم ، يەر يېرىلغان بولسىدى ، ئۆزۈمنى شۇ يەرگە تاشلاپ مەڭگۈ يەر يۈزىگە چىقمىسام ، ئاھ ، نېمىسىنى دەي ، خەت سىنىپ بويىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا ئوقۇلدى . كۆز ياشلىرىم سەلدەك ئاقاتتى . نومۇس كوچىدىن بوغۇلاتتىم . مۇئەللىم مېنىڭ كوكۇلامدىن تۇتۇۋالغىنىغا خۇش بولۇپ كەتكەندەك سۆزلەيتتى . مۇئەللىمنىڭ گېپىدىن قارىغاندا ، مەندەك بىر ئاۋاق مايمۇننىڭ قىزلارنى ياخشى كۆرۈش ھوقۇقى يوقمىش . مەندەك بىر تاز غورۇلاينىڭ ھېلىتىن قىزلارغا قانات سۆرىشىم بەكمۇ كۈلكىلىك ئىش ئىمىش ... شۇنداق قىلىپ ، مەن ئىككى سائەت دوسكا ئالدىدا ئۆرە تۇردۇم . ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۈلۈشكەن ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى .
ھەرھالدا يىغىن ئاخىرلاشتى . كېچىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرمىدى . مەكتەپتىن قېچىپ كېتىشنىمۇ ئويلىدىم . ئوقۇشتىن شۇنداق رايىم قايتتى . مەن ئەمدى سىنىپتا قايسى يۈزۈم بىلەن باشقىلارغا قارايمەن ؟ مېنىڭ مۇھەببىتىم سازايى قىلىندى ، مەسخىرە قىلىندى ، سوراققا تارتىلدى . مەن گۈلچىمەندىن كۈتكەن جاۋابنى مۇئەللىمدىن ئالدىم . گۇناھ زادى كىمدە ؟ ناۋادا گۈلچىمەن مېنى لايىق كۆرمىسە ، چىرايلىقچە ماڭا دېسە ۋە خەتنى قايتۇرۇپ بەرسە بولاتتىغۇ ؟ خەتنى مۇئەللىمگە ئاپىرىپ بېرىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى ؟ مېنىڭ ئەمدى يەنە ياشىغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى ؟ روھىم بەكلا چۈشۈپ كەتكەنىدى .
بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى . تاكى مەن ئوقۇش پۈتتۈرگۈچە مۇئەللىم ئاشۇ گەپنى پەقەتلا ئۇنتۇپ كېتەلمىدى . ھەر قېتىملىق سىنىپ يىغىنىدا مېنى بىر - ئىككى قېتىم مىسالغا ئالمىسا ، كۆڭلى قانائەت تاپمايتتى . شۇنداق قىلىپ ، مېنىڭ تۇنجى

مۇھەببىتىم بىر يېرىم يىل مەسخىرە قىلىندى ، سوراقتا تارتىلدى ، سازايى قىلىندى . بۇنداق خورلۇقتا چىداش مۇمكىنمۇ ؟ ئاشۇ ئىشلارنى ئويلىسام ، ھازىرمۇ تېنىم تىكەنلىشىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، مەن قىزلاردىن قاچىدىغان ، ئۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان بولۇپ قالدىم . قىزلار مېنىڭ نەزىرىمدە بەئەينى قورقۇنچلۇق جىن ـ ئالۋاستىلارغا ئوخشايتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان ، سۆيۈشكە ئەرزىيدىغان بىرسىمۇ يوقتەك ئىدى . مەنمۇ ئوقۇش پۈتتۈرگۈچە گۈلچىمەنگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدىم ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىم . بىر قېتىم سىنىپتا يالغۇز قالغىنىمدا ئۇ ماڭا نېمىنىدۇر چۈشەندۈرۈپ قويماقچى بولدى ، ئەمما مەن كەسكىن رەت قىلدىم ۋە سىنىپتىن چىقىپ كەتتىم .

مانا ، مېنىڭ مۇھەببەت ھەققىدە بىلىدىغىنىم شۇنچىلىك . كېيىن خىزمەتكە چىقتىم ھەم خەيرىنىسا بىلەن توي قىلدىم ، بۇ خەيرلىك ئىشنىڭمۇ ئاخىرى ئۆزۈنغا بارمىدى . قولغا ئېلىندىم ، تۈرمىدىن چىقتىم ، زۇلخۇمار بىلەن توي قىلدىم ۋە باللىق بولدۇم . مېنىڭ مۇھەببەت جامىدا ئىچكىنىمنىڭ كۆپىنچىسى زەھەر بولدى . ئاقىۋەت تىنچ تۇرمۇشقىمۇ ئېرىشتىم . شۇڭا ، مەن زۇلخۇمارنى ھۆرمەتلەيمەن ، ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتىمگە گەپ كەتمەيدۇ . مەن مۇشۇنداق تىنچ تۇرمۇشنى قەدىرلىمىسەم ، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلمىسام ، خۇدا ئالدىدا قارا يۈز بولىمەن ، رىسالەت ...

سۇلايمان قاسىم كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىققان ئىككى تامچە ياشنى رىسالەتتىن قاچۇرۇپ ، يىراقلارغا قارىغان بولۇپ تۇرۇۋالدى . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئاشۇ ئىشنى ئويلىسا ، ئۇ تۇگىدىشپلا كېتەتتى . مۇشۇ ئىشتا ئۇ سىنىپ مۇدىرىنى پەقەتلا كەچۈرەلمەيتتى .

— يۈرەك يارىڭىزنى كوچىلاپ سالغىنىڭىزدىن بەكمۇ خىجىلمەن ، — رىسالەت قولىدىكى ئۇششاق تاشلارنىڭ ھەممىسىنى شىرىلدىتىپ سۇغا قويۇۋەتتى . ئۇنىڭ تەرلىگەن ئالقىنىدا بىر كاللەك لاي قېتىپ قالغانىدى .

سۇلايمان قاسىم ئورنىدىن تۇردى ۋە رىسالەتكە قاراپ سۇس كۈلۈپ قويدى .

ــــ مىنىڭ مۇھەببەت ھېكايەمنىمۇ ئاڭلىدىڭىز ، ئەمدى نېمە قىلىمىز ؟ ــــ سورىدى ئۇ .

ــــ نېمە قىلىشىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن ، ئەمما مەڭگۇ كەچ بولمىسا ، سىز بىلەن مۇشۇ دەريا ساھىلىدا بىللە ئولتۇرۇپ كېلەچەك ئۈچۈن ئويلانسام ، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە سىزدىن ئايرىلمىسام دەيمەن .

سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا قاراپ لام - جىم دېمەستىن بىرپەس تۇرۇپ قالدى . قىزنىڭ قىزىل ياغلىق تېگىدىن چىقىپ قالغان بىر تۇتام چېچى شامالدا توزۇپ تۇراتتى . ئۇ تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن رىسالەتنىڭ چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى .

ــــ ئەخمەق قىز ، قالايمىقان خىياللاردا بولماڭ . مەن دېگەن پىشىپ ئۆتۈپ كېتەي دەپ قالغان قوغۇن ، نەچچە كۈندىن كېيىن مىنىڭ پىلىكىم قۇرۇيدۇ . سىز دېگەن ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان قىز ، ئالدىڭىزدا بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇن گۈزەل مەنزىللەر بار . سىز تۇرمۇشتا كەينىڭىزگە ئەمەس ، ئالدىڭىزغا قارىشىڭىز كېرەك .

ــــ ماڭا ئۇنداق تولا چاپىنىلىپ ، تەمى قالمىغان كىتاب سۆزلىرىنى قىلماڭ ، ــــ دېدى رىسالەت ئورنىدىن تۇرۇپ ، ــــ مېنىڭمۇ ئۆز كۆڭلۈمدە تاللىۋالغان يولۇم بار . مەنمۇ باشقىلارنى ياخشى كۆرۈشكە ھوقۇقلۇق . مەن پەقەت ئۆزۈم ئەڭ چوقۇنىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان ئادەمگىلا كۆڭۈل بېرەلەيمەن . بولدى ، بولدى ، بۇ ھەقتە ئەمدى باشقا گەپلەرنى قىلىشمايلى . قېنى يۈرۈڭ ، بىر يەردىلا ئولتۇرۇۋالماي ، ئەتراپنى تاماشا قىلايلى .

ئۇلار دەريا ساھىلىدا يانمۇيان مېڭىپ ئايلىنىشقا باشلىدى .

ــــ مەن سىزگە ھەقىقەتەن قول قويدۇم ، ــــ دېدى سۇلايمان قاسىم گويا باشقىلار ئاڭلاپ قالىدىغاندەك پەس ئاۋازدا ، ــــ مەكتەپكە مېڭىشتىن ئىلگىرى سىزنى ئۇرۇمچىگە بارسا جەزمەن ئۆز-

گىرىپ كېتىدۇ ، چوڭ شەھەر چاينىماي يالمۇۋېتىدۇ دەپ ئويلىغا-
نىدىم . ئەكسىچە ، سىز پەقەتلا ئۆزگەرمەپسىز . مەن ئۆزۈمنىڭ
يېڭىلىشكىنىمگە ئىقرارمەن . كەلگۈسى ھەققىدە بىرەر پىلانىڭىز
بارمۇ رىسالەت ؟

— مەن ئوقۇسام ، ھەتتا چەت ئەللەرگىچە چىقىپ ئوقۇسام ،
مىللىتىم ئۈچۈن ، خەلقىم ئۈچۈن يارامىلىق بىر ئادەم بولسام
دەيمەن . ئەمما ، بۇنىڭغا مېنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىم يول قويماي-
دۇ . شۇڭا ، ئۆز مەكتىپىمدە ئوبدانراق ئوقۇپ ، كۆپرەك بىرنەرسە
ئۆگىنىۋالاي دەپ تىرىشىۋاتىمەن . بۇ يىلمۇ ئوقۇش مۇكاپاتى ئې-
لىشقا ئىشەنچىم بار . ھازىرقى نەتىجەمدىن ئوقۇتقۇچىلىرىم تولۇق
رازى . سىنىپ مۇدىرىممۇ مېنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ماختاۋاتى-
دۇ . مەن قەلبىمدە بىر ئۈمىد نۇرىنى كۆرۈۋاتىمەن .

— سىزنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىڭىزنى يوقاتماي مۇشۇنداق
تۇرغىنىڭىزدىن ۋە ئوقۇشتا كاتتا شەرەپ قازانغىنىڭىزدىن بىزمۇ
سۆيۈنۈۋاتىمىز ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا مەمنۇنىيەت
بىلەن بېقىپ ، — لېكىن ، ھوشۇركامنىڭ غېمى ئادالەتتە قالدى .
بۇ قىز بەكلا ئۆزگىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ كالللىسىغا نېمە تەسىر
قىلدىكىن ، كىيىنىشىمۇ غەلىتە ، يۈرۈش - تۇرۇشىمۇ نورمال
ئەمەس . بەزى ئىشلارنى ئېغىزدىن چىقىرىشقا ئۇيۇلۇۋاتىمەن . ئۇ
ئەمەت ھاجى دېگەن سولامچىنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپتۇ . بىر قېتىم
بىز رېستوراننىڭ ئايرىمخانىسىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق . نەسىھەت
قىلسام ، ئاڭلاپ قويۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئەكسىچە گەپ قىلغىنىم-
غا بۇرنى - قۇلىقىمغىچە تويغۇزۇپ قويدى . ھەي ، قىزلارنىڭ
بۇندىقىدىن قورقمىسا بولمايدۇ زادى .

— ئەمەت ھاجى دېگەن قانداق ئادەم ئۇ ؟

— ئاشۇنداق ئىش ئۇقماس قىزلارنى باشقىلارغا سولاپ بې-
رىپ ، ئىش بېجىرىدىغان دەللال . ئۇنىڭ سېسىق نامىنى بۇ ناھى-
يىدىكى نۇرغۇن ئادەم بىلىدۇ . ئادالەت بەزى ساۋاقداشلىرى بىلەن
شۇ ئادەمنىڭ دامىغا چۈشكەن ئوخشايدۇ .

— مەنمۇ ھەيران قالدىم، — دېدى رىسالەت ئۇ-
لۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، — ئۇنىڭ ئۆز سىڭلىم ئىكەنلىكى-
دىن نومۇس قىلىۋاتىمەن. ئۇ ئىلگىرى ئۇنداق ئەمەستى، مەكتەپ-
تىكى شاللاق قىزلار ئۇنى يولدىن چىقارغاندەك قىلىدۇ. بۇنداقلار-
دىن بىزنىڭ سىنىپتىمۇ بىرنەچچىسى بار.
ئارىنى بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى. ئەتراپتىن دەريا سۈيىنىڭ
شاۋقۇنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
— ۋاقىت چىقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئوبدانراق سۆزلىشىپ
بېقىڭ، — سۇلايمان قاسىم يەردە ياتقان كىچىككىنە ئاپئاق يۇمى-
لاق تاشنى قولىغا ئېلىپ دېدى، — نېمىلا قىلغان بىلەن سىز
ئۇنىڭ ئاچىسى، نەسىھەت قىلىشقا، يامان يولدىن توسۇشقا ھوقۇ-
قىڭىز بار. ئۇ ھازىر كىچىك، تۇرمۇش تەجرىبىسى يوق، ئۆزىنىڭ
يولدىن چىقىپ كەتسە كەلگۈسى ئىستىقبالىنىڭ يوققا چىقىدىغانلى-
قىنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ. كۆچەتنىڭ ئەگرىسىنى كىچىك ۋاقتىدا
تۈزىگەن ياخشى. ئىش يامىنىغا ئۆرۈلسە، ھەممە كەلگۈلۈك ھو-
شۇركام بىلەن قەمبەرخاچامغا كېلىدۇ. بۇنداق زەربىگە بالا دەردىدە
يۈرىكى سۇ بولۇپ يۈرگەن ئادەملەر چىدىمايدۇ. ھېلىمۇ ھو-
شۇركام سىز كېلىشتىن نەچچە كۈن ئىلگىرى قاتتىق ئاغرىپ
يېتىپ قالدى.
رىسالەت بېشىنى لىڭشىتتى. سۇلايمان قاسىم قولىدىكى تاش-
نى ئۇنىڭغا بەردى. رىسالەت تاشنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ، ئۆر-
كەش ياساپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئاتتى. ئاپئاق تاش قۇياش نۇرىدا
يالت قىلىپلا كۆزدىن يىتتى.



رىسالەت تەتىلنى تۈگىتىپ قايتىپ كەتتى، ئادالەتمۇ مەكتى-
پىگە ماڭدى. ھوشۇر سەلەينىڭ غېرىبانە ئۆيىدە يەنە جىمجىتلىق
ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئۆيدە بولۇۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى

شاپائەت ، قۇربان ، جەۋلانلارنىڭ چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس ، هو-شۇر سەلەي بىلەن قەمبەرخان تاپتىن چىققان قىزنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى ئۇلاردىن مەخپىي تۇتاتتى .

سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆڭلىمۇ بىرئاز ئىزىغا چۈشكەندى . ئۇ رىسالەتنى ئۈزىتىپ بىركەتكىچە بارغاندى . بىچارە قىزنىڭ بىر كۆزى كەينىدە ، ئىغىزى گەپ يۇقى هالدا يولغا چىقتى . ئۇ ئاتا - ئانىسى بىلەتكە كەتكەن پۇرسەتتە سۇلايمان قاسىمغا جەزمەن خەت يازىدىغانلىقىنى ئىيتتى ، ئۇنىڭمۇ ۋاقتى - قەرەلىدە خەت يىزىپ تۇرۇشىنى تاپىلىدى . سۇلايمان قاسىم ما-قۇل ، دىگەندەك بىشىنى لىڭشىتتى .

كۈنلەر خىلى ئىزىغا چۈشۈپ قالغانىدى . هوشۇر سەلەي ئىدا-رىدە بىر ئىشلار بىلەن مەلىكە بولاتتى . سۇلايمان قاسىممۇ نەچچە ۋاقىتتىن بىرى چالا قالغان ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈشكە ئالدىرىدى . خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىنى هىسابقا ئالمىغاندا ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇ-شىدا تىلغا ئالغۇدەك ئالاهىدە چوڭ ئىشلارمۇ يوق ئىدى .

رىسالەت كىتىپ بىرەر ئايدىن كىيىن ئىدارىدە چوڭ ئۆزگە-رىش بولدى . ئىدارە باشلىقى بەگيار ئاكا دەم ئىلىشقا چىقتى . ئورنىغا چوشقا تۇكىدەك يىرىك چىچىنى قىسقا قىلىپ ياستىۋال-غان ، يوغان كۆزەينىكى بىلەن كۆكۈچ كۆزلىرىنى توسۇپ يۈرۈيدى-غان ، چىرايى سۆرۈن ، قاپىقى يامان ، ئاۋازى گۇلدۇرلىگەندەك چىقىدىغان بىرسى كەلدى . ئۇنى تونۇيدىغانلارنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى . چۈنكى ، ئىغىزىدىن ئىسلاهات سۆزى چۈشمەي-دىغان بۇ ئادەم قايسىدۇر بىر ئىدارىنى ئۇڭدا قويغاندىن كىيىن ، بۇ يەرگە كەلگەنمىش ، ئىش بۇزارلىقتا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق دىيى-شىدۇ ...

ئىدارىدىكىلەر كۆپ ئۆتمەي ئاڭلىغانلىرىنىڭ راست ئىكەنلى-كىنى بىلىپ قىلىشتى . ياسىنجان كىلىپ نەچچە كۈن ئۆتمەستە ، ئىدارە ئىچىدە تاراق - تۇرۇق پەيدا قىلدى . هەرقايسى بۆلۈملەردە خاتىرجەم ئىشلەۋاتقانلارنى بىرقۇر ئالماشتۇردى . تاملاردىكى تۇر-

لۇك دىئاگرامما - كۆرسەتكۈچلەرنى ، قائىدە - تۈزۈملەرنى كۇنـ-
لىقچا چىقىرىپ تاشلاپ ، ئۆزىنىڭ ئىسلاھات روھى بويىچە قايتىدىن
تۈزۈشكە قوماندانلىق قىلدى . گەرچە بۇ قېتىم سۇلايمان قاسىم
ئۆز ئورنىدىن قوزغىۋېتىلمىگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئورنى يەنىلا
لىڭشىپ تۇراتتى . ئەتە يەنە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇشىنى ھېچكىم
تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى .

ئىدارىدە ئەنە شۇنداق ئالتوپىلاڭ بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ
بىرىدە ئىدارىنىڭ گېزىت تارقاتقۇچىسى ئۇنىڭغا قېلىن بىر كونـ-
ۋېرتنى ئەكېلىپ بەردى . سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ
سېلىپ ، تىنىقى تىنىقىغا ئۇلاشماي قالدى . ئۇ گويا قانداقتۇر بىر
يامان ئىش ئۈستىدە باشقىلارغا كۆرۈنۈپ قالغاندەك بىئارام بولۇپ
كەتكەنىدى . ئۇ ئىشكىنى بېشىنى چىقىرىپ كارىدورغا قارىدى .
ھېچكىم كۆرۈنمىدى . سۇلايمان قاسىم ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى
ۋە تىترەپ تۇرغان قولىدا كونۋېرتنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى . تونۇش
پۈچىركا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى .

«سالام سۇلايمان ئاكا ، ئامانمۇسىز ؟ كۈنلىرىڭىز تىنچ -
خاتىرجەم ، ئوبدان ئۆتۈۋاتامدۇ ؟ مەن سىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭىز-
نىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىنى ياراتقان ئىگەمدىن تىلەيمەن .

تۈنۈگۈن مەكتەپتە چوڭ يىغىن ئېچىلدى . مەن يەنە شەرەپ
سەھنىسىگە چىقتىم . بۇ خۇشاللىقىمنى نېمىشقىدۇر سىزگە بىلـ-
دۈرگۈم كەلدى ، مېنى تەبرىكلەپ باغرىڭىزغا خىيالەن بېسىپ
قويۇڭ .

ئەمدى بۇ خەتنى يېزىشتىكى مەقسىتىمگە كەلسەم ، سىلەر
بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، مەن كۆنلىرىمنى
بەكمۇ مەنىسىز ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم . مېنىڭ قەلبىمدە
قانداقتۇر بىر كەمتۈك يەر بار . مەن ئۇنى قانداق تولۇقلاشنى
پەقەتلا بىلەلمەي قالدىم . ئەتراپىمدا ئادەم شۇنداق كۆپ ، ئەمما مەن
تەنھامەن ! باشقىلار كۈلۈپ - يايراپ ، تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقلىرىـ-
دىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ ، ئەمما مەن گاسمەن ! ھېچنېمە قۇلـ-

قىمغا كىرمەيدۇ . مەن خۇددى چۆچەكلىرىمىزدە تەسۋىرلەنگەن ئادەمزات ئاياغ باسمىغان دەشتى - چۆللەردە يالغۇزلۇق ئىچىدە ياشاۋاتىمەن . مېنىڭ نە بىر سىردىشىم ، نە بىر دىلكەشىم يوق ! تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن . ئېيتىڭا ، نېمىشقا مېنىڭ قەلبىم مۇشۇنداق قۇپقۇرۇق ؟ مەن نېمىشقا قۇرتتەك مىغىلدىشىپ يۈرگەن كىشىلەر ئارىسىدا يۈرۈپمۇ شۇنچە يالغۇزلۇق تارتىمەن ؟ توغرا ، يەر شارىدا ئادەم بار ، ئەمما مېنىڭ قەلبىمدىن ئورۇن ئالغۇدەك ھېچكىم يوق ! مەن تەلپۈنگەن ئادەمنىڭ قەلبىدە مەن يوق ، مېنىڭ قەلبىمدە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم يوق ! تۇرمۇش دېگەن مۇشۇمۇ ؟

مەن نۇرغۇن ئىككىلىنىشلەردىن كېيىن بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن . قەلەم تۇتقان قوللىرىم نېمىشقىدۇر تىترىمەكتە ! بۇ سىزنىڭ تىنچ كۆڭلىڭىزنى بىئارام قىلغانلىقىمدىنمۇ ياكى باشقىچە سەۋەبتىنمۇ ، بىلمەيمەن . لېكىن ، نېمىلا بولمىسۇن ، مەن سىزگە بەزى يۈرەك سۆزلىرىمنى قىلمىسام بولمايدۇ . بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ياشاۋېرىشنى خالىمايمەن !

ئېيتىڭا ، مەن ئوقۇشتا شۇنچە ئۇتۇق قازانغان تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۆزۈمنى خۇشال سېزەلمەيمەن ؟ نۇرغۇن ياخشى يىگىتلەر ماڭا دوستلۇق قولىنى سۇندى ، ئەمما مەن نېمىشقا ئۇلارغا كۆڭۈل بېرەلمەيمەن ؟ نېمىشقا ھە دېسە قايغۇرۇپ ، كۆز ياشلىرىمنى يوشۇرۇن سۈرتۈپ يۈرىمەن ؟ كەچۈرۈڭ ، سىزنى سوئاللار دۆۋىسىگە كۆمۈۋەتتىم . ئەمما ، بۇ سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرمىسىڭىز بولمايدۇ .

مەن ھازىر چوڭ بولغىنىمدىن بەكلا ئۆكۈنۈۋاتىمەن . بالىلىق دەۋرىمنىڭ قەدرىگە يېتىۋاتىمەن . ئاتا - ئانام مېنىڭ يېنىمدا بولمىغىنىمدىن يىغلايدۇ . مەن بولسام ، سىزنىڭ يېنىمدا بولمىغانلىقىڭىزدىن يىغلايمەن . قانداق ، مېنىڭ يىغام بەكلا كۈلكىلىكمىكەن ؟

مېنىڭ ئوقۇشقا كېلىشتىن ئىلگىرىكى غايەم بەكلا ئۇلۇغۋار ئىدى . تىرىشىپ ئوقۇشنىلا خىيال قىلاتتىم . ئوقۇش ئۈچۈن ھەر-

قانداق جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدايمەن ، ياخشى ئوقۇش ئارقىلىق قەددىمنى كۆتۈرۈپ ، بوران ـ چاپقۇنغا بوي ئەگمىگەن قارىغايدەك ياشايمەن ، دەپ ئويلىغانىدىم . مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇم ھازىرغىچە ئەمەلگە ئېشىپ كېلىۋاتىدۇ . ئەمما ، بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا مۇشۇلا بولسا كۇپايىمۇ ؟ ماڭا ئوخشاش يىگىرمە ياشتىن ئاشقان ، قەلبىدە قانداقتۇر تۇيغۇلار ئويغىنىپ كەتكەن بىر قىزغا نىسبەتەن بۇنداق فورمىلا بويىچە ياشاشنىڭ مەنىسى بولمايدىكەن . مېنىڭمۇ ئەتراپىمىدىكى ساۋاقداشلىرىمغا ئوخشاش ياشلىق ھېسلىرىدىن بەھرىلەنگۈم بار . بۇ تۇيغۇغا مېنى سىزلا چۆمۈلدۈرەلەيسىز !

بۇنداق دېسەم باشقىچە ئويلىنىپ قالماڭ . مەن سىزنىڭ مېنى چۈشىنىدىغانلىقىڭىزغا ، مېنىڭ شاللاق قىزلاردىن ئەمەسلىكىمنى بىلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن . سىز مېنىڭ قەلبىمدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئادەم! قەلبىمدە سىز بولغاچقىلا ، مەن باشقىلارنى ئۇ يەرگە سىغدۇرالمايمەن . مەن سىزگە ئەقىدە قىلىمەن . سىزنى ھۆرمەتلەيمەن . ھەر دائىم سىزنى ياد ئېتىپ ، كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن سېغىنىمەن !

شۇ تۇرقىدا كاللامدا نۇرغۇن زىددىيەتلىك خىياللار ئۆرلىمەكتە . سىز دادام بىلەن بىللە ئىشلەيسىز ، يەنە كېلىپ ئۆيىمىز قارىشىپ تۇرىدىغان قوشنىلاردىنمىز . سۇلايمان ئاكام بۇ خەتنى كۆرۈپ قانداق چۈشىنەر ؟ زۇلخۇمار ئاچام خەتنى كۆرۈپ قالسا ، قانداق ئويلاردا بولار ، دېگەننى نەچچە رەت ئويلىدىم ، ئەمما يەنىلا قولۇمغا قەلەم ئېلىشتىن ئۆزۈمنى توسۇپ قالالمىدىم . بۇنى چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن .

ئەسلى مەن تۇغۇلمىسام ، ھېچبولمىغاندا سىز بىلەن تونۇشمىسام بوپتىكەن . مەن ھازىر سىزنىڭ بەكلا ئازابلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى ، ئارىمىزدىكى جەمئىيەت ۋە ئەخلاق تۇيغۇمىز پەيدا قىلغان ھاڭنىڭ بەكمۇ چوڭقۇرلۇقىنى ھېس قىلماقتىمەن . بۇ ھاڭدىن ئۆتەلەمدىم يوق ، بۇنىمۇ بىلمەيمەن . ئەمما ، سىزدىن قەتئىي ۋاز كەچكۈم يوق ! بىزنىڭ يېقىن قوشنىلاردىن بولۇپ قېلى-

شىمىزنى ، سىزنىڭ مېنىڭ قەلبىمدىكى ئورنىڭىزنىڭ مۇنچە چوڭ-قۇر بولۇپ كېتىشىنى تەقدىر بەلگىلىگەنمۇ ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا ، تەقدىر بەخش ئەتكەن بۇ ئازاب شارابىنى ئىچمەي ئامالىم يوق .

قانداق ، مەن بەكلا قىلىنمىكەنمەن ؟ بىر قىزنىڭ قەلبىمدىن مۇنداق قۇرلارنىڭ تۆكۈلۈۋاتقانلىقىدىن بەكلا ھەيران قېلىۋاتقاندى-سىز ، ئەمما سىزنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن . كاشكى ، سىز ئۇچۇن مۇھەببىتىم سوراقتا تارتىلسا ، مەسخىرە قىلىنسا ، سازايى قىلىنسا ، دوسكا ئالدىدا نەچچە سائەت تىك تۇ-رۇشقا رازىمەن .

سۇلايمان (سىزنى بۇرۇنقىدەكلا ئاكا دەيمۇ ياكى ... ) ئىشقى-لىپ مېنىڭ قەلب رىشتىم سىزگە چىڭ باغلاندى ، ئەمدى مەن سىزنى كۆڭلۈمدىن قوغلاپ چىقىرالمايمەن . شۇ تۇرقىدا سىنىپ ئىچى بەكلا تىنچ ، مەندىن ئۆزگە ھېچكىم يوق ، قۇلاق تۈۋىمدە سىزنىڭ سۆزلەپ بەرگەن ئازابلىق كەچمىشلىرىڭىز ياڭراپ تۇرى-دۇ . مەن ئاشۇلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرسام دەپ ئويلايمەن . سىز-نىڭ بۇنىڭغا پۇرسەت بېرىش - بەرمەسلىكىڭىزنى بىلمەيمەن . لې-كىن ، مەن ئەمدى بۇ يولدىن قۇرۇق قول قايتىپ كەتسەم بولماي-دۇ . سىز باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئادەم . بۇ ئىشتا مېنىڭمۇ ھالىمغا يېتىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن .

ئەمما ، شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇن ، مەن يەنە مۇھەببەتنى دەپ ئوقۇشتىن ، بولۇپمۇ كەلگۈسىدە يارامىلىق بىر دوختۇر بولۇش-تىن ئىبارەت غايەمدىن ھەرگىز كەچمەيمەن . مېنى تۈگىشىپتۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ . لېكىن ، شۇ نەرسە سەمىڭىزدە بولسۇن ، مەن سىزسىز نەپەس ئالمايمەن . مېنىڭ خىيالىم ھامان سىز بىلەن بىللە .

ماڭا خەت يېزىڭ ، يات شەھەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرۈۋاتقان بىر دوستىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ . مېنىڭ زاربىقان كۆڭلۈم خېتىڭىزگە تەشنا . مېنى نائۇمىد قويمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن !

خەير ، سىزنى ... سىزگە بەخت تىلەپ ، ر... »
خەت مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشقان ۋە ئاخىرىغا نۇرغۇن چېكىت قويۇلغانىدى .
ئۇ خەتنى قاتلاپ كونۋېرتقا سالدى ۋە چېكىتنى ئۇۋۇلاپ بىرپەس ئولتۇرۇپ كەتتى . شۇنداق ، نۇرغۇن چېكىتلەر يەنە سۇلاي- مان قاسىمغا نۇرغۇن سوئاللارنى تاشلاپ تۇراتتى . ئۇ بۇ سوئاللارغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتى .
ئۇ تاماكىسىغا ئوت ياقتى . بىرپەستە ئىشخانا ئىچى ئىسقا تولدى . ئىشخانا ئىچىلا ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۆپكىسىمۇ تاماكا ئىسى بىلەن تولۇپ كېتىپ بارغاندەك سېزىلىپ كەتتى . ئۇ ئىشخانا ئىچىدە لەيلەپ يۈرگەن تاماكا ئىسىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ، ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇ ئىستەك ھاۋاغا سىڭىپ كېتىشىنى ئويلاپ قالدى .
— دوك ، دوك ، دوك ...
ئىشخانا ئىشىكى كۈچەپ ئۇرۇلدى . ئارقىدىن خۇددى ئىبلىشى بار كونا قەرزداردەك بىرى ئىشىككە قاتتىق تەپتى . سۇلايمان قاسىم قولىدىكى خەتنى ئالدىراپ ئۈستەل تارتمىسىغا تىقىۋەتتى ۋە يۈگۈ- رۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى . كارىدوردا ئىدارە باشلىقى ياسىنجان قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ قاراپ تۇراتتى .
— نېمە قىلىق بۇ ؟ — دېدى ئۇ ئىشخانا ئىچىگە بويۇنداپ قاراپ قويۇپ ، — كۈپكۈندۈزدە ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋاپسىزغۇ ؟ ۋاي خۇدايىم ، ئىشخانا ئىچىنى ئىسقا توشقۇزۇپ نېمە قىلىسىز ؟ كۆز كەلگەندە تاملارنى ئاقارتىمىز دەپ بىرمۇنچە پۇل خەجلەيمىزمۇ ئەمدى ؟ نېمە قىلىق بۇ ؟ يا ئىدارىدىكىلەردىن پىنھان تۇتىدىغان بىر ئىش قىلىۋاتامسىز ؟ بىلىپ قويۇڭ ، خىزمەت ۋاقتىدا ئىشخانى- نى تاقاپ قويۇش قائىدىسىزلىك . بۇنداق ناچار قىلمىشىڭىز ئالدى ئېلىنىشى كېرەك . چۈنكى ، بۇ دېگەن ئىسلاھات دەۋرى ، ئىشىكنى تاقاپ ئولتۇرۇپ نان يەيدىغان تۆمۈر تاۋاقنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى كەتتى ...
ياسىنجان كىچىككىنە ئىشنى بەلگىلىمىگە كۆتۈرۈپ ، ئىسلا-

هاتقا تاقاپ بىر هازا قايندى . سۇلايمان قاسىمنىڭ ئاچچىقتىن ئۆتى يېرىلغۇدەك بولدى . ئۇ تاماكىسىنى ئۇزمەي چېكىپ ياسىن‐جاننىڭ سوغ تەلەتگە يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويدى .

ئىدارە باشلىقى مانا مۇشۇنداق ئادەم ، ئۇ بۇ ئىدارىدە نىمە خىزمەتنىڭ ئىشلىنىدىغانلىقىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ ، باش‐قىلارغا نەشتىرىنى سانجىۋېلىشنى هەرگىز قولدىن بەرمەيدۇ . كا‐رىدوردا ئۇنىڭ هاۋا گۇلدۇرلىگەندەك ئاۋازى ئاڭلانسىلا ، كىمدۇر بىرىنىڭ دەككىسىنى يەۋاتقانلىقى باشقىلارغا ئايان بولىدۇ . ئۇ كىمدۇر بىرىنىڭ هاجەتخانىدا گېزىت قەغىزىنى ئىشلەتكىنىدىن نارازى بولۇپ قالىدۇ . چۈنكى ، گېزىت دېگەن هۆكۈمەتنىڭ تەش‐ۋىقات قورالى ، ئۇنى هاجەتخانىدا ئىشلىتىش بىر دۆلەت خىزمەتچى‐سىگە نىسبەتەن ساۋاتسىزلىقنىڭ ئىپادىسى ! كىمدۇر بىرى سۇنى قويۇۋېتىپ جۈمەكنى ئەتمەي قويىدۇ . بۇ دېگەن ئىسراپچىلىق ! كىمدۇر بىرى ئايغىنى مايلىمايدۇ ، بۇ دېگەن ئوبراز مەسىلىسى ! ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا ئىدارىدە باشقىلارنى ئەدەپلەيدىغان پۇرسەتلەر ماڭدامدا بىر تېپىلىپ تۇرىدۇ . مانا ، بۈگۈن سۇلايمان قاسىمنىڭ ئىشكى ئېچىدىن بىردەملىككە تاقىلىپ قالغانىدى ، ئۇ ئىسلاهات روهىغا خىلاپ بولۇپ چىقتى . دېمەك ، بۇ ئادەمدىن دەككىسىنى يېمىگەن سۇلايمان قاسىممۇ قالمىدى .

— خىزمەت ۋاقتىدا ئىشىك ئوچۇق تۇرسۇن ، — دېدى ياسىنجان ئاۋازىنى قەھىرلىك چىقىرىشقا تىرىشىپ ، — هازىر دۆلەتمۇ ئىشكىنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋاتىدۇ . بۇ دېگەن ئىسلاهات دەۋرى . يەنە مۇشۇنداق ئەهۋالنى ئۇچرىتىپ قالىدىغان بولسام ، ئەمدى ئاياپ ئولتۇرمايمەن . ئىشكىنى تاقاپ قويۇپ خىزمەتنى ئاقسىتىدىغان ئادەم ئاستا بىرىپ ئېشىكىنى باققى‐نى ياخشى ...

ياسىنجان يۇخادىن چىققاندەك بولۇپ يۈرۈپ كەتتى . سۇلايمان قاسىم ئىشىككە يۆلەنگىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى . كارىدوردا هوشۇر سەلەيىنىڭ ئۆكسۈلى قالمىغان چىرايى كۆرۈندى .

ــ قانداق ئۇكام، سىزنىمۇ ئىت تالىۋالدىمۇ؟ ــ دېدى ئۇ ئەتراپىقا قاراپ قويۇپ، ــ ھەي، بۇ ئىدارىدىكىلەرنىڭ كۆنى تۈگەپتۇ. بىز بىر ناكەسنىڭ قولىغا قاپتىمىز. بۇ ئالەمدە بەندىنىڭ كۆرگۈلۈكى ئۈچ ئىشتىن بولارمىش، خۇدايىم بەندىسىنى بۇ ئالەمدە جازالىماقچى بولسا، بىرىنچىدىن ناچار خىزمەت ئورنى بىلەن، ئىككىنچىدىن ناچار باشلىق بىلەن، ئۈچىنچىدىن ناچار خوتۇن بىلەن جازالايدىكەن. بىزنىڭ مۇشۇنداق باشلىقنىڭ قولىغا قالغىنىمىز خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن جازاسى. بەگىيار ئوبدان ئادەم ئىدى، ئىدارىنى ئۆز ئۆيىدەكلا چىرايلىق تۇتاتتى. مانا ئەمدى ماۋۇ توڭگۇز پۇشتى ھەممىنى ئاستىن ــ ئۈستۈن قىلىۋاتىدۇ. ھە دېسە ئېشىدىكىنى باق، خىزمەتتىن قوغلايمەن دېگەن، مۇشۇنداقمۇ كادىر بولامدۇ؟ خۇددى بىز ئۇنىڭ ھە دېسە تالاق قىلىۋېتىدىغان خوتۇنىدەك...

سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى. ھوشۇر سەلەي نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بىر تال تاماكا سورىۋېلىپ، بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ كەتتى. كارىدور جىمجىتلىققا چۆمدى.

سۇلايمان قاسىم ئىشخانىسىغا كىردى ۋە تارتمىدىكى خەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى. ئۇ رىسالەتنىڭ ئۆزىگە مۇنچىۋالا مەپتۇن بولۇپ قالغىنىنىڭ تېگىگە پەقەتلا يېتەلمىدى. گۈللىرى خازان بولۇۋاتقان، ياپراقلىرى تۆكۈلۈۋاتقان باغقا ئوخشاپ قالغان بىر ئادەمنىڭ قايسى تەرىپى رىسالەتنى مۇنچە مەپتۇن قىلىۋالغاندۇ؟ بۇ كەمنىڭ قىزلىرى شۇنچە ئەخمەقمىدۇ؟ نېمىشقا ئۇ ئۆز خىلىنى تاپماي بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلاۋاتقان ئادەمگە يېپىشىدىغاندۇ؟ مەن ئۇنىڭ مۇنچە ياخشى كۆرۈشىگە ئەرزىگۈدەك قانچىلىك ئادەم ئىدىم؟ ئۇ مېنى ياخشى كۆردىمۇ دەيلى، بۇنىڭ كىمگە پايدىسى بار؟ مەن دېگەن ئۆيلۈك ــ ئوچاقلىق ئادەم. ماڭا قاراشلىق ئائىلەم بار. مەن ئۇلارغا مەڭگۈ يۈزسىزلىك قىلالمايمەن. شۇنداق ئىكەن، بۇ كۆڭۈلگە مەرھابا دەپ باغرىمنى ئاچالمايمەن ــ دە!

ھەي ، رىسالەت ، ئۆزۈڭنى مۇنچە ئازابلاپ نېمىگە ئېرىشەرسەن ؟ مەندە ساڭا بەرگۈدەك نېمە بار ؟

ھوشۇر سەلەيىنىڭ قولى كەچ كىرگۈچە ئىشقا بارمىدى . ئۇ ئىشخانا ئىچىدە جىددىي جەڭ پىلانى تۈزۈۋاتقان ھەربىي قوماندانىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى . چىكىلگەن تاماكىنىڭ ھېسابى يوق ، بۇنى كۆر-سە تام ئاقارتىش ئۈچۈن كېتىدىغان چىقىمنى ئويلاپ ، ياسىنجاننىڭ يەنە قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن .

سۇلايمان قاسىم ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە بارمىدى . ئۇنىڭ كىم بىلەندۇر مۇڭدىشىپ ، بىر - ئىككى قەدەھتىن ئىچىشىپ ، كۆڭلى-دىكى غەشلىكنى تۆگەتكۈسى بار ئىدى . ئۇ سەلىمجاننى ئويلىدى ، ئەمما كۆڭلى تارتمىدى . ھوشۇر سەلەيىنى ئويلىدى ، ئۇياق ئىچمەي-دىغىنى ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىدارە ئالدىدىكى بوتكىدىن ياپىلاق شىشـىلىك يـېرىم جىڭلىق ھاراقتـىن بىرنى ئالدى - دە ، ناھىيە بازىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان پىيادىلەر يولىنى بويلاپ مېڭىپ كەتتى .

بىردەمدىلا ئەتراپقا گۇگۇم پەردىسى يېيىلدى . قاراڭغۇلۇققا پېتىۋاتقان ئاسماندا بىرنەچچە ئۇششاق يۇلتۇز پەيدا بولدى ، ئاندىن كوچا چىراغلىرى لاپپىدە ياندى . قاراڭغۇلۇق ئىچىدە سۇس يورۇپ تۇرغان بۇ چىراغلار ئادەمنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلاتتى . سۇلايمان قاسىم چىراغ ئەتراپىدا ئۇچۇشۇپ يۈرگەن پەرۋانىلەرگە قارىدى . بىچارىلەر ! ئۇلار ئەسلىدە چاراسلاپ يېنىپ تۇرىدىغان قارا چىراغلار بىلەنلا ئۆزىنىڭ پەرۋانىلىقىنى ئىسپاتلىيالايتتى . قويۇق قارا ئىس پۇرقۇپ تۇرىدىغان چىراغلاردىن كۆتۈرۈلگەن يالقۇنلار ئۇلارنى مەقسىتىگە يەتكۈزەتتى . قانىتى كۆيۈپ كەتكەن پەرۋانە چىراغپايغا يىقىلاتتى . ئۇلار ئاشۇ يەردە ئۆز ئۆمرىنى شەرەپ بىلەن تامام قىلاتتى . مانا ، كوچا چىرىغىنىڭ يورۇقىغا ئۆزىنى ئۇرغان پەرۋانىلەر خۇددى ئىدارە باشلىقى ياسىنجاندەك قۇرۇق ئاۋارە بول-ماقتا . ئۇلار ئاجىز يورۇقلۇققا ئۆزىنى ئۇرغىنى بىلەن ، ئۇنىڭ كۆيدۈرىدىغان يالقۇنى بولمىغاچقا ، خۇددى سۇلياۋ گۈلنى پۇراۋات-

قاندەك ئەخمەق بولماقتا . كوچا چىرىغى ئۇلارنىڭ قانىتىنى ھېچ-نېمە قىلالمايدۇ . پەرۋانىلەرمۇ ئۆزىنىڭ پەرۋانە ئىكەنلىكىنى مەڭ-گۈ ئىسپاتلىيالمايدۇ . كىم بىلىدۇ ، نەچچە كۈندىن كېيىن قىش پەسلى كىرىپ كەلسە ، ئوتقا ئۆزىنى ئۇرۇپ ھاياتىنى تامام قىلىدى-غان بۇ بىچارىلەر سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلەمدۇ تېخى ...

سۇلايمان قاسىمنىڭ بىردىنلا پەرۋانىلەرگە ئىچى ئاغرىدى . بىر شەيئىگە نىسبەتەن ئۇنىڭ ئۆز ماھىيىتىنى يوقىتىشى زاۋاللىق-تىن دېرەك بىرەتتى . كىشىلەر جىن چىراغدىن قۇتۇلدى ، ئەمما پەرۋانىلەر ئوتتىن مەھرۇم قالدى . مانا ، ئۇلار شۇ تاپتا ئاشۇ ئاجىز يورۇقلۇقنى ئۆزىنى مۇرادىغا يەتكۈزىدىغان كۈچلۈك يالقۇن دەپ قارايدۇ . لېكىن ، يورۇقى بار ، ئىسسىقى يوق بۇ يالقۇن ئۇلارنى مەڭگۈ ئارمىنىغا يەتكۈزەلمەيدۇ . خۇددى ئۆزى رىسالەتكە مېھىر بېرىپ ، ئۇنىڭ مۇزلىغان قەلبىنى ئىللىتالمىغاندەك ...

ئۇ بىر ستولبىغا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرۇپ قولىدىكى شېشىنى ئاغزىغا دوملىدى . شۇئان ئاچچىق ھاراق ئۇنىڭ قىزىلئۆڭگىچىنى كۆيدۈرگىنىچە قورسىقىغا كىرىپ كەتتى . ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق يۇقى-رى گرادۇسلۇق ھاراقنى تېتىپ باقمىغانىدى .

كوچىدا باش كۆزنىڭ سوغۇق شامىلى پەيدا بولدى . ئادەمسىز كوچا تېخىمۇ كەڭرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى . سوغۇق شامال يولدى-كى كىملەردۇر تاشلاپ كەتكەن چوكا مۇز خالتىلىرىنى ، قەغەز پارچىلىرىنى ئۇچۇرۇشقا باشلىدى . ھەممە ياقتىن بىر خىل مۇسىد-بەت پۇرىقى كېلەتتى . سۇلايمان قاسىم قولىدىكى ھاراق بوتۇلكى-سىنى يەنە كۆتۈردى . ھاراق ئۇنىڭ كاللىسىنى قىزىتىشقا باشلى-دى . ئۇ مۇزدەك ستولبىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئەڭ دەسلەپ قەل-بىگە بۆسۈپ كىرگەن ، ئەمما ، ساقايماس جاراھەت ئىزى قالدۇر-غان گۈلچىمەننى ، تولىمۇ قىسقا بەخت لەززىتىگە چۆمدۈرگەن ، لېكىن ئاخىرى پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشقان كىنوغا ئوخشاش ئۆزىگە ھەسرەت ـ نادامەت بەخش ئەتكەن تۇنجى ئايالى خەيرىنىسانى ، مانا ھازىر باللىرىغا ئانا بولۇپ ، بىر ئۆيىنىڭ مورىسىدىن خاتىرجەم

ئىس چىقىرىپ ئولتۇرغان زۇلخۇمارنى، ئۆزىگە مۇھەببەتلىك كۆ-
ڭۈل تەگلەپ تۇرغان رىسالەتنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىغا كەلتۇردى.
ئۇ ئۆزىنىڭ بەكمۇ ئۇزۇن ياشاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك
بولدى. ئادەم قانچىلىك ياشاشنى، قانداق ياشاشنى تاللىۋېلىش
پۇرسىتىگە ئىگە بولغىنىدا ئىدى، ئۇ ئاللىبۇرۇن تۇنجى خىزمەتكە
چىققان نۆۋەر چاغلىرىغا قايتىپ، خەيرىنىسا بىلەن ئون يىللىق
ھىجران ئازابىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغان بولاتتى. مانا، بىچارە
ئايال جۇدەپ، ئەللىك ـ ئاتمىش ياشلىق مومايلارنىڭ سىياقىغا
كىرىپ قالدى. تۇرمۇش ئۇنىڭغا بىر قېتىممۇ كۈلۈپ باقمىدى.
ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆزى خالىمايدىغان ئادەم بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە
ئۆتۈش، كېچىلىرى بىر ياستۇققا باش قويۇش، باللىرىغا ئانا
بولۇپ، پوق ـ سۈيدۈكىنى ئادالاش ھەقىقەتەن ئوڭاي ئەمەس.
قاسىم بارات ئەمدى پالەچ بولۇپ يېتىۋالدى، ئۆز ھاجىتىدىن
چىقالمايدىغان ئادەمنى كۈتۈش كىشىنى تېخىمۇ ھاردۇرۇۋېتىدىغان
جاپالىق ئىش! سۇلايمان قاسىم زۇلخۇمارنى كۆز ئالدىغا كەلتۇر-
دى. رايىش، مۇلايىم، كىشىنىڭ دەردىگە يېتىشنى بىلىدىغان،
ئۆزىگە ھەمىشە ئەزىز مېھماننى كۈتكەندەك مۇئامىلە قىلىدىغان
ئايالىغا نىسبەتەن ئۇنىڭ كۆڭلىدە پۈتمەس ـ تۈگىمەس مىننەتدار-
لىق بار ئىدى. لېكىن، ئۇ ھەرقانچە ئاختۇرۇپمۇ قەلبىدىن مۇھەب-
بەتكە تالىق بىر نەرسە تاپالمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ ئائىلىگە
كۆيىدۇ. ياش بۇ يەرگە بارغاندا ئادەمنىڭ تىنچ ياشىغۇسى، ئۆز
كۆڭلىدىكى ھەۋەسلەرنىڭ كۆزىگە توپا قۇيۇپ، تەقدىرگە تەن بەر-
گۈسى كېلىدۇ. ئايىغى چىقمايدىغان يولغا ھەرگىز ئاياغ باسماسلىق
كېرەك. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق پىچىرلايتتى.

ۋاقىتنىڭ قانداقلارچە شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتكىنىدىن ئۇ تولى-
مۇ ھەيران ئىدى. ناھىيە ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن باش توخۇنىڭ
چىللىغان ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى. سوغۇق شامال تېخىمۇ كۈ-
چەيگەنىدى. سۇلايمان قاسىم ئولتۇرۇۋېرىپ ئۇيۇشۇپ كەتكەن بې-
لىنى تەستە رۇسلىدى ۋە قولىدىكى قۇرۇقدالغان بوتۇلكىنى يىراققا

چۆرۈۋەتتى . قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇچۇپ بارغان بوتۇلكا قايسىدۇر
بىر تاشقا تېگىپ ، چاراسلاپ سۇنغان ئاۋازى كەلدى . ئۇ ئۆز
كۆڭلىنىڭمۇ ئاشۇ قۇرۇق بوتۇلكىدەك پارە ـ پارە بولغانلىقىنى
ھېس قىلدى .

سۇلايمان قاسىم ئاستا كەينىگە ياندى ، ئۇ ئۆيدە زۇلخۇمارنىڭ
ئۆزىنىڭ يولىغا قاراپ تېخىچە ئۇخلىمىغانلىقىنى ئويلىدى . ــ
بىچارىگە ئۇۋال بوپتۇ ، ــ دەپ ئويلىدى ئۇ كوچا چىرىغىنىڭ
يورۇقىدا سائىتىگە قاراپ قويۇپ ، ئۇنىڭ قەدىمى بەكلا ئېغىر
ئىدى ، سوغۇق شامال غولىنى قورۇيتتى . ئادەم ئايىغى بېسىققان
كوچىدا مەست تۆگىدەك لەيلەپ كېلىۋاتقان سۇلايمان قاسىم ئۆزد-
ىنىڭ بەكلا تەنها قالغانلىقىنى ، ئىدارىدىكى خىزمىتىنىڭمۇ ئىلگى-
رىكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ، سۇرى يامان باشلىقىنىڭ قولىدا ئەم-
دى نېمە كۈنلەرنى كۆرىدىغانلىقىنى ئويلىدى . ئۇنىڭ تۇرمۇشىد-
مۇ ، خىزمەتتىمۇ خاتىرجەملىكى بۇزۇلغانىدى . رىسالەت ئۇنىڭغا
نىسبەتەن بىر باش ئاغرىقى ئىدى . بۇ قىزنىڭ كۆڭلىگە ئازار
بېرىشكە بولمايتتى . ئەمما ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت بېرىش ، قۇچاق
ئېچىپ باغاشلاش سۇلايمان قاسىمنىڭ قولىدىنمۇ كەلمەيتتى . چۈند-
كى ، ئۇ بىر ئائىلە قۇرۇپ بولغان ئادەم ، ئەلۋەتتە ئەمدى كېلىپ
يار ئۈستىگە يار تۇتقاندەك ئىش قىلسا بولمايدۇ . بۇ ئىشنى ئەمدى
قانداق ھەل قىلىش مۇمكىن ؟

بۇ مەسىلىدە سۇلايمان قاسىمنىڭ كاللىسى ھېچنېمىگە ئىشلى-
مىدى . ئۇ غوڭۇلداپ تۇرغان قۇپقۇرۇق كاللىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆز
ئۆيىگە يېنىپ كەلدى .

## توققۇزىنچى باب

# تەگلىك

### 40

رىسالەتنىڭ كۆڭلى بەكمۇ ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى . ئەمەلىي قوللىنىشچان دەرسلىكلەر ۋە ئوپېراتسىيە مەشغۇلاتى ئىنتايىن ھالقىلىق پەيتلەرگە توغرا كەلگەنىدى . ئۇ كۈندۈزلىرى ئاساسەن ئالدىراش بولغاچقا ، نېرى - بېرى ئىشلارنى ئويلاشقا ۋاقىت چىقىرالمايتتى . پەقەت كەچ تەرەپلىرى ئۇخلاش ئۈچۈن يوتقانغا كىرگەندىلا ، ئۆتكەن ئىشلار كاللىسىغا كىرىۋې- لىپ ، ھىجران ئازابى ئۇنى قىينايتتى . يىراقتىكى سۇلايمان قا- سىمنى سېغىناتتى ، ئۇنىڭ ئازابلىق كەچمىشلىرىنى خىيال قىلات- تى ، يارىلانغان قەلبىگە مەلھەم بولۇشنى ، بىر ئۆمۈر خىزمىتىدە بولۇپ ، ئۆزىگە قىلغان ياردىمىگە جاۋاب قايتۇرۇشنى ئويلايتتى . گەرچە بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولمىسىمۇ ، سۇلايمان قاسىمغا ئېرى- شىش ئۇنچە ئاسانغا چۈشمەيدىغان ئىش بولسىمۇ ، ئۇنىڭ بۇ ئىشق كوچىسىدىن يانغۇسى يوق ئىدى .

مانا ، ئۇنىڭ سۇلايمان قاسىمغا خەت يازغىنىغىمۇ بىر ئايدىن ئاشتى . ھەربىر كۈننى ئەمەس ، ھەربىر دەقىقىنى ساناپ ئۆتكۈزۈ- ۋاتقان رىسالەتكە بۇ بىر ئايىنى توشقۇزۇش ئاسانغا توختىمايتتى . ئۇ كۈتەتتى ، ھەركۈنى سىنىپ باشلىقى سىنىپتىكىلەرگە كەلگەن خەت - چەكلەرنى كۆتۈرۈپ كىرگەندە ، ئۇ ئۈمىدلىنىپ قاراپ قالاتتى . ئەمما ، ئۇ تەشنا بولغان ، زارىقىپ كۈتۈۋاتقان خەت كەل- مەيۋاتاتتى . ھەر قېتىم ئۇ باشقىلارنىڭ قولىغا بېرىلگەن خەتلەرگە

قارىغىنىدا ، گويا روھى تېنىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك روھسىزلى-
نىپ كېتەتتى . كۆتۈش ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەتكەنىدى .
بۈگۈن يەكشەنبە . دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا ، مەكتەپ ئىچى
تىنچىپ قالغانىدى . گەرچە ھازىر پار بېرىلمىگەن بولسىمۇ ، سى-
نىپ ئىچى سىرتقا قارىغاندا خېلىلا ئىللىق ئىدى . ئوقۇغۇچىلارنىڭ
بەزىسى ئۇخلاۋاتقان ، بەزىسى ئالىلقاچان بىر ئىشلار بىلەن كوچى-
لارغا چىقىپ كەتكەن ، نۇرگۈل بىلەن گۈلباھار ئاخشام چىقىپ
كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەنىدى . رىسالەت ئەتىگەندىلا سىنىپقا كې-
لىۋالدى ۋە سۇلايمان قاسىم ئېلىپ بەرگەن قىزىل پەلتوسىنى
سېلىپ ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئارتىپ قويدى . ئۇ سىنىپ
ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ سۇلايمان قاسىمغا دەيدىغانلىرىنى بىر ئاز
ئويلىنىۋالدى ۋە قەلەمنى ئېلىپ خۇش پۇراقلىق قەغەزگە كۆڭۈل
ئۇنچىلىرىنى تۆكۈشكە باشلىدى .
«سۇلايمان !
ياخشى تۇرۇۋاتامسىز ؟ ئۆيىڭىز تىنچلىقمۇ ؟ كۆڭلىڭىز خا-
تىرجەم ئۆتۈۋاتامسىز ؟ ماڭا خەت يازمىغىنىڭىزدىن قارىغاندا ،
خىزمىتىڭىز بەكلا ئالدىراش بولسا كېرەك ، ھېچقىسى يوق ، ۋاق-
تىڭىز يەتكەندە ، مەندەك بىر قىزنىڭمۇ بەر شارىدا ياشاپ يۈرگىنى-
نى ، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سېغىنىش ئىلكىدە كۆيۈپ كۈل بولۇۋاتقى-
نىنى بىلگىنىڭىزدە ، ئىككىلىك خەت يېزىپمۇ قالارسىز . خاتىر-
جەم بولۇڭ ، ئەنقا تۇخۇمىدەك قىممەتلىك خېتىڭىز ھېچقاچان
بىرەر مۇئەللىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەيدۇ . بۇ جەھەتتە ماڭا
تولۇق ئىشەنسىڭىز بولىدۇ .
سۇلايمان ، مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيدى-
غان ھاماقەتلەردىن ئەمەس ، شۇنداقلا ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىش
ئۈچۈنلا سىزگە خەت يېزىۋاتقىنىممۇ يوق . مەن شۇنىڭغا ئىقرار ،
ئەتراپىمدا مۇشۇ كۈنلەردە يىگىتلەر دېگەن چىۋىندەك كۆپىيىپ
كەتتى . ئۇلار ماڭا توختىماستىن تەلەپ قويۇۋاتىدۇ ، ھەتتا بەزىلەر
مېنى ئۇرۇمچىدە ئېلىپ قېلىپ ، مەخسۇس داچىلارنى ئېلىپ بې-

رىپ ، شاھ خانىشلىرىنى كۈتكەندەك كۈتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قەسەملەر ئىچىشتى . بىراق ، مېنىڭ ئۇلارغا كۆڭلۈم يوق ، پەقەتلا يوق ! ئۇلاردا چىراي ، پۇل - مال يېتەرلىك بولغىنى بىلەن ، مەن ئىزدىگەن ، مەن تەلپۈنگەن قانداقتۇر بىر نەرسىلەر زىنھار يوق ! مەن ئارزۇ قىلغان . ئېرىشىشنى ئىستىگەن نەرسەمنى پەقەت سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىنلا تاپالايمەن ! شۇڭا ، سىزنى ھۆرمەت قىلىمەن ، سىزگە چوقۇنىمەن ، سىزنى سېغىنىمەن !

قەلبىمنىڭ پىنھان سىرلىرى سىز تامان يۈرۈپ كەتكىلى بىرەر ئايدىن ئاشتى . مۇشۇ بىر ئاينى مېنىڭ قانچىلىك زارىقىش ئىچىدە ئۆتكۈزگىنىمنى سىز تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن . ئادەمنىڭ ئادەمگە خارلىقى چۈشمەيدۇ دەپ ئاڭلىغانمەن ، بىراق سىزنىڭ ئالدىڭىزدا خەسچىلىك يۈزۈمنىڭ يوقلۇقىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن ! كاشكى ، ماڭا ئاتاپ بىرەر بەت ئاق قەغەز بولسىمۇ ئەۋەتسىڭىزچۇ ؟ !

مېنىڭ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغىنىم راست ، مەن بەكلا شور پېشانە قىز ئىكەنمەن . نېمە ئۈچۈن مەن مۇشۇنداق ئايىغى چىقمايدىغان مۇھەببەت كوچىسىغا ئۆزۈم خالاپ كىرىپ قالدىم ؟ نېمىشقا مەن يوپيورۇق يولدا ئەمەس ، پىنھان قاراڭغۇ كوچىلاردا تېنەپ يۈرىمەن ؟ بۇ سوئالىمغا ئۆزۈممۇ ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيمەن . لېكىن ، كۆڭلۈمنىڭ خاھىشى شۇ بولسا ماڭا نەچارە ؟ سىزگە قەلب خانەمنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتكىنىم بەلكىم توغرا بولمىغان بولۇشى مۇمكىن ، ئەسلىدە مەن سىزگە بولغان چىن مۇھەببىتىمنى بىر ئۆمۈر كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا پىنھان ساقلىسام ، ئەڭ ئاخىردا ئۇنى ئۆزۈم بىلەن بىللە قەبرەمگە ئېلىپ كەتسەم ياخشى بولاتتى . ئەمما ، سىز مېنى بىلىسىز ، مەن كىچىكىمدىن باشلاپ كۆڭلۈمدىكىنى يوشۇرۇشنى بىلمەي چوڭ بولغان قىز ، شۇڭا مېنى چۈشىنىدۇ دەپ ئويلايمەن .

كىچىك ۋاقىتلىرىم ھېلىمۇ ئېسىمدە ، سىز ھەمىشە مېنى تۇتۇۋېلىپ ، يېرىك ساقىلىڭىزنى مەڭزىمگە سانجىپ ئويناشنى ياخ-

شى كۆرەتتىڭىز . ئاشۇ چاغلاردا مېنىڭ قىرقىراپ يىغلىغان ،
سىزنىڭ يۈزىڭىزنى مورلاپ قانتىتىۋەتكەن ۋاقىتلىرىممۇ بولغان .
مانا ، ئاشۇ چاغلارنى قانداق سېغىنىۋاتىمەن ـ ھە !

مەن مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا ھېلىقى گۈللۈك فونتاننىڭ
يېنىدا ماڭا نېمە دېگىنىڭىز ئېسىڭىزدە بارمۇ ؟ سىز شۇ چاغدا
مېنىڭ كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ : «مەڭگۈ ئۇچمايدىغان تورغاي بول-
مايدۇ . قۇشلار ئۇچۇپ كېتىدۇ . قىزلارمۇ شۇنداق . بىر كۈنلەر
كېلىپ سىزنىمۇ ئۇزىتىپ قويىسىز ، بۇ تەقدىرنىڭ ئورۇن-
لاشتۇرۇشى . ئۇنىڭدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دېگەنىدى-
ڭىز . مەن ئۇچۇرما بولدۇم ، لېكىن باشقىلارنىڭ قونىدىغا قونغۇم
يوق ، شۇنداقلا سىزنىڭ ئۇزىتىپ قويۇشىڭىزنىمۇ خالىمايمەن .

سىز بىلەمسىز ؟ مەن كىچىكىمدىن سىز بىلەن پاراڭلىشىشقا
ئامراق ئىدىم . ھەر قېتىم سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىسام ، ھايات ھەققى-
دە سۆزلەنگەن ئەڭ كاتتا دەرسلەرنى ئاڭلىغاندەك بولاتتىم ، مەن
ھېلىھەم شۇنداق ھېسسىياتتا ! سىزنىڭ ھېكمەتلەرگە تويۇنغان
سۆزلىرىڭىزنى مەڭگۈ ئاڭلاپ تۇرسام دەيمەن !

توغرا ، مەن سىزنى سۆيىمەن ! بۇ بىردەملىك قىزغىنلىقتىن
پەيدا بولغان ئۆتكۈنچى ھېسسىيات ئەمەس ، بەلكى چوڭقۇر يىلتىز
تارتقان ، قەلب ئېتىزىمدىن مەڭگۈ قومۇرۇۋەتكىلى بولمايدىغان
قەدىمي چىنارغا ئوخشاش مۇستەھكەم ئېتىقادتۇر . يۈرىكىمدىن
بالقىپ چىققان بۇ سۆيگۈمنىڭ ھايات مۇساپەمدە ماڭا نۇرغۇن ئازا-
رچىلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ، خۇشاللىقتىن كۆرە ئازاب
ھەدىيە قىلىدىغانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان . شۇنداق بولسىمۇ ،
مەن ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيمەن ! بۇ يولدا ئارمىنىمغا يېتەلمەي
ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەيلى !

قانداق ، مەن بەكلا شەخسىيەتچى قىزمىكەنمەن ؟ ئايالىڭىزنى
ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ، ئائىلىڭىزنى بەكلا قەدىرلەيدىغان-
لىقىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن ، لېكىن مېنىڭ بۇ كۆڭلۈمنى سىزدىن
قايتۇرۇشقا ئامالىم يوق ! خۇدا ، مۇشۇنداق كۈنگە قالغۇچە ئۆلۈپ

كەتسەمچۇ !

سىز تۇرمۇشتا نۇرغۇن دوقاللارغا ئۇسۇپ، پېشانىڭىز يېغىر بولۇپ كەتكەن ئادەم، بەلكىم مېنىڭ بۇ قىلغانلىرىم سىزنىڭ ئازابىڭىزنى يەنىمۇ ئۇلغايتىۋېتىشى مۇمكىن. سىزنى تەڭلىككە قويغاندىمەن. ئەمما، مېنىڭمۇ تىرىك تۇرۇپ، ئۇن گۇلۇمنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ، مۇشۇنداق دوقاللارغا ئۇسۇپ قېلىشىمنى سىزمۇ خالىمايسىز، شۇنداقمۇ؟

سۇلايمان، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، خەت يېزىڭ. باغرى تاش دوستۇم (شۇنداق ئاتىشىمدىن رەنجىمىگەيسىز) بۇ دۇنيادا ھىجران ئازابى تارتىۋاتقان مەندەك بىر قىزنىڭ خېتىڭىزگە قانچىلىك تەشنا بولۇۋاتقانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ!

ناۋادا خېتىڭىزگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسەم ياكى كۆز نۇرۇم ئېقىپ تۈگەپ، كور بولۇپ قالسام، ئۇۋالىم سىزگە بولىدۇ. سۇلايمان، ماڭا ئىلگىرىكىدەكلا مەدەت، ئىلھام بېرىڭ، ماڭا ئۆزۈمنى ھەمىشە تونۇتۇپ تۇرۇڭ، مەن سىز ئۈمىد قىلغاندەك يارامىلىق بىر ئادەم بولۇۋالاي! مېنى نائۈمىد قويماڭ!

سىزنى سېغىنىپ، سىزنى ...ر»

رىسالەت خەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى. ئۇ خەتتىن تازا دېگۈدەك قانائەت ھاسىل قىلمىغان بولسىمۇ، ھەرھالدا يامان ئەمەس يېزىلغاندى. ئۇ ئالىقىنى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ خېلى ئۇزۇن ئولتۇردى. سىنىپ ئىچى تىپتىنچ، ئەتراپتىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى. ئۇ يۈرىكىنىڭ سوقۇشلىرىنى تىڭشىدى، ئۇ يەردە چوڭقۇر بىر ئازاب تېپىچەكلىمەكتە! ئۇنىڭ بىچارە يۈرىكى سېغىنىش ئىلكىدە يېرىلىشقا ئاز قالغان، ئۇ ئەمدى سۇلايمان قاسىمدىن بىر ئايغىچە خەت كەلمىسە، بەرداشلىق بېرەلمەيدىغاندەك قىلاتتى.

رىسالەت ئاستا ئورنىدىن تۇردى، خەتنى چوڭقۇر مېھرى بىلەن سۆيدى. ئۇ ئىلگىرى، «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زوھرا»، «يۈسۈپ - زۇلەيخا» قاتارلىق نۇرغۇن داستانلارنى ئو-

قۇپ ، ئۇلاردىكى ئىشق - مۇھەببەت ھېكايىلىرىگە ئىچىدە كۆل-
گەن ، ئاشۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ كۆيۈك دەردىدە دەشتلەرنى
كېزىپ ، جەبىر - جاپا تارتىپ ، مۇرادىغا يېتىش جەريانىدىن گۇماذ-
لانغان ھەم نەدىمۇ شۇنداق ئىش بولسۇن ، دۇنيادا بىر يىگىت
ئۇچۇن يۈرىكىنى يىرىۋالىدىغان قىزدىنمۇ ئەخمەق بىرى بارمىدۇ ،
دەپ ئويلىغانىدى . مانا ، بۇ ئىش ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلدى . ھازىر
قىزلار دېگەن بىر ھەپتىدە ئىككىيدىن مۇھەببەت تۇتۇپ ، بىر
قاچا لەڭمەن ئۇچۇن كۆڭۈل بېرىپ ، كۆنلىرىنى شاختىن - شاخقا
سەكرىگەن قۇشقاچلاردەك ئۆتكۈزمەكتە . ئۇلار ئۇچۇن مۇھەببەت
ئويۇنچۇقنىڭ ئورنىدىكى ئىش بولۇپ قالدى . ھەتتا بەزى قىزلار
بىر كويلۇق گازىر چېقىپ بولغۇچە مۇھەببەتتىن بەشنى تۇتۇپ
ئۈلگۈرىدۇ . لېكىن ، مۇشۇنداق مەمۇرچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن سۇ-
يۇق جەمئىيەتتە ئۇنىڭ بېشىغا مۇشۇنداق كۈلپەتلەرنىڭ كەلگەنلى-
كىنى ئاڭلىسا ، قىزلار جەزمەن كۈلۈپ كېتىشى ، يىگىتلەر ئۇنىڭغا
ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن . نېمە ئامال ، ئۇنىڭمۇ باشقىلارنى ئىشەذ-
دۈرگۈسى يوق . بۇنداق ئايىغى چىقمايدىغان مۇھەببەتنى ھېچ--
كىم ئۆزىگە راۋا كۆرمەسگەن بىلەن ، ئۇ قەلبىدە تۇنجى ئويغاذ-
غان ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇ سۆيگۈدىن ئۆمۈر بويى ۋاز
كەچمەيدۇ ...

رىسالەت ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن سىنىپتىن چىقتى .
مەيداندا توپ ئويناۋاتقان ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ، سىنىپ بىناسى
ئەتراپىدا مۇڭدىشىپ تۇرغان يىگىت - قىزلار ، مۇنچىدىن چىقىپ ،
ھۆل چاچلىرىنى سىلكىگىنىچە ياتاققا قاراپ مېڭىشقان قىزلار ئۇ-
نىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويۇشتى . ئۇلارنىڭ چىرايىدىن مۇشۇ
قىممەتلىك دەم ئېلىش كۈنىمۇ سىنىپقا كىرىۋالغان بۇ قوتۇر
ئاكتىپتىن نارازى بولغاندەك بىر كەيپىيات چىقىپ تۇراتتى .
ئۇ بۇلارغا پەرۋا قىلماستىن ، مەكتەپ پوچتىخانىسىغا قاراپ
يول ئالدى .

— رىسالەت ، قانداق ئەھۋالىڭىز ؟ مەكتەپتە بارمۇسىز ؟

سىزنى ئۇچرىتىش ئەجەب تەس بولۇپ كەتتىغۇ مۇشۇ كۈنلەردە؟
ئۇ ئوقۇتۇش بىناسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ چوڭ يولغا چىقىشىغا ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان تاھىر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەسلىدىمۇ بىسەرەمجان بولۇپ تۇرغان كۆڭلى تاھىرنى كۆرۈش بىلەن تېخىمۇ يېرىم بولدى. تاھىر بىرتوقاي سوئال ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:
— قانداق رىسالەت، سىز ھېلىمۇ تاش چىشلەپ يۈرەمسىز؟ بىزدەك نوچىلارغا كۆڭلىڭىزنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئورۇن يوقمۇ؟ ھەي، ئاڭلاپ قويۇڭ، پۇرسەت كەتسە قايتا كەلمەيدۇ. بىزدەك يىگىتلەرگە ئۇچرىغىنىڭىز سىزنىڭ تەلىيىڭىز. بارىكاللا ئېيتىپلا يۈرۈۋالامسىز مۇنداق؟
رىسالەتنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. ئۇ بېشىنى بۇراپ، تاھىرنى كۆرمىگەن بولۇپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، تاھىر كەڭ غۇلاچلىرىنى كەرگىنىچە ئۇنىڭ يولىنى توستى.
— ھەي، مەن تامغا سۆزلەۋاتىمەن جۇمۇ، بېشىڭىزنىڭ مۇشۇنداق قاتتىقلىقى ھامان سىزنى تۇل قالدۇرىدۇ، رىسالەت. ئۇنداق قىلماڭ، بىزگىمۇ قاراپ قويۇڭ، ھايتلا دېسىڭىز يۈرىكىمىزنى يېرىپ بېرىدىغان باللاردىنمىز. ساۋاب يولار دەپ كۆڭۈل سۇنساق، قاڭتۇرۇلغان بايتالدەك قېتىۋالسىڭىز بولامدۇ؟ بۇ سىزدەك قىزلارنىڭ قىلىدىغان قىلىقى ئەمەس. بىلىپ قويۇڭ، ھازىر دېگەن بىر ئەرگە ئىككى يېرىمدىن ئايال توغرا كېلىدىغان زامان…
— يوقال، — رىسالەت ئۇنى كۈچەپ ئىتتىرىۋەتتى، — بىر ئەرگە ئوندىن ئايال توغرا كەلگەندىمۇ، ھېچكىم سەندەك قوڭىنى كۆرەك قىلىپ ئوت پۈۋلەيدىغان غىتمەككە نەزەر كۆزىنى سالمايدۇ. گەپ قىلمىسام، يوغانچىلىقىنى كۆرۈڭ بۇ قوتۇر ئېشەكنىڭ. ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما، ئەبلەخ!
رىسالەت ئۇنىڭدىن تاپتىن يىرگەنگەندەك قېچىپ يان يولغا چۈشتى. كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ كەتكەن تاھىر ئۇنى ئېغىزىنى بۇ-

زوپ تىللاپ كەتتى:

— ۋاي نېمەڭگە يوغانچىلىق قىلىسەن پاسكىنا؟ ھەرقانچە ئەرشىئەلاغا چىقساڭمۇ، يەنىلا بىزدەك ئەرلەرنىڭ تەرىتىگە سۇ تەييارلايسەنغۇ ئاخىر. قاراپ تۇر، يوغانچىلىقىڭغا ھامىنى بەدەل تۆلەيسەن...

رىسالەتنىڭ ئىچى تىتىلداپ كەتتى. ئۇنىڭ كىمىندۇر بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۇسى، چايناپ يۇركۇۋەتكۇسى كېلەتتى. قۇلاق تۈۋىدە شاماللار ھۇشقۇيتاتتى. قايسىدۇر بىر ياتاقتىن ئوغۇللارنىڭ ئالىتا- غىل تۇۋلاشقان ناخشا ساداسى كېلەتتى. ئەمما، يولدا ئۇنىڭ كۆزى- گە ھېچكىم كۆرۈنمىدى.

ئارزۇلاپ يېزىلغان خەت چىرايلىق كونۋېرتقا سېلىنغاندىن كېيىن، پوچتا ساندۇقىغا تاشلاندى. ئۇنىڭ ئۈمىد - ئارمانلىرى سۇلايمان قاسىم تامان ئۇچۇپ كەتتى.

ئۇ ياتاققا قايتىپ كەلدى. مۇنچىغا چۈشۈپ ئادەم تەلەتىگە كىرگەن نۇرگۈل بىلەن گۈلباھار ھۆل چاچلىرىنى تارىغىنىچە ئاخشام ئوينىغان ئويۇنلىرى ھەققىدە رەشىدەگە سۆزلەپ بەرمەكتە ئىدى:

— ۋاي - ۋۇي، كاساپەتنىڭ قورۇپ تۇتۇشلىرىنى كۆرمەم- دىغان؟ قىلىقلىرى بەئەينى ئېچىرقاپ كەتكەن قېرى بۆرىنىڭ ئۆزى! مەن ئۆمرۈمدە ئۇنىڭدەك ھېسسىياتچان قېرىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. يېشى بىر يەرگە بېرىپ، كۆتىدە ئوت پۇۋلەپ قالغىنىغا باقماي، مەن ئون سەككىز ياشلىق يىگىتلەرگە ئوخشام- دىكەنمەن، دەيدۇ تېخى...

— سەن ئۇنىڭدىن خېلى ۋەدىلەرگە ئېرىشتىڭ، — دېدى گۈلباھار پىخىلداپ كۈلۈپ، — ئۇنى بىر كىچىدىلا سويغان پىيازدەك قىلىۋېتەرسەنمىكىن ئەمدى؟

— سەنچۇ؟ ھېلىقى بوقا گەدەنگە يىلىمدەك يېپىشىپ قاپتىد- كەنسەن. ئۇمۇ قۇلىقىڭغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپ يۈرەتتىغۇ.

— ھە، ئۇ بۇ قېتىم ماڭا بىر يان تېلېفون سوۋغا قىلىدىغان

بولدى . كورىيىنىڭكىندىن دەيدۇ ...
— ماڭىمۇ شۇ ، تېخى ئۇ مەن قوشۇلسام ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ماڭا ھەمراھ بولماقچى ، مېنى خانىشلاردەك ياسىۋېتىمەن دەيدۇ ...
— ئۇنىڭ يېشىدىن كۆرگەندە ، پايدىسىنى ئۇنچىۋالا ئۇزۇن كۆرەلمەيدىغان ئوخشايسەن ...
— مەيلى ئەمەسمۇ ؟ قېرى يولۋاسنىڭ بىر تال تۈكىنى يۇلسامۇ ھېساب !
قىزلار بىر - بىرىگە سۆز بەرمەستىن ماختىناتتى . ئۇلارنىڭ كەيپى بەكلا چاغ ئىدى .
— بولدى قىلساڭلار بولارمىكىن ؟ — رىسالەت ئۇلارنىڭ سۆزىگە بىر پەس قۇلاق سالغاندىن كېيىن ، تەئەددى بىلەن ۋارقىرىدى ، — نەلەردىندۇر تېپىپ كەلگەن سېسىقچىلىقىڭلارنى ئەمدى ھېيىقماستىن ياتاقتا ھېكايە قىلىپ يۈرەمسىلەر ؟ سىلەرگە نومۇس ئەمەسمۇ ؟
— ۋاي يەنە سەنمۇ ؟ — دېدى نۇرگۈل چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، — قويغىنا ، ئادەمنىڭ گۈلدەك چېغىدا ئاز - تولا ئوينىۋالغىنىنىڭ نېمىسى خاتا ؟ سەندەك مەتۇ قىزلارغۇ بۇنى ئۆمۈر بويى چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ . ھە دېسە بىزنى ئەيىبلەۋەرمەي ، ئەينەككە قاراپ ئۇستىۋېشىڭنى بىرئاز تۈزەشتۈرۈۋالغىنا . بەلكىم سېنى ياقتۇرىدىغانلار چىقىپ قالار ...
— مەن قېرى پۇلدار ، سېسىق پۇرايدىغان تېرىچى ، خام پېيغا دۈم چۈشكەن سامان قورساقلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا موھتاج ئەمەس ! — دېدى رىسالەت دانىمۇ دانە سۆزلەپ ، — ئار - نومۇس بىلەن ياشىمىغان ئۆمۈرنىڭ ماڭا كېرىكى يوق ! ھەرقايسىڭ تولا مېنىڭ غېمىمنى يېيىشمە ! كوچىدا يۈرۈپ ياشلىقنى خازان قىلىش سەندەك بۇزۇقلارنىڭ ئىشى ! تولا ماڭا ئىش ئۆگىتىمەن دېيىشمە .
— شۇنداق ، بىز كوچىدا ئويناپ يۈرگەن بۇزۇق ، ئەمما

خوتۇنلۇق ئەرلەرگە گالستۇك سوۋغا قىلىدىغانلاردىن ئەمەس .
دېرىزە ئالدىدا تىرنىقىنى ياساپ ئولتۇرغان گۈلباھار دېمىغى-نى قاقىقىنچە سۆزگە ئارىلاشتى . ئۇنىڭغا قاراپ رىسالەتنىڭ غەزەپ-تىن چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى . ئۇ قولىدىكى كىتابنى گۈلباھار-نىڭ بېشىغا ئاتتى . كىتاب ئۇنىڭغا تەگمەي ، دېرىزىنىڭ بىر كۆز ئەينىكىنى سۇندۇرۇۋەتتى . سۇنغان ئەينەكنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى بىنا ئىچىنى چىپ ئالدى …

41

ياسىنجاننىڭ پەيلى يېڭى كەلگەن چاغدىكىدىنمۇ يامانلىشىپ كەتكەندى . ئۇنىڭ ئىدارىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن چەتلىگەن ئىسلاھات پىلانلىرى ، چېكىدىن ئاشقان قاتتىق قوللۇقى ، ئۆزىمۇ ئىمكانلا راست دەيدىغان مەمەدانلىقى ھەممەيلەننى تويغۇزىۋەتكەندى . ئەلۋەتتە ، ئۇنىڭمۇ ئاجىزلىقى بار . باشقىلار بىر كىمنى چېقىشتۇرۇپ كىرسە ، ئاسانلا ئىشىنىپ قالىدۇ . بۇ يوچۇقنى ھېچ كىمگە بىلدۈرمەيلا بىلىۋالغان بىر قىسىم ئىشەك چىۋىنلىرىنىڭ ئامتى كېلىپ قالغانىدى . ئۇلار كىملەرنىدۇر چاقاتتى ، ئاغرىتماي قان شورايتتى . ئىدارىدە كۆتۈ-رۈلگەن غۇلغۇلىلاردىن ياسىنجاننى ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈرۈپ تۇراتتى . شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ئايغاقچى-لارنىڭ كۆڭلى توغۇلغانىدى .
مانا ، بۈگۈنمۇ ياسىنجاننىڭ ئىشخانىسىدا يۈزلىرى سېمىز ، كۆزلىرىنىڭ خۇنى قاچقان ، پۈرۈر كىيىنگەن بىرسى پاراڭ سېلىپ ئولتۇراتتى .
— ئاڭلىسام ئىدارىدە شۇنداق بىر ھېكايە توقۇلۇپتۇ ، — دېدى ئۇ باشلىق قويۇپ بەرگەن بىر ئىستاكان قايناق سۇنى پۈۋلەپ ئولتۇرۇپ ، — خۇدايىتائالا بۇ ئالەمدىكى بەندىلىرىنى جازالىماق-چى بولسا ، ناچار باشلىققا ئۇچراشتۇرارمىش . سىلىنىڭ بۇ ئىدارى-گە كەلگەنلىرى خۇدايىمنىڭ بۇ يەردىكىلەرنى جازالىغانلىقى ئى-

كەن . مانا ، كۆرمىدىلىمۇ بۇ ئادەملەرنىڭ زەھەرخەندىلىكىنى ؟ ئىلگىرىكى باشلىق بەرسە يەيمەن ، تەپسە ئۆلىمەن دەيدىغان ئادەم ئىدى . كىشىگىمۇ بىرەلمەيتتى ، ئۆزىمۇ ئالالمايتتى . ئاخۇنلارنىڭ تەرەت سۇيىدەك بۇنداق ئىلىمان ئادەملەردىن جاق تويغاندۇق . سىلى كېلىپ ، ئاز - تولا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋىدىلە ، ئۇلارنىڭ ئوسمىسى ئۆرۈلۈپ ، ئۇستىلىرىدىن شۇنداق گەپ تېپىشىپتۇ . ھەي ، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە دېگەن شۇكەن - دە !

ياسىنجاننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ، قۇلىقى غوڭۇلداپ كەتتى . ئۇنىڭ ئاق سېرىق چىرايى پوق يېگەن خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىشقا باشلىغانىدى . ئۇ مۇقەددەس ئورۇندۇقىدىن تۇرۇپ ، ھېلىقى ئايغاقچىسىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە پەس ئاۋازدا سورىدى :

— بۇ گەپنى كىمنىڭ دېگەنلىكىنى بىلگىلى بولارمۇ ؟

— مەن ئۆزلىرى ئۈچۈن بۇ گەپنى تاپقان نىجىسنى ئىزدىدىم ، — دېدى ئۇ سېمىز يۈزىنى سىلاپ قويۇپ ، — ئىدارىدىن شۇنداق گەپ چىقسا ، مەن قانداق چىداپ تۇرالايمەن ؟ بۇ سىلىنىڭلا ئەمەس ، بىزدەك سادىق ئادەملەرنىڭمۇ ئوغىسىنى قاينىتىدىغان گەپ تۇرسا ، بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ ، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغىلى بولامدۇ ؟

— ھە - ھە ، قېنى دېگىنە ، ئېغىزىدىن پوق ئېقىتقان كىمكەن ئۇ ؟ — ياسىنجاننىڭ ئۆزى ئۇستىدىن گەپ تاپقۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشكە تاقىتى تاق بولدى .

— ئۇ مۇشۇ ئىدارىنىڭ ئىشچىسى ، ئەرزىمەسلا بىر ئادەم . ئەسلىدىغۇ بۇ ئادەمنىڭ قولىدىن ئۇنداق ئىشلار كەلمەيدۇ . مايمۇننى چوڭ كۆرسەتكىنى كەينىدىكى يولۋىسى دېگەندەك ، ئۇنىڭ كەينىدە بىرەرسى بارمىكىن دەيمەن .

— مەسىلەن ...

— بۇ ئادەمنىڭ يۈرىكى كىچىك ، قولىدىن چوڭ ئىشلار كەلمەيدۇ . ئەمما ، ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان كۈچۈكى ، شۇڭا بۇ گەپنى پەقەت ئاشۇ ئىشچىدىنلا

كۆرسەك بولمايدۇ . قالدىسىغا مەن يەتە بار ، بۇ گەپنىڭ نەدىن چىققىنىنى ھامىنى ئېنىقلايمەن . جاھاندا پۈركىمايدىغان پوق ، ئىس چىقمايدىغان ئوت بولمايدۇ . ماڭا ئىشەنسىلە .

ياسىنجان ئۇنىڭغا قىممەت باھالىق تاماكىدىن بىرنى تۇتتى ۋە ئۆزىمۇ بىر تال تۇتاشتۇردى . ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتكەنىدى . تاماكىنى كۈچ بىلەن شوراپ ، ئېغىز - بۇرنىدىن قويۇق ئىس چىقىراتتى . كۆزلىرى ئوۋغا تاشلىنىش ئالدىدىكى بۆرىنىڭكىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى . ئادەمنىڭ سورىقى بولمايدىغان ئىش بولسا ، پايتەمىسىنى ئاران سۆرەپ يۈرگەن ھېلىقى مەلئۇننى زىخقا تارتىپ ، قىزىتىلغان تونۇردا كاۋاپ قىلىپ ، ئىدارىدىكىلەرگە ئىبرەت زىياپىتى بەرگۈسى كېلىپ كەتتى .

— بۇ ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلمىسىلا ، — دېدى ھېلىقى ئادەم ئالاق - جالاق بولۇۋاتقان كۆزلىرىنى ياسىنجاندىن قاچۇرۇپ تۇرۇپ ، — بۇ گەپنىڭ زادى كىمنىڭ ئېغىزىدىن چىققانلىقىنى ئوبدانراق بىر ئېنىقلاپ چىقايلى ، ئاندىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتسۇن ، شۇندىلا يېپىنى يىگىنىدىن سۇغۇرسىلا ھېچكىم غىڭ قىلالمايدۇ .

ياسىنجان ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى . كۆز ئالدىدا پارە - پارە قىلىنغان ھوشۇر سەلەيىنىڭ سىيماسى پەيدا بولدى ...

ئىدارىدە كۈندە دېگۈدەك سۆز - ھەيۋە پەيدا قىلىپ يۈرگەن ئادەمنىڭ ئۆزى ھەققىدە يامان گەپ توقۇغۇچىغا نىسبەتەن قانداق خىياللاردا بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس . شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ياسىنجاننىڭ ئارامى بۇزۇلغانىدى . پۈتۈن ئەس - ھوشى ھوشۇر سەلەيىنى قانداق قىلىپ تۇزاققا ئىلىندۇرۇش ۋە پەم بىلەن كۆزدىن يوقىتىشتا قالغانىدى . ئىدارىدە خىزمەتلەر ئالدىراش كېتىپ باراتتى . ھېچكىم خىزمەتتە كاۋاك قالدۇرمايتتى . ئەلۋەتتە ، ھوشۇر سەلەيمۇ ئۆز ئىشىغا پۇختا ، خىزمەتتە قىلچىلىك يوچۇق قالدۇرمايدىغان ئادەم ئىدى . ئۇنى خىزمەتكە يۆلەپ جۆندەيمەن دېسە ، ئاسانغا توختىمايتتى . شۇڭا ، ئۇنىڭ بۇ

ئىشنى تولا ئويلاپ مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقاي دەپ قالغانىدى .
مۇشۇ كۈنلەردە سۇلايمان قاسىممۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۈرەتتى . قايسى كۈندىكى ئىشتىن كېيىن ئۇ كوچىدا بىر كېچە يۈرۈپ ئۆزىگە سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالغانىدى . نەچچە كۈن قىزىپ ياتقاندىن كېيىن ئىشقا چۈشتى . ئەمما ، ئىدارە ئۇنىڭ كۆزىگە هوۋۇقۇشلار سايراپ تۇرغان قەدىمىي زاراتگاھلىقتەك سوغۇق كۆرۈندى . ئۇ ئىشقىمۇ خۇددى بىرسى بويىنىدىن سۆرىگەندەك كېلەتتى ، ئىلگىرىكى قىزغىنلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى .
بۈگۈن ئۇ بېشىنى يەنە ئۈستەلگە قويۇپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى . ئىشىك ئېھتىيات بىلەن ئېچىلىپ ، گېزىت تارقاتقۇچى قىز كىرىپ كەلدى . ئۇ سۇلايمان قاسىمغا بىر كونۋېرتنى بەرگەچ دېدى :
— سۇلايمان ئاكا ، سىزنى بىرسى ياخشى كۆرۈپ قالدىمۇ نېمە؟ ئۆز ئادرېسى يېزىلمىغان قېلىن خەتلەر تولا كېلىدىغان بولۇپ قالدىغۇ سىزگە؟ ئېھتىيات قىلىڭ جۇمۇ ، بولمىسا مەن بۇ خەتلەرنى زۇلخۇمار ھەدەمگە ئەكىرىپ بېرىپ يۈرمەي يەنە .
— چاقچاق قىلماڭا ھۆرىيەت ، مەندەك ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن كونا ماشىنىغا كىمنىڭ كۆزى چۈشىدۇ دەيسىز؟ — سۇلايمان قاسىم شۇنداق دېگىنى بىلەن يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەنىدى . ئۇ ھۆرىيەت سۇنغان كونۋېرتنى ئالدىراپ قولىغا ئالدى . ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ تۇرغان ھۆرىيەت شوخلۇق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى ۋە كەينىگە يېنىپ ، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى .
— يەنە خەت كەپتۇ ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئېغىر تىنىپ قويۇپ ، — ئەمدى ئۇ ماڭا نېمە دېگەندۇ؟ مېنىڭ ئۆزىگە خەت يازمىغىنىمدىن رەنجىگەنمىدۇ؟ لېكىن ، مەن خەت يازسام ئۇنىڭغا نېمە دەيمەن؟ بوپتۇ ، يۈرسەك يۈرەيلى ، ئۆزۈڭنىڭ بەرگىنى خۇدانىڭ بەرگىنى دەيمەنمۇ؟ شۇنداق قىلىشقا مېنىڭ ۋىجدانىم يول قويامدۇ؟ ھەي رىسالەت ، مېنى تولىمۇ تەڭلىكتە قويۇۋاتىسەن ، كۆڭلۈمنى چۈشەنسەڭ نېمە بولار؟

ئۇ ئىشسىك يوچۇقىدىن كارىدورغا قاراپ قويدى ۋە ئاستا ئۇستىلىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ خەتنى تارتمىغا سېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى ...

ئۇنىڭ چېكىسىدىن توختىماي تەر قۇيۇلاتتى ، ئېغىر ئۇھسىنىغىنىچە تاماكىنى ئۇزمەي چېكەتتى . ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولغاندا ئۆزىنى تامامەن يوقىتىپ قويدى . شۇنداق ، ئۇنىڭ رىسالەتكە خەت يازماسلىقىدا مەلۇم سەۋەب بار . ئۇنىڭ قەلبى ئۆتمۇش ئەستىلىكلىرى ۋە زۇلخۇمارغا بولغان شۇكرى - قانائەت بىلەن پۈتۈنلەي توشۇپ كەتكەن تۇرسا ، رىسالەتكە قايسى كۆڭلىنى بېرىدۇ ؟ قاراپ تۇرۇپ ياش قىزنى ئالداش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ . شۇڭا ، ئۇ ئالدىنقى قېتىملىق خەتكە تېگىشلىك جاۋاب يازمىغانىدى . مانا ئەمدى بۇ خەت ! سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا ئەمدى خەت يازمىسا ، بەزى ئىشلارنى خەت يۈزىدە چۈشەندۈرمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ، ھېچنېمىنى بىلمىگەن بولۇپ يۈرىۋەرسە ، رىسالەتكە يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ، رىسالەتنىڭمۇ داۋاملىق ئۆزىگە تەلمۈرۈپ يۈرسە ، تېگىشلىك مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىنى ، بۇ ئىشنىڭ ھامىنى ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ۋاقتىدا ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى لايىق كۆردى .

ئۇ ئېغىر خىياللار قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىققاندا ئاللىقاچان چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى . ئۇ روھسىز بىر كەيپىياتتا خەتنى ئىشكاپنىڭ ئەڭ تېگىدىكى ماتېرىياللار ئارىسىغا تىقىۋەتتى ۋە ئىشخانىدىن چىقتى . كارىدوردا ياسىنجان ئىككى قولى بىلەن بېلىنى تىرىگىنىچە ھوشۇر سەلەيگە مىختەك قادىلىپ تۇراتتى . بىچارە ئادەم قايسى ئىشتىن كەتكۈزۈپ قويغىنىنى ئۇقالماي ، يەرگە قارىغىنىچە شۈمشىيىپ تۇراتتى . ياسىنجان ئىشىكنىڭ تاراقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، نەزىرىنى ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە ئاغدۇردى ۋە سۇلايمان قاسىمنى كۆرۈپ يېشىلىپ ، بىلەكلىرىنى چۈشۈرۈپ كەينىگە ياندى . ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمىگە ماس ھالدا غاچىلداپ تۇرغان

ئاياغ تېۋشى ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرەتتى .

ھوشۇر سەلەي سۇلايمان قاسىمنى كۆرۈپ ، چىرايىغا قان يۈگۈرگەندەك بولدى ۋە يېنىك تىن ئالدى . ئۇنىڭ ئۆسۈپ قالغان چاڭگاك ساقىلى دىردىيىپ قالغانىدى .

— نېمە بولدى ؟ — سورىدى ئۇ ھوشۇر سەلەيدىن ، بىچارىنىڭ ئېغىزىغا تېخىچە زۇۋان كەلمىگەنىدى . ئۇ قولىنى بوش چايقاپ قويۇپ ، بېشى بىلەن سىرتنى ئىشارەت قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن لام - جىم دېمەستىن بىنادىن چىقىپ ، ئائىلىلىكلەر قورۇسى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

— نېمە بولدى ؟ — ئۇ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ھوشۇر سەلەيدىن يەنە سورىدى ، — نېمانداق ئۇ قۇرۇق سۆلەتنىڭ ئالدىدا كۆرپىسگە سىيىپ قويغان كىچىك بالىدەك تىترەپ كەتتىڭىز ؟ بىرەر ئېشتىن چاتاق چىقىپ قالدىمۇ يا ؟

— نې ... نېمە بولغىنىنى مەنمۇ ئۇقمىدىم ، ئۇكام . ئۇ كارىدوردا مېنى كۆرۈپلا خۇيلىنىپ قالدى . ئەلپازى غالجىر ئىتنىڭكىدەك بەكمۇ يامان تۇرىدۇ . نېمە بولغىنىنى بىلمەيمەن ، ئۇنى كۆرۈپ قورققىنىمدىن تىترەپ كېتىپتىمەن . كىچىك ۋاقتىمدا بىر غالجىر ئىتنىڭ ئالدىدىن قېچىپ يۈرۈپ شۇنداق قورققاندىم ، خۇدايا توۋا ، بۇ ئادەمگە نېمە بولغاندۇ ئەمدى ؟

— ئىشقىلىپ بىر چاتاق بار ، — سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ يەلكىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويدى ، — ئىش قىلغاندا قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ . خەقنىڭ يانپىشىغا چىقىپ بەرسىڭىز ، سىزنى بىر چىمدىم توپىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ .

— بولىدۇ ئۇكام ، ئەمدى زادى دىققەت قىلمىسام بولمىغۇدەك . يۈرۈڭ ، بىزنىڭكىگە كىرەيلى . قەمبەرخان تاماق قىلدىمىكىن ؟

— بولدى ، بەك چارچاپ قاپتىمەن ، ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئارام ئالاي ، قەمبەرخاچام تاماق قىلمىغان بولسا ، غاچچىدە بىزنىڭكىگە چىقارسىز ، زۇلخۇمارمۇ قاراپ ئولتۇرمىغاندۇ .

بۈگۈن شەنبە . ھاۋانىڭ ئەلپازى بىرئاز يامان ئىدى . ئۈزۈن يىل ساقلانغان سۈرەتتەك ئۆڭۈپ كەتكەن ئاسماندا قارا بۇلۇتلار ئىبسىلىپ تۇراتتى . ئەتراپتىن يىغىنلاپ قالغان قىش مەۋسۇمىنىڭ شەپىسى كېلەتتى . سوغۇق شامال ئادەمنىڭ يۈزىگە ھۆل چۆۋقتەك تېگەتتى .

سۇلايمان قاسىم ئۆيدىن چىقىپ ، تاكسىغا ئولتۇرۇپ دەريا بويىغا كەلدى ۋە رىسالەت بىلــەن بىلــلە ئولتۇرغان ھېلــقى قورام تاشنى ئىــزدەپ تاپتى . بۇ يەردىن سۈيى تارتــىلــىپ كەت-كەن ، قۇم - شېغىللار چىچىلىپ ياتقان دەريانىڭ قىنىنى كۆرگىلى بولاتتى . سۇسىز ئېقىن ئادەمگە ئادەم ئايىغى تەگمىگەن جاڭگالنى ئەسلىتەتتى . نېمىشقىكىن بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى . ئادەمنىڭ ئۆمرىمۇ ئاشۇ دەريا سۈيىدەك نەلەر-گىدۇر ئېقىپ تۈگەيدۇ . ئادەمگە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قالىدىغىنى پەقەتلا ئېقىننىڭ قۇپقۇرۇق ئىزى . ئادەم ئۇ يەرگە قاراپ ، ھاياتىدا سەلدەك ئۆركەش ياساپ ئاققان چاغلىرىنىڭ بولغانلىقىنى ئارمان بىلەن ئەسكە ئالىدۇ . نۇرغۇن ئۆكۈنۈشلۈك سەرگۈزەشتىلەر ئادەم-نىڭ يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىسىدۇ . ئېرىشكىنى ۋە قولدىن بېرىپ قويغىنى ئۈچۈن پەريادلار چېكىدۇ . خوش ، قاسىم بارات ، ئاتاۋۇللا بەردىدەك ئادەملەرمۇ ئۆز ھاياتى ، باشقىلارغا قىلغان - ئەتكەنلىرى ھەققىدە ئويلىنىپ باقامدىغاندۇ ؟ ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئۆكۈنىدىغان يەرلىرى بارمىدۇ ؟ بەلكىم قەلبىدىن ئىزگۈلۈك كۆتۈرۈلۈپ كەت-كەن ئادەملەرنىڭ بۇلارنى ئويلاپ يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر . خەيرىيەت ، ئاشۇنداق ئادەملەر نەپەسلىنىپ ئۆتكەن زېمىندا سۇلاي-مان قاسىممۇ ھايات يۈرۈپتۇ .

ئۇ تاشتا ئولتۇرۇپ ئۆتمۈش ئەستىلىكلىرى بىلەن بىردەم سىرداشتى . ئاندىن بىر تال تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن ، يانچۇقىدىن نەچچە ۋاراق قەغەز چىقىرىپ ، تىزىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ رىسالەتكە خەت يېزىشقا تۇتۇندى .

«رىسالەت ، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز ؟ ئوقۇش ئەھۋالىڭىز قان-

داقراق؟ قىش يېقىنلاپ، سوغۇق بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ. قىشنىڭ غېمىنى ئوبدانراق قىلىۋالغانسىز؟ تۇرمۇشتا قىسىلىپ قالسىڭىز ماڭا خەۋەر قىلىڭ، چامىمنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىمەن.

بىزدىن ئەھۋال سورىسىڭىز، ھەممەيلەن ئوبدان تۇردۇق. ھوشۇركام، قەمبەرخان ئاچامۇ ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ. ئەتىسى - ئاخشىمى بىر يەرگە كەلسەك، سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىشىمىز. بەلكىم شۇنداق چاغلاردا قۇلىقىڭىز قىزىپ كېتىدىغاندۇ. ئىككى ئائىلىدە سىزنىڭ پاركىڭىزنى قىلىش ئەڭ كۆڭۈللۈك سۆھبەت ھېسابلىنىدۇ. خالىقجان بىلەن قۇددۇسجانمۇ سىزنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي يۈرىدۇ. قۇددۇس ئەمدى سىزنى ئالىمەن دېمەيدىغان بولدى. چۈنكى، ئۇمۇ چوڭ بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ؟

خوش، ئەسلىي گەپكە كەلسەك، سىزنىڭ تۇنجى پارچە خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىمغىمۇ بىر - ئىككى ئاي بولۇپ قالدى. ئەسلىدە سىزگە ۋاقتىدا جاۋاب خەت يېزىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما، نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلاپ، بۇ خەتنى قانداق يېزىشنى بىلەلمىدىم. مېنىڭ شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە نېمە ئويلاۋاتقىنىم بەلكىم سىزگە ئايدىڭ.

رىسالەت، مەن دېگەن قىرىق ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان ئادەم. ھەرھالدا بەختلىك ئائىلەم، بىر - بىرىدىن ئوماق ئىككى بالام بار. مەن ناۋادا ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ قويسام تەقدىر مېنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدۇ، مېنىڭ يەنە بىر قېتىم بۇنداق قىسمەتكە قالغۇم يوق. مېنىڭ تۇرمۇشتا تارتقان سورۇقچىلىقلىرىم سىزگە سىر ئەمەس. تەقدىرىمنىڭ بەكمۇ كاجلىقى، پېشانەمنىڭ تەتۈرلۈكى مېنى مۇشۇنداق يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەن. شۇڭا، سىزنىڭ خېتىڭىزمۇ مېنى نۇرغۇن ئويلىنىشلارغا مۇپتىلا قىلدى.

رىسالەت، سىزنىڭ چىن كۆڭلىڭىزدىن ماڭا ئورۇن بەرگىنىڭىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. بۇ بەلكىم مەن خەيرىنىسانىڭ مۇھەببى-

تىندىن كېيىن ئېرىشكەن ھەقىقىي مۇھەببەت بولۇشى مۇمكىن . مەن ئۆزۈمدىن پەخىرلەندىم . سىزدىن سۆيۈندۈم . تەقدىرنىڭ بۇ ئىلتىپاتىنى سىز ئارقىلىق بەكمۇ كېچىكىپ ھەدىيە قىلغىنىدىن ئەپسۇسلاندىم . بۇنىڭ سەۋەبى بەلكىم سىزگە ئايان .

مەن شۇ تۇرقىدا دەريا بويىدا ، ئىككىمىز يانمۇيان ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقان ھېلىقى قورام تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن . نېمىشقىكىن قەلەم تۇتقان قوللىرىم تىترەپ ، خېتىم سەترەك يېزىلىپ قېلىۋاتىدۇ . ئەپۇ قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن !

خېتىمنى كۆرۈپ بەكلا ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ ئىچىم ئاچچىق بولۇۋاتىدۇ . بىراق مەندىمۇ ئامال يوق . مېنى توغرا چۈشىنىڭ .

سىز بىلىسىز ، بىز مۇئەييەن بىر جەمئىيەت رامكىسى ئىچىدە ياشايمىز . ئەتراپىمىزدا بىزنى يوشۇرۇن نازارەت قىلىدىغان نۇرغۇن كۆزلەر ، بىز ئاتلاپ ئۆتۈشكە مۇمكىن بولمايدىغان نۇرغۇن چوڭقۇر ھاڭلار بار . بىزنى كۆڭۈل خاھىشىمىز بويىچە ئىش قىلىشتىن چەكلەپ تۇرىدىغان ئەخلاق مىزانلىرىمىز بار . ئائىلىنىڭ ئائىلە ئەخلاقى ، قوشنىلارنىڭ قوشنىدارچىلىق ئەخلاقى ، جەمئىيەتنىڭ جەمئىيەت ئەخلاقى بار . بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنى نۇرغۇن ئىشلاردىن چەكلەپ تۇرىدۇ . ناۋادا بىز مۇشۇ ئەخلاقىي مىزانلاردىن چەتلەپ كەتسەك ، خۇددى ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا جەننەتتىن قوغلانغاندەك ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىمىز . بۇنىڭ سىزگىمۇ ، ماڭىمۇ پايدىسى يوق .

سىز دېگەن جەمئىيەتنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاشقا ھازىرلىنىۋاتقان ناتىۋان قىز ، ئايىغى چىقماس مۇھەببەتنىڭ كەينىگە كىرىپ كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالسىڭىز ، مەن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن . شۇنداقلا سىزنى ساختا كۆڭۈل بىلەن ئالداپ ، سىزنى ھاۋايى ھەۋەسلەر گۈلخىنىدا كۆيدۈرۈپ ، ئىستىقبالىڭىزغا ئولتۇرسام تېخىمۇ بولمايدۇ . مەن دېگەن قىلغان ئىشىمغا ئەزەلدىن مەسئۇل بولۇپ كەلگەن ئادەم . سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى قوبۇل قىلىشتا دۇچ

كېلىدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئويلاشماي بولمايدۇ.
مەسىلىنى يىراقتىن ئەمەس، يېنىمىزدىن ئىزدىگەندە، مەن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزنى قوبۇل قىلسام، ئەڭ ئېغىر كېلىدىغىنى يەنىلا ھوشۇركام بىلەن قەمبەرخان ئاچام بولىدۇ. چۈنكى، بىز دېگەن تۈز يېپىشكىنلى نەچچە ئون يىل بولغان يېقىن قوشنىلار. ئىككى ئائىلىنىڭ مۇناسىۋىتى سىزگىمۇ ئايان. مېنىڭ ئەنە شۇنداق چوڭقۇر دوستلۇق، قوشنىدارچىلىقنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپقۇم يوق. بۇنداق قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ.
يەنە بىر جەھەتتىن، زۇلخۇمارمۇ مېنىڭ قولۇمغا كىچىك چۈشكەن، نەچچە يىلدىن بېرى ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ، خىزمىتىمنى قىلىپ، ئىككى بالامنى قاتارغا قوشۇۋاتىدۇ. مېنىڭ مۇشۇنچىلىك بىر ئائىلىگە ئېرىشمى-كىم ئاسانغا توختىمىغان، مەن بۇ ئائىلىگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. مېنى كەچۈرۈڭ!
رىسالەت، سىز توشقاننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانمۇ؟ توشقان ھەرقانچە ئاچ قالسىمۇ، ھەتتا ئاچلىقتىن ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالسىمۇ، ئۇۋىسى ئەتراپىدىكى ئوت - چۆپنى ھەرگىز يېمەيدىكەن. مېنىڭ تۇرمۇشتا ھېچبولمىسا توشقانچىلىك بولۇش ئارزۇيۇم بار. سىزنى مۇشۇ ئارزۇيۇمغا يەتكىلى قويىدۇ، دەپ ئويلايمەن.
رىسالەت، سىز مېنىڭ ئالدىمدا چوڭ بولغان قىز، مېنىڭ سىزگە ھەقىقەتەن چوڭقۇر مۇھەببىتىم بار. كىچىك ۋاقتىڭىزدا، بوغچىڭىزنى ئېسىپ، بىر تۇتام چېچىڭىزنى سىلكىتىپ مەكتەپكە مېڭىپ كەتكەن چاغلىرىڭىز ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە. مەن تاكى سىز كۆزدىن غايىب بولغۇچە كەينىڭىزدىن قاراپ قالاتتىم. مانا، ھازىرمۇ سىزنى پات - پات ئەسلەپ قالىمەن. راست گەپنى قىلى-سام، سىز ھەمىشە چۈشۈمگە كىرىپ تۇرىسىز. ئەمما، مەن سىز سۇنغان مۇھەببەتلىك كۆڭۈلنى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قوبۇل قىلالمايمەن. چۈنكى، مېنىڭ ئۆزۈمنىمۇ، سىزنىمۇ ۋەيران قىل-غۇم يوق. بىز جەمئىيەت تەرىپىدىن چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ قويۇ-

ساق بولمايدۇ . بۇنىڭ ھۆددىسىدىن ھەر ئىككىلىمىز چىقالمايمىز .
ھازىر جەمئىيەت بەكلا پەسلىشىپ كەتتى . ئاز - تولا پۇل تاپقان بايۋەچچىلەر ئىككى - ئۈچتىن خوتۇن ئېلىپ ، ھەتتا ھەپتىدە بىردىن خوتۇن يەڭگۈشلەپ ، قولى قىسقا ، تۇرمۇشتا چىقىش يولى تاپالمىغان قىزلارنى ئەخمەق قىلىپ ئوينايدىغان ئەھۋاللار كۆپىيىپ قالدى . بىر - ئىككى ئەمەس ، بەش - ئالتىدىن قىزنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈش مودىغا ئايلانماقتا . ھەتتا ئاچىسى بىلەن ئاردىلىشىپ تۇرۇپ سىڭلىسىنىڭ پېيىغا چۈشىدىغان نامەردلەرمۇ ئاردىمىزدا يوق ئەمەس . نۇرغۇن كىشىلەر شۇ ئىشتا باشقىلارنى ئەيىبلەيدۇيۇ ، ئۆزلىرى شۇ ئىشنىڭ كەينىدىن پالاقلايدۇ . باشقىلارغا تون پىچىپ ، ئۆزىگە كۇسار تىكەلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئاۋۇپ كېتىشى ئادەمنى ھەقىقەتەن ئويلاندۇرىدۇ . مۇشۇنداق ناچار ئىللەتلەر ئەۋج ئېلىۋاتقان شارائىتتا ئىككىمىزنىڭ ئاشۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كېتىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ ؟ بۇ ھەر ئىككىمىز جىددىي ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە .
رىسالەت ، سىز ئەقىللىق قىز . مەن سىزگە ئىشىنىمەن . ياخشى ئوقۇڭ ، كۆپرەك بىلىم ئىگىلەڭ . يۇرتىمىزنىڭ داۋالاش ساھەسىدە سىزنىڭ چولپاندەك پارلايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن . سىز باشقىلار بىلەن كۆپرەك پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇڭ . جەمئىيەتنى چۈشەنمىسىڭىز بولمايدۇ . ئادەم يېتەرلىك جەمئىيەت تەربىيىسى كۆرمىسە ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتە تۇتىدىغان ئالىدىغان ۋەزىپىسىنى چۈشەنمىسە ، كەلگۈسىدە ئۇنىڭ بىرەر يول تېپىپ ماڭمىقىمۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ . مەن سىزنىڭ چوقۇم يول تاپالايدىغانلىقىڭىزغا ۋە بەختلىك بولىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن . ياخشى ئوقۇڭ ، بۇ مېنىڭ سىزدىن كۈتىدىغان ئەڭ ئالىي تىلىكىم . سىزگە كۆڭۈل بېرەلمەيمەن ، سىزنى ئالداشنى خالىمايمەن . چۈنكى ، مەن بۇ ئىشق - مۇھەببەت كوچىسىدا پالاقلاپ يۈرۈيدىغان ياشتىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن . مېنى ئەپۇ قىلىڭ .
خەير - خوش ، ئۆزىڭىزگە پۇختا بولۇڭ ، رىسالەت .

سىزنى ھەر ۋاقىت سېغىنىپ تۇرغۇچى سۇلايمان ئاكىڭىز-
دىن »

ئۇ خەتنى يېزىپ بولغاندا، ئۇستىدىن بىر تاغ سىيرىلىپ چۈشكەندەك يېنىكلەپ قالدى. رىسالەتنىڭ خەتنى ئوقۇسا، قاتتىق ئازابلىنىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئەمما، ئۇنىڭ مۇ-شۇنداق قىلىشتىن باشقا تاللاش يولى يوق ئىدى.

سۇلايمان قاسىم خەتنى چىرايلىق قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى. ئەتراپ يەنىلا بىر خىل خۇنۇك رەسىمدەك تاتىرىپ تۇراتتى. سۇ-سىز دەريا ئىچىدە قاشتېشى ئىزدەيدىغانلار ئۈمىلىشىپ يۈرەتتى. قاياقتىندۇر سوقۇپ تۇرغان سوغۇق شامال دەريا بويىدىكى سۆگەت-لەرنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان يالىڭاچ شاخلىرىنى ھەريان ئىرغاڭلىتات-تى. ھەممە يەر بىر خىل غېرىبلىق ئىچىدە ھۇۋۇلداپ قالغانىدى. ئۇ بىر تال تاماكا چېقىرىپ ئوت ياقتى ۋە ئۇنى كۈچەپ شورىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى. كۆن ئاللىقاچان غەربكە باش قويغانىدى. پوچتى-خانىدىكىلەر ئىشتىن چۈشۈپ بولغۇچە بۇ خەتنى سېلىۋېتىشى كې-رەك ئىدى. ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى.

42

رىسالەت تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن خەت ئاخىر يېتىپ كەل-دى. ئۇ سىنىپ باشلىقى بىر كونۋېرتنى ئەمەس، پۈتۈن دۇنيانى بەرگەندەك خۇشاللىقتا چۆمدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا گۈللەر بىردىنلا پورەك ئېچىپ كەتكەندەك، قۇشلار چاڭىلداپ ناخشا ئېيتىۋاتقان-دەك، شاماللار ئىسقىرتىپ، تەبىئەت قايتىدىن باھار پەسلىگە قاي-تىپ، ئەتراپ يېشىل لىباس كىيگەندەك بىر خىل يېقىملىق سېزىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ سىنىپ ئىچىدە ئۇسسۇل ئويناشتىن، ناخشا ئوقۇشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ قالغانىدى.

ئۇ خەتنى باغرىغا باسقىنىچە سىنىپتىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى ۋە كۇتۇپخانىغا كەلدى. ئۇ ھەمىشە ماتېرىيال كۆرىدىغان

ھېلىقى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە كونۋېرتنى ئاۋايلاپ ئاچتى . ئىچىدىن چىرايلىق قاتلانغان بىر نەچچە بەتلىك خەت چىقتى . ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ بۇ خەتنى يېزىپ بولۇپ ، چىرايلىق قاتلاۋاتقان سىياقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ۋە پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ ، خەتنى ئالدىراش ئوقۇشقا باشلىدى ...

— ئاھ ، رەھىمسىز پەلەك . ئاھ ، رەھىمسىز تەقدىر ...

ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولغاندا ، ئەنە شۇنداق پەرياد چەكتى . سۇلاي-مان قاسىمنىڭ بۇ خېتىدە ئۇ تەشنا بولغان نەرسىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . خەت پۈتۈنلەي پەندى - نەسىھەت تۈسىدە يېزىلغان بولۇپ ، گۈلدۈرى بار ، يامغۇرى يوق ئىدى . شۇڭا ، بۇ خەت ئۇنىڭ قەلبىگە تۇتاشقان ھىجران ئوتىنى ئۆچۈرەلمەيتتى . ئەكسىچە ، ئوتنى تېخى-مۇ ئۇلغايتىۋەتكەنىدى . رىسالەت بۇ خەتتىكى نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلالمايتتى . ئۇنىڭغا كېرىكى قەلبىدە تۇنجى قوزغالغان مۇھەببە-تىگە بېرىلىدىغان ھەقىقىي جاۋاب ئىدى . بۇنداق ياخشى كۆرۈشنىڭ جەمئىيەت ئالدىدا ئەيىبلىنىدىغانلىقىنى ، كىشى-لەرنىڭ سۆز - چۆچەككە قالىدىغانلىقىنى ئۇ ئويلىمىدى ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭغا قارىتا يېتەرلىك تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى . بۇ-گۈنكىدەك ئىچىدىن يىرىگداپ ، بۇزۇلۇپ ، تۈگىشىپ كېتىۋاتقان جەمئىيەتكە نىسبەتەن بىرسىنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈشنى ئەيىب ئالغىلى بولامتىمۇ ؟ ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈرەكسىزلىكى-دىن ، بوشاڭلىقىدىن ئاغرىندى . خەتنى كۆڭۈلسىز بىر رەۋىشتە مىجىقلىغىنىچە كۈتۈپخانىدىن چىقتى . ئۇنىڭ قەلبى قانداقتۇر بىر ئىچكى ئازابتىن سىقىلىشقا باشلىغانىدى . ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى-دىكى گۈزەللىكلەر تامام يوقاپ ، ئەتراپ بەترەڭگە كىرىپ قالغان-دەك بىلىندى . قۇلاق تۈۋىدىكى قۇشلارنىڭ نەغمىسىمۇ يوقالغان ، تەبىئەت يېشىل لىباسىنى بىراقلا سېلىپ تاشلىغاندەك ئىدى . ئۇ-نىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقتى ۋە كىرپىكلىرىدە مەرۋايىت مارجاندەك ئېسىلىپ قالدى . ئۇنىڭ روھى تېنىدىن بىراقلا چىقىپ كەتكەندەك ئىدى .

ئۇنىڭ سىنىپقا كىرگۈسى كەلمىدى . تەگسىز خىياللارغا غەرق بولغىنىچە ياتاققا قايتىپ كەلدى ۋە ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلى‐دى . تورۇسقا تىكىلىپ يېتىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى . ئۇ كىمدۇر بىرى ئۆزىنى كەمسىتىپ ، خورلىغاندەك بىر تۇيغۇ ئىچىدە قالغان‐دى . سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىغا ئىشەن‐مەيتتى . ئارىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان شۇنداق چوڭقۇر ھاڭ بار دېيىلگەندىمۇ ، بۇ كەمدە قىلغىلى بولمايدىغان نېمە ئىش بولسۇن ؟ ئىنسانلار ئاي شارىغا چىقتىغۇ ؟ دوختۇرلار باشقىلارنىڭ يۈرىكىنى باشقىلارنىڭ تېنىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك كۆچۈردىغۇ ؟ ئىرادە بولسا قىلغىلى بولمايدىغان نېمە ئىش بار جاھاندا ؟ بۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ بىر باھانىسىمۇ ؟ ئەلۋەتتە ، بۇ ئىش دەسلىپىدە ھەممەيلەننىڭ ، جۈملىدىن ئاتا ‐ ئانىسىنىڭ ، زۇلخۇمارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىشى مۇمكىن . لېكىن ، ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۆيىنى قۇشنىڭ چاڭ‐گىسىنى چۇۋۇغاندەك بۇزۇۋېتىمەن دېمىدىغۇ ؟ بىر قىز چىن كۆڭ‐لىدىن بىر ئادەمنى ياخشى كۆرسە ۋە ئۆز ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرماستىن ئۇنىڭغا ئاشكارىلىسا نېمە بولىدۇ ؟ مانا ، نۇرگۈل ، گۈلباھارلار سىرتلاردا قونۇپ ، ئۇنىڭ ‐ بۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ ، تۇرمۇش بۇ ياشتىكى قىزلارغا بەخش ئېتىدىغان لەززەتلەر‐دىن مەست بولۇپ يۈرمەمدۇ ؟ بۇنى قېنى كىم ئەيىبلەپ باقتى ؟

ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ يۈرىكى ئاچچىققا تولاتتى . رىسالەت ئاۋا‐زىنى چىقىرىپ تۇرۇپ سۇلايمان قاسىمنى بىرمۇنچە تىللىدى :

— ھۇ توخۇ يۈرەك ، مۇھەببەت دېگەننى چۈشەنمەيدىغان قورام تاش ، ئۆزىگە يول تېپىشنى بىلمىگەن قاپاق كاللا ...

كەچ كىردى . مۇزاكىرىدىن قايتقان قىزلارنىڭ ۋاراڭ ‐ چۇ‐رۇڭلىرى كارىدورنى بىر ئالدى . ئىشىك ئېچىلىپ ، ياتاققا رەشىدە بىلەن گۈلباھار كىرىپ كەلدى . ئۇلار كارىۋاتتا ياتقان رىسالەتنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن بىر ‐ بىرىگە قاراپ قويۇشتى .

— نېمە بولدۇڭ ؟ — دېدى رەشىدە ئۇنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كېلىپ ، — مىجەزىڭ يوق ئوخشىمامدۇ ؟ ھوي يىغلاپسەنغۇ ؟

بىرسى بوزەك قىلمىغاندۇ؟
گۈلباھارمۇ ئۇنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كەلدى ۋە قولىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە قويدى.
— ناھايىتى نورمالغۇ؟ قىزىماپسەن، باشقا بىر يېرىڭ ئاغرى-ۋاتامدۇ يا؟ دوختۇرغا ئاپىرايلىمۇ بولمىسا؟
رىسالەت بېشىنى ئاستا چايقىدى. ئۇنىڭ ياتاقداشلىرىغا بىر نەرسە دېگۈسىمۇ كەلمەيتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە تام تەرەپكە قاراپ يېتىۋالدى. ئىككى قىز بۇنىڭدىن بەكلا ھەيران قېلىشتى.
ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. رىسالەتنىڭ كەيپى بەكلا ناچار ئىدى. ئۇ گەرچە دەرسلەرگە بېرىلىپ تۇرسىمۇ، كال-لىسىغا ھېچ نەرسە چۈشمەيتتى. سورالغان سوئاللارغىمۇ تاققا-تۇققا جاۋاب بېرەتتى. ئۇنىڭدا تۇيۇقسىز كۆرۈلگەن بۇ نورمالسىز-لىقتىن ھەممەيلەن ئەجەبلەنمەكتە ئىدى.
بىر كۈنى نىياسەم خانىم ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى ۋە مۇلايىملىق بىلەن رىسالەتنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى.
— دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئاڭلىسام، كەيپىياتىڭىز بەك تۆۋەنمىشقۇ؟ — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — نېمە بولدىڭىز؟ ئىدىيىڭىزدىن ئۆتمەيۋاتقان بىرەر ئىش بارمۇ، قىزىم؟
رىسالەت خىجالەت ئارىلاش بېشىنى چايقىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.
— بۇ ياشتىكى قىزلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا بەزىبىر ئۆزگى-رىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن، — دېدى نىياسەم خا-نىم دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قويۇپ، — بۇنداق ئىش ئەينى چاغدا مېنىڭمۇ بېشىمدىن ئۆتكەن. لېكىن، ئايىغى چىقمايدىغان خىيالغا بېرىلىش سىزدەك ئىستىقبال بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغان قىزلارغا ياراشمايدۇ. سىز بىلىسىز، مېنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن فاكۇلتېتتى-كىلەرنىڭ ئۈمىدى سىزدە. شۇنداق ئىكەن، موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىقىچە دېگەندەك ئىش قىلسىڭىز بولمايدۇ. بەزىبىر ئىشلار-نى ھەددىدىن زىيادە ئىچىمىزگە ئېلىۋالساق، ئۇنى ئۆزىمىزگە يۈك

قىلىۋالساق بولمايدۇ. ھازىر دېگەن داۋالاشقا ئائىت ئاساسىي بىلىملەر ئۆگىتىلىۋاتقان ئەڭ مۇھىم ۋاقىت. مۇشۇ چاغدا ئۆگەنگىنىڭىز سىزگە بىر ئۆمۈر ئەسقاتىدۇ. شۇڭا، دىققىتىڭىزنى دەرسكە مەركەزلەشتۈرمىسىڭىز بولمايدۇ. دېگەنلىرىم چۈشىنىشلىك بولدىمۇ؟

رىسالەت بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى گۈرۈلدەپ تۇرغان ئوت ئىچىدە قالغانىدى.

— ناۋادا مۇھەببەتتىن ئازار يېگەن بولسىڭىز، ئۇنى كاللىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ. ئالىي مەكتەپتە مۇھەببەتلەشكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى توي قىلالمايدۇ. سىزگە نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بەرگەن سۆيگىنىڭىز جەمئىيەتكە چىقسىلا، ئۇ يەردىكى رەڭگارەڭ تۇرمۇشتىن كۆزلىرى قامىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. بۇ مېنىڭ بېشىمدىنمۇ ئۆتكەن. شۇڭا، سىز ئۇنچىۋالا ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتمەڭ. ئەڭ ياخشىسى، سىز بۇرۇنقىدەكلا ئۆگىنىشكە بېرىلىڭ. باشقا ئىشلارنى خىيالىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ. مېنىڭ ۋە ئۇستازلىرىڭىزنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويسىڭىز بولمايدۇ.

— ئۇنداق ئىش يوق، مۇئەللىم، — دېدى رىسالەت ياشقا تولغان كۆزلىرىنى نىياسەم خانىمدىن قاچۇرغىنىچە، — نەچچە كۈندىن بېرى پەقەتلا مىجەزىم يوق، ئىلەڭ - سىلەڭ يۈرگەچكە، دەرسلەرگە دىققىتىمنى تازا مەركەزلەشتۈرەلمىدىم. مانا ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم. خاتىرجەم بولۇڭ، مەن باشتا قانداق قىلغان بولسام، ئاخىرىغىچە شۇنداق قىلىمەن. ئۈمىدىڭىزنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن.

شۇ كۈندىن باشلاپ رىسالەت بېشىنى سىلكىۋەتتى ۋە ئەسلىدىكى ئۆزىنى تېپىۋېلىشقا تىرىشتى. قايتىدىن روھلىنىپ، دەرسلەرنى يەنە تىرىشىپ ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئوقۇشتىن باشقا ئىشلارغا ئۆزۈمنى ئۇرمايمەن دەپ ئۆزىگە ۋەدە بەردى. لېكىن، بۇ ۋەدىسىنى قانچىلىك ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ قاراڭغۇ ئىدى. چۈنكى، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان دەرەخنى بىر پالتا

بىلەنلا كۆزدىن نېرى قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ يەنىلا سۇلايمان قاسىمنى سېغىناتتى، ئۇنى ئۇنتۇپ كەتسەم دېگەنسېرى خىيالىغا كىرىۋالاتتى. بولۇپمۇ كەچلىرى ئۇخلاش ئۈچۈن يوتقانغا كىرگەندە، سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزلىرى ياتاقنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدىن ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنتۇلماس ئەسلىمە، تۈگىمەس خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالاتتى. سۈيى شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان دەريا ساھىلى، يوغان قورام تاش، سۇلايمان قاسىمنىڭ تاماكا ھىدى قوشۇلۇپ كەتكەن تىنىقلىرى، ئالۋۇنلىرى چىمىلداپ تۇرغان جاڭگال، يۇلغۇن سايە تاشلاپ تۇرغان قۇم دۆڭلىرى، شۇنچە ئىسسىققا قارىماي يۇلغۇنلار ئارىسىدا پىچىرلىشىپ ئولتۇرغان سۇلايمان قاسىم بىلەن جەيرىنىسا، ئېرىنگە ئەركىلەپ يۈرگەن زۇلخۇمار ... ھەممە كۆرۈنۈشلەر كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى كۆرۈنۈشلىرىدەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىرمۇبىر ئۆتەتتى. ئۇ ئۇيقۇسى قاچقان چاغلىرىدا چاماداننى تىنۇش چىقارماستىن ئېچىپ، ئالبۇمنى قولىغا ئالاتتى ۋە سۇلايمان قاسىم بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەتنى كۆزلىرىگە سۈرتەتتى. سۈرەتتىكى سەل كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سۇلايمان قاسىم بىلەن خىيالەن مۇڭدىشاتتى. ئۇنىڭدىن شۇنچە ئاغرىناتتى ۋە يەنە قەلبىدە تىزىپ كېلىۋاتقان يۈرەك سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا بىرمۇبىر سۆزلەپ چىقاتتى. ئۇ سۇلايمان قاسىمدىن ئاسانلىقچە ۋاز كېچەلمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى.

رىسالەت سۇلايمان قاسىمغا قېيداپ يۈرۈپ ئون نەچچە كۈننى ئاران ئۆتكۈزەلىدى. ئۇ ئەمدى خەت يازمايمەن دەپ ئۆزىگە شۇنچە ۋەدە بەرسىمۇ، يەنە كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۇنىڭغا ئاتاپ خەت يازغۇسى كېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سۇلايمان قاسىمغا خەت يۈزىدە دېيدىغانلىرى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۈگۈن يەنە سىنىپقا كەلدى. دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، ساۋاقداشلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانغا ۋاقتى يەتمەيتتى. پار بىلەن ئىسسىتىلغان يوغان بىر سىنىپ ئۇنىڭغا ئوگچە قالغانىدى. رىسالەت قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە

ئۇياق ـ بۇياقتا مېڭىپ ، سۇلايمان قاسىمغا ئەمدى نېمە دەپ خەت يېزىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئويغا پاتتى . ئۇنىڭ رىتىملىق تاشلانغان قەدىمىدىن تاراكلىغان ئاۋاز چىقىپ ، سىنىپنىڭ سۈكۈتىنى بۇزۇپ تۇراتتى .

ئۇ ئاخىر بىر قارارغا كەلگەندەك بولۇپ ، ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى ۋە كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى تېز ـ تېز يېزىشقا باشلىدى .

«قەدىرلىك سۇلايمان ، قانداق ئەھۋالىڭىز ؟ تېنىڭىز سالامەت-مۇ ؟ تۇرمۇشىڭىز بەختلىك ، خىزمىتىڭىز كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتام-دۇ ؟ مەن ھەممە ئىشلىرىڭىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىنى يارات-قان ئىگەمدىن تىلەيمەن .

پەمىچە ، سىزنىڭ مەندىن ئەھۋال سورىغۇڭىز يوق . چۈنكى ، مەن سىزگە باش ئاغرىقى تېپىپ بەردىم ، ئارامىڭىزنى بۇزۇپ قويدۇم . ئېھتىمال سىز مەندەك ‹شاللاق› قىزدىن نومۇس قىلد-ۋاتقانسىز ، نەپرەتلىنىۋاتقانسىز . چۈنكى ، مەن پەردىشەپنى قايرىپ قويۇپ ، يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ سىزگە ئۆز كۆڭلۈمنى بىلدۈردۈم ئەمەسمۇ ؟

سىز خېتىڭىزدە بىر مۇھەببەتلەشسەك جەمئىيەت كۆتۈرمەي-دۇ ، دەپسىز . شۇنداقلا مېنىڭ جەمئىيەتنى چۈشىنىشىم كېرەكلىد-كىنى قايتا ـ قايتا ئەسكەرتىپسىز . ئېيتىڭا ، سىزمۇ گۈلچىمەنگە خەت يازغاندا ، يۇلغۇنلار سايە تاشلاپ تۇرغان قۇم دۆڭلىرى ئارىسىد-دا ئولتۇرۇپ خەيرىنىسا ھەددەمگە مۇھەببەت ئىزھار قىلغاندا ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت تەرىپىدىن بېسىمغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئويلاپ باققانمۇ ؟ مېنىڭچە ، سىز مېنى يەنىلا كىچىك بالا چاغلايدىكەنسىز . بىلىپ قويۇڭ ، مەن دىگەن چوڭ شەھەر ـــ ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋاتقان ستودېنت ، جەمئىيەتنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقىدىن ئوبدان خەۋىرىم بار . بىر قىزنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى ئەيىبلەيدىغان ئۇنداق جەمئى-يەتنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىمەن . سىز بۇنىڭغا ئىشىنەمسىز ؟

بىزنىڭ سىنىپتىمۇ يۈزى ئېچىلىپ كەتكەنلەردىن بىرنەچچە-سى بار . ئۇلار ھەپتىسىگە بىرنەچچىدىن يىگىت ئالماشتۇرۇپ ،

ھەتتا قىرىپ پىنسىيە يېشىغا يېتىپ قالغان جەمئىيەت چوڭلىرى-نىڭ پۇلىنى خەجلەپ يۈرۈۋاتىدۇ . بۇنداق دېسەم ، رىسالەتنىڭمۇ كۆزى قىزىرىپ ، مېنىڭ پۇلۇمنى خەجلەشنىڭ كويىغا كىرگەن ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ قالماڭ . ئاشۇ قىزلارغا قارىغاندا ، مەن سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنى دۇنيادىكى ئەڭ پاك مۇھەببەت دەپ قارايمەن .

سىز خېتىڭىزدە يەنە ئۆزىڭىزنىڭ مۇھەببەت قايىنىمىغا كىرىپ قېلىش باسقۇچىدىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنلىكىڭىزنى ، شۇنداقلا ئائىلىڭىزنىڭ ، بالىلىرىڭىزنىڭ بارلىقىنى يېزىپسىز . مەن بۇنى بىلمەمدىمەن ؟ راستىنى دېسەم ، كۆڭلۈمگە مۇشۇ سەۋدانىڭ كىرىپ قالغىنىغا ئۆزۈممۇ ھەيران . بىراق ، ئوت چۈشكەن ئىكەن ، ئۇ ھامىنى كۆيىدۇ . ئەخلەت - چاۋاغا ياكى پىچان - سامانغا ئوت كەتسە ئۆچۈرۈۋالماق ئوڭاي بولغان بىلەن ، كۆڭۈلگە چۈشكەن ئوتنى ئۆچۈرۈۋالماق ئۇنچە ئاسان ئەمەس . مېنىڭ سىزنىڭ ئائىلە-ڭىزنى بۇزغۇم يوق . لېكىن ، سىزدىن كېچەلمەيمەن . شۇڭا ، ماڭا يېشىڭىزنىڭ چوڭلۇقىنى پەش قىلماڭ ، ئايالىم ، بالام بار دېگەن گەپلەرنى قىلغۇچى بولماڭ . سىز مېنىڭ تۇنجى سۆيگۈنۈم . سىز مەن ئۈچۈن ھەممە ئادەمدىن قەدىرلىك ، ھەممە ئادەمدىن ياش ۋە ھەممە ئادەمدىن چىرايلىقسىز ! سىز پەقەت قەلبىڭىزنىڭ بىر بۆ-جىكىدىن مەندەك مىسكىن قىزغا كىچىككىنە پاناھگاھ بەرسىڭىزلا بولدى . مەن شۇنىڭغا قانائەت قىلىمەن . ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەلىپىم-مۇ يوق !

يېڭىدىن تىكىلگەن كۆچەتمۇ چىۋەر باغۋەننىڭ قولىغا چۈش-سە ، ئاسانلا ئايىنىپ ، كۆكلەپ مېۋىگە كىرىدىكەن . مەن ئۆزۈمنى سىزدەك تۇرمۇش ئوچاقلىرىدا پىشىپ تاۋلانغان باغۋەنگە تاپشۇرماق-چىمەن . كۆڭلۈمنى قايتۇرمىغايسىز .

سۇلايمان ، ئاشۇ خېتىڭىزنى كۆرۈپ قانچىلىك ئازابلانغىنىم-نى بىلەمسىز ؟ دەرد - ھەسرەت ئىلكىدە ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ ، نەچچە كۈن ئەس - ھوشۇمنى يوقاتتىم . راستىنى

دېسەم ، سىزدىن ئايرىلىپ قالسام ياشىيالمىغۇدەكمەن . ئوقۇتقۇچۇمۇ مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ ئايرىم سۆزلەشتى . مېنىڭ بۇنچە چۈشكۈنلىشىپ كېتىشىمنىڭ سەۋەبىنى سورىدى . مەن ئۇنىڭغا نېمە دەيمەن ؟ نېمە دېيەلەيمەن ؟ شۇنىڭ بىلەن سىزگە قېيىداپ بىرنەچچە ھەپتىنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم . بىراق ، يەنىلا مۇھەببىتىم غالىب كېلىپ ، بۇ خەتنى يېزىپ ئولتۇرماقتىمەن . ناۋادا سىز مۇھەببىتىمنى رەت قىلسىڭىز ، ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇشۇمۇ مۇمكىن ئەمەستەك قىلىدۇ . مەن ئىرادىسىز قىز ئىكەنمەن ، مۇھەببەتتىكى ھەرقانداق زەربىگە بەرداشلىق بېرىشىم مۇمكىن ئەمەس ئوخشايدۇ . سىزمۇ مېنى چۈشىنىڭ .

سوغۇق شامال كېزىپ تۇرغان قەلبىمگە سىزدىن باشقا ئادەمنى باشلىيالمايمەن . پەقەت سىزلا قەلبىمگە ئىللىقلىق بەخش ئېتەلەيسىز . سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىم بار ئىدى ، بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە ، ئۇلارنى يوقىتىپ قويدۇم . بىراق ، سىزنى مەڭگۈ يوقىتىپ قويمايمەن . بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىڭ ! ئوقۇشۇم تۈگىگەندىن كېيىن ، ئائىلەمدىكىلەرنى قايىل قىلالىسام ، سىز ئۈچۈن مەڭگۈ توي قىلمايمەن . ماڭا باشقىلارنىڭ ساختا تەبەسسۇمى ، مال - دۇنياسى ، يۈز - ئابرۇيى كېرەك ئەمەس . ناۋادا سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشەلمىسەم ، سىزگە بولغان پاك سۆيگۈمنى ئۆزۈمگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ قىلىپ ، يەككە - يېگانە ئۆتۈپ كەتكۈم بار . بۇ مېنىڭ خۇدانىڭ نامى بىلەن قىلغان قەسىمىم !

مەن «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» فىلىمىدىكى رۇخسارىنىڭ :

دۇنيادا ھەممە نەرسە تۈگەيدۇ قۇرۇپ ،
پاك مۇھەببەت قالىدۇ مەڭگۈلۈك بولۇپ .

دېگەن ناخشىسىنى بەكمۇ ياقتۇرىمەن . بۇ ناخشا روھىمغا ئىلھام ، ۋۇجۇدۇمغا كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ ، مەن سىز بىلەن ئەنە

شۇنداق مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ياراتسام دەيمەن. ئاخىردا ئىككىمىزنىڭ روھىمۇ خەمىت بىلەن رۇخسارىنىڭكىدەك جەننەتكە راۋان بولسا، ماڭا نىسبەتەن بۇنىڭدىن ئارتۇق كاتتا شەرەپ يوق.

خېتىم بەكلا تاققا - تۇققا يېزىلىپ قالدى. سىزنى كۆڭلۈمنى چۈشىنىدۇ دەپ ئويلايمەن. خەير، خېتىڭىزگە، بولۇپمۇ ماڭا ئېنىق جاۋاب بەرگەن خېتىڭىزگە تەشنامەن.

سىزنى سۆيۈپ: ر»

رىسالەت خەتنى يېزىپ بولۇپ، قەلەمنى چىشلىگىنىچە بىر-پەس ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئازاب بۇلۇتلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان كۆڭلى تەشۋىشكە تولغانىدى. بۇ خېتىنىڭمۇ جاۋابسىز قېلىشىدىن ياكى بولمىسا ئورۇنسىز سەۋەبلەر بىلەن رەت قىلىنىشىدىن بەكلا قورقاتتى. سۇلايمان قاسىمنىڭ بۇنچىلىك قاتتىقلىق قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇ چۈشەنمەيتتى. شۇڭا، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، ئۆز - ئۆزىگە، تەشۋىشلىنىپ تۇرغان كۆڭلىگە مەدەت بەرگىنىچە سىنىپتىن چىقتى.

مەكتەپ پوچتىخانىسى دەرۋازا يېنىدىلا ئىدى. ئۇ كونۋېرتنى ماركا چاپلاپ ساندۇققا تاشلىدى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان رەشىدەنى كۆردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— نېمە بولدى؟ — سورىدى رىسالەت ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — قاپىقىڭ چۈشۈپ، كۆزلىرىڭ قىزىرىپ كېتىپتىغۇ؟ بىرسىدىن دەشنام يېمىگەنسەن؟

رەشىدە ئۈمچىيىپ، كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى.

— چوڭ ئاپام تۈگەپ كېتىپتۇ، تەتىلدە بارغىنىمدا بىر ئوبدان قالغان، ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچرىغان ئوخشايدۇ ...

رىسالەتنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى. ئۇ رەشىدەنىڭ يەلكىسىگە بوش ئۇرۇپ قويۇپ قولىدىن تۇتۇپ ئېلىپ ماڭدى.

— سەۋر قىل ئاداش، قازاغا رىزا بولمىساق، يامان بولىدۇ. بۇ ئالەمدە ئۆلمەيدىغان كىم بار دەيسەن؟ ئۆلۈم دېگەن قاش بىلەن

كىرىپكىنىڭ ئارىسىدىكى گەپ . بۇنىڭدىن ھېچقايسىمىز قېچىپ قۇتۇلالمايمىز . كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما .

ئۇلار قولتۇقلىشىپ مېڭىپ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقتى ۋە يولنىڭ قارشىسىدىكى ئاشخانىغا كىرىشتى . بۇ يەردە رىسالەت ئىلگىرى سۇلايمان قاسىم بىلەن بىللە بىرنەچچە قېتىم تاماق يېگەنىدى . ئۇ ئۆزلىرى ئولتۇرغان ھېلىقى ئورۇندۇقلارغا قارىدى ، ئۇ يەردە بۈگۈن چىرايلىق بىر قىز يىگىتى بولسا كېرەك ، پۇزۇر كىيىنگەن بىرسى بىلەن تاماق يەۋاتاتتى . قىز ئۇنىڭغا قاراپ تەبەسسۇم قىلاتتى ، يىگىت ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى قىزغا تىككىنىچە پەس ئاۋازدا سۆزلىمەكتە ئىدى . ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن بەكمۇ بەختلىك ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى .

رىسالەتنىڭ نېمىشقىدۇر كۆڭلى يېرىم بولدى . ئۇ رەشىدەنى باشلاپ ھېلىقىلارنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى . كۇتكۈچى ئىككى ئىستاكان چاي ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇلاردىن نېمە تاماق يەيدىغانلىقىنى سورىدى .

— لەڭمەن يېسەكمىكىن ، — رىسالەت شۇنداق دېگىنىچە رەشىدەگە قارىدى . ئۇمۇ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ باش لىڭشىتتى . رىسالەت قىزىق چاينى پۈۋلەپ ئىچكىنىچە سۇلايمان قاسىم بىلەن تاماق يېگەن چاغدىكى كۆرۈنۈشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . شۇ چاغدىمۇ ئۇلار لەڭمەن يېگەنىدى .

— نېمە ئويلاۋاتىسەن ؟ — سورىدى رەشىدە ئۇنىڭ خىيالغا پېتىپ ، مۇڭلىنىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ .

— ھەي ، نېمە دېسەم بولار ؟ — رىسالەت ئۇنىڭغا قاراپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى ، — بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ بولمايدىكەن ، تۇرغۇن ئادەمنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ ئۆزۈڭنى يالغۇز - يېگانە ھېس قىلىشنىڭ كۆلكىلىك ئەمەسمۇ ؟ ئىچىم بەكلا سىقىلىپ كېتىپ بارىدۇ ، رەشىدە . خۇددى ئۇسسۇزلۇقۇم مەڭگۈ قانمايدىغاندەك ، ئۆزۈمنى بەكمۇ چاڭقاق سېزىۋاتىمەن . مەن ئەزەلدىن بۇنداق بولۇپ باقمىغان . كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق ، ئۆزۈمنى ئۆگىنىشكە

زورلاپلا يۇرۇۋاتىمەن . شۇنداق قىلمىسام ، ماڭا بۇ كۈن ھارام بولىدىغاندەك قىلىدۇ .
— بىرسىدىن كۆڭلۈك قالدىمۇيا ؟ — سورىدى رەشىدە ئورۇندۇقىنى ئۇنىڭغا يېقىنراق سۈرۈپ .
— نېمە بولغىنىنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن ، بىرسىدىن ئازار يېگەن يېرىمغۇ يوق بولمىسا ...
— مەندىن يوشۇرما ، — رەشىدە ئۇنىڭغا قاراپ پەس ئاۋازدا دېدى ، — بۇ قېتىم تۇيۇقسىزلا نەچچە كۈن يېتىپ قالدىڭ ، دەرسلەردىمۇ ئىلگىرىكىدەك تىرىشچان ئەمەس ، ساڭا زادى نېمە بولدى ؟ يا ئاڭلىغان گەپلىرىم راستمۇ ؟
— نېمە دېدىڭ ؟ — رىسالەت ئالدىراپ سورىدى .
— قايسى كۈنى بىرنەچچەيلەن سەن توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋې-تىپتىكەن . ئاڭلىسام ، ئۇلار سېنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشىڭ-نىڭ سەۋەبى بارلىقىنى ، سېنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەرگە گالس-تۇك سوۋغا قىلغىنىڭنى ، ئاشۇ ئەر بىلەن سېنىڭ قانداقتۇر مۇنا-سىۋىتىڭنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى ، مانا ئەمدى شۇ ئەر سېنى تاشلى-ۋەتكەن بولسا ، مۇشۇنداق ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولۇ-شۇڭ مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلىشتى . ئۇلار سېنى مەكتەپتە ئۆزىگە ئەركەك چىۋىنىمۇ قوندۇرماي يۈرگىنى بىلەن شالتىقى سىرتتا ئىكەن ، چوقۇم ئۇنى ھېلىقى ئەر تاشلىۋەتكەن گەپ ، دېيىشتى .
رىسالەتنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى . ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئاچچىقتىن بوغۇلدى . كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلەتتى . غەزەپ-تىن غال - غال تىترەيتتى .
— بۇ گەپنىڭ كىمنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىقىنى مەن بىلدىم ، — دېدى ئۇ بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن ، — مېنىڭ بىرسىگە گالستۇك ئەۋەتكىنىم راست . ئۇ دېگەن مېنىڭ شاپائەتچىم ، يېقىن قوشنىمىز ئىدى . شۇ كۈنى مەن نۇرگۈلنى بازارغا بىللە باشلاپ بارغان ، گالستۇكنى ئۇ ئۆزى تاللاپ بەرگەن . بۇ ئىش ئىككىمىزگىلا ئايان تۇرسا ، قانداق قىلىپ باشقىلارنىڭ

ئېغىزىغا چىقىپ قالىدۇ؟ ئۇنى چوقۇم نۇرگۈل دېگەن گەپ، ھۆ پەسەندى، ئۆزىنىڭ كەينىدە شاتراق ئېقىپ يۈرسە، نىجاستىنى تازىلىماي، مېنىڭ ئۈستۈمدىن گەپ تاپقىنى قىزىق ـ دە! توختاپ تۇر، بۇ ھېسابنى ئۇنىڭدىن جەزمەن ئالماي قويمايمەن.

— بىلگەن بولساڭ مەيلى، ئەمما بۇ گەپ تۆپەيلى جېدەل تېرىساڭ بولمايدۇ. مەن گەپ توشۇغان بولۇپ قالىمەن. ئۆپكەڭنى بېسىۋال، ماڭا دەرد ئۈستىگە دەرد تېپىپ بەرمە. ھېساب ـ كىتاب قىلىشقا كېيىن چوقۇم پۇرسەت چىقىدۇ. مېنىڭ يۈزۈمنى قىل، ئاداش...

— خاتىرجەم بول، ساڭا ئاۋارىچىلىك كەلتۈرمەيمەن. لې-كىن بۇ ھېسابنى قىلمىسام، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.

— ئەمما، بۇ گەپنى قىلغان يەردە مەندىن باشقا ئادەم يوق، — دېدى رەشىدە تىترەپ تۇرۇپ، — سەن شۇنداقلا بىرنېمە دېسەڭ، بۇ گەپنى مېنىڭ توشۇغىنىم چېنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياتاقتا ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ھەرھالدا يې-قىن ئىكەنلىكىنى ھەممىسى بىلىدۇ. شۇڭا، ماڭا بىرەر ئاۋارىچى-لىك تېپىپ بەرمە، ئاداش.

رىسالەت ئۇنىڭغا قاراپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى.

تاماق كەلدى. ئۇلار گەپ ـ سۆز قىلىشماستىن، چوكىنى قولىغا ئېلىپ تاماققا تۇتۇش قىلدى.

## 43

قىش كىرىپ قالدى. ھەممە يەردىن مۇدھىش سوغۇققا تويۇن-غان ئاچچىق شامال ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. يېزىمۇ، شەھەرمۇ، ئىدارى-مۇ بىر خىل سوغۇق كەيپىيات ئىچىدە تىترەيتتى. دەرەخلەر يوپۇر-مىقى يالىڭاچلانغان، ياسىنجاننىڭ چىرايىدەك قارىيىپ تۇرغان ئاس-ماننىڭ پەيلى يامان، ئاچچىق شىۋىرغاننىڭ شەپىسى كەلمەكتە

ئىدى .

كاردوردىن ياسىنجاننىڭ بىر كىملەرگە ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى . ئۇنىڭدىن كۈندە دەشنام يەيدىغانلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى . ئىدارە ئىچى پۇۋلەۋېرىپ ھېلىلا يېرىلىپ كېتىش خەۋپى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا قالغان شارغا ئوخشاپ قالغانىدى . ھەممەيلەننىڭ تىنىقى ئېغىر ، روھى چۈشكۈن ، بېشىنى سىلىپ سالپىيىپ يۈرەتتى . ئىدارىدە خىزمەت قىزغىنلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى .

سۇلايمان قاسىم تاماكىسىنى پۈرقىرىتىپ چەككىنىچە كاردىدوردىكى ئاۋازغا قۇلاق سالدى .

— سەندەك لىگىتاسما ئادەمنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانمەن ، — دەيتتى ياسىنجان كىمگىدۇر قارا بوراندەك گۈركىرەپ ، — ئىشنى قىلار بولساڭ تۈزۈك قىل ، بولمىسا تۇغماس توخۇدەك كاتەكنى ئىگىلەپ يېتىشىڭغا رۇخسەت يوق . بۇ دېگەن ئىسلاھات دەۋرى ، ئۇچۇر دەۋرى . ئىدارىمىز يېغىر بېسىپ كەتكەن قوتۇر ئېشەكلەرنىڭ ئارام ئالىدىغان ئاپتاپخانىسى ئەمەس . ئىسلاھاتقا ماسلىشالمىغانلار ئاستا ئۆيىگە قايتىپ ، خوتۇنىنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالىغىنى تۈزۈك . مۇنداق سۆرەلمىلىك قىلىدىغان بولساڭ ، ئىشتىن بوشىتىمەن ، كوچە ـ كۆرپەڭنى كۆتۈرتۈپ كەلگەن يېرىڭگە ئاپىرىۋېتىمەن ...

سۇلايمان قاسىم تاماكىسىنى ئۈزمەي چەكمەكتە . بۇنداق قوقاقلارنى ئاڭلاۋېرىپ زەردىگۈش بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ قانداقمۇ كۆڭلىدىن چىقىرىپ بىر ئىش قىلغۇسى كەلسۇن ؟ ئىشنى جايىدا قىلغان بىلەن ئۇنى كۆرىدىغان كۆز بولمىسا ، قانچە ئىشلىگەنسېرى دەشنامغا بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە كېكىرىپ يۈرسە ، كىمنىڭمۇ قىزغىنلىق بىلەن خىزمەت قىلغۇسى كېلىدۇ ؟

ئۇ قولىدىكى تاماكا كۈيەندىسىنى ئۈستەلدىكى توشۇپ كەتكەن كۈلدانغا باستى . ئاندىن سىرتتىكى شەپىگە قۇلاق سالدى . ياسىنجان بۈگۈن ئەتىگەن ئۆيىدىن چەپ پۇتىنى بالدۇر ئېلىپ چىققان

تەلەيسىزنىڭ ئەدىپىنى بىرىپ بولدىمىكىن ، كارىدوردىكى ۋارقىر-
راش - جارقىراشلار بىسىقىپ قالغانىدى . ئۇ يىنىك تىنغىنىچە
ئۇستىلىگە كىلىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ بىر ئىشلارنى قىلىشقا پەقەتلا
قولى بارمايۋاتاتتى . سۇلايمان قاسىم ئىككى قولى بىلەن چېكىسىنى
يىنىك ئۇۋۇلاشقا باشلىدى . دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۇستىلىدىكى
تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى .
— ۋەي ...
— سۇلايمانمۇ سەن ؟ جېنىم دوستۇم ، بارمۇ سەن ؟ مېنىڭ
بېشىمغا ئېغىر كۈن كەلدى ئاداش ، ۋاقتىڭ بولسا بىر كۆرۈشكەن
بولساق ، سەندىن ئالىدىغان بەزى مەسلىھەتلەر بار ئىدى ...
تېلېفون بەرگىنى سەلىمجان ئىدى . سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۇ-
نىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىنىگە بىرەر يىلچە بولۇپ قالغانىدى . سۇلاي-
مان قاسىم ھېلىقى ئۇچرىشىشتىن كېيىن بۇ دوستىدىن قولىنى
پاكىز يۇيۇۋەتكەنىدى .
— نىمە بولدى ؟ — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۇرۇپ
تۇرۇپ ، — جاھانغا پاتماي يۈرەتتىڭ ، قايسى تاغدىن يىقىلدىڭ
ئەمدى ؟
— بۇنى تېلېفوندا بىر ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ
بولغىلى بولمايدۇ ، — دېدى سەلىمجان ھاسىراپ تۇرۇپ ، —
مېنى ئەمەت ھاجى قارا باستۇردى ، ئاداش . ۋاقتىڭ بارمۇ ؟
— مەن ھازىر جىددىي ئىشلەۋاتىمەن ، يەنە بىر سائەتتىن
كېيىن بىكار بولۇشۇم مۇمكىن .
— ھازىرلا رۇخسەت ئالالامسەن ؟ بولسا تېزرەك كۆرۈش-
سەك بولاتتى . مەن ئالدىراۋاتىمەن .
— كۆرۈشسەكمۇ مەن نىمە قىلىپ بېرەلەيمەن ؟ — دېدى
سۇلايمان قاسىم دېرىزىدىن پەسكە قاراپ قويۇپ ، — بىزنىڭ
باشلىق ئالماشقان ئاداش ، ھازىرقىسى بەكلا ئىسلاھاتچى ئىكەن ،
رۇخسەت دېگەننى ئاڭلىسا ، توت پۇتى ئۆرە قالىدۇ بىچارىنىڭ .
ھازىرچە ئىدارىدىن چىقالمايمەن .

— ئەمىسە چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا سېنى ساقلايمەن ، «دىلئا-
رام» غا كەل . هېلىقى كونا جايغا .
— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ، چۈشتە كۆرۈشەيلى .
ئۇ تۇرۇپكىنى ئاستا قويدى . ئەمەت هاجىنىڭ قۇۋلۇق چىقىپ
تۇرىدىغان خۇنۈك كۆزلىرى ، گىرۋەكلىرى مايلىشاڭغۇ بادام دوپ-
پىسى ، ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلەشتۇرىدىغان تاز چىرايى ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدا پەيدا بولدى . سۇلايمان قاسىم بۇ ئادەمنى بىر كۆرۈپلا
كۆڭلى غەش بولغان ، ئۇنىڭدىن چوقۇم بىر ئىش چىقىدىغانلىقىنى
پەملىگەن ۋە سەلىمجانغىمۇ ئۇنىڭدىن هوشيار بولۇشنى ، مۇشۇ
ئادەمنىڭ پوقىدىن تېيىلىپ كەتمەسلىكىنى ئەسكەرتكەنىدى . ما-
نا ، بولىدىغان ئىش ئاخىر بوپتۇ . هازىر بۇ ئادەم سەلىمجاننىڭ
باش ئاغرىقىغا ئايلىنىپتۇ . ئەمدى ئۇنىڭ بۇ پاتقاقتىن چىقمىقى
ھەقىقەتەن تەس بولىدۇ .
سۇلايمان قاسىمنىڭ كەيپى ئۇچۇپ ، يەنە تاماكا خۇمارى تۇت-
تى . ئۇ يانچۇقىنى سىلاشتۇردى . قولىغا قۇرۇق قاپتىن باشقا
ھېچنېمە چىقمىدى . ئۇنىڭ تاماكىسى تۈگىگەنىدى . شۇنىڭ بىلەن
ئۇ تاماكا سوراش ئۈچۈن ياندىكى ئىشخانىغا چىقتى .
— تاماكا بارمۇ ، ئۇكام ؟
— بار ، بار ، سەل ئاددىيراق ، شۇنداق بولسىمۇ چېكىپ
قويۇڭ ئەمدى ، — هىمىت ياسىن «قار لەيلىسى» ماركىلىق
تاماكىدىن بىر قاپ چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندى ، — ھەممىسىنى
ئېلىپ چىقىپ كېتىڭ ، مەن هېلى بىر ئىش بىلەن بىنادىن چۈشى-
مەن . يولدىكى بوتكىدا بۇنىڭدىن تولا گەپ .
— ھەي ، مۇشۇ كۈنلەردە بۇ بىرنېمىمۇ ئەجەب تېز تۈگەپ
كېتىۋاتىدۇ دېسە ، — سۇلايمان قاسىم تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇ-
رۇپ قاتتىق - قاتتىق شوراشقا باشلىدى ، — بايا بىزنىڭ ئىسلا-
هاتچى كىمگە كايىدى ، ئۇكام ؟
— ماڭا بولماي كىمگە بولاتتى ، — دېدى هىمىت ياسىن
پوكاندەك قىزىرىپ ، — كېچىچە بىر ئىت بىلەن ئېتىشىپ يۈرۈپ

چۈشەپتىكەنمەن ، ئەتىگەندىلا ئىت تالىۋالدى .
— سەن رەھمانى چۈش كۆردىغان ئوخشىمامسەن ؟ —
دېدى سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ ، — نىمانداق چۈ-
شۈڭ ئالدىڭغا كېلىدىغان نىمىسەن ؟ ھە دېسە ئىت - مۈشۈك
چۈشمەي ، لاتارىيىدە مۇكاپات چىقىدىغان چۈشتىنمۇ بىرنى كۆر-
گىنە ، قول ئوبدان بىر پۇل كۆرسە ، ياسىنجان دېگەننى چاتراقتىن
ئۆتكۈزەتتۇق ، ئۇكام .
ھىمىت ياسىن سوغۇق كۈلۈپ قويدى .
— سىز ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟ — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا —
ھازىر بىزنىڭ ناھىيىگە كەلتۈرۈلۈۋاتقان تاماكىنىڭ ئۈچتىن بىر
قىسمىنى مۇشۇ ئىدارىدىكىلەر چېكىپ تۈگىتىدىكەن . يېقىن-
دا تاماكا شىركىتى ئىدارە باشلىقىمىز ياسىنجاننى مۇكاپاتلايدىغان
بوپتۇ .
ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ بىرئاز تۇرۇشتى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ
كېتىشتى .
سۇلايمان قاسىم ئىشخانىسىغا قايتىپ چىقتى . ئۇ ئىدارىدىكى-
لەرنىڭ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ مۆرىمەي يۇرگىنى بىلەن ، بىر
ئىشلارنى ياپسا كەلتۈرۈشكە يەنىلا ئېپى بارلىقىنى ھېس قىلدى .
تاماكا بىر زەھەر ، لېكىن دەردىڭ كۆپىيىپ قالغاندا ، ئۇنى چەكمەي
ئامالىڭ يوق . ھازىر ھەممەيلەننىڭ ئىچى سىقىلىپ ، دەردىنى
تاماكىدىن ئالىدىغان بولۇشتى . ناھىيىگە كەلتۈرۈلگەن تاماكىنىڭ
ئۈچتىن بىرىنى مۇشۇ يەردىكىلەرنىڭ چېكىپ بولۇشى نىمىدىن
دېرەك بېرىدۇ ؟ ياسىنجان مۇكاپات تەمەسىدە بىشەملىك قىلىپ ،
ئىدارىدىكىلەرنى تاماكىنى كۆپ چېكىشكە مەجبۇرلاۋاتامدۇ يا ؟ ئۇ
مۇشۇ ھەزىلنى توقۇغان ئادەمنىڭ ئەقلىدىن بەكمۇ سۆيۈندى . مانا ،
ئۇنىڭ ئالدىدىكى كۈلدانمۇ توشۇپ كېتىپتۇ . دېمەك ، ئىدارە باش-
لىقىنى مۇكاپاتقا ئېرىشتۈرىدىغان ئاشۇ ئۇلۇغ نەتىجىدە ئۇنىڭمۇ
بىر ئۈلۈش تۆھپىسى بار . دەرد دېگۈزىدۇ ، دەرد چەكتۈرىدۇ ، دەرد
يەنە …

قىش كۈنى كۈندۈز دېگەننىڭ بەرىكىتى يوق . ھېلىلا پىلىلداپ تۇرغان قۇياش بىر دەمدىلا قارا بۇلۇتلار كەينىگە شۇڭغۇغانىدى ، يالىڭاچ شاخچىلار ئاچچىق شامالدا تەۋرىنىپ تۇراتتى . تۇرتۇلۇپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتلار شىۋىرغاننىڭ شەپىسىنى ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى . كوچىلاردا ئادەم شالاڭ ، كەينىدىن قويۇق ھور پۇرقۇپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ سىرتى لاي - پاتقاق بىلەن بۇلغانغان ، ھەممە نەرسە — كوچىلارمۇ ، ئادەملەرمۇ ، قارا بولۇت قاپلىغان ئاسمانمۇ ، گۈركىرەپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارمۇ ئۆز رەڭگىنى يوقىتىپ قويغاندەك ئىدى .

سۇلايمان قاسىم كونا ۋېلىسىپىتىنى غىچىرلىتىپ ھەيدەپ «دىلئارام» رېستوراننىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇ يەردە سوغۇقتىن شۇمشىيىپ ، تىترەك باسقان سەلىمجان ساقلاپ تۇرغانىدى . ئۇنىڭ موزايلىق ئىنەكنىڭ يېلىنىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان يۈزلىرىنى قويۇق ساقال باسقان ، ھەمىشە چاقناپ تۇرىدىغان ئوتلۇق كۆزلىرىنىڭ نۇرى قاچقان ، لەۋلىرىنى بىر قات قارا گەز باغلىغان ، تۇرقىمۇ موزىيى يامان كېلىپ قالغان ئىنەكنىڭكىدەك پېتىدىن چۈشكەنىدى . ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ سۇلايمان قاسىم ئىشىنىڭ ئۇنچىۋالا ئاددىي ئەمەسلىكىنى پەملىدى . ئۇلار كۆرۈشمىگەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سەلىمجان ئوبدانلا ئېتىدىن چۈشكەنىدى . ئۇنىڭ ئىلگىرىكى كۆرەڭ ، مەنمەنچى ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى .

— نېمە بولدۇڭ ، سەلىم ؟ — دېدى سۇلايمان قاسىم ۋېلىسىپىتىنى بىر بۇلۇڭغا تىكلەپ قويۇپ ، — ئۆتكەندە كېرىلىپ جاھانغا پاتماي قاپتىكەنسەن ، ئەمدى توخۇسىغا كېسەل تەگكەن باقمىچىدەك ئەجەب بولۇپ كېتىپسەنغۇ ؟

— ۋاي ، نېمىسىنى دەيسەن ئادىشىم ؟ — سەلىمجان كۆزلىرىگە ياش ئالدى ، — يۈر ، بۇ يەر سۆزلىششكە ئەپسىز ، ئىچكىرى كىرەيلى ، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار .

ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ يەلكىسىدىن ئىتتىرىپ ئېلىپ ماڭدى . ئۇلار رېستورانغا كىرىپ ھېلىقى ئايرىمخانىدىن ئورۇن ئې-

لىشتى . سەلىمجان كۆتكۆچى قىزغا بىرنەچچە خىل قورۇما بۇيـ-
رۇتقاندىن كېيىن ، ئىشكنى ئىچىدىن ئېتىپ قويدى .
— ئەمەت هاجى دېگەن ئادەم ئەمەس نېمىكەن ، — دېدى
ئۇ پىيالىلەرگە چاي قۇيۇۋېتىپ ، — ئۇ مېنى شۇنداق بابلىدى
ئاداش ، هازىر ئويلىسام ئاچچىقتىن ئۆتۈم يېرىلغۇدەك بولۇپ كېـ-
تىۋاتىمەن . «قاغىنىڭ كەينىگە كىرسەڭ ، يېيىشىڭ پوق» دېگەنـ-
نىڭ مەنىسىگە ئەمدى يەتتىم . هەي ، ئىككى بالام بولۇپ قاپتۇ ،
بولمىسا ئۇنى بوغۇزلىۋېتىپ كۆرگۈلۈكنى كۆرەتتىم .
— ئۆتكەندە نەسىھەت قىلسام ، بۇ ئادەمنىڭ چاپىنىنى كۆتۈ-
رۈپ ، ئۇ دېگەن مۇتلەق ئىشەنچلىك دېگەنىدىڭغۇ ؟ بۇ دۇنيادا ئىككى
خىل ئادەملەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ : بىرى ، مۇناسىۋەتشۇناسلار ،
يەنە بىرى ، هارام - هالال تۇيغۇسى بولمىغان سودىگەرلەر . ئۇ
ئەسلىدىنمۇ باشقىلارنىڭ كۆز يېشى بەدىلىگە ئىش بېجىرىپ كەلگەن
هەم مۇناسىۋەتشۇناس ، هەم سودىگەر تۇرسا ، ئۇنىڭدىن قاراپ تۇ-
رۇپ پايدا ئالالامتىڭ ؟ مەن ساڭا ئۇنىڭدىن هوشيار تۇر ، بولسا
ئۇنىڭ كەينىگە كىرمە دېگەنغۇ ؟
— ۋاي سەلىمجان ئۇكام دېسە ، مۇز قايماقتەك سۆزلىرىگە
ئىشىنىپ كېتىپتىكەنمەن . سېنىڭ دېگەنلىرىڭمۇ قۇلىقىمغا كىر-
مەپتۇ . مانا ئەمدى قانچە پۇشايمان قىلساممۇ پايدىسى يوق . ئۆز
گۆشۈمنى ئۆزۈم يەپ ئولتۇرۇپتىمەن . يېقىندىن بېرى كەلگۈسىدە
هامان بىر تارتقۇلۇقۇمنىڭ بارلىقىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغاند-
دىم . ئەمما ، بۇنچە تېز بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەل-
تۈرمىگەنىكەنمەن .
سەلىمجان ساقال بېسىپ كەتكەن ئېڭىكىنى تاتىلاپ قويدى ۋە
چوڭقۇر ئۇھ تارتتى .
— ئېيتە ، نېمە ئىش بولدى ؟ — سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ
پۇشايمان ئوتلىرى ئوقچۇپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ بىرئاز ئول-
تۇرغاندىن كېيىن سورىدى .
— مېنىڭ ئاشۇ ناكەس سولامچىنىڭ كەينىگە كىرىپ ، بىر

قانچە قىتىملىق ئەيش - ئىشرەت سورۇنلىرىغا بارغىنىمدىن سى-
نىڭمۇ خەۋىرىڭ بار ، — سەلىمجان ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا سۇندى
ۋە ئۆزىمۇ بىرنى تۇتاشتۇردى . ئۇ ئىغىز - بۇرنىدىن قويۇق ئىس
چىقارغىنىچە گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي بىرئاز ئولتۇرۇپ
قالدى ، — مەن بۇنى شۇنداقلا بىر ئويۇن بولسا كېرەك ، دەپ
ئويلاپ قاپتىمەن . ئەمەت ھاجىمۇ مېنى مېھمان قىلىش بەدىلىگە
خېلى ئىشلارنى يۇرۇشتۇرۇۋالدى . مەن ئەمدى ھېچكىم ھېچكىمگە
قەرزدار ئەمەس ، بىز بەرمىگەن ، ئالمىغان بولدۇق دەپ ئويلاپتى-
مەن . ئاشۇ ئادەمنىڭ كەينىگە كىرگەندىن بېرى مېنى پەقەتلا نەس
بېسىپ كەلدى . ھېچ ئىشىم ئىلگىرى باسمىدى . مەن چوڭلاردىن
ئادەمنىڭ ئاھى تۇتىدۇ دەپ ئاڭلىغان ، مۇشۇ نىجىس ھاجىمنىڭ
كەينىگە كىرىپ نۇرغۇن بىغۇبار قىزلارنى قاقشاتتىم . نۇرغۇن تۇل
خوتۇن ، يېتىم - يىسىرلارنىڭ كۆزىدىن ياش ئاققۇزدۇم . دەسلى-
پىدە ئىشنى ئۇ توغرىلىغاندىن كېيىن ، يامىنى بولسا ئۆزىگە دەپ
ئويلىغانىكەنمەن . شۇنىڭ بىلەن سەندەك بىر دوستۇم بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشىماي قالدى . سەنمۇ مەندىن نو-
مۇس قىلدىڭ ، يىرگەندىڭ . مەن دەسلەپتە بۇ ئىشلارنى بايقىماي ،
تېخى سەندىن رەنجىگەن يەرلىرىمۇ بار ئىدى . كېيىن قارىسام ،
مېنى ھەقىقەتەن نەس باستى . ئىدارىدىكى خىزمىتىممۇ ئالماشتۇ-
رۇۋېتىلدى . قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بولۇۋىدى ، ئەمەت
ھاجىمنىڭ مۇئامىلىسىمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىدى . ھېچقىسى يوق ،
ئىككى سوملۇق لەگمەنگە قورسىقىم تويىدىغان ئادەممەن ، ئويۇن
دېگەننى بۇرنى - قۇلىقىمدىن چىققۇچە ئوينىۋالدىم ، ئەمدى مەندە
نېمە ئارمان ، دەپ يۇرىۋەردىم . كىم بىلسۇن ، بۇ ئادەم ئىككى كۈن
ئىلگىرى مېنى يەنە ئىزدەپ كەپتۇ . ئۇ بىر تونۇشىنىڭ پېنسىيە
ئىشىنى ھەل قىلىپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى . قارىسام ئەمدىلا ئوتتۇز
سەككىز ياشقا كىرگەن ، ئون ئۈچ يىللىق خىزمەت ئىستاژىغا ئىگە
ئايال ئىكەن . ئۇنىڭ ھېچقايسى شەرتلىرى پېنسىيە ئۆلچىمىگە
توشمايدىكەن . ئەڭ مۇھىمى مەن ھازىر بۇ خىزمەتنى ئىشلىمىگەچ-

كه ، ئۇنداق قىلىش قولۇمدىن كەلمەيتتى . مەن چىرايلىق ئۆزرە سورىدىم :

— ھاجىكا ، مەن ھازىر بۇ خىزمەتتە ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۈستىدىگە بۇ تونۇشلىرىنىڭ يا يېشى ، يا خىزمەت ئىستاژى ئۆلچەمگە توغرا كەلمەيدىكەن . شۇڭا ، مېنى تەڭلىككە سالمىسىلا . ئۇنداق قىلىش ھازىر قولۇمدىن كەلمەيدۇ .

— توغرا كەلمىسە توغرىلايلى ئۇكام ، — دېدى ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ ، — ھازىر سىلىنىڭ بۇ خىزمەتتە ئەمەسلىكلىرىنى ئوبدان بىلىمەن ، ئەمما قاغا قاغىنىڭ قاياشى دېگەن گەپ بارغۇ ؟ سىلى ئىلگىرى مۇشۇ خىزمەتنى ئىشلىگەن بولغاندىكىن ، ھازىرقىسىمۇ سىلى ئېغىز ئاچسىلا رەت قىلماس . مۇشۇ ئىشقا بىر ياردەملەشسىلە .

— بۇ پەقەتلا قولۇمدىن كەلمەيدۇ . ھازىر سىياسەت شۇنداق ئېنىق ، قانۇن - تۈزۈممۇ چىڭ ، بىلىپ تۇرۇپ شاپاققا پوق ئېلىشنى ھېچكىم خالىمايدۇ ، مېنى قىستىمىسىلا ، — دېدىم مەن .

— ئەمىسە مەندىن رەنجىمىسىلە ، ئۇكام ، — دېدى ئۇ تازچاق گەدىنىنى قاشلاپ قويۇپ ، — ئۆزلىرىدىنىڭ يېگەن - ئىچكەنلىرىنى ھېسابلاپ ئولتۇرمىدىم . پەقەت ئويناشلىرى ئوچۇنلا قىزلارغا يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق پۇل خەجلەپتىمەن . خاپا بولماي ئاشۇ پۇلنى بېلىدىن باغلاپ تەخلەپ قويارلا . مەن يەنە كېلىمەن .

بېشىم پىررىدە قايدى ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى ، ئېغىزىمغا زۇۋانمۇ كەلمىدى . ئەمەت ھاجى ھېلىقى چوكاننى باشلاپ ئىشخانىدىن سىرتقا قاراپ ماڭدى . مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستۇم .

— ھاجىكا ، ماڭا چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانلا ، — دېدىم ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ ، — ئۇ چاغدىكى ئىشلار ئاللىقاچان تۈگىگەنغۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلى قانداقسىگە يىگىرمە مىڭنى خەجلەيدىلا ؟

— ئوھۇش ئۇكام ، مۇشۇ ساقىلىم بىلەن ئۆزلىرىگە چاقچاق قىلىپ ئولتۇرىدىغان ئادەممۇمەن ؟ جىگدە ئېرىقتىكى ئىككى قىز-نىڭ بىر ھەپتىلىكى بەش مىلڭ ، «سەردار» مېھمانخانىسىدا قونغان قىزنىڭ بىر ھەپتىلىكى بەش مىلڭ ، «دىلئارام» دىن ياتاقتا ئېلىپ كەتكەن ھېلىقى تېببىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ھەپتىلىكى بەش مىلڭ ، يەنە سانامدىمەن ؟ ھۆپۈپمۇ بىكارغا ئوسۇرۇپ بەرمەيدۇ ئۇ-كام ، شۇڭا ئۆزلىرىمۇ ماڭا بىكارغا بىر ئىش قىلىپ بەرمىدىلىغۇ ؟ مېنىڭ يەنە ئۇ ئىشنى تىلغا ئالغۇم يوق . كىلەر ھەپتىگىچە يا رەسمىيەت پۈتسۇن ، ياكى بولمىسا يىگىرمە مىڭنى كاللەكلەپ قويارلا . مەن دېگەن دېھقان ئۇكام ، بىر يىللىق ئۇرۇقنى بىر قېتىم چاچىمەن ، ئۇنىڭدىن ھوسۇل ئالمىغۇچە ھەرگىز بولدى قىلمايمەن . ئىش بەك ئەپلەشمىسە ، ئۆزلىرىنى باشقۇرىدىغان تەش-كىللىرى باردۇ ؟ رەھبەرلىرىنى تېپىشقا جىق ۋاقىت كەتمەيدۇ . ئەمىسە شۇنداق بولسۇن .

ئەمەت ھاجى بىلەن ھېلىقى چوكان سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كېتىشتى . مۇشۇ ئىككى كۈندىن بېرى مېنىڭ يېگىنىم ئاش ئەمەس ، ياتقىنىم ئورۇن ئەمەس ، ئەمدى بۇ توقۇناق بالادىن قانداق قۇتۇلىمەن ؟ مەندە نەدىمۇ ئۇنچىۋالا كۆپ پۇل بولسۇن ؟ بۇ ئىش ئىدارىدىكىلەرنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ قالىدىغان بولسا ، يەۋاتـ-قان نېنىمدىن ئايرىلىپ قېلىشلا ئەمەس ، مېنى نەچچە يىللىق كېسىۋېتىشى مۇمكىن . مەن دېگەن بالا - چاقىلىق ئادەم ، بۇ ئىش سىرتقا پۇراپ قالىدىغان بولسا ، ئۇلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن ؟ قىزلىرىم ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولۇپ قېلىشتى . دادىسىد-نىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشنى ئاڭلىسا ، ئۇلار قانداق ئويلاپ قالار ؟ ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن ، ئاداش ؟ تۇرمە دېگەننىڭ قانداقلىقـ-قىنى سەن ئوبدان بىلىسەن . مېنىڭ مۇشۇ ياشقا كەلگەندە ، ئۇ يەردە ياتقۇم يوق ...

سەلىمجان ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى . ئىشىك ئېچىلىپ كۆت-كۆچى قىز قورۇمىلارنى كۆتۈرۈپ كىردى . ئۇ كۆز ياشلىرىنى

ئېقــتىپ ئولــتۇرغان سەلــمــجانغا قاراپ ھەيرانلىقتىن تۇرۇپ قالدى .

— بولدى ، قورۇمىلارنى قويۇپ قويۇڭ ، — دېدى سۇلايمان قاسىم قىزغا كۆلۈمسىرەپ ، — ئۇستەلگە ئۆزىمىز تىزىۋالايلى . سىز بىردەم ئارام ئېلىۋېلىڭ . بىر ئىش بولسا چاقىرارمىز .

قىز بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . ئايرىمخانا ئىچى ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى . ھېچكىمنىڭ كۆڭلى تاماق تارتمايتتى . سۇلايمان قاسىم ئەمەت ھاجىنى كۆزگە ئىلمىغان ، ئۇنىڭ ئانچە دۇرۇس ئادەم ئەمەسلىكىنى پەملىگەن بولسىمۇ ، بۇنچىلىك پەسكەش ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ماشىنا رولىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئايلاندۇرۇپ ئولتۇرغان ئاشۇ تاز چىراي ئادەم پەيدا بولدى . ئۇ : «قانداق ، مەن بولامدىكەنمەن ؟ » دېگەندەك ھىجىياتتى . ئاشۇ رەزىل چىراي كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇش بىلەن سۇلايمان قاسىمنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى . تېببىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ھەپتىلىكى بەش ... بۇ خىيال ئۇنىڭ ئەسەبلىرىنى تېخىمۇ قوزغىۋەتتى .

— سەن راستتىنلا ھېلىقى ... تېببىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى ... ياتاقتا ئېلىپ كەتكەنمىدىڭ ؟

— ئەمدى نادانلىقىم ، — دېدى سەلىمجان ئېسەدەپ تۇرۇپ ، — ئۇ قىزمۇ ماڭا كاندەك چاپلاشتى . شۇنىڭ بىلەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ...

— بىلەمسەن ، ئۇ دېگەن مېنىڭ يېقىن قوشنامنىڭ قىزى ، سېنىڭ قىزىڭ جەملەدىن بىر ياش كىچىك چىقاتتى ئەمەسمۇ ؟ — ئاچچىقتىن سۇلايمان قاسىمنىڭ نەپسى بوغۇلدى ، — سەن قىزىڭنىڭ سىڭلىسىدەك قىزلارنى پوكىنىڭغا بېسىپ ياتقان چېغىڭدا بۇنى ئويلىمىدىڭمۇ ؟ قىزلىرىڭنىڭمۇ شۇنداق يولدا مېڭىپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلىمىدىڭمۇ ؟ ئۆز قىلمىشىڭدىن نومۇس قىلمىدىڭمۇ ؟ مۇشۇنداق تارتقۇلۇق ساڭا ھەق ئىكەن ، سەلىم . ئەمدى كېلىپ مېنى نېمە قىل دەيسەن ؟ «بار ئويۇنى سىز ئويناڭ ، دەردىڭىزنى

مەن تارتاي» دېگەندەك ئىش قىل دېمەكچىمۇ؟ ئىت جېنىدا سۆگەك يېيىشتىن بۇرۇن بىر يېرى بىلەن كېڭىشىپ باقارمىش. سەنچۇ؟ ئاشۇ قىزلارنىڭ ئۈستىگە تاشلانغىنىڭدا مۇشۇنداق كۆڭلەرنىڭ بې- شىڭغا كېلىشىنى ئويلىمىغانمىدىڭ؟ ھەي سېنى، دوستۇم بولۇپ قالدىڭ ـ دە! بولمىسا قوشنامنىڭ ئورنىدا ئەدىپىڭنى ئوبدان بىر بېرىدىغان يەردە ئىدى.

— بولدى، بولدى، مېنى شۇ تۇرقىدا ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ قولۇڭنى پاسكىنا قىلغىنىڭ قالىدۇ. ئەمدى قايىنىغان بىكار. ماڭا ئەقىل كۆرسەت. مېنى بۇ پالاكەتتىن قۇتقۇزغىن. سەندىن باشقا جانغا ئەسقاتقۇدەك ئادىمىم يوق، ئاداش…

سەلىمجاننىڭ كۆز ياشلىرى قارا يامغۇردەك تۆكۈلەتتى. يىغ- لاۋېرىپ كۆزلىرىمۇ ئىششىپ كەتكەنىدى. ئۇ زور ئۈمىدلەر بىلەن سۇلايمان قاسىمغا باقاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كاللىسىدا ھېچ بىر پىلان يوق ئىدى.

— ئەمدى قانداق قىلساڭ بولاركىن، سەلىم؟ بۇ ئادەمگە قۇيرۇق تۇتقۇزۇپ قويۇپسەن، تەڭ كېلىش ئاسان ئەمەس. ئۇ باشلىقىڭنى ئىزدەپ قالسا، ئىش تېخىمۇ چاتاق. ئەمەت ھاجىنىڭ قىلمىشى قانۇن تەرىپىدىن ئەيىبلەنگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ پۇلى، يولى بار، ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇنىڭ بىكار قىلىۋېتىدىغان خىزمىتى يوق، بىر ئىشلار- دىن نومۇس قىلىدىغانغا ۋىجدانى تېخىمۇ يوق! ئۇ نومۇس دېگەننى بىلگەن بولسىدى، بىر ئەرگە نىسبەتەن ئەڭ ھاقارەتلىك ئىش — سولامچىلىقنى كەسىپ قىلمىغان بولاتتى. شۇڭا، سەن ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيسەن. پۇل بولسىغۇ بۇ ئىشنى ھەل قىلماق ئاسانغا چۈشەت- تى. لېكىن، سەندە ئۇنچىلىك پۇل يوق ـ دە!

— شۇ… شۇنداق، مەندە ئىسسىق جاندىن باشقا ھېچنېمە يوق.

ئايرىمخاننىڭ ئىچى ئىسقا تولغانىدى. تەخسىلەردىكى قورۇ- مىلار سوۋۇپ كەتكەن، ھېچكىمنىڭ ئۇنى تېتىپ بېقىشقا رەۋتى

يوق ئىدى . سۇلايمان قاسىم بىلەن سەلىمجان بېشىنى تۆتقىنىچە بىرپەس ئولتۇرۇپ كېتىشتى .
— هازىرقى ئىش بېجىرىدىغان يولداشقا دېسەڭ ، ئۇنىڭ رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەرمەسمۇ ؟ — سورىدى سۇلايمان قاسىم تاماكا قالدۇقى بارمىقىنى كۆيدۈرگەندىلا ئېسىگە كېلىپ ، — ناهايىتى شۇ رەسمىيەتنىڭ ئىشكەنغۇ ؟ ئۇنىڭغا ئاز - تولا بىر نەرسە سۇڭگۇتسەڭمۇ بولىدۇ .
— سەن بىلمەيسەن . هازىر ئىشلار ئىلگىرىكىدەك ئاددىي ئەمەس ، — سەلىمجان ئېغىر تىنغىنىچە بېشىنى چايقىدى ، — ئىلگىرى بۇ ئىشتا يوچۇقمۇ خېلى كۆپ ئىدى . هازىر پېنسىيە رەسمىيىتىنى بېجىرىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس . شۇڭا ، دېگەن بىلەنمۇ پايدىسى يوق .
ئۇلار يەنە بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە ئولتۇرۇپ كېتىشتى ، سەلىمجاننىڭ چىرايى بەكلا ئۆڭۈپ كەتكەنىدى . ئۇ تىنماي تاماكا چېكەتتى . چوڭقۇرلىغان چاچلىرى ، سارغىيىپ تۇرغان كۆزلىرى ، ئېغىز - بۇرنىدىن پۇرقۇپ تۇرغان قاپقارا ئىسلار ئۇنى رىۋايەتتىكى دىۋىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى .
ئۇنى بۇ هالدا كۆرۈپ سۇلايمان قاسىمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى . ئۇ تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قېقىشتۇرغاندىن كېيىن سەلىمجانغا قاراپ قويدى .
— مۇنداق بولسۇن ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قويۇپ ، — مەندە ئازراق پۇل بار ، سەنمۇ تىقىشتۇرۇپ قويغان پۇللىرىڭ بولسا چىقار ، بەش - ئون مىڭ كوي قىلىپ هاجىنىڭ ئالدىغا قويغىن . ئىش چىرايلىقچە هەل بولسا ، هەر ئىككىمىزلارغا ياخشى . ئەمما ، سەن ئەمدى ئۇنداق پوقنى هەرگىز يېمە ! يەنە ئىشرەت كوچىسىدا لاغايلاپ يۈرگىنىڭنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام ، راست گېپىمنى يۈزۈڭچىلا دەۋېتەي ، مېنىڭ هەر ئىككى ئالەمدە سېنىڭدەك دوستۇم يوق . سەندىن مەن قولۇمنى پاكىز يۇيۇۋېتىمەن . ئەمەت هاجىغىمۇ ئېيتىپ قوي ، ئىمانى بىلەن ياشىسۇن ،

بولمىسا ئۇنىڭمۇ كۆرگۈلۈكى كېلىدۇ. بۇ دېگەن ئۆتنە ئالەم، ئالماقنىڭ بەرمىكى بار. ئەته ئىشخانامغا بار، چىشمىنىڭ كاۋىكىدا يىغقان بەش مىڭ كوي بار ئىدى، ئېلىپ بېرەي. ئىشلىتىپ تۇرارسەن.

سەلىمجان ئۇنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ قىسىپ ۋە تىترەپ تۇرغان لەۋلىرى ئارىسىدىن ئاران ئاۋاز چىقىرىپ تەكرار رەھمەت ئېيتتى.

— بۇ ياردىمىڭنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن، — دېدى ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى توشقانىدى. سۇلايمان قاسىم سائىتىگە قاراپ قويۇپ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئىشقا ئۈلگۈرۈپ بارمىسا ياسىنجاننىڭ دەشنىمىگە قالاتتى. شۇڭا، سەلىمجاننىڭ تاماق يەپ ماڭغىن، دېيىشلىرىگىمۇ قارىماستىن، ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ پىدالنى كۈچەپ تېپىشكە باشلىدى.

44

ئىشخانا ئىچى مۇزخانىدەك سوغۇق ۋە كۆڭۈلسىز بىلىنەتتى. دېرىزىدىن ئۈلۈكنىڭ چىرايىدەك تاتىراڭغۇ ئاسمان كۆرۈنۈپ تۇ-راتتى. ئەمەت ھاجى، سەلىمجان، ئەمەت ھاجىنىڭ جىگدە ئېرىقتىد-كى ھەشەمەتلىك قورۇسى، ئۇ يەردىكى ئېغىزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان قىزلار، چىپپىدە كەلگەن پادىچىلار ئىشتىنىدىن ئۇياتلىق يېرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان ئادالەت، ئۇنىڭ ھاياسىز كۈلكىسى، «قېنى، بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇڭ، زۇلخۇمار ھەدەمگە دەپ قويمايمەن» دېيىشلىرى سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆز ئالدىدىن بىرمۇ-بىر ئۆتتى. ئۇ جاھاننىڭ بۇ قەدەر رەزىللىشىپ كەتكىنىگە، ئادەم-لەر ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپنىڭ بارغانسېرى نېپىزلاپ، ھايا-نومۇسنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنىگە بەكمۇ ئۆكۈندى. خىيال بىلەن ئولتۇرغاندا، ئىشىك ئېچىلىپ ھۆرىيەت كىرىپ كەلدى.

— يەنە سېغىنىپتۇ، — دېدى ئۇ ھەييارلىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، — خېتىڭىزنى بەرسەم، ماڭا نېمە سۆيۈنچە بېرىسىز؟

— بۇ سۆيۈنچە بەرگۈدەك ئۈنچىۋالا خەيرلىك ئىش ئەمەس، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، — مېنى تولا مازاق قىلماڭا، ھۆرىيەت. تازا پىشىپ، ساپىقىدىن ئۈزۈلگىلى تەييار بولغان قوغۇندەك ئادەم تۇرسام، مېنى كىم سېغىنغۇدەك؟

— پىشقان قوغۇن تاتلىق بولىدۇ، ئۇنى ھەركىمنىڭ يېگۈسى كېلىدۇ، — دېدى ھۆرىيەت ۋە سىرلىق كۈلۈپ قويۇپ بىر كونۋېرتنى ئۇزاتتى، — مانا خېتىڭىز، سىزدىن سۆيۈنچە تەلەپ قىلىش سۆگەتتىن ئامۇت كۈتكەندەكلا بىر ئىش بولغۇدەك، خوش، — ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپ، ساغرىسىنى يېنىك چايقىغىنىچە ئىشخانا ئىچىدە قويۇق ئەتىر ھىدى قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

— تاتلىق قوغۇننى ھەممە ئادەمنىڭ يېگۈسى كېلىدۇ؟ — سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ گېپىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى، — ۋۇي تەنتەك قىز، تېخى سېنىڭمۇ تاتلىق قوغۇن يېگۈڭ كېلىۋاتامدۇ؟ بۇ كەمنىڭ قىزلىرىغا نېمە بولغاندۇ؟ ھەممىسى ئۆزىنى ئوتقا ئۇرۇۋاتقان پەرۋانىدەكلا ئادەمگە تاشلىنىدىغۇ؟ ئەستا، رىسالەت ئەمدى بۇ خېتىدە نېمە دېگەندۇ؟

ئۇ شۇ خىيال بىلەن كونۋېرتنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى. بىر خىل مەززىلىك پۇراق كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان نېپىز سۇت قەغەزگە يېزىلغان ئۈنچىدەك خەتلەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن تېز - تېز سوقۇشقا باشلىدى. ئۇ خەتكە تېز - تېز كۆز يۈگۈرتەتتى. ھەر بىر قۇردا چوڭقۇر سېغىنىش، ئىلتىجالىق تىلەكلەر ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ خەتنى ئوقۇۋېتىپ دەشتى - چۆلدە يارىلانغان كېيىكنىڭ پەريادىنى ئاڭلىغاندەك، قۇرۇشقا باشلىغان ئورمانلىقتا شامالنىڭ مۇڭلۇق گۈرۈلدەشلىرىنى تىڭشىغاندەك، سەھەر پەيتلىرىدە، ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بوز تۇپراقتا تۇرۇپ تورغاينىڭ ئىنچىكە

ئۇنده چۇچۇلىغىنىنى ئاڭلىغاندەك بىر خىل تۇيغۇغا كېلىپ قالـ
دى . رىسالەت سۇلايمان قاسىمغا قاراپ بوزلىماقتا ، ئۇنى چوڭقۇر
سېغىنىش بىلەن قەلبىگە تەكلىپ قىلماقتا ، دۇنيادا ئەڭ قەدىرسىز
بىر ئۆسۈملۈك تەبىئەتتىن هاياتلىق تىلىگەندەك ، ئۇنىڭ كۆڭلىـ
نىڭ بىر بۇرجىكىدىن كىچىككىنە پاناهلىق ئىزدىمەكتە ئىدى .
شاماللار هۇشقۇيتۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ ، تەبىئەتنىڭ ناخشىسى
ئوقۇلۇپ تۈگەيدۇ ، گۈللەر خازان بولىدۇ ، دەرەخلەر يالىڭاچلىنىـ
دۇ ، هەممە ئاققان سۇدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ ، ئەمما رىسالەتنىڭ
مۇھەببىتى قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ . ئۇنىڭ خېتىدىن بۇنى چۈشىنىۋېـ
لىش ئۇنچە قىيىن ئەمەس .
سۇلايمان قاسىم بېشىنى قاماللىغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى .
ئەمدى ئۇنىڭ رىسالەتنى يەنە قىيناشقا ئامالى يوق . ئۇنىڭغا ئىلھام
بەرمىسە ، دوستلۇق قولىنى سۇنمىسا ، ئۇنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشىـ
غىمۇ تەسىر يېتىشى مۇمكىن . لېكىن ، ئۇنىڭ بۇ ياشقا كەلگەندە
ياش بىر قىزنىڭ مۇھەببەت ئىلكىدە سۇنغان دوستلۇق قولىنى
تۇتۇشقا ئىشەنچىسى يوق . چۈنكى ، مۇھەببەت دېگەن گۇرۇلدەپ
كۆيۈۋاتقان گۈلخان . ئۇنىڭغا سەكرىگەن ئادەمنىڭ تېنى ئەمەس ،
يۈرىكىمۇ كۆيۈپ كېتىدۇ . بۇنداق ئازابنى بىر قىز ئۆزىگە راۋا
كۆرگەن يەردە ، ئۇ بىر چەتتە قاراپ تۇرسا ، ياخشى بولمايدىغانلىقى
ئېنىق . هېچبولمىسا ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولغۇچە بولسىمۇ ماقۇلـ
لۇق بىلدۈرۈپ قويسا ، يامىنى كەتمەس . كىم بىلىدۇ ، رىسالەتنىڭ
قەلب تۆغى كىملەر تەرىپىدىندۇر بۇزۇۋېتىلسە ، بۇنداق ئۇلۇغ
ئېقىننى توسۇپ قېلىشىغا مادارى يەتمەسلىكى مۇمكىن . ئۇنىڭ
ئوقۇش پۈتتۈرۈشىگە يەنە ئىككى يىل بار . ئۇنىڭغىچە بۇ تەنتەك
قىزنىڭ قەلب خانىسىگە باشقا بىرى بۆسۈپ كىرەمدۇ تېخى . شۇنـ
داق بولسا ، هەممە ئىش يىگىنىدىن يىپ سۇغارغاندەك ئاسانلا هەل
بولۇپ كېتىدۇ . ئۇ چاغدا كاۋاپمۇ كۆيمەسلىكى ، زىخمۇ كۆيمەسلىـ
كى مۇمكىن .
سۇلايمان قاسىم ئاخىر ئۇنىڭغا يالغاندىن بولسىمۇ ماقۇللۇق

بىلدۇرۇپ قويۇش قارارىغا كەلدى . ئۇ ئىشخانا ئىشكىنى تاقىدى ۋە قەغەز ، قەلەمنى ئېلىپ رىسالەتكە ئاتاپ خەت يېزىشقا باشلىدى .

«قەدىرلىك رىسالەت ، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز ؟ ئوقۇش ئەھۋالىڭىز قانداقراق ؟

بەلكىم بۇ خېتىمنىڭ تېزلا يېتىپ بارغىنىدىن بىر ئاز تاسادىپىيلىق ھېس قىلارسىز . شۇنداق ، يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ، سىزگە دەرھال خەت يېزىش قارارىغا كەلدىم . بۇنىڭغا مۇنداق ئىككى مەسىلە سەۋەبچى بولدى : بىرى ، مەن مۇشۇ يېشىمغىچە نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن ، مۇرەككەپ روھىي دۇنيالىق ئادەم . مېنىڭ بىر ئىشلاردىن ھاياجانلانمىقىم ئاسانغا چۈشمەيدۇ . ئەمما ، خېتىڭىز مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى . بىر قىزنىڭ شەرمى - ھايانى قايرىپ قويۇپ ، ئۆز كۆڭلىدىكىنى قەلبىدىكى ئادەمگە ئاشكارىلىشى ئۇنچىۋالا ئاسانغا چۈشمەيدۇ . سىز بۇ جەھەتتە بەكمۇ قەيسەر ئىكەنسىز . مەن سىزگە قول قويىدۇم .

ئىككىنچى بىرى ، سىز ھازىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىسىز ، ئۆگىنىۋاتقىنىڭىز كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم پەن . شۇڭا ، سىز باشقا ئىشلارنى كاللىڭىزدىن چىقىرىۋېتىپ ، خاتىرجەم ئوقۇشىڭىز كېرەك . مەن سىزنىڭ چوقۇم شۇنداق قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن .

ئەمدى دېيىدىغانلىرىم : سىزنىڭ مېنى ئۆز قەلب خانىڭىزگە مۇۋاپىق مېھمان دەپ قارىغىنىڭىزغا مىڭلارچە رەھمەت . مەن ھازىرقى نۇرغۇن قىزلارنى ، ئۇلارنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى كۆرگەن ، ئاڭلىغان . بۇ دۇنيادىمۇ پاك مۇھەببەت بار دەپ قارالسا ، ئۇ سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزدۇر . بۇ دۇنيادىمۇ پاك كۆڭۈل بار دەپ قارالسا ، ئۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدۇر ! ماڭا مۇشۇنداق بىر كۆڭۈل ، ساپ مۇھەببەت ئاتا قىلغان ئاللاغا مىڭلارچە رەھمەت .

رىسالەت ، سىز يەنىلا ئوقۇۋاتىسىز ، ھازىرقى ئاساسلىق ئىشىڭىز ئوقۇش بولسۇن . سىز مەكتەپتە خاتىرجەم ئو-

قوپ ، شان ـ شەرەپ قوچۇپ ھوشۇركامنىڭ ، قەمبەرخاچامنىڭ ۋە
مېنىڭ ئۈمىدىمنى ئاقلىسىڭىزلا ، مېنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدى-
غان بۇ كۆڭلۈم سىزدىن ئايلانسۇن .
رىسالەت ، مۇھەببەت دېگەن ئاتالغۇ بەكمۇ چوڭقۇر مەنىگە
ئىگە . ئېغىزدا مۇھەببەت ياراتماق بەكمۇ ئاسان ، ئەمما كىشىلەر-
نىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدىغان ، ھەممەيلەننىڭ ئورتاق
ئېتىراپ قىلىشىغا ، كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئەمەس ، ھۆرمىتى-
گە ، ھېسداشلىقىغا ئېرىشىدىغان مۇھەببەتنى ياراتماق ئۇنچىۋالا
ئاسان ئىش ئەمەس . مەنمۇ سىز بىلەن ھەممەيلەن بىزنى ئەيىبلەي-
دىغان ئەمەس ، بەلكى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان بىر
سۆيگۈ ئالىمى ياراتسام دەيمەن .
شۇڭا ، سىزدىن كۈتىدىغىنىم ، ياخشى ئوقۇڭ ، كەلگۈ-
سىدە سىزگە ئەڭ كېرەكلىك بولىدىغىنى ئەسلىمىگە ئايلىنىدى-
غان ئىشق ـ مۇھەببەت ھېكايىسى ئەمەس ، جانغا ئەسقاتىدىغان
بىلىم ! بىر ئادەمنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى قانچە مۇكەممەل بولسا ،
ئۇنداق ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىكى ھۆرمىتىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولى-
دۇ . مەن سىزنىڭ ئۇستىڭىزگە كىيىدىغان ئاق خالاتقا ھەقىقىي
تۇردە يۈز كېلەلىشىڭىزنى بەكلا ئارزۇلايمەن . مەن سۆيىدىغان قىز
ئەلۋەتتە ئۆزىدە شۇنداق شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك .
بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە ، خېتىمنى مۇشۇ يەردە توختى-
تىشقا مەجبۇرمەن . يېزىشقا ئۈلگۈرمىگەن نۇرغۇن يۈرەك سۆزلى-
رىمنى كېيىنكى خەتتە يېزىشىم مۇمكىن .
ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ ، باشقىلار بىلەن كۆپرەك سىردىشىڭ ،
بىر ئىشلارنى بەك ئىچىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ . ئادەمنىڭ بىر
دۈشمىنىدىن بىر دوستى ئارتۇق بولغىنى ياخشى . نۇرغۇن
دوستلارنىڭ ئارىسىدا يۈرگەن ئادەمنىڭ بەختى ئوچۇق بولىدۇ .
سىزنى چەكسىز سېغىنىپ : سۇلايمان . »
سۇلايمان قاسىم خەتنى يېزىپ بولۇپ ، يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ
چىقتى . خەتتە دېيىلگەن گەپ ـ سۆزلەرنىڭ رىسالەتنىڭ خاتىرجەم

ئوقۇشغا پايدىلىق بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا دەڭسەپ چىقىپ ، خەتنىڭ مەزمۇنىدىن قانائەت ھاسىل قىلدى . ئۇ يىپىنى تىنىپ قويغاندىن كېيىن ، ئىشخانىدىن چىقتى . خەتنى بۇ- گۈنلا پوچتىدىن سېلىۋېتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى .

ئۇ بىنا پەلەمپىيىدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ ھوشۇر سەلەي بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . ئۇنىڭ يۈزلىرى نېمىشقىدۇر قىزاردى . ئۇ ھوشۇر سەلەي سۇنغان تاماكىنى ئېلىپ بىرنەچچىنى شورىغاندىن كېيىن ، بېشىنى سالغىنىچە يولىنى داۋاملاشتۇردى .

— بىر يەرگە ماڭغان ئوخشىمامسىز ، ئۇكام ؟ — دېدى ھوشۇر سەلەي پەلەمپەيلەرنى سۈپۈرۈۋېتىپ . — سىرتتا مەن قىلىدىغان ئىش بولسا ھايت دەۋىتىڭ ، مۇشۇ ئىككى قەۋەتنىڭ پەلەمپەيلىرىنى تازىلىۋەتسەملا ئىشىم تۈگەيدۇ . دىككىدە بېرىپ قىلىپ كېلىمەن .

— ھازىرچە باشقا ئىش يوق ، — سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۈنى بەكلا پەس ، خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلاندى ، — ئىش چىقىپ قالسا سىزگە دەيمەن .

ئۇ بىنادىن چىقىپ ئۇھ دېگىنىچە تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ قولىدىكى خەتنى يىرتىۋەتكۈسى ، رىسالەتكە يەنە نەسىھەت قىلغۇسى كېلىپ قالدى . ئەمما ، بۇ تەنتەك قىز پەيلىدىن يانمايدىغاندەك قىلاتتى . ناۋادا رىسالەتنىڭ مۇھەببىتىنى رەت قىلسا ، ئۇ چۈشكۈن- لىشىپ كۆڭلىرىنى بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزسە ، دەرس- لەردىكى ئىرىشچانلىقلىرى يوققا چىقسا ، كېلىپ چىققان ئاقىۋەتكە ئۆزىنىڭ سەۋەبچى بولۇپ قېلىشىدىن قورقتى . شۇڭا ، ئۇ تەۋەك- كۇل دەپلا پوچتىخانىغا قاراپ يول ئالدى .

ھاۋا تۇتۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاسماننى قاپقارا بۇلۇتلار قاپلى- دى . بۇ تۇنجى قارنىڭ شەپىسى ئىدى . ھاۋانىڭ جۇدۇنلاپ ، سو- غۇقنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىمۇ شۇۋرغان چىقىدىغانلىقىدىن بېشا- رەت بېرىپ تۇراتتى . سۇلايمان قاسىم پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈ- رۈپ قويدى ، ئۇنىڭ قەدەملىرى شۇنچە يېنىك ، كەيپىياتىمۇ كۆتۈ- رۈ

رەڭگۇ ئىدى . ئۇ ئۆزىچە «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» فىلىمىدىكى خەمىتنىڭ ناخشىسىنىڭ ئاھاڭىغا ئىسقىرتىشقا باشلىدى .
شۇنداق ، ئۇ ئىلگىرى ھەرقانداق بىر ناخشىنى بىر قېتىم ئاڭلىسىلا ئاھاڭىنى تۇتۇۋالاتتى ۋە ئىسقىرتىپ يۈرۈپ ئۇنى تەبىئەت-كە قويۇۋېتەتتى . مۇئەللىملەرمۇ ئۇنىڭ مۇزىكا سېزىمىدىن ھەيران ئىدى . كېيىن ئۇستى - ئۇستىلەپ كەلگەن كېلىشمەسلىكلەر ئۇ-نىڭ كىچىككىنە ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتىنىمۇ تارتىۋالدى . دەرد - ئەلەم قەلبىگە قاپساپ تۇرغاندا ، ساڭا ناخشا - مۇزىكىنىڭ نېمە كېرىكى ؟ كېيىنچە ئۇ ئىسقىرتمايدىغان بولدى . ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا قاراڭغۇلۇقتا ياتقان كېچىلەردە ئۇ قايسىدۇر بىر ناخشىلارغا ئىسقىرتماقچى بولاتتى ، ئەمما نېمىشقىدۇر بۇ نىيىتىدىن ۋاز كېچەتتى . ئۇ تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلدى ، خىزمىتى ئەسلىگە كەلدى ، زۇلخۇمار بىلەن توي قىل-دى . ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتتى . شۇنچە يىللاردىن بېرى بىرەر قېتىممۇ ئىسقىرتقىنى ئېسىدە يوق . مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىچە مۇھەب-بەت كۈيىگە ئىسقىرتىپ قاپتۇ . توۋا ، ئادەمنىڭ كۆڭلى ياشارسا ، ناخشا - مۇزىكىغا نىسبەتەن رىغبىتى ئېشىپ قالىدىكەن دېسە ...
سۇلايمان قاسىم پوچتىخانىغا كىرىپ خەتنى زاكاس قىلىپ سېلىۋەتتى . نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق - قاتتىق سالاتتى ، ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن نەزەر تاشلايتتى . كىمدۇر بىرسى ئۆزىنى پايلاپ تۇرغاندەك ، ئۆزى پوچتىخانىدىن چىقىپ كەتسىلا خەتنى ئېلىۋېلىپ ھوشۇر سەلەيگە ئاپىرىپ بېرىدىغاندەك بىر تۇيغۇ كۆڭ-لىنى ئارامسىزلاندۇراتتى . ئۇ خۇددى بىرەر يامان ئىش قىلىپ قويغان ئادەمدەك ئەنسىزچىلىك ئىچىدە پوچتىخانىدىن چىقتى ۋە قەدىمىنى تېزلىتىپ ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .
ئەتىسى سەلىمجان دېگەن ۋاقىتتا ئۇلگۇرۇپ ئىشخانىغا كەل-دى . ئۇنىڭ مەڭزىلىرىگە بىرئاز قان يۈگۈرگەن ، ئۆسۈپ كەتكەن ساقىلىنىمۇ پاكىز قىردۇرۇۋالغانىدى .
— يەنە بىر يەردىن بەشمىڭنى تاپتىم ، — دېدى ئۇ پىچىر -

لاپ ، ــ سەن بەرگەن پۇل بىلەن قوشۇپ ئۇ نىجىستىن قۇتۇلىدى-
غان بولدۇم . بىرىنى ئارىغا سالغانىدىم ، ئۇن مىڭغا ماقۇل كەپتۇ .
هەي ، مېنى هېچقاچان مۇنداق قارا بېسىپ باقمىغان . ماڭا ساۋاق
بولدى ، ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا هاجى دېگەنلەر بىلەن بېرىش ـ كېلىش
قىلمايمەن . بۇ دۇنيادا مۇسۇلمان كۆپ بولغان بىلەن ، ئىماننىڭ
كۇرسىسى قالماپتۇ ئاداش ، هەممە ئادەم كۇكۇلاڭنى يۇلساملا دەي-
دىكەن .

ــ كۆتۈك پوق تۇرۇپ ئىماندىن سۆز ئېچىۋاتىسەنغۇ ؟ ئۆز
ۋاقتىدا سەنمۇ باشقىلارنى ئاشۇنداق شىلغان بولغىيدىڭ ؟ بۇ دېگەن
ئۆتنە ئالەم ، ئاداش . لېكىن ، يىلاندىن قورققان ئادەم ئارغامچىدىن-
مۇ ئۇركۇپتۇ » دېگەندەك ، هەممىلا هاجىنى بىر تاياقتا هەيدىسەڭ
بولمايدۇ . ئىماننىڭ كۇرسىسىنى چۇشۇرۇۋاتقىنى پەقەت ئەمەت
هاجىدەك ئادەملەر ، ئۇلاردىن نېرى تۇرۇش هەممىمىزگە پايدىلىق .

سەلىمجان ئون مىڭ سوم بىلەن ئەمەت هاجىدىن قۇتۇلىدىغان-
لىقىغا خۇشال بولغاندەك كۆرۈنەتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ مۇشۇنچىۋالا
كۆپ پۇلنى تۆلەپ بولۇشىغا خېلى ۋاقىت كېتەتتى . بۇ تەرىپىنى
ئۇ هازىرچە ئويلىمىغاندەك قىلاتتى .

ــ ئەمەت هاجى مۇشۇ يولدا مېڭىۋەرسە ، ئۆزىنى تۇگەشتۇ -
رۇۋالىدۇ ، ــ دېدى ئۇ تاماكىسىغا ئوت يېقىۋېتىپ ، ــ مەندەك
نانقېپىلار بىرنەرسە دېيەلمىگەن بىلەن ، بۇنداق ئاچچىقنى يۇتۇۋېتە-
دىغانلار كۆپ ئەمەس . ئۇنى هامىنى بىرى بوغۇزلىۋېتىدۇ . بۇنداق
مەلئۇنلار چوقۇم ئۆز ئەجلىدە ئۆلمەيدۇ .

ــ بۇ ئىشلارنى ئويلاپ نېمە قىلىسەن ؟ ــ دېدى سۇلايمان
قاسىم ئاچچىق كۇلۇپ قويۇپ ، ــ سەن ئەمدى ئۆز يولۇمنى
تېپىپ ، ئادەمدەك ياشاي دېگەننى ئويلىساڭ ، ياخشى بولاتتى . ئە-
مەت هاجى دېگەن بەربىر ئەمەت هاجى . ئۇ راستىنلا بىرسىنىڭ
قولىدا جان تەسلىم قىلسا ، ئالدى بىلەن ساقچىلارنىڭ قارىغا ئالى-
دىغىنى سەن بولىسەن . شۇڭا ، قالايمىقان ئويلاردا بولۇپ يۇرمە .
ئۇ پۇلــنى ئېلــىپ رەھــمەت دېگــنچە ئىشخانىدىن چىقىپ

كەتتى .
تۇرمۇش بىر ئىزغا چۈشكەندەك بولدى . ئەتراپ شۇنداق سو-
غۇق بولسىمۇ ، سۇلايمان قاسىم ئۆزىنى شۇنچە ئىللىق سېزەتتى .
ئۇ نېمىشقىدۇر باشقا ئىشخانىلارغا چىقىپ ، ئۇ يەرلەردە پۈسكىيىپ
ئولتۇرغان خىزمەتچىلەرگە چاقچاق قىلىپ قوياتتى .
— قانداق ئەھۋال ؟ نېمە بولدى ؟ ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋاز-
دەك بېشىمىز چۈشۈپ كېتىپتىغۇ ؟ يا ئاخشام خوتۇندىن نېسىۋىنى
جايىدا ئالالمىغان گەپمۇ ئۆزى ؟
— ھەي ، نېمە دەيدىغانسىز ، سۇلايمان ئاكا ؟ «ئېشىكى ئۆ-
لۈۋاتسا كۆتى غىجەك چالغان »دەك گەپ قىلماڭا ، ئىدارىدە نېمە
ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقىنىدىن سىزنىڭ خەۋىرىڭىز يوقما ؟ نېمە پوقنى
يەپ ئىشلەپ قالدىم بۇ ئىدارىدە ؟ بۇرۇنراق قوڭنى كۆتۈرىدىغان
ئىش ئىكەن ئەسلى .
— نەگىلا بارساڭ ، قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ، ھەممە يەردە
ياسىنجانغا ئوخشاش سېنى باشقۇرسام ، دەيدىغىنىدىن مىڭلاپ بار .
— شۇنداقتىمۇ بۇ ئىدارە ئىلگىرى ئۇنداق ئەمەستى - دە !
بەگىياركام بار چاغدا قانداق كۆڭۈللۈك ئىشلەيتتۇق - ھە ، بۇرادەر-
لەر . قاچان ياسىنجان دېگەن شورى قۇرىغۇرنىڭ ئايىغى تەگدى ،
شۇنىڭدىن بۇيان بۇ يەرنىڭ پەيكارى ئۇچتى . ھەممەيلەن ئوتنىڭ
ئۈستىدە قالغاندەك بىئارام بولۇۋاتىمىز . كۆڭۈل ئارامىدا بولمى-
سا ، خىزمەتنىمۇ جايىدا قىلغۇسى كەلمەيدىكەن كىشىنىڭ .
— ھە دېسە ئىسلاھاتتىن چۈشىدۇ . ئەمەلىيەتتە بولسا
ئىسلاھاتنىڭ نېمىلىكىنى پەقەتلا بىلمەيدۇ . خالادا گېزىت ئىشلەت-
كەنلەرنى توسۇش ، تازىلانماي قالغان مەيدانلارنىڭ جېدىلىنى قى-
لىپ ، باشقىلارغا شالىنى چېچىش دېگەنلەر ئىسلاھاتمۇ ؟ ئىدارە
دېگەندە مۇھىم خىزمەت قايسى ؟ قايسى ئىشنى نۆۋەتلىك تۇتۇش
كېرەك ؟ دېگەنلەرنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ ھە دېسە ئىسلاھاتتىن گەپ
سېتىشى خۇددى چالا موللىنىڭ مېھراپقا چىققىنى بىلەن ئوخشاش
ئىش ئەمەسمۇ ؟

بۇنى غەيۋەت دېگۈلۈكمۇ؟ قورسىقىنى بوشىتىۋېلىش دېگۈ-
لۈكمۇ؟ ياكى بولمىسا كۆڭۈل ئارامىنى ئىزدەش دېگۈلۈكمۇ؟ سۇ-
لايمان قاسىم ھېچقايسىسىغا جاۋاب بېرەلمەيتتى. لېكىن، ئىككى
ئادەم توپلاشقان سورۇندا مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىش مودىغا ئايلان-
غانىدى.

ئۇ ئىشخانىسىغا قايتىپ كىردى. بىنا ئىچى جىمىپ قالغان،
قارىغاندا ياسىنجان قايسىدۇر بىر يىغىنغا كەتكەندەك ئىدى. شۇڭا،
سۇلايمان قاسىم ئىشكنى ئىچىدىن تاقىدى ۋە رىسالەتنىڭ خەتلىرى-
نى ئېلىپ، بىر باشتىن ئوقۇشقا باشلىدى. ئاشۇ خەتلەرنى بۈگۈن
نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىققانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ھوشۇر
سەلەينى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، خۇددى بىر ئىشنى خاتا قى-
لىپ قويغاندەك يۈزلىرى چىمىلداپ كېتەتتى. ئۇزۇن يىللىق تۇز
ھۆرمىتى، قوشنىدارچىلىق مېھرى ئۇنى خىجالەت قىلاتتى. بى-
راق، رىسالەتنىڭ كۆڭلىنى رەت قىلسا بۇ قىزنىڭ ئوقۇشىغا
تەسىر يېتىدىغىنى ئېنىق ئىدى. ھېچكىمگە چۈشەندۈرگىلى
بولمايدىغان مۇرەككەپ بىر ھېسسىيات ئۇنىڭ قەلبىنى ئارامسىز-
لاندۇراتتى.

## ئونىنچى باب

# كۆلپەت

### 45

يېڭى يىلنىڭ كىرگىنىگىمۇ نەچچە كۈن بولۇپ قالدى . قىش-
لىق تەتىل ۋاقتى بارغانسېرى قىستاپ كەلمەكتە ئىدى . ئىمتىھان
باشلىنىشقا يەنە نەچچە كۈنلا قالغانىدى . رىسالەتنىڭ نېرى - بېرى
ئىشلارنى ئويلاشقا ۋاقتى يوق . ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۇمىدى
بويىچە بارلىق زېھنىنى ئۆگىنىشكە قاراتقانىدى . ئۇنىڭ كۆڭلى
ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىقتىن ياىراپ كەتكەن ، خۇشاللىقى
قانداقتۇر تىلىكى ئىجابەت بولغان ئىخلاسمەن مۇرىتىنىڭكىدىن قې-
لىشمايتتى .

بۈگۈن ئۇ يەنە سۇلايمان قاسىمغا خەت يازماقچى بولدى .
چۈنكى ، ئۇنىڭدىن خەت كەلگىنىگە ھەپتىدىن ئاشقان بولۇپ ، بۈ-
گۈن جاۋاب خەت يېزىۋالمىسا ئىمتىھانلار باشلىنىپ كېتىپ ، يەنە
بىر نەچچە ھەپتىگىچە ۋاقىت چىقىرالمايتتى . شۇڭا ، ئۇ تاماق
ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ سىنىپقا كەلدى .

«سۆيۈملۈكۈم سۇلايمان (شۇنداق ئاتاشقا ئەمدىغۇ رۇخسەت
قىلارسىز ، چۈنكى ، ھەر قېتىم سىزگە خەت يېزىشقا ئولتۇرغان
ۋاقتىمدا سىزنى قانداق ئاتاش مەسىلىسىدە بەك قىينىلاتتىم ) خې-
تىڭىزنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەت-
كىنىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز . خۇشلۇقتىن سىنىپتا ، ياتاقتا ،
مەيدانلاردا ، ئىشقىلىپ ئادەم يوق يەرنى تاپالىسلا ، ئۇسسۇل
ئويناپ كېتىپتىمەن . ماڭا بۇنداق خۇشاللىقنى ئىلتىپات قىلغىنى-

ڭىز ئۇچۇن سىزگە چىن قەلبىمدىن مىڭلارچە رەھمەت! مەن ئەزەلدىن كۆزلىگىنىمگە ئېرىشىپ كەلگەنىدىم، مۇشۇ ئىشتا تەلى-يىمنىڭ كاج كېلىپ قېلىشىدىن بەكمۇ قورققان. سىز يەنىلا مېنى مۇرادىمغا يەتكۈزدىڭىز. بۇ ئىلتىپاتىڭىز ئۇچۇن ئۆمۈر بويى ئايى-غىڭىزدا يۈرۈپ خىزمىتىڭىزنى قىلىشقا تەييارمەن. بۇنداق دېسەم، تۆكىڭىز تەتۈر ئۆرۈلۈپ قالمىسۇن، مەن سىزنىڭ خاتىرجەم تۇر-مۇشىڭىزنى بۇزماقچى ئەمەس. پەقەت سىزنىڭ قەلبىڭىزدىكى يېگا-نە كەپەمگىلا ئېرىشمەكچى. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۆمۈر بويى شۈرغاندا قالسامۇ رازىمەن.

سۆيۈملۈكۈم سۇلايمان، ئىمتىھان يېقىنلاپ قېلىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ جىددىيچىلىك ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ سىزگە خەت يېزىپ ئولتۇرۇۋاتىمەن. سىزنى ئويلىمايدىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق. ھەي ئىسسىت، ئۆرۈمچىگە ئەمدى بىر كەلسىڭىزچۇ! سىزنى تۇتۇۋې-لىپ، ھىجران ئازابىدىن لەختە - لەختە بولغان يۈرىكىمگە بې-سىپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆڭلۈمدە يىغىلىپ قالغان گەپلە-رىمنى قۇلىقىڭىزغا شىۋىرلاپ، قانغۇدەك بىر مۇڭدىشىپ چىققان بولاتتىم.

ئالدىنقى خېتىڭىزنى ئوقۇپ، بەكمۇ ئازابلانغانىدىم. مېنىڭ شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىمگە قاراپ، ياتاقتىكىلەر: «ئۇنى يۈر-تىدىكى بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئاشنىسى تاشلىۋەتكەن بولسا كېرەك» دەپ پەرەز قىلىشقانىكەن. مانا، ئەمدى كەلسىڭىز سىزنى ئۇلارغا بىر كۆرسىتىپ، سىزنىڭ مېنى ئۆمۈر بويى تاشلىۋەتمەيدى-غانلىقىڭىزنى ئىسپاتلىسام دەيمەن. قانداق، مەن بەكلا شەخسىيەت-چىمىكەنمەن؟ قاراڭا، ئويلاپ تاپقان گېپىمنى؟!

مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا چوڭ بولدۇم. سىز بىلەن مۇڭدى-شىپ يۈرۈپ ئەقلىمگە تولدۇم. سىزنىڭ ياردىمىڭىز بىلەن ئۆزۈمە-نى تونۇدۇم. ئەمدى ئەقلىم بالاغەتكە يەتكەندە، نېمىشقا سىزنى ياخشى كۆرسەم بولمامدىكەن؟ مېنى كىم توسۇيالايدۇ؟ بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزگە كىم توسقۇنلۇق قىلالايدۇ؟ بىلىپ قويۇڭ سۇلاي-

مان ، مەن مۇشۇ يېشىمغىچە سىزدىن باشقا ھېچكىمگە كۆڭۈل بېرەلمىدىم . ياتاقتىكىلەر دەسلەپتە ئۆزۈمنى ئوغۇللاردىن قاچۇرۇپ يۈرگىنىمگە قاراپ ، مېنى «ئەركەكزەدەك قىز بولسا كېرەك» دەپ ئويلاشقانىكەن . لېكىن ، ئۇلار مېنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا ھېسسىياتچان قىز ئىكەنلىكىمنى ، سىزنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتەلمىگىنىم ، كۆڭۈل بېرەلمىگىنىم ئۈچۈن يىگىتلەردىن قېچىپ يۈرگىنىمنى نەدىن بىلسۇن؟ قاراڭ ، سىز ئۈچۈن ئەركەكزەدەكمۇ بولدۇم . نېمىدىگەن كۈلكىلىك؟ بىلىپ قېلىڭ ، سىز ئۈچۈن مەڭگۈ ئەركەكزەدەك ئاتىلىشقا رازىمەن . باشقىلارنىڭ مەسخىرىسى مەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس!

سۇلايمان ، ھازىر نېمىشقىكىن كۆڭلۈمدىكى خىياللىرىمنى ، ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى سىزگە ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدۋاتىمەن . ئەمما پۇرسىتى كەلگەندە قەلبىمدە سىزگە ئاتاپ قۇرۇلغان سۆيگۈ بىنايىمنىڭ خەرىتىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك سىزىپ بېرەلەيمەن . ئادەم بەدىنىدىكى قان تومۇرلارنىڭ ھەممىسى يۈرەك ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ . يۈرەك ئاشۇ قان تومۇرلارغا قاننى سىقىپ چىقىرىش ئارقىلىق ئادەمنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ . مەن بولسام سىزگە تۇتاشقان تومۇر ، سىز بولسىڭىز مېنىڭ ئىچكى دۇۋارلىرىمغا قان يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان يۈرەك! سىز بولمىسىڭىز مېنىڭ رولۇم بولمايدۇ . مەن سىزسىز ئۆز ھاياتىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن . مۇمكىن بولسا مەن سىزنىڭ كىچىك خوتۇنىڭىز بولسامىمۇ مەيلى ، ئەمما مەڭگۈ ئايرىلىپ كەتمەيلى! مەندە شۇنداق بىر ساددا خىيال بار . ناۋادا سىز بىلەن بولغان ئىشىم ۋۇجۇدقا چىقمىسا ، ھەممىنى پېشانەمدىن كۆرىمەن . ئاندىن بىر مەزگىل تىرىشىپ ئىشلەپ ، ئىقتىسادنى ھەل قىلغاندىن كېيىن ، چەت ئەلگە چىقىپ كېتىمەن . لېكىن ، چەت ئەلگە مېڭىشتىن ئىلگىرى سىزدىن چوقۇم بىر بالا ئېلىۋالىمەن . ئۇنى مېنى ھېچكىم تونۇمايدىغان يەردە يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتۇرۇپ ، سىزگە بولغان ئەقىدەمنىڭ كۈچى بىلەن تەربىيىلەيمەن ۋە قاتارغا قوشىمەن! قانداق ، شۇنداق

بىر كۈنلەر بېشىمغا كېلىپ قالسا ، سىز مېنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە ئارزۇيۇمنى قاندۇرۇشقا جۈرئەت قىلالامسىز ؟

سۇلايمان ، كۆپ سۆزلەپ كۆڭلىڭىزنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ قويىغان بولسام ، مېنى ئەپۇ قىلىڭ . ئەمما ، مەندە شۇنداق ئۇلۇغ بىر ئىستەكنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قالغىنىڭىز ياخشى . بۇمۇ سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنىڭ كۈچىدىن پەيدا بولغان شېرىن خىيال . ئېسىڭىزدە بولسۇن ، مەن ئاشۇ خىيالىمنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى تىرىشىمەن . بۇ يولدا ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەيلى .

لېكىن ، خېتىڭىزدىكى بىرنەچچە قۇرنى ئانچە چۈشىنەلمىدىم . سىز خېتىڭىزدە يەنىلا باشقىلار بىلەن كۆپرەك سىردىشىڭ دەپسىز ، سىز كۆزدە تۇتۇۋاتقان «باشقىلار» مېنىڭ ئەتراپىمنى ئايلىنىپ كېتەلمەيۋاتقان ئوغۇللارنى كۆرسىتەمدۇ ؟ ئۇنداقتا مەن ئۇلار بىلەن قايسى مەسىلە ھەققىدە سىردىشىمەن ؟ ياكى سىز تەلەي سىناپ ، رىسالەت ئاشۇلار بىلەن سىردىشىش جەريانىدا بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا ، مەن بۇ باش ئاغرىقىدىن ئاسانلا قۇتۇلۇپ قالارمەن دېگەن خىيالدا بولۇۋاتامسىز ؟ ناۋادا شۇنداق خىيالىڭىز بولسا ، سىز جەزمەن خاتالاشقان بولىسىز . چۈنكى ، ھازىرغىچە ھېچكىم مېنىڭ يۈرەك تارىمنى سىزچىلىك چېكەلمىدى ۋە مەڭگۇ چېكەلمەيدۇ ...

بەلكىم مەن ئۇرۇنسىز خىياللاردا بولغاندىمەن . مېنى كەچۈرۈڭ . مېنىڭ ئىككىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپتە قوشنىدارچىلىقتىن باشلانغان مۇناسىۋىتىمىزنى ئاكا ـ سىڭىللىقتىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، دوستلۇق مۇناسىۋەتكە ، ئاندىن ئۇنى ئىنسانلار ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ، ھېسسىياتقا باي چىن مۇھەببەت باسقۇچىغا كۆتۈرگۈنۈمنى ، مەندىكى ھۆرمەت ، مىننەتدارلىق تۇيغۇسىنى ئاشىق ـ مەشۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى چىن سۆيگۈگە ئايلاندۇرغىنىمنى چۈشىنىدىغانلار جەزمەن چىقىدۇ . مەن بۇنىڭغا مۇتلەق ئىشىنىمەن . بىر قىزنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە بىراۋنى سۆيۈشى گۇناھ ئەمەس .

ئەگەر ئۇنى ئەيىبلەيدىغانلار چىقسا ، مەن بۇ گۇناھنى مەڭگۈ ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرۈشكە رازى !

ئاڭلاۋاتامسىز سۇلايمان ؟ قۇلاق تۈۋىمدە خەمىتنىڭ ناخشىسى . ياق ، ناخشا ئېيتىۋاتقىنى خەمىت ئەمەس ، بەلكى خەمىتنىڭ سۈرىتىگە كىرىۋالغان سىز ! مەن سىزنىڭ كۆكرىكىڭىزگە بېشىمنى قويۇپ يۈرەك سوقۇشلىرىڭىزغا ، ناخشىڭىزنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرىگە قۇلاق سېلىۋاتىمەن . ئەتراپىمىزدا قار ئۇچقۇندىماقتا . ياق ، ئۇ قار ئەمەس ، بەلكى مۇھەببىتىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشى ئۈچۈن تەبىئەت ئۈستىمىزگە چېچىۋاتقان پاكلىق چاچقۇلىرى ! مەن يىغلىماقتىمەن . بىراق ، كۆزۈمدىن ئېقىۋاتقىنى خۇشاللىق بولۇقىنىڭ مەڭگۈلۈك تامچىلىرى !

خەير ، مېنى قۇچاقلاڭ ، سۆيۈپ قويۇڭ ، ۋۇجۇدۇم ، روھىم ھەر ۋاقىت سىز بىلەن بىللە ، سىزدىن مەڭگۈ ۋاز كەچمەيمەن ! ھەتتا سىز مېنى بىر خەس كۆرۈپ تاشلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ !

سىزنى سۆيۈپ : ر… »

ئۇ قەغەزنىڭ بوش قالغان يېرىگە لەۋ سۈرۈخ سۈرۈلگەن لېۋىنى باستى . قەغەزگە لەۋلىرىنىڭ ئىزى ناھايىتى ئېنىق چۈشتى . ئۇ لەۋ ئىزىغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى ۋە قەلبى شېرىن تۇيغۇلارغا تولدى . شۇ تۇرقىدا ئۇ باشقىلارنىڭ كۆزىچە سۇلايمان قاسىمغا لەۋ سۇنغاندەك بىر ھېسسىياتتا يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى . ئۇ لەۋ ئىزى چۈشۈرۈلگەن خەتنى ئاۋايلاپ چىرايلىق قاتلىدى ۋە خۇش پۇراقلىق قەغەزدىن ياسالغان كونۋېرتقا سالدى . لەۋ ئىزىنى كۆرسە سۇلايمان قاسىمنىڭ قانداق ئويدا بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆزلىرى خۇمارلاشتى . ئۇنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى ئۆگىنىش بىلەن جىددىيلەشكەن نېرۋىلىرى خېلىلا ئارام تېپىپ قالدى .

رىسالەت خەتنى پوچتىغا سېلىۋېتىپ ياتاققا قايتىپ كەلدى . نۇرگۈل بىلەن گۈلباھار كۆرۈنمەيتتى . رەشىدە باش كۆتۈرمەستىن ئادەم مېڭە توقۇلمىسىنىڭ سخېمىسىنى سىزماقتا ئىدى . ئۇ رىسا-

لەتنى كۆرۈپ قەلەمنىڭ ئۇچىنى چىشلىگىنىچە سورىدى :

— نەگە باردىڭ ؟ بۇگۇن نۇرگۇل بىلەن گۇلباھارنىڭ مەردلىكى تۇتۇپ قاپتىكەن . سىرتتا بىر مېھمان قىلايلى دېگەندى ، بىراق سەن يوق ، ئەتە رېستورانغا بارىدىغان بولدۇق .

— شۇنىمۇ بىلمىدىڭمۇ ؟ ئۇلارنىڭ مەردلىكىنى قىستاپ قالغان ئىمتىھان پەيدا قىلغان . ئۇلارنىڭ غەرىزى ئېنىقلا تۇرمامدۇ ؟ بىزنىڭ ئېغىزىمىزنى بىر ۋاخلىق تاماق بىلەن ياغلىۋېتىپ ، ئىمتىھاندا بىزدىن پايدىلانماقچى . ھەي ، بۇنداق يۇرۇپ ئالغان دىپلومنىڭ نېمىگە پايدىسى بار ؟ كەلگۈسىدە خىزمەتنى دىپلوم قىلامدۇ - دە ! ياخشىراق ئۆگەنمىسە ، كەلگۈسىدە ئۇلار ئاق خالاتقا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيدۇ ؟

— سەنمۇ ئۇلارغا ھە دېسە گۇناھ قويىۋەرمە ، رىسالەت ، — دېدى رەشىدە كۇلۇپ تۇرۇپ ، — كىمنىڭ شۇنداق بولۇپ قالغۇسى بار ؟ قاپقاننىڭ ئۆزىنى پايلاپ تۇرغىنىنى بىلسە ئىدى ، توشقانمۇ ئۇنىڭغا دەسسىمىگەن بولاتتى . ئۇلار شۇنداق ئويناپ - كۇلۇپ ئۆگىنىپ قالغان ، ئەمدى ئۇلارغا نەسىھەت كار قىلمايدۇ . قورسىقى ئاچ ئادەمنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان نان ۋەسۋەسىسىنى بىر بۇردا نان بەرمەي تۇرۇپ ، قانچە قىلىپمۇ يوقىتىۋېتەلمەيسەن . كونىلار : «بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باق ، قازىنىڭنىڭ قاينىشىغا» دەپتىكەن . ئەمدى ئۇلارنى ئەيىبلەۋەرگەننىڭ پايدىسى يوق . بىر ياتاقتا شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بىللە يېتىۋاتىمىز . ياتاقداشلىقنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ قويمىساقمۇ بولمايدۇ - دە .

رىسالەت ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى . دېمىسىمۇ ئۇلارغا قاتتىقلىق قىلىش كۆڭۈلنى زېدە قىلىشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇتى . ئوقۇش پۈتتۈرىدىغانغا ۋاقىت ئاز قېلىۋاتىدۇ ، كىم بىلىدۇ ، ئوقۇش پۈتتۈرگۈچە ئۇلارنىڭ ھاياتىدا يەنە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كېتىدۇ ؟

رىسالەت چۈشتىن كېيىن لازىملىق كىتاب - ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ سىنىپقا ماڭدى . بۇگۇن ۋاقىت چىقىرىپ سۇلايمان قاسىمغا

خەت يېزىۋالغىنىدىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى .
دەرسلەر توختىدى . ئادەمنى چارچىتىدىغان ئىمتىھانلار باشلاندى . شۇ كۈنلەردە مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا ئىككى ئوغۇل بالا قاتتىق سوقۇشۇپ قالدى . ئۇرۇشقانلار تاھىر بىلەن ئالىمجان ئىدى . تاھىرنىڭ بۇرنى ئېزىلگەن ، ئالىمجاننىڭ يوتىسىغا پىچاق تىقىلغانىدى . ھەر ئىككىسى مەكتەپ دوختۇرخانىسىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە داۋالانماقتا ئىدى .
رىسالەت بۇ خەۋەرنى كېيىن ئاڭلىدى . نىمە سەۋەبتىن بۇ ئىككىسىنىڭ تۇتۇشۇپ قالغىنىنى پەرەز قىلالمىدى . نىمە بولسا بولمامدۇ ، مېنىڭ نىمە كارىم دەپمۇ ئويلىدى . ئەمما ، ئۇ تولۇق خاتىرجەم بولالمىدى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى رىسالەتكە بىر مەزگىل يېقىنلىشىپ باققان ، ئالىمجان چىرايلىق رەت قىلىنغان ، تاھىر بولسا ئىززىتىنى ساقلىماي دەشنام يېگەنىدى .
ئۆز تۇرمۇشىغا ئۇسۇپ كىرىشنى ئويلىغان بۇ ئىككىسىنىڭ بىمەھەل تۇتۇشۇپ قالغىنىنى ، يەنە كېلىپ ياتاقتا يېتىپ قالغىنىنى ئاڭلىغاندا ، رىسالەت بۇ جىدەلگە ئۆزى سەۋەبچىدەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالدى . ئۇ بىرئاز تەييارلىق قىلىپ ، ئالىمجاننى يوقلاپ باردى . پۇتى داكا بىلەن تېڭىپ قويۇلغان ئالىمجان ياتاقتا كىتاب كۆرگىنىچە يالغۇز ياتاتتى . ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىمۇ ئۆسۈپ كەتكەن ، ئادەمگە مۇلايىم باقىدىغان قوي كۆزلىرى بىرئاز ئولتۇرۇشۇپ قالغانىدى . ئۇ رىسالەتنى كۆرۈپ قىزىرىپ كەتتى .
ــ ھەي ، سىزنى ئاۋارە قىپتىمەن ، ــ دېدى ئۇ سۇس كۈلۈمسىرەپ ، ــ ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلماي ، بۇ يەرگە نىمىشقىمۇ كەلگەنسىز ، رىسالەت ؟ رەھمەت سىزگە …
ــ يېتىپ قالغىنىڭىزنى بۈگۈنلا ئاڭلىدىم ، ــ رىسالەت ئۇنىڭ كارىۋىتى يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى ۋە پەس ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلدى ، ــ سىزنىڭ يارىلانغىنىڭىزنى ئاڭلىغاندا دەسلەپ ئىشەنمىدىم ، سىزنى بىرسى بىلەن مۇنداق قاتتىق

ئۇرۇشۇپ كېتىدۇ دەپ ئۇخلىسام چۈشۈمگىمۇ كىرمەيتتى. بىر ساۋاقدىشىڭىزدىن سورىسام، ئاڭلىغىنىمنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ۋاقتىدا كېلەلمەپتىمەن. رەنجىمىگەيسىز.

ئۇلار سۈكۈت ئىلكىدە بىر – بىرىگە قاراشتى. ئالىمجاننىڭ بىرنېمە دېيىشكە تىلى بارمايتتى. رىسالەتمۇ ئۇنىڭ تەلپىنى چىدىرايلىقچە رەت قىلغان بولغاچقا، دەيدىغان باشقا گەپ – سۆزىمۇ يوق ئىدى. ئارىدا بىر خىل ئوڭايسىز كەيپىيات ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. بىر خىل سىقىلىشنى ھېس قىلغان ئالىمجان ئېغىز ئاچتى:

— رىسالەت، مېنى يوقلاپ كەلگىنىڭىزگە رەھمەت. ئەمدى قايتىپ ئىمتىھانغا ياخشى تەييارلىق قىلىڭ. بۇ يىلمۇ شەرەپ سەھنىسىگە چىقمىسىڭىز بولمايدۇ. سىز ئۇچۇن چاۋاك چېلىپ كۈتۈپ قالغان قولۇمنىڭ باشقىلار ئۈچۈن بىر – بىرىگە ئۇرۇلۇشىنى خالىمايمەن. بولدى، ئەمدى قايتىڭ.

رىسالەت ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى ۋە ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. ئالىمجان ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە كەينىدىن قاراپ تۇردى.

رىسالەتنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ قالغانىدى. يول بويى ئېغىر خىياللار قوينىدىن چىقالمىدى. ناۋادا ئۇ يوقلاپ بارغان ئادەم سۇلايمان قاسىم بولغان بولسا، ئىش قانداق بولۇپ كېتەر ئىدى – ھە؟ ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، ھارغۇچە يىغلىغان، يارىسىنى ئۆز قولى بىلەن تېڭىپ، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغان بولاتتى. ئالىمجاننى بۇ ھالدا كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بىرمۇ قىز يوقتەك قىلاتتى. بۇنداق تەنھالىقتا ياتقان ھاياتنىڭ نېمە مەززىسى بولسۇن؟

رىسالەت يولدا كېلىۋېتىپ بىر يۇرتلۇق قىز ئالىمخان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار ئادەتتە بەك قويۇق ئارىلىشىپ كەتمەيتتى. ئەمما، ئۇچرىشىپ قالغان چاغلىرىدا ھەرھالدا بىر – بىرىدىن

ئەھۋال سورىشىپ قويانتى .

— سەپەر قاياقتا ؟ — سورىدى ئالىمخان رىسالەتنىڭ ئالدى-
نى توسۇپ .

— ئالىمجان كېسەلخانىدا يېتىپ قاپتىكەن ، يوقلاپ چىقىم ،
تىم ، — دېدى رىسالەتمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە ، —
ئۆزۈڭ قاياققا كېتىپ بارىسەن ؟

— مۇزاكىرىدىن ھېلىلا چۈشتۈم ، سەمەت بىلەن ئۇچرىشىش-
قا كېتىۋاتىمەن ، — دېدى ئالىمخان كۈلۈمسىرەپ ، — قانداق
ياۋايى قىز ، ھېلىمۇ تىكەندەك يۇرۇۋاتامسەن ؟ بىرەر ھەمراھ تېپى-
ۋېلىپ ، ياشلىقنىڭ پەيزىنى سۈرمەمسەن ؟

— قويغىنا ، ئايغى چىقمايدىغان ئۇ ئىشنىڭ سۆزگۈدەك
قانچىلىك پەيزى بار دەيسەن ؟ — رىسالەت سوغۇق كۈلۈمسىرى -
دى ، — شۇ كۆيدۈم - پىشتىم ، بۇلبۇلۇڭمەن ، تورغىيىڭمەن
دەپ ۋەدىنى دۆڭ بىرىپ يۈرگەن نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭ بىر كېچىدى-
لا قارا باسقاندەك ئۇلارنى تاشلىۋېتىشى ، قىزلارنىڭ ماڭقىسىنى
ئېقىتىپ يىغلاپ يۈرۈشلىرى ماڭا خۇددى بىرەر كىنودا رول ئېلى-
ۋاتقاندەك بەكلا سۈنئىي بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى ، بۇنداق مۇھەب-
بەتنىڭ ئارزۇلىغۇدەك نېمىسى بار ؟ «ئېشىكى يوق موللامنىڭ
قۇلىقى تىنچ» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ سەن ؟

— ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ دېگەن گەپنىڭ تازا
ئاساسى يوق جۇمۇ ، — ئالىمخان سىرلىق كۈلۈپ قويدى ، —
موللامنىڭ ئېشىكى بولمىسا ، پىيادە قالىدىغان گەپ . ئادەمگە ئۆمە-
رىدە بىر كېلىدىغان ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا بىرەر ئەسلىمە قالدۇر-
مىسا قانداق بولىدۇ ؟ مانا ، ئالىمجانمۇ تاھىر دەيدىغان بىرسىدىن
پىچاق يەپتۇ . بىراق ، ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق ۋەقەگە دۇچ
كەلگىنىنى بىلەمسەن ؟ بۇمۇ مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدىغان سەرگۈ-
زەشت .

— ئۇلارنى جېدەللىشىپ قېلىپ پىچاق كۆتۈرۈشۈپتۇ دەپ
ئاڭلىدىم .

— شۇنداق ، ئالىمجان سەن ئۇچۇن پىچاق يىدى ، — دېدى ئالىمخان ئەستايىدىل قىياپەتتە ، — تاھىر بىر ھاراق سورۇنىدا سەن توغرۇلۇق يامان گەپ قىلغانىكەن . بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان ئالىمجان ئۇنىڭ بىلەن ئېتىشىپ قاپتۇ ۋە چالا مەستلىكىدە دوئىلغا چۇشۇپتۇ . تاھىر نامەرد بىرنېمە ئوخشايدۇ ، مۇشتلىشىۋېتىپ ئالىمجانغا پىچاق ساپتۇ . بولغان ئىش مۇشۇنچىلىك . ئالىمجان پىچاق يېگەندەك قىلغىنى بىلەن ، سەن ئۇچۇن شۇنداق بىر ئىش قىلالىغىنىغا ئۆمۈر بويى خۇشال بولىدۇ .

— نېمە ، تاھىر مەن توغرۇلۇق يامان گەپ قىپتىمۇ ؟ — رىسالەتنىڭ كۆزلىرى ھېلىلا چاچراپ چىقىدىغاندەك پولتايدى . ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تاھىرنىڭ ئەينى چاغدا «سەن ھامىنى پۇشايمان قىلىسەن ، ماڭا قىلغانلىرىڭغا بەدەل تۆلەيسەن» دېگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى .

— سەن تېخىچە ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغانمۇ ؟ — سورىدى ئالىمخان ھەيران بولۇپ ، — شۇنداقمۇ جاھاندىن بىخەۋەر يۈرەمسەن ، رىسالەت ؟ ئادەم دېگەنگە كىتابلا ئەسقاتمايدۇ . جاھاننىڭ ئىشلىرىدىنمۇ خەۋەردار بولۇشنى ئۆگىنىۋال ، قىزچاق . تاھىرنىڭ ئاشۇ ھاراق سورۇنىدا سەن توغرۇلۇق دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىمىغان بولساڭ بولدى ، ئۇنىڭغا قۇلاق سالما . ئىشقىلىپ ئۇ سەن ئاڭلاشقا تەقەززا بولغۇدەك گەپمۇ ئەمەس . سېنىڭ نامىڭغا بىۋاستە تاقىشىدۇ . ئالىمجانمۇ ئوغۇل باللىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويدى . تاھىر بىزنىڭ يۇرتتىن چىققان بىر مەلئۇن ، ئۇنىڭ خامىرىنى بۇرۇنراق ئېزىش كېرەك ئىدى .

— سادىغاڭ كېتەي ئالىمخان ، ئۇنىڭ مەن توغرۇلۇق نېمە دېگەنلىكىنى بىر ئاڭلاپ باقايچۇ ؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇقماي يۈرۈپتىمەن . مانا ئەمدى سەن ئىچىمگە بىر پارچە ئوت تاشلىدىڭ . ئەمدى مەن ئۇنىڭ تېگىگە يەتمىسەم ، ئۆلسەممۇ كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ . ماڭا ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەر .

— بىراق ، سەن ئالەمنى مالەم قىلىپ ، ماڭا ئاۋارىچىلىك

تېپىپ بەرسەڭ ، قانداق قىلىمەن ؟ مېنىڭ گەپ توشۇيدىغان ئادىتىم يوق جۇمۇ .

— مەن ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالسامىلا بولدى . ھەرقانچە ۋارقىراپ - جارقىرىسامىمۇ چاناقتىن چىققان كۆز ئەسلىگە كەلمەيدۇ ، ئاداش . ساڭا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەيمەن .

— ئەمىسە ئۆپكەڭنى بېسىۋال ، رىسالەت ، — دېدى ئالىمىخان ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ قويغاندىن كېيىن ، — تاھىرنىڭ جۆيلۈشىچە ئۇ بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتىن كېيىن سېنى يولدا تۇتۇۋېلىپ تېپىشۇەتكەنمىش ... ئالىمجان بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر قىزنىڭ نامى بىلەن ئويناشقان ئۇ مەلئۇنغا جەڭ ئېلان قىپتۇ . جېدەلنىڭ باشلىنىش سەۋەبى شۇ ئىكەن . سېنىڭ بۇنى ئاڭلىمىغىنىڭ قىزىق - دە .

رىسالەت قۇلىقىنى ئېتىۋالدى . ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندى . كۆزلىرىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى . دۇنيادا مۇنداقمۇ شەرمەندە بولغان بارمۇ ؟ بىر قىزنىڭ نام - ئابرۇيى بىلەن ئويناشقان ئۇنداق ئادەمنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ ؟ رىسالەت كەينىگە ياندى ۋە مەكتەپ دوختۇرخانىسىغا قاراپ يول ئالدى . ئالىمخان رىسالەتنىڭ پەيلى بۇزۇلغانلىقىنى بىلىپ ، پېشىگە ئېسىلدى .

— نەگە بارىسەن ، رىسالەت ؟ ھېلىلا سەن ماڭا ۋەدە بەرگەن ، بىرەر ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەيمەن دېگەن ...

رىسالەت ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ ، يۈگۈرگەن پېتى دوختۇرخانىغا كەلدى . ياتاقمۇ ياتاق ئىزدەپ يۈرۈپ ، بىر چەتتىكى ياتاقتا تۇرۇسقا قاراپ ياتقان تاھىرنى تېپىۋالدى . ئىشىكنىڭ زەرب بىلەن ئېچىلىشىدىن چۆچۈپ كەتكەن تاھىر ئۆزىگە قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەلگەن رىسالەتنى كۆرۈپ ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى .

— سىز ... رىسالەت ، نېمە ... قىلماقچىسىز ؟

رىسالەتنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى . ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ ، تاھىرنىڭ ئاسما ئوكۇل ئورۇپ قويۇلغان بىلىكىنى غەزەپ

بىلەن چىشلىدى . تاھىر ئاغرىق ئازابىدىن تولغىنىپ ، ياۋا چوشقىدەك چىرقىراپ كەتتى . ياتاقتىكى قىيا - چىيانى ئاڭلى- غان دوختۇر - سېستىرالار يۈگۈرۈپ كىرىشتى . تاھىر ئاغرىق ئازابىدىن ھوشىدىن كەتكەن ، چىرايى قاپاقنىڭ لېشىدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى . ئالىمخانىمۇ ياتاققا كىردى . بولغان ئىشلارنى كۆرۈپ ، قورققىنىدىن يۈرىكى يېرىلىپ كېتىشكە قىل قالدى . ئۇ تاھىرنىڭ بىلىكىدىن رىسالەتنىڭ ئېغىزىنى ئاجرىتالماي ھەپىلىشىپ يۈرگەن دوختۇرلارنىڭ يېنىغا باردى .

— جېنىم رىسالەت ، قويۇۋەت ، قويۇۋەت دەيمەن . ئادەم تۇرۇپ ئىت بىلەن تالىشىپ - چىشلىشىپ يۈرسەڭ بولمايدۇ . مېنى ئايىغىن رىسالەت ، يۈزۈمنى قىلىپ بولسىمۇ ، ئۇنى قويۇۋەت- كىن …

— ئېغىزىڭىزنى ئېچىڭ ، ئۇنداق قىلماڭ ، ھەر ئىش بولسا چىرايلىقچە ھەل قىلايلى .

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ ؟ تومۇر ئۈزۈلۈپ كەتتى ، قان چىقىۋاتىدۇ …

— بولدى قويۇۋېتىڭ… !

رىسالەتنىڭ قۇلىقىغا ھېچنېمە كىرمەيتتى . ئالىمخانىمۇ ، دوختۇر - سېستىرالارمۇ ئۇنى ئاجرىتالمىدى . رىسالەت تاھىرنىڭ بىلىكىنى جان - جەھلى بىلەن چىشلىگەچكە ، چىشلىرى كىرىشىپ قالغانىدى . ئۆزىمۇ ھاسىرىغىنىچە خىرقىراپ ياتاتتى . ئاقۋەت دوختۇرخانا باشلىقى ياتاققا كىرىپ كەلدى ۋە رىسالەتنىڭ چېكىسى- نى ئۇۋۇلىغىنىچە ئۇنى تارتقۇشلىدى . ئۇ يېپى ئۈزۈلگەن لەگلەك- تەك بوشاپ زەرب بىلەن تاھىردىن ئاجرىدى ، ئەمما ئېغىزىدا بىر پارچە گۆش ساڭگىلاپ تۇراتتى . ئۇ تاھىرنىڭ بىلىكىدىن بىر چىشلەم گۆش يۇلۇۋالغانىدى .

شۇ ئىشتىن كېيىن رىسالەت بىرنەچچە كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى . ئۇنىڭ دەرسلەردىكى ئاساسى ياخشى بولغىنى ئۈ- چۈن ، ئىمتىھانلارنى يەنىلا كۆڭۈلدىكىدەك بەردى . ئەمما ، ئۇ بىر

نىمىسىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك تۇتقان ـ قويغىنىنى بىلمەي يۈرەتتى . ئارىدا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىدىن يۈز بەرگەن ۋەقەنى تەكشۈرۈشكە ئادەم كەلدى . بىر نەچچە كۈنلۈك تەكشۈرۈش-تىن كېيىن گۇناھنىڭ يەنىلا تاھىردا ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ يامان غەرەز بىلەن رىسالەتنىڭ نامىغا داغ كەلتۈرىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى تارقاتقانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى . نىياسەم خانىم ۋە باشقا ئوقۇتقۇ-چىلار رىسالەتكە كۆپ قېتىم تەربىيە بېرىپ ، ئۇنىڭ قەددىنى رۇس-لىشىنى ، باشقىلارنىڭ ئۆسەك سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماسلىقىنى تا-پىلىدى .

46

قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقى داۋاملاشماقتا ئىدى . كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە ، نەچچە ئون يىلدىن بېرى بۇنداق قاتتىق سوغۇق بولۇپ باقمىغان . يەرلەر يېرىلىپ ، تىرەكلەر ۋاراسلاپ ئېتىلغان ، قېلىن ياغقان قاردىن دەرەخ شاخلىرى سۇنغانىدى . سوغۇق مۇشۇنداق بولىۋەرسە ، يەر يۈزىدە ھەممە نەرسە توڭلاپ قېتىپ كېتىدىغاندەك بىر تۇيغۇ ئادەمنى ساراسىمىگە سالاتتى .

سۇلايمان قاسىم ئەتىگەندىلا ئىدارىگە كەلدى . ئىدارە قورۇسى-نى قېلىن مۇز تۇتۇپ كەتكەنىدى . بىنا تورۇبىسىنىڭ قايسىدۇر بىر يېرى يېرىلىپ كېتىپ ، كىچىچە مەيدان ۋە قورۇ ئەتراپى سۇغا تولۇپ كەتكەن ، ئاقىۋەت بۇ سۇ قاتتىق سوغۇق تەسىرىدىن مۇزغا ئايلانغانىدى . بۇنى كۆرۈپ ياسىنجاننىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى . ئۇ قا-رامتۇل لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىگەن ، قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا مەي-دان ئەتراپىدا قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە پىرقىراپ يۈرەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ ھەرىكىتى بىلەن ئىسلاھاتچىلارغا خاس روھىنى نامايان قىلىشقا تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇ زىياننى مۆلچەرلى-مەكتە ئىدى . ھوشۇر سەلەينى ئەدەپلەشنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ياخشى پەيتى بارمۇ ؟ خۇدايىم ئۇنى بۇگۈن بىر يۈلىگەنىدى . نەچچە ۋاقىت-

تىن بىرى قۇيرۇق تۇتقۇزماي كەلگەن ھوشۇر سەلەي بۇگۇن ئۆز قولى بىلەن كاللىسىنى ئۇنىڭغا سۇنغاندى . چۇنكى ، ئۇ دېگەن ئىدارىنىڭ ئامانلىق ، تازىلىق ، بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل - دە ! ئىدارىنى سۇ باستى دېگەنلىك — بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا ياتىدىغان مەسىلە . يەنە كېلىپ ئۇ نۇرغۇن ئىقتىسادنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ . بۇنىڭ ھەممىسىنى ھوشۇر سەلەي ئۇستىگە ئېلىشى كېرەك ...

ياسىنجان پۇتىنى ئېگىز كۆتۇرۇپ ، يەرگە ئاۋايلاپ دەسسەپ مۇز تۇتقان مەيداندىن كېسىپ ئۆتتى ۋە ئىشخانىسىغا ئالدىراش كىرىپ كەتتى . بىرپەستىن كېيىن ئىدارە بويىچە جىددىي يىغىن ئېچىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقىتىلدى . ھەممەيلەن رو- ھى چۇشكەن ھالدا يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كېلىشتى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىر - بىرىگە ۋەھىمىلىك تىكىلەتتى ، توپنىڭ ئارقىسىدا پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان ھوشۇر سەلەيگە يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويۇشاتتى . مەجلىسخانا ئىچى گۆردەك سۇكۇتكە پاتقانىدى .

بىر چاغدا ئىشىك قاتتىق ئېچىلىپ ، ياسىنجان قاپقىنى تۇر- گىنىچە كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ قېلىن پەلتوسىنى ئىدارە كاتىپى يۇسۇپچان كۆتۇرۇۋالغانىدى . ئۇ مۇنبەرگە كېلىپ ئېغىر پۇشۇلداپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ، پەستە ئەمدى نېمە ئىش بولاركىن دېگەندەك ئۆزىگە ئەندىشىلىك قاراپ ئولتۇرغان كۆپچىلىككە يۇزلەن- دى .

— يولداشلار ، — دېدى ئۇ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا ، — ئىدارىنىڭ نېمە بولۇپ كەتكىنىنى ھەرقايسىڭىز كۆرگەندىمىز ؟ بۇ مۇشۇ ئىدارە قۇرۇلغاندىن بۇيان ، بولۇپمۇ مەن مۇشۇ ئىدارىگە باشلىق بولۇپ كەلگەندىن بۇيان ، بىخەتەرلىك جەھەتتە كۆرۇلگەن ئەڭ ئېغىر ۋەقە . يول ۋە مەيدانلار مۇز تۇتۇپ كەتكەچكە ، يولداش- لارنىڭ ئىشقا كېلىش - كېتىشى ئېغىر كاشىلىغا ئۇچراپ ، خىز- مەتلەرنى نورمال قانات يايدۇرۇش تەسكە توختايدىغان بولدى . بۇ-

نىڭدا ئىدارىمىزنىڭ ئىشچىسى ھوشۇر سەلەيىنىڭ بىۋاستە مەسئۇ-
لىيىتى بار . ئۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالغان . دائىم تەكشۈ-
رۈپ تەتقىق قىلىپ ، ۋەقە كۆرۈلۈش مۇمكىنچىلىكى بولغان يەر-
لەرنى ۋاقتىدا بايقاپ ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا سەل قارىغىنى
ئۈچۈن ، ئىدارىمىزدە مۇشۇنداق ئېغىر ۋەقە كۆرۈلدى . بۇنىڭ
مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرمەي بولمايدۇ . يولداش ھوشۇر سەلەي-
نىڭ ئىدارىدىكى ۋەزىپىسى ئېغىر تارقىتىش ئەمەس ، ئىدارىنىڭ
بىخەتەرلىكىگە ، ئامانلىقىغا ، تازىلىق ئىشلىرىنىڭ ئۆلچەملىك بو-
لۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ! شۇڭا ، ئۇنىڭ بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىسىد-
نى قايتىدىن ئېسىگە سېلىش ، بولغان زىياننى تونۇتۇش ئۈچۈن ،
ئىدارە مەسئۇللىرى كېڭىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىككى مىڭ يۈەن
جەرىمانە قويۇش ، مەيداندىكى مۇزنى بۇگۈندىن قالدۇرماي يۆتكىۋې-
تىش ، بۇزۇلغان تورۇبىلارنى رېمونت قىلىش ھەققىنى ئۆزى تۆ-
لەش جازاسى بېرىپ ، زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشنى
قارار قىلدۇق . ئۇنىڭدىن سىرت ، ھوشۇر سەلەي ئۆزىنىڭ
قىلمىش - ئەتمىشلىرى ھەققىدە تەكشۈرۈشنامە يېزىپ تاپشۇرىدۇ .
ھەممەيلەننىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . ياسىنجاننىڭ
چىرايىدا پۇخادىن چىققاندەك بىر خىل ھاياجانلىق كۈلكە مەۋج
ئۇرماقتا ئىدى . ئۇ بارماقلىرىدىن قاس چىقارغىنىچە كىرىلىپ
قويدى ۋە ھەممەيلەنگە بەكشى قاراپ چىقتى . زالدىكى نەچچە ئادەم-
دىن باشقىلارنىڭ ئېغىزلىرىدا سۇس ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان
تاماكا چىشلىنىپ تۇراتتى . كەيپىيات ئىنتايىن ئېغىر ئىدى .
— بۇ جازا سەل ئېشىپ كەتتىمۇ نېمە ؟ — پەستىن ھوشۇر
سەلەيىنىڭ يىغلىغاندەك تىترەڭگۈ ئاۋازى ئاڭلاندى ، — تورۇبىنىڭ
يېرىلىپ كېتىشىنى بىلگەن بولسام ، كېچىچە قوچاقلاپ بولسىمۇ
ئولتۇرغان بولاتتىم . سوغۇقنى مەن كەلتۈرۈپ چىقارمىغان . شۇ-
ڭا ، تورۇبىنىڭ يېرىلىپ كېتىشىدە مېنىڭ بىۋاستە مەسئۇلىيىد-
تىم يوق ، ئۇ دېگەن مۆلچەرلەش قىيىن بولغان بىر قېتىملىق
ھادىسە . شۇڭا ، تەشكىلنىڭ بۇ تەرەپلەرنى ئويلىشىپ ، ماڭا مۇۋا-

پىق چارە كۆرۈشنى تەلەپ قىلىمەن .
— بىز ھەممە تەرەپنى ئەتراپلىق ئويلاشتۇق ، — ياسىنجان ئۇنى مەنسىتمىگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ دېدى ، — خەتەرنى ۋاقتىدا بايقىغان بولساق ، مۇنداق ھادىسە كېلىپ چىقمايتتى . بىۋاسىتە مەسئۇلىيەت يەنىلا ھوشۇر سەلەينىڭ زىممىسىدە ، شۇڭا ئەتىدىن قالدۇرماي جەرىمانىنى ئىدارە مالىيىسىگە تاپشۇرغاندىن سىرت ، مۇزلارنى بۇگۇنلا يۆتكەپ بولۇشى كېرەك . بۇزۇلغان تۇرۇبىنى ۋودۇپورۋوت شىركىتىدىن ئادەم ئەكەلدۇرۇپ ئوڭشىتىمىز ، رېمونت ھەققىنى شىركەتتىكىلەر بېكىتىدۇ ، ھوشۇر سەلەي تۆلەيدۇ .
— مەندە ئىسسىق جاندىن باشقا ھېچنېمە يوق ، تۆلىيەلمەيمەن .
— خۇلقى بەلەن قىزلىرىڭ باركەنغۇ ؟ شۇنى سېتىپ بولسىمۇ تۆلەيسەن .
— نېمە دېدىڭ ؟ — ھوشۇر سەلەينىڭ چىرايى تاتىرىپ ، كۆزلىرى چانىقىدىن چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچەيدى ، — يەنە بىر دېگىنە ، سەنمۇ ئاتىمۇ ؟ سېنىڭ ئېغىزىڭدىن نېمە چىقىۋاتىدۇ ؟ بۇ دېگەن بىر ئىدارىنىڭ بېشىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدىغان گەپمۇ ؟
— بۇ گەپ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئېغىزىدىن چىقسا نېمە بوپتۇ ؟ پۇل بولمىسا قىزلىرىڭنى سات ، نېمە قىلساڭ قىل ، زىياننى تۆلىمەي ھەددىڭ ئەمەس ، بولمىسا كۆزدىن يوقال ! سەندەك لەقۋالارغا بۇ يەردە ئورۇن يوق !
ياسىنجاننىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ ھوشۇر سەلەي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ، قاچانلاردىدۇر سۇنۇپ ، بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ قويۇلغان ئورۇندۇقنىڭ پاچىقىنى ئېلىپ ، سەھنىگە قاراپ ئېتىلدى .
— نې ··· نېمە قىلماقچىسەن ؟ سە ··· سەن ··· ۋايجان ··· ئادەم بارمۇ ؟

ياسىنجاننىڭ سوئالى ۋايجانغا ئالماشتى . هوشۇر سەلەي قولىدىكى ئورۇندۇقنىڭ پۇتى بىلەن ئۇنىڭ باش ـ كۆزىگە ئاۋايلىماي ئۇرۇشقا باشلىدى . تاياقتا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ياسىنجان كىمدىندۇر مەدەت تىلىگەندەك پەستىكىلەرگە قارىدى . بىر ـ ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇۋىدى ، يەنە بىر نەچچەيلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاماكا كۆتۈرۈپ باردى ۋە سەپ تۈزۈپ ئۇلارنى توسۇۋالدى . ياسىنجانغا تاياق تاراسلاپ تەگمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ چېكىسى يېرىلغان ، قىپقىزىل قان مەڭزىنى بويلاپ ئاقماقتا ئىدى . نىھايەت ، ياسىنجان زالنى تاشلاپ سىرتقا قاچتى ، هوشۇر سەلەي تاپ باستۇرۇپ بېرىپ ، ئۇنى دۇمبالىدى . ياسىنجان مۇز تۇتۇپ كەتكەن مەيداندا يىقىلىپ ـ قوپۇپ قاچماقتا . ئۇنىڭ بوغۇزلىنىۋاتقان كالىنىڭكىدەك سەت ئاۋازى ، هوشۇر سەلەينىڭ غەزەپ بىلەن ۋارقىراشلىرى پەستىن ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

— بۇ ئىدارە سېنىڭ ئاناڭدىن قالغانمۇ ؟ هە دېسە كۆزدىن يىت دەيسەن ، ئىتنى قوغلىغاندەك قوغلايسەن ، بىز سېنىڭ سېتىۋالغان شەخسىي قۇلۇڭمۇ ؟ مەن قىزىمنى ساتامدىمەن ؟ قىزىمنى ساتامدىمەن ؟ مەن شۇنداق ئادەممۇ ؟ كېلە پەسەندى ، هايۋان . قىزىنى سېتىش دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قوياي …

زالدىكىلەرنىڭ پىغانى بىراقلا چىقىپ ، كۆڭلىدە ئىللىق بىر سېزىم پەيدا بولدى . سۇلايمان قاسىم دېرىزىدىن پەسكە قاراپ ، ياسىنجاننىڭ قېچىپ كېتىۋاتقان ئىتنىڭكىدەك تۇرقىغا ، هوشۇر سەلەينىڭ قۇترىغان بۇقىدەك بۇغۇنۇقىشىغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى . ئىچىدە بولسا : «سالە هوشۇركا ، تېخىمۇ قاتتىقراق سال ، ئەمما ئۆلتۈرۈپ قويما» دەپ پىچىرلايتتى .

ئۇ ئىشتىن كېيىن ئىدارە ئىچى تىنچىپ قالدى . ياسىنجان بىرنەچچە كۈن دوختۇرخانىدا يېتىپ چىقتى . تۇرمۇشتا شۇنداق ئادەملەر بار ، بىر پۇلغا ئۇنىمايدۇ ، زىيان بېسىپ كەلگەندە بولسا غىڭ قىلمايدۇ . دەشنام يېسە ، بەش نان يېگەندەك بولدۇم ، دەيدۇ.

غان بۇنداق ئادەملەرنى ياخشى سۆز بىلەن قىناقتا كەلتۈرمەك بەكمۇ قىيىن . ئەمما ، ئۇلار بىر قېتىم ئەستىن چىقمىغۇدەك تاياق يەۋال-سا ، خۇددى سىلىقلاش مېيى سۈرۈلگەن چاقتەك شۇنداق سىلىقلى-شىپ كېتىدۇ .

ياسىنجانمۇ بۇ قېتىم يېگەن تايىقنىڭ سۈرۈشتىسىنى قىلمى-دى . كىمدۇر بىرى گۇناھنىڭ ئەسلىدىن ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويدىمىكىن ، ئۇ ئىدارىگە ھېچ ئىش بولمىغاندەك قاي-تىپ كېلىپ ، شۇنداق مۇلايىم ، رايىش بىر كەيپىياتتا ئىشقا چۈش-تى . بەلكىم ، ئۇ كالتەك كۆتۈرۈۋالغان ھوشۇر سەلەينىڭ ئالدىدا تۆت پۇتلۇق بولۇپ قاچقىنىدىن ئۇيۇلۇپ ، باشقىلارغا تېرە تاراقشى-تىشتىن يالتىيىپ قالغاندۇ . ئەمەلىيەتتە ياسىنجان ئىلگىرىكىدەك قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ، ۋارقىراپ - جارقىراپ ئىدارىنى بېشىغا كىيىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايتتى . ئىدارىدىكىلەر ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ھەيران بولۇپ ، بىر - بىرى بىلەن شۇنداق پىچىرلىشات-تى :

— ھوشۇركامنىڭ تايىقى پايدا قىپتۇ . ئۇنىڭ بۇ خۇيىنى بىلگەن بولساق ، بۇرۇنراق بىر ساۋايدىغان ئىشكەن .

— ئەمدى خوتۇنۇم بېشەملىك قىلسا ، ھوشۇركامغا ساۋىتىمەن .

— ياسىنجاننى ئۇششىغان ھوشۇركامنىڭ خوتۇنۇڭنى سىز-غان سىزىقىڭدىن چىقمايدىغان قىلىۋېتىشىدە گەپ يوق .

— مۇنداق قولى شىپالىق ئەمچىنى بۇرۇنراق بايقىمىغانلى-قىمغا ئۆكۈنۈۋاتىمەن ...

سۇلايمان قاسىم ساپادا يانپاشلاپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى . ئىشىك قېقىلدى . زۇلخۇمار يورغىلاپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى . بوسۇغا تۈۋىدە ھوشور سەلەي بۇرنىنى كولىغىنىچە قاراپ تۇراتتى . ئۇنى كۆرۈپ ، زۇلخۇمار ئىشىكنى ئۇلۇغ ئاچتى .

— كىرسىلە ھوشۇركا ، نېمەدەپ ئىشىكنى قېقىپ يۈرۈيلا ؟

كىرىۋەرسىلە .
ئۇ پۇتىنى ئىشىك ئالدىدىكى پالازغا سۈرتۈپ ، بىرمۇنچە ھەشەم قىلغاندىن كېيىن ، ئۆيگە كىرىپ كەلدى .
— تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپسەن - دە ، ئۇكام ، — دېدى ھوشۇر سەلەي سۇلايمان قاسىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ، — سەن بىلەن قىلىشىدىغان ئازراق مەسلىھەت بار ئىدى ، ۋاقتىڭ چىقارمۇ ؟
سۇلايمان قاسىم بىلىنى رۇسلىدى ۋە ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇردى . زۇلخۇمار ئۇلارغا بىر پىيالىدىن چاي سۇنغاندىن كېيىن ، تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان قۇددۇسنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى .
— نېمە ئىش ئىدى ، ھوشۇركا ؟ — دېدى ئۇ چايدىن بىر ئوتلىۋېتىپ .
— ئەمدى ئۇكا ، مەن يولۋاسنىڭ چىشىنى كولىغاندەك بىر ئىش قىلىپ قويدۇم . ياسىنجان ھازىر ھېجىيىپ يۈرگىنى بىلەن ، ئۇنىڭ كېيىن نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ . باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە ، ئۇ يۈرىكىدە چىشى بار ئادەممىش . بۇنداق ئادەمدىن قورققۇلۇق ئۇكام . شۇڭا ، ئىسسىقىدا دەم ئېلىشقا چىقىۋالايمىكىن دەيمەن . ئاڭلىسام سىنىڭ سەلىمجان ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىڭ بارمىش . مەخسۇس مۇشۇنداق ئىشلارنى بېجىرىدۇ دەيدۇ . ئاشۇ دوستۇڭ بىر ياردەم قىلىۋېتەرمۇ ؟
— بۇنى كىمدىن ئاڭلىدىڭىز ، ھوشۇركا ؟ — سۇلايمان قاسىم سەل قىزىقىپ سوراپ قويدى .
— بىزنىڭ ئادالەت شۇنداق دەيدىغۇ ؟ — ھوشۇر سەلەي ئورا كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ قويدى ، — ئۆيدە ئانىسى بىلەن مۇشۇ گەپلەرنى قىلىشىۋاتساق ، ئادالەت يېنىڭىزدىلا مازار تۇرسا ، تاۋاپ قىلغىلى نەگە بارىسىز ، دەيدۇ .
— ھەي ھوشۇركا ، — سۇلايمان قاسىمنىڭ نەپسى ئاچچىقتىن بىرئاز تېزلەشتى . ئۇ ئادالەتنىڭ سەلىمجاننى تىلغا ئالغىنىدىن بىرئاز خورلۇق ھېس قىلغانىدى ، — تەلەيسىز سۇغا بارسا

ئۆستەڭگە ئېشەك تېزەكلەپتۇ ، دېگەننى ئاڭلىغانمۇسىز ؟ مانا ، بىر ئوبدان ئىش چىققاندا ، ئۇ ئاداش كۆتىدىكى شاترىقىنى ئادالىيالماي ئاۋارە . ئۇنى ئەمەت ھاجى دېگەن بىرسى ئوڭدا قويدى . ھازىر ئۇنى باشقا بىر خىزمەتكە يۆتكىۋەتتى . ھازىر ئۇنىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ . بەك بولمىسا ئادالەت تونۇش بولغاندىكىن ، ئۇنىڭغا دەپ باقسۇن ...

— ئۇكام ، نېمە دېگىنىڭ بۇ ؟ — ھوشۇر سەلەينىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى ، — بىزنىڭ ئادالەت ئۇنىڭ بىلەن نەدە يۈرۈپ تونۇشىدۇ ؟ بەلكىم ، ئۇ سېنىڭ ئاشۇ مازار ئىلاھى بىلەن تونۇشلۇقۇڭنى بىرسىدىن ئاڭلىغاندۇ . ماڭا ئۇنداق گەپنى قىلما . مەن چىدىمايمەن .

سۇلايمان قاسىم ياسىنجاننىڭ بىر ئېغىز گېپى ئۈچۈن ئېشەكتەك دۇمبالانغانلىقىنى ، شۇنچە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا قاچ - قاچقا قالغىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . توغرا ، بۇ ئادەمگە قىزلىرى ھەققىدىكى ھەرقانداق يامان گەپ ئېغىر كېلەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ناچار گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە كۈلۈپ قويدى :

— بولدى ھوشۇركا ، مەن سىزگە چاقچاق قىلدىم . ئادالەتنىڭ قانداقلىقىنى مەن بىلمەمدىمەن ؟ بولدى ، سەپرالىق قىلماڭ . ئەمدى بۇ ئىشنى قانداق ھەل قىلساق بولار ؟ سەلىمجان راستىنلا ھازىر بۇ خىزمەتتە ئەمەس . ئۇ تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىرمۇنچە پۇل بىلەن بىر ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلدى . ئەمدى ئۇنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرمىكى ئاسان ئەمەس .

ھوشۇر سەلەي ئاچچىق تاماكىنى بولۇشىغا شوراپ ، ئېغىز - بۇرنىدىن قويۇق ئىس چىقىرىشقا باشلىدى .

— ئالدىرىماڭ ، بۇنىڭ بىر يولى بولۇپ قالار ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ چىنىسىگە چاي ئىلىلاۋېتىپ ، — بەلكىم ياسىنجان تاياق زەربىسىدىن قىزىتىلغان زاغۇن يېغىدەك چۈچۈگەن بولسا ، ئاچچىقىمۇ قالمىغاندۇ . ئۆزىنىڭ خاتا بولغاندىكىن ، بۇ ئىشنى قايتا تەگەپمۇ ئولتۇرماس .

— لېكىن ئۇكام، مەن سەل قورقۇپ قالدىم. بۇ مېنىڭ يۈرەكسىزلىكىمدىن ئەمەس. ئاشۇ غۇجىلارنىڭ بىر كۈنلەر كېلىپ باللىرىمغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئادالەت چوڭ بولۇپ قالدى، شاپائەتمۇ بوي تارتىۋاتىدۇ. قىز بالا دېگەن ئۇششاق يىپشىنى تۈگەتسە، تۈۋگە ئاق ئۇغۇت بەرگەن قوناق مايسىدەك يوغىنايدىغان گەپ ئىكەن. ئۇلارنى بىرسى چىشلەپ تارتسا پەقەتلا چىدىمايمەن، كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ، ئۇكام.

— ئىشقىلىپ بىر ئۆيدە قىز چوڭ قىلماق، چوڭ بولغان قىزنى بىرسىگە خاتىرجەم تاپشۇرماق ئاسان ئەمەس، — دېدى سۇلايمان قاسىم تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قېقىۋېتىپ، — قىز چوڭ قىلغان ئادەم قوغۇن باققان ئادەمگە ئوخشايدۇ. كۈزلەك ياخشى بولمىسا، قوغۇننى ئوغرى ئالغاندەك، قىز چوڭ قىلغان ئاتا - ئانىمۇ سەگەك تۇرمىسا بولمايدۇ. سىزمۇ باللارغا بولغان نازارەت - چىلىكنى بىرئاز چىڭىتىڭ ھوشۇركا. قىز بالا دېگەن بەئەينى پاشىغا ئوخشايدۇ، بەك چىڭ تۇتۇۋالساڭ ئۆلۈپ بېرىدۇ، سەل بوش قويۇۋەتسەڭ ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزىمۇ يامان. «يامان گەپ تاشنى يارار» دېگەن تەمسىل بار. سىزمۇ سەگەك تۇرمىسىڭىز بولمايدۇ.

— ئۇكام سۇلايمان، گېپىڭىزدىن بىرئاز ھەيران قېلىۋاتىمەن، سەن قىزلىرىم توغرىسىدا بىرەر يامان گەپ ئاڭلىدىڭمۇ، نېمە؟ — ھوشۇر سەلەي ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى، — ناۋادا شۇنداق ئىش بولسا مەن بۇ پاسكىنىلارنىڭ پاچىقىنى چېقىۋېتىمەن. قازناقتا سولاپ قويۇپ، تۈگۈلۈكتىن نان تاشلاپ بېرىپ باقىمەن. قىزلىرىمنىڭ پوقىدا تېپىلسام بولمايدۇ، جېنىم ئۇكام…

ھوشۇر سەلەينىڭ كۆز جىيەكلىرى ياشقا تولدى.

— مەن مەسىلەنگە دەۋاتىمەن، ھوشۇركا، — سۇلايمان قاسىم سەل تېرىككەندەك ئۈنلۈك قىلىپ دېدى، — راست گەپنى قىلسام، مەن قىز چوڭ قىلىپ باقمىغان، شۇڭا قىز باققان ئادەم - نىڭ دەردىنى ئۇنچىۋالا بىلىپمۇ كەتمەيمەن. ئەمما، جەمئىيەتنى

كۆرۈپ تۇرغاچقا ، مەسىلەنگە دېگىنىم بۇ . نېماندىق ھەممىنى ئۆزد-
ڭىزگە ئېلىۋالىسىز ؟
— رەنجىمە ئۇكام ، — ھوشۇر سەلەي ئۇنىڭغا قاراپ ئاچ-
چىق كۈلۈمسىرىدى ، — ياسىنجاننىڭ ئۆتكەندە چوڭ يىغىندا
دېگەن گېپىنى ئاڭلىغاندىن بېرى سەل خۇدۇكسىرەيدىغان بولۇپ
قالدىم . سەن توغرا دەيسەن ، قىز بالا دېگەن كىچىكىدە بالا ئىكەن ،
چوڭ بولسا باش ئاغرىقىغا ئايلىنىدىكەن . مېنىڭ يۈرىكىمنى ئادا-
لەت يەپ كېتىۋاتىدۇ ، ئۇكام . مۇشۇ كاساپەتنىڭ تۇخۇمى پالاق
چىقىپ قالمىسىدى ، دەپ يۈرىكىم سۇ .
سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ چىرايىغا ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك ئىن-
چىكىلىك بىلەن سەپسالدى . نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۈزلىرى چىمىل-
دىغاندەك بولۇپ ، نەزەرىنى ئىتتىكلا ھوشۇر سەلەينىڭ كۆزلىرى-
دىن ئېلىپ قاچتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھىجران ياشلىرى-
نى تۆكۈپ تۇرغان رىسالەت پەيدا بولدى . ئۇ سۇلايمان قاسىمغا
قاراپ كۆزىنى قىساتتى ، تىلىنى چىقىراتتى ، چىرايىنى پۈرۈشتۈ-
رەتتى . ئۇ ئاشۇ شوخلۇقلىرى بىلەن دادىسىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان-
دەك ئىدى . سۇلايمان قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە قانداقتۇر
بىر ئىشنى باھانە قىلىپ ، ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ھوشۇر
سەلەي پىيالىدىكى چاينى غورتۇلدىتىپ ئىچىش بىلەن ئاۋارە ئىدى .
ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ چىرايىدا كۆرۈلگەن نورمالسىزلىقنى پەقەتلا
سېزەلمىدى .
بىر كېچە يەنە تىپتىنچ ئۆتۈپ كەتتى . تاڭ يورۇقلۇقىدا گىد-
رىمسەن كۆرۈنۈپ تۇرغان بىنا تېخىچە ئۇيقۇسىغا قانمىغاندەك
خامۇش ھالەتتە چوقچىيىپ تۇراتتى . شەھەر رەستىسى تەرەپتىن
رادىئو كانىيىدا قويۇپ بېرىلگەن قايسىدۇر بىر ناخشا ئاڭلىنىپ
تۇراتتى . كوچىلار سوغۇقتىن توڭ تېزەكتەك قېتىپ كەتكەن ،
ساغرىسىغا ئىسسىق ئۆتمىگەن ھۆپىگەرلەر تېخىچە سودىسىنى باش-
لىمىغان ، كېچىچە قىزلارنى توشۇپ توختىمىغان تاكسىلار ھارغىن-
لىق ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن چارچاپ كەتكەندەك ، ئىزىلەڭگۈلۈك بى-

لەن ئاستا كېتىپ باراتتى .
سۇلايمان قاسىم ئىدارىگە كېتىۋېتىپ سوغۇق شامال كېزىپ تۇرغان رەستىگە قاراپ قويدى . بىر ئۆلۈك توخۇنى پۇراپ تۇرغان لالما ئىت ئۇنى كۆرۈپ ، قۇيرۇقىنى بوشقىنا شىپاڭشىتىپ قويدى . ئىتنىڭ گويا كونا تونۇشلاردەك ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرگىنىنى كۆرۈپ ، سۇلايمان قاسىم ئۆزىچە كۈلۈمسىرىدى .
— ئىت بولسىمۇ كۆڭۈل بار ، — دېدى ئۇ ئۆزىگە ، — مانا ، ئۇ ماڭا قاراپ دوستلارچە قۇيرۇق شىپاڭشىتىۋاتىدۇ . ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن باشقىچە مەنە چىقمايدۇ . ئۇ ئاشۇ قۇيرۇق شىپاڭشىتىشى بىلەن مەندىن قانداقتۇر بىر مەنپەئەت كۈزلەۋاتقانلىقىنى بىلدۈرمەكچى ئەمەس . ئىتنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ھېچقانداق غەرەز يوشۇرۇنغان ئەمەس ، ئۇ پەقەت ماڭا سالام بەردى ، خالاس .
سۇلايمان قاسىممۇ ئىتقا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى . ئىت بەكمۇ ئاچ قالغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ قورسىقى دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالغانىدى ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرى خۇددى تۇيۇقسىز بىر بايلىق ئۇچراپ قالغان نامرات كىشىنىڭكىدەك ئەتراپقا ھەم قىزىقىش ، ھەم ۋەھىمە ئىلكىدە تىكىلەتتى . ئۇ توڭلاپ ئۆلۈپ قالغان توخۇنى يېيىش ياكى يېمەسلىك ھەققىدە بىر پىكىرگە كېلەلمىگەندەك قىلاتتى . توخۇنى پۇرايتتى ، گويا بىرسى كېلىپ بېشىغا ئۇرىدىغاندەك ئەتراپقا ئەندىشىلىك باقاتتى . ئاندىن ھور پۇرقۇپ تۇرغان ئىغىزىنى ئېچىپ توخۇنى چىشلىمەك بولاتتى . لېكىن ، جۈرئەت قىلالمىغاندەك ئەتراپقا قارايتتى .
ئۇنىڭ ئىتقا بەكمۇ ئىچى ئاغرىدى . ئۇنىڭ شۇنچە ئاچ تۇرۇپ ، ئاللا ئۆزىگە ئاتا قىلغان بۇ نېسىۋىنى چىشلەپلا قېچىپ كەتمىگىنىگە ھەيران بولاتتى . ئادەملەردە بۇنداق ئىنساپنىڭ ئىزناسىنى تېپىش بەكمۇ تەسلىشىپ كەتتى . ئۇلار بىر ئاماللارنى قىلىپ بىر - بىرىنى ئالداش ، ئازگالغا ئىتتىرىش ، كۆزىگە توپا چېچىش ئارقىلىق نېسىۋىگە ئېرىشىشنىڭ كويىدا قالغانىدى . ئۇلار غايىبتىن ئۇچراپ قالغان بۇنداق رىزىقنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي بىر تەرەپ

قىلىشىنىڭ ئېپىنى ئوبدان بىلەتتى .
ئۇ ئىتىنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ ، ئىدارىگە قاراپ يول ئالدى .
ئەتىگەنلىك گىمناستىكىدىن كېيىن ياسىنجان ئۇنى ئىشخانى-سىغا چاقىرتتى . سۇلايمان قاسىم ئەتىگەندىلا ئىتقا ئۇچراپ ، ئەم-دى بۇ غوجامغا تالىنامدىمەن نېمە ، دەپ ئويلىدى ۋە كۆڭلى غەش ھالدا ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى .
ــ مۇنداق ئىش ، ــ دېدى ياسىنجان سۇلايمان قاسىمغا قاراپ بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن ، ــ نازارەتتە ئۈچ كۈنلۈك يىغىن بار ئىكەن . ئەسلىي بۇ ساننى تالىشىدىغانلارغۇ خېلى بار ئىدى . ئەمما ، كەسىپ نۇقتى-سىدىن يەنىلا سىزنى بېرىپ كەلسۇن ، دېدۇق . بۇگۈن تەييارلىق قىلىپ ئەتە يولغا چىقىڭ . ھازىر ئۈرۈمچىنى بەك سوغۇق دەپ ئاڭلىدىم . يولدا بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىڭ . يىغىن تۈ-گىسىلا قايتىپ كېلىڭ . سوغۇقتا سەيلى ـ ساياھەت قىلغىلىمۇ بولمايدۇ تايىنلىق .
سۇلايمان قاسىم قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى . ئۇ ئۆزىگە غايىب خەزىنە ئۇچرىغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە بارمىغىنىغا خېلى بولغانىدى . ئەڭ مۇھىمى رىسالەت ئۇنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلغانىدى . ناۋادا بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا ، ئىشلار قانداق بولۇپ كېتەر ؟ ئۇنى كۆرۈپ بەلكىم رىسالەت ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالار ياكى بولمىسا ئۆزىنى ئۇنىڭ باغرىغا ئېتىپ ، سېغىنىشتىن چاك ـ چاك يېرىلغان قەلبىگە تەسەللى تاپار .
ــ نېمە ئويلاۋاتىسىز ؟ ــ ياسىنجان ئۇنىڭغا قاراپ سورى-دى ، ــ ئۈرۈمچىگە بارغۇڭىز يوقمۇ ، نېمە ؟
ــ ياق ، ياق ، مەن قۇلاقلىرىمغا ئىشىنەلمەي قې-لىۋاتىمەن ، ــ دېدى سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق نەزىرىدە قاراپ ، ــ رەھمەت سىزگە ، چوقۇم دېگىنىڭىزدەك قى-

لىمەن . خاتىرجەم بولۇڭ .
سۇلايمان قاسىم ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدىن روھى كۆ-
تۈرەڭگۈ ھالەتتە چىقتى . ئۇنىڭ قەدەملىرى يېنىك ، ۋۇجۇدى قۇش
پېيىدەك يەڭگىل ئىدى . ئۇ ئۆزىنى سەللا تۇتۇۋالمىسا ئۇچۇپ
كېتىدىغاندەك سېزەتتى .
— خۇش خەۋەر ، ھوشۇركا ، — ئۇ بىنا پەلەمپەيلىرىنى
تازىلاۋاتقان ھوشۇر سەلەينى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ
باردى ، — مەن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان بولدۇم . ئەتە يولغا چىقى-
مەن . رىسالەتكە ئەۋەتىدىغان نەرسە - كېرەكلەر بولسا ، تەييارلاپ
قويارسىلەر .
ھوشۇر سەلەي ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئېنىق ئاڭقىرالماي ،
قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ سورىدى :
— ئۇكام سۇلايمان ، نېمە دېدىڭا ؟
— مەن ئۈرۈمچىگە يىغىنغا بارىدىكەنمەن . ئەتە يولغا چىقى-
دىغان بولدۇم . رىسالەتكە ئەۋەتىدىغان نەرسە - كېرەك بولسا ،
تەقلەپ قويۇڭلار .
— شۇنداقمۇ ؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق ئەكس
ئەتتى ، — ئوبدان بوپتۇ ، ئۇكام . قەمبەرخان ئۇنىڭغا بىر چاپان
ئەۋەتىدىغانىنىڭ گېپىنى قىلغان . ھەي ، بەك ياخشى بولدى ، —
ئۇ نېمىشقىكىن قولىنى ئىشقىلاپ كەتتى ، — ئۈرۈمچى دېگەن
قەيەر ؟ بىزگە بىر ئۆمۈر ئۇ شەھەرنى كۆرۈش نېسىپ بولمايدۇ ،
ئۇكام . ھېچقىسى يوق ، سەن بولساڭمۇ بېرىپ ، كۆزۈڭنى ئېچىپ
كېلىدىغان بولدۇڭ .
— رىسالەت خىزمەتكە چىقىپ ، جىق پۇل تاپقاندا ، سىزنى
ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىدۇ ، ھوشۇركا ، مەن بۇنىڭغا
ئىشىنىمەن .
— بىراق ، شۇ كۈنلەر كېلىپ بولغۇچە بىزنىڭ قومىچىمىز
قېتىپ قالىدۇ ، — ھوشۇر سەلەي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ
سۈپۈرگىنى قولىغا ئالدى ۋە پەس ئاۋازدا سورىدى ، — ھە راست ،

مىنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىش ئىشىمنى ھەل قىلىشىنىڭ بىرەر يولىنى تاپالىدىڭمۇ؟ بىر ئامال قىلىساق بولاتتى، ئۇكام.
— مەن ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، با مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلارمىز، ھوشۇركا. ئالدىرىماي تۇرمامسىز؟
ئۇلار خوشلاشتى. سۇلايمان قاسىم سەپەرگە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ئۆيىگە ماڭدى.

47

رىسالەتنىڭ ئىمتىھانى تۈگەپ بولغان، قىشلىق تەتىلگىمۇ قويۇۋەتكەن، كۇنلىرىنى مەكتەپتە ئۆيۈشتۇرۇلغان ئىنگلىزتىلى كۇرسىغا قاتنىشىش بىلەن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇ سۇلايمان قاسىمنى مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇچراتقىنىدا، ھەيرانلىقتىن بىرھازا تۇرۇپ كەتتى، چىرايى ئوتقاشتەك قىزاردى. ئۇ سۇلايمان قاسىمغا ئاتاپ كۆڭلىدە نۇرغۇن گەپلەرنى تىزغان، خەتلىرىدە نۇرغۇن كۆڭۈل سىرلىرىنى ئاشكارىلىغان بولسىمۇ، شۇ تاپتا تىلىغا بىر ئېغىزمۇ گەپ كەلمەيۋاتاتتى. ئۆزئارا تىكىلگەن ئىككى جۈپ كۆز سېغىنىش ئوتلىرى ئىچىدە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ يەردە بىر قەۋەت نېپىز تۇمان لەيلەپ قالغانىدى. قانداقتۇر بىر تۇغان يار ئېلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ قاشانى شۇنداق بۇزسىلا، ھېچكىم ئۇنى توسۇپ قالالمايتتى.
— ئۈرۈمچىگە قاچان چىققانتىڭىز؟ — ئاخىر رىسالەت ئېغىز ئاچتى. ئېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئاۋازى بەكلا تىترەڭگۈ ئىدى.
— تۈنۈگۈن، — سۇلايمان قاسىممۇ پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى. ئۇ رىسالەتنى كۆرۈش بىلەن تەڭ قەلبىدە ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل ئۆكۈنۈش تۇيغۇسى پەيدا بولغانىدى. ئۇ رىسالەتكە خەت يازغىنىغا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى، ئۇ كىچىكىدىن ئۆزىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان، ئۆلۈپ كەتكەن قىزى دېمەتلىك، يەنە كېلىپ قىزىم دېسىمۇ بولىۋېرىدىغان بىر قىزغا

ھەرگىزمۇ كۆڭۈل بېرەلمەيتتى . ناۋادا شۇنداق قىلسا ، بۇ ئاسىي-
لىقتىن دېرەك بېرەتتى . بىزدە نەدىمۇ ئۆز قىزىغا يامان نىيەتتە
بولىدىغان ئىش بار ؟ ئۇ ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان چاغدا كۆڭلىگە
ئالدىقانداق ئىشلارنى پۈككەن بولسىمۇ ، مانا ئەمدى بۇ نىيىتىدىن
يالتىيىشقا باشلىغانىدى .
ئۇ ئېلىپ چىققان نەرسە ـ كېرەكلەرنى رىسالەتنىڭ قو-
لىغا تۇتقۇزدى . ئۆزىنىڭ ئەتە يەنە ئۇنى يوقلاپ كېلىدىغانلىقى-
نى ئېيتتى .
— ئۈرۈمچىدە قانچە كۈن تۇرىسىز ؟
— يەنە ئىككى كۈن .
— شۇنداق قىسقىمۇ ؟
— ئىدارىنىڭ رۇخسىتى شۇنچىلىك ، مەن ئۇنىڭ نېرىسىغا
بىر نەرسە دېيەلمەيمەن .
— قايسى مېھمانخانىغا چۈشتىڭىز ؟
— كادىرلار مېھمانخانىسىنىڭ 304 ـ ياتىقىغا چۈشتۈم .
رىسالەت بېشىنى لىڭشىتتى ۋە قولىدىكى نەرسىلەرگە قاراپ
قويدى . سۇلايمان قاسىم قانداقلارچە ئۇنىڭغا ياتاق نومۇرىنى دەپ
بەرگەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئۇقمايتتى . بەلكىم ، بۇ تەقدىرنىڭ ئورۇن-
لاشتۇرۇشى بولۇشى مۇمكىن .
شۇ كۈنى كېچىسى رىسالەتنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى . ئۇ ئېغىر
ئۇھ تارتقىنىچە تولغىنىپ ياتاتتى . نۇرگۈل ، گۈلباھار تەتۈل قى-
لىپ ئۆيلىرىگە كېتىشكەن . رەشىدە بولسا تۈنۈگۈن كەچتە يۇرت-
تىن چىققان بىر تۇغقىنىنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ
كەلمىگەنىدى . ياتاقتا تىكەندەك يالغۇز قالغان رىسالەت ئۆزىنى
بەكمۇ غېرىب ھېس قىلدى . ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ بىرنېمىدىن
پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنگەن چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈر-
دى . ئۇ ئەسلىدە ئۆزىنى باشلاپ چىقىپ رەستىلەرنى ئايلانسا ، بىر
يەرنى تېپىپ قانغۇدەك مۇڭداشسا ئوبدان بولاتتى . لېكىن ، ئۇنداق
قىلمىدى . بەلكىم ، ئۇنىڭ خېتى رىسالەتنىڭ كۆڭلىنى ياساش

ئۇچۇن مۇنداقلا يېزىپ قويۇلغان تەسەللىنامە بولۇشى مۇمكىن . مۇشۇنى خىيال قىلغاندا ، رىسالەتنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇردەك قۇيۇلۇپ ، ياستۇقنى ھۆللەشكە باشلىدى . ئۇ گويا يىغا ئاۋازىنى بىرسى ئاڭلاپ قالسا بولمايدىغاندەك ، يوتقاننىڭ بىر بۇرجىكىنى ئەلەم بىلەن چىشلىدى . بۇ كىچە ئۇنىڭغا بەكمۇ ئۇزۇن ، خۇددى مەڭگۈ تاڭ ئاتمايدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى .

رىسالەتنىڭ كۆزى قاچانلاردا ئىلىنىدىكىن ، ئۇ ئۇخلىدى . ئەمما ، بىردەمدىلا چۈش دۇنياسىغا غەرق بولدى .

ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن بىر پارچە يەر . ئۇنىڭ چەك - چېگرىسىغا كۆز يەتمەيتتى . ئوتلاقتا غۇچچىدە گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن . سېرىق ، يېشىل ، ئاق ، قىزىل ، سۆسۈن بەرگىلىك گۈللەرنىڭ يۈزىدە قۇياشنىڭ بەكمۇ يورۇق نۇر تالالىرى چاقناپ تۇراتتى . ئوتلاقنىڭ ئۈستىدە قۇشقاچلار ، تورغايلا ، بۆدۈنلەر توپ - توپ بولۇپ ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى . كۆپكۆك ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق . غۇر - غۇر تاغ شامىلى سوقۇپ تۇرغان ئوتلاقتا گۈللەر مىڭلارچە قىزلار ئومۇمىي خورغا چۈشكەندەك لەرزان تەۋرىنىپ تۇراتتى . رىسالەت ئاشۇ ئوتلاقتا كېپىنەك قوغلاپ يۈرەتتى . ئۇنىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن قىرىق كوكولىسى مۈرىسىدە ، بېلەكلىرىدە چار يىلاندەك تولغىنىپ تۇراتتى . ئۇ قىن - قىنىغا پاتماي ئوتلاقنى بېشىغا كىيىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى .

بىر چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا يەردىن ئۈنگەندەكلا سۇلايمان قاسىم پەيدا بولغۇدەك . ئۇ رىسالەتنى ئىككى قولتۇقىدىن تۇتۇپ دەسسىدە كۆتۈرگۈدەك ۋە ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ :

— رىسالەت ، سەن قاچانغىچە چوڭ بولمايسەن ؟ مېنى بەكلا ساقلىتىۋەتتىڭ جۇمۇ ، — دېگۈدەك . رىسالەتمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ :

— مانا ئەمىسە ، مەن چوڭ بولدۇم ، — دېگۈدەك ۋە ئاستا - ئاستا بەرگىلىرى ئېچىلىۋاتقان گۈلدەك چاقناپ كەتكۈدەك ، ئۇنىڭ كۆكسىلىرىمۇ چوڭايغۇدەك ، بويىمۇ يۇرىدە ئۆسۈپ كەتكۈدەك . سۇلايمان قاسىم ئۇنى چىڭگىدە قۇچاقلاپ ، ئالۇچىدەك لەۋلە-

ـرىگە قانماي سۆيگۈدەك . بىر چاغدا سۇلايمان قاسىم ئۇنى كۆتۈرۈپـ
لا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتكۈدەك . ئۇ يەردىن
ئۇنىڭ تاتلىق ئىڭراشلىرى ئەتراپقا تارالغۇدەك ...
رىسالەت ئاجايىپ بىر شېرىن تۇيغۇدا ئويغىنىپ كەتتى . ئۇـ
نىڭ جىسمىدا ھېلىلا تېتىپ ئۆتكەن لەززەتنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىـ
نىپ قالغانىدى . ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق چۈش كۆرۈپ باقمىغان ،
شۇڭا بۇ چۈشتىن ئەسلىي مەڭگۈ ئويغانماسلىقى كېرەك ئىدى .
قانداق سېزىمىنىڭ ئۆزىنى ئويغىتىۋەتكەنلىكىنى بىلەلمىدى . ئۇنىڭ
روھىي دۇنياسىدا قۇترىغان بوران تېخىچە بېسىقمىغانىدى .
قەلب دېڭىزى چايقىلىپ تۇراتتى . مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان
دولقۇنلار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ يۈرۈپ ئۇنىڭغا ئارام بەرـ
مەيتتى .
ئۇ تۇيۇقسىز نۇرگۈلنىڭ : «ئادەم بىرسى بىلەن بىللە بولۇپ
چۈش كۆرسە ، دەرھال ئۆزىنىڭ ياستۇقىنى تەتۈر ئۆرۈپ قويسا
بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەممۇ ئوخشاش چۈش كۆرىدۇ
ۋە ئىككىيلەننىڭ روھىي دونياسى ئۇچرىشىدۇ» دېگەن گېپىنى
ئېسىگە ئالدى .
ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كەشتە ئىشلەنگەن ياستۇقىنى ئۆرۈپ
قويدى . بۇ گەپ راست بولسا ، سۇلايمان قاسىممۇ مۇشۇ چۈشنى
كۆرۈشى مۇمكىن . ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسى ئۇچرىشىپ قالسا ،
قانداق بولار ؟
ئۇ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان شېرىن خىياللارنىڭ قۇترىشى
بىلەن تاڭ ئاتقۇچە ئويغاق ياتتى . رىسالەتنىڭ تېنى قانداقتۇر شېـ
رىن لەززەتتىن بوشىشىپ كەتكەن ، يېنى يەر تارتىپلا تۇراتتى .
شۇڭا ، ئەتىگەندە ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلمىدى . كۆرسىقىمۇ
چىقمىدى . ئۇ يەنىلا كېچىدىكى لەززەتنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىـ
غانىدى .
بىر چاغدا ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ ، رەشىدە كىرىپ كەلـ
دى . مۇنچىغا چۈشكەن قىزنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى پارقىراپ تۇراتـ

تى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان ، پات - پات ئەسنەپ قوياتتى . رەشىدەنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قاراپ ئۇ بىرنەرسىنى بايقاپ قالدى . «بۇمۇ كېچىنى بوشقا ئۆتكۈزمەپتۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ .

— تېخىچە تۇرماپسەنغۇ ؟ — دېدى رەشىدە ئىچ - ئىچىدىن كۈلۈپ تۇرۇپ ، — مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە ؟

رىسالەت ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدى . ئەكسىچە ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىدىن بىرنەرسە بايقاپ قېلىشىدىن قورقۇپ كۆزلىرىنى چىڭگىدە يۇمۇۋالدى . رىسالەتنىڭ يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتكەنىدى .

— ناشتا قىلدىڭمۇ ؟ — دېدى رەشىدە ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ بېقىپ . ئۇ بېشىنى چايقىدى .

— ئەمىسە تېزرەك ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ، يۈز - كۆزۈڭنى چايقىۋال . مەن سېنى مېھمان قىلىمەن . سىرتقا چىقىپ تاماق يەيمىز . مەنمۇ تېخىچە ناشتا قىلمىدىم .

— پاھ ، بىر كېچە يوقاپ كېتىپ ، قولۇڭ پۇل كۆرگەن ئوخشىمامدۇ ؟ — رىسالەت ئۇنىڭغا نەشتەر سانجىدى ، — خەقنىڭ پۇلىنى ئالسا ، ئادەم شۇنداق مەردلىشىپ كېتەمدىكەن ؟

— بولدى قىل ، — دېدى رەشىدە ۋە ئۇنىڭ قولىقىغا بىرنەرسىلەرنى دەپ پىچىرلىدى . رىسالەتنىڭ يۈزلىرى ئوت ئالدى . ئۇ رەشىدەنىڭ بېقىنىنى قاتتىق چىمدىدى .

— ۋۇي قېلىن ، ئىزا تارتماي مۇشۇ گەپنى كۆتۈرۈپ كەلدىڭما ؟ نومۇس قىلساڭچۇ ؟

— مەن نېمىگە نومۇس قىلىدىكەنمەن ؟ مېنىڭ قىلغانلىرىم باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا ، ھېچ گەپ ئەمەس ، — ئۇ خىيال سۈرۈپ بىرئاز تۇرۇپ قالدى ۋە قوشۇپ قويدى ، — ئۇ مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرىدىكى يۈرگىنىم ئىدى . پەقەتلا رەت قىلالمىدىم .

ئارىنى بىرپەس سۈكۈت قاپلىدى . رىسالەت تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇش ھاياتىنى ئەسلىدى ، ئوغۇل ساۋاقداشلىرىنى

خىيال قىلدى . ئەمما ، نىمىشقىكىن ، ئۇنىڭ ئىپىسىدە ھېچ نەرسە قالمىغانىدى . شۇنىڭغا قارىغاندا ، ئۇ شۇ چاغدىمۇ بىرەر كۆڭۈل سەۋداسىغا قىلىپ باقمىغانىدى . بەلكىم ، تەگرى ئۇنى كەلگۈسىدىكى بىرسى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ كۆزىدىن پىنھان ساقلىغان بولۇشى مۇمكىن .

— تۇرە ، ناشتا قىلىمىز ، قورسىقىم كوركىراپ كەتتى .

رەشىدە ئۇنى يوتقاندىن تارتىپ چىقاردى . نائىلاج قالغان رىسالەت سۇخانىغا چىقىپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ ، چىشلىرىنى چوتكىلاپ كىردى ۋە ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ ئۆزىگە بىرقۇر پەرداز بەردى . ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قاراپ ، رەشىدە بىرئاز ھەيران بولدى . چۈنكى ، رىسالەت ئەزەلدىن بۇنداق ئىشلارغا ئۇنچىۋالا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيتتى .

— ھوي ، بىز بىرەرسى بىلەن ئۇچرىشىشقا ئەمەس ، ناشتا قىلغىلى چىقىمىز جۇمۇ ، ياكى بولمىسا بىرەر ئاشپەز يىلەن تونۇشۇۋالاي دەمسەن ، ئاداش ؟

رىسالەت ئۇندىمەستىن ئىشىنى قىلىۋەردى . ئۇ ئەينەك ئالدىدىن تۇرغاندا ، يۈزلىرى ھاياجاندىن پارقىراپ كەتكەنىدى .

— ناشتىدىن كېيىن مەنمۇ ئۇچرىشىشقا بارىمەن ، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ ۋە ھېلىقى قىزىل پەلتونى چامادانىدىن ئېلىپ كىيدى ، — چۈنكى ، يۇرتتىن مېنىڭمۇ بىر قوشنام كەپتۇ . ئۇنىڭ بىلەن بۈگۈن ...

— ساڭا مۇشۇ پەلتونى سوۋغا قىلغان ھېلىقى قوشناڭمۇ ؟ — رەشىدە ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بىلىگە تەپتى .

— شۇ ، بۈگۈن ئۇچرىشىشقا كېلىشىپ قويغان . ئۇ ئەتە قايتماقچى .

— ئۇنداقتا بۈگۈن كېچە مەن يالغۇز قالىدىكەنمەن - دە !

رەشىدە ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ سورىدى . رىسالەت ئۇندىمىدى . ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۆزىنى يېنىدا ئېلىپ قېلىش - قالماسلىقىنى بىلمەيتتى . ناۋادا ئۇ ئېلىپ قالمەن

دېسىچۇ؟ بۇمۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە. ئۇ ھېچقاچان بىرەر ئەرنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باقمىغان. ئەمما، ئۇ سۇلايمان قاسىمنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدۇ. ئۆزۈڭ سۆيگەن، ۋىسا-لىغا يېتىشنى ئويلىغان ئادەمىڭ ئۈچۈن ئۇنچىلىك قۇربان بەرسەڭ نېمە بوپتۇ؟ ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئويلاپ كەلگىنىمۇ شۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ تېخى ئالدىنقى خېتىدە سۇلايمان قاسىمنى ئۇرۇمچىگە تەكلىپ قىلغان، ئۇ كەلسە يۈرىكىنى تىڭشاپ يېتىپ قانغۇدەك بىر مۇڭدىشىشنى تىلىغا ئالغان. مانا، كۈتكەن ئادىمى بۇ يەرگە كەلدى. ئەتە يولغا چىقىدۇ. بۇ پۇرسەت ئۆتۈپ كەتسە، كىم بىلىدۇ، ئۇلارغا پىنھان جايدا قايتا ئۇچرىشىش مەڭگۈ نېسىپ بولامدۇ-يوق؟

ئۇلار ياتاقتىن چىقىشتى. رىسالەت تېخىچە ئېغىر خىياللار ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىغانىدى. ئۇ بېشىنى سالغىنىچە جىمجىت كېتىپ باراتتى. رەشىدە بولسا ھېلىقى يۈرگىنى بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆتكۈزگەن قىزغىن ئۇچرىشىشلارنى، شېرىن مىنۇتلارنى ھېكايە قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە مېڭىپ بىر ئاشخانىغا كىرىپ ناشتا قىلىشتى.

رىسالەت تۈنۈگۈن كادىرلار مېھمانخانىسىغا ئۆزى بېرىپ سۇ-لايمان قاسىم بىلەن كۆرۈشۈشكە كېلىشىۋالمىغىنىغا پۇشايمان قىل-دى. تۈنۈگۈن ئۇ رىسالەتنى ئۆزى ئىزدەپ مەكتەپكە كېلىدىغانلى-قىنى ئېيتقان، ئەمما ۋاقىتنى دەپ بەرمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ دەرۋا-زا ئالدىدا سۇلايمان قاسىمنى ساقلاشقا مەجبۇر بولدى.

ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە. رەشىدە ئۇنىڭ «قوشنىسى» نى بىر كۆرۈپ بېقىش ئىستىكىدە رىسالەتنىڭ يېنىدىن نېرى كەت-مەي ساقلاپ تۇراتتى. رىسالەتنىڭمۇ ئۇنىڭغا بۇ ئادەمنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش نىيىتى بولغاچقا، ئۇنى كەتكۈزۈۋەتمىدى. ئىككىيلەن تاغدىن-باغدىن پاراڭلىشىپ، دەرۋازا ئالدىدىكى

بوتكىلارغا مەقسەتسىز كىرىپ - چىقىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى . سائەت بىردىن ئاشقاندا سۇلايمان قاسىم مەكتەپ ئالدىدا پەيدا بولدى . رىسالەتلەر ئۇنى ساق ئىككى يېرىم سائەت كۈتكەنىدى .

— يىغىندىن چىقىپلا كېلىشىم ، — دېدى ئۇ قىزلارغا سالام بەرگەندىن كېيىن ، — بەك ساقلىتىۋەتمىگەندىمەن - ھە ؟

— ساقلىمايمۇ قالمىدۇق ، — دېدى رەشىدە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ ، — بۇ ئاداش قاقپودىلا يولغا چىقىۋالدى ، سىزنى ساپمۇساق ئۈچ سائەت ساقلىدۇق .

— ھەممە ئەيىب مەندە ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئوڭايسىزلانغان ھالدا — تونۇگۈن ۋاقىتنى ئېيتىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن . بۈگۈن چۈشكىچە يىغىن بار ئىدى . سەت بوپتۇ ، كەچۈرۈڭلار . قېنى ، بىرەر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يەيلى .

ئۇ قىزلارنى باشلاپ دەسلەپ رىسالەت بىلەن بىللە تاماق يېگەن ھېلىقى ئاشخانىغا كىردى . ئاشخانىدا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بەزى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەنىدى . تاماق يېيىش زالى ئالاھىدە بېزەلگەن ، ئۇلىغا چىنە خىش ياتقۇزۇلغان ، دېرىزە پەردىلىرى ئالماشتۇرۇلغان ، ھەممە يەر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرۈپ تۇراتتى . فورما كىيگەن مۇلازىملار ئەدەپ بىلەن سۆزلەپ ، مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى .

ئۇلار دېرىزە يېنىدىكى بىر بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى . سۇلايمان قاسىم رىسالەتتىن نېمىگە كۆڭلى تارتىدىغانلىقىنى سورىدى .

— نېمە بولسا مەيلى ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى سۇلايمان قاسىمدىن قاچۇرۇپ ، — ئەڭ ياخشىسى سىز ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭلى تارتىدىغانراق تاماق بۇيرۇتۇڭ . بىزنىڭ ناشتا قىلغىنىمىزغا ئانچە ئۇزۇن بولمىدى . قورساق ئاچقاندەك ئەمەس .

ئۇ سۇلايمان قاسىمنى ھېلىقى چۈشنى كۆرگەنمىدۇ دەپ ئەنسىرەپ قالغانىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشتىن ئۈيۈلۈپ تۇراتتى .

ئارىدا بىر كۈتكۈچى كېلىپ ، ئۇلاردىن نېمە تاماق بۇيرۇتىدىغانلىقىنى سورىدى .

— ئەمىسە يېرىم قاچىدىن پولو ، قوۋۇرغا كاۋاپتىن بىر كىلو ، قېتىقتىن بىر چىنىدىن ، يەنە قىزلار ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكلەردىن بولسا ئېلىپ كېلىڭ . — دېدى سۇلايمان قاسىم .

— ۋاي - ۋۇي ، بىزنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭىز ؟ — دېدى رەشىدە كۈلۈپ كېتىپ ، — بىز سىزنىڭ بۇنداق مەردلىكىڭىزنى بىلگەن بولساق ، ھەپتىدىن بېرى ھېچ نەرسە يېمەي ئولتۇراركەنمىز . قورساق توق . ئۇنچە كۆپ بۇيرۇتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ . ئېشىپ قالسا ئىسراپ بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟

رىسالەت كۈلۈپ قويۇپ ھېچنېمە دېمىدى . سۇلايمان قاسىم بولسا ئۇنىڭغا يەرنىڭ تېگىدىن پات - پات قاراپ قوياتتى . ھەممەيلەن نېمىدىندۇر ئوڭايسىزلانغاندەك چېيىنى ئىچىشكىنىچە يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى . رىسالەت ئۇنىڭ كېچىدىكى چۈشنى كۆرگەنلىكىگە چىنپۈتتى ۋە چىرايى پەلتوسىدەكلا قىزىرىپ كەتتى .

— ئەتە يولغا چىقىمەن ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ، — ئۆيگە ئەۋەتىدىغان نەرسە - كېرەكلەر بولسا تەييارلاپ قويۇڭ ، كەم نەرسىلەر بولسا تارتىنماي ئېيتىڭ . چۈشتىن كېيىن خۇلاسە يىغىنى بار ، بىردەملىككە توگەيدۇ . ئاندىن بىز بازار ئايلىنايلى ، سودىلىق بولسا قىلارمىز .

رىسالەت بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى . ئۇنىڭ بۇ جىمغۇرلۇقى سۇلايمان قاسىمنىڭ دىققىتىنى تارتتى . ئۇ قىزنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ سورىدى :

— مىجەزىڭىز يوقما؟
— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى رىسالەت يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالماي، بېشىم بىر ئاز ئې-غىرلاپ قاپتۇ. ئازراقلا دورا ئىچىۋالسام، ئوڭشىلىپ كېتىمەن.
— دوختۇرخانىغا ئاپىرايمۇ يا؟
— مانا بىز ئۆزىمىز دوختۇرغۇ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتتا نەچچە يىل ئوقۇپ، ئۆزىمىزگە دورا قىلال-مىساق، كەلگۈسىدە قانداقمۇ باشقىلارنى داۋالىيالايمىز؟
ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.
— راست، بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتىمەن، — دېدى سۇلايمان قاسىم كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران توختىتىپ، — مەن تېخى سىزنى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قاپتىمەن.
— مېنىڭ چوڭ بولغىنىمنىمۇ ھېس قىلالمىدىڭىزغۇ دەيمەن؟
ئىككىسىنىڭ كۆزى بىر نۇقتىدا ئۇچرىشىپ قالدى. سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈزلىرىمۇ بىرئاز قىزاردى. رەشىدە بۇ سىرلىق گەپ - سۆزلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە قاراپ ئولتۇراتتى.
تاماق كەلتۈرۈلدى. ئۇلار ئۈن - تىنسىز ھالدا تاماق يېيىش-تى. پەقەت چىنە قوشۇقنىڭ قاچىغا تەگكەندىكى ئاۋازىلا ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ تۇراتتى.
تاماقتىن كېيىن سۇلايمان قاسىم يەنە يىغىنغا ئالدىرىدى. ئۇ خۇلاسە يىغىنىغا قاتناشمىسا، ناماز ئوقۇپ، دۇئا قىلمىغاندەكلا بىر ئىش بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، سائەت ئۈچتە دۆڭكۆۋرۈكتە ئۇچرىشىدىغانغا كېلىشتى. رىسالەت ئۇنى مەيۈسانە بىر كەيپىياتتا ئۇزىتىپ قويدى.
— بۇ بايقۇشۇڭ بولىدىكەن جۇمۇ، — دېدى رەشىدە تاكسى-

غا ئولتۇرۇپ يولغا چىققان سۇلايمان قاسىم كۆزدىن يىتكەندىن كېيىن ، رىسالەتكە قاراپ ، — ئۆزىمۇ مۇلايىم ھەم چىقىشقاق ئادەمدەك قىلىدۇ . چىرايىدىن كۆپنى كۆرگەنلىكى چىقىپ تۇرىدىكەن . بۇنداق ئادەمنىڭ پېشىگە ئېسىلساڭ ، ئۇنى سىزغان سىزىقىڭدىن ھەرگىز چىقمايدىغان قىلىۋېتەلەيسەن .

— كاشكى ، ئۇ مېنى سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان قىلىۋەتكەن بولسا ، قانداق ياخشى بولاتتى - ھە ! — رىسالەت ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى .

## 48

كەچ ، ئۇرۇمچىنىڭ شاۋقۇنلىرى بېسىقىپ قالغان ، كوچا چىراغلىرى سۇس يورۇپ تۇراتتى . بىنالارنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان رەڭدار زىننەت چىراغلىرى ئىشرەتخور قىزلاردەك كۆزىنى قىساتتى . تۇمانلىشىپ تۇرغان رەستىلەردە ئادەم شالاڭ ، دېرىزىلىرى مۇز تۇتقان كوچا ئاپتوبۇسلىرى ، چىراغلىرى ياندۇرۇلغان تاكسىلار ئۆتۈشۈپ تۇراتتى . شەھەر بىر كۈنلۈك ئوقىتىنى تاماملاپ ، ئارام ئېلىشقا ياتقان ھۆپىگەردەك ھارغىن كۆرۈنەتتى .

رىسالەت سۇلايمان قاسىم بىلەن خوشلىشىپ مەكتەپكە كەلدى . ئۇ رىسالەتكە بىرنەچچە قۇر كىيىم - كېچەك ئېلىپ بەرگەندى . سۇلياۋ خالتىغا ئورالغان كىيىملەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى قامالاپ تۇراتتى . بۇ كېچە ئۆتسە ئەتە ئۇ يۇرتىغا قاراپ يول ئالىدۇ . رىسالەتنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قانغۇدەك مۇڭدىشىش ئارزۇسى يەنە قۇرۇق خىيال پېتىچە قېلىۋېرىدۇ . ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى . ياتاققا كىرگەندىن كېيىنمۇ ئۆزىنى پەقەتلا كونترول قىلالمىدى .

ياتاق قۇپقۇرۇق ، رەشىدە بىر يەرگە چىقىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ كېچىچە قايتىپ كېلىش - كەلمەسلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى . يالغۇزلۇق رىسالەتنىڭ جېنىغا ئىكەك سېلىپ ، ئۇن قويۇپ

يىغلىۋەتتى . سۇلايمان قاسىم ئۇنى ياتىقىغا تەكلىپ قىلماي ، كو-چىدىلا خوشلىشىپ قايتىپ كەتكەندى . ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ مۇئامىلىسى شۇنداق بولامدۇ ؟ ئۇلار مۇشۇ ئايرىلغانچە يازلىق تە-تىلدە كۆرۈشەلەيدۇ . ئۇنىڭغىچە رىسالەت ھىجران ئازابىغا قانداق چىدايدۇ ؟ قەلبىدىكى سېغىنىش ئوتلىرىنى قانداق ئۆچۈرىدۇ ؟ بۇلار سۇلايمان قاسىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغاندەك قىلاتتى .

ئۇ چىراغنىمۇ ياقماي قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىرپەس ئولتۇردى . زۇلمەت ئۇنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى . يالغۇز ـ يېگانىلىق ئۇنىڭ يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجىلاشقا باشلىغانىدى . بۇ كېچە يەنە شۇنداق ئۇزۇن بولىدۇ . رىسالەت يەنە ئازابلىق خىيال ئىلكىدە قوقاسقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كېچىنى تاڭغا ئۇلايدۇ . ئايىغى چىقمايدىغان كۈتۈشنىڭ ھېچبىر نەتىجىسى بولمايدۇ . ئۇ دەمدەر-دەك بۇقۇلدىماقتا . يىغىدىن بوغۇلغان ئاۋازى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن سۇس ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

ــ ياق ! ــ ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە ياتاق-نىڭ ئىشىكىنىمۇ ئەتمەستىن ، كوچىغا قاراپ يۈگۈردى . ئاپتوبۇس-لار توختاپ بولغان ، تاكسىلار چىرىغىنى ياندۇرۇپ ، كوچىنىڭ ھەممە يېرىدە ئالچاڭلاپ كەلمەكتە ئىدى . ئۇ نېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرماستىن ، بىر ماشىنىنى توستى .

ــ كادىرلار مېھمانخانىسىغا ھەيدەڭ ، ــ دېدى ئۇ ئۆزىگە ھەۋەسلىنىپ قاراۋاتقان ياشقىنا شوپۇرغا . ماشىنا ئاستا قوزغالدى . رىسالەتنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇراتتى . ماشىنا دېرىزىسى-دىن ئېگىز ـ ئېگىز بىنالار ، ئۇلارنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭدار چىراغلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . يولدا توسۇلۇپ قالغان ماشىنىلارنىڭ سىگنال ئاۋازى ئاڭلىناتتى .

ــ قىزچاق ، ئوقۇغۇچى ئوخشىمامسىز ؟ ــ كەينىنى كۆ-رۈش ئەينىكىدىن رىسالەتنىڭ تەقەززالىق چىقىپ تۇرغان چىرايىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرغان يىگىت گەپ ئاچتى ، ــ بۇ كېچىدە ئۇ يەرگە بېرىپ نېمىمۇ قىلارسىز ؟ ئۇنداق ئاۋارە بولغۇچە شاققىدە

بىزنىڭ ياتاقتا كېتەمدۇق يا؟ ياتاق يېقىندىلا ، سۇ ئىسسىق ، كاردىۋات يۇمشاق …

— ئىشىڭىزنى قىلىپ ، ماشىنىڭىزنى ھەيدەشنى بىلىڭ ، — دېدى رىسالەت ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ ، — مەن سىز ئويلىغاندەك قىزلاردىن ئەمەس .

— شۇنداق بولمىسىڭىز ، بۇ كېچىدە كادىرلار مېھمانخانىسىدا نىمە بار سىزگە ؟ — يىگىت كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك كۈلدى .

— مەن ئاكامنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن .

— ئاجايىپ ئىش ، بۇ كەمنىڭ قىزلىرى ئۆزىنىڭ توقماقچىسىنى ھېيىقماي ئاكام دەۋالىدىكەن .

— ھەي كىراكەش ، تولا كوتۇلدىماي ماشىناڭنى ھەيدىسەڭ - چۇ ؟ — رىسالەت ئۇنىڭ ئورۇندۇقىغا گاچچىدە بىر مۇشت سالدى ، — خانئاچاڭنى نىمە كۆرۈۋاتىسەن - ھە ؟ ماشىناڭنى توسۇپ ، پۇل قىلىپ بەرگەننىڭ جازاسىمۇ بۇ ؟ پۇل لازىم بولسا ، ماشىناڭنى غىت قىسىپ ھەيدە ، بولمىسا تاكسى شىركىتىگە ئۇستۇڭدىن ئەرز قىلىمەن .

شوپۇر ئۇنىڭ بوش قىزلاردىن ئەمەسلىكىنى بىلدى ۋە لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە رولنى تېز - تېز بۇراشقا باشلىدى . رىسالەتنىڭ دۇپۇلدەپ تۇرغان يۈرىكىمۇ جايىغا چۈشكەندەك بولدى . لەت بولغان شوپۇر ماشىنىنىڭ ئۇنئالغۇسىنى ئېچىۋەتتى . گۇمبۇ - گۇمباڭ مۇزىكا ماشىنا ئىچىنى تىترىتىۋەتتى .

خۇداغا شۈكرى ، ماشىنا بىرقانچە ئايلانمىدىن ئۆتۈپ ، ئالتە قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . بىنانىڭ دوقىسىدىكى «كادىرلار مېھمانخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكىنى كۆرۈپ ، رىسالەتنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى . ئۇ شوپۇرغا كىرا پۇلىنى بەردى .

— مەن سىزدەك قىزنى كۆرمەپتىكەنمەن ، — دېدى يىگىت ئەپسۇسلانغان ھالدا ، — بۇنداق كېچىدە ماشىنامنى توسقان قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى تەكلىپىمنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قى-

لىپ ، ياتقىمدا قونۇپ قالاتتى . ئەمما ، سىز ئۇنداق ئەمەسكەن-سىز . مەن سىزدىن قورقتۇم . قاراڭا ئەپتىڭىزنى ، ئادەم يەيدىغان بولۇۋاستەكلا ...

— ھەممىلا قىزنى ئوخشاش كۆرسىڭىز بولمايدۇ ، — دېدى رىسالەت ، — قىزلارنىڭ ھەممىسى سىزدەك ئادەم يەيدىغان بولۇۋاسنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈۋەرمەيدۇ . بەزىدە سىزنىڭ چىشىڭىز لوق گۆشكە ئەمەس ، قاتتىق ئۇستىخانغا تېگىپ كېتىشى مۇمكىن .

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا بىناغا قاراپ يۈگۈردى . ئۇ ئۈچىنچى قەۋەتكە چىققاندا ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كەتكەنىدى . ئۇ كارىدورنى بويلاپ مېڭىپ 304 - ياتاقنى تېزلا تېپىۋالدى . ئىشىك قىيا ئوچۇق تۇراتتى . تېلېۋىزوردىن قويۇۋېتىلگەن بىر ناخشىنىڭ ئاۋازى پەس ئاڭلىنىپ تۇراتتى . رىسالەت ئىشىكنى چېكىپمۇ ئولتۇرماستىن، ياتاققا كىرىپ كەلدى . يەردىكى گىلەمدە ئىشىككە قاراپ ئولتۇرغان سۇلايمان قاسىم مۈڭگا پاتقىنىچە بىر رومكا ھاراقنى ئىچىشكە تەمشىلىۋاتاتتى . رىسالەتنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى . ئەمما ، ئۇمۇ دەل ئىشنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى ، رىسالەتنىڭ ئىشىكتىن كىرىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى . رىسالەت ئىشىكنى يېپىپ قويدى . ئۇ ئۆزىنىڭ قانداقلارچە سۇلايمان قاسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، تىزلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى .

— كەلدىڭىزمۇ ؟ — دېدى سۇلايمان قاسىم ئازابلىق كۈلۈپ ، — نېمىشقىكىن ئىچىم بەكلا پۇشۇپ كەتتى . ئۆزۈمنى ئادەمزات ئاياغ باسمىغان قەدىمىي ئورمانلىقتا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم . ئەزەلدىن كۆڭلۈم بۇنداق يېرىم بولۇپ باقمىغان . ھەممە ئازابتىن بىراقلا قۇتۇلاي دەپ ھاراق ئىچىۋاتىمەن .

رىسالەت سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۆزىدەك ھېس - تۇيغۇ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى . يالغۇزلۇق ئىچىنى مۇشۇكتەك تاتىلاپ بىئارام قىلىۋاتقىنى رىسالەتلا ئەمەسكەن - دە ؟ ئۇ سۇلايمان قاسىمدىن كۆزىنى ئۈزمەستىن ئۇنىڭ قولىدىكى رومكىنى تارتىۋالدى .

— ئىلگىرى ماڭا بۇ نەرسىنى ئىچكۈزۈش ئۈچۈن بەزىلەر ئاز ھەرەج تارتمىغان، ئەمما مەن ئۇلارنى بولدى دېگۈچە تىللاپ، ماڭا ھاراق تۇتقىنىغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋەتكەنىدىم. ھاراق دېگەن بۇ نەرسە دەرد - ئەلەمنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان خىسلەتكە ئىگە بولسا، مەنمۇ ئازراق ئېتىپ باقاي.

— رىسالەت، سىز...

سۇلايمان قاسىمنىڭ رىسالەتكە سۇنغان قولى بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالدى. رىسالەت رومكىنى كۆتۈرۈپ ھاراقنى گۈپپىدە ئىچىۋەتتى. ئاچچىق ھاراقنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر رىسالەتنىڭ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈلدى. ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ رومكىنى سۇندى.

— سىز ئەسلىي بۇنداق قىلماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى، — دېدى سۇلايمان قاسىم تىترەڭگۈ ئاۋازدا — قىزلارنىڭ ھاراق ئىچكىنى ياخشى ئىش ئەمەس. مەن ھاراق ئىچكەن قىزلارنى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيمەن.

— ئەمىسە مەن قانداق قىلىمەن؟ تەشنالىقىمنى قانداق قاندۇرىمەن؟ ھاراق ئىچمىسەممۇ سىز مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەنسىز-غۇ؟ ئۆلۈۋالايمۇ؟ دەشتى - چۆللەرگە قېچىپ كېتەيمۇ؟ سىقىلغان جاننى نەگە قويىمەن؟ مەن نېمىدېگەن شور پېشانە...

رىسالەت بوغۇلۇپ تۇرۇپ ھاراق بوتۇلكىسىنى قولىغا ئالدى ۋە بىر كۆتۈرۈپلا گۈپۈلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا قاراپ مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قولى ئېخىچە بوشلۇقتا پۇلاڭلاپ تۇراتتى.

— رىسالەت، ئۇنداق قىلماڭ، مەن سىزدىن خۇش بولۇپ كېتەي، ھاراقنى قايتۇرۇپ بېرىڭ. ئۆزىڭىزنى بۇنداق قىيناپ نېمىگە ئېرىشمەكچىسىز؟ مېنى نېمە قىلسۇن دەيسىز؟ مېنىڭمۇ تىرىك، ھېسسىياتقا باي ئادەملىكىم سىزگە ئايان. ئەمما، ئوتتۇرىمىزدا نەچچە يىلدىن بېرى شەكىللەنگەن پەردىشەپنى ئۆز مەيلىمچە بۇزالمايمەن. مەن خېتىمدە سىزگە ھەممىنى ئېنىق يازدىم. سىز

ئاڭلىمىدىڭىز . مەن شۇنىڭدىن بۇيان ھوشۇركام بىلەن قەمبەرخا-
چامنى كۆرسەم ، ئۆزۈمچە خۇدۇكسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم . مې-
نىڭ ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالغۇم يوق . ئوتتۇرىمىزدىكى دوستلۇقنى
ئۆزۈۋەتكۈم يوق . ناۋادا مەن شۇنداق قىلسام ياكى سىزنىڭ مۇھەب-
بىتىڭىزنى قوبۇل قىلسام ، ئىنتايىن رەزىل ، ئىپلاس ئادەمگە
ئايلىنىپ قالىمەن . مېنىڭ بۇنداق ئاتنى كۆتۈرۈپ قوپقۇم يوق .
مېنىڭ ...

رىسالەت ئاخىر بوتۇلكىنى پەسكە چۈشۈردى . ئۇ ھاسىراپ
كەتكەنىدى . كۆز ئالدى تۇمانلىشىپ ، ھەممە نەرسە بىر چوڭقۇر
ئازگالغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ تۇيۇقسىز يۆتىلىپ
قېقىلىپ كەتتى . سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ قولىدىكى بوتۇلكىنى
ئېلىپ ، بىر كۆتۈرۈشتىلا ھاراقنىڭ ھەممىسىنى ئىچىۋەتتى . قۇ-
رۇقدالغان بوتۇلكا بىر چەتكە دومىلاپ كەتتى .

— شۇنداق ، سىزنىڭ ھېچنېمە قىلغۇڭىز يوق ، ئەمما مەن
قانداق قىلىمەن ؟ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش مېنىڭ سەۋەنلى-
كىممۇ ؟ بۇ سەۋدانىڭ مېنىڭ بېشىمغا كېلىپ قالغىنىغا ئۆزۈمنىڭ-
مۇ ئاچچىقى بار . ناۋادا ماڭا ھاياتلىق يولىنى قايتا تاللاش پۇرسىتى
بولغان بولسا ، مەن بۇ يولغا ھەرگىز ماڭمىغان ، سىزنىمۇ تونۇمى-
غان بولاتتىم . مەن ئۆزۈمدىن ، مېنى كۆتۈرۈپ تۇرغان زېمىندىن ،
مېنى تۇغقان ئانامدىن ، مېنى تاپقان دادامدىن نەپرەتلىنىمەن .

رىسالەتنى ھاراق كەيپى تۇتۇشقا باشلىدى . ئۇنىڭ مەڭزىلىرى
قىزارغان ، ئۇششاق سۆزلىرى كۆپىيىشكە باشلىغانىدى . سۇلايمان
قاسىم يەنە بىر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ كىردى ۋە بىرنەچچە رومكا
كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ، تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلىگىنىچە پۇ-
شۇلداپ ئولتۇردى . ئۇنىڭمۇ رىسالەتكە دەيدىغان نۇرغۇن گەپ -
سۆزلىرى بار . بىراق ، دېيىشكە ئىمكان يوق ئىدى .

كېيىنكى بوتولكىنىڭ ھارىقى يېرىملاشقاندا ، ئۇلار جىم بول-
دى . ياتاق ئىچىنى چاشقاننىڭ تىۋىشى ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىق
ئۆز ئىلكىگە ئالدى . رىسالەت خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى سۇلايمان

قاسىمغا تىكەتتى . ئۇمۇ رىسالەتكە قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى . تېلېۋىزوردا مۇڭغا پاتقان بىر ناخشىچى جىگدىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ گىتارغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئوقۇماقتا . ئۇنىڭ چىرايى شۇ تاپتا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇغان رىسالەت بىلەن سۇلايمان قاسىمنىڭكىگە بەكمۇ ئوخشايتتى . شۇنداق ، بىرى تېلېۋىزور ئېكرانىدا ، قالغان ئىككىسى ئۆز كۆڭلىدە مۇھەببەت ناخشىسىنى توۋلىماقتا ئىدى . بۇ ناخشىلاردا تەسۋىرلەنگەن كەچمىش بىر - بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ ، ھېسسىيات تامامەن ئوخشاش ئىدى .

ھاراق قانلارنى قايناتماقتا . تومۇرلاردا ھىجران ئۇپقۇنلىرى ئۆركەشلىمەكتە . ۋۇجۇدلار مەست ، كۆزلەر ئەلەس ! ھەممە نەرسە قانداقتۇر بىر مەۋھۇملۇق ئىچىدە كېزىپ يۈرىدۇ . رىسالەتنىڭ كاللىسىدا ئىختىيارسىز كېچە كۆرگەن چۈشى غۇۋا پەيدا بولدى . ئەنە بىپايان ئوتلاق ، ئۇنىڭ چەك - چېگرىسىغا كۆز يەتمەيدۇ . سۇلايمان قاسىم ئۇنى كۆتۈرۈپ بىر دەستە گۈلنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزدى . ئەتراپتىن قويۇق يالپۇز ھىدى كېلىپ تۇراتتى . سۇلايمان قاسىمنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرى ئۇنىڭ ئالۇچىدەك لەۋلىرىنى شوراشقا باشلىدى ... قوللار بىر - بىرىگە مەھكەم گىرە سالغان ، ئۇنى ئاجرىتىش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى ...

رىسالەت ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا سۇلايمان قاسىمنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلىدى ۋە ئۇنى بارلىق مېھرى بىلەن باغرىغا باستى . سۇلايمان قاسىممۇ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇنىڭ ئىلكىدە قالغانىدى . ئۇ رىسالەتنىڭ ئوت يامراپ تۇرغان قۇچىقىدا شامدەك ئېرىشكە باشلىدى . ئىككى تەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى . ئۇلار ئاپئاق بۇلۇتلار قوينىدا ئۈزەتتى ، زۇمرەتتەك سۇ يۈزىدە دولقۇن ئاتاتتى . نەپەسلەر قوشۇلۇپ ، ئىڭراشلار ئەۋجىگە چىقتى . تۇغان يار ئالغانىدى . ئەمدى ئۇنى توسۇپ قېلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس . سۇلايمان قاسىم ھاسىراپ تۇرۇپ : «ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى ، ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى ...» دەپ گۈڭگىرايتتى . لېكىن ، ھەممىسى شۇنداق بولۇۋاتاتتى ...

تاك سۇزۇلدى . سوغۇقتىن غولى قورۇلغان رىسالەت ئويغان-
دى . ئۇنىڭ بېشى ھېلىلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئاغ-
رىيتتى . ئېغىزى قۇرۇغان ، تاماقلىرى چاپلىشىپ كەتكەندى . ئۇ
كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ، ياتاق ئىچىگە نەزەر تاشلىدى . پولدىكى
گىلەم ئۇستىدە قىيپالىڭاچ ياتقان سۇلايمان قاسىمنى كۆرۈپ چۆ-
چۈپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇستۇبېشىغا قاراپ چىقتى ، كىيىملىرى
پۇتۇنلەي سېلىپ تاشلانغان ، بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ قويۇلغان كىيىم-
لەر ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك پۇرلىشىپ تۇراتتى . رىسالەت
ئۆز ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ھېس قىل-
دى . سىيرىلىپ چۈشكەن كىرلىكتە ئالىقانچىلىك قان دېغى ئويۇپ
قالغان ، ئۇ قىزلىق دەۋرى بىلەن خوشلىشىپ ، ئاياللىق مۇساپىسى-
گە قاراپ تۇنجى قەدەمنى تاشلىغانىدى .

رىسالەتنىڭ يۈزلىرى ئوت ئالدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەنگۈشتى-
رىنى قانداقتۇر چۈشتەك گىرەلىشىپ كەتكەن مەستلىك ئىچىدە
يوقىتىپ قويىدىغانلىقىنى قىلچە ئويلىمىغانىدى . مانا ، ئاسماندىكى
ئۇزۇپ كېتىۋاتقان ئاپئاق بولۇتلارمۇ يوق ، دولقۇنلىرى شوخلۇق
قىلىدىغان زۇمرەت ئېقىنمۇ يوق ، كۆز يەتكۈسىز ئوتلاقمۇ يوق !
پەقەت قاڭسىق ھاراق ھىدى بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن ياتاق كۆڭۈل-
نى غەش قىلىپ تۇراتتى . رىسالەت بىر يۈك ئەديالنى ئېلىپ
سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۇستىگە ئاۋايلاپ يېپىپ قويدى ۋە تازىلىق
ئۆيىگە كىرىپ كەتتى . بىرپەستىن كېيىن سۇنىڭ شارقىرىغان
ئاۋازى ئاڭلاندى .

سۇلايمان قاسىممۇ ئويغاندى . ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ
گىلەم ئۇستىدە ياتقىنىنى كۆردى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، تامغا
ئورنىتىلغان ئەينەك ئالدىدا ھۆل چېچىنى تاراۋاتقان رىسالەتنى
كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى . ئۇ ئەديالدىن سوغۇرۇلۇپ چىقماقچى
بولدىيۇ ، ئۇستۇبېشىنىڭ پۇتۇنلەي يالىڭاچ ئىكەنلىكىنى ھېس قى-
لىپ ، ئەديالنى قايتىدىن بەدىنىگە ئورىدى . ئۇ كۆزلىرىنى يۇ-
مۇپ ، ئاخشام بولغان ئىشلارنى بىر قۇر ئەسلىمەكچى بولدى .

ئەمما، چۈش دېسە چۈش ئەمەس، خىيال دېسە خىيال ئەمەس بىر كۆرۈنۈش ئۇنىڭ كاللىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ قان ئۇيۇپ قالغان كىرلىككە قارىغىنىدا، ئۆزىنىڭ ھاياتلىق شاھمىتىدا بىر قەدەمنى خاتا ئالغىنىنى سەزدى. بولغۇلۇق ئاللىقاچان بولغان، كۆز ئاللىقاچان چاناقتىن چىققانىدى. بۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خۇدادىن باشقا ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى.

رىسالەت كەينىگە بۇرۇلۇپ، سۇلايمان قاسىمنىڭ چېكىسىنى ئۇۇۋلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆردى ۋە بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن سۇلايمان قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ، بولۇڭدا دۆۋىلىنىپ تۇرغان كىيىملىرىنى كىيىۋالدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى خىجالەتچىلىكتىن لازا سۈيى قۇيۇلغاندەك پىژىلداپ ئېچىشىپ تۇراتتى. رىسالەت تازىلىق ئۆيىدىن چىققاندا، ئۇ ئازابلىق كۈلۈمسىرىدى. تىلى كېكەچلىشىپ قىلىدىغان گېپىنىمۇ تاپالمىدى.

—رى... رىسالەت، مە... مەن...

— بولدى، ماڭا ھېچنېمە دېمەڭ، — دېدى ئۇ يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويۇپ، — بۇنى مەن ئۆزۈم خالاپ قىلغان بولۇشۇم مۇمكىن. ھەرگىز سىزدىن كۆرمەيمەن، شۇڭا چۈشەندۈرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىز بۇنى بىر قىيتمىلىق شېرىن چۈش دەپ بىلەيلى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ چۈشتىن قىلچىلىك پەرقى يوق.

سۇلايمان قاسىم ئۈندىمەستىن تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. رىسالەت كېلىپ ساپادا ئولتۇردى. ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كېلىۋاتقان سۇلايمان قاسىم بىلەن قانغۇدەك مۇڭدىشىش ئارزۇسىنىڭ تېخىچە ئەمەلگە ئاشمىغىنىنى، گەرچە ئۇنىڭ يېنىدا بىر كېچە قونۇپ قالغان بولسىمۇ، مەستلىكتە نېمە دېيىشكەنلىكىنى پەقەتلا بىلمەيدىغىنىنى ھېس قىلدى. ھاياتتا بۇنىڭدىنمۇ ئۆكۈنۈشلۈك ئىش بولامدۇ؟ ئۇنى بىردىنلا يىغا تۇتتى. كۆپكۆك ئاسماندىكى بۇلۇت ئۈستىدىن موللاقلاپ چۈشكەندەك بىر خىل ھېسسىيات ئۇنى ساراسىمىگە سېلىشقا باشلىدى. ناۋادا ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ

مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىسە، قانداق بولىدۇ؟ ئاشۇ شېرىن چۈشنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكە پۇرسەت بولارمۇ؟

ئۇلار ناشتا قىلغاندىن كېيىن، نەرسە ـ كېرەكلەرنى كۆتۈرۈپ بېكەتكە كەلدى. ماشىنا يەنە بىر سائەتتىن كېيىن يولغا چىقاتتى. سۇلايمان قاسىم ئۆزىگە تەۋە ئورۇندۇقنى تېپىپ، سومكىسىنى جايلاشتۇردى ۋە ماشىنىدىن چۈشۈپ، بىر ستولبىغا يۆلەنگىنىچە مۇڭلىنىپ قاراپ تۇرغان رىسالەتنىڭ يېنىغا كەلدى. ھېچقايسىسىنىڭ ئېغىزىغا قۇلاققا ياققۇدەك بىر ئېغىز سۆز كەلمەيتتى. رىسالەت خۇددى ئانىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان كىچىك بالىدەك ئۇمچىيەتتى. سۇلايمان قاسىم ئېغىر ئۇھسىناتتى. ئۇ تاماكىسىنى شوراپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن، رىسالەتنىڭ توزۇپ تۇرغان چېچىنى ئوڭشاپ قويدى.

— شۇنداق قىلىپ مەن ماڭىدىغان بولدۇم، — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ تۇرۇپ، — ئالدىڭىزدا بەكمۇ خىجىلمەن. رىسالەت، تەقدىر بىزگە بىرگە ئۆتۈشنى نېسىپ قىلمىغانىكەن. ناۋادا دىلىڭىزغا ئازار بېرىپ قويغان بولسام، مېنى كەچۈرۈڭ. بۇ ئىشنى مەن ...

— ئۇنى تىلغا ئالسىڭىز، مەن ئوڭايسىزلىنىپ قالىمەن، — دېدى رىسالەت كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا، — ئاق يول بولسۇن، سۇلايمان. مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ. مەندىن كەچۈرۈم سورىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، ئاتا ـ ئانامغا سالام دەپ قويۇڭ. مەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ھەممىڭلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايمەن، يەنە كېلىپ سىزنىڭ خاس دوختۇرىڭىز بولۇشنى، ئاغرىپ قالسىڭىز بېشىڭىزدا پەرۋانە بولۇپ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئېلىشنى بەكمۇ خالايمەن.

— رىئاللىق بۇ ئارزۇيىڭىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ، رىسالەت. سىزنىڭمۇ ئۆز تۇرمۇشىڭىز بولغىنى ياخشى. بولمىسا كىشىلەر ئالدىدا باش كۆتۈرەلمەيسىز. جاھاندا ياخشى يىگىتلەر دېگەن كۆپ، ئۇلارنىڭ سىزنىڭ قەدرىڭىزگە يەت-

مەسلىكى مۇمكىن ئەمەس .
— بۇنىڭ بىلەن پەرۋايىم پەلەك ! مەن ئۆزۈم خالىغان يولدا ماڭىمەن . مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇ ئوخشىمىسا ، بۇنى تېرىيدىغان بىر-سىنىڭ كۆكتات ئېتىزى ئەمەس ، قەلبىمدىن ئورۇن ئالغان ئادەمدىن ھېچ نەرسەمنى ئايىمايمەن . بۇنىڭ ئۈچۈن چالما - كېسەك قىلىنسامىمۇ رازىمەن .
سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ قەتئىيەت چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ يەنە بىرنەرسىلەرنى دەپ رىسالەت بىلەن تاكاللىشىۋېرىشكە رايى بارمىدى .
— خەت يېزىپ تۇرۇڭ ، — دېدى رىسالەت ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ ، — مەن سىزنىڭ ئائىلىڭىزنى بۇزماقچى ئەمەس . ئۇنداق قىلسام زۇلخۇمار ئاچامغىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن . پەقەت ماڭا قەلبىڭىزنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئورۇن بەرسىڭىز ، مېنى قوللاپ ئوقۇشۇمغا مەدەت بەرسىڭىزلا بولدى . مەن شۇنىڭغا رازى . بۇنى بىر قېتىملىق خېتىمدە سىزگە ئېنىق يازغانمەن . سىزگە ئېسىلىۋالماي-مەن . ئەمما ، قويۇپمۇ بەرمەيمەن ، سىزدىن ۋاز كەچمەيمەن . بۇنى بىلىپ قېلىڭ .
سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى . ۋاقىت قىستاپ قالغانىدى . ماشىنا ماتورى ھەرىكەتكە كەلدى . شوپۇر پەستە تۇرغانلارنى ماشىنىغا چىقىشقا ئالدىراتتى .
— ئەمىسە خوش ، رىسالەت .
— خوش قەدىرلىكىم ، ئۆزىڭىزنى ھەر ۋاقىت ئاسراڭ ، مېنىڭ روھىم سىز بىلەن بىللە ...
ماشىنا قوزغالدى . رىسالەت ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى ئاشۇ ئايلىنىپ تۇرغان چاقىقا يۆگىشىپ كېتىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ ئىچىدە يۈرىكىنى قامالاپ قالدى . دېرىزىدىن سۇلايمان قاسىمنىڭ بېشى كۆرۈندى . ئۇ رىسالەتكە قاراپ قولىنى ئاخىرقى قېتىم پۇلاڭلاتتى . ماشىنا سۈرئىتىنى تېزلىتىپ ، تۇمان قاپلاپ تۇرغان بىنالار ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى . رىسالەتنىڭ ۋۇجۇ-

دى جۇغۇلداپ كەتتى .

ئۇ ياتاقتا قايتىپ كەلگەندە كۆپ چۈش بولغانىدى . رەشىدە كارىۋىتىدا پۇشۇلداپ ئۇخلىماقتا . ئۇنىڭ جاۋغىيىدىن ئاققان شۆل-گىيى ياستۇقىنى ھۆللىگەن ، ھەمىشە قىزىللىق تەپچىرەپ تۇرىدى-غان چىرايى بىرئاز سولغۇن كۆرۈنەتتى . رىسالەتمۇ ئۆزىنى كارى-ۋاتقا تاشلىدى . ئاخشام بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىشقا تىرىشتى . ئەمما ، ئۇنىڭ كاللىسىدا قويۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان شورلۇق دالىدىكى ئالۋۇنغا ئوخشايدىغان مەۋھۇملۇقتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى . ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۆزىگە ئازابتىن باشقا ھېچ نەرسە قالدۇرمىغىنىنى ھېس قىلدى . ئۇ قىزلىقىدىن ئاي-رىلدى . ئەمما ، كاللىسىدا ئەسلىگۈدەك ھېچقانداق نەرسە قال-مىغانىدى ...

كۆڭلەر تەشۋىش ، ئەندىشە ۋە ھەسرەت ئىلكىدە ئۆتمەكتە . سۇلايمان قاسىمنىڭ يۇرتقا كەتكىنىگىمۇ نەچچە ھەپتە بولدى . ئۇ-نىڭدىن ھېچبىر سادا يوق . رىسالەت ئۇنىڭغا خەت يېزىشنى ئويلى-دى . ئەمما ، نېمىدەپ يازىدۇ ؟ ئۇ نەچچە قېتىم قولىغا قەلەم ئېلىپ قەغەزگە تىركىگەن بولسىمۇ ، كۆڭلىنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەي بېشى قاتتى . ئۇ ئاخىر ئەڭ ياخشىسى سۇلايمان قاسىمدىن خەت كەلمىگۈچە ئۇنىڭغا بىرنەرسە دېمەسلىك قارارىغا كەلدى .

قىشلىق تەتىلمۇ توشۇپ قالدى . ئائىلىسىگە قايتقانلار بىر - بىرلەپ قايتىپ كېلىشكە باشلىدى . بىر مەزگىل سۈكۈتكە پاتقان مەكتەپ ئىچى يەنە جانلىنىپ كەتكەنىدى . ياتاق بىناسىدىن ، سى-نىپلاردىن قىز - ئوغۇللارنىڭ چاقچاقلاشقان ۋە قاقاقلاپ كۈلۈش-كەن ئاۋازى كېلەتتى . قايسىدۇر بىر ياتاقتىن ھېلىقى قىزنىڭ گىتارغا تەڭكەش قىلىنغان ناخشىسىمۇ پات - پات ئاڭلىنىپ قالات-تى . نۇرگۈل ، گۈلباھارلارمۇ قايتىپ كەلدى . لېكىن ، نۇرگۈل-نىڭ چىرايى بىرئاز سارغىيىپ قالغان ، ئۇيقۇسى كۆپ ، ھەمىشە ئەسنەپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى . بەزىدە ئۇنىڭ كۆزىدىن ئىخ-تىيارسىز شۇرقىراپ ياش قۇيۇلاتتى . بۇنداق چاغدا ئۇ نەگىدۇر

ئالدىرايتتى .
كۆنلەر ھەرھالدا ئىزىغا چۈشتى . رەشىدە بىلەن رىسالەتنىڭ ئۆگىنىشتىكى ھەمكارلىقى نەتىجىسىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى . رىسالەت يۈرىكىنى مۇجۇپ تۇرغان ئازابلىق خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۆزىنى دەرسلەرگە ئۇرماقتا ئىدى . ئۇنىڭ كاللىسى ئېچىلىپ كەتكەن ، خېلى قىيىن مەسىلىلەرنىمۇ ھېچ كۈچىمەيلا ھەل قىلىۋېتەتتى . ئۇنىڭدىكى بۇ خىل تۇغما تالانتنى ھەممەيلەن ئېتىراپ قىلاتتى .
شۇ كۈنلەردە نۇرگۈلنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلىشىشقا باشلىدى . بەزىدە ئۇ دەرس ئاڭلاۋېتىپمۇ جالاقلاپ تىترەپ كېتەتتى. غان ، يۈز مۇسكۇللىرى تارتىشىپ ، ئېغىزىدىن شۆلگەي ئاقىدى. غان ، كۆزىنىڭ قارىسى تارتىلىپ ، چاچلىرىنى يۇلىدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قاراپ بەزىلەر نۇرگۈلنى خىرو- ئىن چېكىدىكەن دېيىشتى . دېمىسىمۇ ئۇنىڭدا شۇنداق ئالامەتلەر بار ئىدى .
بىر كۈنى رىسالەت دەرستىن چۈشۈپلا ياتاققا قايتىپ كەلدى . ئۇ ئالىدىغان ماتېرىياللىرىنى ئېلىۋېلىپ كۇتۇپخانىغا بارماقچى ئىدى . ئۇ ياتاققا كىرىپ نۇرگۈلنىڭ يۈزىنى ئاسمانغا قارىتىپ ، بىرنەرسىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك بوشىشىپ ياتقانلىقىنى كۆردى . ئۇنى بۇ ھالدا كۆرگەن رىسالەتنىڭ بەدىنىدە جان دېگەندىن ئەسەرمۇ قالمىدى .
— نۇرگۈل ··· نۇرگۈل ··· قانداق ئەھۋالىڭ ؟
نۇرگۈل رىسالەتنىڭ چاقىرىشلىرىغا جاۋاب بەرمىدى . ئۇ ئې- غىزىدىن كۆپۈك چىقارغىنىچە كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ياتاتتى . ئۇ شۇ تۇرقىدا ھاۋايى مۇئەللەقتە ئۇچۇۋاتقاندەك ئىدى .
كىم ئويلىغان ، بۇ ئىش كۆپ ئۆتمەي سىنىپ ئىچىدە پۇر كەتتى . مەكتەپمۇ نۇرگۈلنى زەھەر تاشلىتىش ئورنىغا ئاپىرىپ قويدى . يېقىن سىردىشىدىن ئايرىلغان گۈلباھارنىڭمۇ كۆڭلى دەك- كە - دۇككە ئىچىدە قالغانىدى . ئۇلار ھەمىشە ئايرىلماي يۈرىدىغان

قەدىناسلار تۇرسا ، بۇ پىشكەلچىلىكنىڭ ئۆزگىچە كىلىپ قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى . بىر كۈنى ئۇ ياتاقتا رىسالەتنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى .

— مەن ساڭا ئۆمۈر بويى ھەۋەس قىلىمەن ، — دېدى گۈلباھار كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ ، — سەن شۇنداق خاتىرجەم ۋە شۇنداق قەيسەر . سېنىڭ باشقىچە غېمىڭمۇ يوق . دەرسلەردىمۇ شۇنداق ياخشى . كەلگۈسىدە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر دوختۇر بولۇشۇڭدا گەپ يوق ، شۇنداق چاغلاردا مەندەك يارىماس ساۋاقدىشىڭنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالما . مەنمۇ دەسلەپدە سېنىڭ پېشىڭنى تۇتالىغان بولسام ، بۈگۈنكىدەك ئاقىۋەتكە قالمىغان بولاتتىم . ئۆزۈمدىن كەتتى . ئەمدى ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايمەن .

— ساڭا نىسبەتەن پۇرسەت دېگەن يەنىلا كۆپ ، گۈلباھار ، — دېدى رىسالەت ئۇنى بەزلەپ ، — سەن تىرىشساڭلا يەنىلا جانغا ئەسقاتقۇدەك بىرنەرسە ئۆگىنەلەيسەن . بىز سەن بىلەن بىللە ، ياردىمىمىزنى ئايىمايمىز .

— بولدى ساۋاقدىشىم ، كۆڭلۈمنى ياسىمايلا قوي ، — گۈلباھار كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى ، — ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالى ئۆزۈمگە ئايان . ئەمدى مېنىڭ ھېچقانداق چىقىش يولۇم قالمىدى . نۇرگۈلدە پەقەت خىروئىن خۇمارىلا ئەمەس ، ئەيدىزمۇ بار . ئۆتكەن يىلى تەكشۈرتكەندە چىقىپ قالغان . ھازىر ئۇنىڭ دوۋسۇنىنى ، پاچاقلىرىنى ئەسۋەت قاپلاپ كەتتى . نۇرگۈلدە كۆرۈلگەن بەزى ئالامەتلەر مەندىمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ . بىز خەقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدۇق . ۋاي نۇرگۈل ، ۋاي گۈلباھار دېسە ، جاھاننى بىلمەي يۈرۈپتۇق . ياشلىق دېگەننى مۇشۇنداق ئۆتكۈزسە مەنىلىك بولىدۇ دەپ ، خۇدىمىزنى بىلمەي قاپتۇق . ھەتتا سېنى كۆزگە ئىلمىغان چاغلىرىمىزمۇ بار . مانا ، كەلگۈلۈك باشقا كەلگەندە ، پۇشايمان پايدا بەرمىدى . ئەمدى مەنمۇ بۇ يەردىن كېتىمەن . مېنى ھېچكىم تونۇمايدىغان ، تىنچ ، ئارامبەخشلىك بىر يەر تاپالىسام ، قالغان

ئۆمرۈمنى شۇ يەردە تامام قىلارمەن . مەندىن رەنجىگەن يەرلىرىڭ بولسا كەچۈرۈۋەت ، ئاداش . كۆڭلەرنىڭ بىر كۈنى مېنى ئەجەل ئۆز قولىغا ئالغاندا ، سېنى ياد ئېتىپ تۇرۇپ جان بېرىشكە رازىمەن .

— ساراڭلىق قىلما ، گۈلباھار . سەندىكىسى زەھەر خۇمارىنىڭ دەسلەپكى باشلىنىشى ئىكەن ، بۇنداق شارائىتتا زەھەرنى ئاسان تاشلىيالايسەن . سەن دېگەن ياش ، كۆرىدىغان كۈنلىرىڭ چاچتىنمۇ تولا . شۇڭا ، بۇنداق ئۈمىدسىزلىنىپ كەتسەڭ بولمايدۇ . سېنى ھەممەيلەن قوللايمىز . ياردىمىمىزنى ئايىمايمىز . سېنىڭ كەلگۈسىدە يارامىلىق دوختۇر بولۇپ چىقىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن . سەنمۇ ئاق خالاتلىق پەرىشتىگە ئايلىنىسەن .

گۈلباھار ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى . ئەمما ، ھېچ نەرسە دېمىدى . ئاشۇ سۆھبەت بولۇپ ئەتىسى ئۇ مەكتەپتىن ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولدى . نىياسەم خانىم كۆز ياشلىرىنى ئېقىتقىنىچە ئۆزىنىڭ يارامىلىق ئوقۇتقۇچى ئەمەسلىكىنى ، ئىككى ئوقۇغۇچىسىنىڭ نابۇت بولۇپ كېتىشىنى توسۇپ قالالمىغانلىقىغا بەكمۇ ئۆكۈنىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

## 49

سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كەلگىنىگە ئىككى ئايدەك بولۇپ قالدى . قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقلىرى بوشاپ ، توڭ تېزەكتەك قېتىپ كەتكەن زېمىن يۇمشاشقا باشلىدى . يول بويلىرى ، ئورمانلىقلاردىكى تۇپراق بوشاپ ، يېڭىنە يوپۇرماقلىق چىم ـ قىياقلارنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈشكە باشلىدى . توڭ ئېرىتىدىغان ئىسسىق شامال تال چىۋىقلارغا يېشىللىق بەخش ئەتمەكتە ئىدى . ئەتراپتىن باھارغا خاس ئىللىقلىق نامايان بولاتتى .

بۈگۈن ئۇ ئىشخانىسىدا ھۆججەت كۆرۈپ ئولتۇراتتى . ئىشىك چېكىلىپ ئارقىدىنلا گېزىت تارقاتقۇچى ھۆرىيەت بىر كونۋېرت كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى .

— نېمە بولدى ؟ — دېدى ئۇ قولىدىكىنى سۇلايمان قاسىمغا
سۇنۇۋېتىپ .
— نېمىگە نېمە بوپتۇ ؟ — سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ
باش - ئاخىرى يوق بۇ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى .
— ھېلىقى قىز سىزنى ئەمدى ئۇنچە سېغىنمايدىغان بولۇپ
قالدىمۇ ، نېمە ؟ يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ خېتى ئازلىغانىنىڭ ئۇستىگە
بارغانسېرى ئورۇقلاپ كېتىۋاتىدىغۇ ؟
سۇلايمان قاسىم ئۇندىمىدى . دېمىسىمۇ بۇ قورۇق كونۋېرت-
تەك قىلاتتى .
— ھېچقىسى يوق ، — دېدى ھۆرىيەت قاشلىرىنى ئۇچۇ-
رۇپ قويۇپ ، — بۇ كەمىنىڭ قىزلىرىغا بەك ئىشىنىپ كەتسىمۇ
بولمايدۇ . ئۇ سىزنى تاشلىۋەتكەن بولسا ، مانا بىز بارغۇ سۇلايمان
ئاكا . ھەرگىز كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ .
ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە سىرتقا ماڭدى .
ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمىگە ماس ھالدا چايقىلىپ تۇرغان ساغرىسى
ئازما ئىچىدە پىرقىراپ تۇرغان قاينامنى ئەسلىتەتتى .
سۇلايمان قاسىم ناخۇش بىر ھېسسىياتتا كونۋېرتنىڭ ئېغىزى-
نى ئاچتى . بىر ۋاراقلا قەغەز ، ئۇستىدە لەۋ سۇرۇخقا مىلەپ
بېسىلغان لەۋ ئىزى ، ئاستىغا يوغان بىر سوراق بەلگىسى سىزىلغا-
نىدى . سۇلايمان قاسىم ھەممىنى چۈشەندى . ئوتقاشتەك يالقۇنجاپ
تۇرغان لەۋ ئىزى رىسالەتنىڭ ئۇنى ھېلىمۇ سۆيىدىغانلىقىنى چۈ-
شەندۇرەتتى ، ئاستىدىكى سوراق بولسا ، «يوقاپ كەتتىڭىزغۇ ؟»
دېگەن مەنىنى بىرەتتى . دېمىسىمۇ سۇلايمان قاسىم ئىككىيلەن
ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ھېلىقى ئىشتىن كېيىن ، بىر خىل
كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە يۈرەتتى . ھوشۇر سەلەي بىلەن قەمبەرخان-
دىن ئۆزىنى قاچۇراتتى . ئۇلارنى كۆرسە نېمىدىندۇر ئۇركۇپ ،
تاققا - تۇققا سۆزلەيتتى ۋە جۇدۇكسىرەش ئىچىدە ئۆزىنى دالدىغا
ئېلىشقا ئالدىرايتتى . ئۇنىڭ بۇنداق مۇئامىلىسىدىن ھەيران قالغان
ھوشۇر سەلەيلەر ئۆزىنىڭ قايسى ئىشنى خاتا قىلغانلىقىنى ، سۇلاي-

مان قاسىمنى قايسى ئىشتا رەنجىتىپ قويغانلىقىنى بىلەلمەي ئاۋارە بولاتتى . شۇڭا ، ئۇنىڭ رىسالەتكە خەت يېزىشقا قولى بارماي كەلگەنىدى . مانا ، رىسالەت ئۇنى سۆيلەپتۇ ، ئۆزىگە خەت يېزىشقا ئالدىرىتىپتۇ . شۇغىنىسى ئۇ ئەمدى نېمىمۇ يازار ؟ ئۇنىڭغا نېمىمۇ دەر ؟ بولغان ئىشلارنى قانداق تىلغا ئالار ؟

لەۋ ئىزى چۇشۇرۇلگەن بۇ خەت ئۇنىڭ ئارامىنى يەنە بۇزدى . سۇلايمان قاسىم تاماكىسىغا ئوت يېقىپ ، ئۇنى ئېرىنچەكلىك بىلەن شوراشقا باشلىدى . كۆكۈچ ئىس ئەتراپقا تەكشى يېيىلماقتا ئىدى . ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىمۇ ئاشۇ تاماكا ئىسىدەك ئىشخانا ئىچىدە لەيلەپ يۈرەتتى . بىر ئادەمگە نىسبەتەن توشقاندەك ياشاش بەكمۇ ئۇياتلىق ئىش . سېنىڭ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تىلىڭ قىسىلغان كۈنى بۇنداق ھاياتنىڭ مۇقەددىمىسى باشلانغان بولىدۇ . باشقىلاردىن خۇدۇكسىرەيسەن ، پىنھان بىر جايغا كەتكۈڭ كېلىدۇ . كىشىلەرنىڭ يۈزىگە تىك قارىيالمايسەن . ھەتتا تىنىقلىرىڭمۇ سېنى مەسخىرە قىلىدۇ . سۇلايمان قاسىم دەل مۇشۇنداق روھىي ھالەت ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرەتتى .

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولدى . ئۇنىڭ ئۆيگە قايتقۇسى يوق ئىدى . شۇڭا ، ئىشخانا ئىشىكىنى تاقاپ ، پەردىلەرنى چۈشۈرۈۋەتتى ۋە تىۋىش چىقارماي ئولتۇرۇۋالدى . كارىدوردىن تاماققا ماڭغان خىزمەتداشلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىناتتى . ھىممەت ياسىنىنىڭ كىمگىدۇر چاقچاق قىلغىنى ۋە بىرنەچچەيلەننىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى . بىرپەستىن كېيىن بىنا تىنچىپ قالدى . ئەتراپتىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى . شۇندىلا ئۇ قولىغا قەلەم ئالدى .

«قەدىرلىك رىسالەت ، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز ؟ ئوقۇش ئەھۋالىڭىز قانداقراق ؟ قىشنى ئامان - ئېسەن چىقاردىڭىزمۇ ؟ مەن سىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭىزنىڭ ئارزۇيۇمدىكىدەك بولۇشىنى تىلەيمەن . مەندىن ئەھۋال سورىسىڭىز ، مەنمۇ يامان ئەمەس تۇرۇۋاتىمەن . ئەمما ، كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق . بىر ئىشلاردىن تىت -

تىت بولىمەن . نېمىگە جىددىيلەشكىنىم ، نېمىگە ئالاقزادە بولغى-
نىم ئۆزۈمگىمۇ ئايان ئەمەس . بىر خىل ئېسەنكىرەش مېنى
ئىچ - ئىچىمدىن تۇگەشتۈرۈۋاتىدۇ . شۇڭا ، سىزگىمۇ ۋاقتىدا
خەت يازالمىدىم . مېنى ئەپۇ قىلىڭ .
مول مەزمۇنغا ئىگە خېتىڭىزنى بوگۈن تاپشۇرۇپ ئېلىپ ،
ئىشخانىدا سىزگە نېمىلەرنى يېزىش ھەققىدە ئۇزاق ئويلاندىم .
بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەشكە شۇنچىلىك تىرىشقان بولسامۇ
كاللامغا ھېچ نەرسە كەلمىدى . كاللام بەكلا قۇرۇق ، قەلبىمدە
بوران ھۇشقۇيتۇپ تۇرىدۇ . مەن ئىلگىرىكى ئۆزۈم ئەمەستەك بىر
تۇيغۇدا ئازابلانماقتىمەن . ئۆزۈمنى نەدە يوقىتىپ قويغىنىم ئېسىم-
دە يوق . مەن مانا مۇشۇنداق روھىي ھالەت ئىچىدە قالدىم .
سىز تېززەك ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ، مېنى مەخسۇس داۋالىمىسى-
ڭىز بولمىدى .
رىسالەت ، مەن سىزنى ئويلىدىم ، سىزنى سېغىندىم ، ھەتتا
بەزىدە سىڭلىڭىز ئادالەتنى كۆرگەن چېغىمدا ئىختىيارسىز سىز-
نىڭ ئىسمىڭىزنى چاقىرىپ سالغان چاغلىرىممۇ بولدى . ئەم-
ما ، مەن ئەسلىدە سىزنى ئۆز سىڭلىم ، ھەتتا تۇغۇلغان بولسىمۇ
چىرايىنى بىر قېتىم كۆرۈشكە نېسىپ بولمىغان قىزىمنىڭ ئورنىدا
كۆرۈپ سېغىناتتىم . بۇنداق سېغىنىشنىڭ قانچىلىك شېرىن بول-
دىغانلىقىنى مەندىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيتتى . مانا ، مەن ئەمدى
ئاشۇ تۇيغۇدىن مەھرۇم قالدىم . بۇ قېتىم ئەسلىي ئۇرۇمچىگە
بارمىسام ، ھېچبولمىسا يالغۇزلۇق جېنىمغا پاتسىمۇ ، هاراق ئىچ-
مىسەم بوپتىكەن . مەستلىكتە قىلىپ قويغان ئىشىمنى ئويلىسام ،
يۈرىكىمنى ئۆكۈنۈش تىغى تىلىدۇ ، ۋىجدانىم ئازابلىنىدۇ . ئەسلىي
مۇھەببەت دېگەن بۇنداق بولماسلىقى ، ھېچبولمىسا ئۇ تەننىڭ ماد-
دىي ئېھتىياجىغا ئايلىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى . سىز دېگەن
ئوقۇغۇچى ، بۇنداق مەنزىلگە ئالدىراپ قەدەم تاشلىسىڭىز بول-
مايتتى . مەن سىزنى نابۇت قىلدىم ، قىز دېگەن مۇقەددەس
ئاتاقتىن مەھرۇم قىلدىم . بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆزۈمنى

مەڭگۈ كەچۈرەلمەيمەن .

رىسالەت ، مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن . ئەمما ، مۇھەببەتىمنى سىزگە بېغىشلاشقا ئامالسىزمەن . چۈنكى ، مەن بەكلا بالدۇر تۇغۇلۇپ قالغان ئىكەنمەن . ھېچبولمىسا سىزدىن نەچچە ياش چوڭ ياكى قۇرداش بولمىغىنىمدىن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن . مەن شۇ چاغقىچە ھايات بوسۇغىسىدىن ئاتلىمىغان ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بىر ئائىلىگە ، بىر نەچچە بالىغا ئاتا بولمىغان بولسام ، مېنىڭ ئەڭ بۇرۇن تاللايدىغىنىم سىز بولغان بولاتتىڭىز . لېكىن ، ھازىر ئىشلار باشقىچە ، مەن بۇ يېشىمدا «قوشنىسىنىڭ قىزىنى بۇزغان ، يولدىن چىقارغان» دېگەن ئاتاقنى ئالغۇم يوق . بۇ مېنىڭ قورقۇنچاقلىقىمدىن ئەمەس ، سىزنى ئايىغىنىمدىن بولۇۋاتقان ئىشلار . ئەرلەرگە قارىغاندا ، ئاياللارنىڭ ، بولۇپمۇ يۈزى ئېچىلمىغان قىزلارنىڭ ئاتىقى يامان . كونىلارنىڭ ، «قىز بالا ئاسان پۈراپ قالىدۇ» دېگىنىمۇ شۇ گەپ . مەن سىزنىڭ مەڭگۈ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرۇشىڭىزنىلا ئۈمىد قىلىمەن .

ھازىر سىڭلىڭىز ئادالەتنىڭ پۇرىقى سىرتلارغا چىقىۋاتىدۇ . بۇ پۇراق ئۆز نۆۋىتىدە ھوشۇركامنى سەسكەندۈرۈشكە باشلىدى . ئۇ بەكمۇ ئازابلانماقتا . ئۆزىنى ئەلكۈن ئالدىدا يۈزى قالمىغاندەك ھېس قىلماقتا . بۇنداق ئىشلارنىڭ ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى ئويلىشىڭلار كېرەك . ھەممىنى ئۆزۈم ئويلىغاندەك قىلىمەن دېيىش ھاماقەتلىك . ئادەم دېگەن ئۆز نامىغا ، ئاتا - ئانىسىنىڭ نامىغا ، ئائىلىسىنىڭ نامىغا داغ تېگىدىغان ئىشلاردىن ساقلانغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ۋىجدانىغا ، ئەڭ مۇھىمى مۇھەببەت دېگەن يۈكسەك نامغا يۈز كېلەلەيدۇ .

ئۆزۈمنىڭ شىرىقى شالتاق تۇرۇپ سىزگە دەپ كەتكەن گەپلىرىمنى قاراڭ ؟ ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە ، ئۆزىگە كۆسار پىچالمىغىنى بىلەن ، باشقىلارغا تون كېسەلەيدۇ . دېگەنلىرىمنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ . چۈنكى ، مەن سىزنى شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دېمەكچى ئەمەس . سىزنىڭ پەزىلىتىڭىزگە ، ساداقىتىڭىزگە مەڭگۈ كۆز يۇمـ-

مايەن هەم سىزدە مۇشۇنداق ئارتۇقچىلىقنىڭ بولغانلىقىدىن بەكمۇ سۆيۈنىمەن . ئۆزۈمنىڭ سىزگە مۇھەببەت بىرەلمىگەنلىكىمدىن ، سۆيگۈڭىزنى چىن كۆڭلۈمدىن قوبۇل قىلىپ قەدىرلىيەلمىگەنلىكىمدىن بەكمۇ ئازابلىنىمەن .

رىسالەت ، بىز ئەمدى مۇھەببەت ھەققىدە سۆزلەشمەيلى . ئەڭ ياخشىسى ، يېپىق قازان يېپىق پېتىچە قالسۇن . شۇنداق بولغاندا مەنمۇ روھىي بېسىمدىن قۇتۇلىمەن . ھوشۇركام بىلەن قەمبەرخانىڭ يۈزىگىمۇ يورۇقلۇق قارىيالايمەن . سىز مېنىڭ دېگەنلىرىمگە قوشۇلامسىز ؟

مەن سىزنىڭ زېھنىڭىزنى چاچماي تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ، ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن بىللە يۇرتىمىزدىكى سانسىزلىغان بىمارلارنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشىڭىزنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن ھەم سىزنىڭ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن .

خەير ، بۇ دۇنيادا بىرگە ئۆتۈش نېسىپ بولمىغان ئۇ دۇنيالىق سۆيۈملۈكۈم ! كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭ ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ ، بىز ئۈچۈن تىرىشىپ ئوقۇڭ ! سىزنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىشىڭىزنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ : سۇلايماندىن »

خەتنى يېزىپ بولغاندا ، سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقىپ ، خەت يېزىلغان قەغەزنىڭ يۈزىگە تامچىلاپ چۈشتى . ياشتىن ھۆللەنگەن سىياھ ئەتراپىقا قارا داغ بولۇپ كېڭەيدى . سۇلايمان قاسىم كۆز يېشىنى پۈۋلەپ بىرئاز قۇرۇتقاندىن كېيىن ، خەتنى ئاۋايلاپ كونۋېرتقا سالدى ـ دە ، پوچتىخانىغا قاراپ يول ئالدى .

ئاسماننىڭ يۈزى كۆرۈنمەيتتى . سارغىيىپ كەتكەن گېزىت قەغىزىدەك كۆرۈنگەن بوشلۇقتىن پۇرۇلداپ توپا قۇيۇلاتتى . ئادەملەرنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلايتتى ، كۆزلىرى ئېچىشاتتى ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى لايغا تولاتتى . بۇ يەرنىڭ ئەتىيازلىق ھاۋاسى كىشىنى ئاشۇنداق بىزار قىلاتتى .

ئۇ غۇيۇلداپ تۇرغان شامالغا بەرداشلىق بېرەلمەي ، چاپىنى-
نىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى . ئەخلەت - چاۋارلار ئۇچۇشۇپ
يۈرگەن كوچىدا ئادەملەر بەكمۇ شالاڭ ئىدى . ھەممە يەردىن بىر
خىل سوغۇقچىلىق ، مېھىرسىزلىك يوخسۇپ تۇراتتى . ئۇ پوچتى-
خانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، تىجارەت زالىدىن چىقىۋاتقان سەلىمجان
بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى .

— قانداق ئەھۋالىڭ ؟ — دېدى ئۇ سۇلايمان قاسىم بىلەن
قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ، — بۇياققا كېلىپ قاپسەنغۇ ؟

— ئۆزۈڭچۇ ؟

— شۇ بىكارچىلىق ، — دېدى سەلىمجان ئۇنىڭغا تاماكا
تۇتۇۋېتىپ ، — ئىدارىنىڭ يۇقىرىغا يوللايدىغان بىرنەچچە ھۆج-
جىتى باركەن ، شۇنى سېلىۋەتتىم . ئۆزۈڭچۇ ؟ بىرسىگە سالام خەت
يېزىپ يۈرمەيدىغانسەن ؟

— سالام خەت يېزىش دېگەن نەدە قالدى ؟ ھازىر دېگەن
بارغۇ ، ھاجىم تېپىپ بەرگەننى ئوينايدىغان چاغ ، بۇرادەر .

— مېنى تولا مەسخىرە قىلىۋەرمە ، — سەلىمجان بويۇنلى-
رىغىچە قىزىرىپ كەتتى ، — مەن ئاللىقاچان ئۇ ئىشتىن قولۇمنى
يۇيۇۋەتكەن . كونا خامانني قاچانغىچە سورۇيدىغانسەن ئەمدى ؟

ئۇلار چاقچاقلىشىپ بىرئاز تۇرۇپ قالدى .

— ھە راست ، — دېدى سەلىمجان ئۇنى بىر چەتكە
تارتىپ ، — پۇلۇڭنى تەييارلاپ قويغان ، بۇ يەردە ئۇچرىشىپ
قېلىشىمىزنى بىلگەن بولسام ، يېنىمغا سېلىۋالاركەنمەن . ھەي ،
ئالدىڭدا بەكمۇ خىجىلمەن ئاداش ، ئاشۇ چاغدا ياردەم قىلمىغان
بولساڭ ، سەن بىلەن بۈگۈنكىدەك كۆلۈپ تۇرۇپ پاراڭلىشىش
دېگەن نەدە ئىدى ماڭا ؟ بۇ ياخشىلىقىڭنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن .

— سەن نېمىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇماسلىق كېرەكلىكىنى
بىلمەيدىكەنسەن ، — سۇلايمان قاسىم بېشىنى چايقاپ قويدى ، —
سەن ئۇنتۇمايدىغان نەرسە ساۋاق ! يامانىنىڭ يالىقىنى يالىساڭ ،
يۈزۈڭنىڭ پوق بولىدىغانلىقىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇماسلىقىڭ

كىرەك .

— توغرا ، توغرا ، بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتىمەن . رەھمەت ساڭا ، مەن ياردەملىشىدىغان ئىش بارمۇ ؟

— بولدى ، سەن كېتىۋەر ، بۇ يەردە مەن يېتىشىپ بولالمايدىغان ئىشمۇ يوق . شۇ بىر سىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن خەت سالغىلى كەلدىم . بىر ئىش بولسا سىنى چاقىرىمەن .

ئۇلار قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى . سەلىمجان مەيداندا توختىتىپ قويغان موتسىكلىتنى ئوت ئالدۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى . سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن ، زالغا قاراپ يول ئالدى .

## ئون بىرىنچى باب

# ھىجران

### 50

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. رىسالەتنىڭ ئوقۇشى پۈت-تى. ئۇ بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن مۇشۇ قورۇدىن قانداق چىقىپ كەتكەن بولسا، يەنە شۇنداق قايتىپ كەلدى. قورۇدىكىلەر ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇ ئو-قۇشقا مېڭىشنىڭ ئالدىدا سېكىلىكىنى پېشانىسىگە چۇشۇرۇپ، بىر تۇتام چېچىنى سىلىكتىپ، دىكىلداپ يۈرىدىغان كىچىككىنە قىز ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ قايتىپ كېلىۋىدى، ھەممەيلەن ئۇنىڭ بەكمۇ ئېغىر - بېسىق، كەمسۆز، جىمغۇر قىز بولۇپ قالغانلىقىنى بايقاشتى. ئوتتۇرا بوي، كالتە يەڭ كوپتىسىنىڭ مەيدىسىنى كۆتۈ-رۈپ تۇرغان بىر جۈپ كۆكسى لىغىرلاپ تۇرىدىغان، قوي كۆزلى-رى خۇمارلىق، ساغرىسىدا سويلاپ تۇرىدىغان ئىككى ئۆرۈم چېچى ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان چىرايلىققىنە بىر قىز ئۇلار-نىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولغانىدى. يىللار رىسالەتكە گۈزەل لاتاپەت، گۈلدەك رۇخسار ئاتا قىلغانىدى.

— قەمبەرخاننىڭ ماۋۇ قىزى چوڭ شەھەردە يۈرۈپ شاپاققا پوقنى ئۇسۇپ كېلەمدىكىن دېسەم، بىر چىرايلىق گۈلدەك كەپتى-غۇ؟ — دېيىشتى قوشنىلار ئەينى چاغدىكى پەرەزلىرىدىن يېڭىل-گەنلىكىگە قايىل بولمىغاندەك.

— ئەسلى ئۇنى ئۆرۈمچى يەپ كېتەمدىكىن دەپ ئويلىغان، قارىغاندا خۇدايىم ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەن ئوخشايدۇ.

— سىڭلىسى ئادالەتكە قارىغاندا، بۇ قىز ھېچقانچە

ئۆزگەرمەپتۇ .

— هەي ، قويۇڭلار شۇ ئادالەت دېگەننى ، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇنى بىر قاۋاقخانىنىڭ ئالدىدا كۆرۈپ قالدىم . ئۇ شۇ چاغدا قاپاقتىن سۇ توكۇلگەندەك شالاقشىتىپ قوسۇۋاتقانىكەن . ئۇنى بىر پاخما باش يۆلىۋاپتۇ . بۇ يۇرت ئۇنىڭغا كىچىك كېلىپ قالدى مۇشۇ كۈندە .

— راست ، ئۇ ئۇياتمىغىنى بىلەن ، ئۇچرىشىپ قالسا ئادەم خىجىل بولىدىكەن .

قورۇدىكىلەرنىڭ گەپ - سۆزى ئەنە شۇ يوسۇندا باشلىنىپ كېتەتتى . ھەممەيلەن باشقا بىر ئىشنى دېيمەن دەپ ، باشقا بىر ئىشنىمۇ تىلغا ئېلىپ قوياتتى . رىسالەتنى ماختايدىغانلار ، ئادالەتنى تىللايدىغانلارنىڭ پارىڭى ئۈزۈلمەيتتى . ئۇلارغا قىلىدىغانغا گەپ توگەپ قالمايتتى .

بىرنەچچە ئايدىن كېيىن رىسالەت ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئىشقا چۈشتى . بۇ كۈنى ھوشۇر سەلەي ئائىلىسى ئۈچۈن كاتتا بايرام بولغانىدى .

— ماڭ ئۇكام ، — دېدى ھوشۇر سەلەي سۇلايمان قاسىمنى يولدا توتۇۋېلىپ ، — دوختۇرخانىغا بېرىپ ، رىسالەتنىڭ ئاق خالاتنى قانداق كىيگەنلىكىنى كۆرۈپ كېلىمىز .

سۇلايمان قاسىم بىر باھانە تېپىپ دوختۇرخانىغا بېرىشتىن قاچماقچى بولدىيۇ ، ياشىنىپ قالغان بۇ ئادەمنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ كاتتا خۇشاللىقىغا سوغۇق سۇ سېپىشنى خالىمىدى . ئۇنىڭغىچە قەمبەرخان زۇلخۇمار ۋە قورۇدىكى ئاياللاردىن بىرنەچچىنى باشلاپ چىقىپ قالدى . ھەممەيلەن پاراڭ بىلەن مېڭىپ دوختۇرخانىغا كەل- دى . ئاق خالات ، ئاق پوسما كىيگەن ، ماسكا تاقىغان ، بوينىغا تىڭشىغۇچنى ئېسىپ نېمىگىدۇر ئالدىرىشىپ يۈرگەن دوختۇرلار- نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇغىلى بولمايتتى . ھوشۇر سەلەي بىلەن قەمبەرخاننىڭ ئىنتىزارلىققا تولغان كۆزلىرى ئاشۇ ئاق خالاتلىقلار ئىچىدىن رىسالەتنى ئىزدەيتتى . ئۇلار ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە بويۇنداپ قاراپ ، ئىزدىگىنىنى تاپالماي جىلە بولۇشماقتا ئىدى .

— كىمنى ئىزدەيسىلەر؟ — بىر توپ ئادەمنىڭ سەركىسىنى يوقىتىپ قويغان قوي پادىسىدەك كارىدوردا پىتىراپ يۈرگىنىنى كۆرگەن بىر دوختۇر ئۇلاردىن سورىدى.
— بۈگۈن ئىشقا چۈشكەن رىسالەتنى ئىزدەيتتۇق.
— ئۇ دېگەن بىزنىڭ قىزىمىز، — قەمبەرخان پەخىرلەن-گەندەك قوشۇپ قويدى.
— ئەمىسە بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭلار، — دېدى ھېلىقى دوختۇر پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئۇ ئوپېراتسىد-يىگە كىرىپ كەتكەن، چىقىدىغان ۋاقتى بولدى. مۇشۇ يەردە ساقلامسىلەر ياكى ئىشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرامسىلەر؟
— بولدى، بىز ئۇنى مۇشۇ يەردە ساقلايلى.
— ئوپېراتسىيەخانا قايسى تەرەپتە؟ بولمىسا بىز ئۇنى شۇ يەردە ساقلايلى. ئۇ ئوپېراتسىيىخانىدىن چىقىپلا بىزنى كۆرسە چوقۇم ھەيران قالىدۇ.
— شۇنداق قىلايلى بولمىسا، — ئاياللار قەمبەرخاننىڭ سۆزىنى بىر ئېغىزدىن قۇۋۋەتلەشتى.
دوختۇر ئۇلارغا ئوپېراتسىيىخانىغا بارىدىغان يولنى كۆرسى-تىپ قويدى. ھەممەيلەن دۈكۈرلىشىپ شۇياققا مېڭىشتى.
قىزنىڭ ئىشقا چۈشكەن تۇنجى كۈنىلا ئوپېراتسىيىگە كىرىپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ، ھوشۇر سەلەي بىلەن قەمبەرخاننىڭ گۈلقەقە-لىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن پۈرۈ-شۈپ، پۈچەك گازىرغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. سۇلايمان قاسىم رىسالەتتىن پەخىرلەندى، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن قولىدىن ئىش كېلىدى-غان دوختۇر بولۇپ يېتىشىپ چىققىنىغا چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولدى. ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئۆزىنى كۆرسەتمەي يۈر-گىنىنىڭ سەۋەبىنى بىلگەچكە، كۆڭلى بىرئاز يېرىم ئىدى. ئۇلار بىر قېتىم قورۇدا ئۇچرىشىپ قالدى، ئەمما بىر نەرسە دېيىشمە-دى. رىسالەت ياشقا تولغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. رىسالەت بۈگۈن ئۇنى كۆرسە، قانداق تۈيغۇدا بولار؟ مۇشۇ ئىشنى ئويلىغىنىدا، سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆڭلى بىرئاز

دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالغانىدى . ئالاھازەل بىر ـ ئىككى سائەتتىن كېيىن ئوپېراتسىيىخانىنىڭ ئىشىك بېشىدىكى چىراغ ياندى . بۇ ئوپېراتسىيىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرەتتى . بىمار-نىڭ ئورۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆرتۆپە بولۇشۇپ كەتتى . ھوشۇر سەلەيلەرمۇ ئوخشاشلا ھاياجانلانماقتا ئىدى . بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ كېسەل ياتقۇزۇلغان كارىۋات ئېلىپ چىقىلدى . ئارقىدىن چىرايىنى ھارغىنلىق قاپلىغان دوختۇرلار بىر ـ ئىككىدىن چىقىش-قا باشلىدى .

— سىزنى تەبرىكلەيمەن ، — دېدى چېچەكە چاچلىرى ئاق-ىرىشقا باشلىغان بىر دوختۇر ماسكا تاقىۋالغان يەنە بىرسى-گە قاراپ ، — بوگۇنلا ئىشقا چۈشكىنىڭىزگە قارىماي تولىمۇ ئوبدان ماسلاشتىڭىز . بىلىمىڭىزمۇ مول ، تېخنىكىڭىزمۇ يۇقىرى ئىكەن . سىز كېلىپ دوختۇرخانىمىز يولۋاسقا قانات چىققاندەك بولدى مانا .

— بەك ماختىۋەتتىڭىز ، بۇنىڭدىن كېيىن كۆپرەك يېتەك-لەرسىز ، دوختۇرخانا باشلىقى .

بۇ رىسالەتنىڭ ئاۋازى ئىدى . قىزىنىڭ تونۇش ئاۋازىنى ئاڭ-لىغان قەمبەرخان تۇرالمايلا قالدى .

— رىسالەت ، قىزىم ، بىز كەلدۇق .

رىسالەت ئۇلارنى بۇ يەردە كۆرۈپ ، سەل چۆچۈپ كەتتى ۋە ئالدىراپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى .

— نېمە بولدى ؟ ھەممىڭلار كەپسىلەرغۇ ؟ بىرەرسى قاتتىق ئاغرىپ قالمىغاندۇ ؟

— ۋاي ئەخمەق سىڭلىم ، بىز ھەممىمىز سالامەت ، شۇ سىزنىڭ ئاق خالات كىيگەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ باقايلى دەپ كەل-دۇق . قاراڭا ، بۇ كىيىم سىزگە شۇنداق يارىشىپتۇ . بەئەينى ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەرگىلا ئوخشاپ قاپسىز .

رىسالەت ئۆزىگە سۆزلەۋاتقان زۇلخۇمارغا ، ئاندىن سۇلايمان قاسىمغا قاراپ قويدى . ئىككى جۇپ كۆز ئۇچراشقاندا : «سىزمۇ كەپسىزغۇ ؟» دېگەن سوئال سورالدى ۋە «سىزنىڭ غەلىبىڭىزنى

تەبرىكلەپ كەلدىم» دېگەن چاۋاب بېرىلدى . رىسالەتنىڭ قەلبى شۇررىدە قىلىپ قالدى .

— قېنى رىسالەت ، بۇياققا كەل ، سېنى مۇشۇ ھالەتتە ئوبدان راق بىر كۆرۈۋالاي قىزىم ، — دېدى ھوشۇر سەلەي كۆز ياشلىرىنى ئېقىتقىنىچە ، — مۇشۇ كۈن يېتىپ كەلگۈچە قومىچىم پىشىپ قالارمىكىن دېگەنىدىم . ھەرنېمە بولسا تەلىيىم بار ئىكەن ، مۇرادىمغا يەتتىم . سەن مېنى مۇرادىمغا يەتكۈزدۈڭ ، ئوبدان قىزىم ...

ھوشۇر سەلەي گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى . ئۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . رىسالەتمۇ دادىسىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ كۆز يېشى قىلدى .

— سىزنى تەبرىكلەيمەن ، رىسالەت ، — دېدى سۇلايمان قاسىممۇ بىر خىل ھاياجانلىق كەيپىياتتا ، — سىز بىزگە ئەڭ كاتتا سوۋغا ھەدىيە قىلدىڭىز . بىز ئەمدى ئاغرىپ قېلىشتىن ئەنسىرىمەيدىغان بولدۇق .

— سىزگىمۇ رەھمەت ... — رىسالەتنىڭ كۆز ياشلىرى تۇغىنى يار ئېلىپ كەتكەن ئامبارنىڭ سۈيىدەك يامراشقا باشلىدى . بۇ كۆز ياشلاردا ئۇنىڭ نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمىنى كۆۋەجەپ ئاقماقتا ئىدى .

— ھەممەيلەن زالغا يىغىلايلى ، جىددىي يىغىن بار !

كىمدۇر بىرىنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن ئاق خالاتلىق دوختۇرلار بۆلۈملىرىدىن چىقىپ ، زالنىڭ تۆرىدىكى يىر خانىگە كىرىشكە باشلىدى . سۇلايمان قاسىممۇ ھوشۇر سەلەينى بىلىكىدىن تارتتى :

— ئەمدى بىزمۇ قايتايلى ، ھوشۇركا . رىسالەتنىڭ خىزمىتىگە تەسىر يېتىپ قالمىسۇن . شۇ تۇرقىدا دوختۇرلارغا يىغىن بار ئوخشايدۇ .

ئۇلار رىسالەت بىلەن خوشلىشىپ كارىدوردىن چىقىپ كېتىشتى . رىسالەت سۇلايمان قاسىمنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى ۋە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىغىنىچە يىغىن زالىغا قاراپ ماڭدى .

— ئۇنىڭغا ئاق خالات ئەجەبمۇ يارىشىپتۇ دېسە ، — دېدى هوشۇر سەلەيلەر بىلەن بىر قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق سەپكۈن يۈزلۈك چوكان تاماقلىرىنى چېكىپ تۇرۇپ ، — بۇ دوختۇرخانىنىڭمۇ تازا تايىنى قالمىغانىدى . مانا ، رىسالەتخان كېلىپ ، دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك قىلىدۇ .

— رىسالەتنىڭ هامان شۇنداق بىر نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم . ئۇ كىچىكىدىن ئەقىللىق قىز ئىدى . بىر ئىش كاللىسىغا كىرىۋالسا ، ئۇنى پۈتتۈرمىگۈچە بولدى قىلمايتتى .

— كونىلارنىڭ بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم دېگىنى شۇ .

هوشۇر سەلەي بىلەن قەمبەرخان باشقىلارنىڭ قىزىنى ماختاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى . هوشۇر سەلەي بېشىنى سالغىنىچە خىيال سۈرۈپ ئالدىدا كېتىۋاتقان سولايمان قاسىمنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى مەهكەم قىسىپ تۇرۇپ دېدى :

— ئۇكام سولايمان ، رىسالەتنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشىشىدە زۇلخۇمار بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ياردىمىمۇ ئاز ئەمەس . مەن قىزىمنىڭ ئورنىدا سىلەرگە رەهمەت ئېيتىمەن . ناۋادا سىلەر بولمىغان بولساڭلار ، بىز قانداقمۇ قىلاتتۇق ؟ بىزگە قىلغان ياخشىلىقىڭلار خۇدادىن يانار ، ئۇكام .

— هەرگىز ئۇنداق دېمەڭ ، — سولايمان قاسىمنىڭ يۈزلىرى شەلپەردەك قىزاردى ، — ئۇنداق دەپ مېنى خىجىل قىلماڭ ، هوشۇركا . رىسالەتنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار ئۇنى بۇ كۈنگە ئېرىشتۈردى . بىز هەممەيلەن سىلەر ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتىمىز .

ئۇلار پاراڭ بىلەن مېڭىپ ، بىردەمدىلا ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كېلىپ قالغىنىنى تۇيمايلا قالدى . هەممەيلەن قورۇدا بىرپەس پاراڭلىشىپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئۆز ئۆيلىرىگە مېڭىشتى .

— بۇ قۇتلۇق كۈننى بىر تەبرىكلىمەيمىزمۇ ، هوشۇركا ؟ — دېدى سولايمان قاسىم ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ، —

زۇلخۇمار ئۇبدان بىر تەييارلىق قىلسۇن ، كەچلىك تاماقنى بىزنىڭ-
كىدە يەيلى .
— ياق ئۇكام ، تەييارلىقنى مەن قىلاي ، سىلەر كىرىپ ئولتۇرۇپ بېرىڭلار ، — دېدى قەمبەرخان .
— شۇنداق بولسۇن سۇلايمان ، — هوشۇر سەلەي يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ قولىنى قىستى ، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىزنىڭ كىرىپ - چىقىشىمىز ئېرىقنىڭ سۈيى تارتىلغاندەك ئازلاپ قالدى ، بىزدىن نېمە سەۋەنلىكنىڭ ئۆتۈلگىنىنى بىلمىدۇق . سەن بىزنىڭ-
كىگە ئانچە كىرمەيدىغان بولۇۋالدىڭ . بۈگۈن مېنىڭ يۈزۈمنى بىر قىلىپ قوي ، جېنىم ئۇكام .
— تەبرىكلەيلى دېگەن گەپنى مەن قىلغاندىكىن ، بىزنىڭكىگە كىرىڭلار ، هوشۇركا . سىلەرنىڭكىگە ئەتە كىرسەكمۇ بولىدىغۇ ؟
— شۇنداق بولسىمۇ كەچلىك تاماق بىزنىڭكىدە بولسۇن ، ئىككى ئۆينىڭ پەرقى يوققۇ ؟
هوشۇر سەلەي ئۇنىڭ تەكلىپىنى كەسكىن رەت قىلىۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن قەمبەرخان تەييارلىق قىلىدىغان ، يېتىشىپ بولالمى-
غان يېرىگە زۇلخۇمار كىرىپ هە - پە دېيىشىپ بېرىدىغان بولدى .
سۇلايمان قاسىم ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ، ئۆزىنى ساپاغا تاشلىدى . كۈلدانىنى يېنىغا تارتىپ تاماكىسىغا ئوت ياقتى . ئۇنىڭ پۈتۈن پىكىر - خىيالى رىسالەتنىڭ ئۆزىگە تەشنالىق بىلەن تىكىل-
گەن كۆزلىرىدە قالغانىدى . ئۇ كۆزلەردىن رەنجىش ، قېيىداش ، تىللاپ - قارغاش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى . ئۇ كۆزلەردىن هېلى-
مۇ چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى .
سۇلايمان قاسىم ئېغىر ئۇھ تارتتى . ئۇنىڭ مېڭە توقۇلمىلى-
رى پۈتۈنلەي كاردىن چىققاندەك ، كاللىسىدا باش - ئاخىرى يوق خىياللار كېزىپ يۈرەتتى . ئۇ تاماكىسىنى بولۇشىغا چېكىپ تو-
رۇسقا قاراپ ياتقان ئاشۇ دەقىقىدە تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلىپ قالدى . زۇلخۇمار هوشۇر سەلەينىڭكىگە چىقىپ كەتكەن ، باللار تېخى مەكتەپتىن قايتىپ كەلمىگەنىدى . ئۇ ئامالسىز ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاستا بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى . بوسۇغىدا يان قوشنىسى

ھىممەت ياسىن قاراپ تۇراتتى . ئۇ سۇلايمان قاسىمنى كۆرۈپ ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى .

— سىزنى بولسا بىردەم – يېرىمدەم پاراڭلىشىپ چىقاي دېگەن ، — دېدى ھىممەت ياسىن قولىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ .

— قېنى كىرىڭ ، مەنمۇ يالغۇزلۇقتىن زېرىكىپ ئولتۇراتتىم ، — سۇلايمان قاسىم شۇنداق دېگىنىچە ئۇنى ئۆيگە باشلىدى ، — قانداق يىگىت ، خېلىدىن بېرى ئۆيدىن تاراق – تۇرۇق ئاڭلانمايدىغۇ ؟ دائىم يوقلاپ تۇرىدىغان قۇشقاچلار ئىسسىق ياقلارغا ئۇچۇپ كەتتىمۇ نېمە ؟

ھىممەت ياسىن قىزىرىپ – تاتىرىپ ئۆيگە كىردى ۋە ساپاغا ئولتۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى . ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن بىرئاز غەلىتىلىك ھېس قىلغان سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چوڭ ئېچىلدى .

—مەن بىر تەقۋادار موللىنى كۆرۈۋاتىمەنغۇ ؟ — سۇلايمان قاسىم كۈلۈپ كەتتى ، — مۇنداقمۇ ھۈنىرىم بار ، دەڭ ئۇكام . قاچانلاردىن بېرى بۇنداق ئوڭلۇق بولۇپ كەتتىڭىز ؟

— ھەي ، دەپ كەلسەم گەپ تولا ، — دېدى ئۇ سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ ، — بېشىمنى ئوڭلاپ قويىدىغان ئاتا – ئانام بولمىغاچقا ، نەچچە يىلدىن بېرى ، «داپ تاراڭلىغان ، ئېشەك ھاڭرىغان» يەرلەردە ھاۋايى – ھەۋەسكە بېرىلىپ ، نۇرغۇن ئۆمرۈمنى لاي سۇدەك ئېقىتىۋەتتىم . قارىسام ئۇ مېنىڭ ماڭىدىغان يولۇم ئەمەسكەن . «ئەخمەقنىڭ دوستى كۆپ ، پىيازنىڭ پوستى» دېگەندەك ، نۇرغۇن ئادەم يېنىمدىن كەتمەي ، دولامغا مۇشتلاپ يۈرسە ، ھايات دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ دەپ ئۆزۈمچە خام كېكىرىپ يۈرۈپتىمەن . نەچچە يىللىق كادىر تۇرۇپ قولۇمدا ھېچنېمە قالماپتۇ . يوقلاپ تۇرىدىغان قۇشقاچلارمۇ دانىنى ئوبدان سالمىساڭ ، ئۇچۇپ كېتىدىكەن . شۇڭا ، بۇنداق تۇرمۇشقا خاتىمە بېرەي دەپ ، ئۇلاردىن قولۇمنى يۇيۇۋەتتىم ، سۇلايمان ئاكا . ئەمدى بىر پۇرسىتى كەلسە ، بېشىمنى ئوڭشىۋالسام دەيمەن .

— بۇنى ياخشى ئويلاپسىز ئۇكام ، — سۇلايمان قاسىم

تاماكا بىلەن كۇلداننى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى، — ئادەم دېگەننىڭ ئىسسىققىنا بىر ئۇۋىسى، ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە بىر پىيالە چاينى ئالدىغا قويۇپ، ئىللىق كۇلۇمسىرەيدىغان ھەمراھى بولمىسا بولمايدۇ. يات دېگەن بەربىر يات، ئۇ قانداق قىلىپ بولمىسۇن سىزنى پىيازنى سويغاندەك سويۇۋالمىسا، كۆڭلى قانائەت تاپمايدۇ. يۇنداق ئادەملەردىن ۋاپا كېلىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟

— شۇڭا، ئادەمدەك ياشاي دەپ ئۇلارنى قايتا چىللاپمۇ يۈرمىدىم. تىنچ تۇرمۇشقا كۆنۈپمۇ قاپتىمەن.

— كۆڭلىڭىزگە پۈككەن بىرەرسى بارمۇ؟ — سورىدى سۇلايمان قاسىم تاماكىسىنىڭ كۇلىنى چېقىۋېتىپ، — مەن ياردەملىشىدىغان ئىش بولسا، قاچانلا بولمىسۇن ھە دەۋېتىڭ. ئۆز ئاكىڭىزنىڭ ئورنىدا ياردەملىشىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ قولۇم - قوشنا بولۇپ ئۆتۈۋاتقىنىمىزغىمۇ نەچچە يىل بولدى. سىزنىڭ ئىشىڭىز بىزنىڭ ئىشىمىز، ئۇكام.

— رەھمەت! — ھىممەت ياسىننىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى. ئۇ تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى، — كۆڭلۈمدە بىرسى بار، ئەمما ئۇنىڭ مېنى ئۆزىگە لايىق كۆرىدىغان - كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ۋاقتى كەلگەندە سىزگە چوقۇم دەيمەن سۇلايمان ئاكا.

ئۇلار پاراڭ بىلەن ئولتۇرغاندا ھوشۇر سەلەي سۇلايمان قاسىمنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ كىردى. ئۇ ئۆيدە ھىممەت ياسىننىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈپ كۇلۇپ قويدى.

— قېنى ئەمىسە، ھەممەيلەن مۇشۇ پېتىچە چىقىپ، پاراڭنىڭ داۋامىنى بىزنىڭكىدە سوقايلى، ئۇكام.

— مە ··· مەن ··· مەن ··· — ھىممەت ياسىن گەدىنىنى تاتىلاپ گېپىنى تېپىپ قىلالمىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن سۇلايمان قاسىم تېخىمۇ ھەيران بولدى.

— يۈرۈڭ ئۇكام، ھەممىمىز تۇغقاندىن يېقىن قولۇم - قوشنىلار بولغاندىكىن، ھوشۇركامنىڭكىگە چىقىپ، رىسالەتنى مۇبارەكلەپ كىرەيلى.

ئۇلار بىر - بىرىنى خوش - خوشلاپ هوشۇر سەلەيىنىڭ ئۆيىگە
چىقتى . بىلىگە پەرتۇق تارتىۋالغان زۇلخۇمار ئاشخانا بىلەن مېھ-
مانخانا ئوتتۇرىسىدا چېپىپ يۈرەتتى . شىرەگە نۇرغۇن مېۋە -
چېۋىلەر تىزىۋېتىلگەن ، مەززىلىك پېچىنىلەر قويۇلغانىدى . ئۇلار
ساپاغا كېلىپ ، شىرە ئالدىدىن ئورۇن ئېلىشتى .
— رىسالەت تېخى قايتىپ كەلمىدىمۇ ؟ — دەپ سورىدى
سۇلايمان قاسىم بىر تاۋاق ئۈزۈمنى كۆتۈرگىنىچە ئاشخانىدىن
چىققان قەمبەرخاندىن .
— تېخى كەلمىدى ، — ئۇ تام سائىتىگە قاراپ قويۇپ
قولىدىكى پەتنۇسنى شىرەگە قويدى ، — ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ئىش-
تىن چۈشىدىغان ۋاقتى بولدىغۇ دەيمەن . ئەمدى كېلىپ قالار ،
ئۇكام .
بىچارە ئايالنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى يۇمۇلماي قالغانىدى . ئۇ
يېشىغا ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن چېپىپ يۈرەتتى . هوشۇر
سەلەيىنىڭ چىرايىمۇ ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەن ، ئۇ قەلبىدىكى
ئارمىنىغا يەتكىنى ئۈچۈن توختىماستىن شۈكۈر ئېيتىپ
ئولتۇراتتى .
— هېچبىر نەغمە - ناۋالىرىڭ ئاڭلانمايدىغۇ ، ئۇكا ؟ —
سورىدى هوشۇر سەلەي تىرنىقىنى كولاپ ئولتۇرغان هىمىت يا -
سىندىن ، — پات - پات كارىدوردا مەست ئاغىنىلىرىڭنىڭ ۋارقى-
راشقىنى ئاڭلىنىپ قالاتتى . مانا ئەمدى رامزان ۋاقتىدىكىدەك
جىمىپلا كەتتىڭلارغۇ ؟
— ئە ... ئەمدى ئۇنداق ئىشتىن قول يۇيۇۋەتتىم ، هوشۇر-
كا . يېشىممۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى . بابا سۇلايمان ئاكامغىمۇ
دېدىم ، مەن ئەمدى تۈزۈك ئادەم بولىمەن . هەرقايسىلىرىنىڭ قۇ-
لىقىنى ئاغرىتىدىغان ئىشنى ئەمدى هەرگىز قىلمايمەن .
— بۇنى ياخشى ئويلاپسەن ، — دېدى هوشۇر سەلەي قوراي-
دەك بارماقلىرى بىلەن يۈزىنى سىيپاپ قويۇپ ، — ئەمدى ئۇنداق
بەڭۋاش كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىۋەرسەڭ بولمايدۇ . ئادەم دېگەن-
نىڭ ئۆمرى ئاققان سۇغا ئوخشايدۇ ، سەن بىخۇدلىشىپ يۈرىۋەر-

سەڭ ، ئۇنىڭ نەگە ئىقىپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قالىسەن ، — ئۇ تاماكىسىنى شىوراپ كۆلىىنى قىرىقىۋەتكەندىن كېيىن قوشۇپ قويدى ، — قانداق ئۇكا ، ئۆيلىنىش نىيىتىڭ يوقمۇ ؟
ھىمىت ياسىننىڭ يۈزى بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى .
— نېمىگە خىجىل بولىسەن ؟ — دېدى ھوشۇر سەلەي خىرىلداپ كۈلگىنىچە ، — خۇددى يۈزى ئېچىلمىغان قىزلاردەك قىزارغىنىڭنى كۆرەيمۇ ؟ بىلىپ قال ، ئوغۇل بالا دېگەن قىزارمايدۇ ، قىزارتىدۇ . توي قىلىش دېگەن قىزىرىدىغان ئىشما ؟ بولدى ئۇكا ، بىز دېگەن يېقىن قوشنىلاردىن ، بىرەر ئىشىڭ چىقىپ قالسا ھايت دەۋەت . بىز بىر بۇلۇڭدا قاراپ تۇرمايمىز . قانداق دېدىم ، سۇلايمان ئۇكام ؟
— شۇ ئەمەسمۇ ؟ مەنمۇ بايا ئۇنىڭغا شۇنداق دېدىم . يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا دەپتىكەن . ھەر ئىش بولسا مانا بىز تەييار !
دەل شۇ چاغدا ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىندى . ھوشۇر سەلەي كىچىك بالىدەك تاقلاپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى . رىسالەت قايتىپ كەلگەنىدى . ئۇنى كۆرۈپ ، سۇلايمان قاسىم ۋە يۈزلىرى قىزىرىپ تۇرغان ھىمىت ياسىنلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى .
— قانداق رىسالەت ، بەك چارچاپ كەتمىگەنسىز ؟ — ئەھۋال سورىدى سۇلايمان قاسىم گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك .
— ئەمدى ئىش قىلغاندىكىن ، چارچايدىغان گەپ ئىكەن . لېكىن ، مەن چىدايمەن .
ئۇ شۇنداق دەپ سومكىسىنى بۇلۇڭدىكى كىيىم ئىلغۇچقا ئېسىپ قويدى ۋە ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ روھىي ـ كەيپىياتى يەنىلا شۇنداق سولغۇن كۆرۈنەتتى . بىچارىنىڭ كۆز جىيەكلىرىدە ئۇششاق قورۇقلار پەيدا بوپتۇ . ئالتە يىللىق جاپالىق ئوقۇش ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلگەنىدى . تېخى ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىسەرەمجان قىلغان ، ئارامىنى بۇزغان ھىجران ئوتىمۇ ئۆچمىگەنىدى .
تاماق تارتىلدى . ھەممەيلەن شىرە ئالدىغا كېلىپ تېگىشلىك

يەردىن ئورۇن ئېلىشتى . بىر تەرەپتە ھوشۇر سەلەي ، قەمبەرخان ، شاراپەتلەر ، يەنە بىر تەرەپتە سۇلايمان قاسىم ، زۇلخۇمار ، ئۇنىڭ يېنىدا رىسالەت ، مەكتەپتىن بالدۇر قايتىپ كەلگەن خالىقجان ، ئۇنىڭ يېنىدا تىرنىقىنى كولاپ ھىمىت ياسىن ئولتۇرغانىدى . ياش يىگىتنىڭ بۇنچە كەمسۆز بولۇپ كەتكىنىنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم ئۇقمايتتى . ھەممەيلەن قولىغا چوكا ئېلىشتى . ئەمما ، قانداقتۇر بىر ئىش چالا قالغاندەك ، بىر ـ بىرىگە قاراشقىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى . بۇنى سەزگەن سۇلايمان قاسىم ھەممەيلەنگە تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆز باشلىدى :

— ھەر ئىشنىڭ بىسمىللىسى بولغىنىدەك ، بۈگۈنكى يىغىلىشىمىزنىڭمۇ بىر ۋەجى بار . بۈگۈن رىسالەتنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، خىزمەتكە چۈشكەن تۇنجى كۈنى . بۇنداق خاسىيەتلىك ۋاقىتنىڭ قۇتلۇقلاشقا ئەرزىيدىغىنى ھەممەيلەنگە ئايان . ئەسلىدە بۇ تەييارلىقنى بىز قىلايلى دېگەن . لېكىن ، ھوشۇركام ئۇنىماي تۇرۇۋالدى . بوپتۇ ، ئۆزۈڭلارنىڭ چېيىدا رىسالەتنى مۇبارەكلەپ تۇرايلى . بىزگىمۇ نۆۋەت كېلەر ، ئەمىسە رىسالەت ، ئوقۇشنى نەتىجىلىك تاماملاپ ، غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگىنىڭىزنى ۋە بۈگۈن ئىشقا چۈشكەنلىكىڭىزنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن . بايا دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئوپېراتسىيىخانىدىن چىقىۋېتىپ سىزگە دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدۇق . دوختۇرخانىمۇ سىزدىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتۈۋېتىپتۇ . ياخشى ئىشلەڭ ، قابىلىيىتىڭىزنى تولۇق كۆرسىتىپ قويۇڭ . باشقىلار سىزنىڭ ھوشۇركامىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇقۇپ قويۇشسۇن . گەپنىڭ قىسقىسى ، سىزگە مۇبارەك بولسۇن .

رىسالەت ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئازابلىق جىلمايدى . ھەممەيلەن ئۇنى بىر ئېغىزدىن مۇبارەكلەشتى . ھىمىت ياسىن بولسا نېمە دېيىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالغانىدى .

ئالىسلا ـ باقىسلا بىلەن تاماق يېيىش باشلاندى . ئولتۇرغانلارنىڭ كەيپى چاغ ئىدى . پەقەت رىسالەت بىلەن سۇلايمان قاسىملا بىرئاز قورۇنۇپ قالغانىدى . بولۇپمۇ رىسالەت پات ـ پات

ئۇھسىنىپ قوياتتى . ئۇنىڭ ئۇزۇن ، ئىنچىكە بارماقلىرىنى قوزا بېشى قىلىپ پەتنۇستىكى گۆشلۈك پولوغا ئۇزىتىشلىرى بىر خىل نازاكەتلىك كۆرۈنەتتى . چىرايىدىكى غەم بۇلۇتلىرى تېخىچە تارقىمىغانىدى .

— قىزىمىنىڭ مۇشۇنداق نەتىجىگە ئېرىشىشىدە سىلەرنىڭمۇ ياردىمىڭلار كۆپ ، — دېدى بىر چاغدا ھوشۇر سەلەي ماي يۇقى قولىنى قەغەزگە سۈرتۈۋېتىپ ، — مەن نېمىشقىدۇر ئۆزۈمنى سىلەرگە بىر ئۆمۈر قەرزداردەك ھېس قىلىمەن . قىلغان ياردىمىڭلارغا رەھمەت . مەن سىلەردەك ئوچۇق كۆڭۈل ئادەملەر بىلەن قوشنا ئولتۇرغىنىمدىن بەكمۇ خۇشال . قىزلىرىم ئالدىمدا تۇرۇپتۇ ، مەن ئۇلارغا ۋەسىيەت قىلىمەن . سۇلايمان ئاكاڭلار بىلەن زۇلخۇمار ئاچاڭلارنىڭ بىزگە بەرگەنلىرى ھەقىقەتەن كۆپ . ئۇنى مەنلا ئەمەس ، سىلەرمۇ بىر ئۆمۈر قايتۇرۇپ بولالمايسىلەر . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بىلىپ - بىلمەي ئاغرىتساڭلار بولمايدۇ ؛ مەندىن كېيىن قالساڭلار مۇشۇ ئاكاڭلار بىلەن ئاچاڭلارنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇپ ، ئېغىزىغا قاراڭلار . ئۇلار سىلەرنى يامان يولغا باشلىمايدۇ . بىلدىڭمۇ ، شاراپەت ؟

— ئۇقتۇم دادا ، سەن تاپىلىمىساڭمۇ بىز شۇنداق قىلىمىز !

— سەنچۇ قىزىم ؟ — ھوشۇر سەلەي نەزىرىنى يەرگە قاراپ جىممىدە ئولتۇرغان رىسالەتكە يۆتكىدى ، — ئاز تولا قانات - قۇيرۇق چىقىرىۋېلىپ ، بۇلارنىڭ ئەجرىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانسەن ؟

رىسالەت باشتا دادىسىغا ، ئاندىن سۇلايمان قاسىمغا قاراپ بىرئاز تۇرۇپ قالدى . ئۇ شۇ تاپتا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي قالغانىدى . ئۇنىڭمۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ پېشىنى بىر ئۆمۈر چىڭ تۇتقۇسى ، ئۆزىنىڭ ساپ مۇھەببىتى بىلەن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرگۈسى بار . لېكىن ، بۇ كۆڭۈل رەت قىلىنغان . شۇڭا ، ئۇ دادىسىغا قاراپ ، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى پەقەتلا ئۇقالمىدى .

— مەن رىسالەتنى ئوبدان چۈشىنىمەن ، — دېدى سۇلايمان

قاسىم ئارىدىكى ئوڭايسىز كەيپىياتنى تۈگىتىش ئۈچۈن ، — ئۇ ئەقىللىق قىز ، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇنى قىستاپ ئولتۇرمايلى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ تىلغا ئالغۇدەك ئۇنچىۋالا ياخشى تەرىپىمىزمۇ يوق . شۇڭا ، بۇنداق دەپ باللارغا بېسىم پەيدا قىلمايلى . ئۇلارمۇ ئۆز يولىنى ئۆزى تېپىشقا ھوقۇقلۇق .

ھېمىت ياسىن تاماق يەۋېتىپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا رىسالەتكە تۇيدۇرماي قاراپ قوياتتى . ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قۇرغاق تۇرغان كۆڭلى ئېتىزىغا بىردىنلا شارقىراپ يامغۇر قۇيۇلغاندەك بولدى . ئۇ چۈشلىرىدە ، تەنھالىقتا تولغان ئۇزۇن كېچىلەردە ، مەستلىكتىن يېشىلەلمەي بېشى ئاغرىپ كەتكەنلىرىدە ، ھايات مۇساپىسىدىكى يالغۇزلۇق جېنىغا پاتقان دەقىقىلەردە ئۆزى خىيال قىلغان ، تەلپۈنگەن ، زارىققان بىر قىزنىڭ رىسالەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئەمدى ئۇنىڭمۇ ئارامى بۇزۇلغان ، تىنچ كۆل سۈيىگە غايىبتىن بىر مەر - مەر تاش چۈشۈپ كەتكەندى . ئۆزى تەلپۈنگەن قىزنىڭ يېنىدىلا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ بېشى تېخىمۇ چۈشۈپ كەتتى . يۈزلىرى بايىقىدىنمۇ بەك قىزىرىپ كەتكەندى . تۇتقان - قويغىنىنى بىلمىگەن ھالدا مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى .

— نېمە بولدى ، ھېمىتجان ؟ سۇغا چۈشكەن چالمىدەك ئېرىپ كەتتىڭىزغۇ ؟

زۇلخۇمارنىڭ بۇ چاقچىقى بىلەن ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى . ھېمىت ياسىن ئېغىزىنى كالچايتقىنىچە ھىجىيىپ قويۇپ ھېچنېمە دېمىدى . بۇنىڭغا قاراپ سۇلايمان قاسىم بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدى .



ئارىدىن يەنە بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى . خاسىيەتلىك ياز ئاخىرلىشىپ ، مەمۇرچىلىقتا تولغان كۈز يېتىپ كەلگەنىدى . سار-

غايغان ياپراقلار كۈز شامىلىنىڭ پەيلىشى بىلەن بەرگىدىن ئاجراپ ، لەرزان چايقالغىنىچە يەرگە ئۇچۇپ چۈشەتتى . گۈللۈك فونتانىنىڭمۇ ھۆسنى سولغان ، قۇرۇشقا باشلىغان گۈل غولى شۇمشىيىپ تۇراتتى . ياز كىرگەندىن بېرى پارقىراپ تۇرغان ياپراقلار بەئەينى چىرايىدىن كەتكەن موماي لارنىڭ قورۇق باسقان يۈزلىرىدەك پۈرلىشىپ قالغان ، ئۇنىڭ يازغا تەۋە گۈزەللىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى .

كىشىلەر قىزلارنىڭ تولغان ۋاقتىنى گۈلگە ئوخشىتىدۇ . بىراق ، پورەك ئاچقان گۈلنىڭ ۋاقتى بەكمۇ قىسقا بولىدۇ . ئۇ بىرنەچچە كۈن ئەتراپقا خۇشپۇراق چېچىپ تۇرغاندىن كېيىن قۇرۇپ بىراقلا تۆكۈلۈپ كېتىدۇ . ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئۇنى بۇ پاجىئەدىن ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا ، قىزلارنىڭ گۈلدەك پەسلىنى قەدىرلىگىنى ياخشى . بىھۇدە خىياللار بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتسە ، ئۆزىنىڭ قاچانلاردا سولۇپ ، گۈزەللىكىنىڭ گۈل بەرگلىرىدەك توزۇپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قالىدۇ .

بۈگۈن سۇلايمان قاسىم ئىشتىن بالدۇرلا چۈشتى . چۈنكى ، زۇلخۇمار ئانىسىنى يوقلاش ئۈچۈن يېزىغا كەتكەن ، خالىقجان بىلەن قۇددۇسنىڭ قورسىقى ئۇنىڭغا قاراشلىق بولۇپ قالغانىدى . باللار مەكتەپتىن كېلىپ بولغۇچە ئۇلارغا يەيدىغان بىرنەرسە تەييارلىمىسا بولمايتتى . ئۇ ئالدىراپ ئۆيگە كەلدى ۋە ئىشكىنى ئېچىش ئۈچۈن ئاچقۇچلىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى . دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۇدۇل قوشنىسىنىڭ ئىشكى قىيا ئېچىلدى ۋە بىر قول كېلىپ ، ئۇنى تارتىپلا ئۆيئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى . ئۇ نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي تۇرغان ئاشۇ دەقىقىدە بىر ئىسسىق لەۋ ئۇنىڭ ئېغىزىغا چاپلاشتى ...

سۇلايمان قاسىم ئاخىر ھوشىغا كەلدى . ئۇ كۆزىنى ئاچقىنىدا ئۆزىنىڭ رىسالەتنىڭ قۇچىقىدا تۇرغىنىنى كۆردى . قىز كۈز شامىلى سوققان ياپراقتەك تىترىگىنىچە ئۇنى قۇچاقلاپ تۇراتتى . رىسالەتنىڭ بەدىنىدىن تاراۋاتقان ھارارەت سۇلايمان قاسىمنىڭ ۋۇ-

جۇدىنى ئاپتاپتا قالغان مۇمدەك يۇمشىتىۋەتكەنىدى . رىسالەت ئۇنى
ئۆزىگە تىخىمۇ چىڭ تارتىپ ، ھاسىراپ تۇرۇپ سۆيۈشكە باشلىدى .
ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى ھالىتى بەئەينى ئىچىرقاپ كەتكەن ۋە ئانىسى-
غا مەھكەم يىپىشىپ تۇرۇپ غورتۇلدىتىپ سۈت ئىمىۋاتقان بوۋاق-
قىلا ئوخشاپ قالغانىدى . رىسالەت توختىماستىن ئىڭرايتتى ، «جې-
نىم ، مەن بولالمىدىم ، ئەمدى قانداق قىلىمەن ؟ مېنىڭ تەشنالى-
قىم قاچان قاندۇ ؟ مېنى بۇنچە قىينىمىسىڭىز بولمامدۇ ؟ » دەپ
نالە قىلاتتى .

ئۇلار ئىشىكنىڭ ئېچىلىپ ، ئۆيگە قەمبەرخاننىڭ كىرىپ كەل-
گەنلىكىنىمۇ تۇيمىدى . ئانا كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ
ئارقىسىغا ئۇچۇپ چۈشكىلى تاسلا قالدى . سۇلايمان قاسىم تاياقتەك
قېتىپ تۇراتتى ، رىسالەت ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلىپ ، بوۋاقلاردەك
گۇڭراپ ، لەۋلىرىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈۋاتاتتى . قەمبەرخان
ئۆز ئۆيىدە بۇنداق بىر ئىشنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قېلىشىنى
خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى . چۈنكى ، ئۇ رىسالەتكە تاغدەك ئىشى-
نەتتى .

قەمبەرخاننىڭ قاراپ تۇرۇۋېرىشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى . كەينى-
گە يېنىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكىمۇ بولمايتتى . شۇڭا ، ئۇ ئاۋا-
زىنى يۇمشاق چىقىرىپ بوش يۆتىلىپ قويدى . رىسالەت چۆچۈپ
كەتتى . ئۇنىڭ سۇلايمان قاسىمنى ئارغامچىدەك چىرمىۋالغان قول-
لىرى بوشاشتى ۋە دەرمانسىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ
ھاسىراپ تۇرغان ئېغىزى بىلىقنىڭكىدەك ئېچىلاتتى . قەمبەرخانىنى
كۆرۈپ سۇلايمان قاسىمنىڭ چىرايىمۇ تامدەك تاتاردى . ئۇ
گەپ - سۆز قىلماستىن ، بېشىنى سالغىنىچە چىقىپ كەتتى .

قەمبەرخاننىڭ ئەرۋاھى ئۇچقانىدى . ئۇنىڭ ئېغىزىغا ھېچقان-
داق سۆز كەلمىدى . ئۇ چېكىسىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئۆيئىچىدە بىر-
پەس ئايلىنىپ يۈردى ، ئاشخانىغا كىردى ، مېھمانخانىغا چىقتى .
ياتاق ئۆيگە كىردى ، قىلىدىغان ئىشنى پەقەتلا تاپالمىدى . ئۇ
ئايلىنىپ يۈرۈپ پات - پات رىسالەتكە قاراپ قوياتتى . بىرنېمە

دېمەكچى بولاتتى ۋە سۆزىنى ئۈنتۇپ قالاتتى . شۇنداق قىلىپ نەچچە سائەت ۋاقتىنىڭ قانداقلارچە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى .

تاماق ۋاقتى بولغانىدى . ھوشۇر سەلەي ئېغىر پۇشۇلدىغىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى . لېكىن ، قەمبەرخان قازان ئاسمىغانىدى . ئەرۋاھى ئۇچقان ، چاچلىرى پاخپايغان ، كۆزلىرىگە قىزىللىق يۈگۈرگەن ، قولى ئىشقا بارمىغان بۇ ئايال ساپادا بېزىرىپ ئولتۇراتتى .

— چۈشكە نېمە يەيمىز ، خوتۇن ؟ — ئاشخانىغا كىرىپ قازاننىڭ تۈۋىگە قاراپ چىققان ھوشۇر سەلەي ئايالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى .

— مېنىڭ ماۋۇ شورلۇق بېشىمنى يېسىلە ! — قەمبەرخان تۇيۇقسىز پىلتىسى تارتىۋېتىلگەن بومبىدەك پارتلىدى . ئۇنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازىدىن دېرىزە راملىرىمۇ جىغىلداپ كەتتى .

ھوشۇر سەلەي ئايالىنىڭ قانداقسىگە بۇنداق سەپرا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى . قەمبەرخان ئۇنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان رايىش ئايال ئىدى . ئۇ ئەزەلدىن ئېرىگە بۇنداق قوپال ۋارقىراپ باقمىغان . شۇڭا ، ھوشۇر سەلەي ئارتۇقچە بىرنېمە دېمەستىن ، رىسالەتنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىردى . قىز بىر بۇرجەككە تىقىلغىنىچە مىشىلداپ ئولتۇراتتى .

— نېمە بولۇشتۇڭلار ؟ — سورىدى ئۇ رىسالەتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ، — ئاناڭنىڭ خۇيى تۇتۇپ قاپتىغۇ قىزىم ؟ بىرنەرسە دېيىشىپ قالمىغانسىلەر ؟

رىسالەتمۇ گەپ - سۆز قىلماستىن ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئولتۇرىۋەردى . ھوشۇر سەلەي ئۇنىڭدىن بىرەر گەپ چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ ، ئاستا كەينىگە ياندى .

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن قەمبەرخان رىسالەتنى ئالدىغا چاقىردى .

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ ؟ — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا . بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى خېلىلا تۇتۇۋالغانىدى ، — خۇددى ئادەم تېپىلمىغان-

دەك ، نى ئات ، نى نومۇس؟ بىز ئەمدى خەقنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز؟ سۇلايمان قاسىم دېگەن قانچە ياشتا بار ئادەم؟ ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرى تۇرسا ، ساڭا ئاش بولامتى؟ ۋاي قىزىم ، ئارزۇلۇقۇم دەپ يۈرسەك ، ئەقلىڭ دۈمبەڭگە چىقىپ قالدىمۇ سې-نىڭ؟ بىزنى ئۆيلىساڭ بولمامدۇ؟ مەن ئەمدى زۇلخۇمارنىڭ يۈزى-گە قانداق قارايمەن؟ قورۇدىكىلەرنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟

رىسالەتمۇ ئانىسىغا ئۇدۇللا قارىدى ۋە بوغۇق ئاۋازدا دېدى :

— مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن ، ئانا . بۇ سىرنى سىزگە نەچچە قېتىم ئېيتايمۇ دېگەن . ئەمما ، جۈرئەت قىلالمىدىم . مەن سۇلايمان قاسىمنى دەپ ئىچىمدىن تۈگىشىپ كېتىپ بارىمەن . ئۇ مېنى قەتئىي رەت قىلىپ كەلدى . لېكىن ، مەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى تارتالمىدىم ، مېھرىمنى ئۈزەلمىدىم . ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەي دەيمەنۇ ، لېكىن قولۇمدىن كەلمىدى . تەقدىرىمنىڭ بۇنچە كاجلىقىنى بىلگەن بولسام ، تۇغۇلۇپ نېمە قىلار ئىدىم ، ئانا؟ بۇنداق كۆڭۈلنىڭ قانداقلارچە بېشىمغا كېلىپ قالغىنىنى ئۇقمايمەن . سۇلاي-مان قاسىمدا گۇناھ يوق . بۇگۇنمۇ ئۇنى مەن تارتىپ كىرگەن . ئۇنى ئەيىبلىمەك ، ئانا . ئۇرىدىغان ، تىللايدىغان ، ھەتتا ئۆلتۈرۈ-ۋېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ، ئالدىڭىزدا تۇرۇۋېتىمەن ، قانداق قىلسى-ڭىز مەن رازى . جېنىم ئانا ، مەن ئۇنىڭدىن كېچەلمىدىم . قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئېچىلالماي ، دەرد يۇتۇپ يۈرگىنىمنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ . مەن قانداق قىلىمەن ، ئانا؟ قانداق قىلسام ، بۇ سەۋدادىن قۇتۇلىمەن؟ قانداق قىلسام بولىدۇ زادى؟ ئۆلۈپ بېرەيمۇ؟ يۇرتنى تاشلاپ قېچىپ كېتەيمۇ؟ ياكى بولمىسا ...

قەمبەرخان ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشىنەلمەي قالدى . ئۇ قىزىنىڭ ئېغىزىدىن بۇنداق سۆز چىقىدۇ دەپ ھەرگىز ئويلىمىغانىدى . ئۇ ئۆزىنى كاچاتلاشقا باشلىدى .

— مەن ئانامنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن خوتۇن ئى-كەنمەن . قىلغانلىرىم باللىرىمدىن يېنىۋاتىدۇ . ئادالەت بولسا يولدىن چىقىپ كەتتى ، مانا ئەمدى سەنمۇ مېنى تىرىكتۇرۇپ ئۆلتۇ-

رەي دەۋاتسەن . سۇلايمان قاسىم كىم؟ ئۇ دېگەن بىزنىڭ شەپقەتـ-
چىمىز ، باشپاناھىمىز تۇرسا ، ئەمدى كېلىپ سەنمۇ ئادەم تېپىلمىـ-
غاندەك ئۇنىڭغا چاپلىشىۋاپسەن . مەن زۇلخۇمارنىڭ يۈزىگە قانداق
قارايمەن؟ بىزنىڭ مۇشۇ ئادەملەردىن باشقا بېشىمىزغا كۈن چۈشـ-
كەندە ئەسقاتقۇدەك كىمىمىز بار؟ سەن مۇنداق قىلىپ يۈرسەڭ ،
بىزنىڭ قوشنىدارچىلىقىمىزغا دەز كەتمەمدۇ؟ باشقىلار ئۇقسا ،
نېمە دەيدۇ؟ ھوشۇر سەلەي قىزىنى يەمچۈك قىلىپ سۇلايمان
قاسىمدىن پايدىلىنىپتۇ دېمەمدۇ؟ سەن بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇـ-
چىسى تۇرۇپ ، مۇشۇنچىلىك ئىشلارنىمۇ ئۇقمامسەن؟ مېنى بۇ
دۇنيانىڭ يۈرۈقىنى كۆرمىسۇن ، دەيدىغان ئوخشايسەن . مەن سىـ-
لەرگە ئۆلۈپ بەرسەمغۇ بولار؟

قەمبەرخان زار - زار يىغلايتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش
ئەمەس ، قان ئېقىۋاتاتتى . ئۇ زەرداپ بولغان كۆڭلىنى ياشلىرى
بىلەن يۇيۇپ ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قەلبىدە تىنىپ
قالغان قان - يىرىڭلارنى بىراقلا سىقىۋاتقاندەك ئېزىلىپ يىغلايتـ-
تى . رىسالەت بېشىنى سالغىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ
ئانىسىغا تەسەللى بەرگۈدەك ، ھالىغا يەتكۈدەك ماجالى قالمىغانـ-
دى . ئۆزىنىڭمۇ ھالى چاغلىق تۇرسا ، ئانىسىغا قانداق تەسەللى
بېرەلەيدۇ؟ «ئانا ، مەن خاتا قىپتىمەن ، ئەمدى بۇنداق ئىشنى
ھەرگىز قىلمايمەن ، سۇلايمان قاسىمنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتىـ-
مەن» دېيەلەمدۇ؟ ياق ، ئۇنىڭ بۇنداق دېگۈسى يوق . سۇلايمان
قاسىمدىن مەڭگۈ ۋاز كەچكۈسى يوق . بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ قولىـ-
دىن ھەرگىز كەلمەيتتى .

شۇ كۈندىن باشلاپ سۇلايمان قاسىمغۇ ئىلاجى بار قەمبەرخان
بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا تىرىشتى . ئۇ ئىشلارنىڭ
ھامان بىر كۈنى شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى . شۇ سەۋەبتىن
ئۇ ئالدىغا كېلىدىغان ھەربىر ئېھتىماللىقلارنى رىسالەتكە بىرمۇ -
بىر چۈشەندۈرگەنىدى . لېكىن ، بۇ تەرسا قىز ئۇنىڭدىن ۋاز كېـ-
چەلمىدى . ئۆزىنىڭ دېگەنلىرىگە قۇلاق سالمىدى . مانا ئەمدى بۇ

ئىشىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشى تۈپەيلى، قەمبەرخان بىلەن سۇلاي-مان قاسىمنىڭ كۆڭلىگە بىر قارا سايە چۈشتى. ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە قارايدىغان يۈزىمۇ يوق ئىدى. ئەڭ يامان بولغىنى، سۇلاي-مان قاسىم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بۇرۇنقىدەك خالىغانچە كىرىپ-چىقالمايتتى.

قەمبەرخان رىسالەتكە كۆپ سۆزلەپ ئېغىزىنىڭ بىرقات تېرى-سى چۈشكۈدەك بولدى. ئۇنىڭغا دېمىگەنلىرى قالمىدى. لېكىن، بۇ قىزنىڭ مىشىلداپ يىغلىغىنى يىغلىغاندى. ئانىسىنىڭ دېگەنلى-رىگە قوشۇلمايتتى. چىن يۈرەكتىن سۆيگەن ئادىمىدىن بىر نەچچە ئېغىز نەسىھەت ئاڭلاش بىلەنلا ۋاز كېچىش ئۇنىڭ قولىدىن كەل-مەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئانىسىغا بىر ئۆمۈر توي قىلمايدىغانلىقىنى، بۇ دۇنيادىن مۇشۇنداق يەككە-يېگانە ئۆتۈپ كەتكۈسى بارلىقىنى ئېيتتى، ئۇنىڭدىن مۇمكىن بولسا ئۆزىنى توسۇماسلىقىنى ئۆتۈن-دى. بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئانىنىڭ يۈرىكى ئامبۇردا قىسقان-دەك ئېچىشىپ كەتتى.

52

سۇلايمان قاسىمنىڭ ھالىمۇ خاراب ئىدى. ئۇ نەچچە كۈنگىچە ھاراققا چىلىشىپ مەست-ئەلەس يۈردى. ياسىنجان بىر ئايلىق قىسقا كۇرسقا كەتكەن بولغاچقا، ئىدارىدە تۇزۇملەرمۇ ئۆزلۈكىدىن بوشاپ قالغاندى. خىزمەتچىلەر، «يولۋاس تاغدىن چۈشسە، ماي-مۇنغا بايرام» دېگەندەك ئۆزلىرىنى خېلىلا ئەركىن سېزىشەتتى.

بۈگۈن ئۇنى ھىممەت ياسىن ئۆيىگە چاقىردى. بۇنى قانداقمۇ ئۆي دېگىلى بولسۇن؟ بەئەينى ئېشەك ئېغىلىنىڭ ئۆزى، ئەينەك شىرەدە قېتىپ كەتكەن بىرنەچچە پارچە نان، پىيالىدە قاچانلاردى-دۇر ئىچىپ ئېشىپ قالغان يېرىم پىيالە چاي، يۇيۇلماي ئۇزۇن تۇرۇپ قالغانلىقتىن پىيالىنىڭ گىرۋەكلىرى داغلىشىپ قالغان، گازىر شۆپەكلىرى مېھمانخانا ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىگە چېچىلىپ

تۇراتتى . بۇنى كۆرۈپ ، سۇلايمان قاسىم ئۆزىنىڭ بويتاق چاغلىرىنى ئەسكە ئالدى . «خوتۇنسىز ئۆي دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ .

— ئەمدى سۇلايمان ئاكا ، قارىسام هاراققا ئۆگىنىۋالغاندەك قىلىسىز . مېنىڭمۇ ئىچىم پۇشۇپ كەتتى . بىر - ئىككى رومكىدىن قېقىشايلى دەپ چاقىردىم . ئۆي سەل پاراكەندە ...

— هېچقىسى يوق ئۇكام ، كۆڭۈل پاكىز بولسا ، ئۆي دېگەننىڭ پاراكەندىچىلىكى كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ .

هىمىت ياسىن پالاقلاپ يۈرۈپ بىر چەينەك چاي دەملىدى . ئاندىن شىرەدىكى قاتتىق قۇرۇقلارنى يىغىپلا بىر داسقا تاشلاپ ، ئورنىغا هېلىلا بازاردىن ئەكەلگەن بىرەر كىلودەك تونۇر كاۋىپى ، پىشۇرۇلغان تۇخۇم ، لەڭپۇڭ ، خام سەي دېگەنلەرنى تىزدى .

— نېمانچە كايىپ كەتتىڭىز ؟ — سۇلايمان قاسىم بۇ نېمەتلەرنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا كايىدى ، — ئىككىلا ئادەم بولغاندىكىن بۇنچە قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولاتتى . يا بىز دېگەن يات ئادەم بولمىساق ؟

ئۇلار ئولتۇرۇشنى باشلىۋەتتى . هىمىت ياسىن هاراق بوتۇلكىسىنى ئېچىپ ، رومكىلارغا بېلىق كۆزى قىلىپ هاراق قويۇشقا باشلىدى . سۇلايمان قاسىم ئۇۋىتىنى جىمجىتلا كۆتۈرەتتى . هەر ئىككىسى گەپ - سۆز قىلماستىن ، بىرنەچچە رومكىدىن ئىچىۋەتتى . هاراق ئۇلارنىڭ كەيپىنى كۆتۈرۈشكە باشلىدى .

— ئۇكام ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئۆزىگە سۇنۇلغان رومكىنى قولىغا ئېلىپ ، ئۇنىڭدا چايقىلىپ تۇرغان سۇپسۈزۈك هاراققا قارىغىنىچە ، — ۋاقتىدا بېشىڭىزنى ئوڭشىۋېلىڭ . دۇنيادىن بۇنداق يەككە - يېگانە ، نام - ئۇرۇقسىز ئۆتۈپ كەتسىڭىز بولمايدۇ . ئىگىمىز هەركىمنى ئۆز جۈپتى بىلەن ياراتقان . سىز مۇنداق يۈرسىڭىز ، ئۆزىڭىزگە ئاتاپ يارىتىلغان قايسى بىر نامەلۇم جۈپنى تەنها قويىسىز ۋە كۆتۈرۈپ قويۇقسىز گۇناهقا پاتىسىز . ئايال كىشى دېگەن ئۆينىڭ زىننىتى . ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەن

ھەرقانداق ئۆي گۈلدەك ئېچىلىپ كېتىدۇ . ئادەمنىڭ ئۆمرى دې‍
گەن چەكلىك نەرسە . ئۇ ئىككىنچىلەپ قايتىپ كەلمەيدۇ . شۇڭا ،
ۋاقتىدا بىرسى بىلەن بىر يوتقاننى ئىستىشنىڭ ئامالىنى قىلىڭ .

ھىمىت ياسىن بېشىنى سالغىنىچە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى زەن
قويۇپ ئاڭلىدى . دېمىسىمۇ ئۇنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى ئارامى
بۇزۇلغان ، كۆڭلىكىدىكىنى بىرسىگە قانداق تىنىشنىمۇ ئۇقماي
يۈرگەنىدى .

ــ مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتىمەن ، ــ دېدى ئۇ رومكىسىنى بىر
كۆتۈرۈۋېتىپ بىكارلاپ لەۋلىرىنى تەمشىگىنىچە ، ــ لېكىن سۇلاي‍
مان ئاكا ، مېنىڭ غېمىمنى يەيدىغان ھېچكىمىم يوق . ئاتا ـ ئانام
كىچىكىمدىلا تۈگەپ كېتىپتىكەن . يېزىدا بىرنەچچە شىرەم تۇغقد‍
نىم بار ، توي قىلسام ، ئۇلارنىڭ قولىدىن سەھنىگە تىزىپ قويۇل‍
غان گۈل تەشتىكىدەك ئولتۇرۇپ بېرىشتىن باشقا ھېچ ئىش كەل‍
مەيدۇ . شۇڭا ، ئۆزۈمنىڭ بېشىنى ئۆزۈم چۇشۇرەلمەي ، مۇشۇنداق
ئۆتۈپ كەتكەن ئادەممەن . ئەمدى ، توي قىلسام دەيمەن . لېكىن ،
شۇ ... شۇ ...

ــ كۆڭلىڭىزگە پۈككەن بىرەرسى بارمۇ ؟ ــ سۇلايمان
قاسىم ئۇنىڭدىن كۈيۈنگەن ھالدا سورىدى .

ــ بارلىقىغۇ بار ، لېكىن ئۇنىڭ مېنى يارىتىش ـ ياراتماس‍
لىقىنى بىلمەيمەن . بۇ ئىشنىڭ ، گۇرۇچتىن بىخەۋەر سەۋزە دەم
يەپتۇ دېگەندەك بولۇپ قالماسلىقىدىن غەپ يەپ ، ھېلىغىچە ئېغد‍
زىمدىن چىقىرالماي يۈرىمەن .

ــ كىم ئۇ ؟ مەن تونۇمدىمەن ؟

ــ سىز ئۇنى ئەلۋەتتە تونۇيسىز ، ــ ھىمىت ياسىن گەدد‍
نىنى تاتىلىغىنىچە كۈلۈپ قويدى ، ــ ئۇ ... ئۇ ...

ــ ھە ، ھىمىتىم ، تىلىڭىزنى چايناپ ئادەمنى تەقەززا قىلد‍
ماي ، ئوغۇل بالىدەك شاققىدە بىرنېمە دەۋەتمەمسىز ؟ ئۇ قەيەردە ؟

ــ يىراق دېسىڭىز ئاسماننىڭ ئۇ چېتىدە ، يېقىن دېسىڭىز
يېنىڭىزدىلا .

سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇ ھىممەت ياسىننىڭ كىمنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىنى بىلەلمەي قالغانىدى .

— ئەستا ئۇكام ، ئادەمگە تېپىشماق دېمەي ، ئوچۇق گەپ قىلسىڭىزچۇ ؟ كىم ئۇ زادى ؟

— ھوشۇركامنىڭ ئارزۇلۇق قىزى ...

سۇلايمان قاسىم بېشىغا بىرسى تۇيۇقسىز بىر كالتەك ئۇرۇۋەتكەندەك چۆچۈپ كەتتى .

— سىزنىڭ دېگىنىڭىز ھوشۇركامنىڭ قىزى ئادالەتمۇ ؟

— ياق ، رىسالەت !

سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ كەتتى . ئۇ رومكىنى ھېلىلا ئېزىۋېتىدىغاندەك چىڭ قىستى . ئېغىزى ئېچىلدىيۇ ، لېكىن زۇۋان چىقمىدى . ئۇ خۇددى بىرسى يۈرىكىگە گاچچىدە بىر پىچاق ئۇرغاندەك تولغىنىپ كەتتى . ئۇ ئىشلارنىڭ بۇنداق بولۇشىنى ، ھىممەت ياسىننىڭ رىسالەتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىنى كۈتمىگەنىدى . گەرچە ئۇ رىسالەتكە ئىزچىل باشقىلار بىلەن كۆپرەك سىردىشىپ ، ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان بىرەرسىنى تېپىۋېلىشنى ئىشارەت قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم كۆز ئالدىدا پەيدا بولغاندا چىدىيالماي قالدى . شۇنىڭغا قارىغاندا ، سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆڭلىدىمۇ رىسالەتنىڭ ئورنى بار ئىكەن - دە ! ئۇ رومكىنى كۆتۈرۈپلا ھاراقنى ئىچىۋەتتى .

— يەنە بىر رومكا قۇيغىنا ، ھىممەت ، — ئۇ قوشنىسىنى سەنلەپ تۇرۇپ ئىگىرىغاندەك مۇراجىئەت قىلدى ، — سەن بايا نېمە دېدىڭ ؟ رىسالەت بىلەن توي قىلسام دېدىڭمۇ ؟ سەن شۇنداق خىيالغا كەلدىڭمۇ زادى ؟ بۇ مۇمكىن بولارمۇ ، جېنىم ئۇكام ؟

ئۇ يەنە بىر رومكىنى بوشاتتى .

— مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام دەيمەن ، سۇلايمان ئاكا . سىز ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلىپ ، بۇ ئىشمنى بىر ياقلىق قىلىپ بەرسىڭىز . سىزنى ھوشۇركامنىڭ ئالدىغا كىرىپ ، مەن ئۈچۈن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويسىكەن دېگەن ئۈمىدىم بار ئىدى .

ــ سەن هاراقكەش تېخى ئۆزۈڭچە رىسالەتكە ئۆيلىنىمەن دەپ ئويلامسەن؟ ئۇ سېنى ئالغان تىرنىقىغا تەڭ قىلسا ئىدى كاشكى! هەي ئۆلۈمتۈك هاراقكەش، ماڭا بىر نەچچە رومكا قۇيۇپ بېرىپ، دەللاللىقا سالماقچىمۇسەن؟ مەن تېخى رىسالەت ئۈچۈن ئەلچى بولىمەنمۇ؟ رىسالەت كىم؟ سەن كىم؟ قاغا بىلەن بۇلبۇلنىڭ تەڭ بولغىنى نەدە بار؟ ئۆزۈڭنى چاغلىماي بىر غۇبارسىز قىزغا شۆلگەي ئېقتىشتىن نومۇس قىلساڭچۇ؟
سۇلايمان قاسىم ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى. هىممىت ياسىن بولسا سۇلايمان قاسىمنىڭ ئەيىبلەشلىرىدىن ئېغىزىنى چوڭ ئاچقىنىچە هاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا ياغدۇرۇلغان تىل ــ هاقارەتنىڭ هېسابى يوق ئىدى.
هىممىت ياسىنمۇ ئۆزىنى هاراقا زورلاشقا باشلىدى. ئارقا ــ ئارقىدىن بىر نەچچە رومكا ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقان، كاللىسى غوڭۇلداپ كەتكەنىدى. هىممىت ياسىن هۆركىرەپ يىغلىغىنىچە قولىدىكى بوتۇلكا بىلەن چاي شىرەسىنى بىرنى قويدى. جاراڭلىغان سادا بىلەن تەڭ ئەينەك شىرە كۇكۇم ــ تالقان بولدى. ئاندىن ئۇ دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە تامدىكى چوڭ ئەينەكنى چېقىشقا باشلىدى. جالدۇر ــ جۇلدۇر ئاۋازدىن بىنا ئىچى لەرزىگە كەلدى. هەممەيلەن ئىشىك ئالدىغا چىقىشىپ، هىممىت ياسىننىڭ ئۆيى تەرەپكە بويۇنداپ قارىشاتتى.
هوشۇر سەلەي هىممىت ياسىننىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۇنى تىللاپ هېرىپ كەتكەن سۇلايمان قاسىم پولدىكى گىلەمنىڭ ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ياتاتتى. هىممىت ياسىن قەھرىمانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىچە ئۆيدىكى نەرسىلەرنى چېقىش بىلەن هەلەك ئىدى. ئۇ هۆركىرەپ يىغلايتتى. كىمنىدۇر چاقىرىپ نالە قىلاتتى. بەئەينى چۆلدە بوتىلىقىنى يىتتۈرۈپ قويغان تۆگىدەك بوزلايتتى. هوشۇر سەلەي چېقىلغان ئەينەك پۇچۇقلىرى ئارىسىدا ياتقان سۇلايمان قاسىمنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئېلىپ چىقتى. سۇلايمان قاسىممۇ پىغان بىلەن ياش تۆكمەكتە ئىدى. ئۇ بىرنېمىلەرنى دەپ گوڭرايتتى.

ـتى . ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ رىسالەتنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ياش قۇيۇلـ
ـدى . قەمبەرخان ئۇنى تارتىپلا ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى .

سۇلايمان قاسىم ئويغانغاندا ، كۈن ئاللىقاچان نەيزە بويى ئۆرـ
ـلىگەندى . ئۇنىڭ بېشى ھېلىلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك لوقۇلداپ ئاغرىيتتى . ئېغىزى قۇرۇپ ، تاماقلىرى بوردىلىپ ، تىلى ئېغىزىغا پاتماي قالغانىدى .

— سىزگە نېمە بولدى ؟ — دېدى زۇلخۇمار كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ، — ئىلگىرى بۇنداق ئىچمەيتتىڭىز ، مۇشۇ كۈنلەردە ھاراققا ئۆزىڭىزنى ئۇرۇپ كېتىۋاتىسىز . مەندىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتتۇلدىمۇ يا ؟ ياكى مەندىن كۆڭلىڭىز سۇ ئىچمەيۋاتامدۇ ؟ مېنى ئويلىمىسىڭىزمۇ ، بالىلارنى ئويلىسىڭىز بولمامدۇ ؟ ھوشۇركامدىن ئاڭلىسام ، ماۋۇ ھاراقكەش ئۆيىدىكى ھەممە نەرسىسىنى چېقىۋېـ
ـتىپتۇ . ئالىمادىس مەستلىكىدە بوتۇلكا بىلەن بېشىڭىزغا بىرنى قويغان بولسا ، قانداق قىلاتتۇق ؟

سۇلايمان قاسىم ئاخشام بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىرمۇبىر ئەسلەشكە ئۇرۇندى . غۇۋا ، خۇددى زاۋالدا كۆرگەن چۈشتەك خىرە ـ شىرە مەنزىرىلەر كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى . ھىممەت ياسىن بوتۇلكىلارنى شىرەگە ئۇراتتى . جاراڭلاپ سۇنغان ئەينەك پارچىلىـ
ـرى ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىدە چېچىلىپ ياتاتتى . تۆكۈلگەن سوغۇق سەيلەر پولدىكى گىلەملەرنى بىزەپ قىلىۋەتكەن ، تاماكا ئىسىغا تولغان ئۆيدە ھەممە نەرسە غۇۋا كۆرۈنەتتى . ئۇ بېشىنى سىلىكىدى . توغرا ، ھەممە ئىش رىسالەتنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىش بىلەنلا باشلاندى . سۇلايمان قاسىم بۇ مەسىلىدە ھىممەت ياسىنغا قىلچىلىك يۈز ـ خاتىر قىلمىغانىدى .

— ھە راست ، كىچىچە رىسالەت ، رىسالەت دەپ يىغلاپ چىقتىڭىز . ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ ؟

سۇلايمان قاسىم چۆچۈپ كەتتى . ئۇ كۆزلىرىنى زۇلخۇماردىن قاچۇرۇپ يەرگە قارىدى .

— ماۋۇ ھاراقكەشنىڭ رىسالەت بىلەن توي قىلغۇسى بار

ئىكەن ، شۇڭا ئاچچىقىم كېلىپ ئۇنى بىرنەچچە ئېغىز تىللىۋەتكەن ئىدىم . شۇ ئىش كاللامغا كىرىۋالغان بولسا كېرەك .

— ماۋۇ هاراقكەش ؟ — زۇلخۇمار مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى ، — هەي ، ئۆزىڭىزنىڭ شىرىقى پوق تۇرۇپ ، باشقىلارنى هاراقكەش دەپ ئەيىبلەشتىن نومۇس قىلمامسىز ؟ سىزنىڭمۇ ئۇنىڭدىن قەيىرىڭىز كەم ؟ شۇ سىزنىڭ ئۆيدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى چاقمىغانلا يېرىڭىز بارغۇ . تېخى ئۆزىڭىزنىڭ ئىنىسىدەك بالىلارنى ئەيىبلەپ كەتكىنىڭىزنى كۆرەيمۇ ؟ ئۇ هاراقكەش بولسا ، سىز هاراقكەشنىڭ بوۋىسى بولۇپ قالدىڭىز مۇشۇ كۈندە .

سۇلايمان قاسىم خوتۇنىنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە پىسەنت قىلماستىن ، سىرتقا ماڭدى . ئۇنىڭ گۈللۈك فونتاننىڭ يېنىغا چىقىپ ساپ هاۋادىن نەپەس ئېلىپ ، لوقۇلداپ ئاغرىپ تۇرغان بېشىنى سەگىتكۈسى كېلىپ قالغانىدى . پەلەمپەيلەرنى تاقىلدىتىپ دەسسەپ بىنادىن چىققان سۇلايمان قاسىم تازا كېرىلىپ ، ئۇيۇشۇپ كەتكەن ئۇستىخانلىرىنى راھەتلەندۈردى . غاراسلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بەدىنىدىكى قانداقتۇر تۇرۇپ قالغان نەرسىلەر بىراقلا شالاقلاپ يەرگە چۈشكەندەك بىر سېزىم ئۇنى هۇزۇرلاندۇردى . ئۇ ئۆزىنى قۇش پېيىدەك يەڭگىل سەزدى .

دەل شۇ چاغدا بىنادىن رىسالەت چىقىپ كەلدى . ئۇ سومكىسىنى ئېسىۋالغان ، قولىدا يەنە بىرنەچچە كىتاب تۇراتتى . تۇرقىدىن ئىشقا ماڭغانلىقىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى .

— خەيرلىك سەهەر رىسالەت ، ئىشقا مېڭىپسىز - دە ؟

ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئۇنىڭغا لايىقىدا جاۋاب بېرىشنى خالىمىدىمۇ ، ئەيتاۋۇر بېشىنى سالغىنىچە يولىنى داۋاملاشتۇردى . سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى . قارىغاندا ئۇ كېچىچە كىرپىك قاقمىغاندەك قىلاتتى . ئۇ ئاخشام مەستلىكىمدە بىرەر بولمىغۇر ئىش قىلىپ ، رىسالەتكە كۆڭۈلسىزلىك تېپىپ بەردىممۇيا ، دەپ ئويلىدى ۋە يۈرىكى سېلىشقا باشلىدى . چۈنكى ، ئۇ «رىسالەت»

دەپ بىر كىچە جۆيلۈپ چىققان ۋە زۇلخۇمارمۇ بۇنى ئەتىگەندىلا ئۇنىڭ يۈزىگە سىلىپ ئۆلگۈرگەندى. شۇڭا، ئۇ ئاۋازىنى ئۈنلۈكرەك چىقىرىپ رىسالەتنى چاقىردى.

— رىسالەت، توختاپتۇرۇڭ، سىزدىن سورايدىغان بىر گەپ بار.

رىسالەت خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان سۇلايمان قاسىمنى كۆرۈپ، چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرۈتتى.

— قانداق ئەھۋالىڭىز؟ هاراق چىشلىۋالمىغاندۇ؟

— بۇنى قويۇپ ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى دەپ بېرىڭچۇ، رىسالەت. ئاخشام قالايمىقان جۆيلۈپ، سىزگە بىرەر ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمىگەندىمەن؟

— قانداق دەيسىز؟

— مەستلىكىمدە كېچىچە ئىسمىڭىزنى توۋلاپ چىقىپتىمەن. ئەتىگەن تۇرسام زۇلخۇمار شۇنداق دېدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئاخشام هوشۇركامغا بىرنەرسە دەپ سالدىممىكىن دەيمەن؟

— شۇنداقمۇ؟ — رىسالەت ئۇنىڭغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويدى، — كاشكى، سىز ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلالىغان بولسىڭىز قانداق ياخشى بولاتتى - ھە؟ بىراق، ئاشۇ كۈندىن كېيىن ئانامنىڭ قاپىقى ئېچىلماي يۈرگەننى هېسابقا ئالمىغاندا، بىزنىڭ ئائىلە ھەر هالدا تىنچ. باشقا ئىش يوق.

سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى ۋە يېنىك تىنىپ قويدى.

— شۇ كۈندىن بۇيان مەنمۇ ئۇنىڭ يۈزىگە قارىيالماي يۈرىمەن، رىسالەت.

— ئاشۇنداق هاراق ئىچىپ، مەستلىكىڭىزدە ۋارقىراپ يۈرگەننىڭ سىزگە نىمە پايدىسى بار؟ — سوربدى رىسالەت سىيرىلىپ چۈشۈپ قالغان سومكىسىنى مۈرىدەپ قويۇپ، گەپنى باشقا ياققا يۆتكەپ، — سىز ئىلگىرى بۇنداق ئىچمەيتتىڭىز، ئۆزىڭىزنى

ئاسرىسىڭىز بولمامدۇ ؟

— بۇ گەپنى ئەتىگەن زۇلخۇمارمۇ قىلغانىدى .

رىسالەتنىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ كەتتى . ئۇ لىۋىنى يېنىك چىشلىگىنىچە گەپ قىلماستىن يولىغا ماڭدى . قارىغاندا بۇ گەپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەنىدى .

— رىسالەت ، رىسالەت ، توختاپتۇرۇڭ ...

ئۇ توختىمىدى . كەينىگىمۇ بۇرۇلمىدى . قەدەملىرىنى پۇختا ئېلىپ بىردەمدىلا قورۇدىن چىقىپ كەتتى .

شۇ كۈنى سۇلايمان قاسىم بەكمۇ روھسىز يۈردى . ھىمىت ياسىننىڭ يۈزىنى ئەينەك تىلىۋەتكەن ؛ قولىمۇ زەخىملەنگەنىدى . ئۇ دوختۇرخانىغا بېرىپ يارىسىنى تاڭدۇرۇپ كەلدى . سۇلايمان قاسىم ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى ۋە بىر تال تاماكا تۇتتى . ئىككىسى گەپ - سۆز قىلىشماستىن ، تاماكا چېكىشكە باشلىدى .

— ئاخشام قانداقلارچە مەست بولۇپ كەتكىنىمنى ئۇقماي - مەن ، — دېدى سۇلايمان قاسىم بىرپەسلىك سۈكۈتتىن كېيىن ، ئۇھ تارتىپ قويۇپ ، — مەستلىكىمدە سىزگە بىرئاز كايىپ قويغاندەك قىلىمەن . بۇنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ ، ئۇكام . رىسالەت بىلەن توي قىلىدىغان ئىشىڭىزغا كەلسەك ، بۇنى مەن بىر پۇرسەتنى كەلتۈرۈپ ھوشۇركام بىلەن سۆزلىشىپ باقاي . بەلكىم ، ئۇلار مېنىڭ لەۋزىمنى يەردە قويماس . بىرئاز كۈتۈپ تۇرۇڭ ، بولامدۇ ؟

ھىمىت ياسىننىڭ چىرايىدا ئازابلىق كۈلكە پەيدا بولدى . ئۇ تاماكىنىڭ قولىنى كۆيدۈرۈشىگىمۇ پەرۋا قىلماستىن ئولتۇرىۋەردى .

— بەلكىم مەن چۆچۈرىنى خام ساناپ قالغان بولسام كېرەك ، سۇلايمان ئاكا . رىسالەتنى خىيال قىلغىنىم ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىغاندەك بىر ئىش ئوخشايدۇ . مەن ئۆزۈمنى چاغلىيالماپتىمەن . بۇ ئىشتا مەن ئەيىبلىك . شۇڭا ، سىز ئەمدى ئاۋارە بولۇپمۇ يۈرمەڭ . ئاخشام تۈنجى ئەينەك پۇچىقى

بارمىقىمنى كەسكەندىلا ، مەن ئۆزۈمنىڭ خاتا ئويلىغانلىقىمنى ، بىر مەرتىۋىلىك قىزنىڭ ھەرگىزمۇ مەندەك ھاراقكەشنى ئۆزىگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ قىلىپ تاللىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىغان . مەن-دەك ھاراقكەشنىڭ بىرسىنى ياخشى كۆرىدىغان ھوقۇقىمۇ يوق ئوخشايدۇ . بەقىدىرىمگە تەن بەردىم . ئەمدى يەنە بۇرۇنقى كۆنلىرىم-نى تېپىۋېلىشىم مۇمكىن . سىز ئاۋارە بولماڭ .

سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈرىكى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ كەت-تى . ئۇ ھەقىقەتەن ئاشۇ رۇۋۇەتكەنىدى . ھىمىت ياسىننىڭ كۆزلى-رىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ دېگەن گەپلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترى-تىۋەتتى . توغرا ، ئۇ ئۆزىمۇ تۇيماستىن ھىمىت ياسىننىڭ ئاشۇ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغانىدى .

— مەن ھەقىقەتەن ياخشى قىلماپتىمەن ، ئۇكام ، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا ، — مېنىڭ تۇيەيلىمدىن شۇنداق ئويلىغان بولسى-ڭىز ، مەن سىزگە ناماقۇل بولىمەن . بۇ ئىشتا چوقۇم سىزگە ياردەم قىلىمەن ، ھىمىتىم . سىز مەيۈسلەنمەڭ ، ئۆزىڭىزنى بۇنداق تاشلىۋەتسىڭىز بولمايدۇ . چۈشكۈنلىشىش ياخشى ئىش ئەمەس . مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە مەن قەمبەرخان ئاچام بىلەن ھوشۇر كامغا يۈرىتىپ باقاي . بۇ ئىشتىن چوقۇم بىر نەتىجە چىقىدۇ دەپ كېسىپ ئېيتالمايمەن . ئەمما ، ئۇلارنىڭ ھەرھالدا مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىدى-غانلىقىغا ئىشىنىمەن .

ھىمىت ياسىن ئۈندىمىدى . ئۇ ئېغىر - ئېغىر تىناتتى . قارىغاندا ئۇ ئاخشامقى ئىزتىراپلىق روھىي ھالەتتىن تېخىچە قۇتۇ-لالمايۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇ ئازراق ئولتۇرغاندىن كېيىن ، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز ئىشخانىسىغا چىقىپ كەتتى . سۇلايمان قاسىم چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدى .

مېنىڭ نېمە قىلغىنىم بۇ ؟ خۇددى ئۆزىگە راۋا كەلمەيدىغانلى-قىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، قېيىنسىڭلىسىنى باشقىلاردىن كۈنلەپ يۈرگەن ئادەمدەك قىلغىنىمنى قارىمامدىغان ؟ مېنىڭ ئاخشامقى ئەلپازىم چوقۇم ھىمىتجاننىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويغان گەپ .

ياكى بولمىسا مەن بۇ ئىشتا چوقۇم ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ قويۇپ-تىمەن . ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىدىن رەنجىگەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغۇ ؟ رىسالەت بىلەن بولغان ئىشمىنىڭ بىر باشقا چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسامۇ ، يەنە ئۇنىڭدىن كېچەلمىگىنىم قىزىق - دە ! ياق ، مەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلالمايمەن . شۇنداق ئىكەن ، نېمىشقا ھىمىتجاننىڭ كۆڭلىگە سوغۇق سۇ سېپىمەن ؟ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشىم كېرەكتىغۇ ؟ بىراق ، مېنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ يۈرگىنىمنى بىلسە ، رىسالەت قانداق ئويلاپ قالار ؟ مېنىڭ كۆڭلۈم سەندە ، سېنىڭ كۆڭلۈڭ قەيەردە دېگەندەك ، ئۇ ماڭا بارلىق مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىككى قوللاپ سۇنۇپ تۇرسا ، مەن ھىمىت ياسىنغا ئەلچى بولۇپ ، ئالدىغا كىرسەم قانداق بولار ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۆتكەندە ، ئۇرۇمچىگە بارغاندا رىسالەت بىلەن چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ قويدۇم . يەنە كېلىپ بىزنىڭ قۇچاقلىشىپ تۇرغىنىمىزنى قەمبەرخانمۇ كۆرۈپ قالدى . شۇنداق ئەھۋالدا مەن ئۇلارنىڭكىگە ھىمىت ياسىننىڭ ئەلچىسى بولۇپ قانداق كىرىمەن ؟ بۇ يۈزۈمنى قەيەردە قويىمەن ؟

ئۇ ئويلىغانسېرى ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كەتتى . كاللىسىغا ھېچقانداق ئەقىلمۇ كەلمىدى . تاماكىنى چېكىۋېرىپ بېشى ئېسىلىپ ، ئىشخانا ئىچىمۇ ئىسقا تولۇپ كەتكەنىدى . جاۋا-بىنى تېپىش تەسكە توختىغان بۇ تېپىشماق ئۇنى خېلى تەرلەتتى . بىراق ، قانائەتلەنگۈدەك بىر جاۋابقا ئېرىشەلمىدى .



قىش كېتىپ يەنە باھار كەلدى . ئەمما ، ھوشۇر سەلەي ئائىلى-سىدە تېخىچە بىر خىل سوغۇقچىلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى .

ئادالەتنىڭ سېسىقچىلىقى قورۇ ئىچىنى بىر ئالدى . بىر كۈنى قورۇدا بىرنەچچە ئايال ئۆزئارا مۇڭدىشىپ ، ئۆزلىرىنى ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىغا سېلىپ ئولتۇرۇشاتتى . ئەتراپتا قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇ-

قىنى باشتىن كەچۈرگەن قۇشلارنىڭ باھارغا ئۇلاشقانلىقىغا تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك ئۇمۇمىي خورى باشلانغان، سىمتانابلارغا قونۇۋالغان قارلىغاچلار، ئاق قۇشقاچلارنىڭ توختىماي جاۋۇلداشلىرى، تۇمۇچۇقلارنىڭ سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قەمبەرخان رىسالەت ۋە دوختۇرخانىدا بولىدىغان تۇرلۇك - تۇمەن ئىشلار توغرۇلۇق قىزىشىپ سۆزلىمەكتە ئىدى. گەرچە ئۇ رىسالەتكە توي ئىشىدا ھېچقانداق گەپ يېگۈزەلمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز ئائىلىسىدىن قولىدىن ئىش كېلىدىغان مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ چىققانلىقىدىن سۆيۈنەتتى. ئەڭ مۇھىمى، رىسالەتنىڭ قولىدا شىپا تېپىپ قالغان بىرنەچچە قوشنىسىمۇ ئىلگىرىكىدەك پۇرسەت تاپسىلا ئۇلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ ئولتۇرماستىن، ئاشكارا سورۇنلاردا رىسالەتنى ماختاپ ئېغىزىدىن كۆپۈك چىقىرىپ يۈرەتتى. شۇڭا، قورۇدا بولىدىغان سوقا - سۆھبەتلەردە ھەممىسى قەمبەرخاننىڭ ئېغىزىغا قارايدىغان بولۇشقانىدى.

دەل شۇ چاغدا خۇددى ساراڭدەك جۆيلۈپ قالغان ئادالەت قورۇغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى. ئۇنىڭ بۇرنىنى تۇتۇۋالغان قوللىرى ئارىسىدىن قان تېمىپ تۇراتتى. ئۇنى بۇ ھالدا كۆرگەن ئانىنىڭ يۈرىكى قارت قىلدى ۋە پۇت - قولىدا جان قالمىدى. ئۇ ئولتۇرغان يېرىدىن چەبدەسلىك بىلەن تۇردى - دە، بىناغا كىرىپ كېتىۋاتقان ئادالەتنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

قەمبەرخاننىڭ ئاللا - توۋا قىچقىرىپ يۈگۈرۈپ يۈرۈشى بىلەن ھوشۇر سەلەيمۇ پەيدا بولدى. ئۇ ھوشسىز ياتقان قىزىنى بىر كىرا ماشىنىسىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سۇلايمان قاسىممۇ ۋېلىسىپىتنى جالاقلىتىپ مىنىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن چاپتى.

رىسالەتنىڭ شىپالىق قولى بىلەن كىمدۇر بىرى كېسىۋەتكەن ئادالەتنىڭ بۇرنى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئەمما، روشەن پىچاق ئىزى ئۇنىڭ نۇر دېگەندىن ئەسەر قالمىغان مۇدۇر - چوقۇر يۈزىدە مەڭگۈلۈك تامغا بولۇپ قالدى.

بۇ ئىش ھوشۇر سەلەي ئائىلىسىگە كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرد ـ ئەلەملەرنى ئېلىپ كەلدى . بىچارە دادا نەچچە كۈن ئۆرۈن تۇتۇپ يېتىپ قالدى . گېلىدىن تۇزۇككىنە بىر نەرسىمۇ ئۆتمىدى . قەمبەرخانمۇ تۇتقان ـ قويغىنىنى بىلمەي يۈرەتتى . قاتتىق پۇشايمان ئىلكىدە قالغان ئادالەتنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى . ئۇنىڭ بۇ ھالىغا ئىچىنغان رىسالەت باشقا گەپ ـ سۆز قىلمىدى . ئۇ ئۆز قولى بىلەن سىڭلىسىنىڭ بۇرنىنى يامايدىغانلىقىنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى . ھەر قېتىم مۇشۇ ئىش يادىغا يەتسە ، نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتەتتى .

بۈگۈن زۇلخۇمار بىلەن سۇلايمان قاسىم قوشنىسىنى يوقلاپ كىردى . ھوشۇر سەلەي يوتقانغا پۈركەنگىنىچە تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈپ ياتاتتى . ئۇ سۇلايمان قاسىمنى كۆرۈپ ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى .

— نېمىشقا ، — دېدى ھوشۇر سەلەي تىترەپ تۇرغان لەۋلىرى ئارىسىدىن ئاران ئاڭلانغۇدەك ئاۋاز چىقىرىپ ، — نېمىشقا بۇنداق شەرمەندە ئىش مېنىڭ بېشىمغا كېلىدۇ ، ئۇكام ؟ مەن مۇشۇ كۈنگە قالغۇدەك نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدۈم ؟ نېمىشقا ئادالەت مەندەك دادىسىنىڭ يۈزىنى قىلمايدۇ ؟ مېھرى ئىسسىق ئائىلىسىنىڭ ئابرۇيىنى ساقلىمايدۇ ؟ مەن ئۇنى قانداق تەربىيىلىدىم ؟ ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرى مۇشۇمۇ ؟ مەن قانداق قىلىمەن جېنىم ، ئۇكام ؟ ئۇنى باغلاپ ، مال بازىرىغا سۆرەپ بېرىپ سېتىۋېتەيمۇ ياكى ئۆز قولۇم بىلەن بوغۇزلىۋېتەيمۇ ؟ مەن قانداق قىلاي ، جېنىم ئۇكام ؟

ئۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . يوتقانغا پۈركىنىپ تۇرغان قورايدەك بەدىنى ئۆكسۈشلىرىگە ئەگىشىپ سىلكىنەتتى . پاكىز چۈشۈرۈلگەن بېشى تەرگە چىلىشىپ كەتكەنىدى .

— بۇ سىزنىڭ گۇناھىڭىز ياكى ئۇنى ياخشى تەربىيىلىمىگەنلىكىڭىزدىن بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس ، ھوشۇركا ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ، — ھازىر

جەمئىيەت بۇزۇلۇپ كەتتى . ھەممە ئادەم بىر - بىرىنى قارىغا يىقىتىشنىڭ ، يەۋاتقان نېنىنى تارتىۋېلىشنىڭ ، كۆزى ئېچىلمىغان غوبارسىز ياشلارنى ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ئۈچۈن ئازدۇرۇشنىڭ غېمىدە قالدى . شۇڭا ، ئادالەتتەك تۇرمۇش تەجرىبىسى يوق ، ئالدىدىن ئىش ئۆتمىگەن ساددا قىزلار ئۇلارنىڭ تۇز يەردە قۇرغان قاپقىنىغا چۈشۈپ كەتمەكتە . بۇ بىر سىزنىڭلا بېشىڭىزغا كېلىۋاتقان ئىش ئەمەس . سىز ئادالەتنىلا ئەمەس ، رىسالەتنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ ، ئۇمۇ سىزنىڭ تەربىيىلىشىڭىزدە قاتارغا قوشۇلغان ياخشى قىز . ئاشۇنداق قىزىڭىزنىڭ بولغىنىدىن پەخىرلەنسىڭىز بولىدۇ ، ھوشۇركا ، ھەرگىز قالايمىقان خىياللاردا بولماڭ .

بىر چەتتە ئۇلارنىڭ پىيالىسىگە چاي قۇيۇپ ئولتۇرغان قەمبەرخان رىسالەتنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيۋاتقان سۇلايمان قاسىمغا مەنىلىك قاراپ قويدى . ئۇنىڭ ئاشۇ قارىشىدا «سىزمۇ قىزلارنى تۇز يەردە قاپقانغا دەسسىتىۋاتقان ئوۋچىغۇ !» دېگەن مەنە بار ئىدى . بۇنى ھېس قىلغان سۇلايمان قاسىم بوغۇزىغا بىرنەرسە قاپلاشقاندەك غىققىدە بولۇپ قالدى .

ئادالەتنىڭ ئايىغى يەر دەسسىدى . ئۇ سەللىمازا ساقايغانىدى . ئۆزىنىڭ تاتۇق چۈشكەن يۈزىگە ، دادىسىنىڭ ھەسرەت - نادامەت تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە ، ئانىسىنىڭ شىۋىرغان قۇتراش ئالدىدىكى قىش ئاسمىنىدەك تۇتۇلغان چېھرىگە قاراپ ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغانىدى . ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتتى . ھوشۇر سەلەي ، سۇلايمان قاسىم ، ھىمىت ياسىنلارنىڭ ئۇنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالمىدى . ئادالەت ئاسماندىمۇ ، يەردىمۇ يوق ئىدى . بۇ ئىش قاتتىق ئۇرۇلغان توقماقتەك ھوشۇر سەلەينى يەنە بىر قېتىم يىقىتتى .

بىر كۈنى رىسالەت ئەمدىلا ئىشقا چۈشۈپ تۇراتتى . دوختۇرخانا باشلىقى ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى .

— مۇنداق ئىش ، — دېدى ئۇ رىسالەتنى ساپادا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاچ ، — ئاخشام ئىشتىن چۈشەي دەپ تۇرسام ، تېلېـ

فون جىرىڭلاپ قالدى . تورۇپكىنى ئالسام بىر قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ قىز سىزنى چاقىرىپ قويۇشۇمنى ئېيتتى . ئەمما، سىز ئۇ چاغدا ئىشتىن چۈشۈپ بولغان ئىكەنسىز . ھېلىقى قىز سىزنىڭ سىڭلىڭىز ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھازىر ئىچكىرىدە ئىـ كەنلىكىنى، بۇنى ئاتا - ئانىڭىزغا ئېيتىپ قويۇشۇڭىزنى ھەم ئۆزىدىن ئەنسىرىمەسلىكىڭلارنى ئېيتىپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى . ئازراق پۇل تەستىقلاپ بەرسەم، ئۆيگە تېلېفون قويۇۋالامسىلەر يا؟ بۇنىڭ بىزگىمۇ پايدىسى بار . چۈنكى، ئېغىر كېسەللەر كېلىپ قالسا، سىزنى چاقىرىشمۇ كۆپ ئاسانغا چۈشەتتى، رىسالەت .

ئۇ بىرسى بېشىدىن مۇز ئارىلاش بىر چېلەك سۇ قۇيۇۋەتكەنـ دەك ئەندىكىپ كەتتى . ئۇنىڭ دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىگە جاۋاب بەرگۇدەك ھالىمۇ قالمىغانىدى . رىسالەت تولىمۇ روھسىز بىر كەيپىياتتا ئۆز بۆلۈمىگە قايتىپ چىقتى . ئەتىگەن يوقلايدىغان بىرنەچچە بىمارنىڭ بارلىقىمۇ ئېسىگە كەلمىدى . ئۇ ھاڭۋاقىنىچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى . كۆز ئالدىدىن سىڭلىسىنىڭ كىچىك ۋاقىتلاردىكى تاتلىق قىلىقلىرى، شوخلۇقلىـ رى بىرمۇبىر ئۆتتى . ئۆز بېشىغا كەلگەن سەۋدالار، سىڭلىسى ئۇچرىغان بۇ دىشۋارچىلىقلارنى ئويلاپ، چەكسىز ئازاب قوينىغا شۇڭغۇدى، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈـ لۈشكە باشلىدى .

شۇ كۈنى ئۇ تۇنجى قېتىم دوختۇرخانا باشلىقىدىن تەنقىد ئاڭلىدى . چۈنكى، ئۇ داۋالاۋاتقان بىر بىماردا دورىنىڭ ئەكس تەسىرى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، رىسالەت ئۇنى ۋاقتىدا كۆزىتىشكە كىرمىگەنىدى . بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش ھەقىقەتەن قىيـ يىن ئىدى .

بىر كۈنلۈك ئالدىراش خىزمەت ئاخىرلىشىپ، رىسالەت روھى چۈشكۈن ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى . قىزىنىڭ ئېزىلىپ، ئىچ - ئىچىدىن ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇرغىنىغا قاراپ، قەمبەرخاننىڭ جۇدۇنى يەنە ئۆرلىدى . ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە ئۈستى - ئۈستىلەپ كەلگەن

روهىي زەربىدىن بەكلا تىرىككەك بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇ رىسالەتـ
نىڭ بۇ ئىشنى يەنە سۇلايمان قاسىمغا باغلىغۇالدى ۋە ئۇنى تارتىپ
ئاشخانا ئۆيگە ئېلىپ كىردى .
— يەنە ئايىغى چىقماس ئاشۇ ئىشنى ئويلاپ ئاھ - ئۇھلاپ
ئولتۇرامسەن ، بىغەرەز ؟ — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ، — سىڭـ
لىڭنىڭ قىلغانلىرى ئاز كەلدىمۇ بىزگە ؟ يەنە نېمە ئويۇن چىقىراي
دەيسەن ؟ قارا ئەپتىڭگە ، كۆيۈك ئوتى بەك ئازابلاپ كەتكەن بولسا ،
سۇلايمان قاسىمنى چاقىرىپ بېرەمدىمەن يا ؟ خېلى ئەقىللىق قىز
بولدى دېسەم ، ئەمدى كېلىپ نېمە قىلغىنىڭ بۇ ؟ مەن زۇلخۇمار-
نىڭ ، ئەلكۈننىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن ؟
— ئانا ... — رىسالەتمۇ ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلاشقا باشلىـ
دى ، — سەن ھە دېسە شۇ ئىشنى تەگەپ كۆڭلۈمگە ياغاچ تىقىدـ
سەن ، قىزىڭنى ئويلاپ قويساڭ بولمامدۇ ؟ مېنىڭ ھازىر تارتىۋاتـ
قان ئازابلىرىم ئازمۇ ؟ كىم سىلەرنى ئۇنىڭ بىلەن قوشنا ئولتۇـ
رۇڭلار دېگەن ؟ مېنىڭ بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىم گۇناھ
ھېسابلانسا ، بۇنداق گۇناھنىڭ جازاسىنى ئۆمۈر بويى تارتىشقا رازىـ
مەن . ئانا ، مېنى ئەيىبلەۋەرمەي باشقا قىزلىرىڭنى قانداق باشقۇـ
رۇشنى ئويلاپ قوي . ماڭا مۇنداق ئېسىلىۋالساڭ ، مەنمۇ ئادالەتـ
تەك ئىچكىرىگە قېچىپ كېتىمەن بىكار .
— تې ... نېمە دېدىڭ ؟ ئادالەت ئىچكىرىگە قېچىپتىما ؟
كىمدىن ئاڭلىدىڭ ؟
قەمبەرخان روھى تېنىدىن چىقىپ كەتكەندەك لاسسىدە ئولتۇـ
رۇپ قالدى . رىسالەت ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزماقچى بولۇپ ، قولىنى
سۇندى . ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە رىسالەتنىڭ قولىنى سىلـ
كىدى :
— ئادالەت راستىنلا ئىچكىرىدىمىكەن ؟
— شۇنداق ، ئۇ تۈنۈگۈن دوختۇرخانىغا تېلېفون بېرىپتىـ
كەن . دوختۇرخانا باشلىقى تېلېفوننى ئاپتۇ ۋە ئەتىگەن ماڭا بۇ
خەۋەرنى يەتكۈزدى . ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزىدىن ئەنسىرىمەسلىكـ

كەڭلارنى ئېيتىپتۇ . كىشى يۇرتىدا ھەقىقەتەن ئوبدان تۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك .

ئۇنىڭ بۇ تەنىسى قەمبەرخاننىڭ يار ئېلىش ئالدىدا تۇرغان قەلب تۇغىنىنى تېشتۇەتتى .

— ھۇ بېشىڭنى يەيدىغان ، — دېدى ئۇ ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراپ ، — مۇشۇنداق چاغدىمۇ ياپتا گەپ قىلىۋاتامسەن ؟ يېغى ياندىن قوپار ، بالا قېرىنداشتىن دېگەن مۇشۇمۇ ئەمدى ؟ سەنلەر قارىنىمغا قانداقمۇ پېتىشقان بولغىيدىڭ ؟ بىر قورساقتىن چۈشكەن ئادەممۇ ئاشۇنداق گەپ قىلامدۇ ؟ شور پېشانە قىزىم ، كىشى يۇرتىدا غېرىب بېشىڭنى نەگە قويۇۋاتقانسەن ؟ يەيدىغىنىم قەيەردە ، ئىچىدىغىنىم قەيەردە دەپ كىمنىڭ قولىغا قاراۋاتقانسەن ؟ توڭلىساڭ پېپىنچاڭ قەيەردە ؟ ئاچساڭ نېنىڭ قەيەردە ؟ كىشى يۇرتىغا نېمىدەپمۇ بارغانسەن ، قىزىم ؟ بۇ يەردە كۆرگەنلىرىڭ ئازمىدى ؟ ئۆز يۇرتۇڭدا تارتقۇلۇقۇڭ تۈگىمىگەنمىدى ؟ بىزنى نېمە بولسۇن دېدىڭ ، قىزىم ؟ تىرىك يۈزۈڭنى يەنە بىر كۆرگىلى بولارمۇ ، قىزىم ؟ ئاھ قىزىم ، جېنىم قىزىم ...

قەمبەرخان دەمدەردەك بوقۇلداپ ئۆيىنى بېشىغا كىيدى . رىسالەت ئۇنى يىغلاپ ئىچىنى ئوبدانراق بىر بوشىتىۋالسۇن دېگەندەك ، بىر چەتتە قاراپ ئولتۇراتتى . تەلىيىگە ھوشۇر سەلەي ئۆيدە يوق ئىدى . بولمىسا قەمبەرخاننىڭ بۇ يىغىسى بىلەن ئۇنىڭ قايسى ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس . قەمبەرخان بىرھازا يىغلىغاندىن كېيىن ، بۇ خەۋەرنى ھوشۇر سەلەيدىن ۋاقتىنچە يوشۇرۇش نىيىتىگە كەلدى .

— داداڭغا تىنغۇچى بولما ، — دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ، — ئۇ ئادەمنىڭ ھېلىمۇ دەردى ئاز ئەمەس . بۇنى ئاڭلىسا بىزگە يىقىلىپ بېرىدۇ .

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن رىسالەتنىڭ دەرد - ئەلەمى ھەسسىلەپ ئاشتى . قەلبىدە لاۋۇلداپ تۇرغان ھىجران ئوتىغا يوقىتىپ قويغان سىڭلىسىغا بولغان قېرىنداشلىق مېھرى قوشۇلۇپ ، ئۇنىڭ پۈتكۈل

ھۆجەيرىلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۆل قىلىشقا باشلىدى . بۇنداق تىنچ-
سىز ، ئازابقا تولغان كۆنلەرنىڭ قاچان ئاياغلىششىنى ئۇ پەقەتلا
بىلمەيتتى .
رىسالەت بۈگۈن ئەتىگەندىلا دوختۇرخانىغا كەلدى ۋە خالاتلى-
رىنى كىيىشكە باشلىدى . ئەتراپتىن سېستىرالارنىڭ بىر - بىرى
بىلەن گۇدۇڭشىۋاتقان ، قانداقتۇر ئىشلار ئۈچۈن پىخىلداپ كۈلۈش-
كەن ئاۋازى ئاڭلىناتتى . ئۇ ئۈشتۈمتۇت ئادەتتىكىدەك جىمجىتلىق-
قا چۆمگەن دوختۇرخانىنىڭ كېسەللەر ياتقى تەرەپتىن بىر قىزنىڭ
ئېچىنىشلىق چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە سېستىرالار باشلىقى-
نى چاقىرتتى .
— نېمە ئاۋاز بۇ ؟ ياتاقتا تۈنۈگۈن بۇنداق كېسەل يوقتىغۇ ؟
— ئاخشام ئېلىپ كېلىنىشىپتىكەن ، — دېدى سېستىرالار
باشلىقى قىزىرىپ تۇرۇپ ، — كىچىكلا بىر قىز ، جىنسىي يولى
يىرتىلغان ، گۆلمىرە دوختۇر ئوپېراتسىيە قىلغانىدى ، لېكىن ھا-
زىرغىچە خۇن توختىمىدى ، ئۇنىڭ ئازابى بارغانسېرى كۈچىيىپ
كېتىۋاتىدۇ . قارىغاندا ئوپېراتسىيە تازا ئوڭۇشلۇق بولمىغاندەك
قىلىدۇ .
— نېمە سەۋەبتىن شۇنداق بولغانىكەن ؟
— ئۇنى ئۇقمىدۇق . ئەمەت ھاجى دېگەن ئادەم بىلەن بىر
موماي ئېلىپ كەپتىكەن . ھېلىقى ئادەم رەسمىيەتلەرنى ئۆتتۈۋېتىپلا
قۇيرۇقىنى خادا قىلدى . قىزنىڭ بېشىدا ئاشۇ موماي يىغلاپ ئول-
تۇرىدۇ ، مومىسى بولسا كېرەك .
— ئەمەت ھاجى ؟ قانداقراق ئادەم ئۇ ؟ — رىسالەت بىر
قېتىم سۇلايمان قاسىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا شۇنداق بىر
ئىسىمنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى . شۇ چاغدا سۇلايمان قاسىم
«ئادالەت ئاشۇ ئادەمنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ ، ئۇنىڭغا ياخشى-
راق نەسىھەت قىلىپ قويسىڭىز بولمامدۇ ؟ » دېگەنىدى . قارىغاندا
بۇ ئادەم قېلىپىدىن چىققان ھايۋان ئاشۇ كىچىك قىزنى نابۇت
قىلغاندەك تۇراتتى . بۇ ئىشنى ئويلاپ ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى .

— مېنى باشلاپ چىقىڭ ، ئۇنى كۆرۈپ باقاي ، — دېدى رىسالەت سېستىرالار باشلىقىغا قاراپ .

ئۇلار ياتاققا كىرگەندە ، ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز ئىڭراپ ياتاتتى . قىزنىڭ چىرايى زەپىراندەك سارغىيىپ كەتكەن ، لەۋلىرىنىڭ قېنى قاچقان ، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ قېينىلىۋاتقان ئىدى . موماي نېمە قىلىشنى بىلمەي ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى .

— نېمە بولغان ؟ — مومايدىن سورىدى رىسالەت ۋە قىزنىڭ كۆز ئالمىسىنى ، يەنە بىر يەرلىرىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى ، — قانداقسىگە بۇنداق ئىش كېلىپ چىقتى ؟ ماڭا ئېنىق جاۋاب بەرمىسىلە ، قىزلىرىنىڭ كېسىلىگە دىئاگنوز قويغىلى ۋە كۆڭۈلدىكىدەك داۋالىغىلى بولمايدۇ . مەن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئۇقۇشۇم كېرەك .

— ئەمەت ھاجى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن ، دەپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ، نېمە بولغىنىنى مەنمۇ ئۇقمىدىم . تۈنۈگۈن مۇشۇنداقلا تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كەتتى . بىچارە نەۋرەم ، ئانا مېھرىنى كۆرمىگەن ئاجىز قىزىم ، نېمىمۇ بولغانسەن ئەمدى ؟ جېنىم دوختۇر ، قىزىمنى قۇتقۇزۇۋالسىلا ، مەن بىچارىنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق . ماڭا ئىچلىرى ئاغرىسۇن ، جېنىم قىزىم . سىلىمۇ ئايال كىشى ئىكەنلا ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالسىلا ...

موماي ئىچ - ئىچىدىن تۆكۈلۈپ يىغلاپ كەتتى . رىسالەتنىڭ كۆز چاناقلىرىمۇ ياشقا تولدى .

— مانا ، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار ، ئانامغىمۇ بالا دەردى ، دادامغىمۇ بالا دەردى ، ھەي ئادالەت ، شۇ تاپتا نەلەردە يۈرۈۋاتقانىسەن ؟...

ئۇ ياتاقتىن چىقاي دەپ تۇرۇشىغا بىر سولىياۋ خالتىدا تەرسە - كېرەك كۆتۈرۈۋالغان ، يۈزلىرى مايلىنغاندەك پارقىراپ تۇرىدىغان ، كىيىملىرى پۈزۈر ، بادام دوپپىلىق سېمىز بىرسى ياتاققا كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ ھالى خېلىلا يوغان ، ئادەمگە قاراش-

لىرى قانداقتۇر بىر نەرسە تەمە قىلىۋاتقاندەك مىننەتلىك ئىدى .
ئۇ قولىدىكى نەرسىلەرنى مومايغا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇزاتتى .
ئۇ كارىۋاتتا ئىڭراپ ياتقان قىزغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇ-
دى . سېستىرالار باشلىقى رىسالەتكە ، «ھېلىقى ئەمەت ھاجى دې-
گەن مۇشۇ» دەپ پىچىرلىدى .

— سىلى بىمارنىڭ ئېگىسىمۇ ؟ — دەپ سورىدى رىسالەت ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ .

— يوقسۇ خانىم ، — ئەمەت ھاجى ئەدەپ بىلەن جاۋاب بەردى ، — مەن بۇ موماي بىلەن بىر مەھەللىلىك ، قارىسام نەۋرىسى بىتاپ بولۇپ قاپتىكەن ، خۇدا يولىدا ساۋاب بولار دەپ ئاز - تولا ھە - پە دېيىشىۋاتىمەن . بۇلارنىڭ قول ئىلكىدە يوق ، بىز قارىمىساق ئاللانىڭ ئامانىتىنى تېزرەك ئېلىشىنى كۈتۈپ ياتـ- قىنى ياتقان بۇلارنىڭ ... شۇڭا ...

— ئاڭلىسام بۇ قىزنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن ، دەپ سىلى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتىكەنلىغۇ ؟

— ئەمدى ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ ، قولى ئازراق پۇل كۆرەر- مىكىن دەپ ئىشقا تونۇشتۇرغىنىم راست ، ئەمما ئىش ئۇستىدە يارىلىنىپ قېلىشىنى كىم ئويلىغان دەيلا ، خانىم . بۇ مۇشۇ تەنتەك قىزنىڭ بىخەستىلىك قىلغىنىدىن بولۇۋاتقان ئىشلار . شۇڭا ، مەن ئاخىرىغىچە مەسئۇل بولۇپ ، داۋالىنىش راسخوتىنىمۇ تۆلەۋەتتىم .

— ئەمىسە بۇلار ئۆزلىرىدىن مىننەتدار بولۇشى كې- رەككەن - دە ؟ !

— ئۇنىسى ئىنساپىغا باغلىق ، — دېدى ئەمەت ھاجى سال- ماق تەلەپپۇزدا .

رىسالەت ئۇنىڭ يۈزىنىڭ قىزارماي - تاتارماي تۇرۇپ دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى ۋە دېدى :

— باشقىلاردىن ئۆزلىرىنى خەقنىڭ يېرىنى ئوتاققا بېرىپ ، ئوتتۇرىدىن ھايان ئالىدىغان ئادەم دەپ ئاڭلايمەنغۇ ؟

— ئەمدى ئوتاققا بەرگۈدەك يەر بولسا بېرىمىز ، خانىم ، —

دېدى ئەمەت ھاجى پېتىدىن چۆشمەي ، — ئۆزلىرىدىمۇ شۇنداق يەر بار ئوخشىمامدۇ ؟ لېكىن ، سىلىنىڭ يەرنىڭ سەل ئوسسى كەتكەندەك تۇرىدۇ . ئۇنى ئوتاققا ئالىدىغان ئادەم چىقماسمىكىن ؟
— ئېغىزىڭغا پوق ! — رىسالەتنىڭ كۆزلىرىگە قان تولدى ، غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشتى . ئۇ قولىغا چىققۇدەك بىرنەرسە ئىزدەپ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى .
— مەن ياماق ھەققىنى تۆلىۋەتكەن ، — دېدى ئەمەت ھاجى مەسخىرىلىك كۈلۈپ تۇرۇپ ، — ئۆزلىرىنىڭمۇ يامىتىدىغان يەرلىرى بولسا ، ھەققىنى قوشۇپ تۆلىسەممۇ بولىدۇ . قۇرۇق گەپ سېتىپ ئولتۇرماي ، بىر ئامال قىلسىلا ئەمدى .
رىسالەتنىڭ ئۆتى تاشتى . ئۇ سېستىرالار باشلىقىنىڭ يانچۇقىدىن چىقىپ تۇرغان قايچىنى كۆردى ۋە ئۇنى يۇلۇپ ئېلىپ ئەمەت ھاجىغا ئېتىلدى .
— ھۇ سولامچى ، قىزلارنىڭ ئەندامىسىدا يۈز تاپقان رەسۋا ، كېلە ، سېنىڭ ياماق ھەققىڭنى مەن تۆلەيمەن . بۈگۈن قولۇمدىن ساق چىققىنىڭنى مەن بىر كۆرەي .
ئەمەت ھاجى ئۇنىڭ ئۆزىگە يولۋاستەك تاشلانغىنىنى كۆرۈپ ، ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي قاچتى . چۈنكى ، رىسالەتنىڭ قولىدىكى دوختۇر قايچىسى ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆتكۈر خەنجەردەك كۆرۈنگەنىدى . رىسالەت ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ دوختۇرخانا ئىچىنى بىرنەچچىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى . ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ قېچىۋاتقان ئەمەت ھاجىنىڭ ئاق پىشماق يۈزلىرى قىزارغان ، چېكىسىدىن تەر قۇيۇلغان ؛ تىلى ئېتىنىڭكىدەك ساڭگىلىغانىدى ، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئايالنىڭ ئالدىدا رەسۋالارچە قېچىۋاتقىنىنى سەزمەستىن يۈگۈرۈيتتى . بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم تەلىيىنىڭ يەتۇر كەلگىنى ۋە جان قايغۇسىدا ئۆلگۈدەك يۈگۈرگىنى ئىدى . ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى . دوختۇرخانا ئىچى گۈگۈسۈنلىرى پىرقىراپ تۇرغان كونا توگمەندەك گۈرۈلدەيتتى . ئەمەت ھاجىنى تونۇيدىغانلار ۋە ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىدىن ئاز - تولا خەۋەر تاپقانلار

بولسا، ئۇنىڭغا پۇخادىن چىققۇدەك لەنەت ياغدۇراتتى.

ئەمەت هاجىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان رىسالەتنىڭ كۆز ئالدىدا مۇنۇ توڭگۇز پۇشتىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكەن ئادالەت پەيدا بولدى. ئۇ ئاچىسىغا قاراپ تەبەسسۇم قىلاتتى. تېز يېتىشىۋال، قايچىنى يۈرىكىگە سانجىپ ئۆلتۈرۈۋەت دېگەندەك ئىشارەتلەر بىلەن مەدەت بېرەتتى. يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن، نەدىلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىچارە سىڭلىسىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ قەھرى - غەزىپى قايتىدىن تاشتى. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئەمما، ئەمەت هاجىنىڭ بۈگۈن ئەجلى توشمىغان بولسا كېرەك، رىسالەت بىر ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتۈشىگىلا نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە ئەمەت هاجى ماشىنىسىغا چىقىۋالدى ۋە ئۇنى ھەيدىگىنىچە دوختۇرخانىدىن قويۇندەك چىقىپ كەتتى. رىسالەت توپا توزۇتۇپ كېتىۋاتقان ماشىنىغا نەپرەت بىلەن قارىدى ۋە بىر تاشنى ئېلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئاتتى. تاڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ماشىنىنىڭ كەينى دېرىزىسىنىڭ ئەينىكى سىرىلىپ چۈشتى. ئىگىسى ئۈچۈن بەدەل تۆلىگەن ماشىنا سۈرئىتىنى ئاشۇرۇپ، ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى.

## 54

مۇشۇ كۈنلەردە سۇلايمان قاسىممۇ جۇدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۇيقۇدىن بىدار ئىدى، ياستۇققا بېشىنى قويسىلا كاللىسىغا تۈرلۈك خىياللار كىرىۋالاتتى. باش - ئاخىرى يوق، خۇددى چىگىشلىشىپ كەتكەن يىپتەك ئۇچىنى تاپقىلى بولمايدىغان خىياللار ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇراتتى. سۇلايمان قاسىم يا چۈش ئەمەس، ياكى خىيال ئەمەس مەنزىرىلەر ئىچىدە بوغۇنۇقاتتى، ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلەتتى. ئاشۇنداق يېتىپ تۈننى تاڭغا ئۇلايتتى.

بۈگۈن ئۇنىڭ قولى يەنە ئىشقا بارمىدى. ئىشخانا ئىچىدە

تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلىگىنىچە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى . ئۆزىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىنى ئۇقمايتتى . بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ، هوشۇر سەلەي كىرىپ كەلدى .

— تاماكاڭ بارمۇ ، ئۇكام ؟

سۇلايمان قاسىم گەپ قىلماستىن ، ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا سۇندى . هوشۇر سەلەي ئۇنى تۇتاشتۇرۇپ ، سەل قارىداپ قالغان لەۋلىرى ئارىسىغا قىستۇردى ۋە كۆچەپ بىرنەچچىنى شورىغاندىن كېيىن ، ئىسسىنى هالقا شەكلىدە پۈۋلىگىنىچە كۆزلىرىنى يۇمدى . ئۇنىڭ تاماكا خۇمارى بەك تۇتۇپ كەتكەن چاغلىرىدا مۇشۇنداق قىلىدىغان ئادىتى بار ئىدى .

— رەهمەت ئۇكام ، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە سىرتقا ماڭدى . ئىشىك ئالدىغا بارغاندا ، سۇلايمان قاسىم ئۇنى چاقىردى .

— هوشۇركا ، سىزگە دەيدىغان بىر ئېغىز گەپ بار ئىدى .

ئۇ كەينىگە يېنىپ سۇلايمان قاسىمنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە تاماكىنى شورىغىنىچە ئۇنىڭغا نېمە گەپ دېگەندەك قاراپ قويدى .

— ئۆتكەندە مېنىڭ هىممەت ياسىنىنىڭ ئۆيىدە مەست بولۇپ قالغىنىم ئېسىڭىزدە بارمۇ ؟

— بولمامدىغان ئۇكام ، — ئۇ خىر ـ خىر قىلىپ كۈلۈپ كەتتى ، — مەن دائىم قەمبەرخانغا كېپەك تاغىرىدەك ئېغىرسەن ، دەپ چاقچاق قىلاتتىم . سىنىڭ ئېغىرىڭمۇ ئۇنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن ئەمەسمۇ ؟

سۇلايمان قاسىم كۈلۈپ قويۇپ ، ئۆزىمۇ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇردى .

— ئەمدى ئاكا ، شۇ چاغدا هىممىتجان بىر گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ قالدى . ئۇنىڭ توي قىلغۇسى ، بىشىنى ئوڭشىۋالغۇسى بار ئىكەن .

— ياخشىغۇ ؟ هېلىمۇ سالتا ـ سۇلتۇڭ يۈرگىلى ئۇزۇن بولۇپ كەتتى ئۇ بىچارىگە ، — دېدى هوشۇر سەلەي تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قېقىۋېتىپ ، — كۆڭلىگە پۈككەن بىرسى بارمىكەن ؟

شۇنداق بولسا، قولۇم - قوشنىلار ھە - ھۇ دېيىشىپ، بېشىنى ئوڭشاپ قويايلى، ساۋاب بولىدۇ، ئۇكام.

— مېنىڭمۇ كاتتا ساۋاب تاپقۇم بار، — سۇلايمان قاسىم بۇ ئىشنى ئېغىزدىن قانداق چىقىرىشنى بىلمىگەندەك بىرئاز سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. — ئەمدى ھوشۇركا، ئۇ ... ئۇنىڭ سىزگە ئوغۇل بولغۇسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىگىنى دەل سىزنىڭ قىزىڭىز!

ھوشۇر سەلەي تويۇقسىز كاللىسىغا بىرنەرسە تەگكەندەك چۆچۈپ كەتتي. بۇ گەپ ئۇنىڭغا بەكمۇ تاسادىپيي تۇيۇلغانىدى. شۇڭا، دەماللىققا بىرنەرسە دېيەلمەي بىرئاز تۇرۇپ قالدى.

— ئۇنىڭ كۆزلىگىنى ئادالەتمىكەن؟

— ياق، سىزنىڭ ئارزۇلۇقىڭىز رىسالەت ...

—نېمە، رىسالەت؟ — ھوشۇر سەلەينىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى، — بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇكام. مەن قانداقمۇ ئىستىقباللىق بىر قىزنى ئۇنىڭدەك ھاراقكەشكە تۇتقۇزغۇدەكمەن؟ خىلى خىلى بىلەن دەپتىكەن. قىزىم مەڭگۇ قىرى قىز بولۇپ ئولتۇرۇپ قالسىمۇ، ئۇنىڭدەك بىرنېمىنىڭ قولىغا تۇتقۇزمايمەن.

— مەنمۇ دەسلەپتە شۇنداق ئويلىغان، — دېدى سۇلايمان قاسىم مۇلايىم ئاۋازدا، — شۇڭا ئۇ ئاخشىمى ھىممىتجاننى تىللاپ تۇغۇلغىنىغا تووۋا دېگۈزگەنىدىم. شۇ ئاچچىقىمدا مەنمۇ مەست بولۇپ قاپتىمەن. كېيىن ئويلاپ باقسام، بۇ ئىشنىڭمۇ نۇرغۇن بولىدىغان يەرلىرى بار ئىكەن. سىزمۇ ئويلاپ بېقىڭ، پات يېقىندىن بېرى ئۇ ئىلگىرىكىدەك سورۇن تۈزۈپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئولتۇرۇش قىلمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى كۈنلىرى باشۋېغى سېلىنمىغان تايىنىڭكىدەك ئۆتكەن بولسا، توي قىلىشنى ئويلىغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ رىسالەت ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنى خېلىلا تۈزەپ يۈرۈۋاتىدۇ. قىز چوڭ بولسا ياتلىق قىلىدىغان گەپ. ئۇنى ھامان بىرسىگە تۇتقۇزماي، سىزنىڭمۇ كۆزىڭىز خاتىرجەم يۇمۇلمايدۇ. قەمبەرخاچامۇ، سىز-

مۇ ياشنىپ قالدىڭلار . ئەمدى سىلەرنىڭ سالامەتلىكىڭلار بۇرۇندىقىدەك تۇرمايدۇ . رىسالەتنى يىراقتا ئۇزىتىپ قويساڭلار ، ئۆزۈڭلارنى كۈتىدىغان بىر ياردەمچىدىن ئايرىلىپ قالىسىلەر . ھىمىتجان دېگەن بۇرنۇڭلارنىڭ ئاستىدىكى ئادەم . ئۈنلۈكرەك يەل قويۇۋەتسەڭلارمۇ ئاڭلىنىدۇ . بۇنداق بولغاندا ، رىسالەت ھەركۈنى سىلەرنىڭ ھالىڭلاردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرالايدۇ . ھىمىتجاننىڭ ھاراق ئىچىشىگە كەلسەك ، ئۇ سىلەرگە كۆيئوغۇل بولغاندىن كېيىن ، ھايا قىلىپ بولسىمۇ ئىچمەسلىكى مۇمكىن . ئىچسىمۇ نېمە بولىدۇ ؟ مانا ، مەنمۇ ئاز - تولا ئىچىپ قويىمەنغۇ ؟ مۇھىمى ، ئۇ يامان بالا ئەمەس . رىسالەتنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلالايدۇ . شۇڭا ، مەن كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق بۇ گەپنى سىزگە دەۋاتىمەن . لېكىن ، قىز يەنىلا سىلەرنىڭ ، بۇ ئىشتا سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار ھېساب . شۇڭا ، قەمبەرخاچام بىلەن ئوبدانراق بىر مەسلىھەتلىشىپ باقسىڭىز . بولىدىغان يېرى بولسا ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويايلى . ھىمىتجانغا ئۆزۈم ئەلچى بولىمەن .

ھوشۇر سەلەي تاماكىسىنى شوراشنىمۇ ئۇنتۇپ ، بىرھازا ئولتۇرۇپ كەتتى . قارىغاندا ئۇ تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قالغاندەك قىلاتتى .

— سۇلايمان ئۇكام ، سىز ئەزەلدىن بىزگە يامان نىيەتتە بىرەر مەسلىھەت بەرمىگەن . شۇڭا ، مەن سىزگە يۈزدە يۈز ئىشىنىمەن . بىراق ، بۇ ئىشتا ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلەشمەي ، يەنە كېلىپ رىسالەتنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي بولمايدۇ . شۇڭا ، سىز رەنجىمەي بىر ئاز كۈتۈپ تۇرۇڭ . بىز بىر مەسلىھەت قىلىشايلى . دېمىسىمۇ ئۇ يىراقتا كېتىپ قالسا بولمايدۇ . مەن ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسەم چىدىمايمەن .

— بولىدۇ ، ئوبدانراق مەسلىھەت قىلىپ بېقىڭلار . مەن سىزنىڭ جاۋابىڭىزنى كۈتىمەن .

ھوشۇر سەلەي بېشىنى سالغىنىچە ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى .

ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى . قەمبەرخان سۇلايمان قاسىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىرىدا ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغاندەك بىر قىياپەتتە قاراپ قوياتتى . قانداقتۇر مۇھىم بىر گەپنى ئېغىزد-دىن چىقىرىشقا ئۇيۇلۇۋاتقاندەك يۈزلىرى تارتىشىپ كېتەتتى . سۇ-لايمان قاسىمنىڭمۇ تىلىغا گەپ كەلمەيتتى . ئۇلار بەئەينى قېيىلد-ىشىپ قالغان ئەركە ئەر - خوتۇنلاردەك بىر - بىرسىگە باتناپ يۈرەتتى .

بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى . سۇلايمان قاسىمنىڭ ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلمىدى . ئۇ يۈز - كۆزلىرىنى چايقاپ بولغاندىن كې-يىن ، يەنە ئورنىغا كېلىپ ياتتى . زۇلخۇمار تەييارلاپ بەرگەن ناشتىلىقنىمۇ يېتىپ تۇرۇپ يېدى . خالىقجان بىلەن قۇددۇس ئەتى-گەندىلا ھايۋانات باغچىسىغا كېتىشكەن ، زۇلخۇمارمۇ قانداقتۇر بىر سودىلىق ئۈچۈن بازارغا چۈشكەن ، ئۆيئىچى سۈكۈتكە پاتقاندى . ئۇ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى ۋە ئالدىرىماي شورىغىنىچە خىيال دۇنياسىغا غەرق بولدى .

— تاك ... تاك ... تاك ...

ئىشىكنىڭ بوش چېكىلىشى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى . ئۆيدە ئادەم بولمىغاچ ، سۇلايمان قاسىم ئورنىدىن تۇرۇشقا توغرا كەل-دى . ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ، بوسۇغا ئالدىدا تۇرغان ھىممەت ياسىننى كۆردى . ئاشۇ قېتىمقى مەستلىكتىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ ئۆيگە قەدەم بېسىشى تۇنجى قېتىم ئىدى .

— ھە كىرىڭ ، ھىممىتىم ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ يەلكىسىدىن بوش ئۇرۇپ قويۇپ ، — قانداق مىجەز ، ئوبدان تۇرۇۋېسىزمۇ ؟

— يامان ئەمەس ، — ھىممەت ياسىن بېشىنى سالغىنىچە ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ كۆز ئەتراپى كۆكىرىپ تۇراتتى . قارىغاندا ئۇ تۈننى خىيال بىلەن تاڭغا ئۇلىغاندەك قىلاتتى .

— بۈگۈن بىرەر ئالدىراش ئىشىڭىز بارمۇ ؟ — سورىدى ئۇ كىيىملىرىنى كىيىۋاتقان سۇلايمان قاسىمدىن ، — ۋاقتىڭىز

بولسا، سىرتلارنى ئايلىنىپ كېلەيلى دېگەن.

— نەگە بارىمىز؟

— ئايقۇمدىكى بىر ساۋاقدىشىم چاقىرىۋالغانىدى، — ھېمىت ياسىن ئازابلىق كۈلۈمسىرىدى، — باشۋېغىنى ئۈزۈۋەتكەن ئىتتەك يالغۇز بېرىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. ئىدارىدە سىزدىن يېقىن كىشىمۇ يوقكەن. شۇڭا، بىرگە بارايلىمىكىن دەپ كىرىشىم.

سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى. ناھايىتى شۇ مېھمان بولىدىغان ئىشكەنغۇ؟ بىراق، ھوشۇر سەلەيدىن تېخىچە خەۋەر يوق، توي ئىشىدا ئۇ خىجىل بولۇپ، ھېمىت ياسىنغا ئېنىقراق جاۋاب ئېيتىپ بېرەلمىگىنى ئۈچۈن خىجالەتچىلىك تارتاتتى.

— راستىنلا بارامدۇق؟ — سورىدى سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ سولغۇن يۈزىگە قاراپ.

— ۋاقتىڭىز بولسا، بېرىشىپ بەرگەن بولسىڭىز، — ھېمىت ياسىن ئۇنىڭدىن ئۆتۈنۈۋاتقاندەك دېدى، — بەلكىم ئۇ يەردە مېنىڭ تەقدىرىم بەلگىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇ ساۋاقدىشىم ماڭا بىر قىز تاپقانمىش. كۆرۈشۈپ باق دېدى. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن پەقەتلا كۆرۈشكۈم يوق. سىز كۆزى ئۆتكۈر ئادەم. ئۇ قىزنىڭ بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى ماڭا قارىغاندا ئوبدانراق ئىلغا قىلالىشىڭىز مۇمكىن.

سۇلايمان قاسىمنىڭ بېشى پىررىدە ئايلاندى. ئۇ ھېمىت ياسىننىڭ مۇنداق دېيىشىنى كۈتمىگەنىدى. ھوشۇر سەلەيىنىڭ بۇ ئىشنى ئالدىراپ كېسىۋەتمىگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا بىر نەتىجىدىن بېشارەت بېرەتتى. شۇڭا، ئۇ توي ئىشىدا بۇنداق ئالدىراپ قالسا بولمايتتى. لېكىن، بۇنى ئۇنىڭغا قانداق دېگۈلۈك؟ رىسالەتنىڭ گېپىنى چىقارسا، تىللاپ رەسۋاسىنى چىقارغان تۇرۇقلۇق، باشقا قىزنى كۆرسەتسە، يەنە ئۇ، بۇ دېيىشكە ئۇنىڭ تىلى بارامدۇ؟ شۇنداق قىلسا ھېمىت ياسىن قانداق ئويلاپ قالار؟ ئۇنىڭ بېشىنىڭ

ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى.

— بوپتۇ ئۇكام، بېرىپ ئۇ قىزنى كۆرۈپ باقساق بولامدىكىن، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

ئۇلار بىنادىن چۈشۈشتى. قورۇدىكى گۈللۈك فونتاننى ئايلىنىپ ئۆتۈپ دەرۋازا ئالدىغا بارغاندا، سىرتتىن كىرىۋاتقان رىسالەت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ لىققىدە پەمىدۇر قاچىلانغان بىر سېۋەتنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. سېۋەت بەكلا ئېغىر بولسا كېرەك، ئۇنىڭ تال چىۋىقتەك بەللىرى ئېگىلىپ، چېكىسىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولغانىدى. رىسالەتنى بۇ ھالدا كۆرۈپ سۇلايمان قاسىم ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. ھىممەت ياسىن بولسا يۈگۈرۈپ بارغىنىچە ئۇنىڭ قولىدىن سېۋەتنى ئالدى.

— ئەكېلىڭ رىسالەت، مەن كۆتۈرۈۋالاي، قاراڭا تەرلەپ كەتكىنىڭىزنى، ۋاي - ۋۇي، ئەجەب ئېغىرغۇ؟ قايسى بىمار كۆتۈرۈپ كەلگەن سوۋغا بۇ؟

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە سېۋەتنى كۆتۈرۈپ بىناغا كىرىپ كەتتى. رىسالەت بولسا، سۇلايمان قاسىم سۇنغان قولىياغلىق بىلەن يۈز - كۆزلىرىدىكى تەرلەرنى سۈرتكىنىچە كۈلۈپ قويدى.

— قانداق، ياسىنىپ - تارىنىپ مېڭىپسىزغۇ؟ بىر يەرگە قىز كۆرگىلى ماڭمىغانسىلەر؟

سۇلايمان قاسىم ئۈندىمىدى، ئەمما، ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىلغۇچ سۈرتكەندەك قىزىرىپ كەتتى.

— ئاڭلىسام سىز بۇ جەھەتتە خېلى يېتىشىپ قاپسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ لام - جىم دېمەي تۇرغان سۇلايمان قاسىمغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويۇپ، — بويتاقلارغا ئەلچى بولۇشنى قالتىس قاملاشتۇرۇۋېتىپسىز. چوڭ ساۋابنىڭ كويىدا قالغان ئوخشىمامسىز؟

رىسالەتنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرەك بېغىشىغا قامچىدەك تەگدى. دېمەك، ھوشۇر سەلەينىڭ ئائىلىسىدە بۇ ھەقتە گەپ بولغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇ پوكاندەك قىزىرىپ تۇرۇپ رىسالەتكە

قاراپ ئېغىزىنى ئۈمەللىدى .

ــ بولدى ، سىز ھېچ نەرسە دېمەڭ ، ــ دېدى رىسالەت پەس ئاۋازدا ، ــ مېنىڭ ھازىرچە سىزگە دەيدىغان گېپىم يوق . بۇ گەپنى مەن ئاڭلىمىغان بولاي . بىر كۈنى ۋاقىت چىقىرىپ سىز بىلەن ئوبدانراق بىر سۆزلەشكۈم بار . قالغان گەپنى شۇ چاغدا دېيىشەرمىز . خوش ...

رىسالەت ئالدىغا چۇشۇۋالغان مەجنۇنتالدەك ئۇزۇن چاچلىرىنى سىلكىپ كەينىگە تاشلىغاندىن كېيىن ، بىناغا كىرىپ كەتتى . سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ ئېغىزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالدى . بىر چاغدا ھىممەت ياسىن خۇشاللىقتىن قىن ـ قىنىغا سىغمىغان ھالدا چىقىپ كەلدى . چۈنكى ، ئۇ قەمبەرخاننىڭ چوڭقۇر رەھمىتىگە ئېرىشكەنىدى .

ــ بولدى ، سۇلايمان ئاكا ، ــ دېدى ئۇ كۈلكە يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ ، ــ ئەمدى ئايقۇمغا بېرىپ ، قىز كۆرۈپمۇ يۈرمەيلى . مەن ئۇچۇن ۋاقىت چىقارغىنىڭىزغا رەھمەت . ئۆيگە كىرىپ بىرپەس مۇڭدىشامدۇق ؟

ــ بولدى ئۇكام ، يەنە كىرسەك ئۆتكەنكىدەك ئىش چىقمىسۇن . تىنچ كۆڭۈلنى تىنچ قويايلى . ئۇنىڭغىمۇ بىر پۇرسەت بولۇپ قالار .

سۇلايمان قاسىم كەينىگە ياندى ۋە روھى چۈشكەن ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كىردى . ئۇ تىكلىمە ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ گالستۇكىنى يەشتى . ئېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ تېگىدە سەۋەبىنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بىر مۇڭ قايناپ تۇراتتى .



ــ ئەمىسە شۇنداق قىلامدۇق ؟ ــ دېدى ھوشۇر سەلەي تاماكىسىنى شوراپ ئولتۇرغىنىچە ، ــ سۇلايماننىڭ دېگەن گېپىدىنىڭمۇ ئاساسى بار . بىز ياشىنىپ قالدۇق . رىسالەت يىراقتا كەتسە

بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىممىتجانمۇ ئۇنچىۋالا يامان بالا ئەمەس. بىز يېنىدا بولغاندىكىن، ئەگرىسىنى تۈزىۋالارمىز.

— قىز بالا دېگەن يېشىغا يەتسە پوق ئىكەن، — قەمبەرخانمۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى، — قىزلىرىمىز بىر چىرايلىق چوڭ بولدى دەپ مەيدەمگە ئۇرۇپ يۈرەتتىم. ھەممىسى ئەقىلسىز چىقىپ قالدى. ئەمدى ئۇلارنى ئىت - ئېشەككە بەرسەكمۇ مەيلى. تېزرەك بىرسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۇھ دەيلى، دادىسى. مەن ئۇنىڭ نېرىسىغا چىدىمايمەن.

ھوشۇر سەلەي خىيال سۈرۈپ بىرپەس ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئېغىز ئاچتى:

— ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشقا سۇلايمان قاسىم ئېغىز ئېچىپ قالدى، — دېدى ئۇ تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قېقىۋېتىپ، — ياق دېسەك ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. بىز ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر قەرزدار. شۇنداق ئىكەن، ھېلىغۇ ھىممىتجانغا ئېغىز ئاچتى، ئۆزىگە دېسىمۇ ياق دېيەلمەيمىز. ئۇزۇن يىللىق قوشنىدارچىلىق ھاياتىمىزدا ئۇنىڭ بىزگە بىرنەرسە دەپ ئېغىز ئېچىشى تۇنجى قېتىم. شۇڭا، ئۇنىڭ لەۋزىنى قايتۇرۇپ، كۆڭلىنى چەكسەك بولمايدۇ. لېكىن، بۇ قىزىڭلار نېمىنى ئويلايدىغاندۇ؟ شۇنچە گەپلىرىمگە تاش چىشلەپ ھېچ نەرسە دېمەيدىغۇ؟ ياكى ئۇنىڭ ھېلىقىدەك بىرەر شاخ - پۇتىقى بارمىكەن؟

قەمبەرخان تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزىنى يۇتۇۋەتتى. بۇ ئىش مەڭگۈ يېپىق پېتىچە قالغىنى ياخشى ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئېرىدىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

رىسالەت ئەتراپقا گۇگۇم پەردىسى يېيىلغاندا قايتىپ كەلدى. بۈگۈن نەچچە قېتىملىق ئوپېراتسىيىگە كىرگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆرە تۇرغۇچىلىكى قالمىغانىدى. ئۇ ياتاق ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى.

— قىزىم، تاماق يەمسەن؟ — قەمبەرخان ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل مۇلايىم ئاۋازدا ئۇنىڭدىن سورىدى. رىسا-

لەتنىڭ كۆڭلى مۇزدەك بىرنەرسە تارتىپ تۇراتتى .
— توڭلاتقۇدا بىرنەرسە بارمۇ ؟ — دېدى ئۇ ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرمەيلا .
—قاراپ باقاي ، — قەمبەرخان دىكىلداپ چىقىپ كېتىپ بىردەمدىلا بىر قۇتا مىنېرال سۇ كۆتۈرۈپ كىردى ، — تازا سوۋۇپتۇ . لېكىن ، ئاز - تولا بىر نەرسە يەۋېلىپ ، ئاندىن ئىچسەڭ بولارمىكىن ، قىزىم ؟ ئاچ قورساققا ...
ئۇ ئانىسىنىڭ قانداقسىگە بۇنداق مېھرىبانلىقى تۇتۇپ قالغىنىنى بىلەلمىدى . ئاشۇ كۈندىن بېرى بۇ ئۆيدىكى ئىسسىقلىقنىڭ ئورنىنى مۇزخانىدەك بىر كەيپىيات ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى . رىسالەت قەمبەرخاننىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالماستىن ، قۇتىنى بىر كۆتۈرگىنىچە مۇزدەك سۇنى غورتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى .
— قىزىم ، — دېدى ئۇ ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ قويۇپ ، — ئەمدى بۇ ئىشقا بىرنەرسە دېمىسەڭ بولمىدى . داداڭنىڭ تەڭلىكتىمۇ ئويلاپ قوي . ئۇ بۈگۈن ، «سۇلايمان قاسىم ئېغىز ئېچىپ قالدى ، مەن ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر قەرزدار ، شۇڭا ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالمايمەن» دېدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە سېنىڭ كۆزلىگىنىڭ قاپاق تېرەكتە تاۋۇز چۈشمىگەندەك بىر ئىش . شۇڭا ، سۇلايمان قاسىممۇ خەقنىڭ ئەلچىسى بولۇپ يۈرىدۇ . سەن يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇنمىساڭ بولمايدۇ . سۇنىمۇ سىڭىدىغان يەرگە سېپىش كېرەك . ئاتا بولغۇچى بالىلىرىنى يامان يولغا باشلىمايدۇ . دېگەنلىرىمگە كۈنسەڭ ، سەنمۇ يىراق كەتمەيسەن . خۇددى مۇشۇ ئۆيدە ھەر كۈنى بىللە تۇرغاندەك ، يۈز كۆرۈشۈپ تۇرالايمىز . بۇ داداڭنىڭ ئارزۇسى . ماقۇل دېگىن ، قىزىم .
رىسالەت مىنېرال سۇ قۇتىسىنى تۇتقىنىچە يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىككى تامچە ياش يالتىرىدى .
— مەن مەڭگۈ توي قىلماي سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا قالسام بولمامدۇ ، ئانا ؟ — دېدى ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ .
— سەن دېگەن قىز بالا ، قىز بالا توي قىلماي ئولتۇرۇپ

قالسا يامان ئاتاقتا قالىدۇ، قىزىم. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى سېسىغان گۆشتەك پۇراپ قالىدۇ. شۇڭا، ئىشنى ئىسسىقىدا پۈتتۈرگەن ياخشى. ھىممەتجان ئوبدان بالا. شۇنداق بولغاچقىلا سۇلايمان ئاكاڭمۇ ئۇنىڭ ئەلچىسى بولۇشقا ماقۇل بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭمۇ جەمئىيەتتە تېگىشلىك ئورنۇڭ بار. رىسالەت دوختۇر دېسە، سېنى تونۇمايدىغىنى يوق. شۇنداق تۇرۇپ توي قىلماي ئولتۇرۇپ كەتسەڭ، خەقلەر نېمە دەيدۇ؟ ئەمدى قالايمىقان خىياللارنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت. مەنمۇ ھېچ نەرسە كۆرمىگەن بولاي. سەن ئۈكىلىرىڭغا باش بولمىساڭ بولمايدۇ، قىزىم.

رىسالەت يەرگە قارىغىنىچە ئۈندىمەستىن ئولتۇردى. ئۇنىڭ ھاردۇق يەتكەن جىسمى لايدەك ئېزىلىپ، يېنى يەر تارتىپلا تۇراتتى. كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتكەن رىسالەت بېشىنى يەنە ياستۇققا تاشلىدى.

بىر كېچە تىپتىنچ ئۆتۈپ كەتتى. رىسالەت شۇنداق خاتىرجەم، شۇنداق تاتلىق ئۇخلىدى، چۈشمۇ كۆرمىدى. ئەتىسى ئۇ روھلۇق ھالدا ئورنىدىن تۇردى. ئەتىگەنلىك چايدا قەمبەرخان ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى. ئۇ قىزىدىن ئېنىق بىر جاۋابقا ئېرىشىشنى ئويلايتتى. رىسالەت ئانىسىنىڭ سوئال يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە پەرۋاسىز قاراپ قويۇپ، چېيىنى ئىچتى ۋە سومكىسىنى مۈرىسىگە ئېسىپ، ئىشقا مېڭىشقا تەمشەلدى. ئۇنىڭ ئاران تىنچىدىغان قەلبىگە يەنە تاش ئېتىپ، ئۇ يەردە گىرەلىشىپ كەتكەن ئۇششاق دولقۇنلارنى پەيدا قىلغۇسى يوق ئىدى. ئىشىك ئالدىغا بارغاندا قەمبەرخان ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— قىزىم، ئاخشام دېگەن ...

— كەچتە كۆرۈشەيلى، — رىسالەت شۇنداق دېدى ۋە ئۆيدىن يۈگۈرگەندەك چىقىپ كەتتى.

سىرتتا مەيىن شامال كېزىپ يۈرەتتى. قورۇ ئىچىدىكى گۈللۈك فونتاندىن چاچرىغان ئۈنچىلەر قۇياش نۇرىدا يالت - يۇلت قىلىپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئورنىدىن سەھەر تۇرۇۋالغان كەپىسىز

قۇشلار قورۇنى بېشىغا كىيىپ چۇرۇقلىشاتتى . بۇ يەردە هايات هەر كۈندىكىدەك قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان هالدا باشلى-نىپ كەتكەنىدى .
ئۇ ئالدىراش كېتىۋېتىپ بىنا كەينىدىكى مەيداندىن ۋېلىسىپىد-تىنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان سۇلايمان قاسىمنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ بېشىنى سالغان هالدا خىيال بىلەن كېلىۋاتاتتى . شۇڭا ، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان رىسالەتنى كۆرمىدى . ئارىلىق قىسقارغانسېرى رىسالەتنىڭ يۈرىكى تېز ـ تېز سوقۇشقا باشلىدى .
— بىر يەرگە بارامسىز ؟
سۇلايمان قاسىم تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ، سەل نېرىدا ئۆزىگە مەيۈسانە قاراپ تۇرغان رىسالەتنى كۆردى . ئۇنىڭ چىرايىغا ئازابلىق كۈلكە يۈگۈردى .
— ئىشقا مېڭىپسىز ـ دە ، رىسالەت ؟ — دېدى ئۇ . رىسا-لەت ئۇندىمەستىن بېشىنى لىڭشىتتى ۋە بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ توختىدى ـ دە ، كەينىگە بۇرۇلۇپ ، ئۆزىگە مەجنۇنلارچە قاراپ تۇرغان سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى .
— چۈشتىن كېيىن ۋاقتىڭىز بارمۇ ؟ — سورىدى ئۇ پەس ئاۋازدا ، — ناۋادا بىكار بولالىسىڭىز ، دەريا بويىغا بېرىڭ . مەن سىزنى شۇ يەردە ساقلايمەن . سىزگە دەيدىغان گېپىم بار .
ئۇ شۇنداق دەپلا سۇلايمان قاسىمنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن ، قورۇدىن ئالدىراش چىقىپ كەتتى . ۋېلىسىپىتىنى تۇتقىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالغان سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى . چۈنكى ، ئۇمۇ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بىر قىيىن ئەهۋالدا قالغانىدى .
قاشتېشى چايقاپ ئېقىۋاتقان ئانا دەريا گۈرۈلدەيتتى . هەممە يەر قىزىتىلغان تونۇردەك قىزىپ كەتكەن بولسىمۇ ، دەريا قېنىدىن يۈرەكنى سالقىندىتىدىغان مەيىن شامال سوقۇپ تۇراتتى . سۇلار شارقىرايتتى ، تاشلار غالدىرلايتتى . بۇ يەردە مۇشۇ پەسىلدە ئە-زەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان شاۋقۇنلۇق سىمفونىيە ياڭ-

رىماقتا ئىدى .

رىسالەتنىڭ دەريا بويىغا كەلگىنىگە بىرەر سائەتتىن ئاشتى . يىراقلاردا ، سۇ پالاپ كەتكەن قولتۇقلاردا قاشتېشى ئىزدەپ يۈرگەن كىشىلەر غۇۋا كۆرۈنەتتى . دەريانى كېسىپ ئۆتىدىغان بىتون كۆۋرۈك تەرەپتىن ماشىنىلارنىڭ بوغۇق سىگنال ئاۋازى ئاڭلىناتتى . ئۇ دولقۇنلىرى شىددەت بىلەن بىر – بىرىگە ئېتىلىۋاتقان دەريا بويىدا خېلى ئۇزۇن ئايلاندى . كۆزىگە تارتىۋالغان ئاپتاپ ئەينىكى ، دەريا تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان سالقىن شامالدا ئېتەكلىرى لەپىلدەپ تۇرغان ئاق گىرىپ كۆڭلىكى ، بويىنىغا ئارتىۋالغان قىزىل شارپىسى ئۇنىڭغا نازاكەت بېغىشلاپ تۇراتتى . ئۇ ئۇششاق تاشلارنى تېرىۋېلىپ دەرياغا قارىتىپ ئېتىپ قوياتتى . ئۇنىڭ قولىدىن چىققان تاش ئۇچۇپ بارغىنىچە سۇ يۈزىدە سۇغا شۇڭغۇش ماھىرىدەك غۇرت قىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى ۋە كۆزدىن غايىب بولاتتى . ئۇ ئەنە شۇنداق ھەرىكەتلەر بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزمەكتە ئىدى .

بىر چاغدا دەريانىڭ شەھەرگە تۇتىشىدىغان ئېغىزى تەرەپتىن بىرسى كېلىشكە باشلىدى . كۆز چېقىپ تۇرغان ئالتۇن ئىچىدە ئۇ بەئەينى ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك تەۋرىنەتتى . قەدىمىگە ماس ھالدا سىلىنىۋاتقان قوللىرى ئۇچۇشقا تەمشىلىۋاتقان قۇشنىڭ قانىتىدەك پالاقلايتتى . ئارىلىق قىسقارغانسېرى ئۇنىڭ تونۇش گەۋدىسى رىسالەتنىڭ تەشۋىش ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتقان قەلبىگە تەسەللى بېرىشكە باشلىدى . كەلگەن ئادەم دەل ئۇ كۈتۈۋاتقان سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۆزى ئىدى .

ئاق كۆڭلەك ، قارا ئىشتان ، بېشىغا كەڭ گىرۋەكلىك يازلىق شىلەپە كىيىۋالغان سۇلايمان قاسىم تاماكا چەككىنىچە دەريا قېشىنى بويلاپ كەلمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ سەل جۇدەپ قالغان يۈزىدە چەكسىز ھەسرەت – نادامەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ، چېچى پاخپىيىپ قالغان سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ كۆزىگە بەكمۇ بىچارە كۆرۈندى . ئىشەنچكە تولغان كۆزلىرىدىن بىر ئىشلارغا ئاسانلىقچە باش ئەگمەيدىغان قەيسەرلىك چىقىپ تۇرىدىغان

بۇ ئادەم ئەمدىلىكتە ئۆزىگە ئانچە ئوخشىماي قالغانىدى؛ ئۇنى بۇ هالدا كۆرۈپ رىسالەتنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى.

— ئاخىر كەلدىڭىز، — دېدى ئۇ سۇلايمان قاسىمغا ئاپئاق قولىياغلىقىنى سۇنۇپ، — مەن تېخى سىزنى ئەمدى كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم.

— يولدا ساۋاقدىشىم سەلىمجان ئۇچراپ قېلىپ، هايال قالدىم، — دېدى ئۇ قولىدىكى تاماكا كۆيۈندىسىنى يەرگە تاشلاپ پۇتى بىلەن تويىغا ئىلەشتۇرگەندىن كېيىن، — ئۇنىڭدىن ئاڭلىشىمچە، ئەمەت هاجى ئاخشام ماشىنا هادىسىسىدە ئۆلگەنمىش. ئەپسۇسكى، ئۇ مىجىلىپ كەتكەن ماشىنىدا يالغۇز ئەمەسكەن. ئۇنىڭ ماشىنىسىدىن قان قۇسۇپ ياتقان ئىككى قىزنىڭمۇ جەسىتى چىقىپتۇ. بىچارىلەر ...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، رىسالەتنىڭ چىرايىدا هېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمىدى.

— سەلىمجان يۇرتىمىزدىن بىر مەرەزنىڭ يوقالغانلىقىنى تەبرىكلەپ، كەچتە قولاق مىدىرلىغۇدەك ئىچەيلى، دەيدۇ، — سۇلايمان قاسىم سۆلىرى ئۆركەش ياساپ ئېقىۋاتقان دەرياغا تىكىلگىنىچە قوشۇپ قويدى.

— شۇنداق قىلىپ مېنى ئەرگە بەرمەكچى بولۇۋاتامسىز؟ — رىسالەت ئۇنىڭ ئەمەت هاجى ۋە سەلىمجان هەققىدە دېگەن گەپلىرىگە ئېرەنشىمەستىن ئۆز گېپىنى قىلدى، — ئاڭلىسام سىز ئەلچى بوپسىز. بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر سىزدەك بىر شاپائەتچىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنى قىستاۋاتىدۇ. مېنىڭ سىزدىن كۈتكىنىم شۇمىدى، سۇلايمان؟ مېنى خەققە خوتۇن قىلىپ بەرگۈچە بىر پىچاق بىلەن يۈرىكىمنى تىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىز بولمامدۇ؟

— ري ... رىسالەت، بۇ ... ئالدىڭىزدا بەكمۇ خىجىلمەن، — سۇلايمان قاسىم كېكەچلىگىنىچە ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى، — بۇ ئىشتا مېنىڭمۇ قانچىلىك ئازابلىنىپ كېتىۋاتقانلى-

قىمنى بىلگەن بولسىڭىز ئىدى ، ئۆلسەممۇ كۆزۈم ئوچۇق كەتمەيت-تى . قانداق قىلىمەن ، رىسالەت ؟ مەن بىر پۈتى گۆرگە قاراپ سىيرىلىۋاتقان ئادەم . ئۆمرۈمنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆتۈپ كەتتى . شۇ ھالدا سىزنى قانداقمۇ ئۆزۈمگە راۋا كۆرەلەيمەن ؟ مېنىڭ رېئال-لىق كۆتۈرمەيدىغان بۇ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىققۇدەك ماجالىم يوق . كۆرۈپ تۇرۇپسىز ، مېنىڭ ئالدىمدا زۇلخۇمار ، خالىقجان ، قۇددۇسلار تۇرۇپتۇ . مەن ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى ھەر-گىز قىلالمايمەن . شۇنداقلا سىزنىڭ بەختىڭىزگە ئولتۇرۇشنىمۇ خالىمايمەن ، بۇ جەھەتتە مېنى چۈشىنىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن .

— مەن سىزنى ئۇلاردىن تارتىۋالمايمەن دەپ ، بۇرۇنلا ئېيتقانغۇ ؟ — رىسالەت ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى ، — مەن پەقەت كۆڭلىڭىزنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ماڭا ئازراقلا پاناھلىق بەر-سىڭىز ، شۇنىڭغا قانائەت قىلاتتىم ، سۇلايمان . شۇنچىلىك ئىشمۇ قولىڭىزدىن كېلەمەمدۇ ؟

— مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭمۇ سىزنى چەكسىز ياخشى كۆ-رۈپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلماقتىمەن . لېكىن ، سىزنىڭ مۇھەب-بىتىڭىزنى قوبۇل قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ ، رىسالەت . ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرەرمىش ، ئۇ يەردە ھۆر - غىلمانلار ئەرلەرگە ھەمراھ بولىدۇ ، دەپ ئاڭلىدىم . شۇنداق ئىش ھەقىقەتەن بولۇپ قالسا ، مەن تۇنجى بولۇپ ئاللادىن سىزنى تەلەپ قىلىمەن . بۇ دۇنيادا مۇرادىمىزغا يېتەلمىسەك ، ئۇ دۇنيادا بىر - بىرىمىزگە ھەمراھ بولارمىز . مەن سىزنىڭ سۆيگۈڭىزنى بىر ئۆمۈر قەلبىمدە ساقلايمەن .

— كىم بىلىدۇ ، مېنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىم غالىب كەلسە ، سىزگە ھەمراھ بولىدىغانغا جەننەتكە كىرەلەمدىم - يوق ؟ — رىسالەت ئازابلىق كۈلۈپ قويدى ، — ھەي سۇلايمان ، جېنىم ، سىز ئۇچۇن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا مۇشۇ دەرياغا ئۆزۈمنى ئاتقۇم كېلىۋاتىدۇ .

— ئۇنداق دېمەڭ ، رىسالەت . ئاشىقلارنىڭ جەننەتكە كىرىدى-

غانلىقى كىتابلاردا قەيت قىلىنغان. سىزمۇ ھەم شۇنداق: بىز چوقۇم قولىمىزنى تۇتۇشقان ھالدا جەننەتنىڭ ئالتۇن دەرۋازىسىدىن بىرلىكتە كىرىمىز. مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن.
— شۇنداق قىلىپ، سىز مېنىڭ باشقىلارغا ياتلىق بولۇشۇمنى خالايدىكەنسىز — دە؟
— بۇ سوئالنى مەندىن سورىماڭ، — ئۇنىڭ چىرايى ئازابلىق تۈس ئالدى، — مېنىڭمۇ سىزدىن ئايرىلغۇم يوق. بىراق، شۇنداق قىلماي بولمايدۇ. باشقىچە بولۇش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. بىز تەقدىرگە تەن بېرەيلى.
رىسالەت لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قىزىرىپ تۇرغان مەڭزى كۆز يېشىدا يۇيۇلماقتا ئىدى. قەلبى ئاشۇ دولقۇنلۇق دەريادەك ئۆركەشلەيتتى.
— بوپتۇ، — دېدى ئۇ ئۇمچىيىپ تۇرۇپ، — ئادەمنىڭ خارلىقى كەلمەس، كەلسە ماڭا كەلگەنچىلىك كېلەر، سىزدىن رەنجىشىم يوق، دېگەن ئادىمىڭىزگە ماقۇل بولاي. لېكىن، سىزمۇ ماڭا بىر ئىشتا ماقۇل بولۇشىڭىز كېرەك. قانداق، ئۇنى قولىڭىزدىن كېلەر؟
— قايسى ئىشنى دەيسىز، رىسالەت؟
— مەن سىزگە يازغان بىر خېتىمدە سىزدىن بىرنەرسە تەلەپ قىلغان، يەنى چەت ئەلگە چىقىپ كەتسەم، سىزدىن چوقۇم بىر بالا ئېلىۋالىمەن دېگەن. ماڭا شۇنى بېرىشكە ۋىجدانىڭىز يول قويارمۇ، سۇلايمان؟
سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا قاراپ مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى.
— ماڭا بىر بالا بېرەلەمسىز؟ — رىسالەت ياش يۇقى كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى، — مېنىڭ ئۆزۈم چىن قەلبىمدىن سۆيگەن، بارلىق مېھىر - مۇھەببىتىمنى بېغىشلىغان، ئەقىدە باغلىغان ئادىمىمدىن بىر بالىلىق بولغۇم بار. مۇشۇ ئىش قولىڭىزدىن كېلەمدۇ؟
سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈرىكىدىن ئىككى تامچە ياش فونتاندەك

ئېتىلىپ چىقىپ كىرپىكلىرىگە قوندى . ئۇ رىسالەتنىڭ جۇدالىق دەردىدە دىر - دىر تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى چىڭ سىقتى .

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن ، رىسالەت . سىزگە رەھمەت ، بىراق بۇ ئىشمۇ قولۇمدىن كەلمەيدۇ . چۈنكى ، مەن ھىمىت ياسىن-نىڭ ئەلچىسى . ئۇ ماڭا تولۇق ئىشەنگەچكىلا ، بۇ ھوقۇقنى ماڭا بەرگەن . مەن ئۇنىڭ ئەلچىسى بولغانىكەنمەن ، ئۇمۇ خۇددى ئوغ-لۇمغا ياكى بىر تۇغقان قېرىندىشىمغا ئوخشاش دېگەن گەپ . ئۆز ئوغلى ياكى قېرىندىشىنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇپ ، ئۇلارنى ئالداپ ، شۇنداق ئىشنى قىلىشقا قانداق ئادەمنىڭ كۆڭلى ئۇنايدۇ ؟ بۇنداق قىلىش مېنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىمگە توغرا كەلمەيدۇ . ناۋادا شۇنداق ئىش يۈز بېرىپ قالسا ، ئۆزۈمنى مەڭگۈ كەچۈرەلمەيمەن . مېنى تەڭلىككە سالماڭ . ھېلىمۇ ئۇنىڭغا سىزنى ساق تاپشۇرالمىدىم . بۇنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن .

رىسالەت ئاخىرقى ئۈمىدى ئۈزۈلگەندەك بەكمۇ مەيۈسلەندى . ئۇ سۇلايمان قاسىمنى قوچاقلاپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا دېدى :

— خوش ، تاش يۈرەك جېنىم ، مېنى بىر ئۆمۈر ھەسرەت - نادامەت قۇچىقىغا تاشلايدىغان بولدىڭىز . قىيامەتتە ئىككى قولۇم سىزنىڭ ياقىڭىزدا قوپىدۇ . قېنى ، شۇ چاغدا سىز نېمە دەيسىزكىن ؟ ئەمدى سىزنى قايتا كۆرگۈم يوق . بىز قىيامەتتە كۆرۈشەيلى . ئامان بولۇڭ .

ئۇ ئۇتلۇق لەۋلىرى بىلەن سۇلايمان قاسىمنىڭ بىر قەۋەت گەز باغلىغان لەۋلىرىگە تويماي سۆيۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭ لەۋلى-رىدىن تارىغان ھارارەت سۇلايمان قاسىمنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرەت-تى . رىسالەت بىر چاغدا خۇددى بىر نەرسىدىن ئۈركۈگەندەك سۇلايمان قاسىمنىڭ قۇچىقىدىن ئىتتىكلا چىقىپ ، ئارقىسىغا ئۆ-رۈلۈپلا يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى . ئۇنىڭ تاشلارنى شاراقلىتىپ دەسسەپ بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان جىسمى سۇلايمان قاسىم-نىڭ ياش قۇيۇلۇپ تۇرغان كۆزلىرىگە غۇۋا كۆرۈندى . رىسالەت يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىر چاغدا كۆرگەن چۈشىنى ئەسكە ئالدى .

ئۇ يالاڭ ئاياغ پېتى بىر قۇملۇقتا يۈگۈرۈپ كېتىپ باراتتى. ھېچبىر گىياھسىز قۇملۇق بەئەينى تونۇردەك قىزىپ كەتكەن، ھەربىر قەدەم ئالغىنىدا تاپىنى پىژىلداپ كۆيەتتى. يىراقتا ئالۋۇن- لار چىمىرلىشاتتى، ئۇ كۆز يەتكۇسىز تاقىر قۇملۇقلاردا ئاشۇ ئالۋۇنلارنى قوغلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇ قۇم دۆڭلىرىدىن ئاشاتتى، بىر دۆڭدىن ئۆتۈپ بولسا، يەنە بىرىگە يامىشاتتى، كاللى- سىدا ئاشۇ كۆز يەتكۇسىز ئېقىنغا ئۇلىشىۋالسام، مۇزدەك سۇدىن قانغۇچە بىر ئىچسەم، ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرسام، جەزمەن ھايات قالىمەن، دېگەن بىرلا ئوي ھۆكۈم سۈرەتتى... ئۇ بۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى بۈگۈن يەشتى. چەكسىز كەتكەن قۇملۇقتىكى چىمىرلاپ تۇرغان ئالۋۇن دەل سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرىدىغان ئۇلۇغ ئېقىنغا زادىلا ئۇلىشالمىغانىدى...

دەريا بويىدا ياش تۆكۈپ تۇرغان سۇلايمان قاسىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ پىچىرلىدى:

— خوش، مۇرادىغا يېتىش نېسىپ بولمىغان بىچارە دوس- تۇم. سىزنى ۋىسالغا يەتكۈزۈش، قەلبىڭىزدىكى ھىجران ئوتىنى ئۆچۈرۈش بۇ ئالەمدە ماڭا نېسىپ بولمىدى. مەنمۇ سىزنى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىمەن. بىراق، مۇھەببىتىمنى سىزگە بې- غىشلاشقا ئىمكانىيىتىم يوق. مېنى كەچۈرۈڭ!

[General Information]
书名=诀别　（上册）维吾尔文
SS号=40214279